

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى
مو يەننىڭ ئەسەرلىرى

مو يەن

# ئون ئۈچ قەدەم



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



## ئاپتور ھەققىدە

مو يەن شەندۇڭنىڭ گاۋمى ناھىيەسى (ھازىرقى گاۋمى شەھىرى) دىن، 1955 ـ يىلى تۇغۇلغان. «قىزىل قوناقلىقلار جەمەتى»، «مەي دۆلىتى»، «تولغان بەدەن»، «سەندەل جازاسى»، «ھايات ـ ماماتلىق ھارغىنلىق»، «پاقا» قاتارلىق 11 رومانى، «سۈزۈك سەۋزە»، «قوماندانىنىڭ خوتۇنى»، «ساھىبجامالنىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق پوۋېست ـ ھېكايە، سىنارىيە، نەسىرلىرى ئېلان قىلىنغان. كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ئىنگلىز، گېرمان، ئىتالىيان، ياپون، ئىسپان، رۇس، كورېيان، گوللاند، شۋېت، نورۋېگىيە، پولەك، ئەرەب، ۋيېتنام تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەدەبىيات ساھەسىدە كەڭ تەسىر قوزغىغان.

مويەن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «بىرلەشمە ئەدەبىيات مۇكاپاتى» (جۇڭگو تەيۋەن)، «خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىيات، مېدىيە كاتتا مۇكاپاتىنىڭ يىللىق ئالاھىدە نەتىجە مۇكاپاتى»، فرانسىيە «لۇر باتېلىن چەت ئەل ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»، «فرانسىيە مەدەنىيەت ـ سەنئەت رېتسار ئوردېنى»، ئىتالىيە «نونىنو خەلقئارالىق ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، ياپونىيە «فۇكوكا ئاسىيا مەدەنىيەت كاتتا مۇكاپاتى»، جۇڭگو شياڭگاڭ جىنخۇي ئۇنىۋېرسىتېتى «دۇنيا خەنزۇ تىلىدىكى رومان مۇكاپاتى — قىزىل راۋاقتىكى چۈش مۇكاپاتى»، ئامېرىكا «نېۋمان خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە جۇڭگودىكى ئەڭ ئالىي ئەدەبىيات مۇكاپاتى «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» قاتارلىقلارغا ئېرىشكەن.

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى
مو يەننىڭ ئەسەرلىرى

مو يەن



# ئون ئۈچ قەدەم

( رومان )

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سىيت ئارچىن

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن

# ئون ئۈچ قەدەم (رومان)

| | |
|---|---|
| ئاپتورى: | مويەن |
| تەرجىمە قىلغۇچى: | ياسىن سىيىت ئارچىن |
| نەشرىيات: | شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى<br>قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| تېلېفون: | 0998 — 2653927 |
| ئادرېسى: | قەشقەر شەھىرى تارىبوغۇز يولى 14 - قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 844000 |
| تارقاتقۇچى: | شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى |
| زاۋۇت: | قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىيات باسما زاۋۇتى |
| فورماتى: | 880×1230 م م 1 / 32 |
| باسما تاۋىقى: | 17.25 |
| نەشرى: | 2013 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى |
| بېسىلىشى: | 2013 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى |
| باھاسى: | 35.00 يۈەن |

ياسن مبيت
ئارچن

# رومانىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغدايلى

## (كىرىش سۆز ئورنىدا)

**مو يەن**

ئالاھازەل ئىككى يىل ئىلگىرى، «رومانلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانى چىققاندا، ئۇلار ماڭا بىرنەچچە جۈملە بىرنېمە يېزىپ بېرىشنى تاپشۇردى، رەت قىلالماي مۇنداق يازدىم: «ئۇزۇنلۇق، زىچلىق ۋە قىيىنلىق رومانىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا بۇ ئۇلۇغ ژانىرنىڭ ئىناۋىتى».

ئۇزۇنلۇق دېگىنىمىز، تەبىئىيكى، رومانىنىڭ ھەجمىدۇر. 200 مىڭ خەتتىن ئارتۇق ھەجىمدە بولمىسا، رومانىنىڭ ھەيۋىسى يېتەرلىك بولمايدۇ. خۇددى قاپلان جەسۇر، چەبدەس بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا جۈغىنىڭ كىچىكلىكىدىن تاغ خاقانى بولالمىغاندەكلا ئىش. ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىغان نۇرغۇن رومانلارنىڭ كۈچ - قۇدرەت ۋە قىممەت جەھەتتە بەزى كېلەڭسىز رومانلارنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقى ئەلۋەتتە ماڭا ئايان. ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىغان نۇرغۇن رومانلارنىڭ كىلاسسىك ئەسەر بولۇپ قالغانلىقىمۇ ماڭا ئايان. ئەمما، چاڭجياڭ دەرياسى كەبى ھەيۋىتى زور ئەسەرلەرنىڭ گۈزەللىكى ئەپچىل ئەسەرلەردە ھازىرلانمايدۇ. رومان ئۇزۇن بولۇشى كېرەك، ئۇزۇن بولمىسا رومان دېگىلى بولاتتىمۇ؟ رومانىنى ئۇزۇن يازماقمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس. بىز

رومانني قىسقا يېزىش ھەققىدىكى مۇراجىئەتنى ئاڭلاپ تۇرىمىز، لېكىن مەن بۇ يەردە مۇراجىئەت قىلىدىغىنىم: رومان دېگەننى ئۇزۇن يېزىش كېرەك! ئەلۋەتتە، رومان بولغانىكەن، ئۇزۇن بولۇشى ھەمدە ۋەقەلىك بىلەن خەتنىڭ جۇغلانمىسى بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى كۆڭلىمىزدىكى بىر خىل كەڭ مۇھىتنى سەنئەتلىك ئىپادىلەيدىغان بىناكار بولۇشى كېرەك. چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى نەپىس باغچىلارنى بەرپا قىلغۇچى بىناكارلار، سۈنئىي تاغ ئۈستىگە كىچىك راۋاق سېلىشۋاتقان بىناكارلارمۇ ئەلۋەتتە قالتىس، ئەمما ئۇلار گۇگۇڭ سارىيى ۋە ئەلئىبھراملارنى ئاپىرىدە قىلالماسلىقى مۇمكىن، سەددىچىندەك زور قۇرۇلۇشلارغا تېخىمۇ يېتەكچىلىك قىلالماسلىقى مۇمكىن. بۇ خۇددى ئۇرۇش ۋاقتىدا بىراۋ بىر پولكقا قوماندانلىق قىلغاندا، ناھايىتى قاملاشتۇرسىمۇ، بىرەر كورپۇس، بىرەر ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىشنى قاملاشتۇرالمىغاندەكلا ئىش. ئوفىتسېر دېگەن ئوفىتسېر، گېنېرال دېگەن گېنېرال، گېنېرال-لارنىڭ ھەممىسىلا قوشۇن ئىچىدىن بىر - بىرلەپ يېتىشىپ چىققان ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئاددىيلا قىلىپ رومان يازغانلارنى گېنېرال، ھېكايە يازغانلارنى ئوفىتسېر دېگىلى بولمايدۇ. كەلتۈرگەن نەقلىم تازا قاملاشمىدى، كەچۈرگەيسىلەر.

رومان يېزىشقا ماھىر بىر يازغۇچىنىڭ چوقۇملا ھېكايە - پوۋېست - رومان يېزىش يولىنى باسقان بولۇشى ناتايىن، ئىشقىلىپ، نۇرغۇن يازغۇچىلار (مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مۇشۇنداق يولنى بېسىپ ئۆتكەن. نۇرغۇن كاتتا رومان يازغۇچىلىرى ھە دېگەندە قولىغا قەلەم ئېلىپ، كاتتا رومانلارنى يازغان، ئالايلى ساۋ شۆچىن، لو گۇەنجۇڭ قاتارلىقلار. مېنىڭچە بىر يازغۇچىنىڭ بىرەر رومانىنى يازالىشى، يازغاندىمۇ ياخشى يازالىشىدىكى تۈپ سەۋەب ئۇنىڭدا «رومان دىتى» ھازىرلانغانلىقىدا. «رومان دىتى» ھازىرلىغانلارنىڭ كۆڭلىدە زور جىلغىلار، بىپايان تاغ تىزمىلىرى،

كەڭرى ئاتموسفېرا بولىدۇ، قەھرىمۇ - مېھرىمۇ بولىدۇ. كۆڭلىدە زور جىلغىلار، بىپايان تاغ تىزمىلىرى، كەڭرى ئاتموسفېرا بولۇش دەل قەلبىمى پىشقانلىقنىڭ تاشقى ئىپادىسى. ئىچى تىنىلداش، ئىچ ئاغرىتىش، يۈكسەك غايە، ئەركىن تەپەككۇر قىلىشتەك بۈيۈك روھ، ئاپپاق قار بىلەن تازىلانغان بىپايان زېمىندەك زور تەسىرات — «رومان دىتى»نىڭ ئىچكى مەنىسى.

ئىچى تىنىلداش، يۈكسەك غايە، بۈيۈك روھ، زور تەسىراتقا ئىگە بولۇشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، مەن پەقەت «ئىچ ئاغرىتىش» ئۈستىدىلا توختىلاي. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى» نەچچە يىل ئىلگىرى مودا بولغان «ئاخىرقى غەمخورلۇق»قا ئوخشاش مودا سۆز بولۇپ قالدى. ئىچ ئاغرىتىشنىڭ ياخشى نەرسە ئىكەنلىكى ماڭمۇ ئايان، ئەمما بىزگە كېرىكى باچكا دۆلىمىسى يەپ بولۇپلا، قانىتى يارىلانغان كەپتەرنىڭ قانىتىنى تېڭىپ قويىدىغان ئىچ ئاغرىتىش ئەمەس؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش فىلىملىرى ۋە ھوللىۋود فىلىملىرىدىكىدەك ئۇنداق ئەندىزىلەشكەن، ھېسسىياتنى غىدىقلايدىغان ئىچ ئاغرىتىش ئەمەس؛ پۈتۈن جەمئىيەت ئاغرىپ قالغان بىر مۈشۈكئېيىقتا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزىدىغان، ئەمما پۇلى بولمىغانلىقتىن ئۆيىدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان ئادەم بىلەن كارى بولمايدىغان ئۇنداق ئىچ ئاغرىتىش ئەمەس. ئىچ ئاغرىتىش «سول يۈزىگە ئۇرسا، ئوڭ يۈزىنى تۇتۇپ بېرىش»لا ئەمەس، ئىچ ئاغرىتىش ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئاق كۆڭۈللۈك ۋە نازاكەتلىك ھالەتنى ساقلاشمۇ ئەمەس، ئىچ ئاغرىتىش قاننى كۆرسىلا ھوشىدىن كېتىش ياكى «مەن ھوشۇمدىن كېتىدىغان بولدۇم» دەپ ۋارقىراش ئەمەس، ئىچ ئاغرىتىش گۇناھ ۋە رەزىللىكتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش تېخىمۇ ئەمەس. «ئىنجىل» ئىچ ئاغرىتىش ۋە رەھىمدىللىك ھەققىدىكى كىلاسسىك ئەسەر، ئەمما ئۇنىڭدىمۇ

ئۆزئارا ئارىلىشىپ تۇتۇقلىشىپ كەتكەن كۆرۈنۈشلەر خېلى بار. بۇددا دىنى ئىچ ئاغرىتىش ۋە رەھىمدىللىك تەرغىب قىلىنىدىغان دىن، ئەمما ئۇنىڭدىمۇ دوزاخ ۋە تەنىنى شۇركۈندۈرىدىغان دەھشەتلىك جازالار بار. ئەگەر ئىچ ئاغرىتىش ئىنسانىيەتنىڭ رەزىللىكى بىلەن كۆرۈمسىزلىكىنى يوشۇرسا، بۇنداق ئىچ ئاغرىتىش بىلەن ساختىنا ساۋاب بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «جىن پىڭمېي» دېگەن رومان يامان ئاتاققا قالغان، ئەمما چۈشەنگەن تەنقىدچىلەر ئۇنى ئىچ ئاغرىتىش تېمىسىدىكى ئەسەر دېيىشىدۇ. مانا بۇ دەل جۇڭگوچە ئىچ ئاغرىتىش بولۇپ، غەرب پەلسەپىسى ۋە دىنى ئاساسىدىكى ئىچ ئاغرىتىش بولماستىن، جۇڭگو پەلسەپىسى ۋە دىنىي ئاساسىدىكى ئىچ ئاغرىتىشتۇر. رومان ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ناھايىتى چوڭ ژانىر. ئۇنىڭدا قوزىمۇ، قۇشقاچمۇ، شىرمۇ، تىمساھمۇ بولىدۇ. سىز شىر قوزىنى يېگەنلىكى ياكى تىمساھ قۇشقاچنى يۇتۇۋالغانلىقى تۈپەيلىدىنلا ئۇلارنى ئىچ ئاغرىتمىدى دېيىشىڭىز بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلجىنى تۇتقان ۋە ئۆلتۈرگەن چاغدا يۈكسەك ماھارىتىنى نامايان قىلغانلىقى، ئۆلجىغا ئېرىشكەن چاغدا خۇشاللىققا چۆمگەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنى شەپقەتسىز دېيىشىڭىز بولمايدۇ. قوزا بىلەن قۇشقاچلا بار دۇنيانى دۇنيا دېگىلى بولمايدۇ؛ ياخشى ئادەملا بار رومانىنى رومان دېگىلىمۇ بولمايدۇ. قوزىمۇ ئوت - چۆپ يەيدۇ؛ قۇشقاچمۇ قۇرت - قوڭغۇز يەيدۇ؛ ياخشى ئادەممۇ بەزىدە بولمىغۇر خىيالدا بولۇپ قالىدۇ. ئېگىزدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قارىغاندا، ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنىڭ ھەممىسىلا بىچارە ئادەملەر. ئاددىي مەنىدىكى ئىچ ئاغرىتىش ياخشى ئادەملەرگىلا ھېسداشلىق قىلىش بولسا، كەڭ مەنىدىكى ئىچ ئاغرىتىش ياخشى ئادەملەرگە ھېسداشلىق قىلىپلا قالماي، يامان ئادەملەرگىمۇ ھېسداشلىق قىلىشتۇر.

ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ھېكايىدىن بىرنى توقۇش يېزىقچىلىقنى كەسىپ قىلغان ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئانچە تەس ئىش ئەمەس، ئەمما ئازاب ـ ئوقۇبەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئادەم باشقا كېلىدىغان تۈرلۈك قىسمەتلەرنى، ئىنسان تەبىئىتى يېڭىپ كېتەلمەيدىغان ئاجىزلىقلار ئاساسىدىكى ئىچ ئاغرىتىشنى تالانتىغا تايىنىپلا توقۇپ چىقىرالمايدۇ. سىياسىي، ئۇرۇش، قەھەتچىلىك، كېسەللىك، كۈتۈلمىگەن ۋەقە قاتارلىق تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تەسۋىرلەش، نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەتنى ئاجىز، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە يۈكلەپ قويۇش ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلغانلىق. بۇ ھېسسىياتنى غىدىقلاپ مەجبۇري يىغلىتىدىغان كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ كونا يولى. بۇ ئىچ ئاغرىتىش ئەمەس، كەڭ مەنىدىكى ئېچىنىش تېخمۇ ئەمەس. باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان دىل يارىسىنىلا تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا قالدۇرغان دىل يارىسىنى تەسۋىرلىمەسلىك ئىچ ئاغرىتىش ئەمەس، بەلكى نومۇسسىزلىق. باشقىلارنىڭ قەلبىدىكى رەزىللىكنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى يامانلىقنى ئېچىپ بەرمەسلىك ئىچ ئاغرىتىش ئەمەس، بەلكى نومۇسسىزلىق. ئىنسانىيەتنىڭ رەزىللىكىگە توغرا قاراش، ئۆز رەزىللىكىمىزنى تونۇپ يېتىش، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى يېڭەلمەيدىغان ئاجىزلىقى ۋە پىسخوپاتىك خاراكتېرى پەيدا قىلغان ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى تەسۋىرلەشلا ھەقىقىي تىراگېدىيە ھېسابلىنىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا «ۋىجدانىي سوراقلاش»نىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ۋە كۈچلۈكلۈكىگە يەتكىلى بولىدۇ، مانا بۇ ھەقىقىي كەڭ مەنىدىكى ئىچ ئاغرىتىشتۇر.

ئىچ ئاغرىتىش ھەققىدىكى گېپىمنى ئەسلىدە مۇشۇ يەردە توختاتسام بولاتتى، ئەمما گېپىم ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. جەنۇبتىكى مەلۇم بىر داڭلىق كەچلىك گېزىتنىڭ ئابرۇيلۇق، كونا

ئىنقىلابچى باش مۇھەررىرىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، شۇ گېزىتتە ئېلان قىلغان مەخسۇس ئىستون ماقالىسىنى نەقىل كەلتۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىلەر. ئۇ بەلكىم بىزنى ئېچ ئاغرىتىش مەسىلىسىدە يېڭى تونۇشقا ئىگە قىلىپ قالار. بۇ ماقالىنىڭ تېمىسى «ئۇنتۇلغۇسىز دۈشمەن ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى» بولۇپ، تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

*جۇڭگودىن ئارتىپ چەت ئەللەرگىچە، قەدىمدىن ئارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى شەپقەتسىز. شىددەتلىك ئۇرۇش بولىدىغان جەڭگاھتا ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئېغىز ئېچىش ئالىپلارنىڭ سۆزى، بولۇپمۇ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان ئالاھىدە ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق. تۆۋەندە مەن ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلمايدىغان دۈشمەن ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدىن بىرنى سۆزلەپ بەرسەم، بەلكىم تىنچلىق دەۋرىدىكى ياشلار ئاڭلاپ، قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما شۇ يىلى مەن بۇنىڭغا نورمال روھىي ھالەت بىلەن مۇئامىلە قىلغانىدىم. بىراق، بۇ ئەسلىمىنى يەنىلا ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمىدىم.*

*1945 - يىلى 7 - ئايدا ياپونىيە تەسلىم بولۇش ھارپىسىدا، گومىنداڭنىڭ جاھىل قىسمى— 152 - دىۋىزىيەگە قاراشلىق بىر چوڭ ئەترەتنى بۇ پايدىلىق پۇرسەتكە قاراپ، «شىمالىي ئارماق» تۇرۇشلۇق داجېن قاتارلىق جايلارغا غالجىرانە ھۇجۇم قىلغاچقا، ئارمىيەمىز ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ يېنىدىكى تاغقا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. چېكىنىشتىن ئاۋۋال، ئارمىيەمىز داجېنغا يوشۇرۇنغان جاھىل قوشۇننىڭ تۆت رازۋېدكىچىسى*

(گومىنداڭ ئىشپىيونى)نى تۇتۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئىشپىيون يەرلىك دوختۇر قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانىدى. ئېلىپ ماڭىدىغان چاغدا، ھەممىسىنىڭ كۆزىنى قارا لاتا بىلەن تاڭدۇق (ئۇلارنىڭ قوشۇنىمىز چېكىنگەن يولنى بىلىۋېلىشىدىن ساقلانماقچىدۇق)، قوللىرىنىمۇ باغلاپ، بىر تال ئارغامچا بىلەن تۆتەيلەننى بىر - بىرىگە «چېتىپ» ئېلىپ ماڭدۇق. دۈشمەن ئەھۋالى جىددىي بولۇپ، ئەترابىمىزنى قورشىۋالغاچقا، بۇ تۆت تىرىك «يۈك» بىلەن ئېڭىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. ناۋادا ئىككى تەرەپ ئېتىشىپ قالساق، بۇ مەككار ئىشپىيونلار تىكىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شىمالىي چاڭجياڭ تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋۇ چياڭ دەرھال چوڭ ئەترەت باشلىقى جىڭ ۋېيلىڭغا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئىشارەت قىلدى.

جىڭ ۋېيلىڭ ئۇلارنى ئېتىۋەتسە ھەم ئوق ئىسراپ بولىدىغانلىقى، ھەم يېقىن ئەتراپتىكى دۈشمەنلەرگە شەپە بېرىپ قويىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇلارنى ئىشتىك بىلەن جايلىۋەتمەكچى بولدى. ئەمما، بۇ ناھايىتى قىيىن ئىش، شۇنداقلا ئىنتايىن ۋەھشىي قىلمىش ئىدى. بىراق، جىڭ ۋېيلىڭنىڭ نەزىرىدە بۇ «كىچىككىنە ئىش» ئىدى. قوشۇن چېكىنىپ يىڭدىبۇڭ يېزىسى تۇڭلى كوچىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى تاغنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ كۆزى ئېتىلگەن بىرىنچى دۈشمەن ئىشپىيونىنى دۈم يېتىشقا بۇيرۇپ، ئۇنى ئوتىغۇچ، ئىشتىك بىلەن جايلىۋەتتى.

دۈشمەن ئىشپىيونلىرىدىن ئاخىرقى پۈرسەتتە

*ئاخبارات ئېلىشىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى قاتتىق سوراق قىلىپ، ئاخباراتنى دەرھال تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدۇم. بۇ ئارىلىقتا ئۇ «ئالدىدا ماڭغۇچى» شىرىكىنىڭ ئىچىنىشلىق توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ قالدى - دە، بەزگەك تىترەپ گەپ - سۆز قىلالمىدى. مەن غەزەپ بىلەن ئۇنى قاتتىق بىر تەستەك سالدىم. يەنە بىر دۈشمەن ئىشپىيونىمۇ ئىچىنىشلىق چىرقىراپ بىردەم تىپىرلىغاندىن كېيىن يەرگە يىقىلدى. جىبىڭ ۋېيلىڭ قالغان دۈشمەن ئىشپىيونىغىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا ئۆلۈم جازاسى بەردى. مەن بۇ قانلىق مەنزىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بولساممۇ، ئەمما چىرايىمنى قىلچە ئۆزگەرتمىدىم، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى قىرغىنچىلىقتا ھېسسىياتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگەرگەنىدى.*

*ئارىلىقتا نەچچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەن جىبىڭ ۋېيلىڭدىن «سەن ئۆمرۈڭدە قانچىلىك دۈشمەننى ئۆلتۈرگەنسەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «100 دىن ئاشار» دېدى. ئۇ ئەسلىدە ياپونلارنىڭ قىلىچى بىلەن ئالتە دۈشمەن ئىشپىيونىنى ئۆلتۈرگەنىكەن، ئەمما بۇ كېيىنكى گەپ.*

بۇ ماقالىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن بۇرۇنقى ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن رومان ۋە كىنولىرىمىزنىڭ نەقەدەر ساختا ۋە يالغان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورىنى جەنۇبىي جۇڭگو ئەدەبىيات ساھەسىدىكى نۇرغۇن دوستلار تونۇيدۇ، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مېھرىبان بىر بوۋاي، قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈنىدىغان بىر رەھبەر، كىشىلەر تەرىپىنى قىلىدىغان كىشى

بولۇپ قالدى. ئۇ ماقالىسىدە تىلغا ئالغان جىك ۋېيلىڭنىڭمۇ جان ئالغۇچى ئەزرائىل ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمەن، ئەمما ئۇرۇشتىن ئىبارەت مۇنداق پەۋقۇلئاددە مۇھىتتا، ئۇلار ھەقىقەتەن ئادەم ئۆلتۈرۈشمۇ كۆزنى مىت قىلماي قويمىغان. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلەيدىغان ئاساسىمىز بارمۇ؟ 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى جىك ۋېيلىڭ جەزمەن نۇرغۇن مىيداللارغا ئېرىشكەن قەھرىمان، ئەمما بىز ئۇنى «ئىچ ئاغرىتىش»نى بىلمەيدۇ دېيەلەيمىزمۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىچ ئاغرىتىش شەرتلىك بولىدۇ؛ ئىچ ئاغرىتىش تالىپلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر مەسىلە.

ھەمىشە رومانىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تەكىتلەشمۇ ئاسانلا قارشى رەددىيەگە ئۇچرايدۇ. لۇشۈن، شېن سۇڭۋېن، جاڭ ئەيلىڭ، ۋاڭ زېڭچى، چېخوف، بورخېسلارنىڭ ھەممىسى تەييار مىساللار. مەن ئەلۋەتتە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يازغۇچىلارنىڭ مۇنەۋۋەر ياكى ئۇلۇغ يازغۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايمەن، ئەمما ئۇلار لېۋ تولستوي، دوستويېۋسكىي، توماس مان، جامېس جويس، مارسېل پىروئۇستتەك يازغۇچىلار ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ يازغۇچىلارنىڭ كاتتا ئەسەرلىرىدە بار بولغان ھەيۋەتلىك، كۆز يەتكۈسىز مەنزىرە يوق، بۇمۇ ئېھتىمال مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت بولسا كېرەك.

رومانىنىڭ بارغانسېرى قىسقىرىپ كېتىشى كەڭ تارقىلىش بىلەن، باسما ۋە ئۇراش بىلەن، مەنپەئەت بىلەن، يەڭگىللەتەك پىسخىكا بىلەن، شۇنداقلا قانۇنسىز كۆپەيتىپ بېسىلغان سىن دىسكىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش (بۇ يەردىكى ئازاب - ئوقۇبەت ماددىي تۇرمۇش نامراتلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە ھالدا مەنىۋى ئازاب - ئوقۇبەتنى كۆرسىتىدۇ) ۋە شەخسنىڭ خاراكتېرىدىكى كەمتۈكلۈكتىن كېلىپ

چىققان تىراگېدىيەدىن ئىجادىيەت بايلىقىغا ئېرىشكەندە، بۈيۈك ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، قانۇنسىز كۆپەيتىپ بېسىلغان سىن دىسكىلىرىدىن ئىجادىيەت مەنبەسى ئىزدىگەندە، جۇڭگوچە تەجرىبە ۋە جۇڭگوچە تەسىراتتىن ئايرىلغان، نەپسىرەك كىچىك نەرسىلەرنىلا يېزىپ چىققىلى بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم بەزىلەر بۈگۈنكى دەۋردە بەك ئۇزۇن رومانىنى كىم كۆرمەكچىدى؟ دېيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، كۆرىدىغان ئادەم رومان ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ كۆرۈۋېرىدۇ؛ كۆرمەيدىغىنى ھەرقانچە قىسقا بولسىمۇ كۆرمەيدۇ. رومانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەنلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغان توپ سەۋەب ئەمەس. ياخشى بولۇش ئۇزۇن بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئەلۋەتتە. رومان قېرى خوتۇننىڭ پايتىمىسىدەك ئۇزىرىپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. ئەمما، «چوكانتال مەۋسۇمىدىكى دەريا ساھىلى»دەك گۈزەل رەسىم كەشتىلەنگەن بولسا ئۇزۇن بولغىنى ياخشى.

ئۇزۇنلۇق لەگمەن سوزۇش ئەمەس، سۇ قوشۇش ئەمەس، پۈۋلەپ يەل بېرىش ئەمەس، ماغزاپ چىقىرىش ئەمەس، كاۋاك ئۆگرە ئەمەس، پىلىكئوت ئەمەس، قەغەز يولۋاس ئەمەس؛ ئۇزۇنلۇق ھەقىقىي نەرسە، ئۇ ئاق تۇرنىنىڭ پۇتىدەك، ئۇزۇن بولمىسا بولمايدىغان ئۇزۇنلۇق، چوقۇم مۇشۇنداق ئۇزۇن بولۇشى كېرەك بولغان ئۇزۇنلۇقتۇر. سەددىچىن سېپىلى نېمىشقا شۇنداق ئۇزۇن؟ كەيىندىكى قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت، دۆلەت ئۇنىڭ شۇنداق ئۇزۇن بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

رومانىنىڭ زىچلىقى زىچ ۋەقەلىك، زىچ پېرسوناژ، زىچ ئىدىيەنى كۆرسىتىدۇ. ئىدىيە دولقۇنى مەۋج ئۇرۇپ، ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلارنى ئېقىنتىقىنچە تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىپ يېتىپ كېلىپ، كۆز يەتكۈسىز مەنزىرە شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەنلا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدىغان

ئۇنداق رومان ئەمەس.
زىچ ۋەقەلىك ئەلۋەتتە ۋەقەلەرنىڭ ئاددىي تىزىلىشى ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئاقما بايانمۇ ئەمەس. ھېمىڭۋاينىڭ «مۇزتاغ نەزەرىيەسى» بۇنداق رومانلارغا ئوخشاشلا ئۇيغۇن كېلىدۇ.
زىچ پېرسوناژلار ئەلۋەتتە ساردىن بېلىقى كونسېرۋاسىغا ئوخشاش زىچ بولماستىن، بەلكى ھەربىرى يېڭى ۋە جانلىق، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بولۇشقا قارىتىلغان. بىر ياخشى رومانىنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژلىرى ئەدەبىي تىپلار سالونىغا كىرەلەيدىغان بولۇشى، يانداش پېرسوناژ بولغان تەقدىردىمۇ، جانلىق ۋە رېئال تىرىك ئادەم بولۇشى، ھەرگىزمۇ يازغۇچىنىڭ بايان قىلىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سەپلەنگەن سەھنە جابدۇقى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.
زىچ ئىدىيە كۆپ خىل ئىدىيەنىڭ توقۇنۇشى ۋە ئىدىيەلەرنىڭ بىر - بىرىنى ئۇجۇقتۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىر روماندا ئاتالمىش توغرا ئىدىيە، ئاتالمىش ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئالىيجانابلىقلار ياكى ئاددىي، فورمىلاشقان ياخشى - يامانلىقنىڭ قارىمۇقارشىلىقىلا بولسا، بۇ رومانىنىڭ قىممىتىدىن گۇمانلىنىشقا بولىدۇ. ئىلغار ئەھمىيىتى بار ئاشۇ رومانلارنى ئىدىيەسى ئەكسىيەتچىل بىر يازغۇچى يازغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. پەلسەپەۋى تەپەككۇرغا ئىگە رومانلارنىڭ ھەممىسىنى پەيلاسوپلار يازغان بولۇشى ناتايىن. ياخشى رومان «شاۋقۇن پەيدا قىلالايدىغان» بولۇشى، كۆپ مەنىلىك، كۆپ چۈشەنچىلىك بولۇشى، كۆپىنچە ئەھۋالدا يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ مۇددىئاسىغا بېقىنماسلىقى كېرەك. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئوتتۇرىسىدا تۇتۇق بىر جاي بولۇشى كېرەك، بۇ يەر دەل يازغۇچى تالانتىنى ئىشقا سالىدىغان بىپايان زېمىن بولۇشى مۇمكىن.

شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، زىچلىقتا ئىگە رومان ئەۋلادمۇئەۋلاد خاتا ئوقۇلىدىغان رومانىدۇر. بۇ يەردىكى خاتا ئوقۇلۇش ئەلۋەتتە يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ مۇددىئاسىغا قارىتا ئېيتىلغان. ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچى ئۇنىڭ خاتا ئوقۇلۇپ قالىدىغانلىقىدا. يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ مۇددىئاسى بىلەن ئوقۇرمەننىڭ ئۇنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تۇيغۇسى ماس كەلگەن رومان بازارلىق رومان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما «ئۇلۇغ رومان» بولالمايدۇ.

رومانىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بەدىئىي جەھەتتىكى ئىجادىيلىقنى كۆرسىتىدۇ، ئىجادىيەت ھامان ناتونۇش بولىدۇ، ئوقۇرمەنلەردىن كاللا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، يېنىك - يۇمشاق رومانلارنى ئوقۇغانغا قارىغاندا ئازابلىق ۋە قىيىن بولىدۇ. قىيىنلىقى قۇرۇلمىدىكى تەسلىكنى، تىلدىكى تەسلىكنى، ئىدىيەدىكى تەسلىكنى كۆرسىتىدۇ.

رومانىنىڭ قۇرۇلمىسى ئەلۋەتتە توغرىدىن - توغرا بايان قىلىش بولىسمۇ بولىدۇ، بۇ تەنقىدىي رېئالىزملىق كىلاسسىك يازغۇچىلار ئادەتلەنگەن، خېلى ئاسان بىر خىل ئۇسۇل. قۇرۇلما ئەزەلدىنلا نوقۇل شەكىل ئەمەس، ئۇ بەزى چاغدا ھەتتا مەزمۇنمۇ بولالايدۇ. رومانىنىڭ قۇرۇلمىسى رومان سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، يازغۇچىنىڭ مول تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىپادىسى. ياخشى قۇرۇلما ھېكايىنىڭ ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ھېكايىنىڭ بىر خىل ئەھمىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتەلەيدۇ. ياخشى قۇرۇلما ھېكايىدىن ھالقىپ كېتەلەيدۇ. ھېكايىنى تەھلىل قىلالايدۇ. مەن تېخى نەچچە يىل ئاۋۋال «قۇرۇلما دېگەن سىياسىي دېگەنلىكتۇر» دېگەنىدىم. ئەگەر «قۇرۇلما دېگەن سىياسىي دېگەنلىكتۇر» دېگەن سۆزنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، مېنىڭ «مەي دۆلىتى» ۋە «تىيەنتاڭدىكى سامساق غولى ناخشىسى» دېگەن رومانىمغا قاراڭ. كىلاسسىك

يازغۇچىلاردىن كېيىن يەنە رومان يازالىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا رومانىنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتە تالانتىمىزنى كۆرسىتەلىگەنلىكىمىزدە.

رومان تىلىنىڭ تەسلىكى دېگەندە، ئەلۋەتتە روشەن خاسلىققا ئىگە، ياتلاشقان تىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما، بۇ ياتلاشقان تىل ئاساسەن ئومۇملاشقان تىل بولۇشى، ئەتەي دىيالېكت - شېۋىلەرنى ئىشلىتىپ ئوقۇشنى تەسلەشتۈرۈش بولماسلىقى كېرەك. دىيالېكت - شېۋىلەر ئەلۋەتتە تىلىمىزنىڭ مول كانى، ئەمما رومانىنىڭ دىيالوگ قىسمىدىلا دىيالېكت - شېۋىلەرنى ئىشلىتىپ، بۇ ئارقىلىق پېرسوناژ تىلىنىڭ خاسلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولساق، بۇ ناتوغرا ئۇسۇل بولىدۇ. دىيالېكت - شېۋىلەرنى بايان تىلىغا سىڭدۈرۈۋېتىشلا تىلغا بولغان ھەقىقىي تۆھپە ھېسابلىنىدۇ.

رومانىنىڭ ئۇزۇنلۇق، زىچلىق ۋە قىيىنلىق دەرىجىسى ئۇنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. رومان پۇرسەتپەرەسلىكنى ياقتۇرمايدۇ، رومان كالامپاي، كەڭ قورساق، ياخشى - يامىنى ئايرىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، ئۇنىڭدا كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغانلار ۋە چېچەنلەر بولمايدۇ، خۇشامەت ۋە ئەركىلەشنى كۆتۈرمەيدۇ.

ھازىرقى دەۋردە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاددىيلىقنى قوغلىشىپ، كاللا ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئەلۋەتتە خاتا يېرى يوق. ھەقىقىي رومانىنى چۈشىنىدىغان ئادەمنىڭ چىقىشى تەس. ھالبۇكى، چۈشىنىدىغانلارنىڭ چىقىشىنىڭ تەس بولۇشىمۇ نورمال ئەھۋال. ئۇلۇغ رومانلارنىڭ ئەرمەك ھايۋانلاردەك ھەممە جايدا ئېغىناپ يۈرۈشى، سىرتلانلاردەك توپلىشىپ ھۇۋلىشىمۇ ھاجەتسىز. ئۇ چوڭقۇر دېڭىزدا يەككە - يېگانە ئۈزۈۋاتقان، ياڭراق ۋە ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتقان، دولقۇنلارنى مەۋج ئۇرغۇزۇپ جۈپلىشىۋاتقان، قانلىق سۇلارنى ھەيۋەت بىلەن چاچرىتىپ بوشىنىۋاتقان كىت بولۇشى، سەپ - سەپ تۇرغان

لەھەگلەر بىلەن يېتەرلىك ئارىلىق ساقلىغان بولۇشى كېرەك.

رومان غىدىقلىنىۋاتقان بۇ دەۋرگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئىناۋىتىنى قۇربان قىلسا بولمايدۇ. رومان بەزى ئوقۇرمەنلەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى قىسقارتسا، زىچلىقىنى بوشاشتۇرسا، قىيىنلىقىنى سۇسلاشتۇرسا بولمايدۇ. مەن شۇنداق ئۇزۇن، شۇنداق زىچ، شۇنداق قىيىن بولسۇن دەيمەن، خالىسىڭىز كۆرۈڭ، خالىمىسىڭىز كۆرمەڭ. مەن بىرلا ئوقۇرمەن بىلەن قالغان تەقدىردىمۇ شۇنداق يازىمەن.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب..........................1

ئىككىنچى باب.........................40

ئۈچىنچى باب..........................86

تۆتىنچى باب..........................127

بەشىنچى باب..........................199

ئالتىنچى باب.........................253

يەتتىنچى باب.........................304

سەككىزىنچى باب.......................351

توققۇزىنچى باب.......................422

ئونىنچى باب..........................447

ئون بىرىنچى باب......................473

ئون ئىككىنچى باب.....................499

ئون ئۈچىنچى باب......................512

قەپەستىكى بايانىڭ خۇشاللىقى..........527

بىزگە تىرىكلەرلا ئەمەس، بەلكى ئۆلۈكلەرمۇ ئازاب سېلىۋاتىدۇ، تىرىكلەر ئۆلۈكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

— ماركس «كاپىتال» بىرىنچى تومىنىڭ مۇقەددىمىسى

# بىرىنچى باب

## 1

ماركسمۇ تەگرى ئەمەس! سەن قەپەستە توغرىسىغا قويۇلغان بىر تال سىرىق قونداق ئۈستىدە ئورۇق پۇتلىرىڭنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرىسەن، ئىككىلا قانىتىڭ يىگىلەپ كەتكەن ـــ گىرىسمەن ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا يالىڭاچ بەدىنىڭ ۋە يۈزۈڭ دەم كۆرۈنۈپ، دەم يوقاپ تۇرىدۇ. تۆمۈر شادىلارنىڭ قاراڭغۇ سايىسى تېنىڭنى تورغا ئوخشاش چىرماپ ئالغان. سەن قارىماققا ئاچلىقتا ھالىدىن كەتكەندەك قىلساڭمۇ، ئەمما يەنىلا كۆتۈرەڭگۈ قىرى بۈركۈتكە ئوخشايسەن ـــ قىلچە تەپتارتماستىن بىزگە، ماركس بىزنى كۆپ جاپاغا قويدى! دېدىڭ.

ئۇنىڭ ئىنتايىن چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغان بۇ گېپىدىن دەھشەتلىك ۋەھىمە ھېس قىلدۇق. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قويدى، يوپيورۇق نۇرنىڭ سايىسى بۇغدىيىكىگە توغرىسىغا چۈشتى، ئۇ بېشىنى پارقىراپ تۇرغان ئۆتكۈر تىغقا سۈركىدى، دەپ شۈبھىلەندۇق. ھەقىقەت ماڭا تۇغما ھالەتتە، كونىلار «راست گەپ قىلساڭ بالاغا قالىسەن»، «راست گەپ دېمەككە ئاسان، ئاڭلىماققا تەس» دەيدىغان. ماركسنى تەنقىد قىلمىساق ھەممىمىز ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىمىز! ماركسنى تەنقىد قىلمىساق بىز ماركس ئەمەس! دېدىڭ. بىز سېنىڭ پەلسەپەڭنىڭ گەپلىرىڭگە قىزىقمايمىز.

قەپەس سىرتىدا كۈن - كۈنلەپ ئەسنەپ يۈرۈۋاتقانلىقىمىزنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ قارا بامبۇكنىڭ ئۆتكۈر تىغىدەك قاتتىق يوپۇرمىقىنى تۇتاملاپ - تۇتاملاپ چاسا تۆمۈر تۆشۈكتىن قەپەسكە سۇڭگۈتىدۇ. بىز يېسۇن دەپ، ئالدىڭغا بور تاشلاپ بېرىمىز. ياۋا چۆپلەرنى تاشلاپ بەرسە يېمەيسەن. ئالدىڭغا بور تاشلاپ بەرگەنلىكىنىڭ ئۆزى بىر تىراگېدىيە. چۈنكى، سەن يېڭى پىشقان مېۋىلەرنى يېمەي غەزىپىمىزنى قوزغاپ قويدۇڭ. شۇنچىلىك چوڭ ھايۋانات باغچىسىدىكى سان - ساناقسىز قەپەسكە سولاپ قويۇلغان ھايۋانلار مەيلى سۈت ئەمگۈچى ھايۋان ياكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېڭى پىشقان مېۋىلەرنى يېمەيدىغىنى يوق. بىراق، سەنلا يېمەيسەن. بىز تاشلاپ بەرگەن بورنى ئەپچىللىك بىلەن ئالىسەن، ئاغزىڭنى يوغان ئاچىسەن. قاپقارا چىشلىرىڭ كۆرۈنۈپ قالىدۇ، بىر تال بورنى چىشلەپ، ئاندىن ھېكايەڭنى باشلايسەن. سەن قەپەستىكى بايان قىلغۇچى، بورنى ئاستا - ئاستا چاينايسەن. كېيىن تاماكىنىڭ كۆتىكىدەك قىپقىزىل قارىچۇقۇڭنى بىزگە مىختەك تىكىپ توختىماي سۆزلەپ كېتىسەن.

دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - سىنىپىنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى فاڭ فۇگۈي دەرس مۇنبىرىدە ئاتوم قائىدىسى ۋە ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى ياسىغان چاغدىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلىدى. ئوقۇغۇچىلار ئاڭلاپ داڭ قېتىپ قېلىشتى. دەرس مۇنبىرىدە ئالىچىپار بىر قاپ بور تۇراتتى. سەن بىزگە، ئۇ توختىماي سۆزلىمەكتە، بورنى چىڭ تۇتۇپ دوسكىغا خەت يازاتتى. خەت تۆمۈر قەپەس توقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سىمدەك قىڭغىر - سىڭغىر ئىدى. يوغان كۆزئەينەك قاڭشىرىغا قوندۇرۇقلۇق، كۆزئەينەكنىڭ ئىككى جازىسىغا ئاق پىلاستىر چاپلاپ قويۇلغانىدى. ئۇ بەلەن

ئادەم، مەكتەپتە مەيلى رەھبەرلەر ياكى خىزمەتچىلەر بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۇنى ئەسكى دېمەيتتى. ئايالىمۇ بۆلەكچىلا ئوبدان مەزلۇم. ئايالى مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتىدا ۋاقىتلىق ئىشچى، توشقانلارنىڭ «تونىنى سالدۇرۇپ، مالىخىيىنى ئېلىۋېتىش» خىزمىتى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار. ئوغلىنىڭ ئىسمى فاڭ لوڭ، قىزىنىڭ ئىسمى فاڭ خۇ. ئىككىلا بالىنىڭ قاش - كۆزى جايىدا، بىلىملىك ھەم قائىدە - يوسۇنلۇق، ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئوڭلۇق باللار— ئۇلار ئاۋۋال ئازراق ئارام ئېلىپ تۇرسۇن! دېدىڭ. كەينىدىن يەنە فاڭ فۇگۇينىڭ تەجرىبە ئىشلىشىدىن سىنىپتا موگۇسمان بۇلۇت كۆتۈرۈلدى. 50 نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، باشلىرى چىڭقىلىپ كەتتى، ئۇ مېنىڭ يېقىن سەپدىشىم بولىدىغان، بۇنىڭدىن ئىلگىرى، دېدىڭ. شۇ ئان ئاغزىڭغا كىشىنى ھالىدار قىلىپ كۆرسىتىدىغان لەۋ سۇرۇخ سۈركىۋالغانلىقىڭنى كۆردۇق.

«ئاتوم بومبىسى پارتلىغان چاغدا، پولات - تۆمۈر پارغا، قۇملۇقتىكى قۇم ئەينەككە ئايلىنىپ كەتكەن!» فاڭ فۇگۇي شۇنداق دېدى. سەن بىزگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشلىرى موگۇسمان بۇلۇت ئارىسىدا بىردەم كۆرۈنۈپ، بىردەم كۆرۈنمەي قالدى. بىر باش، بىر باش، يەنە بىر باش...... ئۈچ چىراي، بەش چىراي، يەتتە چىراي...... ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشلىرىدا بىر تۇتام - بىر تۇتام چاچلار ئوت ئۇچقۇنىدەك پاخپىيىپ تۇراتتى...... خۇددى ئوڭ تەرەپتىكى قەپەسكە سولاپ قويۇلغان ھېلىقى قوي تۆگىنىڭ تۇكىگە ئوخشاش...... ئۇ ئۆزىنىڭ ئېلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، بېشىنى لىڭشىتقانسېرى تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىر قىسما بولۇپ كەتتى. ئۇلار نېمىنى ئويلاۋاتىدۇ؟ دېدىڭ. سەن چايناۋاتقان بورنىڭ ئاۋازى

سەن بايان قىلىۋاتقان ھېكايىدىكى قىيىنلىپ تۇرۇپ دوسكىغا خەت يېزىۋاتقان ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدىكى بورنىڭ ئاۋازىغا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. بىز چىشلىرىمىزنىڭ گىچىلداپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. سەن يەنە كۆپچىلىك ئويلاپ بېقىڭلار، ئوقۇغۇچىلار نېمىنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ دېدىڭ. سەن بىزنى فاڭ فۇگۇينىڭ ئورنىدا ئويلاشقا دەۋەت قىلىۋاتامسەن؟

ئون نەچچە ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپتە ماگىستىرلىقتا ئوقۇپ، ئاتوم بومبىسى زاۋۇتىغا كىرىپ ئاتوم بومبىسى ياساشنى، ئون نەچچە ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قالسا، ئاسلان ياكى كەپتەر سودىسى قىلىشنى ئويلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئون نەچچە ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلىشىدىن ئۈمىدىنى بىراقلا ئۈزۈپ، مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك. كاللىسى قېتىپ كەتكەن ئون نەچچە ئوقۇغۇچى كۆزلىرى ئوچۇق ئۇخلاپ ئولتۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. تولۇق 3 ـ يىللىقتا ئۇيقۇغا قانماسلىق ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە، سەن مۇشۇنداق دېدىڭ. شۇ چاغدا دەرس مۇنبىرىدە غەلىتە بىر ئەھۋال يۈز بەردى.

دەرس مۇنبىرىدە خۇددى سەھنىگە چىققاندەك روھلىنىپ، يايراپ كېتىدىغان مۇنەۋۋەر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى فاڭ فۇگۇينىڭ بىر قەۋەت بوز رەڭ بور توزۇندىلىرى قونغان ئاۋاق يۈزى چىپ ـ چىپ تەرلەپ، كۆزلىرى قېتىپ قالدى ۋە كالپۇكى كۆكىرىپ، بوغۇزىدىن ۋىچىرلىغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئۇ خۇددى قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ چىللىغان خورازدەك پۇت ـ قولىنى ئالىتاغىل پۇلاڭلىتاتتى. ئوقۇغۇچىلار بىردەك «يامان بولدى!» دەپ قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشتى. فاڭ مۇئەللىم دەرس مۇنبىرىگە يىقىلدى. پۇتلىرى ئىككى قېتىم تارتىشىپ، خۇددى چىرىگەن بىر تال ياغاچتەك مىدىرلىمىدى. ئۇ چىرىگەن بىر تال ياغاچقا ئايلىنىپ

قالغان ئاشۇ يېرىم مىنۇت ئىچىدە، بىر توپ قۇشقاچ ئۆزلىرىنى دېرىزىگە زەرب بىلەن ئۇرۇپ ئەينەكلەرنى چېقىپ سىنىپقا كىردى. قۇشقاچلار دېرىزىگە ئۇرۇلغان چاغدا باشلىرىدىكى تۈكلىرى چۇشۇپ كېتىپ، تاقىر باش بوۋايلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. بىر توپ قۇشقاچ سىنىپ ئىچىدە ۋىچىرلىشىپ، سىنىپنى بېشىغا كىيىشتى.

ئوقۇغۇچىلار ھاڭۋېقىپ قېلىشتى. بۇ ھالەت ئۇزاق داۋام قىلدى...... دېدىڭ چۈشكۈن ئاۋازدا، چىرايىڭ تولىمۇ ئازابلىق ئىدى. ھەممىمىز يۈگۈرۈشۈپ زىرايە سارىيىنىڭ ئەتراپىغا باردۇق. تۆمۈر سالاسۇنىنىڭ يېنىدىن تاشلىۋېتىلگەن بىر تال رەڭلىك بورنى تېپىۋېلىپ، يېسۇن دەپ سېخىيلىق بىلەن ساڭا سۇندۇق. دۇنيادىكى شۇنچىلىك ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى يېمەي، نېمىشقا بور يەيسەن؟ بۇنىڭغا بەك ئېچىمىز پۇشتى. سەن بورنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن چاينىدىڭ، بورنىڭ ئۇۋاقلىرى چىشلىرىڭنىڭ ئارىسىدىن يېرىمى ھۆل، يېرىم قۇرۇق ھالەتتە تۆكۈلۈپ، ئېغىزىڭگە چاپلىشىپ قالدى. سەن تىلىڭ بىلەن ئېغىزىڭدىكى بور ئۇۋاقلىرىنى يالىدىڭ ۋە: فاڭ فۇگۈي ئوبرازلىق تىل بىلەن ئۆزى توقۇغان موگۇسىمان بۇلۇتقا ئوخشاش كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا چىقىپ تارقىلىپ كەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى چۈش كۆرۈۋاتقان ھالەتتە، دېدىڭ. مۇنبەرگە يېقىن جايدا ئولتۇرغان بىرقانچە ئوقۇغۇچى ئورۇنلىرىدىن تۇردى - دە، تاقىر باش قۇشقاچلار كۆزلىرىنى چوقۇلۇۋالغاندەك قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى توسۇپ، بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن فاڭ مۇئەللىمنى كۆزەتتى. فاڭ مۇئەللىم بەدىنى تارتىشقان ھالدا دەرس مۇنبىرىدە تاختايغا چاپلىشىپ ياتاتتى.

— فاڭ مۇئەللىم، ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟

تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ ئالدى تەرەپكە قارىدى. بىز قەپەس سىرتىدا بوينىمىزنى

سوزۇپ ساڭا قاراپ تۇرۇپ كەتتۇق.

يۇرەكلىك بىر قىز ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنبەرنىڭ يېنىغا باردى. بىلىنى ئېگىپ، ئالدىغا ئېڭىشتى. كۆڭۈل قويۇپ قارىدى - دە، غەلىتە ۋارقىراپ:

— ساۋاقداشلار، فاڭ مۇئەللىم ئۆلۈپ قاپتۇ! — دەپ جاكارلىدى.

قۇشقاچلار چۇرۇقلىشىپ سىنىپتىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار تورۇستىكى لىمدىن قوزغالغان چاڭدا چاڭ - توزان پۇرقىراپ بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرەتتى. چاڭ - توزان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇرۇنلىرىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار چۈشكۈرۈپ كېتىشتى. چۈشكۈرگەن چاغدىكى ئاۋازى ئوق ئاۋازىدەك سىنىپ ئىچىنى بىر ئالدى.

سەن ئادەممۇ ياكى هايۋانمۇ؟ ئادەم بولساڭ نېمىشقا قەپەسكە چۈشۈپ قالدىڭ؟ هايۋان بولساڭ نېمىشقا ئادەم زۇۋانىدا گەپ قىلىسەن؟ ئادەم بولساڭ نېمىشقا بور يەيسەن؟

## 2

فاڭ مۇئەللىم ئۆلدى. 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنى قايغۇ - هەسرەت قاپلىدى. يول بويىدىكى تېرەكلەر دەممۇدەم قايغۇلۇق ئىرغاڭلايتتى. يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى گويا يىراقتىن كېلىۋاتقان يىغا ئاۋازىدەك ئاڭلىناتتى. مەكتەپ رەهبەرلىكى بۇ مۇسىبەتكە تولىمۇ ئەهمىيەت بېرىپ، شەهەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە تېلېفون قىلدى. چۈنكى، ئەتە ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى ئىدى. شەهەرلىك مائارىپ ئىدارىسى رەهبەرلىرىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار شەهەرلىك هۆكۈمەتكە تېلېفون قىلدى. شەهەر باشلىقىمۇ ناهايىتى ئەهمىيەت بەردى. شەهەر باشلىقى بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇپ

تېلېفوندا ئۆزىنىڭ ئېچىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېدى.

فاڭ مۇئەللىمنىڭ يۈزىنى قۇشقاچلار چوقۇلاپ غەلۋىرنىڭ تۆشۈكىدەك قىلىۋەتكەنىدى. جەسەت دەپنە ئىدارىسى زالىغا ئاپىرىلدى. فاڭ مۇئەللىمنىڭ چىرايىنى ئوڭشاش ئالاھىدە دەرىجىلىك ھۈسن تۈزىگۈچى لى يۈچەنگە تاپشۇرۇلدى. لى يۈچەن فاڭ مۇئەللىمنىڭ بۇزۇلغان يۈزىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلاندى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىرى جاڭ چىچيۇمۇ 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى، فاڭ مۇئەللىمنىڭ خىزمەتدىشى ئىدى. ئىككى ئائىلە قاتار سېلىنغان ئۆيلەردە ئارىتام قوشنا ئولتۇرىدىغان بولۇپ، كۈندە يۈز كۆرۈشەتتى. فاڭ مۇئەللىم بىلەن جاڭ چىچيۇ مۇئەللىمنىڭ چىرايىنىڭ نۇرغۇن جايلىرى ئوخشاپ كېتەتتى. مەكتەپ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى گېزىت تارقىتىشقا ۋە قوڭغۇراق چېلىشقا مەسئۇل ھېلىقى ۋاڭ بوۋاي ئۇ ئىككىسى بىلەن نەچچە ئون يىل بىللە ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى، دائىم دېگۈدەك جاڭ چىچيۇغا قاراپ:

— فاڭ مۇئەللىم، سىزنىڭ بىر پارچە زاكاز خېتىڭىز بار ئىدى! — دەيتتى.

فاڭ مۇئەللىم ئۆلدى. خىزمەتداشلىرى خۇددى ئېغىر كېسەل تەگكەندەك ھەممىسلا سولىشىپ كەتتى.

مەكتەپتىكى ئىشلارغا قىزىقمايمىز، سېنى قەپەسكە كىم ئەكىرىپ قويىدى؟ شۇنى بىلگۈمىز بار. سېنى بور يېيىشكە كىم مەجبۇرلىدى؟ قورسىقىڭدا سازاڭ مەددە بارمۇيا؟

گېپىمگە لوقما سالماڭلار!

يا بولمىسا ئىلمەك قۇرت بارمۇ؟

گېپىمگە لوقما سالماڭلار!

ئوبدانراق ئويلاپ باق، سېنى قەپەسكە كىم ئەكىرىپ قويىدى؟

ئەمىسە قەپەسكە ئۆز ئىختىيارلىقىڭ بىلەن كىرگەن

ئوخشىمامسەن؟ ئامېرىكىدا مۇشۇنداقراق بىر ئىش بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق. بىر پەيلاسوپ بىر كۈنى توساتتىن ھايۋانات باغچىسىدا ئادەم بولمىسا، ھايۋانات باغچىسىنىڭ مۇكەممەل بولماي قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھايۋانات باغچىسى باشلىقىغا خەت يازغان، خەتتە: ھايۋانات باغچىسىدا كۆرگەزمە قىلىنىشنى خالايدىغانلىقى دېيىلگەن. ھايۋانات باغچىسى ئۇنىڭغا بىر قەپەس تەييارلىغان. قەپەسكە: ئەقىللىق ئىككى ئەرلىك تىپىدىن، سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىققان. ئاق تەنلىكلەر ئىرقى، سېرىق تەنلىكلەر ئىرقى، قارا تەنلىكلەر ئىرقى ۋە قىزىل تەنلىكلەر ئىرقى...... قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلغان. بۇ يەردە كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقىنى قىزىل ۋە ئاق ئارىلاشما قان ئىرقى...... دېگەن خەتلەر يېزىلغان ۋىۋىسكا ئېسىپ قويۇلغان.

گېپىمگە لوقما سالمىساڭلار قانداق؟

سەن كۆزلىرىڭنى قىسىپ تۇرۇپ بىزگە ئالايدىڭ، بىز قورقۇپ كەتتۇق. ئاندىن يەنە كۆزلىرىڭنى قىسىپ تۇرۇپ بايانىڭنى داۋام ئەتتىڭ. مەكتەپ مۇدىرى فاڭ مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى جاڭ چىچيۇغا ئېلىپ بەردى. فاڭ مۇئەللىم ئۆلۈپ كەتتى. لېكىن، فىزىكا ئىلمى ئۆلۈپ كەتسە، فىزىكا دەرسى توختىتىپ قويۇلسا تېخىمۇ بولمايتتى.

## 3

ئارىلىقتا نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قەپەستە يېتىپ بور يېگەچ بىزگە ھېكايە سۆزلىگەن چاغدىكى مەنزىرىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدۇق. رەڭلىك بور ئۇۋاقلىرى چىشلىرى ئارىسىدىن دەممۇدەم تۆكۈلۈپ ئېتىكىگە، قەپەسكە توغرىسىغا قويۇلغان قونداققا ، دات بېسىپ ئالا - بۇلىماچ بولۇپ كەتكەن قەپەس

تىگىگە چۈشەتتى. ئۇ خۇددى جەك ھارۋىسىنى ياكى شوتا بىلەن سىيرىلغا يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقان چەۋەندازنى نىشانغا ئالغان يا ئوقىدەك توغرىسىغا قويۇلغان قونداقنى قامالاپ تۇتۇپ بىمالال تۇراتتى. شۇ چاغدا ئۇ بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىمىزنى قىلچە ئىسكەنجىگە ئالماي، ھېكايىنى سۆزلەۋەردى.

چارشەنبە كۈنى كەچتە، 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى جاك چىچيۇنىڭ تاماكا خۇمارى قاتتىق تۇتتى. ئۇنىڭغا، ئىزدىمىگەن يېرىڭ قالمىدى. تاماكىنىڭ كۆتىكىنىمۇ تاپالمىدىڭ دېدىم. تاماكىنىڭ خۇمارى يۈزلىگەن تىرنىقى بار كىچىك قۇرتتەك ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتىلايتتى. سەن تاماكا ئىزدەپ ئاشخانا ئۆيىنىڭ يېنىدىكى لاپاس ئۆيگە كىردىڭ. لاپاس ئۆيگە بىر كارىۋات سىغداپ قويۇلغان، كارىۋاتتا قېيىنئاناڭ ياتاتتى. قېيىنئاناڭ شامال دارىپ تىلدىن قالغان يارتا پالەچ ئىدى. ھەمىشە غەلىتە تووۋلاپ ياتاتتى. يامان كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئادەم ئىنسان تەبىئىتىنىمۇ يوقىتىپ قويىدىكەن. قېيىنئاناڭنىڭ كۆزلىرى چوڭقۇر سۇدا ياشايدىغان مەلۇم تىپتىكى بېلىقلارنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش يۇملاق ئىدى. سەن قېيىنئاناڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ لاپاس ئۆيدىن چىقتىڭ. كۆك مىلەگزە پەسكە شارقىراپ چۈشۈۋاتقان شارقىراتمىدەك ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كەتتى. مەن بۇرۇن فاڭ فۇگۇي، جاڭ چىچيۇ ۋە 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېقىن سەپدىشى ئىدىم. سەن ياپىلاق قورسىقىڭنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئىزا تارتماستىن چوڭ گەپ قىلدىڭ.

ئۇستەلدە بىر تۇتام تەقلىدىي ئىمتىھان قەغىزى تۇراتتى. ئارىسىدىن بىرىنى تارتىپ ئالدىڭ. قولۇڭدا قىزىل قەلەم، قەغەز تەكشۈرۈشكە باشلىدىڭ. ئىمتىھان قەغىزىدىكى خەتلەر تاماكىنىڭ ئىسىدەك، تۇمۇر قەپەس ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان سىمدەك

قىڭغىر - سىڭغىر ئىدى.

ئۈچ تارتمىلىق بىر ئۈستەلنىڭ بىر تارتمىسى قۇلۇپلاقلىق ئىدى. شۇ تارتمىدا پۇل بار ئىدى. تارتمىدىن پۇل ئالالىغان بولساڭ ئۆيدىن چىقاتتىڭ، شەرققە بۇرۇلۇپ، يىل بويى سىپسىق سۇلار يىغىلىپ پاشا بىلەن چىۋىن قايناپ كېتىدىغان سىپسىق ئۆستەڭدىن سەكرەپ ئۆتەتتىڭ. پاشا بىلەن چىۋىن گىژىلداپ ئۇچۇپ يۈرىدىغان سىپسىق ئۆستەڭدىن كۆتۈرۈلگەن پۇراق بۇرنۇڭغا ئۇرۇلاتتى. خۇشبۇي پۇراق بىلەن سىپسىق پۇراقنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى يېقىدا ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن، قىزىلگۈللەر چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۆستەڭدىن سەكرىگۈچە، ئىنىرتسىيەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن نەچچە قەدەم يۈگۈرەيتتىڭ. سەن ئۆستەڭدىن سەكرەپ ئۆتۈشكە رازى، ياغاچلىرى چىرىپ كەتكەن ھېلىقى كىچىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشنى خالىمايتتىڭ، 50 مېتىر ئارىلىققىچە ھەرىكەت قىلىش، تېز سۈرئەتتە 50 مېتىر ئارىلىققا يۈگۈرۈش، ئاستا سۈرئەتتە 50 مېتىر ئارىلىقتا ھەرىكەت قىلىش داۋامىدا خورايدىغان ئېنېرگىيە بىلەن شۇنىڭغا كېتىدىغان كۈچ تەڭ قىممەتلىك بولامدۇ؟ نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ۋاقىت جەھەتتە پەرق بولىدۇ. ۋاقىت ئالتۇن، ۋاقىت ھايات، شۇڭا تېز سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىش زۆرۈر. ئۇ بىزگە، مەن جاڭ چىچيۇ، دېدى. مەيلى خالا ياكى خالىما. سەن كىچىك ماگىزىننىڭ ئالدىغا بېرىپ بولدۇڭ. غوجايىن ئايال قولىغا سەدەپ قۇلۇلىسى مېيىنى سۈركىگەچ ئالدىڭغا ئوچۇق چىراي چىقتى.

تىنچلىقمۇ، جاڭ مۇئەللىم، كۆرۈنمەي كەتتىڭىزغۇ، يەنە تېخى تارتىلىپ قاپسىز. خوتۇنىڭىز بوزەك قىلىپ ھالىڭىزنى قويماپتۇ. سىلەر ئەپەندىلەر خوتۇنۇڭلاردىن نېمانچە قورقىسىلەر؟ تاپقان پۇلۇڭلار ئازمۇيا؟ توغرا، ئايال خەق دېگەن، قولى ھەممىشە پۇل

كۆرۈپ تۇرسا ياۋاشلاپ ئىتائەتمەن بولۇپ كېتىدۇ.

غوجايىن ئايالىنىڭ چىرايى قانداق رەڭدە؟ ئۇ مۇشۇنى ئويلاۋاتاتتى.

قېيىن دەرىخىنىڭ ئاقلىقى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. تۆمۈر بوتكىنىڭ ئالدىدا بىر پارچە سۆگەتزارلىق بار ئىدى. قۇياش نۇرى كۈچلۈك، غوجايىن ئايالىنىڭ ئاۋازى بوغۇق ئىدى. ئاجايىپ تەسىر قىلاتتى. ئادەمنى ھەمىشە سىرلىق خىياللارغا باشلاپ كېتەتتى. سەن بويىنغا ئېسىۋالغان كىچىككىنە قىزىل يۇڭ توپنى خېلىدىن كېيىن كۆردۇڭ. توشقان يۇڭىدا توقۇلغان يوپكىسىغا گېيومېتىرىيەلىك شەكىل چۈشۈرۈلگەنىدى. گاژ...... گاژ...... گاژ...... رادىيودىن چاتاق چىققاندەك قىلاتتى.

— جاڭ مۇئەللىم، تېلېۋىزورۇمنى قاچان ياساپ بېرەرسىز؟

غوجايىن ئايالىنىڭ ئويناق كۆزلىرى ھىلال ئايغا ئوخشايتتى. لەۋ سۈرۈخ سۈركەپ قىپقىزىل قىلىپ پارقىرىتىۋالغان لەۋلىرى قىزىلگۈلنىڭ ئىككى تال ياپرىقىنى چاپلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ماڭا ياردەم قىلسىڭىز، سىزنى نائۇمىد قىلىپ قويمايتتىم! جاڭ مۇئەللىم! ماڭا ئارىلاشقان ئەرلەر ئاز - تولا پايدامنى كۆرۈپ كەلدى. زىيان تارتقىنى يوق! مېنى نەيرەڭۋازلىقتا ئۇچىغا چىققان ئايال، سەتەڭلەر تۈزىقىغا چۈشۈپ كېتىپ يۈرمەي دەۋاتىسىزغۇ دەيمەن، نېمە لازىم؟ تاماكا! قانداق ماركىلىقىنى ئالىسىز؟ بۈيىنياۋ ماركىلىقىنى، بۇ بىر قېپى 4 مو 7 پۇڭلۇق ئەڭ ئەرزان تاماكا.

— يەنە باھاسى ئۆسۈپتۇ - دە، — دېدىڭ بېشىڭنى چايقاپ.

ئايال غوجايىن بىر يۈرۈش «داجوڭچيۇ» ماركىلىق تاماكىنى قۇچىقىڭغا ئاتتى.

— ئالمايمەن، بەك قىممەتكەن.

— نېسىگە بەردىم.

ئۇ ساڭا زەردە بىلەن ئالايدى.

نېمانداق بىچارە بولۇپ قالدىڭىز، ھېلىقى چاغلاردا ئاجايىپ نوچى ئىدىڭىزغۇ!

«شار..... شار..... شار.....» يارتا پالەچ بولۇپ قېلىپ كارىۋاتتا ياتقان قېيىنئاناڭ سىيىۋاتاتتى. ئاۋاز ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى. بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشىنى بېسىپ چۈشەتتى. بۇ ئاۋازدىن يۈرىكىڭ جىغىلداپ كېتەتتى.

ئۇ ئىسمىڭنى جاڭ چىچيۇ، دېدى.

سەن بىزگە ئۇنىڭ ئىسمىنى جاڭ چىچيۇ، دېدىڭ.

بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ بىزگە قەپەستىكى توغرىسىغا قويۇلغان قونداقتا تۇرۇپ دېدى.

بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى سەن بىزگە قەپەستىكى توغرىسىغا قويۇلغان قونداقتا تۇرۇپ دېدىڭ.

## 4

ھېكايەڭنى ئاڭلاش ئۈچۈن، بىزگە دۈشمەنلىك نەزىرىدە قاراۋاتقان ھايۋانلاردىن كېلىدىغان خەۋپكە قارىماي، ھالىڭدىن خۇددى ئۆز ئاتىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاندەك خەۋەر ئالدۇق. تۇغۇلۇشىدىنلا ئايىغى تۈكلىرى بۇدۇر تۇغۇلغان قوي تۆگە سولاپ قويۇلغان قەپەسنىڭ يېنىدىن بور ئەكېلىپ سېنى باقتۇق. قوي تۆگە سولانغان قەپەسنىڭ سىرتىدا پاكار بىر تام بار ئىدى. تامغا قارا دوسكا ئېسىپ قويۇلغان، دوسكىغا:

كېپەك 100 جىڭ، شال پاخلى 10 باغلام، ئۈچىنچى نومۇرلۇق ياۋا ئېشەك بىلەن كەمتۈك قۇلاقنىڭ جۈپلىشىشى ئۇتۇقلۇق بولدى، دېگەن خەتلەر يوغان قىلىپ قىڭغىر - سىڭغىر يېزىلغانىدى.

قارا دوسكىنىڭ پەس تەرىپىدىكى ئوقۇردا ئۇزۇن - قىسقا ھەم ھەر خىل رەڭلىك بىرمۇنچە ئۇششاق بورلار يىغىلىپ كەتكەنىدى. سىبنىڭ بورغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ شۇنچىلىك چوڭقۇر، بورنى كۆرسەڭ كۆزلىرىڭ چاقناپ، بۇغدىيىكىڭ يۇقىرى - تۆۋەن مىدىرلاپ، ئاغزىڭدىن بور چايىنغان چاغدىكىگە ئوخشاش ئاۋاز چىقىپ كېتىدۇ. بور چايىنغان چېغىڭدا كۆزلىرىڭدىن دۇغ ياش ئاقىدۇ. بۇ ھال بىزگە ئۆملىگۈچى ھايۋانلار سارىيىدىكى تىمساھنى ئەسلىتىدۇ. سەن دېدىڭ:

بىر تۇتام سىبرىق نۇر ئەينەك ئۆگكۈرگە چۈشتى. ئالتە ئوقۇتقۇچى قىستىلىشىپ ئولتۇراتتى. فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىشخانىسى 12 كىۋادراتمېتىر چىقاتتى. ئىشخانىنىڭ ئىچى كۆمۈرنىڭ كۈلىگە، چىۋىنلەرنىڭ پوقىغا تولغان، ئۆلگەن چىۋىنلەر ئاپئاق تامغا چاپلىشىپ قالغان. فاڭ فۇگۈينىڭ دەرس تەييارلىغان دەپتىرىگە چىۋىنلەرنىڭ قېنى چاچراپ، ئىچ باغىرلىرى يېپىشىپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا دەرس تەييارلاش زۆرۈر ئەمەس. ئۇنچىلىك بىلىمنى ئۇ ئاللىبۇرۇن ئىچىۋالغانىدى. جاڭ چىچيۇ فاڭ فۇگۈينىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇراتتى. چىرايلىرى ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، بىر - بىرىدىن سەلگىنە پەرقلىنىدىغان قوشكېزەكلەرگە ئوخشاپ قالاتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن سىبنىڭ خوتۇنىڭ بىر - بىرى بىلەن پىششىق تونۇش، داچيۇ ۋە شاۋچيۇ بىلەن فاڭ لوڭ ۋە فاڭ فۇلارمۇ شۇنداق. ئىككى ئائىلىنى بىر تام ئايرىپ تۇراتتى. توخۇ، ئىت باقمىغان بولسىمۇ، ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. داۋاملىق كىرىش - چىقىش قىلاتتى. كۈن نۇرى، ئاپئاق تام ئۆلگەن چىۋىنلەر ۋە كۆمۈرنىڭ كۈلى بىلەن بېزەپ بولۇپ كەتكەنىدى. «مۇھەببەت نەدە سەن؟» دېگەن جۈملە كۆزلىرىنى تامغا تىكىپ تۇرغان شاۋگۇنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقتى.

زاپاس سۇ قاچىلاپ قويىدىغان ئىدىشقا قىزىل سىر

بېرىلگەنىدى. ئالتە چېلەك سۇ پاتاتتى. سۇ ئىدىشقا بېسىم چۈشۈرگىنى بىلەن ئىدىش چېقىلىپ كەتمەيتتى. كۈچ بىلەن بېسىم — بېسىم تورىدىكى فورمۇلا. ئىدىش سىرتقى كۈچنىڭ زەربىسىدە ھامان بىر كۈنى چېقىلىدۇ. بېسىم نۇقتىسى، فورمۇلا. قۇياش نۇرىدا سۇنىڭ تورۇسقا چۈشكەن سايىسى ئەلەڭلەپ تۇرىدۇ. ئوپتىكا تورىدىكى فورمۇلا. نۇر چۈشۈش بۇلۇڭى ۋە نۇر قايتۇرۇش بۇلۇڭى. ھەممىلا يەردە فىزىكا، ھەممىلا يەردە ماتېماتىكا، خىمىيە مۇئەللىمىنىڭ كۆز ئالمىسى سولياۋ، قۇلىقى ۋە ئاغزى، بىلىكى ۋە پۇتىمۇ سولياۋ. ماگسا كەشىدىن غاچىلدىغان ئاۋاز چىقىدۇ. تىل - ئەدەبىيات مۇئەللىمى گېزىتنى تازىلىق قەغىزى ئورنىدا ئىشلەتسە، مەقئەت قوغۇشۇندا زەھەرلىنىپ قالىدۇ، دەپ ماقالە قەغىزىنى تازىلىق قەغىزى ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. تازىلىق قەغىزىگە كەتكەن پۇلغا تاماكا، جياگىيۇ ئالىدۇ.

نېمىشقا ئىشخانىغا قىزىل سىر بېرىلگەن ئىدىش قويۇپ قويىدۇ؟ ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنمۇ؟ ياق، ئىككىنچى قەۋەتتىكى جۈمەكتىن سۇ چۈشمەيدۇ. سۇ مۇنارى پەستە، بېسىم يېتەرلىك ئەمەس. سۇيۇقلۇق ئىلمى، فورمۇلا. سۇخانىنى ماتېماتىكا مۇئەللىمى يۈي خۇافۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىگىلىۋالدى. ئىشىك بېشىغا «خۇشاللىق» دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل قەغەزنى چاپلاپ، بىر قىزنى ئەكىرىۋالدى. بىر تىزىق پوچاگزا ئېتىپ، سۇخانىنى ھۇجرا ئۆي قىلىۋالدى. قىز كېلىنگە، يىگىت كۈيۇ ئوغۇلغا ئايلاندى.

— شاۋگۇ، شاۋيۈي توي قىلسا كۆزۈڭ قىزىرىۋاتامدۇ؟

— مېنىڭ خوتۇن ئالىدىغان سالاھىيىتىم يوق. ئىككى تال مائاش ئۆزۈمگە ئاران يېتىدۇ. مال باھاسى ئۆسۈپ كەتتى، يولداشلار، مال باھاسى ئۆسۈپ كەتتى. يولداشلار، ئۆسۈپ كېتىۋاتىدۇ. يولداشلار، مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ياۋا ئاتنىڭ

شامالدەك يۈگۈرۈشىگە ياكى پورۇقلاپ قايناپ كېتىۋاتقان قايناق سۇغا سېلىنغان تېرمومېتىرنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشىگە ئوخشايدۇ. ئەتە خىزمەتتىن ئىستېپا سوراپ راك بوتقىسى ساتىمەن!

— ئادەملەر ئەمەلىيەتتە ئابرۇي قوغلىشىپ ئۆزىنى جاپاغا سېلىپ قويىدۇ! — دېدى ئابرۇيلۇق ۋە ئىناۋەتلىك ئاقساقال مېنىڭ شيەندىي ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ. ئۇ فاڭ فۇگۇينىڭ مۇئەللىمى، فاڭ فۇگۇي شاۋگۇنىڭ مۇئەللىمى ئىدى. مېنىڭ ئاقساقال ئۆچكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ يەنە:

— ئەمەلىيەتتە راك بوتقىسى سېتىشمۇ ياخشى ئىش ...... ئەمەلىيەتتە...... ئەمەلىيەتتە...... دەپ قوشۇپ قويدى.

— ئەمەلىيەت، ئەمەلىيەت، نېمە ئەمەلىيەت ئۇ. مېنىڭ ئاقساقال! سىزنىڭ دامىڭىزغا چۈشۈپ خوپ بولدى ماڭا. پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بەر، ئوقۇتقۇچىلىق ھامان كىشىلەر ھەۋەس قىلىدىغان كەسىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ! دېدىڭىز. پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردىم. تەتۈر قىسمەت ماڭا رودۇپايدەك چاپلاشتى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بولسام كېرەك. ما خۇڭشىڭغا قاراڭلار، ئامتى ئوڭدىن كېلىپ، ما جەمەتى توخۇ گۆشى قورۇمىسى دۇكىنى ئېچىپ، خېلى بالدۇرلا 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە بولۇپ قالدى. بىر ئاي جاپالىق ئىشلەيمەن، ئالىدىغىنىم 62 يۈەن 2 مو، ما خۇڭشىڭنىڭ بىر كۈنلۈك تاپاۋىتىگىمۇ يەتمەيدۇ......

شۇنىڭ بىلەن خۇددى دەريانىڭ قىنىنى سۇ ئېلىپ كەتكەندەك، ئوقۇتقۇچىلار قايناپ ئۆزىنى باسالماي قېلىشتى. بيۇروكراتىزم، باج ئوغرىلاش، باج چۈشۈرۈپ قويۇش، پارا بېرىش ۋە پارا ئېلىش، مېھمان چاقىرىپ سوۋغا - سالام بېرىش، چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىش، بېدىكچىلىك قىلىش، تۆگە ۋە ئېيىق تاپىنى، مايمۇننىڭ بېشى ۋە قارلىغاچ چاڭگىسى، ئىشكتىن

چىقىپلا «خانتاجى» ماشىنىدا ئولتۇرۇش، شامالدۇرغۇچ ئورنىتىش، گىلەم سېلىش، ساختا ھاراق، ساختا تاماكا، قاقتى - سوقتى قىلىش، ئادەملەرنى ئالدىراپ ئېلىپ كېتىش، نوپۇسنىڭ پارتلىشى...... سۇ توختاپ قېلىش، توك توختاپ قېلىش، توك زومىگىرى، سۇ زومىگىرى، يول بويلىرىدىكى قاراقچىلىق، زومىگەرلىك، سۇ توختاپ قالغان چاغدىكى ئۇسسۇزلۇق، توك توختاپ قالغان چاغدىكى قاراڭغۇچىلىق......ئۇلار بەس - بەستە سۆزلەيتتى. ھەممىڭلارنى بىراقلا «ئوڭچى» قىلىۋېتىش كېرەك...... سۇ بولمىغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلارمۇ دىجورنىلىقنى ئوبدان قىلمايتتى. ھاجەتخانا سازلىققا ئوخشاپ قالغانىدى. سېسىق پۇراقلار ھاجەتخانىدىن بىمالال چىقىپ، مەيىن باھار شاملى بىلەن بىللە كارىدوردا لەيلەپ يۈرەتتى. سېسىق پۇراقلار فىزىكا ۋە خىمىيەدىكى، پارچىلىنىش ۋە بۆلۈنۈش ئارقىلىق مايدا قورۇلغان چۈجە خورازنىڭ خۇشبۇي ھىدىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. بۇ ھىد تولۇق 1- يىللىق، 2- يىللىق، 3- يىللىق سىنىپقا ئاستا كىرىپ، ئۇ يەردىن مۇئەللىملەرنىڭ يېڭى ئۆيلىرىگە كىرەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى نەمدەپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تېنىنى قۇۋۋەتلەيتتى. يەنە تېخى يۈي مۇئەللىمنىڭ يېڭى ئالغان خوتۇنىنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىمۇ بار.

ھوۋ ......

كىم يىغلاۋاتقاندۇ؟

چىدىمىدىم، بۇ لەنىتى جاينىڭ ھەممىلا يېرىدىن سۈيدۈك پۇرايدىكەن.

يۈي مۇئەللىمنىڭ خوتۇنى ئىكەن.

ھازىرقى زامانىنىڭ ياشلىرىزە!

ھازىرقى زامانىنىڭ ياشلىرى نېمە بوپتۇ؟ ئەجەبا سۈيدۈكنى سېسىق دېسە بولمامدىكەن؟

نوچى بولسڭىز، مەكتەپ مۇدىرىنى ئىزدەڭ.
سۈيدۈكتىن تارالغان سېسىقچىلىقنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۆلكە باشلىقىنىڭ يېنىغا بېرىشتىنمۇ يانمايمەن.
ئۆسۈملۈك بولۇپ قالغان بولساق ياخشى بولاتتىكەن، تېز كۆكلەپ كېتىشىمىز كاپالەتكە ئېرىشەتتى.
سەن بىر چىشلەم بورنى يۇتۇۋېتىپ يەنە گۇر - گۇر سۆزلەپ كەتتىڭ.
بىز دېگەن باغۇەن، ئوقۇغۇچىلار دېگەن گۈل - چېچەك، مايسا. باغۇەن سېسىق پۇراقتىن قورقامدۇ؟ مايسا، گۈل - چېچەكلەر سېسىق پۇراقنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟
ئۇلار سىلەرنىڭ 8- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چاچلىرىدىن ھاجەتخانىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ دەيدۇ.
نېمىدېگەن پاساھەتلىك گەپ!
يەنە بىر ئوقۇتقۇچى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىردى. مېڭ ئاقساقال كارىدوردا ئالچاڭلاپ مېڭىپ يۈرەتتى. قونچلۇق رېزىنكە ئۆتۈك كىيگەن شاۋگو:
— مېڭ ئاقساقال، سىز قېرىغانسېرى بۈركۈتكە ئوخشاپ بەرمەيدىغان تادان توشقاندەك قۇۋلىشىپ كېتىپسىز، — دېدى.
مېڭ ئاقساقال پەقەت خاپا بولماي:
— شاۋگو، ياشلار ئاغزىدىن بالاغا قالىدۇ. ئاز گەپ قىلىپ، كۆپ ئىش قىلىش لېنىننىڭ ئىستىلى. ئاز گەپ قىلساڭ، سېنى بىرەرسى گاچا دەپ سېتىۋەتمەيدۇ، — دېدى.
بىرى ئۇستاز، بىرى شاگىرت ھەر كۈنى توختىماي گەپ تەگىشىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشخانىسىغا پۈتمەس - تۈگىمەس خۇشاللىق كەلتۈرەتتى. بۇ گەپنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى. «قويۇپ تۇرايلى» دېگەن چېغىمدا بەدىنىڭنىڭ تارتىشىپ، ئورۇق بېلىڭنىڭ ئېگىلىپ كۆۋرۈككە ئوخشاپ قالغانلىقى يادىمىزدا.

توغرىسىغا قويۇلغان قونداقتا ئولتۇرغان تۇرقۇڭ شاتۇتىنىڭ تۇرقىغا ئوخشاپ قالدى. لېكىن، پەيلىرىڭ ئالىچىپار ئەمەس ئىدى.

توك قوڭغۇرىقى چېلىنىدى، دەرس باشلاندى.

— بور لازىممۇ؟ — ئارىمىزدىن بىرى سورىدى.

لازىم.

ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. ياۋا ئېشەك سارىيىدىكى ياۋا ئېشەكلەر، تاغىل ئات سارىيىدىكى تاغىل ئاتلار، ئارقار سارىيىدىكى ئارقارلار...... ھەممىسى يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار تۇمشۇقلىرىنى رېشاتكىدىن چىقىرىشىپ، ئالدىلىرىغا يەم - خەشەك تاشلاپ باقىدىغانلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇشتى. سەن بىرگە، بور ئەكېلىڭلار! — دېدىڭ.

## 5

ئۇ بىرگە شۇنداق دېدى: ئۇنىڭغا ۋۇجۇدۇڭغا ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرىنى يۇقتۇرۇپ، كىچىك دۇكاندىكى ساھىبجامال ئايال غوجايىن ھەدىيە قىلغان سىرلىق تەبەسسۇم بىلەن ئىللىقلىقنى بىرگە ئېلىپ، قولتۇقۇڭغا «داجوڭجيۇ» ماركىلىق بىر يۇرۇش تاماكىنى قىستۇرۇپ، تېز سۈرئەتلىك ھەرىكەتنى قىلىپ ئۆيۈڭگە قايتىشنى، قايتىپ بېرىپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ، بايىلا بېرىلگەن ئازوت ئوغۇتىدىن شۇ زامات روھلىنىپ كەتكەن ئۆشقاق كەرەپشىدەك روھلىنىپ، ئۈستەلگە مەيدەڭنى يېقىپ مانېۋىر ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تەكشۈرۈشنى ئويلىغانىدىڭ...... لېكىن، تاماكاڭ يوق، دېدىم.

ئۇ توغرىسىغا قويۇلغان قونداقتا ئولتۇرۇپ پەسكە ساڭگىلىغان پۇتلىرىنى تىترەتتى. تۆمۈردەك قاتتىق بىلىنگەن مىيىقلىرىدا سۇس مەسخىرىلىك ئالامەت ئەكس ئېتەتتى. ئۇ خۇددى سېنى كۆز

ئالدىڭدا مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىرگە مەسخىرىلىك قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ بايانىدىن پۇلۇڭ ھەم ھوقۇقۇڭ بولمىغاچقا، تاماكا چېكەلمەيۋاتقانلىقىڭنى بىلدۇق. پۇل بىلەن ھوقۇق خوتۇنۇڭنىڭ قولىدا ئىكەن. ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى شۇ ئالقىنىغا ئېلىۋالغانىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى لى يۇچەن، دەپنە ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە ھۆسن تۈزگۈچىسى ئىكەن. ھەرقانداق بىر ئۆلگەن ئادەم ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ھايات چېغىدىكىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەن.

جاڭ چىچيۇ دېگەن بىر شۇم پېشانە، دېدى ئۇ بىرگە. سەن ئۈستەل ئالدىدا تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ. تاماكا خۇمارىڭ تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. تاماكا ئالىدىغان پۇلۇڭ يوق. ئۈچ تارتمىلىق ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تارتمىغا ھاڭۋىقىپ قاراپ كېتىسەن. تارتما قۇلۇپلاقلىق، ئاچقۇچ لى يۇچەننىڭ تاسمىسىغا ئېسىقلىق. ئۇنىڭ چاچلىرىدىن ھەر مىنۇت ئەتراپقا دەپنە ئىدارىسىگىلا خاس ئالاھىدە پۇراق تارقىلىپ تۇرىدۇ.

سەن بور ئۇۋاقلىرىنى ئېرتىۋېتىپ بىرگە دېدىڭ:

فىزىكا مۇئەللىمى ئورنىدىن تۇردى. كىچىك دۇكاندىكى ئايال غوجايىنىنىڭ يوغان ئاپئاق يۈزى كۆز ئالدىدىن بۇلۇتتەك لەيلەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھېلىقى مىس قۇلۇپنى ئۇرۇپ قويدى. نائىلاج بېشىنى چايقاپ ئالدىغا ئىككى قەدەم ماڭدى - دە، تامدىكى كۆل رەڭ بىر پارچە كونا گىلەمنى قايرىدى. شۇ ئان ئۈستى تەرىپى يۇملاق، ئاستى تەرىپى چاسا بىر ئۆڭكۈر كۆرۈندى. ئۆڭكۈردە سەككىز ۋاتلىق نوغۇچسىمان ئېلېكتىر چىرىغى غۇۋا يېشىل يورۇق چىقىرىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئىككى تاقىر باش ئۈستەلگە يېپىشىپ دەرس تەييارلاۋاتاتتى. ئىككىسى چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بېشىنى تەڭلا كۆتۈردى. چىرايلىرى بوزىرىپ كەتكەن ئىككى بالا تىرىك ئىككى كىچىك جىننىغا ئوخشايتتى.

ئاتا!

قەدىرلىك ئاتا!

بۇ ئۆگكۈر شۇ ئىككىسىنىڭ ھۇجرىسى ئىدى. ئۆگكۈردە رەڭگارەڭ پارچە - پۇرات بۇلۇت تىقما - تىقما تۇرۇپ كەتكەنىدى. پارچە - پۇرات بۇلۇتلار سافا زاۋۇتىدىن كەلتۈرۈلگەن، لى يۇچيەن سافا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئانىسىنىڭ ھۆسنىنى پەرداز قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىككى يوتقان تۇراتتى. ئۆگكۈرنىڭ ئىگىپ چىقىرىلغان تىمىغا ئۇچار قۇش، ياۋايى ھايۋان، قۇرت - قوڭغۇز، بېلىق، ئايروپىلان ۋە زەمبىرەكلەر سىزىلغانىدى. ئۆگكۈرنىڭ ئىچى ئاجايىپ جىمجىت. ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازى خۇددى ئىنچىكە كۈمۈش سىم قۇلاققا سانجىلغاندەك تۇيۇلاتتى. ئىككى مۇنەۋۋەر ئوغۇل ئۆگىنىشتە ھەممىنىڭ ئالدى، غېمى يوق، فىزىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ پەخرى ئىدى. مۇنەۋۋەر بالىلىرىدىن قايسى ئاتا پەخىرلەنمەيدۇ؟ ئۇ ئىككى ئوغلىنىڭ تاقىر باشلىرىغا يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ، خۇشاللىقدا ھاياجانلىنىپ كېتەتتى، دېدىڭ.

— داچيۇ، شاۋچيۇ، يېنىڭلاردا پۇل بارمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— يوق، يېنىمىزدا پۇل يوق!

— قەرز بېرىپ تۇرۇڭلار، كېلەر ئايدا بېرىۋېتىمەن...... پەننى ئومۇملاشتۇرۇش توغرۇلۇق بىر پارچە ماقالە يازدىم، ئېلان قىلىنىپ قالسا نۇرغۇن پۇل كېلىدۇ. پۇلۇڭلارنى يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قايتۇرىمەن!

— ئالدىنقى ئايدا مەندىن ئالغان ئۇچ مونى ھازىرغىچە بەرمىدىڭ!

— سەن ماڭا تۆت مو قەرز.

— تاماكا خۇمارىم بەك تۇتۇپ كەتتى. ئاپاڭلار خىراجەت قىلىش ئۇچۇن بەرگەن پۇل تۇگىگىلى نەۋاق، پۇلۇڭلار بولسا

بىرىپ تۇرۇڭلار، بىچارە ئاتاڭلار تاماكا ئېلىپ چەكسۇن.
— نېيتتىڭدىن يان! ئىززەت - ئابرۇيۇڭ قالمىدى!
— بىز ئاتا - بالا ئەمەسمۇ؟
— ئاتا - بالا دېگەن باشقا گەپ، پۇل دېگەن باشقا گەپ. ئۆز ئورنۇڭغا قايت. ئۆگىنىشىمىزگە تەسىر يەتكۈزمە. داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرگە كىرەلمەي نامرات ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەيدىغان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بەرسەڭ چىداپ تۇرالامسەن؟
ئۇ ساراڭدەك ھىجىيىپ قويۇپ ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەتتى. مىلەڭزە ئورنىدا تارتىپ قويۇلغان كونا گىلەم ناھايىتى تېزلا سىيرىلىپ چۈشتى، داچيۇ بىلەن شاۋچيۇ كۆزدىن غايىب بولدى.
ئۇ بىرگە: مەن فاڭ فۇگۇي بىلەن جاڭ چىچيۇنىڭ يېقىن سەپدىشى، «بىر ئاكوپ» تا يېتىپ، ھاجەتخانىدىن چىققان پۇراقنى بىللە پۇرىغان دېگەن، دېدى. ئارىمىزدىكى بىرەيلەن قىزىقسىنىپ ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى ياكى ئەمەسلىكىنى سورىۋىدى، ئۇ نومۇس كۈچىگە چىدىماي غەزەپلىنىپ كەتتى. بۇرنىنىڭ ئۇچى قىزىرىپ بىر تال چوغقا ئوخشاپ قالدى. ئۇ: يۇمشاقباش ئادەملا 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتە فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولىدۇ، يۇمشاقباش ئادەملا! دەپ چىرقىراپ كەتتى. بىز يوغان بوردىن بىرنى بېرىپ، ناھايىتى تەستە ئالداپ، ئۇنى لى يۈچەن توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى داۋام قىلىشقا ئاران ئۇناتتۇق.

## 6

لى يۈچەن ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرىدىغان ئىقتىسادىي كاللىغا ئىگە ئايال. ئۇ ئۆيگە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ گويا ئاپشاركىغا ئوخشاش ھەممە ياقنى پۇراپ، ئاندىن ئاۋازىنى

قويۇۋېتىپ چۈشكۈردى. شۇ چاغدا چوڭ كوچىدىكى رەڭلىك پانۇسلار يورۇپ كەتكەنىدى. ئۆيدىكى ئېلېكتىر چىرىغى سارغۇچ نۇر چېچىپ تۇراتتى.

— تاماق ئەتتىڭىزمۇ؟

— ياق،— دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتقاچ ئالدىغا ئېگىلىپ،— قىممەتلىك ھەربىر سېكۇنت ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ مانېۋىر ئىمتىھان قەغەزلىرىنى كۆرۈپ قولدىن چىقىرىۋەتمىسەم بولمايدۇ، پات ئارىدا ئۇنىۋان باھالاش بولىدىكەن، بىپەرۋالىق قىلىشقا ھەددىم ئەمەس.

— پوقنى يەپسەن!— لى يۈچەن شۇنداق دېدى - دە، فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ قۇلىقىنى قاماللاپ تۇتۇپ كۈچىنىڭ بارىچە سوزدى. ئاغرىق ئازابىدا فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ئاغزى كالچىيىپ كەتتى. سەن بىزگە: گەرچە مەندىن قاقشاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ كۆڭلىدە خۇش بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، بۇرۇنقى تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا دەرد كەلگەن كۈن خوتۇنى يەنە بىرەر پايدا ئۇندۇرۇپ ئۆيگە خۇشال كەلگەن كۈن ئىدى. شۇڭا، چىرايىدىن مۇلايىملىق ۋە ئىتائەتمەنلىك ئالامىتى ئەكس ئەتكەن كۈنلىرى، ئۇ لى يۈچەندىن ۋەھشىي ھايۋاندىن قورققاندەك قورقىدۇ. ئاغزىنى كالچايتىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتقان كۈنلىرى لى يۈچەندىن ئازراقمۇ قورقۇپ قالمايدۇ، دېگەن. ئۇ چىرقىراپ كەتتى. لى يۈچەن ئۇنىڭ يەنە بىر قۇلىقىنىمۇ سوزدى. خوتۇنىنىڭ ئىككى قولى ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىدا ئىدى. ئاغزى تېخىمۇ كالچاراپ كەتتى.

قۇلىقىنىڭ تۈۋى يىرتىلىپ ئېچىلىپ قالدى. ئېچىلىپ قالغان يەردىن قىزغۇچ سېرىق سۇيۇقلۇق سىرغىپ چىققان چاغدا، لى يۈچەن بولدى قىلدى.

فىزىكا مۇئەللىمى يىغلىۋەتتى.

لى يۈچەن ئۇنى بىر تەپتى - دە:

— ماڭقاڭنى ئېقىتىپ يىغلاشتىن نومۇس قىلساڭچۇ! شۇ ھالىڭغا ئەر بولۇپ قالغىنىڭ سېنىڭ، — دەپ تىللىدى.

— قۇلىقىمنى سوزۇپ يىرتىۋەتتىڭ، ئەتە قانداق دەرس ئۆتىمەن، — دېدى ئۇ.

— مەڭگۈ دەرس ئۆتمىسەڭ خۇش بولاتتىم! لى يۈچەن شۇنداق دەپ «گۈزەل دۇنيا» دېگەن خېتى بار ئاق خالتىنى سالدى. كۆڭلىكنى سېلىپ تاشلىدى. ئىشتىنىنىمۇ سېلىۋەتتى. ئۇ ئۈچ بۇرجەك كالتە ئىشتان، توق قىزىل باغىرداق بىلەن قالدى. خۇددى جىلغا تېشىغا ئوخشاش بىر جۈپ كۆكسى يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقان ئىككى پارچە كۆمۈرگە ئوخشاپ قالغانىدى. يورۇقىدىن فىزىكا مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى.

— نېمىگە قاراۋاتىسەن؟ لۈكچەك! — دېدى لى يۈچەن.

— قۇلىقىمنى سوزۇپ مۇشۇنداق قىلىۋېتىپ كارىڭ بولمامدۇ، — دەپ غودۇڭشىدى فىزىكا مۇئەللىمى.

— مېنىڭ كارىم بولماي كىمنىڭ كارى بولماقچىدى؟ دېگىنە، كىمنىڭ كارى بولسا بولاتتى؟ — لى يۈچەن شۇنداق دەپ ئاق خالتىنىڭ يانچۇقىدىن سۈزۈك ھەم ئادەمنىڭ تېرىسىگە ئوخشاش بىر ئورام پىلاستىرنى ئېلىپ، فىزىكا مۇئەللىمنىڭ يىرتىلغان قۇلىقىنى ئەپچىللىك بىلەن يەملەپ قويدى. قۇلىقى بۆرىئىت كۈچۈكىنىڭ ھوشيار قۇلىقىدەك تىك كۆتۈرۈلۈپ، بۇرۇنقىدىنمۇ روھلۇق ھەم بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى.

دەپنە ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە دەرىجىلىك ھۆسن تۈزىگۈچىسى ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە رازىمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

فىزىكا مۇئەللىمى خوتۇنىنىڭ بەدىنىنى بىر قەۋەت سېرىق تۈك بېسىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ماي يىغىشقا باشلىغان قورسىقىغا يول - يول ئىككى تال قورۇق چۈشكەنىدى. قورسىقى يوغان پېشانىگە ئوخشايتتى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئەركىلىگەندەك غودۇڭشۇپ:
— تۇتۇشنىغۇ تۇتتى، ئازراق ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى.
— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، — لى يۇچەن شۇنداق دېگەن پېتى ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي سوزۇلۇپ بېرىپ، دەپنە ئىدارىسىنىڭ پۇرىقىنى يۇز - خاتىر قىلماستىن، ئۇنىڭ بۇرۇن يولىغا تىقتى. بەك ياخشى چارە بۇ، فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ بۇرنىنى «شاپپىدە» چىمدىدى، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى ئاسمانغا قارىدى. قۇلاق پەردىسى ئېچىشىپ ئاغرىدى. ئاق دانىخورەكلەر ئېگىز - پەس كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. كۆزلىرىدىن كۆپكۆك ياش سىرغىدى.
— ۋايجان......
— يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟
— ھەئە.
— نەرىڭ؟
— بۇرنۇم.
— قۇلىقىڭچۇ؟
— ئاغرىمىدى.
— ئاغرىق جاي باشقا يەرگە يۆتكەلدى دېگەن مانا شۇ، — دېدى لى يۇچەن تەجرىبىلىك ئادەمدەك. ئۇنىڭ تۇرقى مىڭلىغان ئادەمنىڭ تېرىسىنى شىلغان تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ تۇرقىغا ئوخشايتتى.
ئادەمنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرى ھامان ئاغرىيدۇ. ھېچقانداق يېرى ئاغرىمىسا ئۆلۈپ قالغان بولمامدۇ. مەسىلەن، قۇلىقىڭ ئاغرىسا، بۇرنۇڭنى چىمدىيمەن. بۇرنۇڭ ئاغرىسا، كۆزۈڭنى تاتىلايمەن. كۆزۈڭ ئاغرىسا، پۇتۇڭنىڭ بىر بارمىقىنى چانىۋېتىمەن......
ئۇ تىترەپ تۇرۇپ نۇرلۇق چىراغ يورۇقىدا خوتۇنىنىڭ يۇمران تۇك قاپلىغان بەدىنىنى كۆرۈپ قالدى. غايەت زور ناتونۇش لەززەتلىك ھېس - ھاياجان جېنىنى ئالغىلى قىل قالدى. بۇرنىنى

تۇتتى. ياشلىق كۆزلىرى غۇۋا، تىنىقى ئاجىز ئىدى. خوتۇنى كەينىگە ئۆرۈلگۈچە بولغان ئارىلىقتا، سەن بىزگە، ئۇ خوتۇنىنىڭ ھەممە يېرى ئۈچۈن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كالتە ئىشتىنىغا چاپلانغان ئىككى پارچە پىلاستىرنى كۆردى. ئىككى قارا پىلاستىر بىر تۇرۇپ ساھىبجامالنىڭ بىر جۈپ جىددىي كۆزىگە، يەنە بىر تۇتۇپ يىغلاڭغۇ ئادەمنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يېنىك تىنىدى، دېدىڭ. لېكىن، خوتۇنى توساتتىن كەينىگە ئۆرۈلدى، ئۇ قورققىنىدىن يېرىم جان بولۇپ قالغىلى قىل قالدى.

خوتۇنى سۇ كۆلچىكى تەرەپتە تۇرۇپ سۇنى شارقىرىتىپ قويۇپ بەردى. ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ خىيالغا بېرىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەق - تۇرقى كېلىشكەن، بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن چاغلىرىنى ئەسلىدى. شۇ چاغلاردا قويۇق ۋە ئىتتىنىڭ تۈكىدەك يىرىك چاچلىرى قاپقارا پاخپىيىپ تۇراتتى. «پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى» دېگەن خەت بېسىلغان تەنھەرىكەت كىيىمى بىلەن «99» دېگەن نومۇر بېسىلغان ئىشتان كىيىپ، چېچىنى كالتە ياستىپ يۈرەتتى. مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىللىرىدە پاكىز قىرىلغان ئېڭىكى بۇغداي مايسىسىدەك كۆپكۆك كۆرۈنەتتى. شۇ چاغلاردا مودا بولغان: بۇغداي مايسىلىرى كۆپكۆك، چېچەكسەي ساپسېرىق...... دېگەن ناخشىنى ئېيتاتتى. تېكىستنى ئۇنتۇپ قالسا «لاي، لاي، لاي» دەپ ئېيتىۋېرەتتى. «مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە چوڭ يولنى بويلاپ يۈگۈرەيتتىم» دەپ ئويلىدى. باھار پەسلىدە رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كېتەتتى. باغچىدىكى سېرىنگۈللەرنىڭ پۇرىقى بەك ئۆتكۈر ئىدى. پۇرىقىدىن ئادەم چۈشكۈرۈۋېتەتتى. يول بويىدىكى تېرەكلەرنىڭ شاخلىرىدا سان - ساناقسىز پۆپۈكلەر تىزىق - تىزىق مارجاندەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. گۈلنىڭ رەڭگى قەھۋە رەڭگە ئوخشايتتى. يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ھاۋا ئېقىمىنىڭ

تەسرىدە شۇرلاپ توختىمايتتى. نەچچە كۈن ئۆتمەيلا توزۇپ، يوللاردىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. شامال شەھەر سىرتىدىن ئۇچۇرۇپ ئەكەلگەن سۆگەت دەرىخى توزغاقلىرى دومىلاپ، بىر - بىرىگە چاپلىشىپ كالەك بولۇپ تېرەك گۈلىگە ئارىلىشىپ كېتەتتى. «يۇمشاق ئاق تېرەك گۈللىرى بىلەن سۆگەت توزغاقلىرىنى دەسسەپ يۈگۈرسەم، نازۇك ھېسلارغا چۆمۈپ كېتەتتىم» دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچتى.

ئۇ ياخشى كۈنلىرىنى ياد ئېتىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە ھۆسىن تۈزىگۈچى يېنىڭغا ئۆسۈپ كىردى. بىلىكىدە چىرايلىق بىر تىزىق مەرۋايىت بىلەزۈك بار ئىدى. يۇمران ئىنچىكە تۈكلەرنىڭ ئۈستىدە سىيرىلىپ توختىمايتتى. سۇمۇ يۇقمايدىكەن، دېدىڭ. بىر قىسما بولۇپ كەتكەن بايان قىلغۇچىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئاندىن يەنە خوتۇنى ئۇنى:

— ھۇ ساراڭ، كۆزۈڭنى ئوغرى مۇشۈكنىڭ كۆزىدەك تارتمىغا تىكىپ تۇرىسنا، قۇلۇپنى قايرىۋېتىپ تارتمىدىن پۇلۇمنى ئوغرىلىماقچىمىدىڭ؟ خىراجەت قىلىشقا بەرگەن پۇلنى خەجلەپ بولدۇڭمۇ؟ ئىتنىڭ بالىسى، ساڭا دەپ قويااي، جەزمەن تاماكىنى تاشلا، بۇ ساڭا بېرىلگەن بۇيرۇق! ئالدىغان مائاشىڭنىڭ تايىنى يوق، تاماكا چېكىپ ساڭا نېمە كەپتۇ؟ تاماكا سىلەردەك بور ئۆۋىقى ئىچىدىغانلار ئۈچۈن تەييارلانغانمۇ؟ قارىغىنە، ئەپتىڭگە: قىزىل سىياھ، كۆك سىياھ، چىرايىڭ بەدرەڭ. شۇ چاغدا كۆزۈم كور بولۇپ قاپتىكەن مېنىڭ. تەنھەرىكەت كىيىمىڭدىكى ھېلىقى خەتلەرگە مەپتۇن بولۇپ قالغىنىمنى دېسە........ دەپ زەردە بىلەن ئۇنى تىللاپ كەتتى، دېدىڭ.

قەلبىڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇغا چۆمدى. «99 -» نومۇر! سەن ئىللىق باھار ھاۋاسىغا سىڭىپ كەتكەن تېرەك ھىدىنى تۇنجى قېتىم پۇرىغان چاغنى ئەسلىگىنىڭدە، ئۇچەيلىرىڭ بىردىنلا

غورۇلداپ لۆمشۇپ كەتتى. مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىش توساتتىن ئەكس ئەتتى. خۇددى بىر قىزنى سۆيگۈك كەلگەندەك كالپۇكۇك قىچىشتى. تىرەك دەرىخنىڭ چۇچۇك ھىدى شەك - شۇبھىسىز مۇھەببىتىڭىنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىدىغان ئامىلغا ئايلاندى...... گۈزەل تۇيغۇك ئۇزۇلدى. ئۇ بىزگە خوتۇنۇڭنىڭ ساڭا ھۆركىرىگەنلىكىنى دېدى.

— ساڭا تېگىپ مېنى تەگرى ئۇرغانىكەن! — ھۆسىن تۇزىگۇچى ياڭراق ئاۋازدا ھۆركىرەۋاتاتتى.

— ئاغزىڭنى يۇم! سەن بىزگە شۇنداق دېدىڭ، — ئۇمۇ خۇددى مەلۇم ئىناۋەتنى قوغداۋاتقاندەك ھۆكىرىدى. قەلبى بىلەن ئىچ - باغرى قوشۇلۇپ بىرلىكتە ھۆركىرەۋاتاتتى. ئاۋاز ئېغىز بوشلۇقىغا كېلىپ «ھېق» تۇتقان چاغدىكى ياڭراق ھەم لەنىتى ئاۋازغا ئۆزگىرىپ كەتتى، ئاڭلىنىپ تۇراتتى، پەرەز قىلغىلىمۇ بولاتتى.

فىزىكا مۇئەللىمى خوتۇننى:

— سىلەرگە ئوخشاش سېسىق خوتۇنلارنىڭ، — ھېق، — خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھاقارەتلىشىگە يول يوق، — ھېق، — سەن دېگەن ئۆلۈكلەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ پەردازلايدىغان ئالۋاستى، — ھېق، — سەن دېگەن تۈن كېچىدىكى ئىبلىس، — ھېق.

لى يۈچەن فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى مۇشتلاپ، ئىچ ئاغرىتقان ھالدا:

— ھېق تۇتۇشنى توختات، گەپ ئاڭلا، ھېق تۇتسا بولمايدۇ. ھېق تۇتقىنىڭنى خەق ئاڭلىسا، سېنى ئاشقازان كېسىلى بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ. شۇنداق ئويلاپ قالسا، سېنى كىم تەلىم - تەربىيە مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرىدۇ؟ — دېدى.

ئۇ تالادىن بىر سولياۋ خالتىنى ئەكىرىپ ئاغزىنى ئاچتى. سولياۋ خالتىدىن بىرخىل ئاچچىق سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى.

خالتىدىكــىسى بىــر - بىــرىگە چاپلىــشىپ قــۇرتلاپ كەتــكەن چوشقىنىڭ چوڭ ئۆچىيى ئىدى.

چوشقىنىڭ چوڭ ئۆچىيىنى مايدا قورۇپ ياكى سۇدا پىشۇرۇپ يېگەندە بولسۇن— ئۇ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى ئاجايىپ نامايان قىلىدۇ. سەن توغرىسىغا قويۇلغان قونداقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ساڭا دېگەن گېپىنى بىزگە دەپ بەردىڭ— ئۇ داچيۇ بىلەن شاۋ چيۇغا، سىلەر شورپىسىنى ئىچىسىلەر، ئۆچەيىنى ئاتاڭلار يەيدۇ. ئاتاڭلار كەم ماغدۇر، سوڭگى چىقىپ كېتىدۇ. چوڭ ئۆچەينىڭ بېشى چوشقىنىڭ مەقئىتى. ئۇنى جەزمەن ئاتاڭلار يەيدۇ. چوشقىنىڭ چوڭ ئۆچىيى مەقئەتنى كۆتۈرىدۇ. قۇۋۋەت تولۇقلايدۇ. بۇ رېتسېپنى ئۆچىنچى ھاماڭلاردىن يالۋۇرۇپ تۇرۇپ ئالدىم. دوختۇرغا قالايمىقان كۆرۈنگەننىڭ پايدىسى يوق. رېتسېپ چوڭ كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ساڭا كۆيۈنىمەن، سېنى ئوبدان كۆتىمگەن، ۋاپادار ئايالمەن. ئوبدان كۆتمىگەن بولسام، سەن، بۇ چاغقىچە، «گۈزەل دۇنيا» غا كىرىپ، ئاسماندىكى بىر پارچە قارا بۇلۇتقا ئايلىنىپ كەتكەن بولارىدىڭ...... دېدى.

—يەنە ھېچ تۈتۈپ كەتمىسۇن، بىر ئىش تاپشۇرىمەن، كاللاڭنى توغرىلا، چىقىپ چوشقىنىڭ چوڭ ئۆچىيىنى يۇ!

— مېنى چوشقىنىڭ چوڭ ئۆچىيىنى يۇيۇشقا بۇيرۇيدىغان نېمە سالاھىيىتىڭ بار؟ — دەپ غودۇڭشىدى فىزىكا مۇئەللىمى، — راۋۇرۇس بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسىنى چوشقىنىڭ چوڭ ئۆچىيىنى يۇيۇشقا سالىدىغان ئىش نەدە بار؟

— يوق يەپسەن! — دەپ يۈت ئاتتى لى يۈچەن، ئۇنىڭ پۈتى فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ كەتكىلى تاس قالدى، — يۇماي ھەددىڭمۇ؟

— يۇمىسام زادى بولمامدۇ، — ئۇ قېپىدىغاندەك شۇنداق دەپ بىر تال ئۆچەينى خۇددى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ خادىمى

شىلانكىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ تالاغا يۈگۈردى.

چوشقىنىڭ چوڭ ئۈچەيىنى يۇيۇۋېتىپ «ھېق» نى ئۇنتۇپ قالدى. چوشقىنىڭ سىلىق چوڭ ئۈچەيى تەلەڭگىدە كۆلچەكتىكى يىلانبېلىقتەك ئۈزۈپ يۈرەتتى. سەن بىزگە ئۇنىڭ بىردىنلا جۇباجىنىڭ يىلانبېلىققا ئايلىنىپ ئالۋاستى قىزلارنىڭ پۇتىنىڭ ئارىلىقىدا كەلسە - كەلمەس پىلتىڭلاپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئەسلەپ پىخىلداپ كۈلۈپ، لى يۈچەننى تېرىكتۈرۈپ قويغانلىقىنى دېدىڭ.

— ئازراق شۈلتا سال! ئەخمەق! كىتاب خالتىسى! ھاماقەت!

لى يۈچەننىڭ گېپىنى بىزگە يەتكۈزدۈڭ. ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپى ھەقىقەت، لېكىن بىرمۇ گېپىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ. سەن شۇنداق دېدىڭ. سەن بىزگە قەدىمكىلەرنىڭ «نىكاھ غايىب» دېگەن گېپىنى ئەسلىگەنلىكىڭنى دېدىڭ. ئەلۋەتتە شۇنداق. بۇ فىزىكىدىكى تېئورېمىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھەقىقەت. شۇ چاغدا ئەمدىلا قۇرت شەكىللىك چېچەكلىرىنى تاشلىغان تېرەكلەر مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىزلاردەك خۇشال تىترەيتتى. تېرەكلەردىن تارقالغان ھىد ئۆتكۈر يا ئوقىدەك يۈرىكىڭنى تېشىپ ئۆتكەن مۇھەببەتنىڭ ھىدى ئىدى.

— ئۆرۈپ يۇ! چوشقىنىڭ مايىقىنى يېمەكچىمىدىڭ! يەنە ئازراق شۈلتا سال!

سۇغا شۈلتا سىلىۋىدى، چوشقىنىڭ چوڭ ئۈچەيى تېخىمۇ يۈگۈرۈپ ئىلگىرىلەپ كەتتى!

ئالتۇن قۇياش نۇرلىرى بەختلىك كىشىلەرنىڭ چىرايىنى يورۇتتى، يول بويىدىكى چاققانغىنە ھويلىدا ئاپتاپپەرەس ئېچىلدى. بارلىق مەۋجۇدات قۇياشقا تايىنىدۇ. ۋاقىت سۇدەك ئۆتىدۇ. دېڭىزدا يۈرۈشتە رولچىغا تايىنىدۇ. بۇ ناخشىنى ھەممە ئادەم ئېيتالايدۇ. سەن گاچا ئادەملەر ئىچىدە ئېيتىدۇ، دېدىڭ.

كىچىك شەھەرنىڭ سەھىرى ئەڭ گۈزەل، تاتلىق ۋە ئاچچىق ئەسلىملەرگە باي. مايسىلار يامغۇر بىلەن شەبنەمدە ئاينىدۇ. يۇقىرى ئاۋازلىق رادىيو كانىيى، شەرق قىزاردى، كۆن چىقتى، تاڭ سەھەر شەبنەم قونغان ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ. بىر يۇگۈرۈپ بىر توختايسەن، بىر يۇگۈرۈپ بىر توختايسەن، بىر يۇگۈرۈپ بىر توختايسەن، غىلپال كۆرۈنۈپ يوقاپ كېتىدۇ، غىلپال كۆرۈنۈپ يەنە يوقاپ كېتىدۇ. خەلق باغچىسىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسى ھەربىكەت دائىرەڭ ئىچىدە چۆرگۈلەپ تۇرغان گۈگۈسۈننى ئەسلىتىدۇ. زېرىكىپ كەتكەن يولۋاس بىر قارىسا پىرقىرىۋاتقاندەك، بىر قارىسا جىم تۇرغاندەك تۈيۈلغان قەپەستە غەزەپ بىلەن نەرە تارتىدۇ. سۈت ئەكېتىۋاتقان ھارۋا غىچىرلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمدىلا ئويغانغان موزاينىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلغان يېڭى سۈتنىڭ ھىدىدىن ئەركەك موزاينىڭ ھىدى كېلىدۇ. ئۇنىڭ مەڭزىلىرى قىپقىزىل، كۆرۈنۈپ قويۇپلا غايىب بولدى.

ئەمما، يېپيېڭى بىر تەسىرات پەيداكارلىق بىلەن يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا چېكىلدى. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۈستۈنكى لېۋىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە مايسىدەك قويۇق بۇرۇتى بار، كۆرۈپ ھەيران قالدىڭ. بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان ئىككى جاغىنىڭ غايەت زور ئاۋازى بارا - بارا پەسلەپ، كۆكرەك پەردەڭ تىترەۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. لېۋىنىڭ ئۈستىدە مايسىدەك بۇرۇتى بار، مەڭزىلىرى قىپقىزىل قىزلار جاھانىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلار دەپ ھېسابلىدىڭ. يەنە كېلىپ، بوينىدا ئالما چېچەكى رەڭگىدە يېپەك شارپىسى بار «ئىللىق...... شارت، شارت، شارت......»

— سۈيىنى يۆتكە!

شارت، شارت، شارت...... يەنە شۇ ئاۋاز...... قىزىل قۇياش نۇرى كۆزۈمگە چېچىلدى...... ئەمدى چۈشەندىم، ياق، لېۋىنىڭ ئۈستىدە مايسىدەك بۇرۇتى بار قىزلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ

ئـــاق كۆڭـــۈل ئەمەســـلىكنى تـــوي قىلىـــشنىڭ ئالدىـــدىلا چۈشەنگەنىدىم...... بىرەر ھىدنى پۇراپ يوگۇرگەن كۈچۈكتەك ئۇنى كەينىدىن ۋىلىسىپىتلىك ئۇچقاندەك قوغلىدىڭ. «تاراق - تاراق» ...... جىنيۇ كوچىسى......

— چيەن، چيەن، — بىلگەندەك قىيىنئاتاڭ چاقىردى.

— داچيۇ، قاراپ باقە، موماڭغا نېمە لازىمكىن؟

تاق، تاق، تاق، جىنيۇ كوچىسى ھويلىنىڭ ئىشىكىگە سىرىق ھەل بېرىلگەن يۇملاق ئىككى قەلەي ئورنىتىلغانىدى. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يۇملاق ئىككى قەلەي قىزلارنىڭ بىر جۈپ كۆكسىگە ئوخشايتتى...... ئانام سېنى بارسۇن دېگەن تۇرسا، نېمىشقا مەن بارغۇدەكمەن...... بىللە بارايلى. قىپقىزىل قول ، قولدا قىپقىزىل يوغان قىڭراق، قىپقىزىل مۇچ چاناۋاتاتتى. تاق، تاق، تاق! مۇچىنىڭ ئەسەبىي پۇرىقى مۇھەببەتتەك ھەريان ئۇچاتتى. موماي ئۇ چاغدا ياش ئىدى...... مۇھەببەت ياش چىقىرىۋەتكەن كۆزلىرىڭنى ئۇۋۇلىماقچى بولدۇڭ. يۈزۈڭگە سىبىق چوشىقا مىيىنى سۈركىدىڭ...... تاق، تاق، تاق، غىچ، غىچ. جىنيۇ كوچىسى ھويلا ، دەرۋازىسى ئىچىگە ئېچىلاتتى. موماي ئۇ چاغدا تېخى ياش ئىدى. قەددى - قامىتى ئىلىپتەك تۈز ئىدى. چېچىنى ئالدىغا پۆپۈك قىلىپ چىقىرىپ پارقىتىۋالاتتى. كونا ھېكايىلەردە تەسۋىرلەنگەن پاھىشىخانا غوجايىنلىرىدەك چېكىسىگە بىر تال قىزىلگۈل قىستۇرۇۋالاتتى. ئۇنى 20 يىلدىن بېرى پالەچ بولۇپ يېتىپ قالدۇ دەپ كىم ئويلىغان؟...... موما، مەن ئۇسسۇزلۇق سوراپ كىردىم...... يۈيچيەن ماۋۇ يولداشقا مۇزدەك چاي بەر...... سىز 8- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمۇ؟ 26 ياشقا كىردىڭىز؟ توي قىلمىدىڭىزمۇ؟ تاق، تاق، تاق، مۇچ چاناۋاتاتتى.

— ئانا، مومام كارىۋاتقا سىيىۋېتىپتۇ! — دەپ داچيۇ بىلەن شاۋچيۇ قىيقاس كۆتۈردى. سىلەرگە دەپ قوياي، شۇنىڭدىن

كېيىن بىر مەزگىلگىچىلىك مۇچ چاناۋاتقان چاغدا چىققان ئاۋاز ئازلاپ كەتكەنلىكتىن، 8- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا مۇئەللىمى ئۈچۈن ئۆتۈپ كەتكەن مۇھەببەت ئەسلىمىلىرى ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلاندى. چوشقىنىڭ سىلىق چوڭ ئۈچيى لۆكچەك مىجەززەك ئىدى. مۇزدەك چاينى قولىغا ئالدى. ياق، قىزىق چاي، ھور ئۆرلەپ تۇراتتى. ئۇ چاينى قوش قوللاپ تۇتقاندا، قولۇڭ توختىماي تىترەپ كەتتى. كىچىك تەرەت قىستاپ كېتىۋاتقاندەك بىر پۈتۈڭنى كۆتۈردۈڭ. قىزىق چاي قولۇڭغا تۆكۈلۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ مايسىدەك بۇرۇتىغا قاراپ قالغانىدىڭ. ئۇ «ۋايجان» دېۋەتتى. مۇزدەك مۇھەببەت ۋۇجۇدۇڭغا يامراپ، ئىشتانغا سىيىۋەتكىلى قىل قالغانلىقىنى ھېس قىلدىڭ...... شاۋجاڭ، چىرايىڭىز بۆلەكچىلىغۇ، ئۆيگە كىرىپ يېتىڭ...... ئۇنىڭ ياستۇقى يوغان ھەم پاخپىيىپ كەتكەن. ياستۇقتىن غەلىتە پۇراق كېلەتتى...... كېيىن يەكشەنبە بولدى. موماي ساڭا ئۈچ خىل تەملىك قىيما تەييارلاپ تۈگۈر تۈگۈپ بەردى. سامساق ئۇششاق چانالغان، ئۈستىگە ئازراق جياڭيۇ، ئازراق ئاچچىقسۇ قۇيۇلغان، ئازراق كۈنجۈت مېيى چاچرىتىۋېتىلگەن...... قايسى ئىدارىدە ئىشلەيسىز؟ «گۈزەل دۇنيا» ئىدارىسىدە، ئۇ كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى. لېۋىنىڭ ئۈستىدىكى بۇرۇت يېڭى چىققان بامبۇك يوپۇرمىقىدەك مايلىق ئىدى...... ئۇ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، ئانام ھامامنىڭكىگە كەتتى. بۇنىڭ بىر قىلتاق ئىكەنلىكىنى ئەجەب بىلمەپتىمەنا؟ دېدى. قىپقىزىل ئىتتىپاق ئىزنىكى چاقماق گۈللۈك كۆڭلەكنىڭ كۆكسىنىڭ توپچىسى توغرا كەلگەن كاتەككە قادالغان...... مايسىدەك بۇرۇتنىڭ تەمىنى تېتىپ باقايمىكىن...... ياق، بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاغزىدا ياق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە......

«گۈزەل دۇنيا» قانداق ئىدارە؟...... ھە! ئوتتەك قىزىق بىر

نەرسە يۈرىكىڭنى كۆيدۈردى...... قوللىرىڭنى سىلىغان قوللار ئۆلۈكلەرنى سىلىغان قوللار ئىكەن...... بىز خىزمەت ۋاقتىدا پەلەي كىيىۋالىمىز. قىزىمنى تاشلىۋەتمەكچىمۇ سەن؟ 8- ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىمەن...... تىرىك ئەسىرگە چۈشكەن قورچاق ئەسكەردەك شۈمشىيىپ كەتتىڭ... باسما مېيى پۇراپ تۇرغان گېزىتكە، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بىر ئوقۇغۇچى بىلەن دەپنە ئىدارىسىدىكى بىر قىز بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ توي قىلدى، دەپ خەۋەر بېرىلدى. يېڭى ئادەم، يېڭى ئىش، يېڭى جەمئىيەت...... مايسىدەك بۇرۇتۇڭنى بىرنى قويماي يۇلۇۋەتسەم! هەددىڭ ئەمەس! دىۋانە بولۇپ كەتسەممۇ مەيلى! بۇرۇتۇمنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلساڭ ئورنىغا بىر بايراق تىكلەتكۈزىمەن! خاتىرە مۇنارى تۇرغۇزىمەن!

چوشقىنىڭ مايدا قورۇلغان، سۇدا پىشۇرۇلغان چوڭ ئۈچىيىنى يەيدىغان چاغدا، فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىغا نارازىلىق بىلدۈردى.

— ئانا، سەن بەك ئالا كۆڭۈل ئىكەنسەن، نېمىدەپ ئاتام ئۈچەي يەپ، بىز شورپا ئىچكۈدەكمىز؟

— ئاتاڭنىڭ سوڭى چىڭىپ كېتىدۇ.

— مېنىڭمۇ سوڭۇم چىقىپ كېتىدىغۇ.

— مېنىڭ تېخىمۇ شۇنداق.

— بەچچىغەرلەر، سوڭ چىقىپ كېتىشمۇ ئاتىدىن بالىغا قالغان قالامدۇ؟

## 7

كېچە ئون بىرىم بولدى، ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان شەھەر تىنچلىنىشقا باشلىدى. يىراقتا، قورۇلۇش مەيدانىدىكى

ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلانغىلى تۇردى. سەن بىرگە داچيۇ بىلەن شاۋچيۇنىڭ ئۆز ئۆڭكۈرىدە خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى دېدىڭ. فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۇستەلگە مەيدىسىنى يېقىپ مانېۋىر ئىمتىھان قەغەزلىرىنى ئالدىراش كۆرۈۋاتاتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنۋان باھالاشتىن قېپ قالسىمۇ تىرىشىپ ئىشلىمىسە بولمايتتى. ئۇ بويىنىنىڭ قىچىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ھۆسن تۈزگۈچىنىڭ باغرىدىقىنى يېشىۋەتكەنلىكىنى كۆردى، دېدىڭ. سەن بىرگە خاتىرجەم ھالدا، ھۆسن تۈزگۈچى ئەمچىكىنىڭ دىڭگىيىپ كەتكەن توپچىسىنى ئۇستەلدە ئېگىشىپ ئىشلەۋاتقان فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ بوينىغا سۈركىدى، دېدىڭ. مىسلىسىز مۇلايىملىقتىن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتتى. چوشقىنىڭ پىششىق چاينالمىغان چوڭ ئۈچەيى ئاشقازىنىدا ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتاتتى. سەن: ھۆسن تۈزگۈچىنىڭ قىپقىزىل ئەمچىكى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دەپ تەكىتلىدىڭ. ئەمچەكنىڭ گېپى چىقىۋىدى، غۇۋا قەپەستە كۆزلىرىڭدىن تارالغان ئىككى يېشىل ئوت توچكىسىنى ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن بىر جۈپ يالتىراق قوڭغۇزغا ئوخشاش پىلدىرلاۋاتقانلىقىنى، گېپىسنىڭ كۆزدىن ياش چىقىرىۋېتىدىغان يېڭى پۇرىقىنىڭ ئۆڭكۈردەك ئاغزىڭدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق. ئىشچىلار قولى بىلەن گېپىستىن بور ياسايدۇ، سەن ئاشقازىنىڭ بىلەن بوردىن گېپىس ياسايسەن.

سەن:

ياشىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ قويۇق ئۆسۈپ كېتىۋاتقان ئاشۇ مايسىدەك بۇرۇتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھوشيارلىقى قوزغالدى، ئاغزىڭدىن گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان چوشقىنىڭ چوڭ ئۈچەيىنىڭ پۇرىقى خوتۇنىنىڭ ياخشىلىقىنى ئەسلىتىپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا:

— ئۆزۈڭنى سەل بېسىۋال، سەتلەشمە، — دېدى.

ھۆسن تۈزىگۈچى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

— ساڭا نېمىدەپ تەگكەندىمەن؟ مەندىمۇ جىنسىي تەلەپ بار!...... — دېدى غەزەپ بىلەن.

فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ بېشىدا ناھايىتى كۈچلۈك ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. ئۇنى مۇشۇنداق خاتا تۇيغۇدا بولدى دەپ ئويلايسەن، خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى ئەتمەكچى بولۇپ قولىنى كۆتۈردى، خوتۇنى قولىنىڭ بېغىشىنى چىشلىدى.

كېيىن ئۇلار كارىۋاتقا چىقتى، ئۇ خوتۇنىنىڭ لېۋىگە ناھايىتى تەستە سۆيدى. دەپنە ئىدارىسىگە خاس ئالاھىدە پۇراق ئېڭىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە سىڭىپ كەتتى. سېزىمىنىڭ زىيادە سەزگۈرلۈكىنى ئۆزى بىلەتتى. ھۆسن تۈزىگۈچى ئالىي دەرىجىلىك سوپۇن بىلەن بېلىنىڭ يۇقىرىسى ۋە تۆۋىنىنى ئالا قويماي يۇياتتى، ھەتتا بىر تال تۈكىنىمۇ چالا قويمايتتى. بىراق، يېزىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز ئاشۇ ئۆتكۈر پۇراق يەنىلا بۇرنىغا ئۇرۇلاتتى. ھەر قېتىم شۇ چاغدا ئۇ كارغا كەلمەس بولۇپ قالاتتى. ئۇ ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ كۆزىدىكى ياشنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى. ئۇستەل چىرىغىنىڭ غۇۋا يورۇقى ئوتتۇرا ياشقا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، يارىلىشىدىنلا يۇمشاق ھەم سېرىق تۈكلۈك يارالغان، ھېلىھەم پارقىراپ تۇرغان يالتىراق بەدىنىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ھەسرەت بىلەن:

— ئانىسى، مېنىڭمۇ بىرگە بولغۇم كېلىدۇ، ئەمما بەدىنىڭدىكى پۇراق مېنى نابۇت قىلىۋەتتى، — دېدى.

— بەدىنىمدە پۇراق يوق ...... يوق...... قەدىرلىكىم...... بىلىمەن......سېنى خىزمەت كاردىن چىقىرىۋەتتى...... قۇۋۋەت يېتىشمەيدۇ...... ناۋادا بەدىنىمدە پۇراق بولسا نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىمۇ بارمىدى؟ ئىنقىلابىي خىزمەتكە تەسىر يېتىدۇ دەپ شۇنداق قىلىۋاتسەن، شۇنداقمۇ؟

— سەن بىزنى كۆرسۇن دەۋاتسەن.

تولغان ئەمچىكى ئۇنىڭ قۇۋرۇقلىرىغا گاز بولقىدەك ئۇرۇلدى. يۈرىكىنىڭ مۇسكۇللىرىمۇ تىترەپ كەتتى. كېيىن ئۇ خوتۇنىنىڭ ئەمچەك توپچىسىنىڭ تاماكىنىڭ چوغىدەك تېرىسىنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، ئېگىلىپ ئولتۇرۇۋالماقچى بولدى. لى يۈچەن مەيدىسىنى نىقتاپ ئۇنى يەنە بېسىۋالدى. بامبۇك شاللىرى جۈپلەپ ياسالغان كارىۋات ئىككىسىنىڭ ئاستىدا غىچىرلايتتى. سەن ئۇنىڭ لى يۈچەننىڭ زورلۇق قىلىشىغا چىداپ يېتىپ تۇيۇقسىزلا ئۆڭكۈردىن چىقىپ تۇرغان يۇمىلاق ئىككى باشنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى دېدىڭ. ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ ھۆزۈرلىنىۋاتقان لى يۈچەننى ئۈستىدىن ئىرغىتىپ يەرگە تاشلىۋەتتى. ئۇ ئىزاغا چىدىماي چىچاڭشىپ ئۆملەپ يۈرۈپ قولىغا بىر سۈپۈرگىنى ئېلىپ فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ بېشىغا توغرىلاپ ئېگىز كۆتۈردى. بىراق، نېمىشقىدۇر قولى بوشلۇقتا توختاپ قالدى. ئۆڭكۈردىن چىقىپ تۇرغان ئىككى باشنى ئۇمۇ كۆرۈپ قالغانىدى. ئىككىسى بىر- بىرىگە قاراپ قويۇپ تەڭلا:

— بۇ ئىككىسى نېمىدېگەن كۈلكىلىك، — دېدى.

ئۇ قولىدىكى سۈپۈرگىنى ئىككىسىگە قارىتىپ ئاتتى، ئىككى باش چاقماق تېزلىكىدە غايىب بولدى.

ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدەك، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيۋاتقانىدەك ھاسىراپ تۇرۇپ چوڭ -چوڭ نەپەس ئالاتتى. بىركەمدە ئۆزىنى فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ئۈستىگە يولۋاستەك ئاتتى.

— ئانىسى، ماڭا رەھىم قىل!

ئايال كىشىنىڭ يۇمشاق بەدىنى ئۈستىدە ئېرى ھەرقانچە ئاچچىقى كەلسىمۇ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ كۆنۈپ كەتكەنىدى. خۇشال بولمايدىغانلىقى ئېنىق، شۇنداقتىمۇ چىرايلىق گەپ قىلىپ يالۋۇراتتى.

لى يۇچەن ئۇلتۇردى. تۇمشۇقىنى ئۇچلىغان پىتى بىر قولى بىلەن جاڭ چىچيۇنىڭ ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان بەدىنىنى سىلاپ قاتتىق ئىچىندى.

— فاڭ مۇئەللىممۇ ساڭا ئوخشاش ئورۇق ئىكەن، — دېدى ئۇ.

— سەن قانداق بىلىسەن؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتى فىزىكا مۇئەللىمى.

— ئۇ مېنىڭ ھۆسن تۈزەش كارىۋىتىمدا. ئۇ ئىچىنغان ھالدا:

— بىر ياخشى ئادەم ئۆلۈپ كەتتى، دېدى...... — دېدىڭ سەن.

ناھايىتى يىراق بىر يېزىدا بىر خوراز بىمەزگىل چاغدا چىللاپ كەتتى.

— ۋالاقتەگكۈر بۇ خورازمۇ ساراڭ بوپتۇ! — دېدى ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ بىلگىلى بولمايدىغان بىر تەلەپپۇزدا.

ناھايىتى راۋان نەپەس ئېلىۋاتقان جاڭ چىچيۇ خوتۇنىنىڭ قورسىقىغا ئۇرۇپ قويۇپ:

— سەن ئۇخلا، مەن ئىمتىھان قەغەزلىرىنى كۆرۈۋېتەي، — دېدى.

خوراز يەنە بىر قېتىم چىللىدى. كېچىمۇ بىر يەرگە بارغاندى. ياندىكى ئۆيدىن فاڭ مۇئەللىمدىن تۇل قالغان خوتۇنىنىڭ يىغلاۋاتقان پەس ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

لى يۇچەن كارىۋاتنىڭ قىرىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. پۇتىنىڭ ئۇچى يەرگە تېگەي دەپ قالغاندى.

ئۇ ئەسنىگەن ھالدا قورقۇمسىراپ تۇرۇپ خوتۇنىنىڭ دولىسىغا ئالقىنى بىلەن يەڭگىل ئۇرۇپ:

— ئۇخلا، ئانىسى، — دېدى.

— ئۇيقۇ كەلسە ئۇخلىمامدۇ، — دەپ ھۆركىرەپ، ئاندىن

جىمىپ قالدى لى يۈچەن.

خوتۇنى قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەندە ئاغزىدىن كالا-قويلارنىڭ ئاغزىدىن كېلىدىغان كۆك چۆپنىڭ ئىسسىق پۇرىقى كېلەتتى. دەپنە ئىدارىسىگە خاس ئالاھىدە پۇراقمۇ شۇ پۇراققا ئارىلىشىپ كەتكەن بولاتتى. بۇ ھەم مۇتلەق چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان، ھەم چىداپ تۇرسىمۇ بولۇۋېرىدىغان پۇراق ئىدى. شۇ ئارىلىقتا خوتۇنىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھور فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىقىپ كەتكەن يۈزىگە ئۇرۇلدى.

— چۈش كۆردۈم..... فاڭ مۇئەللىمنى چۈشىدىم، — دېدى خوتۇنى. لېۋىدە يېپىشقاق شۆلگەي يىپتەك ساڭگىلاپ تۇراتتى، لېۋىنىڭ ئۈستىدىكى مايسىدەك بۇرۇتى تولىمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مېنىڭ ھۆسن تۈزەش كارىۋىتىمدىن تۇرۇپ كېتىپتۇدەك، قىپيالىڭاچ، تۈك تاشلىغان خورازغا ئوخشاشمىش...... ماڭا جاڭ يەڭگە، مېنىڭ ئۆلگۈم يوق، خوتۇن-باللىرىمنى سېغىنىپ كەتتىم...... يۈرىكىم ھېلىمۇ سوقۇپ تۇرۇۋاتىدۇ دەۋاتقۇدەك......

لى يۈچەن سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ كەتتى، يىغىسى ناھايىتى ئازابلىق ئىدى.

جاڭ چىچيۈننىڭ سەل كۈنداشلىقى تۇتتى. ئۇ:

— ئېرىڭ ئۆلمىسە، سەن نېمە يىغلايسەن؟ — دېدى.

— مېنىڭ ئېرىم ئۆلسە، مەن يىغلىمايمەن، — دېدى لى يۈچەن كۆزىنى چەكچەيتىپ، — بىر تامچە ياشمۇ تۆكمەيمەن.

— نېمىشقا بىر تامچىمۇ ياش تۆكمەيسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

— نېمىشقا بىر تامچىمۇ ياش تۆكمەيسەن دەمسەن؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى ئۇ ئېرىدىن. ئارىنى جىمجىتلىق باستى.

زۇمرەتتەك يېشىل ھەم سۈزۈك بىر تال كىچىك قۇرت ھېچقانداق ئېغىرلىقى يوقتەك ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇپ ئۇلارنىڭ ئوي - پىكرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ، بىر - بىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتىپ، فىزىكا مۇئەللىمى ۋە خوتۇنى ئىككىسىنى سەن بىلەن، سېنى بىز بىلەن باغلاپ قويدى. ئېرى تەرەپتىن جىسمانىي ئىستىكى تولۇق قاندۇرۇلمىغان ئايال سەۋدايى بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ھەيران قالارلىق بايقاشتىن فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ يۈرىكى مىس قوڭغۇراقتەك غايەت زور سادا ھاسىل قىلىپ ۋىڭىلداپ كەتتى. ئۇ سىلەر ئۈچۈن بۇ قانداقتۇر «ھەيران قالارلىق بايقاش» ئەمەس. سىلەر ياشلار مۇھەببەت ئۈچۈن تۇغۇلغان. جىنسىيەت ئۈچۈن ئۆلىسىلەر، دېدى.

بۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى. سەن چىرايىڭنى خاتىرجەم تۇتۇپ سۆزلەۋاتىسەن، ئەمما ئون بارمىقىڭ بىلەن توغرىسىغا قويۇلغان قونداقنى چىڭ تۇتۇۋالدىڭ. بارماقلىرىڭ مۈشۈكياپلاقنىڭ بارماقلىرىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. فاك فۇگۇي مۇنبەردە ئۆلۈپ كەتكەن شۇ دەقىقىدىن تارتىپ، مەندە بور يەيدىغان كۈچلۈك ئىشتىياق پەيدا بولدى. بورنىڭ پۇرىقى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئەس - ھوشۇمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ھەممە ئادەم مېنى ئالجىپ قاپتۇ دېيىشتى. نېمە دېسە دەۋەرسۇن، بور يېگۈم كېلىپلا تۇرىدۇ. مەن پەقەت بورلا يەيمەن. چاناقلىرىڭدا لىق ياش، بىزگە ھېس - تۇيغۇڭنى سۆزلەپ بېرىۋاتىسەن. سەن ھەتتا ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنتۇلغان بورغا بولغان مۇھەببىتىمىزنى ئويغاتتىڭ: چىرايلىق بىر تۇتام بورنى كۆتۈرگەن چېغىمىزدا، زور مىقداردا شۆلگەي ئاجرىلىپ ئاشقازىنىمىز غولدۇرلاپ كەتتى. ئەمدىكى مەسىلە: بۇ بورنى يەمسەن ياكى قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزىمىز يەمدۇق؟

# ئىككىنچى باب

## 1

تاڭ سەھەر ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تاڭ تېخى سۈزۈلمىگەنىدى: تاڭ ئالدىدا جاھان ئەڭ قاراڭغۇ بولۇپ كېتىدۇ. بۇ قورقۇنچلۇق ھەقىقەت. يىراقتىكى خوراز يەنە چىللىدى. ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز ياڭراق ھەم رىتىملىق، سائەتنىڭ ماياتنىكىدەك توغرا ئىدى.

لى يۈچەن سەل قورقۇپ قالدى، قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما، قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورق. سەن: لى يۈچەن خىجىل بولغان ھالدا تۈنۈگۈن چۈشتە، دەپنە ئىدارىسىنىڭ ھۆسن تۈزەش بۆلۈمىدە يۈز بەرگەن ئىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى ياش فىزىكا مۇئەللىمى جاڭ چىچيۈنىڭ، ئىشىككە ئورنىتىلغان ئەمچەك شەكىللىك يۇملاق قەلەينى تاقىلداتقان مەنزىرىنى ئەسلىدى، دېدىڭ.

مېنىڭچە، ئالدى بىلەن فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ئىشىكنى تاقىلداۋاتقانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىگىنىڭ مۇۋاپىق، دېدىم. سەن، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مۇتەپەككۇرنىڭ كەيپىياتى ئۆزگىرىدۇ، رەڭ توختىماي ئۆزگىرىش ياساپ نىشانىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ، دېدىڭ.

لى يۈچەننىڭ ئانىسى — ئۇنىڭ كارىۋاتتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىغا، تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي — ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پۈتۈن شەھەردە مومدىن پۈتكەن مەشھۇر ساھىبجامال ئىدى. مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ شۇ تاپتا كاسىسىغا يوغان ئىككى كۆرپە يارىسى چىقىپ قالغان، يارىدىن قان ئېقىپ، سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. كۆكۈچ پىتلار يۆگۈگىنىڭ تاغنى يۆتكەيدىغان روھى بىلەن ئۇنىڭ تېنىنى غاجايتتى. دىققەت قىل: ئاياللارنىڭ بىر خىلى ئوتتۇرا ياش مەزگىلىگە بارغاندا، ياش ۋاقتىدىكىدىن بەكرەك جەلپكار بولۇپ كېتىدۇ، خۇددى ئېسىل چايدەك. دەسلەپ ئىچكەندە تەمى ئاچچىق ھەم قىرتاق. ئىچكەن ئادەمنىڭ تىلى ۋە ئېغىز بوشلۇقىنى نەس باسىدۇ، ئاخىرىغىچە ئىچكەندە، ئاندىن ئۇنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى بىلەن شېرىن تەمىنى تېتىغىلى بولىدۇ. مومدىن ياسالغان بۇ ساھىبجامال مۇشۇنداق بىر ئايال ئىدى. ئۇ بىر بولاق مۇتلەق ئېسىل ھەم يېڭى چاي ئىدى. ئۇنىڭ چېپىنىڭ باش بۇرنىنى تارتىنچاق بىر ياش ئىچتى، ئاچچىق ھەم قىرتاق چاي ئۇ ياشنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. دىققەت قىلىڭ: ئەرلەرنىڭ بىر خىلى مەخسۇس ھوسۇل يىغىدۇ. بەدەل تۆلەپ بوز يەر ئاچمايدۇ، شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ بىر بۆلۈم باشلىقى ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ فامىلىسى ۋاڭ، بەدەن ۋە يۈزىنىڭ شەكلى چاسا، شەندۇڭلىقمىش. يۇرتى لياڭشەنلىك ئەزىمەت قارا قۇيۇن لى كۈينىڭ يۇرتىغا يىراق ئەمەسمىش. بىر جۈپ قولى ناھايىتى يوغان لى يۈچەن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ھەمىشە بىر جۈپ ئاي پالتا سۈرىتىدە خىيالىغا ئەكېلىدۇ. ۋاڭ بۆلۈم باشلىقى ئاي پالتىسى بىلەن مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ ياغدەك كۆكسىنى چاپقان چاغدىكى مەنزىرىنى لى يۈچەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ياز كۈنلىرىنىڭ بىر چۈش ۋاقتى، تومۇزغا ھايۋانات باغچىسىدىكى

چىنار دەرىخىنىڭ شېخىدا چىرىلداۋاتاتتى. ۋاڭ بۆلۈم باشلىقى ئىككى قولى بىلەن ئەمچەكنى باستى: سەن ماڭا، قىزغۇچ ئەمچەك توپچىسى ئوتتۇرا بارماق بىلەن نامسىز بارماق ئارىلىقىدىن ھاياجان بىلەن كۆتۈرۈلۈپ مەلۇم كىچىك ھايۋاننىڭ ئىنچىكە تۇمشۇقىغا ئوخشاش تىترىدى، دېدىڭ.

دەل شۇ دەقىقىدە، مەندە ئاشۇ ئەمچەك توپچىسىنى شوراشتەك كۈچلۈك ئارزۇ قوزغالدى. ئۇ ئويلاپ مەپتۇن بولاتتى. ئۇ بىرگە دېدى— ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز ئۇزاققىچە ياڭرىدى. سائەت مايانىكىدەك توغرا ئىدى. تاڭ ئالدىدىكى زۇلمەت دۇنيانى ئېغىر بېسىپ ياتاتتى. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭلى يوپيورۇق ئىدى. ئۇ يەنىلا قاقتى - سوقتى قىلىپ بىزدىن بور ئالاتتى. ئۇنىڭ ئاشقازىنى كۆيۈپ گويا مەڭگۈ تولدۇرۇپ بولغۇسىز كۆپ قىرلىق ھەم كۆپ بۇلۇڭلۇق غەلىتە ھالەتكە كىرىپ قالغانىدى. زىراپە ۋە ياۋا كالا بور بۇلاۋاتقان بىر توپ ئادەمگە قاراپ كۆزلىرىنى چەكچەيتتى— گالستۇك تاقىغان لى يۈچەن دۈپدۈگىلەك سېمىز قىزچاق ئىدى. ئاغزى قۇرۇپ كەتكەن. ئاغزى قۇرۇپ كەتكەچكە ئەمچەكنىڭ توپچىسىنى ئېمىشنى خىيال قىلامدۇ ياكى ئەمچەك توپچىسىنى ئېمىشنى خىيال قىلغاچقا ئاغزى قۇرۇپ كېتەمدۇ؟ ئۇ ھاڭۋىقىپ قالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھاڭۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى، كاللىسىدىكى تەرتىپنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. چىلاندەك ئىككى تال ئەمچەك توپچىسى مېڭىسىنىڭ قاردەك ئاپئاق قېتىقىغا سانجىقلىق ئىدى. ئۇ ھاڭۋاقتىدەك ھويلىدىكى ئىدىشقا قارىدى. سۇدا قىزچاقلارغا خاس قىپقىزىل بىر چىراي كۆرۈندى. ئۇ كۆشەۋاتقان تۆگىدەك ئاغزىنى مايماق قىلدى. سۇغا يەنە ئانارگۈلنىڭ ئەكسى چۈشتى. يەتتە - سەككىز تال غۇنچە ئېچىلىش ئالدىدا تۇراتتى. چېچىلىپ يوغان ئېچىلغان يەتتە - سەككىز غۇنچىدىن ئوتنىڭ تەپتى كېلەتتى.

پۇرىقى شارابتەك ئۆتكۈر ئىدى. ئانىنىڭ داۋاملىق مۇنۇ خەلق قوشىقىنى ئېيتىشى بىكار ئەمەسكەن - دە:

ئانار گۈللەپ كەتتى ئوتقاشتەك،
سۆيدۇم سېنى سەنمۇ سۆي مېنى.
تومۇچۇقلار تولا شەھەردە.
نېمە قىلىسەن مېنىڭدەك ماك - ماك قېرىنى.
لاي، لاي، لاي ئاكىجان.

ۋاڭ بۆلۈم باشلىقى تېخى غېجەك چېلىشنى بىلەتتى. ئۇ غېجەكنى چېلىپ، كىنودا بېيىت ئېيتىۋاتقاندەك مۇنۇ بېيىتنى ئېيتاتتى.

ئېچىلىپ كەتتى ئانار گۈللىرى،
پەقەت بىرسىلا ھەممىدىن قىزىل.
تومۇچۇقلار خام، جېدىلى تولا،
قېرى بولساڭمۇ، يەنە سەن ئېسىل.
جېنىم خان ئاچا، دېگىنە قېنى،
سېنىڭدىن بۆلەك كىم كېرەك ماڭا.

ئۇ سەكرەپ تۇرۇپ بىرگە جاكارلىدى. مەن لۈكچەكلەرنىڭ قوشاقلىرىنى ماقالىگە كىرگۈزۈشتىن ئەزەلدىن بىزار ئىدىم. شۇنداقتىمۇ مەيلى «ئانار گۈللەپ كەتتى ئوتقاشتەك» ياكى «ئېچىلىپ كەتتى ئانار گۈللىرى» بولسۇن، لۈكچەكلەرنىڭ قوشاقلىرى ئەمەس بولۇشى مۇمكىن. مەن سىلەرگە ئۈچىنچى قېتىم تەنتەنىلىك بايانات ئېلان قىلىمەن. مەن 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئەمەس، نەۋرەم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى! ئۇ ۋاقىتتا قىزىل ئىككى ئەمچەك توپچىسىدىن

قالسلا، بۇ قوشاقلار لى يۇچەنگە تەسىر قىلغان. ياق، لى يۇچەن ماڭا: قىزىل ئەمچەك توپچىسى، قىزىل ئانار گۈلى، ئانام بىلەن ۋاڭ بۆلۇم باشلىقى قۇچاقلىشىپ تۇرغان چاغدا چىققان ئاۋاز ۋە يۇراق قاتارلىقلار لۈكچەكلەرنىڭ قوشاقلىرى تەركىبىگە كىرمەيدىغان «ئېچىلىپ كەتتى ئانار گۈللىرى» دېگەن قوشاقنىڭ مېلودىيەسى بىلەن بىرىكىپ، جانلىق ۋە تەسىرلىك بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتتى دېگەن. بۇ ھەقىقەتەن سەنئەت!

ئۇ چاغ سىياسەت ئاقىلانە، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مال باھاسى مۇقىم، بازار گۈللەنگەن چاغلار ئىدى. دېڭىز ساھىلىدىن يىراق مۇشۇ كىچىك شەھەردە ھەرقانداق ۋاقىتتا يېرىم جىڭ يوغان بىر جۇپ راك، بىر تېلى يېرىم جىڭ كېلىدىغان قىسقۇچپاقىنى ئالغىلى بولاتتى. بىر ئىلىك قېلىنلىقتا گۆشى بار يېڭى تاسما بېلىقنىڭ بىر جىڭى ئاران ئۈچ مو ئىدى. بازارغا تونا دەرىخىنىڭ ئۇندۇرمىسى چىققان پەسىلدە، شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بېلىق بازىرى كۆمۈش رەڭگە كىرەتتى، كۈن نۇرىدا كۆزلەر قامىشىپ، تاسما بېلىقلار يالتىراپ كېتەتتى. بېلىق بازىرى يېپىلغاندىن كېيىن بېلىق قاسىراقلىرىغا تولغان كوچا كەچكى شەپەق نۇرىدا پارقىراپ، تولۇنئاينىڭ ئاقۇچ نۇرىدا جىمىرلاپ تۇراتتى. ناۋادا كەچتە يامغۇر يېغىپ كەتسە، يامغۇردىن كېيىن ئاي غۇۋالىشىپ، نېپىز تۇماندا يىراقتىكى دەريانىڭ ئەگمە تاش كۆۋرۈكى ئاق ئەجدىھادەك كۆرۈنەتتى. نەمخۇش ھاۋادىن ئەتراپقا يېڭى بېلىقنىڭ ھىدى تارقىلاتتى. قىزچاق بېلىق بازىرىدىن كېلىپ ئىدىشنىڭ گىرۋىكىگە چاپلاشتى. ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئانارگۈلنىڭ نۇرى چۈشكەن ئىدىشقا سىنچىلاپ قارىدى. ئىدىشتا پەقەت ئىككى تاللا دەريا قىسقۇچپاقىسى بېقىلىۋاتقانىدى. دېڭىز مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا دەريا قىسقۇچپاقىسى تۆكمە ئىدى. دەريا قىسقۇچپاقىسى ئەتىۋار بولۇپ كەتكەچكە، مومدىن پۈتكەن

ساھىبجامال ئىدىشتا بىقىپ تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئىككى تاللا دەريا قىسقۇچپاقىسىنى سېتىۋالغانىدى.

دەريا قىسقۇچپاقىلىرىنىڭ ئامبۇردەك پۇتلىرىدىكى يۇمران تۈكلەر يېشىل ئىدى...... ئۇزۇن ۋە يوغان ئىككى كۆزى تۇرۇپلا تىكلىشىپ، تۇرۇپلا پەسلەپ كېتەتتى...... كۆكۈچ قىسقۇچپاقىلار ئانارگۈل ۋە ئانارگۈل ھەققىدىكى قوشاقنىڭ تەسىرىدە كىچىك شەھەردىكى قايسىدۇر بىر ھۈنەر - سەنئەت زاۋۇتىدا ياسالغان ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشاپ قالغانىدى...... ئۇ كارىۋاتنىڭ قىرىدا پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ يېتىلگەن پاقالچاقلىرىدىكى يالتىراپ تۇرغان سېرىق تۈكلەرنى خۇددى زېرىكىپ كەتكەن كىچىك بالىدەك پەرۋاسىزلىق بىلەن ئويناپ ئولتۇراتتى. يېتىلگەن ئاياللارنىڭ ئاشكارا ھالدا ئىپادىلىگەن بالىلارچە قىزىقىشى ئومۇمەن بالىلارچە قىلىق دەپ قارىلىدۇ، گويا ئۇدۇمىغا قايتىپ ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغاندەك— ئۇ شۇنداق ئىش راستتىنلا بولغاندەك سۆزلەپ كەتتى، — مەن جۇڭگونىڭ مەلۇم ئۆلكىسىدىكى يېزىلىق بىر ئايال تۈكلۈك بىر بالىنى تۇغۇپ باققانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت يۇقىرى ئەھمىيەت بەرگەن بىر ئىش توغرۇلۇق 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن مۇنازىرىلەشكەنىدىم. مېنىڭ ئاقساقال ئاز ئۇچرايدىغان شەيئىلەر ئەتىۋار بولىدۇ، تۈكلۈك بالا ئۇدۇمىغا قايتقان ھالەتتە بولغانلىقتىن ھۆكۈمەت يۇقىرى ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، مۈڭگۈزلۈك تۇغۇلغان بالا، بىر قېتىمدىلا توققۇز ئوغۇل بوۋاق تۇغقان ئايال، يېگىرمە چىش چىققان 80 ياشلىق موماي قاتارلىق ھادىسىلەرمۇ ئوخشاشلا ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇنداق غەيرىي ئالامەتلەرگە جۇڭگودىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، بۇنىڭدىن بۇ ھادىسىنىڭ سىنىپتىن ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ شۇ چاغدا فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرى ھاجەتخانا مەسىلىسى توغرۇلۇق بىزار بولۇپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇلار مۇنازىرىگە قىزىقىپ كەتمىدى. فالك مۇئەللىم ھايات بولغان بولسا بۇ مەسىلىگە ئۇمۇ قىزىقمايتتى. ئۇ چاغدا ئۇ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، چاچلىرىغا بىر قەۋەت ئاق چاڭ - توزان قونغان ھالەتتە ئىدى. ھازىر ئويلىسا شۇ چاغدا ئۆلۈك ئادەمنىڭكىدەك چىرايى ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەنىكەن. بىز نېمىشقا تۈكلۈك بالا توغرىسىدىكى تېما ئۈستىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاققا سۆزلىشىمىز - يۇ، نېمىشقا ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان فالك مۇئەللىمگە كۆڭۈل بۆلمەيمىز؟ پەقەت مېيىقىدا بىر تال كىچىك ماغزاپ ئېسىلىپ قالغان مېنىڭ ئاقساقاللا مەن بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ غەلىتە جانىۋارلارغا ئامراق بولىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ غەلىتە ھادىسىلەرنى كۆچەپ تەشۋىق قىلىپ، بۇرۇقتۇرما تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق خۇشال كەيپىيات يارىتىدىغانلىقىنى دېدى. بىر جەمئىيەتتە سەنئەت بولمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، غەلىتە ھادىسە بولمىسا بولمايدۇ، ناۋادا سەنئەت بولمىسىمۇ، غەلىتە ھادىسىلەر ئوخشاشلا پەيدا بولۇۋېرىدۇ...... شاۋگۇ بىر پارچە گېزىتنى ئالدىمغا ئىتتىرىپ قويدى. گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىدە دەرۋەقە بىر پارچە خەۋەر بار ئىدى. ماۋزۇسى ئىككىنچى نومۇرلۇق قارا خەت بىلەن ئۇرۇلغانىدى. تۈكلۈك بالا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، ئەقلىي ئىقتىدار سەۋىيەسى ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىدىن يۇقىرى، قارتا چوڭلۇقىدا بىر پارچە سۈرەتمۇ بېرىلگەن. سۈرەتتە: قېشى قويۇق، كۆزى يوغان، يۈزىنى ئۇششاق تۈك باسقان، بوينىغا قارا رەڭلىك قىزىل گالستۇك تاقىغان بىر بالا تەبەسسۇم قىلىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى.

ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز مەڭگۈ توختاپ قالمايدىغاندەك

داۋاملىق ياڭرىماقتا. ئەينى يىللاردىكى ھېلىقى قىزچاق ئىنچىكە
ھەم يۇمشاق سېرىق تۈكلىرىگە دىققەت قىلغانمىدۇ؟ مايسىدەك
بۇرۇتىنى سۇدا كۆرگەن چاغدا روھىي ھالىتى قانداق بولغاندۇ؟
شەخسىي سىرغا ياتىدىغان مەسىلىنى لى يۇچەننىڭ ئۆزىدىن
سوراش بىئەپ. ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، ئۇنى ئىنتايىن ياخشى
كۆرسەممۇ، بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭدىن سورىمىغان بولاتتىم . ياشلىق
مەزگىل سىرلىق ھەم ئازابلىق، دەككە - دۈككە ئىچىدە كۈن
كەچ قىلىدىغان مەزگىل، شەپە چىقارماي يېتىپ كېلىدۇ— سەن
روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسىدەك ۋاتىلداپ كېتىۋاتىسەن—
بىزدە ھەممىشە مۇنداق بىر سېزىم بار. تېخى تۈنۈگۈنلا كۆك
ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يۈرگەن بىر قىزچاق بىر كېچىدىلا رەڭ تۈزەپ
چىرايلىق قىز بولۇپ كەتتى. يەنە بىر مەسىلە: قىسمەن سۆزلەر
تەكرار - تەكرار تەنقىدلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، قولتۇق تۈكى،
دوۋسۇن تۈكى ئادەمگە نېمىشقا دائىم نومۇسنى ۋە پاسكىنچىلىقنى
ھېس قىلدۇرىدۇ؟ ئالىي دەرىجىلىك چاچ سۇيۇقلۇقى بىلەن مىڭ
قېتىم يۇيۇلىدۇ، ئېسىل ئەتىرلەر چېچىپ تۇرۇلىدۇ. ئۇ جاي يۇمشاق
ھەم ئېلاستىك بولۇپلا قالماي، خۇشبۇي پۇرىقى توختىماي دىماققا
ئۇرۇلىدۇ. ھەقىقىي نەرسىنى كۆرسە يايراپ، نېمىشقا بىرەر بەلگىنى
كۆرسە ئىلاھقا بىھۆرمەتلىك قىلىپ، ئانىنى ھاقارەتلەيدۇ؟ لى
يۇچەننىڭ بۇرۇتى ۋە قولتۇق تۈكى قاتارلىقلارنىڭ بۇ ئۇزۇن ھېكايە
بىلەن يەنە قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ مۇناسىۋىتى بار، يەنە كېلىپ
قويۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازابلىق، بىراق ۋاقىت ئۇزارسا ئازابمۇ
ئازاب بولماي قالىدۇ.

## 2

بىزگە تەسۋىرلەپ بەرگەن 20 يىلنىڭ ئالدىدىكى مومىدىن

پۈتكەن ساھىبجامال ھېلىمۇ يادىمىزدا مەھكەم ساقلاقلىق: ئۇ چاغدا ئۇ ياش، قەددى - قامىتى ئېلىپتەك تۈز، ئەس - ھوشى جايىدا ئىدى. چېچىنى ئالدىغا پۆپۈك چىقىرىپ پارقىرىتىۋالاتتى. كونا ھېكايىلەردە تەسۋىرلەنگەن پاھىشىخانا غوجايىنىدەك چېكىسىگە بىر تال قىزىلگۈل قىستۇرۇۋالاتتى. توختىماي سۆزلەپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئۆزۈڭگە بىلىنمەي، مومىدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ چىراي - تۇرقىنى بىزگە قايتىدىن بايان قىلدىڭ ھەم جەزملەشتۈرۈپ دېدىڭ:

ئۇ ھويلىسىدىكى ئانار دەرىخىدىن نەچچە تال گۈلنى ئۈزۈپ، ئارىسىدىن يېرىم ئېچىلغان بىر غۇنچىنى تاللاپ چېكىسىگە قىستۇرۇۋالاتتى. ئۇ چاغلاردا چاچ ئاسراش مەلھىمىگە ئوخشاش زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى يوق ئىدى. مومىدىن پۈتكەن ساھىبجامال بېشىنى رەندە قىرىندىسى سۈيى بىلەن چايقاپ، يۈزىنى چوشقىنىڭ ئۇيقۇلۇق بېزى بىلەن سۈرتەتتى. يەرلىك ئۇسۇلنى ئىشلىتەتتى. مۇھىت بۇلغانمايتتى ھەم بەدەنگىمۇ زىيان يەتمەيتتى. تەبىئىي ئىقتىسادىي ھالەتتىكى ئاددىي گۈزەللىك نامايان بولاتتى.

ئەدەبىياتتا يالىڭاچ بەدەننى يېزىش يامان ئالدىغان ئىش ئەمەس، يازغۇچى يالىڭاچ بەدەننى تەسۋىرلىگەن چاغدا، ئاشۇ يالىڭاچ بەدەن ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا ئىرغاڭلاپ مېڭىپ يۈرەمدۇ - يوق؟ تەندىن كېلىۋاتقان كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان پۇراق دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرۇش كېرەكمۇ - يوق؟ يەنىمۇ خىجىل بولماي دېيىش توغرا كەلسە — جىنسىي ئاجرالمىدىن چىققان پۇراق دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرۇش كېرەكمۇ - يوق؟ گەپ مانا مۇشۇ يەردە. مۇبادا شۇنداق بولسا بۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق «مەقسەتلىك قىلىنىغان شەھۋانىيلىق.» ئۇ شۇنداق بولمىسا، ئەدەپ - ئەخلاققا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا يالىڭاچ بەدەننى تەسۋىرلىسە بولامدۇ؟

بۇنداق يولسىز قىستۇرما بايانىڭنى توسۇشقا ئامالسىز قالدۇق. گېپىڭگە قۇلاق سالدۇق، سەن گېپىڭنى داۋام قىلدىڭ.

هازىر يەنە ئەستە تۇتۇش زۆرۈر: بىرىنچى بۆلۈمنىڭ ئاخىرىسىدىن تارتىپ چېكىلگەن ئىشكىنىڭ ئاۋازى يەنىلا داۋام قىلماقتا. رىتىمى، ئاۋازى ئۆزگەرمىدى، توغرىلىق دەرىجىسى هەرىكەتلىنىپ تۇرغان سائەت مايانىكىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى بىلەن ئوخشاش. تاڭ ئالدىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ ۋاقىتتا فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ئىشىكنى چەككەن زادى كىم؟ پەقەت ئىشىك ئېچىلسىلا ئايدىڭ بولاتتى.

لى يۈچەن ئانىسىنىڭ يالىڭاچ هالدا هويلىدا ئۇيياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ئوبرازىنى ئۇنتۇپ قالالمايدۇ. مومىدىن پۈتكەن ساهىبجامال پۈتىنىڭ تازىلىقىغا ئەهمىيەت بېرىپ، پۈتىغا تاۋاردىن گۈل ئىشلەنگەن گۈللۈك كەش كىيىۋالاتتى. چېكىسىگە يېڭى ئېچىلغان بىر تال غۇنچىنى قىستۇرۇۋالاتتى— لى يۈچەن ئانىسىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەن چاغدا، «پەن جىنلىيەن— لى پېڭئېر — ياڭ جۈنمېي» ناملىق ئەسەردىكى پەن جىنلىيەنىنىڭ سايىسى كاللامدىن لىپلا قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مەن پەن جىنلىيەننى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان— ئۇ تېنىنى ئاياپ سىلايتتى. 5 - ئاينىڭ ئىللىق شاملى كوچىلارنى سىيپاپ ئۆتەتتى. ئىللىق شامال شەهەرلىك هۆكۈمەتنىڭ ماش رەڭ بىناسىنى سىيپاپ ئۆتكەندە، كۆركەم بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق تۈرۈپ ئېچىلىپ، تۈرۈپ يىغىلىپ قالاتتى. ئاق تېرەكلەرنىڭ ئۇچىنى سىيپاپ ئۆتكەندە، ئاق تېرەكلەرنىڭ كەينى تەرىپى ئاقۇچ مىس يارماق چوڭلۇقىدىكى تۈكلۈك يوپۇرماقلىرى شىۋىرلاپ كېتەتتى. 5 - ئاينىڭ ئىللىق شاملى شەهەر پۇقرالىرىنىڭ هويلىلىرىغا تولۇپ قالغان، هەممە نەرسە سۈرەتتەك گۈزەل ئىدى. لى يۈچەن بوسۇغىدا ئۇيياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ئانىسىغا قاراپ

ھاڭۋىقىپ ئولتۇراتتى. قارلىغاچلار ئۆينىڭ پېشايۋىنىغا ئاقۇچ يېڭى ئۇۋا سالغانىدى. يەنە تېخى، قۇلىقى كېسىۋېتىلگەن بامبۇك بوغۇمىغا ئوخشاپ قالغان بۆرىئىت كۈچۈكى يالىڭاچ ئايالنىڭ سەل - پەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كاسىسىنىڭ كەينىدە قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ ھىدىنى پۇراپ غەلىتە ئاۋازدا توختىماي چۇشكۇرۇپ سوكۇلداپ يۈرەتتى.

ياشلىق مەزگىلىدىكى ئۇيىلىش تۇيغۇسى قانداق يوقالدى؟ ئەجەبا، قىپقىزىل ئەمچەك تويچىسى ئوتتۇرا بارماق بىلەن نامسىز بارماق ئارىلىقىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان چاغدىكى تەپسىلاتنىڭ كۈچى يۈزى ئېچىلمىغان قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئۇيىلىش تۇيغۇسىنى پاك - پاكىز تارتىۋالدى — ئۇ توغرىسىغا قويۇلغان قونداقتا بەدىنىنى سەل ئېگىپ، بوينىنى سوزدى. ئۇ مۇھاكىمىنى مۇشۇنداق ھەرىكەت بىلەن باشلاشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى— ۋاڭ بۆلۈم باشلىقىنىڭ چىرايلىق خوتۇنى ۋە ئىككى بالىسى بار، ئۇنداقتا، مومىدىن پۇتكەن ساھىبجامال ئۇنىڭ ئاشنىسى بولاتتى. مەيلى قانچىلىك قاراڭغۇ مەزگىل بولسۇن، ئاشنا ھامان مەۋجۇت. «پاھىشىۋاز»، «ئويناش» دېگەنگە ئوخشاش سەلبىي مەنىلىك بىر تالاي سۆز «ئاشنا» دېگەن سۆزگە يېقىن كېلىدۇ. ئادەملەر نېمىشقا ئاشنا ئوينايدۇ؟ ئەجەبا «ئەخلاقى چىرىك» دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېنىق جاۋاب بەرگىلى بولامدۇ؟ ئالدىنقىلاردا ۋاڭ بۆلۈم باشلىقىنى تەنقىدلەۋاتقىنىم يوق. مەن لى يۈچەننىڭ قارىشىغا قوشۇلىمەن. ئۇ ماڭا ناھايىتى سەمىمىي ھالدا: ئۇ ياخشى ئادەم، ئانا - بالا ئىككىمىزنىڭ ھالىدىن شۇ خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ، دېگەن.

بۇ ئائىلىدە جىنسىيەت سىرلىق ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى تۈز كۆڭۈللۈك ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مومىدىن پۇتكەن ساھىبجامال 15 ياشلىق لى يۈچەنگە كىيىم -

كېچەكلىرىنى سىلىۋېتىپ، ھويلىدا ئۆزى بىلەن بىللە مېڭىش كېرەكلىكى، قۇياش نۇرى مۇنچىسىنىڭ سالامەتلىككە پايدىلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئانا - بالا ئىككىسى قىپيالىڭاچ بولۇپ، مەردانە قەدەم تاشلىدى. ئىككىسىنىڭ مەقسەت - نىيىتىنى ئوخشاش دېيىشكە بولاتتى.

دەل شۇ كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال، ئۇ ئالدىغا ئېڭىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ پەخىرلىنىدىغان ئەزاسىدا ساپسېرىق تۈكلەرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئەجەبلىنىپ:

— ئانا، ماۋۇ يېرىمگە بۇرۇت چىقىپتىغۇ! — دەپ تىۋۋىلاپ كەتتى.

تولا كۈلۈپ پۈكلىنىپ قالغان ئانىسى نەپەس ئاللماي:

— ساراڭ قىزىم، ئۇ دېگەن بۇرۇت ئەمەس، ئۇ دېگەن قاش!...... دېدى.

كېيىن ۋاڭ بۆلۈم باشلىقى شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولدى.

لى يۈچەن ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ماڭا دېگەن — يېسسۇېلەك بىلەن تۇرۇپ ئوخشاشتەك قىلىدۇ. ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىلەن ئانام بىرگە بولغاندا، ئۇلارنىڭ شادلىنىپ سالغان چۇقانلىرىنى ئاڭلاپ قالسام، بەك ھەسەت قىلىپ كېتەتتىم. بىر كۈنى ئانام ئۆيدە يوق چاغدا، ۋاڭ ئىدارە باشلىقى كەلدى. ئۇ ماڭا شۇ چاغلاردا ناھايىتى ئەتىۋار قىزىل ۋە كۆك يوللۇق، گۈللىرى تولىمۇ چىرايلىق بىر جۈپ پايپاق ئەكەلگەنىدى. ئۇزاققىچە كىيىشكە كۆزۈم قىيمىدى! ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— قىزچاق، رەھمەت دەپمۇ قويمامسىز؟ — دېدى.

مەن كەمزۇلۇمنى، ئىشتىنىمنى، كالتە ئىشتىنىمنى سېلىپ، باغرىداقنى ئېلىۋېتىپ، ئانارگۈلدىن بىرنى ئۈزۈپ چېكەمگە قىستۇردۇم، ئانامنىڭ تاۋار گۈللۈك كەشىنى كىيىپ ھويلىدا

ئۇياقتىن بۇياققا ماڭدىم. ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ يۈز - كۆزى تەرلەپ كەتتى. مەن كۈلگەن پېتى ئۇنىڭغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلاشتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ بىركەمدە:

— سىز يەنىلا بالا...... دېدى.

ئۇنىڭغا تۆكۈردۈم، ئۇ كالامپاي ئوغۇل بالىغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭغا مىنىۋالدىم. ئۇ مىنى كۆتۈرۈپ پۈتۈن ھويلىنى ئالا قويماي ئۆمىلىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئانام كىرىپ قالدى. ئۇ ئىدىشتىن سايلىق بىلەن سۇ ئېلىپ بىزگە چاچتى، ھەممىمىز تەڭ كۈلۈپ كەتتۇق. ئانامۇ يالىڭاچ بولدى، بىز پاتقاقتا يۇمىلىدۇق. ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چوشقىنىڭ ھەرىكىتىنى قىلدى ۋە چوشقىنىڭ ئاۋازىنى ئەينەن دورىدى. چۈشتە، ئانام ئىدىشتىن دەريا قىسقۇچپاقىسىنى ئېلىپ، سامساقنى ئۇششاق يانجىپ، ئۈستىگە تۇخۇم چېقىپ، بىر تاۋاق كۈدە قورۇمىسى قورۇدى. قورۇما ئاجايىپ تەملىك بولغانىدى......

بۇنىڭ ھەممىسى نېمىدېگەن گۈزەل! دېدىممەن خورسىنىپ.

كۆڭلۈمدە باشتىن - ئاخىر يېشىلمەي كېلىۋاتقان بىر تۈگۈن بار: ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز شۇنچىلىك ياخشى ئىكەن، ئۇ نېمىشقا سىزنى ئوبدانراق بىر ئىدارىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمىدى؟ ئۇ ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسا، سىز نېمىشقا دەپنە ئىدارىسىگە بېرىۋالدىڭىز؟

ئۇ ماڭا مەنىسىزلىك بىلەن قارىدى، ماڭا روھىمىنىڭ ئىنتايىن پاسكىنا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. ماڭا تىكىلگەن نۇرانە قاراشلىرىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. بور، بور ئەكېلىڭلار! بىز بارا - بارا چۈشەندۇق. سەن ئەسلىدە قورساق توقلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قەلبىڭدىكى جىددىيلىكنى ۋە تەشۋىشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بور يەيدىكەنسەن.

# 3

چېكىسىنى ئاق ئارىلىغان ۋالىق مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ھەركۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يېرىم سائەت ئارام ئالاتتى. بۇ دەخلى - تەرۇز قىلغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس يېرىم سائەت ئىدى. ئۆيدىكىلىرى ھەم قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنىڭ بۇ مۇقەددەس ھوقۇقىنى ھۆرمەتلەيتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇخلىمايتتى. قورساقتىكى چاشقان ۋە تام تۈۋىدە ئاستا كېتىۋاتقان قېرى چاشقان بىلەن چاشقان ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدا بولغان كەسكىن ئېلىشىش مەنزىرىسىنى ئويلاپ سافادا تۈگۈلۈپ ياتقان مولۇندەك ئاشقازىنىنىڭ غورۇلدىشىغا قۇلاق سېلىپ ياتاتتى. ئېيتىشلاغا قارىغاندا، سەن چىن دىلىڭدىن ياخشى كۆرگەن ئايال بىلەن مىڭ قېتىم بىرگە بولساڭمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر - ئىككى قېتىم بىرگە بولغان چېغىڭ يادىڭدا قالىدىكەن. ئەر - ئاياللارنىڭ بىرگە بولۇش ئادىتى، ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش ئادىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. مۇبادا قېپىالىڭاچ جۈپلىشىشكە جۈرئەت قىلىش توغرا كەلسە — بىز جۈرئەت قىلالمايمىز! — سەن تەكىتلەپ، مەن مۇبادا جۈرئەت قىلساڭلار دەۋاتىمەن، سىلەر جىنسىيەتنىڭ تۇرمۇش بىناسىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى ئىكەنلىكىنى، رەڭگىنىڭ گۆش رەڭ بولۇپ، رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەرگە ئورىلىپ، جۇلالىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقايسىلەر. سىلەر ئۇخشىتىشنى ياقتۇرامسىلەر؟

ئەرلەرنىڭ ئەرەنلىكى ھاياتلىق كېمىسىنىڭ ماچتىسىغا ئوخشىتىلغان بولسا، ئاياللارنىڭ كۆپىيىش ئەزاسىنى ھاياتلىق كېمىسىگە ئوخشىتىش زۆرۈر. ماچتا كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ سىمۋولىغا ئاددىي سېلىشتۇرما بولالايدۇ. ئوخشىتىشلارنىڭ ھەممىسى ئارتۇقچە، ئەمما

ئوخشىتىش بولمىسا دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. تەكرار، نۇسخىلىرى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەرقانچە يېڭىلانسىمۇ قانۇنىيىتىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. لېكىن، ئەر - خوتۇنچىلىق بولمىسا ئىنسانلار كۆپىيىپ - ئاۋۇمايدۇ. بۇ يالغۇز ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىش - ئاۋۇش مەسىلىسىلا ئەمەس. شۇڭا، ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىكى يېرىم سائەت ئىچىدە لى يۈچەن بىلەن بىرىنچى قېتىم بىللە بولغان چاغدىكى مەنزىرىنى تەكرار - تەكرار كۆشەپ ياتتى. ئۇزاققا سوزۇلغان جىنسىي مۇناسىۋەت جەريانىنى قەلەم ئارقىلىق تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئادەم چىداشلىق بېرەلمەيدۇ. سىلەرگە پەقەت ئىككىسىنىڭ قىلىشقان نەچچە ئېغىز گېپىنىلا دەپ بېرەي:

سەن مېنىڭ ئاتامۇ؟

ياق، مەن سىزنىڭ ئاتىڭىز ئەمەس.

سېنىڭ ئۇ يېرىڭىزدىكى تۈك قارا، مېنىڭ بۇ يېرىمدىكى تۈك ئەجەب سېرىققۇ؟

سەن دېگەن يۈزى ئېچىلمىغان قىز!

پەقەتلا ئوقۇغۇم يوق.

ناھايىتى ياخشى، ئىرادىلىك ئىنقىلابىي ياش سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، ئىلمىي تەجرىبىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ، ئەمەلىي ۋە ئاددىي ئىنقىلابىي خىزمەتكە ئۆزىنى بالدۇرراق ئاتىشى كېرەك.

...... بۇ قىزچاق ھەقىقەتەن چۈشەنگىلى بولمايدىغان غەلىتە مەخلۇق ئىكەن...... ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى شۇنداق ئويلىدى. ئادىتى ئۇنىڭغا يېرىم سائەتلىك شېرىن ئەسلىمىلەرنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىراق، ئۇنىڭ ئارتۇقچە سەمرىپ كەتكەن تېنىنى كۆتۈرۈپ راھەت سافادىن تۇرغۇسى كەلمىدى.

تېرىسىنىڭ ئاستىغا يىغىلغان ماي شەندوگلۇق بۇ ئەزىمەتنىڭ بەدەن شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. ئادەم ئەجەبا بىلىقنى كۆپ يېگەنلىكى ئۈچۈن سەمرىپ كېتەمدۇ؟ بىزدىن سوئال سورايدىغان ئەلپازىڭ بار. بىراق، بىزنىڭ جاۋاب بېرىشىمىزنى كۈتمەيلا ئالدىمىزغا ئۆتۈۋېلىپ، ئالدىراش سۆزلەپ كەتتىڭ. ئۇ سائەتتىنمۇ توغرا كاتىپىنىڭ كىرىپ ئۆزىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋېتىشىنى كۈتتى. چۈشتىن كېيىن، ئۇ 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشماقچىدى. «8-ئوتتۇرا مەكتەپ»، «فىزىكا مۇئەللىمى» ھەممىسى ئېغىزغا لىق كېلىدىغان تاتلىق ھەم چۈچۈمەل تەملىك گەپلەر ئىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنداق فىزىيولوگىيەلىك ئىنكاسنىڭ يىلتىزى جىنسىيەت مەسىلىسىگە، نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئەمدىلا يېتىلگەن مەيىن سېرىق تۈكلۈك چىرايلىق قىز لى يۈچەن بىلەن ئارىلاشقان چاغدىكى رومانتىك تارىخقا بېرىپ تاقىلاتتى — ئۇ توغرىسىغا قويۇلغان قونداقتا بوينىنى سوزۇپ، ئاندىن تىلىنى چىقىرىپ قۇرۇپ كەتكەن لېۋىنى يالاپ قويدى.

ئەسەرلەردە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى گويا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېسسىياتچان بىرەرسى يوقتەك يۈكسەك ئىرادىلىك ئەرباب سۈپىتىدە تەسۋىرلەيمىز — بۇ رېئاللىزملىق پوزىتسىيە ئەمەس. سىياسىي سەھنىدە ئەر سىياسىيونلارنىڭ ئاشنىلىرى زادى قانچىلىك چوڭ ئورۇننى ئىگىلەيدۇ؟ زىمىنىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەمدۇ ياكى بىر پارچە دەسمالنىمۇ؟ مۆتىدىل ئۇسۇل ۋە ئادىل تەنقىد بۇ ئىككى خىل ھالەتنى ئوخشاش ئېتىراپ قىلىدۇ. سىياسىيون بولىدىكەن، جەزمەن ئاشنا بولغان بولىدۇ. ئاشنا بولغانىكەن، زىمىنىنىڭ يېرىمى ياكى بىر پارچە دەسمال ھازىر بولغان بولىدۇ. بۇ كۆپچىلىككە ئېنىق، ئاشكارا مەخپىيەتلىك. كۆزىمىزنى يۇمۇۋالساق، ئاسمان ۋە يول غايىب

بولۇپ كەتمەيدۇ.

نەچچە ئـون يىلـدىن بۇيـان، ئاخبـارات ۋاسـىتىلىرىمىز «ئاشىندارچىلىق» نى قاتتىق سۆكۈپ كەلـدى، لېكىن نەتىجىسى قانـداق بولـدى؟ ئـۇ ۋارقىـراپ كەتتـى. بىـز تىلىمىزنـى چاينـاپ، سۆكۈت قىلغاندەك قاراپ تۇردۇق.

بـۇ يەردە سـاختىلىق بىـلەن سـەمىمىلىك قانـداق كـۆچ سىنىشىۋاتىدۇ؟ نېمشقا جاۋاب بەرمەيسىلەر؟ ئەقلىمىزنـى ئىشلىتىپ بىر تۇتام بورنى سۇندۇق. بور بىلەن ئاغزىمنى ئەتمەكچىمۇ سىلەر؟

سىياسـىيونلارنىڭ جىنـسىي ئىـستىكىنىڭ، سىياسـىيونلارنىڭ ئاشـىنىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنـىڭ ئەقىلـگە مۇۋاپىـق ئىكەنلىكىنـى، سىياسـىيونلارنىڭ ئاشـىنىلىرىنىڭ تـارىخ تەرەققىياتىغـا بولغـان تەسىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا زادى پېتىنالامدۇق - يوق؟

ئۇ قەپەستە خۇشاللىقىدىن ئويناقلاپ كەتتى. ئەۋرىشىم بەدىنى توغرىسىغا قويۇلغان قونداققا يۆگىشىپ قالـدى. ھەرىكىتـى چاققان بولغاچقا، يىقىلىـپ چۈشـۈپ بېشىنى يېرىۋالمـايتتى. ئۇنىـڭ نـېمە سەۋەبتىن قەپەستە تۇرۇپ بور يەيدىغانلىقىنى بىلگەندەك بولـدۇق. كاللىمىزدا ئۇنى قەپەستىن سۆرەپ ئاچىقىۋالـدىغان خىيال پەيـدا بولدى. ئۇ خىيالىمىزنى بىلىپ قالغاندەك:

— چىقمايمەن! ئاچىقىۋالـدىغان بولـساڭلار ئۆلـۈۋالىمەن! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

## 4

بۇ كىچىك شەھەردە مەخپىيەتلىك يوق ئىدى.

بىر قېتىم پۈتـۈن شـەھەردىكى مەكـتەپ مۇدىرلىرى يىغىنىـدا، مەدەنىـي مائارىپقـا مەسـئۇل ۋالى مۇئـاۋىن شـەھەر باشـلىقى مەكتەپلەرنىـڭ ئاساسـي قۇرۇلـۇش ئىـشلىرى ھەققىـدە دوكـلات

بەردى.

مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە سىنىپ ھەم ئوقۇتقۇچىلار ياتىقى كەم ئىدى.

ئۇماچ ئاز، ئادەم كۆپ، تالىشىش كەسكىن ئىدى.

8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى دەم ئېلىش ۋاقتىدا يېنىكلىك بىلەن ئارام ئېلىش ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ سالدى.

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى كۆزىنى ئېچىپ خۇشياقمىغان ئەلپازدا:

— ما مۇدىر، ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

ئىسكىلىتتەك ئورۇق، سالپاڭ قۇلاق ما مۇدىر ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىغا ئۆزىنىڭ خۇشياقماي قالغانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككى تال ساپسېرىق ھېيلىگەر ئوتتۇرا چىشىنى چىقىرىپ، ئېگىلىپ قويۇپ ئېھتىيات بىلەن سافاغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بىرەر ئىش بارمىدى، ما مۇدىر؟

يۇقىرىقى گەپ بىكار گەپ، بۇنى بىلمەن، كەچۈرۈڭلار.

— ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، — دېدى ما مۇدىر، بىزنىڭ 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتە قىيىنچىلىق ئەڭ كۆپ، بىزنىڭ 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتەك قىيىنچىلىقى ئەڭ كۆپ مەكتەپ شەھەردە يوق. مىسال كەلتۈرۈپ دەي، ئاڭلاپ بېقىڭ: جاڭ چىچيۇ 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا داڭلىق ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىنى پۈتكۈزگەن، فىزىكا دەرسى بېرىدۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقىنىغا 20 يىلدىن ئاشتى. ئايالى دەپنە ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە دەرىجىلىك ھۆسن تۈزىگۈچىسى، فامىلىسى لى، ئىسمى يۈيچيەن ئىلگىرى جىنيۇ كوچىسى ھويلىدا ئولتۇراتتى. ھويلىدا بىر تۈپ ئانار دەرىخى بار — بۇ گەپنى جاڭ مۇئەللىم ما مۇدىرغا دەپ بەرگەن. ئوتقاشتەك

ئانارگۈلى شۇ زامات ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ كاللىسىدا ئېچىلدى...... جىنيۇ كوچىسىنى توپا ئىتتىرىش تىراكتورى تۈپتۈز قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئېرى بىلەن 8- ئوتتۇرا مەكتەپتە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئانىسى پالەچ بولۇپ كارىۋاتتا يېتىپ قالدى، ئىككى ئوغلى بار، بىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، بىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. بەش جان ئادەم كاتەكتەك بىر ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ! ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، ئاخشىمى ئىككى بالا ئۆڭكۈردە، موماي ئاشخانا ئۆيدە ياتىدۇ...... مەكتەپ مۇدىرى بولغان مەن بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتىمەن......

ما مۇدىر بۇرنىنى تارتتى، كۆزىنىڭ چۆرىسى قىزاردى، سەللا كۈچىگەن بولسا، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلگەن بولاتتى. يىغلامسىراش ھالىتى بىلەن ئادەملەرنى ئاسانلا تەسىرلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنىڭمۇ ئۆلچىمى بولىدۇ. قىپقىزىل ھاماقەت ئادەم سىياسىيونلارنىڭ ئالدىدا پوتلىسىنى ئېچىپ يىغلايدۇ.

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى قاپىقىنى سۈزدى، كالپۇكى سەل - پەل ئاقاردى.

ما مۇدىر ئېگىلگىنىچە شوخشۇپ ئارام ئېلىش ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

## 5

ئۇنىڭ پاچاقلىرى يەنىلا شۇنداق ئوماق ئىدى. ئۇ قىزىقسىنىپ پاچاقلىرىنى ئاكىسىز پۇلاڭلىتىپ ئولتۇراتتى. بۇ ھەرىكەت داۋاملىق چېكىلىۋاتقان ئىشىكنىڭ ئاۋازى بىلەن بىرلىشىپ تۇرمۇشنىڭ قىسمەن مەزمۇنىنى ھاسىل قىلدى. تەقدىرگە قارشى تۇرغىلى بولمىغىنىدەك، بۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايتتى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئۆزىنىڭ يارامسىزلىقىدىن تولىمۇ ئازابلىناتتى. خوتۇنىنىڭ يالىڭاچ تېنىگە قاراشقا پېتىنالماي، خىجىل بولغان هالدا يۈزىنى ياستۇققا يېقىۋالدى. دەپنە ئىدارىسىگە خاس ئالاهىدە پۇراق ئۇزۇلمەي كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ پۇراقنى ئۆينىڭ هەممە يېرىدىن هېس قىلغىلى بولاتتى. تەقدىرگە قارشى تۇرغىلى بولمىغىنىدەك، بۇنىڭغىمۇ قارشى تۇرغىلى بولمايتتى.

ئۇ خىيالغا كەتتى. هەممە نەرسە تەقدىرگە قارشى تۇرغىلى بولمىغىنىدەك قارشى تۇرغىلى بولمايدىكەن. مۇشۇنداق دۇنيادا تۇغۇلۇپ قېلىشنىڭ ئۆزى بىر پالاكەتچىلىك. ئۆزىنى ئەيىبلەش هاجەتسىز، ئەجەبا قىزلىقنى ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا تۇتۇپ بەرگەنلىكى شەهۋانىيلىق هېسابلىنامدۇ؟ ئەجەبا شۇ دەقىقىدە، ئانارگۈلى ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى، بېلىق بازىرى تەرەپتىن كەلگەن بېلىق هىدى تۈپەيلىدىن قوزغىلىپ كەتكەن هېسسىياتىنى بېسىۋالغان بولسا، ئالىيجاناب هېسابلانغان بولارمىدى؟ مۇهەببەت ئالدىدا ئىدراك توغرۇلۇق گەپ قىلىش ئورۇنسىز ئىش. شۇنداقكەن، تۈنۈگۈن چۈشتە دەپنە ئىدارىسىدە يۈز بەرگەن ئىش هەققىدە ئازابلىنىشنىڭ نېمە هاجىتى؟ قىزلىق دېگەن نېپىز بىر قەۋەت تېرە، ئۆردەكنىڭ پەردىسىدىنمۇ نېپىز، ۋېلسىپىت مىنىسىمۇ يىرتىلىپ كېتىدۇ. پەقەت هېلىقى لەنىتى جوگۇۋېيلا ئەهمىيەت بېرىپ كېتىدىكەن.

ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار چېكىلگەن ئىشىكنىڭ ئاۋازىدەك يۈرىكىگە پاق - پۇق قىلىپ تېگىپ تۇراتتى. خۇددى ئۇزاق يىل دات بېسىپ كەتكەن بىر پارچە قەلەينى پاقىلدىتىپ ئۇرۇۋەرسە ئۈستىدىكى دات بىر قەۋەت - بىر قەۋەتتىن چۈشۈپ كەتكەنىدەك ئۇنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە جىسمانىيىتى بارغانسېرى نېپىزلەپ تومۇزغىنىڭ قانىتىدەك سۈزۈلۈپ كەتتى.

ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەسلىدە ئۇنى

ئوبدانراق بىر ئورۇنغا تىقىپ قويسا بولاتتى. بىراق، «گۈزەل دۇنيا» غا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ ھۆسن تۈزەش خادىمى بولۇپ قالدى. «گۈزەل دۇنيا» بۇ شەھەردىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئاخىرقى بېكىتى ئىدى. بۇ كىچىك شەھەردىكى ئابرۇيلۇق ياكى ئاددىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەتتى. ئۇ ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىغا:

— ناۋادا سىز ئۆلسىڭىز چىرايىڭىزنى جەزمەن مەن تۈزەيمەن. تاشپاقىنى ئىلمان سۇغا چىلاپ بەدىنىڭىزدىكى توپا - چاڭنى پاكىز سۈرتىمەن، ھەتتا مەقئىتىڭىز بىلەن كىندىكىڭىزنىمۇ سۈرتۈپ پاك - پاكىز قىلىۋېتىمەن. ئۇستىرا بىلەن ساقال - بۇرۇتىڭىزنى ئالىمەن. بۇرنىڭىزدىن دىردىيىپ چىقىپ تۇرغان ئىككى تال قارا تۈكنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەيمەن. بۇرنىڭىزغا قايچىنى تىقىپ قارا تۈكنى پاكىز ئېلىۋېتىمەن. مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم — گىرىم بويىقىنى سۈركەپ داغنى يوقىتىش، تىرىكلەرگە يۈز - كۆزنى چىرايلىق ھالەتتە كۆرسىتىپ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىش. ئۆچەيىڭىزنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىنى تەگرى بىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ئىش ماڭا مۇناسىۋەتسىز. مېنىڭ كارىۋىتىمدا يۇقىرى - تۆۋەن ۋە ئەزىز - خار پەرقى بولمايدۇ. دەپنە ئىدارىسىدە بىر ئاشنىڭىز بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن نېمىدېگەن بەختلىكسىز. خۇددى كونىلار ئېيتقاندەك: تۇغۇلماي تۇرۇپلا ئۆلۈمنى ئويلاپسىز، سول قولىڭىزدا تۇمشۇقى يولۋاسنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاش ئايىغىڭىزنى ياماپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىڭىزدا ياغاچ ئۆتۈكىڭىزنىڭ ياپقۇچىنى تاقىلدىتىدىكەنسىز.

ئاغزىدىن چىققان گەپنى ئورۇنلاش - ئورۇنلىماسلىق دوست - يارەننى سىنايدىغان جانلىق ئۆلچەم. سەمرىپ كېتىش كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى يوغان قورسىقىنى چىقىرىپ خىزمەت سۈپىتىدە ياتقان مەنزىرىنى خىيالەن كۆز

ئالدىمغا ئەكەلدىم. قەي قىلغۇم كەلگەندەك تىلىمنىڭ ئۇچى تىترەپ كەتتى. مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ كۆزى يۇمۇلمايتتى. كۆزلىرىدىن چاقنىغان سوغۇق نۇردىن ئۇنىڭ قىيالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، لى يۇچەن ھەسرەتلىنىپ ئاھ ئۇردى.

جەسەت بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى چۈشتىن ئاۋۋال سائەت 9 دا باشلاندى. شەھەردىكى كاتتا ئەربابلار، جەمئىيەتتىكى مۆتىۋەرلەر، ھەر ساھە - ھەر كەسىپتىكىلەر، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ھەممىسى كەلدى. ئۇلار بىلىكىگە بىرىنچى دەرىجىلىك شايىدىن قارىلىق تاقىغانىدى. تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان مىكروفوندىن چىقىۋاتقان ئاۋاز خۇددى ئۆگزىدىكى تاختايىنى غاجاۋاتقان قېرى چاشقاننىڭ ئاۋازىدەك ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى قىستايتتى. جۇڭگولۇقلاردا: ئۇستىمىزدە بىلگۈچى تەڭرى بار، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. دەپنە ئىدارىسىدىكى تەڭرى قېرى چاشقان. كىشىلەر ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ چىرايلىرىغا قايغۇلۇق تۈس بېرىپ تۇرغاندا، تەڭرى ئۆگزىدە غاچۇر - غۇچۇر قىلىپ تاختاي غاجاۋاتاتتى.

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ جەسىتى ئۇنىڭ خىزمەت سۇپىسىغا قويۇلغانىدى. ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان خوتۇنىنى بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز قولتۇقىدىن يېتىلەپ لى يۇچەننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

لى يۇچەننىڭ پۇت - قولى بىرپەس مۇزلاپ كەتتى. غەزەپلەنگەن قېرى چاشقان شەمشەردەك ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن يۈز - خاتىر قىلماستىن، ئۇنىڭ سوقۇر ئۈچەيىنى يىرتىشتۇرۇپ يەۋاتاتتى. مۇھەببەت ئادەمنى رەھىمسىز قىلىۋېتىدۇ. لېكىن، شۇ ئان سورىدى، سوراپ تۇرۇۋالدى. قوغلاپ يۈرۈپ قاتتىق ئۇردى:

— سەن ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنى ياخشى كۆرۈپ

قالغانمىدىلىڭ؟ جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن مۇھەببەت ئوخشاش گەپقۇ، بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئويلىنىپ بېقىڭلار. بىمەنە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئويلىنىشنى خالىمىدۇق.

بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى چېچىنى قىسقا ياسىتىۋالغان فىزىكا مۇئەللىمى كەينىدىن قالماي قوغلاپ يۈرگەن چاغدا، ئۇ دەريا بويىدا خوتۇننى قولتۇقلاپ بالىلىرى بىلەن سەيلە قىلىپ يۈرگەن ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى كۆرگەنىدى. كۆپكۆك دەريا يۈيلىيەن تېغىدىن ئېقىپ كېلىپ، بىپايان داللارنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، شال بىلەن بۇغدايىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىنى ۋە جىمىرلاپ تۇرغان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شولىلىرىنى ئېلىپ، تەگدىشى يوق بۇ كىچىك شەھەرنى كېسىپ ئۆتەتتى. شەھەر مەركىزىدىكى خەلق باغچىسىغا كەلگەندە، دەريا ئەگىلىپ، قوۋزاقلىرى ئاپئاق بىر پارچە ئاق تېرەكلىكنى ئۆز قوينىغا ئالاتتى. بۇ قالتىس بىر كەشپىيات ئىدى. ياپيېشىل يۇمران چۆپلەر، ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈللەر، قاتار قويۇلغان ئورۇندۇقلار سان ـ ساناقسىز بوۋاقلارغا ھاملىدار بولغانىدى. ھەركۈنى تاڭ سەھەردە تازىلىقچى ئايال بۇ يەرنى تازىلىغاندا، گۈرجىكى سۈزۈك كاۋچۇك كىيدۈرمىلەرگە توشۇپ كېتەتتى. ئۇ غەلىتە مىجەزلىك ئايال ئىدى. ئۇ كىيدۈرمىلەرنى ئەخلەت چېلەكىگە تاشلىۋەتمەي، ئاق تېرەكلىكتىن ئۆتۈپ، نەم قۇملۇق يەرنى دەسسەپ بىر گۈرجەك كىيدۈرمىنى كۆپكۆك دەرياغا تۆكەتتى. دەسسەپ تۇرغان قۇملۇق يەردىن ئاستا ـ ئاستا سۇ كۆتۈرۈلۈپ چىقاتتى. كىيدۈرمىلەرنى تۆككەن چاغدىكى ھەرىكىتى يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچى ـ لىرىنىڭ دىسكا ئاتقان چاغدىكى ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى. 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىدا شۇ مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى لى چاڭچۈەننىڭ تەلىمىنى ئالغان بولسا كېرەك. ئۇ پۈتىنى كېرىپ، ئىلمەك ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن قولىنى يەرگە

قويۇپ، كەينىگە 165 گىرادۇس ئايلىناتتى. بۇلجۇڭ گۈشلىرى جىددىي كىرىشىپ كېتەتتى. چاقماقتەك نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىنى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان دەريا مەنزىرىسىگە تاشلايتتى، ئاندىن كېيىن شارقىراتما ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان ياكى دەريا بويىدا يالغۇز تۇرغان بېلىقچى كۈمۈش يىپ بىلەن توقۇلغان يوغان تورنى دەرياغا تاشلىغان چاغدىكى ئاۋازغا ئوخشاش بىر ئاۋاز چىقاتتى. كىيدۇرمىلەر كۆپكۆك دەريادا ئاستا - ئاستا شەرققە قاراپ يول ئالاتتى. تازىلىقچى ئايال خۇددى چېركاۋنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ئىخلاسمەن ئايالدەك جايىدا داڭ قېتىپ تۇراتتى.

دەريا كىشىلەرنىڭ رومانتىك بىر كېچىسىنى لەيلىتىپ دېڭىزغا ئېلىپ كېتەتتى. سان - ساناقسىز ئۇرۇق سۇدا ئاقسىل بىلەن سۇغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ھەرقانداق بىر دەريا ئىنسانلارنىڭ كېرەكسىز نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلايدىغان مۇھىم يولى .

بۇ تازىلىغۇچى ئايال كىم بولغىيتتى؟ لى يۇچەن ئەتىگەندىلا مۇشۇنى ئويلىدى. كەچقۇرۇن، كۆپكۆك دەريا يۈزىدە قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ ياداڭغۇ خوتۇنىنى يېتىلەپ، قىزنىڭ قولنى تۇتۇپ ئۇدۇل تەرەپتىن كېلىۋاتقان شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنى كۆرۈپ قالدى. خوتۇنى ئوغلىنىڭ قولنى تۇتۇۋالغانىدى. بىر ئۆيلۈك تۆت جان ئادەم دەريادىكى يوغان مۇتەھەم قىسقۇچپاقىغا ئوخشايتتى. ئىدىشتىكى دەريا قىسقۇچپاقىسى بىلەن ئانارگۈلنىڭ رەڭگى ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن كېلىۋاتقان پۇراققا قوشۇلۇپ ئۇنىڭغا تەڭلا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندەك تەسىر بەردى. ئۇ بېلىق بازىرىدىكى رەڭگارەڭ بېلىقلارنى ئەسلىدى، رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشىپ قالدۇ، دېگەندەك ئىش بولغانىدى.

ناۋادا ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سەندەلدەك يوغان بېشىنى

قەستەن بۇراپ، كۆرمەسكە سېلىپ دەرياغا قارىغان بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرمىغان، خوتۇنىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، بىمالال ئالدىغا كېلىپ قولىنى بەرگەن، كۆرۈشكەندە بارمىقى بىلەن ئالىقىنىنى قىچىقلاپ قويغان بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ئۇ بىرگە ئىشق مەيدانىدىكى قاقباش ماھىردەك سۆزلەپ بەردى.

ئۇ شەرقتىن غەربكە قاراپ كېتىۋاتقانىدى. چوغدەك كەچكى شەپەق چىرايىنى پارقىرىتىۋەتكەنىدى. يادائىغۇ ئايال قاپقارا كۆزلىرىنى تىكىپ ئۇنىڭغا قاراپ قالغانىدى.

ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوغلى ھېسسىياتچان بالا ئىدى. ئۇ يادائىغۇ ئايالنىڭ قولىنى بىردەم - بىردەم تارتىپ:

— ئانا، ئانا! قارىغىنە، ئاۋۇ ئاچاش نېمىدېگەن چىرايلىق! قارىغىنە، ئاۋۇ ئاچاش نېمىدېگەن چىرايلىق! — دەۋاتاتتى.

لى يۇچەنىنىڭ دېيىشىچە: ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىمىغان، كالىلىسىدىكى چىشلىق چاقلار كىرىشىپ كەتكەن، چىدىغۇسىز ئىسسىقتا، بىرسىنىڭ ناھايىتى ئېگىز جايدا تۇرۇپ سۇرلۇك ئاۋازدا:

— سال! ھەممە كىيىمىڭنى سال! — دەپ بۇيرۇق قىلغانلىقىنى سەزگەن.

ئۇ رەت قىلغىلى بولمايدىغان بۇ ئاۋاز بوشلۇقتىن كەلدى، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، بۇ ئاۋاز ئۇرۇقنى ئاتامنىڭ بالىياتقۇسىغا ئېتىپ كىرگۈزۈپ، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى شەكىللەندۈرگەن ھېلىقى ئەرنىڭ ئاۋازى ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم، دېدى. ئۇ ئەزەلدىن ئاتىسىنىڭ چىرايىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، شۇ ئاۋاز ئاتامنىڭ ئاۋازى دەپ جاھىللىق بىلەن ئۇزۇپ ئېيتتى. ئەرشتە تۇرۇۋاتقان ئاتىنىڭ بۇيرۇقىغا كىم خىلاپلىق قىلالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتامنىڭ بۇيرۇقىغا نېمىشقا خىلاپلىق قىلغۇدەكمەن؟ دېدى ئۇ ماڭا.

ئۇ ناھايىتى تېز ھەرىكەت قىلىپ، شۇ چاغدا مودا بولغان

كالتە يەڭ، ياقىسى يۇمىلاق كۆڭلىكىنى يىرتىپ بىر ياققا تاشلىدى، كۆڭلەك قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇۋاتقان يوغان كېپىنەكتەك بېرىپ ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ بېشىغا كېيىلىپ قالدى.

— ئاچاش نېمىدېگەن چىرايلىق! — ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوغلى شادلىنىپ كەتتى.

ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوغلىنىڭ نەزىرىدىكى ئاچاش بېلىنى ئېگىپ، ئىشتىنىنى سىيرىپ سېلىپ، ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئاچاشنىڭ بەدىنىدە تۈك باركەن!

بىر قەۋەت يۇمشاق سېرىق تۈك قاپلىغان بەدىنى گۈزەللىكىدىن يۈرەكلەرنى جىغىلدىتىۋېتەتتى. ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ خوتۇنى قورقۇپ كېتىپ ئىشتىنىغا سىيىۋەتتى. ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئالا - بۇلىماچ كىيىمنى تۇتۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

ئۇ پىرقىرىدى، يەنە بىر قېتىم پىرقىرىدى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا، كەينىگە ۋە ئوڭ - سول تەرەپلىرىگە ئۆتۈپ ئۆزىنى تولۇق كۆرسەتتى. ئۇ بىر جۈپ سولياۋ ئاياغ كىيگەن، ئاستا ئىككى قەدەم مېڭىپ، بىردەم توختاپ، قۇشتەك ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. بەدىنى سۇغا كىرگەندىن كېيىن سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان ھەسەن - ھۈسەن پورەكلەپ ئېچىلغان ئانارگۈلدەك چاقناپ كەتتى.

قورسىقىنىڭ سۇ يۈزىگە ئۆرۈلۈشىدىن چىققان ئېغىر ۋە سىلىق ئاۋاز ئاق تېرەكنى دەۋر قىلىپ ئايلىناتتى.

ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى خورسىنىپ، لى يۇچەننىڭ كىيىملىرىنى خوتۇنىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، دەريا بويىغا باردى. ئۇ كىشىلەردىن ئايرىۋېتىلىپ ۋىرۇس يۇقۇپ قالغان كىيىملىرىنى مەجبۇرىي سېلىۋاتقان بىماردەك كىيىملىرىنى ئاستا سالدى. ئۇ لى

يۈچەندەك ئۈزۈل - كېسىل بولالمىدى. لى يۈچەن دەرياغا سەكرىگەندە، پۇتىدا بىر جۈپ ئاياغ بار ئىدى. ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى پارقىراپ تۇرغان كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن خۇرۇم بەتىنكە، تاغاردەك كالتە ئىشتان كىيگەنىدى.

ئۇ سۇغا پۇتىنى تىقىپ باقتى، سۇ ئىلمان ھەم يۇمشاق بىلىندى. بەتىنكىسىنىڭ ئىچىگە بۇلدۇقلاپ سۇ كىرىپ كەتتى. ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ پۇتى تەرلەيتتى. تىنجىق قاراڭغۇلۇقتا تۇرۇپ، تەرلەپ كۆبجۈپ كەتكەن پۇت سۇنى كۆرۈپ خۇددى ئىككى تال سوم بېلىقتەك يايراپ كەتتى. يوغان ئىككى تال سوم بېلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى پۇتىنى سۇغا سالدى. سۇنى كېچىپ ئالدىغا ماڭدى. سۇ پاچىقىغا، يوتىسىغا چىقتى. تاغاردەك كالتە ئىشتىنى سۇدا بىردەم لەيلەپ، كاسىسىغا چاپلىشىپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ دەريا بويىدا قالغان ياداڭغۇ خوتۇنى بىلەن ئوغلى يۇقىرى ئاۋازدا: قۇتقۇزۇڭلار، دەپ ئادەم چاقىردى.

يوغان بىر بېلىق يوتىسىغا قاتتىق ئۇرۇلۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ دەرھال سۇدا يېتىۋېلىپ، ئالدىغا قاراپ ئۈزدى.

لى يۈچەن ماڭا ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپلا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ سۇنى ئىچكەنلىكىنى دېدى. سۇ سۈزۈك ھەم تاتلىق ئىدى. ئاپتاپ كۆرمىگەن سۇنى ئىچىش ئۈچۈن، ئۇ دەريانىڭ تەكتىگە شۇڭغۇدى. دەريانىڭ تەكتىدىكى سۇنىڭ كۆپكۆك مۇز پارچىسىدەك سۈزۈك، تېرىسى سۆسۈن نۇرغۇن تاپان بېلىقلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن چىشلىشىپ، ياپراقلىرىنىڭ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى، دىمىقىغا سېسىق پۇراق ئۇرۇلغانلىقىنى دەپ بەردى. ئۇ ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى كۆردى. ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئۇنى قۇچاقلىغاندا، ئاتىنىڭ ئۇنىڭغا ۋارقىراپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ۋارقىرىغانلىقىنى، جىنسىي مۇناسىۋەت

قىلغانىدەك راھەتلەنگەنلىكىنى، ھۆزۈرىنىڭ قالتىس بولغانلىقىنى دېدى. ھۆزۈرى قالتىس بولغان. ئۇ: مەن ئايلىنىپ قاپتىمەن، تويلۇق كارىۋاتتا ئۆلگەن كېلىن ئەڭ بەختلىك؛ كونا ئاشىنىسىنىڭ قۇچىقىدا جان بەرگەن ئوينىاش تويلۇق كارىۋاتتا ئۆلگەن كېلىندىنمۇ بەختلىك، — دېدى.

مانا ئەمدى، ئاۋاق ئايالنىڭ قاپقارا كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەن، لى يۈچەن شۇ تاپتا ئۇ ئايالنىڭ كۆرۈمسىز ئايال ئىكەنلىكىنى بايقىدى، ئۇنىڭ ئاغزى كالاچتەك، ياڭاق سۆڭەكلىرى ناھايىتى ئېگىز ئىدى، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن سوغۇق نەپەس چىقىپ تۇراتتى، بىر خىل ئاياللارنىڭ ئاغزى دوزاخ دېيىلسە، بۇ گەپ چوقۇم ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاغزىغا قارىتىلغان. ئۆز ۋاقتىدا «ئاچاش، ئاچاش نېمىدېگەن چىرايلىق» دەپ تۇۋۇلاپ كەتكەن ئوغۇل بالا قەددى - قامەتلىك ئەرگە ئايلانغانىدى. چاچلىرى گويا كاتتا ئالىم نيوتون ئەپەندىنىڭ چېچىدەك ياخىيىپ تۇراتتى. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ قارا ھەم چاسا يۈزىگە ئوخشاپ قالغان يۈزىنى ئۇچى ئاق دانىخورەك بېسىپ كەتكەنىدى. ھېلىقى قىزچاقمۇ بويىغا يەتكەن. توي قىلغانىدەك قىلاتتى. قورساق كۆتۈرگەنىدى. توي قىلمايمۇ قورساق كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ ئېغىر نەپەس ئالاتتى. ھەرىكىتى ئاستا ئىدى. مايلىق داغ چۈشكەن قاپقارا يۈزى دات بېسىپ كەتكەن تۆمۈردەك كۆرۈنەتتى.

ئاۋاق ئايالنى قىزى يېتىلەپ لى يۈچەننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

دەپنە ئىدارىسىنىڭ يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن ياش ئىدارە باشلىقى:

— خانىم، بۇياق ئىدارىمىزنىڭ ئالاھىدە دەرىجىلىك ھۆسن تۈزىگۈچىسى. شەھەرلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 8 - مارت قىزىل بايراقدارى. ئۇنى ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ھۆسنىنى

تۈزەشكە بەلگىلىدۇق دېدى.

لى يۈچەن ئاغزىدىكى ماسكىغا ئاۋۋال لېۋىنى تەگكۈزۈپ، ئاندىن ماسكىنى چىشلىدى، ماسكىنىڭ ئۈستىدە كۆزى پارقىراپ تۇراتتى، بۇ كۆرۈش ئەزاسى ئاددىيلا «كۆز» دېيىلىدۇ، قەدىمدىمۇ «كۆز» دېيىلەتتى. ئۇ ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنى جەلپ قىلغان كۆزلىرىنى ئۆلگەن ئاشىنىسىنىڭ تىرىك خوتۇنىغا مەنىستىمەسلىك نەزىرى بىلەن تىكتى. غەلىبە قىلغۇچىنىڭ مەنىستىمەسلىك ئەكس تەتكەن تەبەسسۇمىنى يوغان ماسكا توسۇۋالدى، بۇنىڭدىن ناھايىتى زور ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقتى. ئۇ بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتىپ قويدى.

ئۇ ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئوغلى بىلەن قىزى قولتۇقىدىن يۆلەپ دەپىنە ئىدارىسىنىڭ زالىدىن ئاچقىپ كېتىۋاتقان ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ خوتۇنىنى كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

شەھەرنىڭ بىر رەھبىرى بىلەن يېڭىدىن ئۈستۈرۈلگەن دەپىنە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆشنىسگە ئېغىر يۈك ئارتىلغان لى يۈچەننى ئارىغا ئېلىۋالغانىدى.

— لى ئۇستام، — دېدى رەھبەر، — سىز جان دىلىڭىز بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تىپ! سىز نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئۆلۈكلەرنى ئۆز تۇغقىنىڭىزدەك كۆرۈپ، تىرىكلەرگە تەسەللى بېرىپ كەلدىڭىز.

ئۇ رەھبەرنىڭ گېپىدىن غايەت زور شان - شۆھرەتنىڭ بېسىمى بىلەن ئادەم تېنىدە ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى: ئۇ كۆكرىكىدىكى ئەمچەك دەپ ئاتىلىدىغان ئەزادا توخۇئەت ئۆرلەپ، ئىككى ئەمچەك توپچىسىنىڭ دىڭگىيىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ۋاڭ بۆلۈم باشلىقىنىڭ نامسىز بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئارىسىدا كۆتۈرۈلۈپ

چىقىپ، گىرىسمەن كېچىدە يېنىپ تۇرغان تاماكىنىڭ چوغىدەك قىپقىزىل ئەمچىكىنى ئەسلىدى.

— ھازىر شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىك بار. بۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق ئالامىتى — سافادا تاماكا چېكىپ، رەڭلىك تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ شەھەر باشلىقلىرىنى تىللاش. 8- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى شەھەر باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى «سامان قورساق» دەيدىكەن. ئۇلار بىزنى خەلقنىڭ يىلىكىنى قورسىقىغا قاچىلىۋالغان دەيدىكەن، — دېدى شەھەرنىڭ رەھبىرى.

— بۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت! — دېدى دەپىنە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى غەزەپ بىلەن.

— ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ھايات ۋاقتىدا كېچە - كۈندۈز ئىشلىگەن. ھەر كۈنى 14 سائەت ئىشلەيتتى: ئىزچىل تۈردە غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. سېمىزلىك ئۇنىڭدىكى بىر كېسەللىك. ئۇ سوغۇق سۇ ئىچسىمۇ سەمرىپ كېتىدىغان ئادەملەر تىپىدىن.

— بۇ بىر كېسەللىك، — دېدى دەپىنە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

— ئەتە كەچتە، تېلېۋىزوردا ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بىلەن ۋىدالىشىش توغرىسىدا خەۋەر بېرىلىدۇ، لى ئۇستام، سىز ئالاھىدە ھۆسن تۈزىگۈچى.

ئۇ رەھبەرگە، ئاندىن ئىدارە باشلىقىغا قاراپ، ئىككىلەنگەن ھالدا :

— سىز ئۇنى سەل - پەل ئورۇقلىتىڭ دېمەكچىمۇ......

دېدى.

رەھبەر لى يۈچەننىڭ قولىنى تۇتتى ۋە بار كۈچى بىلەن پۇلاڭلىتىپ:

— يولداش لى يۈچەن، سىز ھەقىقەتەن شەھەر بويىچە

ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇشقا مۇناسىپكەنسىز. ئاممىنىڭ سىزارلىقىنى ئازايتىش ياكى ئارتۇقچە ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسئۇلىيىتىمىز بار. ئۇ شەھەرنىڭ پىشقەدەم رەھبىرى، سىز ئۇنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى بىلەمسىز؟ يەنە كېلىپ، بۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ پىكرى. ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلىپ قېلىش سەۋەبىدىن چېكىۋاتقان ئېغىر ئازابىنى يېنىكلىتىشىمىز كېرەك، — دېدى.

— باشقىلارنىڭ بىر چەتتە تۇرۇپ خىزمىتىمىزنى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلمايمەن، — دېدى لى يۈچەن.

قاۋۇل تۆت ياش ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ جەسىتىنى لى يۈچەننىڭ خىزمەت سۇپىسىغا قويدى، ئاندىن ماتەم مۇزىكىسى توختاپ، دەپنە ئىدارىسى جىمجىتلىققا چۆمدى.

چېكىلگەن ئىشىكنىڭ ئاۋازى بايام باياندا تىلغا ئېلىنغان. ئۇ بىرگە ئەسلىتىپ قويدى، ئۇنتۇپ قالمىدۇق.

## 6

يولداشلار، كاڭ - كاڭ.

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بۇ يىل بولتۇرقىدىنمۇ بەكرەك يوغىناپ، ھەرىكىتى كالامپايلىشىپ، نەپەس ئېلىشى بارغانسېرى تېزلىشىپ كەتكەنىدى. خوتۇنى بىلەن ھەپتىسىگە بەش قېتىم ئەر - خوتۇنچىلىق قىلاتتى، ھازىر ئىككى قېتىمغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭغا ئۇ سەۋەبچى ئەمەس، ئۇنىڭ ئاۋاق خوتۇنى ئېغىر تېپىتكى بۇ تانكىنىڭ ئېغىرلىقىغا بارغانسېرى بەرداشلىق بېرەلمەي، بىرگە بولۇشتىن خۇشى كەتكەنىدى. سەن بۈگۈن شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ كەلگۈسى پىلانى توغرۇلۇق دوكلات بېرىسەن،كۆپچىلىك سېنىڭ

قىپقىزىل چىرايىڭدىن قاناتلىرىنى كەڭ يايغان، پەيلىرى مۆزدەك ئەزرائىلنى بايقايدۇ، كانىيىڭدىن توختىماي ئاجرىلىپ چىقىدىغان يىپىشقاق سۈيۈقلۇقنى ئادالاش ئۈچۈن، ھەربىر ئېغىز گەپنى قىلىپ بولۇپ«كاك - كاك» يۆتىلىسەن، يۆتەلنى مۆزدەك چاي بىلەن باسىسەن. يېقىندىن بۇيان، «مۆزدەك نەرسىگە خۇمار بولۇپ قېلىش» تەك غەلىتە بىر خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالغاندەك ئىسسىق چايدىنمۇ رايىڭ قايتتى. قورسىقىڭدا بىر ئوت بار. ئىچ - باغرىڭ، جۇملىدىن سوقۇر ئۈچەيىڭمۇ شۇ ئوتتا قاقلىنىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. سەن مۆزدەك تورت يەيسەن. مۆزدەك ماروژنى ۋە گازلىق سۇ ئىچىسەن، مۆزدەك گۆش، مۆزدەك يېمىشلەك ئىستېمال قىلىسەن. قىسقىسى، مۆزدەك بولمىغان نەرسىلەرنى رەت قىلىسەن.

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ غەلىتە كېسىلىگە قارىتا شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرلار تىت - تىت بولۇشۇپ كەتتى. دىياگنوز قويالمىدى، داۋالاش ئۇسۇلىنىمۇ تاپالمىدى. بىرەيلەن تېۋىپقا كۆرۈنۈپ بېقىش تەكلىپىنى بەردى. شەھەردىكى نامى چىققان قېرى تېۋىپ ئۈچ بارمىقىنى ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ قولىنىڭ بېغىشىغا قويۇپ، تىترەپ كەتتى - دە، ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيەدىن بىرمۇنچە چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلىپ، قومۇش يىلتىزى، تۇرۇپ قالغان تاۋۇزنىڭ شاپىقى ۋە كۆكتارغاق قۇشىنىڭ پېيى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان دورىغا رېتسېپ يېزىپ بېرىپ، بولدى قىلدى.

ئۇ سوغۇق چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، كۆك شايى پەردىنى قايرىدى، شەھەرنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن خەرىتە نامايان بولدى. كۆك رەڭ دەريا، ئاق رەڭ يول، يېشىل رەڭ باغ، سېرىق رەڭ بىنا ئىدى، ئاندىن كېيىن بىر توپ ئادەم ۋاڭ مۇئاۋىن

شەھەر باشلىقىغا ئەگىشىپ ئازادە، چىرايلىق، سالقىن، گۈللەرنىڭ خۇشبۇيى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان بىر زالغا كىردى. زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا غايەت چوڭ بىر سوپا بار ئىدى. سوپا ئەينەك ئىچىگە ئېلىنغانىدى. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئېلېكتىر كۇنۇپكىسىنى باستى. ئەينەك ئاۋاز چىقارماي سەدەپ قۇلۇلىسىدەك ئۆز ئۈۋىسىغا كىرىپ كەتتى. كىچىك شەھىرىمىزنىڭ سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرىسى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتاتتى.

كۆپكۆك دەريا شەھەرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن، دەريا بويى ئاق تېرەكلىك. سىز مۇشۇ يەردە سۈرەتكە چۈشۈپ باققانمۇ؟ مۇھەببەتلىشىپ باققانمۇ؟

بۇ تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ بىناسى 1990-يىلى پۈتكەن. بىنانىڭ ئېگىزلىكى 89 مېتىر، ئۈستى كەڭ، ئاستى تار. شەكلى ئۇچۇشقا تەمشەلگەن شەپەرەڭگە، بىنانىڭ رەڭگى شەپەرەڭ قانىتىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ.

شەپەرەڭنىڭ قاناتلىرىنىڭ سايىسى 8- ئوتتۇرا مەكتەپنى توسۇۋالغان.

ئاق تېرەكلىكنىڭ سىرتىغا جايلاشقان خەلق باغچىسى ياپيېشىل.

باشقا بىر كۆركەم بىنانىڭ ئاستىدا ھازىرقى «گۈزەل دۇنيا»نىڭ خاتىرىسى بار.

بۇ نىكاھلىنىشقا تونۇشتۇرۇش بىناسى. 1990- يىلى قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 2000-يىلى ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلغان. ئاساسى بىنانىڭ ئېگىزلىكى 99 مېتىر، دۇنيادا مۇكەممەل نىكاھنىڭ بولمايدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى. ناۋادا توي قىلماقچى بولسا، شۇ ئادەمدە 99جىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىر جىڭ بەختكە ئېرىشىدىغان روھ بولۇشى كېرەك. ئاساسي بىنا بىلەن يانداش بىنانىڭ شەكلى يۈرەككە سانجىلىپ تۇرغان ئۆتكۈر شەمشەرنىڭ

شەكىلگە ئوخشايدۇ. بۇ مۇھەببەتنىڭ شەپقەتسىز ۋە قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىگە، ئاساسىي بىنانىڭ رەڭگى كۆك، ئاياللارنىڭ چىرايىغا، ياندىش بىنانىڭ رەڭگى قىزىل، ئېقىۋاتقان قانغا سىمۋول قىلىنغان.

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئورگانىك ئەينەك تاياقچە بىلەن نىكاھلىنىشقا تونۇشتۇرۇش بىناسى مودېلىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن:

مەن بۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشى، مۇھەببەت شېرىن، نىكاھ بەختلىك. مۇھەببەت بەخت يارىتىدىغان بىنانىڭ رەڭگى - شەكلى بۇنداق بولمىسۇن. ھەممە بىر نىيەتتە بولسا كۈچ زور بولۇر، ئاۋامنىڭ رايىغا قارشى يول تۇتماسلىق زۆرۈر. بۇ بىنالارنىڭ مودېلى ئىچىدە مۇشۇ بىنانىڭ مودېلىغىلا پۈتۈن شەھەردىكى ئاما، بولۇپمۇ ياشلار ئەسەبىيلەرچە چوقۇنىدۇ، — دېدى.

قۇرۇلۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان نىكاھلىنىشقا تونۇشتۇرۇش بىناسىنىڭ شەكلى كولباسانىڭ شەكلىگە ئوخشايتتى، ئۆگزىسى يۇمىلاق ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ھاياتلىقنىڭ سىمۋولىمىش. ئورگانىك تاياقچە ئاق «گۈزەل دۇنيا» غا تەگكەندە، سوغۇق ئېقىم ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ يۈرىكىگە ۋە ئۆپكىسىگە ئۆتۈپ كەتتى. لى يۈچەن يالىڭاچ بەدىنىگە قاردەك ئاپئاق خالات كىيىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ تۇراتتى. «گۈزەل دۇنيا» دىكى ئەتىنىڭ تەمى قەلبىڭدە ھەسەلدەك چايقالماقتا. چىرايىڭنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، قىلچە ئىسسىقلىقى يوق تەر تامچىلىرىنىڭ ئەتلىرىڭدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇق.

ئورگانىك ئەينەك تاياقچە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. سۇنئىي گرانىت تاش ياتقۇزۇلغان يەرگە ئاۋازلىق ئۇرۇلۇپ قاڭقىپ، يەردىن 20 سانتىمېتىر بوشلۇقتا ئىككى پارچە بولدى. بۇ خەۋەرنى

ئاڭلاپ، فىزىكا مۇئەللىمى: «بىر تال ئورگانىڭ ئەينەك تاياقچىنى سۇندۇرۇۋەتكەن قانداق كۈچ ئۇ؟» دەپ ئويلىدى. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بىزنىڭ بۇ گۈزەل شەھىرىمىزنىڭ 2000- يىلىدىكى مەنزىرىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قۇمدىن ئىشلەنگەن مودېلى ئۈستىدە ياتاتتى. ئىششىپ كەتكەن يوغان بىر قولىدا نىكاھلىنىشقا تونۇشتۇرۇش بىناسى بىلەن «گۈزەل دۇنيا» نىڭ ئارىلىقىنى بېسىپ ياتقان ھالىتى كىشىدە بىر خىل يىرگىنىشلىك، ئەمما ناھايىتى ماس كەلگەن تەسىرات پەيدا قىلىدى. كاللاڭلارغا قاتتىقلىقى بىلەن ئاجىزلىقىنى بويسۇندۇرغان ماددا مەڭگۈ ئۆچمەس تەسىرات قالدۇرغان، توغرىمۇ؟

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئۆلدى.

شوپۇر رولدا، ئەسكەر جەڭگاھتا، مۇئەللىم دەرس مۇنبىرىدە، مال ساتقۇچى پەشتاختىدا ئۆلىدۇ، ماركس كىتاب ئۈستىلىدە ئۆلگەن، ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى قۇمدىن ياسالغان مودېل ئۈستىدە ئۆلدى.

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ جەسىتىنى قاۋۇل بىر توپ ياش توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى تۈزلىۋېتىش ئالدىدا تۇرغان «گۈزەل دۇنيا» غا كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئالاھىدە دەرىجىلىك ھۆسن تۈزىگۈچى، شەھەر بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى لى يۈيچيەننىڭ خىزمەت سۈپىسىغا قويدى. ئەتىگەن سائەت 8 ياكى كەچ سائەت 8، ئىككى خىل گەپنىڭ ئىككىلىسى توغرا، شۇڭا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

## 7

ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز يەنىلا داۋام قىلماقتا. ئىلگىرىكى داڭلىق تۈل خوتۇن، مومىدىن پۈتكەن ساھىبجامال، فىزىكا

مۇئەللىمى جاڭ چىچيۇنىڭ ھازىرقى قېيىنئانىسى كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى زۇۋانى ئەسلىگە كەلسە، مۆجىزىدەك كارىۋاتتىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئىشكىنىڭ سائەت مايانتىكىدەك توغرا چېكىلگەن ئاۋازىنى پالەچ بولۇپ كارىۋاتتا يېتىپ قالغان چاغدا بىز بىلەن بىللە ئاڭلىغانلىقىنى دەيدۇ. ئۇ ئىچى تىتىلداپ مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلدى. قىزى بىلەن كۈيئوغۇلغا، ھەتتا تاقىر باش ئىككى نەۋرىسىگىمۇ قاتتىق ئۆچ ئىدى. ئۇ تارىختىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ مۇشۇنداق سەۋر - تاقەت بىلەن قىلچە قوپاللىق قىلماي، پۇقرالارنىڭ ئىشىكىنى چېكىش — پەقەت خەلق ئارمىيەسى بىلەن خەلق ئارمىيەسى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىشپىيونلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. باشقا ئارمىيە ئىشىكنى تېپىپ ئۆرۈۋېتىدۇ، دېيىشى مۇمكىن. مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ ئوبرازىدا چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتاتتى. ئۇ بۇرۇن قىزىل تاۋار كەش كىيىپ، چېكىسىگە توق قىزىل بىر تال ئانارگۈلنى قىستۇرۇپ ھويلىدا يالىڭاچ يۈرۈشكە خۇشتار ئىدى. مانا ئەمدى پالەچ بولۇپ قېلىپ كارىۋاتتا يېتىپ قالدى. پاختىدەك يۇمشاق، تاۋاردەك سىلىق تېنى بىر پاتمان پىتلارنىڭ ماكانىغا ئايلاندى. يېقىن كەلگۈسىدە ئۇ مۆجىزىدەك ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. ئورنىدىن تۇرۇپلا قالماي، قىڭغىر ئاغزى تۈزلىنىپ، سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالغان ھالەتكە چېكىت ئۇرۇلۇپ، سۆزلەش ئىقتىدارى تەلتۆكۈس ئەسلىگە كېلىدۇ. كېسەل بولۇپ قالغان مەزگىلدە دېيەلمەي قالغان گەپلىرىنى تولۇقلىۋالىدىغاندەك كاپىلداپ سۆزلەشكە باشلايدۇ. ئادەم بولسا ئادەمگە، ئادەم بولمىسا ئىتقا، ئادەممۇ ياكى ئىتمۇ بولمىسا، تامغا سۆزلەيدۇ.

ھازىر ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋاقتىمىز يوق، ئۇ كارىۋىتىدا يېتىۋەرسۇن. بىز ئۇنىڭ ۋاڭ بۆلۈم باشلىقى بىلەن بىللە ئۆتكەن رومانتىك كەچمىشلىرىنى ئەسلىگەچ، كۆز ئالدىدىكى ئازابلىق تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمىز، ئۇ چاغدا لى يۈچەن تېخى

كىچىكلا قىز ئىدى.
لى يۈچەن ئەينى يىلى ئۆزىنى كۆپكۆك سۇدىن قۇتقۇزۇۋالغان شەپقەتچى جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ھۆسنىنى تۈزەشكە رازى ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا ئىپادىلىگەنىدى. بۇ گەپنى دېگەن چېغىدا «گۈزەل دۇنيا» دىكى خىزمەتىدىن ھوزۇر تاپىدىغانلىقىنى دېدى.
ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ جەستى ئۇنىڭ خىزمەت سۇپىسىغا يۈزى تورۇسقا قارىتىپ ئوڭدا ياتقۇزۇپ قويۇلدى. خىزمەت سۇپىسىنىڭ ئېگىزلىكى 100 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 100 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى يېنىنى قوشقاندا 200 سانتىمېتىر ئىدى. ئۈستىدە جەسەت بولمىسا ئۈستىگە يېپىپ قويۇلغان بىر پارچە قاردەك ئاپئاق كىرلىكنى، كىرلىكنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر تەشتەك گۈلنى كۆرىسىز. خىزمەت سۇپىسىنىڭ تۆت پۇتىغا تۆت كىچىك چاق ئورنىتىلغان. ھۆسن تۈزەش تۈگىگەندىن كېيىن، جەسەت ئۇرۇق - تۇغقان ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ جەسەتنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن زالغا، ئۇ يەردىن ئوچاقنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ ئاپىرىلىدۇ. جەسەت تۆمۈر ئىلمەك ئارقىلىق پۈرژىنلىق پولات تاختايغا ياتقۇزۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدۇ. جەسەت كۆيدۈرۈش ئىشچىسى ئېلېكتىر كۇنۇپكىنى باسىدۇ. جەسەت خۇددى زەمبىرەكتىن ئېتىلغان ئوقتەك ئوچاققا كىرىپ كېتىدۇ.
سىز خىزمەت قىلىدىغان ئۆي ئالامەت چوڭ، ئاق خىزمەت سۇپىسى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا، خىزمەت سۇپىگىزنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان ئون نەچچە تەشتەك گۈل تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئېچىلىپ تۇرىدۇ. سىز بىر سىبىرىق ئېچىلىدىغان كاكتۇسقا ھەممىدىن بەك ئامراق. بۇ يەردىكى گۈللەر چىرايلىق ھەم ياخشى ئايىنغان.

كەچتە دەپنە ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىدۇ. رەڭمۇرەڭ ئېئون چىراغلىرىدىن تەركىب تاپقان «گۈزەل دۇنيا» كوچىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەن ئاشىق - مەشۇقلارنى جەلپ قىلىدۇ. ھۇجرىڭىزنىڭ ئىشىكمۇ تاقىلىدۇ. ئىچكى قىسمىدىكى ئېشپىيونلارنىڭ مارىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچىنى تىقىدىغان تۆشۈكنى ھېيلە ئىشلىتىپ سوپۇن بىلەن ئېتىۋېتىسىز، يۈرىكىڭىز ئاشنا ئۈنىغان چاغدىكىدەك دۈكۈلدەپ سوقۇپ كېتىدۇ. ئۇ بورنى يۇتۇپ تۇرۇپ بىزگە:

سىز چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ تېز سوقۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكىڭىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈتۈپ ياغاچ ئورۇندۇقتا چوڭقۇر تىنىپ ئولتۇرىسىز. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ تېنىدىن كېلىۋاتقان پۇراق ئون نەچچە تەشتەكتىكى گۈللەرنىڭ ھىدىنى بېسىپ چۈشەتتى. بۇ يەردىكى مەنزىرە «تۈرلۈك گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى بېسىپ چۈشۈشىنىڭ پولاتتەك ئىسپاتى» چىراغ ئۆچۈرۈلگەن، ئۆي ئىچى خۇددى پەرىلەر ماكانىغا ئوخشايدۇ. رەڭلىك گۈل بەرگلىرى قاراڭغۇلۇقتا پىچىرلىشىدۇ. دېرىزىنىڭ ئەينىكى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيدۇ. سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسىنىڭ كېچىدىكى تاراقشىغان ئاۋازى دېرىزىنىڭ رامكىسىدىكى تۆشۈكتىن كىرىپ تۇرىدۇ. 8- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار ياتاق بىناسى سېلىنىۋاتىدۇ. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى گەرچە ئۆلگەن بولسىڭىزمۇ، لېكىن سىزنىڭ 8- ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن، دېدىڭىز.

يۈرەكنىڭ رىتىمى ئەسلىگە كەلدى. لى يۈچەن چىراغنى ياندۇردى. چىراغنىڭ تىك چۈشكەن نۇرىدا كۆزى ئالاچەكمەن بولۇپ بېشى قېيىپ كەتتى. ئۇ ئۆلگەن ئادەمنىڭ يۈزىگە پەرداز بەرگەن چاغدا بۇنداق ئوڭايسىزلىنىپ باقمىغانىدى. خىزمەت

سۇپىسىدا ياتقان ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ جەسىتى بۇنىڭغا سەۋەب بولالمايتتى. ئۇنداقتا ئۇ سىزنىڭ ھەم ئانىڭىزنىڭ بۇرۇنقى ئاشنىسى بولغاچقا شۇنداق بولۇۋاتىسىز، ئەلۋەتتە.

سىزگە ھەرقانچە بىلگۈكىز بولسىمۇ ھامان بىر كۈنى مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا بويسۇنۇپ كارىۋىتىمدا ياتىسىز دەپ تالاي قېتىم دېدىم. سىز جاھىللىق بىلەن، ئۆلسەم ئۇدۇل ئوچاققا كىرىپ كېتىمەن. ھۆسن تۈزىتىشىمنىڭ كېرىكى يوق دېدىڭىز. ئەمما، ئۆلۈپ كېتىۋىدىڭىز، ئىشلار سىز دېگەندەك بولماي قالدى.

ئۇ تامدىكى تارتمىنى ئېچىپ، تارتمىدىن كاۋچۇك پەلەينى ئېلىپ كىيدى. پەلەي نېپىز ھەم سۈزۈك ئىدى، قولىغا پەلەي كىيگەنلىكى بىلىنمەيتتى. ئۇ يەنە كۈن نۇرىدىن پارقىراق ھەم دېرىزىگە چاپلايدىغان قەپەستىن نېپىز ئوپېراتسىيە پىچىقىنى ئالدى. تاتلىق كۈلۈمسىرەپ خىزمەت سۇپىسىنىڭ ئالدىدا تۇردى.

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ يۈزىدە ۋەھىمىلىك ئالامەت قېتىپ قالغاندەك قىلاتتى. مېنى سۆيگەن شەندوڭلۇقنىڭ قاتتىق كالپۇكى تىترەۋاتقاندەك قىلاتتى. كالپۇكىڭىزنى نېمىشقا تىترىتىسىز؟ قورقۇۋاتامسىز؟ كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان يەردە، مۇشۇ كىچىككىنە ئوپېراتسىيە پىچىقىدىن قورقۇپ كېتىۋاتامسىز؟ بۇ ئەبلەخ ھەمىشە مېنى تىلىمنى چىقىرىپ بېرىشكە مەجبۇرلايتتى. ئۇ ئاچ كۆز چوشقا كۈچۈكىگە ئوخشايتتى. لى يۈچەن ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ كالپۇكىنى موچىن بىلەن ئۆرۈدى، چىشلىرى كۆرۈندى. چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاخشامقى سامساقنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئاغزىڭىزدىن ئۆز ۋاقتىدىمۇ سامساقنىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ يېڭى سامساقنىڭ پۇرىقى ئىدى. ئۇ يەنە تۆۋەنكى كالپۇكىنى موچىندا قىسىپ پەسكە تارتتى: يەنە بىر موچىندا ئۈستۈنكى كالپۇكىنى قىسىپ ئۈستىگە تارتتى. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئاغزى

رومبا شەكىلگە كىرىپ قالدى. ئۇ ھايات بولغان بولسا ئاغزىنى ئەسلىي ھالىتىگە ئەكېلىش ئۈچۈن، كالپۇكلىرىدىكى ئىككى موچىننى يۇلۇپ ئېلىۋەتكەن بولارىدى. بۇنداق خەۋپ مەۋجۇت ئىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىنى رومبا شەكىلگە ئەكەلگەن چاغدا ھېلىقى ئىككى بىلەكنىڭ ھەر ۋاقىت كۆتۈرۈلۈش ئېھتىمالىنى غۇۋا ھېس قىلىپ تۇراتتى. ئاغزى ئالتۇنىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ: بەدىنىدىكى ھەربىر تال تۈك ماشا ئېنىق تۇرسا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بۇ نۇرلار نەدىن كەلگەندۇ؟ ئادەمنىڭ ئاغزى نېمىشقا پارقىرايدۇ؟ دەپ بەك ھەيران بولدى. يۈرىكى بىرپەس «دۈك - دۈك» سوقۇپ، قولىدىكى ئىككى موچىنمۇ يۈرىكىنىڭ سوقۇشىغا ئەگىشىپ تىترەپ كەتتى. تاتىرىپ كەتكەن چىرايىڭىزنى كۆردۇق. قەپەستىكى توغرىسىغا قويۇلغان قونداقتا تاز قارادەك زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بايان قىلغۇچىغا ئوخشايسىز. سىز «گۈزەل دۇنيا» دا ھۆسن تۈزىگۈچى. ئىككى موچىن بىلەن ئاغزى كۆپ تەرەپلىك شەكىلگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن ئۆلۈك. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىشى، پۈتۈنلەي تاتىرىپ كېتىشى مۇمكىن. بىۋاسىتە بايانىڭىز ئارقىلىق چىرايىڭىزدىن باشقا بىر «سەن» نىڭ چىرايىنى ۋاسىتىلىك كۆردۇق. سىز تەركىب تاپقان ئۈچەيلەن مۇستەقىل بىر گەۋدە. ئالاھىدە مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ بىر بولۇش.

فىزىكا مۇئەللىمى ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ چىرايلىق يۈزىدە ئەكس ئەتكەن خىيالىي روھىي ھالەتنى كۆردى. خىيالىي روھىي ھالەت گۈزەل ئاياللارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بىر قەۋەت پارقىراق سېرىق تۈكلەر تاڭ ئالدىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ ھەم ئەڭ سوغۇق پەيتتە ئىللىق، ھەم نۇرلۇق بولۇپ كېتەتتى. ئېرىنمەستىن تەكرار دەپ قويۇشۇم زۆرۈر. چېكىلگەن ئىششىكنىڭ ئاۋازى بۇرۇنقىدەكلا چىقىۋاتىدۇ، بۇ ئاۋازنىڭ راستلىقىدىن ئادەم

گۇمانلىنىدۇ.

سىز قاچان ئالتۇن چىش سېلىتقۇالغانتىڭىز؟ ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ، قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى. مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولغاندىن تارتىپ پەقەت تېلېۋىزوردىلا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدىڭىز. ئاغزىڭىزنى ئېچىپ گەپ قىلغان چېغىڭىزدا ئاۋازىڭىزمۇ چاقناپ كېتەتتى. مەن تېخى ئۇ تېلېۋىزورنىڭ ياكى تېلېكامېرانىڭ نۇرى ئوخشايدۇ دەپتىمەن. ئالتۇن چىش سالدۇرغىنىڭىزدىن زادىلا خەۋىرىم يوق ئىكەن. مەن سىزنىڭ ئاشنىڭىز، ناۋادا باشقا ئاشنىڭىز بولۇپ قالغان بولسا، شەھەر باشلىقى بولغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، سىزگە جەزمەن سايىدەك چاپلىشىۋالغان بولاتتى. مەن ئۇنداق قىلمىدىم. ھەر كۈنى مېنى سېغىنىدىغانلىقىڭىزنى، ئاۋاق خوتۇنىڭىزدىن بەكرەك سېغىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، شۇنداقمۇ؟ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر قاراڭغۇدا پىچىرلىشىدۇ. گۈل بەرگى ئادەمنىڭ تىلىغا ئوخشايدۇ. گۈلنىڭ ئاتىلىقى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپىيىش ئەزاسى. گۈلنى مەدھىيەلەش گۈلنىڭ ئاتىلىقى بىلەن ئانىلىقىنى مەدھىيەلەش دېمەكتۇر. بۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ بايقىشىم ئەمەس. بۇ بىزگە ئايدىڭ.

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— راستمۇ؟ — دېدى.

ئۇ زەردى بىلەن چىراغنى پەسكە تارتىپ موچىن بىلەن كونا ئاشنىسىنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى. ئۆلگۈر، نېمىگە كۈلىسىز؟

ئانىڭىز بىلسە جەزمەن كۈنداشلىق قىلىدۇ.

ئاچ كۆز!

قېرى كالا يۇمران چۆپكە ئامراق!

پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ياۋا ئېشەكنىڭ يېنىدىن بۇلاپ ئەكەلگەن بۆرىنى ئاغزىڭغا ئاپاردۇق.

چىشىڭنى يۇلۇۋېتىمەن!

ھۆسىن تۇزىگۇچىنىڭ چىرايى تۇرۇلدى. ئاقۇچ چىراغ نۇرىدا ئۇياتچان چىرايى خۇددى چوكانتال بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە ياغقان يامغۇردىكى شاپتۇل چېچىكىنىڭ بەرگىدەك ئوماقلىشىپ كەتتى.

ئۆلگۇر! يۇمران چۆپ يەيسىز، چىشىڭىزنى يۇلۇۋېتىمەن!

ئۇ موچىن بىلەن ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئاغزىنى يىرتىپ، يەنە بىر موچىن بىلەن ئۈچ تال ئالتۇن چىشنى بىر - بىرلەپ يۇلدى - دە، ئىسپىرت بار تەخسىگە تاشلىدى. ئالتۇن چىشنى ئىسپىرتقا چىلاپ قويىدىكەنسىز. ئاندىن يۇيۇپ، بۇرنىڭىزغا ئاپىرىپ پۇرىدىڭىز. ئالتۇن چىشلاردىن ئاخشامقى سامساقنىڭ پۇرىقى كەلدى. تام ئىشكاپىدىن سەرەڭگە ئېلىپ، تەخسىدىكى ئىسپىرتقا ئوت ياقتىڭىز. كۆكۈچ ئۇچقۇنلار كۆتۈرۈلدى. ئالتۇن چىشلارنى كۆكۈچ يېنىۋاتقان ئوتقا قويىدىكەنسىز، كونىلارنىڭ «ساپ ئالتۇن ئوتتا كۆيمەيدۇ» دېگەن گېپىنى ئويلىدىڭىز. ئالتۇن چىشلارنىڭ ئوتتا پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردىڭىز. يەنە ئىسپىرتتا چايقىدىڭىز. يەنە پۇرىدىڭىز. بۇرنىڭىزغا بانانىنىڭ تاتلىق پۇرىقى ئۇرۇلدى. بۇ ئالتۇننىڭ ھەقىقىي پۇرىقى ئىدى.

50 - يىللاردا بىزنىڭ بۇ كىچىك شەھىرىمىزدە مۇنداق بىر باللار قوشىقى تارقالغانىدى. ئۇ چاغلاردا سىلەر كىچىك، 60 - يىللارغىچە تارقىلىپ يۈردى. ئۇ چاغدا سىلەر سەل چوڭ بولغانىدىڭلار. شۇ باللار قوشىقىنى سىلەرمۇ ئېيتقان. تېكىستى ئېسىڭلاردىمۇ؟

ئانام چوڭ، ئاتام كىچىك،
سوقۇشتا ئاتام قېچىپ.
كەتكەنىكەن تەيۋەنگە،

يۇتىدا خۇرۇم كەش.
قولىدا سائەت، بانان،
كۆتۈرۈپ كەلدى ئاتام.
......

بۇ جاراڭلىق ناخشا كوچىلارنى ئارىلاپ ئۆتكەن سوغۇق باھار شامىلىدەك چوڭ - كىچىك كوچىلارغا تارقالغاندى. ناخشىنىڭ تېكستى تەيۋەنگە مۇناسىۋەتلىك ھەم «خۇرۇم بەتىنكە كىيگەن، سائەت تاقىغان» دېگەندەك ئەكسىيەتچى ئىبارىلەر بولغاچقا، قوشاق پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى. شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى تۈركۈملەپ رازۋېدكىچىلارنى ئاجراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پوچتىكەش، بەزىلىرى ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى تېرىپ يۈرىدىغان چار بازارچى ۋە بەزىلىرى پىچاق - قىڭراق چاقلىغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالدى...... ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر خىل كەسىپتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا سەگەك قۇلاقلار بار ئىدى. كېيىن بۇ ناخشىغا يېڭى تېكست سېلىندى. ئەمما، ناخشىنىڭ تەسىرى خۇددى بانانىنىڭ تەمىدەك يادىڭىزدا قالغاندى.

ئۇ تارتمىنى ئېچىپ، بىر پارچە داكا تېپىپ، ئۈچ تال ئالتۇن چىشنى شۇنىڭغا ئوراپ ئاۋۋال تارتمىغا سېلىپ، قۇلۇپتىن يەنە بىرنى سالدى؛ كېيىن تارتمىدىن ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىپ، يانچۇقنىڭ ياپقۇچىغا ئۈچ تال ئىلغۇچ ئىلدى؛ ئۇ ھەرقانداق نەرسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزنىڭ ماراۋاتقانلىقىنى ھامان ھېس قىلاتتى. بۇ كۆزلەر ھېلى تامدىن، ھېلى ئىشكتىن، ھېلى دېرىزىنىڭ ئەينىكىدىن ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتىڭىز.

ئـۆي ئـچــى بــردىنلا قــاراڭغۇ بولــۇپ كەتتــى. گــۈل بەرگلــرى يېڭىباشــتىن قەددىنــى رۇسـلىدى ھەمـدە پىچىرلىشـشقا باشـلىدى. قاراڭغۇدا شەپەرەڭگە ئوخشاپ كېتىـدىغان قاپقارا ئىككى كېپىنەك ئۆي ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۆلگەن ئەر ھۆسن تۆزەش كارىۋىتىدا سوغۇق كۆلـۈپ ياتـاتتى، ھەتتـا غىچىرلاۋاتقـان چىشىنىڭ ئـاۋازى كېلەتتـى. ئۆلـۈپ كەتـكەن ۋاڭ مۇئـاۋىن شـەھەر باشـلىقى چىشنى غىچىرلاتمىغــان بولــسا، خەلــق باغچىــسىدىكى كىچىــك يولــۋاس چىشىنى غىچىرلاتقـان بولۇشـى مـۇمكىن. دېرىزىنىـڭ سـرتىدا ـــ بۆگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاندىن بايقىدۇق. دېرىزىنىـڭ سـرتىدا، ئـانچە يىــراق بولمىغــان جايــدا ئــۇ تەســۋىرلىگەن ھېلىقــى دەريــا يېيىلىـــپ ئېقىۋاتـــاتتى. دەريـــادا بېلىـــق قاســـرىقىغا ئوخـــشاش كىيـدۈرملەر لەيـلەپ تـۇراتتى. شـەھەرنىڭ چىراغلىرىنىـڭ يـورۇقى كۆپكۆك دەرياغا چۈشكەنىدى. چىـراغ نۇرلىرىنىـڭ ئەكسى دەريـادا جىمىـرلاپ ئوينـايتتى. 8- ئوتتـۇرا مەكتەپـتە ئوقۇتقـۇچىلار ياتـاق بىناسى سىپلىنىۋاتاتتى. دېرىـزە ئەيىنىكىنىـڭ بىلىـنەر - بىلىنمەس دىرىلدىشى سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسىنىڭ گۈركىرەۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى.

شۇ كـۈنى كەچـتە، ئالاھىـدە ھۆسـن تۆزىگـۈچى ۋاڭ مۇئـاۋىن شەھەر باشلىقى «قىـرى كـالا يـۇمران چـۆپكە ئـامراق» دەپ داۋراڭ سـالغانلىقى ئۈچـۈن چـىشى قىرىـشىپ، ئۇنىـڭ ئـۈچ تـال ئـالتۇن چىشىنى يۇلۇۋېلىپ، ئۆزىچە چىۋىن يېۋالغانـدەك بولـۇپ، چىراغنـى ئۆچـۈرۈپ دېرىــزە تــۈۋىگە كەلــدى. ئىلمىكنــى ئاســتا چىقىرىــپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. دەريا ئۈستىدىكى يۇمشاق شامال ئۆي ئىچـگە كىردى. ئۇنىڭ قاسنىقىدىكى يالىڭاچ بىرنەرسىنى يۇيـۇپ خـۇددى زېمىنىنــڭ بۆرۈتىــدەك تولغىنىــپ ئېقىۋاتقــان دەريــا ســۈيىدىن چىقىۋاتقان چەكـمە سـازنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىـدىغان ئـاۋازنى ئاڭلىدى. خەلق باغچىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تـۆت تـۈپ قەدىمـي

تۇخۇمەك دەرىخى، دەرەخنىڭ تۈۋىدە يېشىل تۆمۈر قەپەس بار ئىدى. ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشىدىن قۇلاق پەردىلىرىڭىز تىترەپ كەتتى. يولۋاس يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا قەدىمىنى چوڭ ئېلىپ قەپەس ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئېتىلىپ كەلگەن سۈرلۈك ۋە يوغان سايىسىدىن يولۋاسنىڭ خېلىلا قاقباش ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسى بىردىنلا چىڭقىلىپ كەتتى. يولۋاسنىڭ سايىسى موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى: بۇرنىدىن كىرىپ ئاغزىدىن، سول قۇلىقىدىن كىرىپ ئوڭ قۇلىقىدىن، مەقئىتىدىن كىرىپ كىندىكىدىن چىقاتتى. ئۇ قېپيالىڭغاچ بولۇپ، ئاندىن ئاپئاق خىزمەت كىيىمى كىيىشكە ئادەتلەنگەنىدى. بۇنداق كىيىنىش ئادەمدە بىر خىل جاھىلانە شاللاق خىيالنى ئويغىتاتتى: مەن ئاپئاق پەرىشتىگە ئوخشايمەن، ھەتتا كالتە ئىشتانمۇ كىيمىدىم (پەرىشتىلەر كالتە ئىشتان كىيمەيدۇ).

شۇڭا، دەريا ئۈستىدىكى شامال ئىللىق بولسىمۇ، تېنى ناھايىتى ئاسان ھۆل بولۇپ كەتتى. ھېلىقى ئۈچ تال ئېغىر ئالتۇن چىش ئۈچ تال مۇزغا ئوخشاش ئارتۇقچە نەرسىدەك ياللۇغلانغان سوقۇر ئۈچەيىنىڭ ئاغرىقىنى تىزگىنلەپ تۇراتتى. ئوچۇق تۇرغان ياقىڭىزدىن ئىچىڭىزگە نەمخۇش شامال كىرىپ كەتتى. ئەمچىكىڭىزنىڭ قارا چىلانغا ئوخشاش ئىككى توپچىسىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭىز.

ئەمەلىيەت سىزنى ماراۋاتقان ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى، ھەممىسىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈپ كەتكەن ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئالتۇن چىشىنى ئالاھىدە دەرىجىلىك ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ قومۇرۇپ ئېلىۋالغانلىقىغا ھېچكىمنىڭ كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇ دېرىزىنى ياپتى. چىراغنى ياندۇرۇپ ئىشنى باشلىدى.

ئەينى يىلى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم، ئۇ ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپ سىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھاۋا قاتتىق ئىسسىق بىر كۈنى چۈشتە، خۇددى قارام يىگىتتەك تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماي كىيىم - كېچەكلىرىڭىزنى سالدۇرۇۋەتكىنىڭگە ئوخشاش، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىمۇ يۈز - خاتىر قىلماي سالدۇردىڭىز.



# ئۈچىنچى باب

## 1

تېببىي پەنلەر دوكتورى ئۇۋىياڭ شەنبىن يېقىندا بۇ گۈزەل كىچىك شەھەردە چىقىدىغان گېزىتنىڭ «ئائىلىدىكى ئىشلار» مەخسۇس ئىستونىدا، خۇشاللىق ياكى ئازاب ئىكەنلىكىگە ئېنىقلىما بەرگىلى بولمايدىغان بىر خەۋەرنى شەھەر ئاھالىسىگە جاكارلىدى. گېزىتنىڭ ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشۈمگە ئىجازەت بەرگەيسىلەر: ھەرقانداق بىر كىچىك شەھەردە ئاساسەن مۇشۇنداق بىر پارچە گېزىت بار. بۇ گېزىت تۆت بەتلىك، چوڭ - كىچىكلىكى ئاشكارا تارقىتىلىدىغان «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» گە ئوخشاپ كېتىدۇ. قەغىزىنىڭ سۈپىتى ئالامەت ياخشى، يۇمشاق، سۇ سۈمۈرۈش ۋە مەينەتچىلىكنى ئېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇ بۇ قەغەزنىڭ ھاجەتخانا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلۇقىنى بەلگىلىگەن. شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۇ گېزىتكە 550 مىڭ يۈەن تولۇقلىما بېرىدۇ. بۇ گېزىتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. مەۋجۇت بولغانىكەن، ئەلۋەتتە مۇۋاپىق بولىدۇ. تۇرۇپلا: كىچىك شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق بىر پارچە گېزىت بار. بىزنىڭ مۇشۇ شەھەردە مۇشۇنداق بىر پارچە گېزىت بولمىسا، قانداق بولۇپ كېتەر؟ دەپ ئويلاپ قالىسىز.

ئۆتكەن يىلى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشتىكى ھاراقكەش بىر قېرى مۇشۇ گېزىتنى قالدۇرۇۋېتىش توغرىسىدا بىر تەكلىپ سۇنغان، بۇ شەھەردىكى 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ كۆككە يەتتى. شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئىشخانىسىدىن غەزەپلەنگەن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بەزىلەر سىياسىي كېڭەشتىكى ھاراقكەش بوۋاينىڭ جۇسەيفاڭ كوچىسىدىكى 19 - نومۇرلۇق ھۇجرىسىنى پارتلىتىپ تۈپتىن قىلىۋېتىش توغرۇلۇق داۋراڭ سالدى.

گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى بىلەن مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئىككىسى بىللە ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقنى زىيارەت قىلدى.

باش مۇھەررىر كۆركەم سۇنئىي كالا خۇرۇم سومكىسىدىن سارغىيىپ كەتكەن بىر پارچە كونا گېزىتنى ئالدى. گېزىتكە بىر پارچە خەۋەر بېسىلغانىدى:

يولدىن ئازغان ياش قىز دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئۇنى باتۇرلاچە قۇتقۇزۇۋالدى...... تۈنۈگۈن گۇگۇم مەزگىلىدە شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ گوجوڭ خوتۇنى، ئوغلى ۋە قىزى بىلەن بىللە دەريا بويىدىكى تېرەكلىكتە سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. توساتتىن يولدىن ئازغان ياش بىر قىزنىڭ دەرياغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئېقىن تېز ئىدى. ياش قىزنى دولقۇن ئېقىتىپ كەتتى. ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى خەۋپ - خەتەرگە قارىماي بىرلا سەكرەپ، دەرياغا چۈشۈپ بەختىسىزلىككە ئۇچرىغان ياش قىزنى قۇتقۇلدۇردى......

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى سارغىيىپ كەتكەن كونا گېزىتنى ئاشنىسىنىڭ بىر قەۋەت سېرىق تۈك باسقان يۇمىلاق ھەم سىلىق، ئىنچىكە بىلەكلىرىنى سىلىغاندەك سىلاپ كەتتى......

ئۇۋۇياڭ شەنبىن دوكتور ئۆزىنىڭ نوپۇزلۇق قەلىمى ئارقىلىق

شەھەر خەلقىگە...... كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى قەتئىيلىك بىلەن جاكارلاپ...... «ھايات پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ» دېگەن تەنتەنىلىك ساختا گەپنى بىراقلا تارمار قىلىپ تاشلىدى.

دوكتور ئەتراپلىق نەقىل ئېلىپ، سان - ساناقسىز پاكىت كۆرسەتكەن، ئالىي ماتېماتىكىدىكى سىزىقلىق كۆپ تەرەپلىك ئۆزگىرىش فۇنكسىيە ۋە بىر جىنسلىق ماركوفچە تەگلىمە ئارقىلىق مۇرەككەپ يەكۈن چىقارغانىدى.

— ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ يەكۈن چىقىرىشى ئارتۇقچە ئىش ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ماتېماتىكىلىق فورمۇلاسىنى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق ئىدى، — ئۇنىڭ ماقالىسىگە بىز قەتئىي ئىشىنىمىز.

پەقەت زۆرۈرىيەتلا بولسا، دۇنيادىكى ھەرقانداق مۆجىزىنى يارىتالايمىز، ئادەم بولمىسا ئادەمنى، قورال بولمىسا قورالنى، ئاتوم بومبىسى بولمىسا ئاتوم بومبىسىنى ياراتقىلى بولىدۇ......

## 2

ئاتوم بومبىسى پارتلىغان چاغدا، پولات - تۆمۈر گازغا، قۇملۇقتىكى قۇملار ئەينەككە ئايلاندى. كۆز ئالدىمدا تۇيۇقسىزلا موگۇسمان بۇلۇت كۆتۈرۈلدى. جىسمىڭ لەيلەپ نەگە كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. پەقەت ئۇنىڭ قولۇمدا چىڭ تۇتۇۋالغان بىرنەرسە بار، سەن لەيلەپ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان جايغا كېتىپ قالمىدىڭ — ئۇ تىرىلىپ ئۆلۈم توغرىسىدىكى ھېس - تۇيغۇلارنى كۆپ قېتىم سۆزلىدى. ئۆلۈم يەڭگىل بۇلۇتقا ئوخشاش ئاسماندا لەيلەپ يۈرىدۇ — سەن مۇستەھكەم شۇ نەرسىنى تۇتۇۋېلىشقا

تىرىشىسەن. مۇستەھكەم شۇ نەرسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە جىنىگنىڭ بارىچە كۈچەيسەن؛ سېنى ھاۋادا يەڭگىل لەيلەپ يۈرگەن ئىس - تۈتەككە ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان، ۋەزنىنىڭ تايىنى يوق ئاشۇ كىچىككىنە قاتتىق جىسىم ئالتۇنمۇ ياكى بىرىلىيانتمۇ ئەمەس، بەلكى قولۇڭدىكى سىقىملاپ تۇتۇپ تۇرغان بىر تال بور.

ئۇ كۆزىنى ئاچتى، شۇ ئان مۇزدەك ئىككى بارماق ئۇستۇنكى قاپىقىنى باستى. بېسىپلا قالماي ئۇۋۇلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سەن ئاۋازغا مۇناسىۋەتلىك فورمۇلاغا ئاساسلىنىپ، توختىماي كاپىلداپ گەپ قىلىۋاتقان ئېغىز بىلەن كۆزۈڭنىڭ ئارىلىقىنىڭ 102 سانتىمېتىر كېلىدىغانلىقى ھەققىدە يەكۈن چىقاردىڭ. ئۇ ساڭا ۋاتىلداپ تۇرۇپ: قاڭ مۇئەللىم، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ خاتىرجەم يېتىڭ...... گەرچە سالاھىيىتىڭىز توشمىسىمۇ، دەپنە ئىدارىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈپ قويدۇق. «گۈزەل دۇنيا» نىڭ ئالاھىدە ھۆسن تۈزگۈچىسى لى يۈچەن ھۆسنىڭىزنى تۈزەيدۇ....... ئەتە چۈشتىن كېيىن تەزىيە مۇراسىمىڭىزغا ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى قاتنىشىدۇ.....

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ مۇزدەك بارماقلىرى بىلەن سىزگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز: بارماقلىرىنى پىرقىرىتىپ كۆز قارىچۇقۇڭنى بېسىپ تۇرۇپ: كۆزۈڭنى يۇم! دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

ئەمدى چۈشەندىڭ، تىرىكلەر دۇنياسى سېنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. مەكتەپ مۇدىرى سۆرلۈك بارماقلىرى بىلەن كۆزۈڭنى يۇمۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئۆلگەن ئادەم كۆزىنى ئاچسا بولمايدۇ!

ئاغزىڭنى ئېچىپ مەكتەپ مۇدىرىغا: مەن تىرىك! دوكتور ئوۋياڭ شەنبىننىڭ نەزەرىيەسى بويىچە، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم

تېرىلىدۇ! دېمەكچى بولدۇق.

## 3

فاك فۇگۇيىنىڭ شانلىق ئۆلۈمى — ئۇ چارچاپ كېتىپ دەرس مۇنبىرىدە ئۆلگەن. 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە پۈتۈن شەھەردىكى خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇچۇن ھېسداشلىق ۋە شان - شەرەپ ئېلىپ كەلدى. شەھەردە چىقىدىغان گېزىت كۆرۈنەرلىك ئورۇن بېرىپ ۋە ئالاھىدە بەتتە ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى پۈتۈن شەھەر خەلقىگە دوكلات قىلدى. مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئائىلىلەردىن سادا ياڭرىدى. ھەرىكەت شەكىللەندى. سادا: ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلەيلى، ئوتتۇرا ياشلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرەيلى! ھەرىكەت: بېيىغان كارخانىلار ۋە دۆلەتمەن شەخسلەر پۇل ئىئانە قىلىپ «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ساغلاملىقى فوندى» سىنى قۇردى.

سادالار كۈنسېرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى: ھەرىكەت ئەۋج ئالدى. قىزىل گالىستۇكلۇقلار كوچىغا چىقتى.

فاك فۇگۇيىنىڭ ئۆلۈمى فاك فۇگۇيىنى تىرىك چېغىدىنمۇ قەدىرلىك قىلىۋەتتى. ئۇ چارچىغىنىنى بىلمەي بويىنىنى تۈز تۇتۇپ مۇلاھىزە قىلىۋاتاتتى.

ئەگەر ئۆلمەي تۇرۇپ قاقتى - سوقتى قىلىنسا ياكى ئۆلۈپ تىرىلگەن فاك فۇگۇيىنى «گۈزەل دۇنيا» غا ئاپىرىپ ئۆلگەن ئادەم ئورنىدا بىر تەرەپ قىلىش ئىنسانپەرۋەرلىككە يات ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا، ئازراق ئىنسانپەرۋەرلىكنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا تېخىمۇ چوڭ ئىنسانپەرۋەرلىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنداق مىساللار تارىختا سامانداك: ساۋساۋ لەشكەرلەرنىڭ ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئىجتىھات بىلەن

خىزمەت قىلىۋاتقان ئۆز خىزمىتىگە سادىق ئوزۇق - تۈلۈك ئەمەلدارى ۋاڭ فۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. خان بولۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن لى شىمىن بىر قورساق ئىنىسىنى چېپىۋېتىدۇ. ھەرقانداق ئىنقىلاب ئازراق ئىنسانپەرۋەرلىكنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە چوڭ ئىنسانپەرۋەرلىككە ئېرىشكەن. «بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ بىرلا باللىق بولۇشى» مۇ شۇنىڭ جۈملىسىدۇر.

پۇتۇن شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، فاڭ فۇگۇي ناۋادا تىرىلسە ئەكسىيەتچىللىك، فاڭ فۇگۇينى تىرىك پېتى دەپنە ئىدارىسىگە ئەكىرىۋېتىش ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەن مەزمۇندىكى مۇلاھىزە ئاياغلاشتى. سەن بوينۇڭنى ئىچىگە تىقىپ كۆشەۋاتقان ھالەتتە بايانىڭنى قايتىدىن باشلىدىڭ: كانىيىڭدىن شىلىم ئېقىۋاتقاندەك بىر خىل خور - خور ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى.

چىشىڭنى چىشلەپ ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىۋاتىسەن. پۇتۇن شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۆلۈپ كېتىشىڭنى ئۈمىد قىلىدۇ. تىرىلىپ قېلىشىڭدىن قورقىدۇ. ئىئانە يىغىش پائالىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، گېزىتكە پەلسەپە پەنلىرى دوكتورىنىڭ ماقالىسى بېرىلدى. پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى تېببىي پەنلەر دوكتورىنىڭ «ھايات بىرلا قېتىم ئەمەس» دېگەن نۇقتىئىنەزەرىنى پەلسەپە ئۇسۇلى نۇقتىسىدىن تەنقىد قىلىدى. تىرىكلەرگە ئاۋارىچىلىك يېتىپ ئاشىدۇ، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم تاماشا كۆرگىلى كەلمىسۇن. نوپۇسنىڭ پارتلىشى، مەۋجۇتلۇق ماكانىنىڭ كۈنسېرى تارىيىشى، ناۋادا ئۆلگەن ئادەم قايتا تىرىلسە، جاھان نېمە بولۇپ كېتەر - ھە؟

پۇتۇن شەھەر خەلقى بىردەك غەزەپلىك قىيقاس كۆتۈردى. فاڭ فۇگۇي قايتا تىرىلسە بولمايدۇ! ئۆلدىمۇ بولدى، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق چېگراسىنى ئارىلاشتۇرۇپ يۈرمىسۇن.

خوتۇنۇڭ تۇ شاۋيىڭ، فاڭ لوڭ بىلەن فاڭ فۇ داد - پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتقان بولسىمۇ، سەن كۆزۈڭنى ئېچىشقا پېتىنالمىدىڭ. كىرپىكلىرىڭنىڭ ئارىسىدىكى يوچۇقتىن خوتۇن - بالىلىرىڭنىڭ ياشلانغان چىرايىغا ئوغرىلىقچە قارايتتىڭ. گۈل ۋە شان - شەرەپلەر يامغۇر تامچىسىدەك ئۈستۈڭگە ياغاتتى. بۇ نەرسىلەر خۇددى ئەسكى - تۈسكى كاھىشتەك، لاي ۋە لاتقىدەك مەيدەڭنى باساتتى. ئۆلگەنلەر تىرىلمەيدۇ. بۇ ئۆزگەرمەس تېئورېما.

سېنى ئۆلدىگە چىقىرىۋېتىپ، 8- ئوتتۇرا مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتىنىڭ قارا ماشىنىسىغا بېسىپ «گۈزەل دۇنيا» غا ئېلىپ ماڭدى. توشقان تۈكلىرى شامالدا ئەتىيازدىكى سۆگەت دەرىخىنىڭ توزغاقلىرىدەك توزۇپ كوزۇپنىڭ ئىچىنى بىر ئالغانىدى.

باھارنىڭ سۈس ھىدى سەن بىلەن ئوينىشاتتى. تىرىك توشقانلارنى توشۇيدىغان قارا ماشىنا دەريا ياقىسىدىكى تاشيولنى بويلاپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. دەريا دولقۇنلىرى بېلىق قاسىرقىدەك ئۇششاق ئىدى. بېلىق، دەريا تاشپاقىسى، راك ۋە قىسقۇچپاقىلار سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. بىر ئادەمنىڭ كۆزىنى ئاچماسلىقا مەجبۇرلىنىشى گاچا بولۇۋېلىشقا مەجبۇرلانغاندىن ئون ھەسسە تەس ئىدى. چۈنكى، قاپاق ئېغىزدىن چاققان ھەم ئەپلىك ئىدى. كۆزنى ئېچىش ئېغىزنى ئېچىپ گەپ قىلماقتىن ئاسان ئىدى. شۇڭا، گاچا بولۇۋالماق ئاسان، ئەما بولۇۋالماق تەس ئىدى.

دەريا بويىدىكى مۇھەببەت قايىنىغان «تيەنئەي» يولىدا تىرىك توشقان توشۇيدىغان قارا ماشىنا دەرس مۇنبىرىدە ئۆلگەن فاڭ فۇگۇينىڭ شان - شۆھرىتىگە تايىنىپ، «تيەنئەي» يولىدا قارا ماشىنا ۋە ئات - ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ مېڭىشى چەكلەنگەن بەلگىلىمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، جەسىتىڭنى بېسىپ، سىگنال بېرىپ، ھەيۋە بىلەن ئاستا كېتىۋاتاتتى. جۇپ - جۇپ ئاشىق - مەشۇقلار

ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ، تېرەك دەرىخىنى قۇچاقلاپ يېنىچە قارايتتى. سەن كۆزۈڭنى ئوغرىلىقچە ئېچىپ، ئوماقلىشىپ كەتكەن كۆپكۆك ئاسمانغا نەزەر تاشلىدىڭ. موگۇسىمان غايەت زور ئاق بۇلۇتلار ئاسماندا توپ - توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. رېئاكتىپ ئايروپىلان كۈمۈش تالادەك ئاقۇچ سىزىقنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىپ هاۋادا ئالاهىدە ماهارەت كۆرسىتىۋاتاتتى. تالاغا ئوخشاش بۇلۇتلار ئاستا - ئاستا كۆپۈپ، دۇنيانى تاڭ قالدۇرغان فىزىكىلىق فورمىلا: E=m2c. E=mc2 گە ئايلىنىپ، ئىنسانىيەت ئالىمنى زور كۈچ بىلەن ئۆزگەرتمەكتە ئىدى. لېكىن، بۇ فورمۇلا كائىناتنىڭ سىرىنى تولۇق يېشىپ بولالمىدى. شۇنداق، تولۇق يېشىپ بولالمىدى، تولۇق يېشىپ بولالىدى دېيىش بۇياقتا تۇرسۇن، تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ. مەيلى قانچىلىك كامالەتكە يەتكەن بولسۇن، تۆهپىسى جاهاننى تاڭ قالدۇرۇپ تارىختا شۆهرەتلىك نامى قالغان ئۇلۇغ ئادەملەرمۇ ئوخشاشلا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ! مەن ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئارىسىدىن ئېينىشتېيننى بېسىپ چۈشىدىغان بىرنەچچە زاتنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

ئۇ ئېينىشتېيننى بېسىپ چۈشىدىغانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى مۇراجىئەت قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئەمدىلا ئېچىپ بىر بوغۇمنى تولۇق دېمەستىن تۇرۇپ، يوغان بىر قول ئاۋاز چىقارماقچى بولغان ئۆڭكۈرنى باستى.

— فاڭ مۇئەللىم، سىز ئۆلگەن! — كاللىسىدىن 1 مېتىر 20 مىللىمېتىر يىراقلىقتىكى يۇقىرى بىر جايدىن بىرسىنىڭ بوغۇق هەم سۈرلۈك ئاۋاز كەلدى، — ئۆلگەن ئادەمنىڭ گەپ قىلىش هوقۇقى بولمايدۇ!

سېنىڭ قارىشىڭغا قوشۇلىمەن. ئۆلگەن ئادەمنىڭ گەپ قىلىش هوقۇقى بولمايدۇ. ناۋادا ئۆلگەنلەرنىڭ هەممىسى توختىماي كاپىشىپ كەتسە، تىپتىنچ دۇنيا شاۋقۇن - سۈرەنگە تولۇپ توخۇ

فىرمىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ؛ ئۆلگەنلەر دەرھال ئاغزىنى يۇمسا، تىرىكلەرنىڭ ئىچى قېتىپ، پۇت - قولى مۇزلاپ، تىلىنىڭ گېزى مىس يارماقتەك يېشىل بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن، مۇدىر، مەن ئوقۇغۇچىلىرىمنى سېغىندىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېينىشتېيىن، كىيورى خانىم، ياڭ جىڭيۈي، لى جىڭداۋ، ماركس ۋە لېنىندىن ئېشىپ چۈشىدىغانلارنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەكتەپ مۇدىرى دېڭىز قىسقۇچپاقىسىنىڭ پۇتىغا ھەم يوغان پولات ئامبۇرغا ئوخشاپ كېتىدىغان توم ۋە كۈچلۈك بېگىز بارمىقى ۋە باشمالتىقى بىلەن فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ مىدىرلاپ تۇرغان قوۋۇزىنى تاتىلىدى. شۇ يەردە تۇخۇم شەكىللىك ئىككى زىنىخ بار ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ ئىككى زىنىخ ئەمدى ئامبۇر ئاغزىدىكى ئەپچىل تۆشۈككە ئايلانغانىدى.

فاڭ فۇگۈي ھاياجىنىنى باستى ۋە بوغۇزىدىن ئېتىلىپ چىقىش ئالدىدا تۇرغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى. رولىنى يوقاتقان گەپ غەزەپ بىلەن قاتمۇقات توسۇق ۋە ئەگرى - توقايلىقلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ تۆۋەنلەپ، ئەڭ ئاخىرى ئۇسۇرۇققا ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇ بىرگە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ پىسخىك پائالىيىتىنى كۆرسەتتى. مەن ئىلگىرى كوچىدا باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن شەندوڭنىڭ قوشىقىنى ئاڭلىغان. قوشاقنى سېمىز بىر بوۋاي ئېيتاتتى. قولىدا «ۋۇ ئېرلاڭ» دېگەن كىتاب بار ئىدى. ماشىنىنىڭ تەگلىكى قوشاق ئېيتىۋاتقان ئادەم چېلىۋاتقان كۈيىبەر ئاۋازىدەك تاراڭلايتتى. تاراڭ - تۇرۇڭ، تاراڭ - تۇرۇڭ، ئەمىسە باشلىدىم، بۈگۈن باشقىسىنى ئەمەس، شەندوڭلۇق ئەزىمەت ۋۇ ئېرلاڭ توغرىسىدىكى قوشاقنى ئېيتىمەن. ۋۇسۇڭ سۈن ئېرنياڭغا يولۇقۇپ قېلىپ، قەستەن مەست بولۇۋېلىپ كېسىشمە يولنىڭ ئۈستىدە يېتىۋالدى...... ۋۇسۇڭ ئېگىز، ئېرنياڭ پاكار، ئۇ ۋۇسۇڭنى كۆتۈرەلمەي سۆرەپ ماڭدى. ۋۇسۇڭنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئالدى

ئېچىلىپ كەتتى. ئېرنياڭنىڭ ئىشتىنى ئەسلىدىنلا يىرتىق ئىدى....... سۆرەپ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. قۇيرۇقىنىڭ ئىككى - ئۈچ قېتىم كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلدى. ئېرنياڭ كېتىۋېتىپ: كونىلار «ھەسەل ھەرىسى ئۆلگەن بىلەن كۆنىكى ساق قالىدۇ» دەيتتى. ئۆلگەن ئادەم تىرىلىدۇ دەپ ئاڭلاپ باقمىغان دەپ ئويلىدى! ۋۇسۇڭ بۇنى بۇرۇنلا بىلگەن بولسا، ئېرنياڭغا دەپ بەرگەن بولاتتى......

مەكتەپ مۇدىرى قىزىقارلىق يېرىنى ئويلاپ ئۆزىنى تۇتالماي پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى، جەسەتنى ئەكېتىۋاتقانلار بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. مەكتەپ مۇدىرى ئاچچىق كۈلۈپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ پىسخىك پائالىيىتى: پاقىنىڭ تېرىسى شىلىنىپ كەتسىمۇ يۈرىكى ئۆلمەيدىكەن، دېگەن گەپ بار. فاڭ فۇگۇي ئۆلدى، ئەمما ئاغزى يەنىلا ھايات! تاڭ، تاڭ، تاڭ! تىرىكلەر گەپنى جىق قىلسا بېشىغا بالا تاپىدۇ، ئۆلگەن ئادەمگە نېمە كەپتۇ! نەسىھەتىمگە قۇلاق سالمىدىڭ، ئاغزىڭغا پاختا تىقىپ قويىمەن.

يولغا غاز تۇخۇمى چوڭلۇقىدا رەڭلىك تاش ياتقۇزۇلغان بولغاچقا، ماشىنا سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى. يۈرەك، گۈل - چېچەك، مۇشۇكئېيىق — تۇخۇم چوڭلۇقىدىكى تاشلاردىن چىقىرىلغان بۇ گۈزەل شەكىللەر سەۋەبىدىن ماشىنا سىلكىنىپ ماڭاتتى. سەن مېخانىكا ئىلمى بىلەن ھەرىكەت ئىلمىنىڭ پايدىسىنى بىلىسەن.

ماشىنىنىڭ سىلكىنىشىگە ئەگىشىپ ئۆلگەن ئادەم يەل قويۇپ بېرىۋاتاتتى. يەلنىڭ ئازراقمۇ پۇرىقى يوق ئىدى. ئەمما، جەسەتنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ سېسىق پۇراقنىڭ دىماقلىرىغا ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ پىسخىك پائالىيىتى: فاڭ فۇگۇي، سىز

ئادەتتە ئۆندەمەي بېشىڭىزنى چۆكگۈرۈپ ئىشلەيتتىڭىز، ئىنقىلاب ھارۋىسىنى مەڭگۈ بوشاشماي تارتىپ ماڭىدىغان ئادەم، دېگەن نامىڭىز بار. كىچىك ماشىنا ئۆرۈلۈپ كەتمەي ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەرسە، توپاندىن ماي چىقارغىلى بولىدۇ. ئەسلىدە سىزنى پارتىيە ئەزالىقىغا تەربىيەلەش خىيالىم بار ئىدى. لېكىن، ليۇ شۈجىنىڭ پىكرى چىقىپ قالدى. ليۇ شۈجى مېڭىسىنىڭ كەينىدە تەتۈر ئۆستىخان بار. ئۇ ئۆستىخانىغا قاراپ بېشارەت بېرىدىغان ئىلىمنى تەتقىق قىلغانىكەن. تەجرىبىگە ئاساسەن مېڭىسىنىڭ كەينىدە تەتۈر ئۆستىخان بار بۇنداق ئادەملەرنىڭ نىيىتىنىڭ ۋەھشىي بولىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. 10 يىل يوشۇرۇنۇپ يېتىپ بىر ئەتىگەندىلا ئەكسىيەتچى بولۇپ كېتىدىكەن. ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم. ليۇ شۈجىغا قول قويىدۇم. ئۇ پارتىيە ئىشلىرى ۋە ئادەم باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئادەم ئىكەن. سىز ئۆلدىڭىز، ماركس - لېنىننى بېسىپ چۈشىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەشنى ئۈنتۇپ قالمىدىڭىز! ئۇلۇغ - كىچىك تىنىش. ناۋادا ئۆلمىگەن بولسىڭىز، مۇشۇ ئىككى ئېغىز گېپىڭىز ئۈچۈن سىزنى سەككىز قەۋەت دوزاخقا كىرگۈزۈۋېتىش مۇمكىن ئىدى. مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيتتىڭىز. ئۆلگەن ئادەم تىرىكلەرگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەسلىكى كېرەك. تىرىكلەر ئادەتتە سىلەر بىلەن سالام - سەھەت قىلىشنى خالىمايدۇ.

مەكتەپ مۇدىرى خۇددى يېقىن دوستى بىلەن سىردىشىۋاتقاندەك! «فاڭ مۇئەللىم، دىققەت قىلىڭ جۇمۇ، ھايات ۋاقتىڭىزدىكى پاكلىقىڭىزنى دېمىسەم، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، ئالاھىدە ھۆسن تۈزىگۈچىگە ھۆسن تۈزىتىش سالاھىيىتىڭىزنى ئېلىپ تاشلىغان بولاتتىم» دەپ غودۇڭشىدى ئۆزىنى تۇتالماي.

ئۇ ماشىنىنىڭ قەلەي تاختاي ئۈستىگە تۈز قويۇلغان ھېلىقى باشقا قارىدى— مېڭىنىڭ كەينىدىكى تەتۈر ئۆستىخان ئېغىزغا

توشقان تۆكى كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تەۋرەپ تۇراتتى،
بۇرۇنقا بەك ئوخشايتتى. ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «بۇرادەر»
ئۆلۈكلەرنى باشقۇرىدىغان ئەلەمدارمۇ باش كۆتۈرمەي ئىشلەيدىغان
كەم سۆز ئادەم. مېڭەڭنىڭ كەينىدىكى تەتۈر ئۇستىخاننى
يوشۇرۇشقا دىققەت قىل، چوڭراق شەپكە تىكتۈرۈپ كىيىۋال.
ئۆلۈكلەرنى باشقۇرىدىغان كادىرلارنىڭ ھېچقايسىسى لىۇ شۈجىدەك
قاقباش ئەمەس. لىۇ شۈجى ئۇستىخانغا قاراپ بېشارەت بېرەلەيدۇ.
بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. دەرەخلىك چوڭ بولسا
ھەرقانداق قۇش تېپىلىشى مۇمكىن. بۇ بىر پارچە سۆيۈملۈك
(سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئاغزىدىن مازاق
قىلغاندەك سۇس پۇراق چىقتى. بۇ پۇراق كۆيگەن ياغاچنىڭ
پۇرىقىغا ئوخشايتتى) ئۇستىخىنىڭىزنى ئۆلارمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ.
بۇرادەر، ئىستىقبالىڭ چەكسىز، ئەمدى بولدى قىل!

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۈچۈق كۆڭۈللۈك بىلەن دېگەن
گەپلىرىدىن فاك فۇگۇي تەسىرلەندى. گويا بىرسى دەسسەپ
سالغاندەك بۇرنى ئېچىشىپ ھەم قىچىشىپ كەتتى. كۆنىنىڭ ئوتتەك
تەپتىدە كۆز ياشلىرى ئىككى مەڭزىدە دىرىلدەپ تۇراتتى. ئۆلۈك
ئادەمنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىرىۋېتىدىغان نېمىدېگەن چوڭقۇر
قايغۇ - ھەسرەت بۇ ! بىزدىن سوئال سورامسەن؟ كۆز ياشلىرى
يۈزىدە پارغا ئايلىنىپ لەرزان كۆتۈرۈلدى. $E=m^2c$ نېپىز ئاق بۇلۇتقا
ئايلاندى، قارلىغاچلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ مەكتەپ
مۇدىرىغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن ئەمدى گەپ
قىلماسلىققا قەسەم قىلىپ خورسىنىپ قويدى. خورسىنغان چاغدا
قوۋۇزىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ،
كىرىشىپ كەتكەن مۇسكۇللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇپ
ئاغزىنى يوغان ئاچتى. قارلىغاچنىڭ ئىسسىق ۋە سوغۇق مايىقى
ئۇدۇل ئاغزىغا كىرىپ كەتتى.

## 4

بىزنىڭ بۇ كىچىك شەھىرىمىزدىكى ئادەملەر ھەمىشە:
— پات ئارىدا« گۈزەل دۇنيا» غا بارىمىز! — دەيتتى.
پېشقەدەم ئىنقىلابىي كادىرلار:
— پات ئارىدا ماركس بىلەن كۆرۈشىمىز! — دەيتتى.
ماۋزېدۇڭ ئامېرىكىلىق مۇخبىر سنوغا:
— تەڭرى بىلەن كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرۇۋېتىمەن! — دېگەنىدى.

بۇ ئۈچ خىل گەپتە ماھىيەتلىك پەرق يوق. گۈزەل شەھەردىكى بىر ئادەم خوتۇنى بىلەن تەگىشىپ قالسا، ئارزۇ - ئارمانلىرى يوققا چىقىپ، ئىككى رومكا قاڭسىق ھاراقنى ئىچىپ، قوۋۇزلىرى ياش، قايغۇلۇق ئاۋازدا:
— پات ئارىدا «گۈزەل دۇنيا» غا بارىمەن! — دەپ ئاھ ئۇرىدۇ.

بۇنداق قايغۇلۇق ئاۋاز — ناھايىتى يېنىك ھەم ناھايىتى مەسئۇلىيەتسىز ئاۋاز. ئۆلۈم كەلمىسە بىلمەيدۇ، ئۆلۈم كەلسە«گۈزەل دۇنيا»غا كىرىشنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەسلىكىنى ئاندىن بىلىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن، ياق، ياق، ياق! ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ئوخشاش، ياشاش ئاسان ئەمەس، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئوخشاش.

فاڭ فۇگۈينىڭ بويى 157 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 47 كىلوگىرام، ئۇنى بەش ئادەم كۆتۈرۈپ«گۈزەل دۇنيا» نىڭ چوڭ زالىغا ئەكىردى. مەكتەپنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق ئىككى ئىشچىسى ئىككى پۇتىنى، ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا تېخنىكومىنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن ئىككى ياش مۇئەللىم ئىككى قولىنى كۆتۈردى. مەكتەپ

مۇدىرى كەينىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ كىلىۋاتاتتى. سەن قارلىغاچ مايىقىنىڭ پۇرىقىنى تېتىۋاتىسەن: چۈچۈمەل پۇراققا چېكەتكە بىلەن يىڭناغۇچنىڭ پۇرىقى ئارىلىشىپ قالغان.

ھەربىر ئەركەككە ئۇن كىلو چىقمايدىغان ئىغىرلىقنى كۆتۈرۈش توغرا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ھاسىراپ قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىشتى. ئۆلۈك تىرىك ئادەمدىن ئىغىرمۇ نېمە؟

مەكتەپ مۇدىرى بېشىڭنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئوڭ قولىنىڭ باشمالتىقى بىلەن بېشىڭنىڭ كەينىدىكى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بېشىنىڭ كەينىدىكى ئۇستىخاندىن ئىگىز كۆرۈنگەن ھىلىقى ئۇستىخاننى بېسىپ تۇراتتى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ پىسخىك پائالىيىتى: فاڭ مۇئەللىم، بۇ بىر پارچە ئۇستىخاننى سىنىڭ ئورنۇڭدا مەن تۆۋەنگە قارىتىپ بېسىپ تۇراي. ئىستىقبالىڭغا پايدىلىق. ناركوز قىلىنمىغان ئەھۋالدا بېسىپ تۇرۇش، بۇ تولىمۇ رەھىمسىزلىك، لېكىن ئامال يوق. شۇڭا، كوچىدا توڭلاپ ياكى ئاچلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن سەرگەردانلارنى كۆرسەك، ئۇلارغا جەزمەن ھىسداشلىق قىلىمىز. توڭلاپ ئۆلۈشكە تېگىشلىك ئادەم توڭلاپ، ئاچلىقتا ئۆلۈشكە تېگىشلىك ئادەم ئاچلىقتا ئۆلۈپ قالسۇن. تەڭرى كىشىلەرنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتەلىگىنى بىلەن تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، سەۋر قىل، فاڭ مۇئەللىم.

كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاشۇ بىر پارچە ئۇستىخان مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كۈچەپ بېسىپ تۇرۇشى بىلەن خالار - خالىماس ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئاغرىق ئازابىغا چىدىماق تەس ئىدى. كىچىك مىڭە سىلكىنىپ، ئىسسىق ئىقىم توك ئىقىمىغا ئوخشاش ئومۇرتقىنى بويلاپ ئۆتتى. ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كۆيۈنۈش ئەكس ئەتكەن تاپىلاشلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، چىشىنى چىشلەپ بوغۇزىغا كىلىپ قالغان گەپنى زورمۇزور يۇتۇۋەتتى. قارلىغاچنىڭ مايىقى سىسىق ھەم تۈزلۇق ئىدى، ئۈچەي بىلەن ئاشقازان ئۆكتە قوپتى.

بۇ قوش ئازاب ئىدى: زورمۇزور يۇتۇۋېتىلگەن گەپ ئۇچەي بىلەن ئاشقازاننى ئېگىز - پەس قىلىۋەتتى، زورمۇزور يۇنۇۋېتىلگەن قارلىغاچ مايىقىدىن ئۇچەي بىلەن ئاشقازان ئېگىز - پەس بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى ئالامەت قوشۇلۇپ قوش ئالامەت، ئازابقا ئازاب قوشۇلۇپ مۇرەككەپ ئازاب، ئۆلۈككە تىرىك ئادەم قوشۇلۇپ نىمجان ئادەم ھاسىل بولغانىدى. تىل بىلەن قارلىغاچ مايىقىنىڭ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشى ئېچىتقۇ بىلەن خېمىرنىڭ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى بىلەن ئوخشاش بىر گەپ ئىدى. ئېچىيتتى، كۆپىيەتتى، زور مىقداردا گاز پەيدا بولاتتى. گاز ئالدىراش چىقىپ ئېغىزنى ئىزدەيتتى. شۇنىڭ بىلەن تىل بىلەن ئۇسۇرۇق بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئاتالمىش «ئۇسۇرۇق گەپ» مانا مۇشۇنداق مەيدانغا كەلگەن. سەن قونداقتا باشقىچە بىر قىياپەتتە ئولتۇرۇپ قۇۋلۇق ياكى تەنتەنىلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان تەلەپپۇزدا بىزگە قاراپ گەپ قىلدىڭ.

ۋاڭشىتىپ بەك كۆپ قويۇپ بېرىلگەن يەل پۇتۇڭنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىككى نەپەر مەكتەپ ئىشچىسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى.

مەكتەپ خىزمەتچىسى «ئا» نىڭ پىسخىك پائالىيتى: دەرۋەقە سېسىق توققۇزىنچى، ئۆلگىلى خېلى بولدى، يەنىلا ۋاڭشىتىپ يەل قويۇپ بېرىۋاتىدۇ.

مەكتەپ ئىشچىسى«ئا» پۇت - قوللىرى كالتە، سول بىلىكىگە بېشى يوغان ئىككى ئىلغۇچ ئۆتكۈزۈپ قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىۋالغان، يەڭ بەلگىسىگە سېرىق سىردا يوغان قىلىپ: «دىجورنى» دېگەن خەت يېزىلغانىدى. مەكتەپ ئىشچىسى «ب» ئورۇق، سىرتقى قىياپىتى مەكتەپ ئىشچىسى «ئا» نىڭ سىرتقى قىياپىتىدىن روشەن پەرقلىنەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىدە يوغان

ئىلغـۇچ ئۆتكـۈزۈلگەن قىزىـل يەڭ بەلگىـسى بـار ئىـدى. يەڭ بەلگىسگە سېرىق سىردا يوغان قىلىپ: «قاراۋۇل» دېگەن ئىككى خەت يېزىلغانىدى!

8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بۇ ئىككى نەپەر ئىشچى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ھېكايىلىرىدىكى ھۆكـۈمەت ئـادىمنى يـالاپ ماڭغـان يـايىـلارغا ياكى ئۆزئـارا مۇۋاپىـق ماسلاشقان كۆلـدۈرگە ئارتىسلىرىغا ئاز ـ تـولا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ بەختىسزلىك تاسادىپىي تـوغرا چىقىپ قىلىش. سەن بىلەن ئۇنىڭ ۋە مەن بىلەن 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق.

مەكتەپ ئىشچىسى«ب» نىڭ پىسخىكا پائالىيىتى: بۇ لەنىتى مۇئەللىمنىڭ ئوشـۇقنىڭ ئۇستىدىكى تومۇرى سوقۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قېنى ھېلىھەم ئايلىنىۋېتىپتۇ. يۈرىكىمۇ يەنىلا سوقۇۋېتىپتۇ...... ئۇ ئۆلۈۋالغان بولۇۋاپتۇ...... دەپنە ئىدارىسىگە كۆتـۈرۈپ ئەكىرىپ كېتىۋاتىمىز...... يېرىم كېچە......

مەكتەپ ئىشچىسى «ب» نىڭ كـۆز ئالدىدا خىيالىي مەنزىرە پەيدا بولدى: ئىسكىلىتتەك بىر ئۆلۈك، ئۆلۈك قويۇلغان ئۆيدە ئاستا ئۈمىلەپ تـۇرۇپ، دەپنە ئىدارىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك، تـوم ـ ئىنچىكە چىراغلارنى بۇراپ ئېلىپ بىر خالتىغا سالدى...... دەپنە ئىدارىسىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى...... دەرۋازا ئاۋازسىز ئېچىلىپ كەتتى...... چىراغ ئوغرىسى خالتىنى يۈدۈپ...... دەريا بويىدىكى تېرەكلىكتە غايىب بولدى......

ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا تېخنىكومىنى ئەمدىلا پۈتكـۈزگەن ئىككى پىراكتىكانـت ئوقۇغـۇچى قوشكېزەك ئىـدى. ئۇلارنىڭ قايسىسى چوڭ، قايسىسى كىچىك ئانىسىمۇ پەرقلەندۈرەلمەيتتى. ئـۇلار فـاڭ فۇگـۈي مۇئەللىمنىڭ ئۆلگىلىك دەرسىنى ئاڭلىغان. ئەمەلىيەتتە، ئـۇلار ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا تېخنىكومىغا ئىمتىھان بېرىشتىن ئاۋۋال فاڭ فۇگـۈي مۇئەللىمنىڭ يـاراملىق ئوقۇغـۇچىلىرى

ئىدى. شۇغىنىسى، قوشكېزەكلەردە ئەدەبىيات ھۆجەيرىسى يوق ئىدى. باشقا دەرسكە ئېتىبار بېرەتتى. ئەدەبىيات دەرسى ئىمتىھانىدىن داۋاملىق ئۆتەلمەيتتى. سىياسەت دەرس ئىمتىھانىدا ئەكسىيەتچى شوئار توۋلايتتى. ئاخىر بېرىپ، ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا تېخنىكومىغا ئەپلەپ - سەپلەپ كىرىۋالدى.

ئۇلار مېھرىبان مۇئەللىمنىڭ جەسىتىنى قايغۇ - ھەسرەتنى زورىغا بېسىپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ياشلىق كۆزلىرى خىرەلەشكەن، ئۇلار مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىن ئۆزلىرىنىڭ چىرايىنى كۆردى: مۇئەللىمنىڭ جەسىتىدىن كېلىۋاتقان پۇراقتىن ئۆزلىرىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغاندەك بولدى. ئۇلارنى مېھرىبان مۇئەللىمى ئۆچۈن ئازابلىنىۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە، ئۆزلىرى ئۆچۈن ئازابلىنىۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك.

قوشكېزەكلەرنىڭ مونولوگى: مۇئەللىم، مۇئەللىم، سىزنىڭ ئويناقلاپ تۇرغان جەسىتىڭىزنى قايغۇلۇق ماتەم مۇزىكىسى ئىچىدە خۇددى مەڭگۈ باش ئەگمەيدىغان يوغان راكىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ كېتىۋاتىمىز. مۇئەللىم، مۇئەللىم، ئىچىڭىزدىكى فىزىكا ئىلمىنى قويۇپ بېرىدىغان جاي يوق، مەقئىتىڭىز ئارقىلىق قويۇپ بېرىۋاتىسىز، خېلى بىر ۋاقىتچە قويۇپ بېرىلگەن يەلنى ئاڭلاپ، كۆز ئالدىمىزغا سىز دوسكىغا قاتار - قاتار يازغان فىزىكىلىق فورمۇلالار ۋە ئىس - تۈماندەك رەڭلىك بور توزۇندىلىرى كەلدى. گەرچە سېسىق بولسىمۇ، ئۇ نەرسىلەرنى يەنىلا ياخشى كۆرىمىز......

فاڭ فۇگۈي ئۆزى ئامراق ئىككى شاگىرتىنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ يۈزىگە چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۇلارنىڭ قولىنى كۈچەپ قىسىپ، تولۇپ تاشقان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى. ئۆلۈك تىرىك ئادەمنىڭ قولىنى تۇتتى! بىر مۇئەللىم بىرلا ئوقۇغۇچىنى ياخشى تەربىيەلەپ چىقسىلا بولدى، بىر توپ ئوقۇغۇچىنى ياخشى

تەربىيەلەپ چىقىش بىھاجەت. ھاياجانلىنىشنىڭ بىلەن كالپۇكلىرىنىڭ سىىمىز ئىككىسى قۇرتتەك مىدىرلاپ خەۋپكە قارىماي، ئاغزىڭنى ئېچىپ گەپ قىلىشقا تەييار تۇرغاندەك لۆمشۈپ كەتتى.

ھەممە نەرسە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىنسان روھىنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇ فاك فوگوينىڭ مېگىسىنىڭ ئارقىسىدا تەتۈر ئۇستىخاننى بېسىپ تۇرۇشتىن تاشقىرى، كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇرغان قوشكېزەكلەرگە نەزەر سالاتتى. مەكتەپ مۇدىرى ئادەملەرگە زەربە بېرىشكە ئامراق ئادەم بولمىسمۇ، ئۇنىڭدا ئىنقىلابىي مەنپەئەتنى قوغدايدىغان ئاگاھلىق بار ئىدى. ئىدىيە پائالىيىتى نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئىككى پارچە سىياسەت ئىمتىھان قەغىزى بىلەن چەكلىنىپ قالدى — تەتۈر ئۇستىخاننى بېسىپ تۇرۇش ھەرىكىتى ئىختىيارسىزلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى— سىياسەت ئىمتىھان قەغىزى سېنىڭ ۋە بىزنىڭ ئەمەس. بىز سىياسەت ئىمتىھانى سازلىقىدىن ۋاقتىنچە جېنىمىزنى ئېلىپ قېچىپ چىققان. ئەلۋەتتە، قوشكېزەكلەرنىڭ — سىياسەت ئىمتىھانى بېرىدىغان ھارپا ئاخشىمى ئۇلار ئىككىسى ئوخشاش بىر چۈش كۆردى: چۈشىدە مەكتەپ مۇدىرى بىلەن تەلىم - تەربىيە مۇدىرى ئىككىسى قولىغا بىردىن ساقچى تاغىلار ئىشلىتىدىغان توك كالتىكىنى ئالغان، تۆمۈر پەلەي، پۇتىغا ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەنىدى، ئىمتىھان مەيدانىغا كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، مەيدانغا كىرىۋاتقان ھەربىر ئوقۇغۇچىنى بەدىنىگە توك ئۆتكۈزۈپ تەكشۈرۈۋاتاتتى. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ بېشىدا كۆزنى چاقىدىغان يېشىل توك ئۇچقۇنى يالتىرايتتى. شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى يوتقان - كۆرپىلىرىگە سىيىۋەتتى. بىرىنچى سوئال: بوش ئورۇننى تولدۇرۇش (ھەربىر بوش ئورۇنغا بىر نومۇر بېرىلىدۇ. خاتا توشتۇرۇلغان ھەربىر بوش ئورۇنغا ئىككى نومۇر

تارتىلىدۇ) «تۆت كىشلىك گۇرۇھ» ...... (تۆت كىشىدىن تەركىب تاپقان پارتىيەگە قارشى گۇرۇھ).

قوشكېزەكلەرنىڭ بەرگەن جاۋابى: مەكتەپ مۇدىرى، مەكتەپ شۇجىسى، تەلىم - تەربىيە مۇدىرى، جاۋ كالچۇك(مەكتەپ ئاشخانىسىدىكى ئاشپەز).

بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن ھەيدىۋەتسە بولامدىكەن؟ مەكتەپ ئۇلارنى ھەيدىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، فاڭ فۇگۇي سەن ئىسيان كۆتۈردۈڭ. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى بىرلەشمە ئىمزا قويۇپ يۇقىرىغا ئەرز قىلىشقا قۇتراتتىڭ، بېشىڭنىڭ كەينىدە تەتۈر ئۆسكەن سۆڭەك بارلىقىنى بىلەتتىم! لېۋ شۇجى غەزەپ بىلەن: لېكىن، سەن شۇنى پارتىيەگە تەربىيەلىمەكچى بولدۇڭ! دېدى. سەن ئۇنىڭ بېشىنىڭ كەينىدىكى تەتۈر ئۆسكەن سۆڭەكنى كۆچەپ باستىڭ، ھەتتە بارمىقىڭ قىزىرىپ كەتتى.

بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن ھەيدەلمىگىنى بىر ھېسابتا توغرا بولدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوتتۇرا ھەم ئالىي تېخنىكوم ئىمتىھانىدا مەكتىپىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئۆرلەش نىسبىتىنى 4% كۆتۈرۈۋەتتى. مەكتەپ پۈتۈن شەھەر بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. ئەگەر 4% بولمىغان بولسا مەكتىپىمىز تۆتىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالاتتى. بىرىنچى بولغان مەكتەپلەرگە ئالتۇن مېدال، ئىككىنچى بولغان مەكتەپلەرگە كۈمۈش مېدال، ئۈچىنچى بولغان مەكتەپلەرگە مىس مېدال تارقىتىلدى، تۆتىنچى بولغان مەكتەپلەرگە ئوسۇرۇقمۇ تەگمىدى......

«گۈزەل دۇنيا» كۆركەم چوڭ زالنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بېشىغا قارا قاسقان شەپكە، ئۈچىسىغا قارا كاستۇم - بۇرۇلكا، پۇتىغا ئېشەك تېرىسىدىن تىكىلگەن قارا خۇرۇم بەتىنكە كىيگەن، قارا قاسقان شەپكىسىنىڭ چۆرىسىگە قىزىل زىغ - زىغ تۇتۇلغان، بويىندا قىزىل گالستۇك، چىرايى قاردەك ئاپئاق، لېۋىگە لەۋ

سۇرۇخ سۇركىگەن ئۇزۇن چاچلىق ياش قىز تۇراتتى. ئۇ:
— توختاڭلار! — دېدى نارازى بولغان ئەلپازدا تەكرارلاپ، — توختاڭلار، كىنىشكاڭلار بارمۇ؟
ئۆگەي قارا ياش قىزنىڭ چىرايلىق رۇخسارى قوشكېزەكلەرنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى. قوشكېزەكلەرنىڭ بىرسى ياش يۇقى يۈزنى يېڭى بىلەن ئېرتىپ تەھدىت ئارىلاش:
— بۇ يەر بىرىنچى دەرىجىلىك مەخپىي ئورۇنمۇ؟ دەپنە ئىدارىسىگىمۇ كىنىشكا كېتەمدۇ؟ ئۆلۈككە كىنىشكا! ئۆلۈك ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر! ئادەم مەيلى نەدە تۇغۇلسۇن، ئەڭ ئاخىرى سېسىق پۇراقتا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ! بەزىلەر تىرىك، ئەمما ئۆلگەن، بەزىلەر ئۆلگەن، لېكىن مەڭگۈ ھايات! نېمانداق قوپاللىق قىلىسىز؟ پەيلىرى قارا، بوينى قىزىل قاغا! — دېدى.
— ئاغزىڭنى يۇم!— دەپ غەزەپ بىلەن يەرنى تەپتى ياش قىز. ئاچچىقىغا پايلىماي چىرايى شاپتۇل چېچىكىدەك قىزىرىپ، ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈندى. بۇرنىنىڭ ئۈستىدە بىر تال تىك قورۇق پەيدا بولدى، — بۇ يەرگە كىنىشكا كېتىدۇ!
مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ۋاقتى كەلدى. چۈنكى، دوزاخ دەرۋازىسىنى قوغداۋاتقان چىرايلىق بۇ ياش قىز 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئىشتىن سىرتقى قىزلار ۋالىبول كوماندىسىدىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق «ئىرلەڭشېن» لەقەملىك ھېلىقى توپكا ئۇرغۇچى قىزغا ئوخشايتتى.
ئۇ ئۆلۈكنىڭ بېشىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ باشمالتىقى بىلەن خۇددى غايەت زور بومبىنىڭ پارتلاش كۇنۇپكىسىنى باسقاندەك بېشىنىڭ كەينىدىكى تەتۈر ئۇنۇپ قالغان سۆڭەكنى چىڭ بېسىپ تۇراتتى. ئۆلۈك كالپۇكىنى مىدىرلىتىپ:
«قولۇڭنى قويىۋەتسەڭلا پارتلايمەن!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆلۈك ئاغزىنى ئېچىپ گەپ قىلسا، ئۇنۇمى پارتلاپ كەتكەن

بومبىنىڭ ئۇنۇمىدىن قېلىشمايتتى.

مەكتەپ مۇدىرى دەرۋازا باقىدىغان بۇ ئېرلەڭشېنىڭ شەھەردە چىقىدىغان گېزىتنىڭ تاشقا سۇركەپ كۆپكۆك قىلىۋېتىلگەن پادىچى ئىشتىنىنى كىيىشكە ئامراق بىر مۇخبىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى (ئىككىسى كۆپ قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن). ئۇ مۇخبىر ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۆلۈك بىلەن مۇھەببەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئائىت ھېكايىلەرنى يازاتتى. ئېرلەڭشېن ئۇنى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيتتى ۋە «گۈزەل دۇنيا»غا كىرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىشكە قولايلىق يارىتىپ بېرەتتى.

— مەن 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى! — دېدى مەكتەپ مۇدىرى سول مېڭەڭنىڭ كەينىدىكى سۆڭەكنى چىڭ باسقان ھالدا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ.

چىرايلىق ياش قىزنىڭ مېيىقىدا جەننەتتىلا بولىدىغان تەبەسسۇم كۆرۈلدى.

— بىز پۈتۈن شەھەرگە مەشھۇر فىزىكا مۇئەللىمىنى ئەكەلدۇق. بىزنى كىرگۈزۈۋېتىڭ! — دېدى مەكتەپ مۇدىرى.

— كىنىشكا! — دېدى ياش قىز سوغۇق كۈلۈپ.

— سىز 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسىمۇ؟ 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىڭىز يادىمدا، ۋاللىبول ئوينايتتىڭىزغۇ؟ ۋاللىبول ئويىنىغان، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى فاڭ فۇگۇيىنىڭ بېشىنى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قويۇپ، — بۇ فاڭ مۇئەللىم سىزگە دەرس بەرمىگەنمۇ؟

— كىنىشكا!

— مۇئەللىمىڭىزنى دەپنە ئىدارىسىگە ئەكەلسەكمۇ كىنىشكا كۆرسىتەمدۇق؟

— قۇرۇق گەپنى قويۇڭ!

— باشلىقىڭىزنى چاقىرىڭ!

— نېمە تەلۈرلۈك قىلىسىز؟ — دېدى ياش قىز، — بۇ يەر «گۈزەل دۇنيا»، 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئەمەس!

— باشقىلار بىلەن دېيىشىپ قويغان! فاڭ مۇئەللىم بىر ئۆمۈر جاپا تارتتى! چارچاپ كېتىپ دەرس مۇنبىرىدە ئۆلدى! «گۈزەل دۇنيا» دا ئالاھىدە ھۆسن تۈزىگۈچىگە ھۆسن تۈزەتكۈزۈش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئوقۇتقۇچىسىغا قىلغان غەمخورلۇقى! دەرۋازىنى توسۇۋالىدىغان نېمە سالاھىيىتىڭىز بار!

— كىنىشكا!

— سىزگە زادى قانداق كىنىشكا لازىم؟ — دېدى مەكتەپ مۇدىرى بىر قولىنى پۇلاڭلىتىپ.

— ئۆلگۈچىنىڭ باشقارما دەرىجىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان كىنىشكا.

— فاڭ مۇئەللىمنى رەھبەرلەر ئالاھىدە تەستىقلىغان.

— رەھبەرلەرنىڭ تەستىقلىغان قەغىزىنى ئەكېلىڭلار!

— بىز تېلېفوندا ئالاقىلاشقان.

— رەھبەرلەر ماڭا دېمىدى.

— سىلەرنىڭ تېلېفونىڭلارچۇ؟

ياش قىز تامغا قاراپ دومسايدى.

مەكتەپ مۇدىرى تامدىكى قىزىل تېلېفونغا ئېتىلدى.

— مېنى ئەكېتىڭلار...... مېنى ئەكېتىڭلار.......

ئۆلۈكنىڭ بوغۇق ئاۋازىنى ئالدى بىلەن ئىككى پىراكتىكانت ئوقۇتقۇچى ئاڭلىدى، ئۆلۈكنىڭ جاھىللىق بىلەن قىلىۋاتقان نالىسىنى ئىككى ئىشچى كېيىن ئاڭلىدى. چىرايلىق ياش دەرۋازىۋەن قىز ئۆلۈكنىڭ غەزەپلىك ھۆركىرىشىنى ئەڭ ئاخىرىدا ئاڭلىدى.

— مېنى ئەكېتىڭلار......

ئۆلۈكنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ قوشكېزەكلەر ئېغىلنى سېغىنىپ قالغاندەك ئاتتەك ئۆلۈك ئۆزىگە تونۇش مەكتەپ قورۇسىنى، سىنىپلارنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بوۋاي ۋە مومايلارنىڭ چىرايىغا ئوخشاش چىرايىنى سېغىنغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. كۆزلىرىدىن يەنە ياش تۆكۈلدى. قايغۇ - ھەسرەت غەزەپ - نەپرەتكە ئۆرۈلدى.

— ئېرلەڭشىن! ۋۇ چىشى تۆگە! دوزاخنىڭ دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان ئايال ئالۋاستى! سەن ئۆلۈكنى گەپ قىلىشقا مەجبۇرلىدىڭ! مۇئەللىم بىر ئۆمۈر جاپا چەكتى، ئۆلۈپ كەتكەن تۇرۇقلۇق يەنىلا خورلىنىۋاتىدۇ! مۇئەللىم، مۇئەللىم، سىز نېمىدېگەن شور پېشانە!— غەزەپ - نەپرەت يەنە قايغۇ - ھەسرەتكە ئايلاندى.

— مېنى ئەكېتىڭلار......

ئۆلۈكنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ مەكتەپنىڭ ئىككى ئىشچىسى توساتتىن مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا سولاپ قويۇلغان ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەسلىدى. ئۇلارمۇ:

— بىزنى كىرگۈزۈۋېتىڭلار...... دەۋاتاتتى.

مەكتەپنىڭ ئىككى ئىشچىسى ياش قىزغا:

— ئوبدان ساۋاقداش، بىزدەك ئىككى بوۋاينىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ ئۇنى كىرگۈزۈۋېتىڭ...... دېدى.

— مېنى ئەكېتىڭلار......

ئۆلۈك ھۆركىرىدى! ئايال دەرۋازىۋەن چىرقىرىۋەتتى، پۇتى ئالمىشىپ كەتتى، يەنە ئالمىشىپ كەتتى...... ئۇ بىردىنلا گەۋدىسىنى رۇسلاپ، تامدىكى قىزىل تېلېفونغا قاراپ ئېتىلدى. مەكتەپ مۇدىرى تېلېفون نومۇرىنى غىچىرلىتىپ بۇراۋاتاتتى. ياش قىز مەكتەپ مۇدىرىنى ئىتتىرىۋەتتى. قولىدىن تېلېفوننى تارتىۋالدى. ئىشتىن سىرتقى ۋالىبول كوماندىسىنىڭ بۇرۇنقى توپكا

ئۈرگۈچىسىنىڭ قولىنىڭ بىغىشى بەك كۈچلۈك ئىدى.

ياش دەرۋازىۋەن قىز شەھەرلىك گېزىت ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتقان سۆيگىنىگە تېلېفون ئۇرۇۋاتقان پەيتتە، مۇدىر كۆز ئىشارىسى قىلدى، بەش ئادەم ئۆلۈكنى كۆتۈرگەن پېتى «گۈزەل دۇنيا» غا ئوقتەك كىرىپ كەتتى.

ئاۋازلىق «غاچچىدە» توختاپ قالدى.

## 5

تۇرمۇشتا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەر سەۋەبىدىن پىلان - تەدبىرلەر پات - پات ئۆزۈل - كېسىل قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. پىلان - تەدبىرلەرنى ئۆزۈل - كېسىل بەرباد قىلىۋېتىپ، تەقدىر ۋە تارىخنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇنداق ۋەقەلەر ھەر كۈنى، ھەر سائەت ۋە ھەر مىنۇتتا ھەربىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا، ھەربىر ئائىلىدە، ھەربىر دۆلەتتە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ماركسىزمچىلار بۇنداق ھالەتنى تاسادىپىيلىق ۋە مۇقەررەرلىك دەپ، غەيرىي ماركسىزمچىلار تەقدىر - پېشانە ۋە تەڭرىنىڭ ئىرادىسى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ بىزگە قورۇقتىن - قورۇق تەلىم بېرىۋاتىدۇ. ئۇ گېپىنى داۋام قىلدى:

بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال لى يۈچەن ئەسلىي فاڭ فۇگۈينىڭ ھۆسنىنى تۈزىمەكچى بولغانىدى.

بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال، ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئەسلىدە 8 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ يېڭىلا «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان فاڭ فۇگۈي مۇئەللىمنىڭ ماتەم مۇراسىمغا قاتناشماقچى بولغانىدى.

بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال، ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى شەھەرنىڭ كەلگۈسى قۇرۇلۇش مەنزىرىسى توغرىسىدىكى پىلان يىغىنىدا بەختكە قارشى قۇربان بولدى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئالاھىدە ھۆسن تۆزىگۈچى لى يۈچەننىڭ كارىۋىتىدا ھۆسن تۆزەشنى كۈتۈپ ياتقان فاڭ فۇگۇينىڭ جەستى شۇ يېتى پەسكە ئېلىنىپ، تام تۈۋىدىكى يوغان مۇزلاتقۇغا ۋاقتىنچە سېلىپ قويۇلدى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئەسلىدە فاڭ فۇگۇي مۇئەللىمنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا سۆز قىلماقچىدى. مانا ئەمدى ئۇ شۇ تاپتا ئالاھىدە ھۆسن تۆزىگۈچى لى يۈچەننىڭ ھۆسن تۆزەش كارىۋىتىدا ياتاتتى.

ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپىنى يازغۇچى ئورۇنلاشتۇرغان.

ئالدىدا كەلگەن ئۆلۈك كېيىن كەلگەن ئۆلۈككە ئورۇن بوشاتتى.

## 6

مەكتەپ دائىرىلىرىنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، فاڭ فۇگۇي گەپ قىلماسلىق قارارىغا كەلدى. مۇزلاتقۇغا سېلىپ قويۇۋىدىمۇ گەپ قىلمىدى.

مۇزلاتقۇنىڭ ئىچىدە پور رەڭ كىچىك ئېلېكتىر چىرىغى بار ئىدى. يورۇقى يۇمشاق ۋە ئىسسىق ئىدى. ئۇ مۇزلاتقۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۇنىڭغا سالقىن ھەم مۇۋاپىق تۇيۇلدى. مۇزلاتقۇنىڭ ئىچى ۋە كاتەكچىسىمان رۇجەكلىرىنى ئاپئاق، ئۇزۇن ھەم يۇمشاق قىرۇۋ تۇتۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى ئۇدا نەچچە كۈن، ياق، ئۇدا نەچچە ئون يىل ئەنسىز تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن، تەشۋىشلىك

كەيپىياتى شامالدا بىر - بىرىگە سۈركىلىپ غىرىسلاپ ئۈچۈپ يۈرگەن غازاڭدەك قۇرغاقلىشىپ كەتكەن. تېنىدىكى ھەرقايسى زاپچاسلارنىڭ قۇرۇق سۈركىلىشىدىن چوڭ تەرىتى قۇرغاقلاشقان، چىش مىلىكلىرى ئىششىغان، ئاغزىدىن سېسىق پۇراق پۇراپ تۇرغان ھالەتتە ئوبرازلاشتۇرۇپ ئويلىدى. ئادەم بەدىنىدىكى تۆشۈكلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە سىلىقلاش مېيى قويۇلىدىغان ئېغىز. ئۇ ھايات ۋاقتىدا يۇقىرى بېسىملىق مىلتىق بىلەن بەدىنىگە ماي قويۇشنى خىيال قىلغانىدى. سول قۇلاقتىن قويۇلاتتى — سېرىق مەلھەم سول قۇلاقتىن غىچىر - غىچىر قىلىپ كىرىپ، ئوڭ قۇلاقتىن شىر - شىر قىلىپ سارغۇچ بولۇپ چىقىپ كېتەتتى. مەلھەم مەقئەتتىن قويۇلسا، خۇددى تېز تولغىنىپ كېتىۋاتقان يىلاندەك ئېغىزدىن تولغىنىپ چىقاتتى. ئۈسكۈنىنىڭ يۇقىرى بېسىمدا ئايلانغان زاپچاسلارنىڭ ئاراشلىرىدىن قارايغان ھەم مەينەت بولۇپ كەتكەن مەلھەم قول بىلەن سىققاندەك مىجىلىپ چىقاتتى. لېكىن، بۇ خىيال ئىدى. مۇزلاتقۇ تىنچ ھەم پىنھان. ماشىنا خىزمەت قىلاتتى، توك ئېقىمى شىرىلداپ مۇزلاتقۇدا ئايلىناتتى. شىرىلداپ ئاققان قۇم توپىدەك روھىڭنى ئۇۋۇلايتتى. سەن مىسلىسىز خۇشاللىقنى يەڭگىل ھېس قىلىپ، غەم - قايغۇدىن خالىي بولاتتىڭ. سەن شۇ تاپتا ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىپ، جەسەت مۇزلىغان چاغدىكى بەختنى ھېس قىلىۋاتىسەن.

مەڭگۈلۈك بەخت بولمايدۇ. سېنىڭ تېنىڭدە قەبىھ بىر خىل پەسكەشلىك بار ئىدى. قانائەت تاپماسلىق! قاتتىق چارچاپ كېتىپ ئارام ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىڭ. ئارام ئالغاندىن كېيىن يەنە ھەرىكەت قىلىشنى ئىستەيتتىڭ. قورسىقىڭ تويمىسا ئېسىل نازۇ-نېمەتلەرنى يېگۈڭ كېلەتتى. قورسىقىڭ تويغاندىن كېيىن غەيرىي جىنسلىقلارغا تەلپۈنەتتىڭ. مۇزلاتقۇدا، خۇشاللىقىڭ ۋە بەختىڭ بارا - بارا كۆتۈرۈلدى. بەدىنىڭدىكى پەسكەشلىك روھىڭنىڭ

تىنچلىقنى بۇزۇشقا باشلىدى. توك ئېقىمىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى يېقىمسىز ئاڭلانغىلى تۇردى. سەن ئولتۇردۇڭ. ئەيمەنمەستىن كۆزۈڭنى ئېچىپ ئەتراپىڭىكى مۇھىتنى ئەتتىق قىلدىڭ.
فاڭ فۇگۇي ئۆمىلەپ تۇرۇپ مۇزلاتقۇنىڭ قورۇلمىسى ئىچىگە قاچىلانغان نەرسىلەرنى ئەتتىق قىلىشتىن ئاۋۋال، ئۇزاققا سوزۇلغان گىرىمسەن ئۇيقۇلۇق ھالەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتنى قالايمىقان ئويلىدى. ئۆسمۈرلۈك دەۋر— باللىق دەۋر (باشلانغۇچ مەكتەپتىكى مەزگىل)، ياشلىق دەۋر (ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپتىكى مەزگىل)، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك پارچە - پۇرات ئەسلىمىلەر:
...... ساپسېرىق چۆپ ئۈستىدە بوينى ئىنچىكە، كۆزلىرى يوغان بىر بالا ياتاتتى، ئۇ مەن ئىدىم. مەن ئاسمانىنىڭ ھەيران قالارلىق كۆپكۆك ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ ئوقلىرى ئۇچار قۇشلاردەك چۇۋ - چۇۋ ئاۋاز چىقىرىپ ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرەتتى...... زەمبىرەك گۈمبۈرلەيتتى. زەمبىرەك ئاغزىنىڭ كۈچلۈك ئاقۇچ نۇرى خۇددى چاقماق چاقىقاندەك يىراقتىكى سېرىق يوپۇرماقلىق دەرەخلىكنى ئاپئاق يورۇتۇۋېتەتتى. ئاق نۇردا قىزىل كىيىملىك بىرمۇنچە ئادەم يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى...... ئۇلار تۇرۇپلا پەيدا بولۇپ، تۇرۇپلا يوقاپ كېتەتتى. ئادەمنىڭ كىندىكىگە كېلىدىغان شىۋاقلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرگەن دولقۇنلارغا ئوخشايتتى...... مەن چۆپلۈكتە ياتاتتىم، بىر تۇرنا ھاۋادىن ئوقتەك پەسلىگەن پېتى قوۋۇزۇمنىڭ يېنىغا چۈشتى. تۇرنىنىڭ ئاغزىدىن چاچرىغان قان كۆزۈمگە كىرىپ كەتتى...... تۇرنىنىڭ قان ھىدىنى ئەسلىسەم، ئۇ ئىشلار ماڭا بىر تۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمۈشتە، يەنە بىر تۇرۇپ كۆز ئالدىمدا يۈز بەرگەندەك تۇيۇلىدۇ...... ئازابلىنىپ يىغلاپ كەتسەم، تۇرنىنىڭ قېنىنىڭ رەڭگى، تېمپېراتۇرىسى، ھىدى يادىمغا كېلىدۇ. قىزىل تۇرنا،

قىزىق تۇرنا، خۇشبۇي يۇراقلىق تۇرنا قىپقىزىل قان سارغايغان چۆپلۈكتە قېتىپ قالدى خۇددى يۇملاق شەبنەمدەك. ئوق تەگكەن تۇرنىنىڭ كۆزى ئوچۇق، قاپقارا كىچىك كۆز قارىچۇقى ماڭا تىكىلگەن، كۆزلىرى قايغۇلۇق، كۆز ياشلىرىمدىمۇ تۇرنىنىڭ قېنى بار ئىدى. زېمىن تەۋرەيتتى. قورۇپ كەتكەن ئوت - چۆپ كۆيەتتى. توپ - توپ تۇرنىلار پالاقلاپ يەرگە چۈشەتتى...... قىزغۇچ ئوق پارچىلىرى ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېلىپ تۇرنىلارنىڭ سىڭايان يۇتىغا تەگكەنىدى. بويى موزاينىڭ بويى بىلەن تەڭ بىر ياۋا توشقان ئويناقلاپ يۈرگەن جايدىلا ئوق پارچىسى تېگىپ نەچچە پارچە بولۇپ كەتتى. ياۋا توشقان چىرىلداپ كەتتى. مەن تۇرنىنى كۆتۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم...... ئانا، ئانا......

فاڭ فۇگۇي ۋارقىرىغان ئاۋازدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى؛ مۇزلاتقۇدىكى قىرووۋمۇ ئۆتمۈشتىكى زەمبىرەك ئوتلىرى بىلەن قىزىرىپ ھەسەن - ھۈسەن رەڭگىگە كىردى. ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر مەيدان جەڭنى ئەسلىدى. ۋاقتى 1948 - يىلى، ئورنى شەھەرنىڭ شىمالىدىكى قاقاسلىق جاي ئىدى. جەڭدە ئىككى تەرەپ ئىشلەتكەن قوراللار: ئايروپىلان، شىرانپىل ئاتىدىغان زەمبىرەك، مىناميوت، گىراناتومىيوت، ئېغىر تىپلىق پىلىموت، چېخلارنىڭ پىلىموتىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان يېنىك پىلىموت، رۇسلارنىڭ ئاپتوماتى (ئەسلىي ئىسمى «گۈلدار ئاپتومات»)، ئامېرىكىدا ياسالغان تام مىلتىق، سەنبا چوڭ قاپلىق مىلتىق، فەنياڭدا ياسالغان كونىچە مىلتىق، قارا مىلتىق (8- ئارمىيەدىكى توقۇمىچى ئايااللار ئۆگكۆرىدىكى قورال زاۋۇتىدا ياسالغان كۆچى ناھايىتى زور مىلتىق، گېرمانىيەدە ياسالغان چوڭ ئەينەكلىك قۇتا شەكىللىك مىلتىق، ياپونىيەنىڭ قۇتا شەكىللىك «ۋاگبا» مىلتىقى، شەكلى توخۇ پاچىقىغا ئوخشايدىغان مىلتىقى...... ئەنگلىيەدە ياسالغان سېپى پىل چىشىدىن قىلىنغان

ئايالچە كىچىك تاپانچا، جەڭ 48 سائەت داۋام قىلدى. جەڭ ئاياغلىشىپ دالىنى جەسەت قاپلاپ كەتتى. قان دالىدىكى ئوت - چۆپلەرگە قوۋۇەت بولدى.

...... سەن ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىڭدىكى ئۆزۈڭنى ئۆلۈك تۇرنىنى كۆتۈرۈپ، قورقۇپ كەتكەن چۆپلۈك ئارىسىدا تۇرۇپ، ئاناڭنى چاقىرىپ يىغلاۋاتقان ئاۋاق بالا ھالىتىدە كۆز ئالدىڭغا ئەكەلدىڭ. بېشىڭنىڭ ئۈستىدىن غايىب ئوقلار ئۆتۈپ تۇراتتى، ئەتراپنى ئىس - تۈتەك قاپلىغانىدى. قاش - كۆزى قاملاشقان بىر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى سېنى دەرەخلىككە ئەكىرىپ كەتتى. كەچقۇرۇن، سىلەر گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تۇرنىنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇپ يېدىڭلار. تۇرنىنىڭ خۇشبۇي ھىدى بىلەن ئىسمۇ تاتلىق پۇرايتتى. قاش - كۆزى قاملاشقان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى لىيەندۇيىنىڭ ئالاقچىسى ئىدى. كۆپچىلىك ئۇنى «شاۋۋاڭ» دەپ چاقىراتتى.

بۇ شاۋۋاڭ ھۆسن تۈزەش كارىۋىتىدا ياتقان ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ دەل ئۆزى شۇ ئىدى. فاڭ فۇگۇيىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان ئەسلىمىلىرىنىڭ كېيىنكى بابلىرى خۇددى جىنلارنىڭ سايىسىدەك يېڭىباشتىن پەيدا بولدى. ئۇ بېلىنى ئېگىپ ئورنىدىن تۇردى. ياپونىيەدە ئىشلەنگەن غايەت زور مۇزلاتقۇنىڭ قورۇلمىسىنى كۆزىتىپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ مۇزلاتقۇنىڭ شەبنەم توختىتىش ئىقتىدارىدىن رازى بولمىدى. مۇزلاتقۇنىڭ كاتەكچىسىدە تۇرغان يوغان قارا سولياۋ خالتىنى كۆرۈپ قالدى. خالتىنىڭ ئاغزى ئاق بوغقۇچ بىلەن ئوراپ چىڭ چىگىۋېتىلگەن. پېچەت بېسىلغانىدى. ئۇ خالتىنى ئازراق يىرتىپ بارمىقىنى تىقتى. بارمىقى يۇمشاق نەرسىگە تەگدى...... مۇزدەك ئىدى...... ھەي! نېمىدۇ؟ نېمە نەرسىدۇ؟...... تىرنىقىنىڭ ئارىسىغا ئاقۇچ ماي يۇقۇپ قالدى. سولياۋ خالتىنىڭ يېنىدا يىرتىلغان تېرە، قالايمىقان چاچ،

ئۇزۇن - قىسقا سۆگەك، چوڭ - كىچىك كۆز قارىچۇقى، بۇنىڭدىن باشقا، بۆرەك، يۈرەك، ئۈچەي قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. سەن ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتىڭ. ئادەمنى شۈركۈندۈرۈۋېتىدىغان مۇزدەك ھاۋا ئەتراپىڭنى ئوراپ ئالدى، بىردەمدىلا ئاجايىپ توڭلاپ كەتتىڭ. ھېلىقى پور رەڭ كىچىك چىراغنىڭ نۇرىمۇ سوغۇق ئىدى.

ئىلگىرى مۇزلاتقۇنى دوزاخ ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلاتتىڭ. ئەمدى خۇشاللىق بىلەن: دوزاختا يورۇقلۇق بار ئىكەن، ئىسسىق ئىكەن. مۇزلاتقۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇش ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت ئىكەن، دېگەن قاراشقا كەلدىڭ. مۇزدەك ھاۋادا سەگەكلەشتىڭ، ھاياتىڭدا ھېس قىلىپ باقمىغان خوتۇنۇڭ تۇ شاۋيىڭغا بولغان سېغىنىشىڭ مۇزدەك ھاۋاغا تارقىلىپ كەتتى. مۇزدەك ھاۋا مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسى. مۇزلاتقۇدا بىر ئەرنىڭ، ئايالنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلدىڭ.

ئۇ مۇزلاتقۇنىڭ يوغان ئىشىكىگە ئۈسۈۋېلىپ، قاڭقىپ بېرىپ بەش مېتىر يىراق يەردىكى تاختايدا ئولتۇرۇپ قالدى. كىشىلىك دۇنيادىكى ئىسسىق ھاۋا ئۇنى ئورىۋالدى، ئۇ ئېرىدى. چېچىدىكى، قېشىدىكى ئاق قىروۋ شەبنەمگە ئايلاندى، ئىككى تامچە شەبنەم قولىنىڭ دۈمبىسىگە چۈشتى. كۆك تومۇرلار قۇترىدى، سىياھنىڭ دېغى. قولىنىڭ ئالقىنى بەك پاسكىنا بولۇپ كەتتى. تىرناقلىرى ناھايىتى كۆرۈمسىز. قۇۋۋەت تولىمۇ ناچار ئىدى. تىرناقلىرىدا سەپكۈنى بار ئىدى: قورسىقىڭدا چاتاق بار. ئالىي مەكتەپتە ئاجايىپ كۆپ دەرس ئۆتۈلگەنلىكىنى ئەسلىدىڭ، سەن ناھايىتى كۆپ كىتاب ئوقۇغانىدىڭ. كۆزئەينىكىڭ ئالامەت چوڭ ئىدى. بېشىڭ پىرقىراپ ئالدىڭغا مېڭىپ، يۇمشاق بىر جىسىمغا ئۈسۈۋالدىڭ. بۇنداق يۇمشاق ھەم بۇنداق ئىسسىق جىسىمدا فىزىكىغا مۇناسىۋەتلىك قانداق خۇسۇسىيەت باردۇ؟ بۇ جىسىم

رۇس تىلى فاكۇلتېتىنىڭ قىز ئوقۇغۇچىسى تۇ شاۋېيگىنىڭ ئەمچىكى ئىدى. بېشىڭ زىڭىلداپ تېز يوغىناپ كەتتى. ياز پەسلى ئىدى، تۇشاۋ يىلڭ ماش رەڭ نېپىز شايى كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى ئوچۇق. ئوقۇرەك سۆڭىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بىر جۈپ كۆكسى بىر جۈپ ئالمىدەك كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدە — مەيدىسىدە پىلتىڭلايتتى. ئۇنىڭ بويى 1 مېتىر 80 سانتىمېتىر، ئۆزى ئاۋاق، يۈزىنىڭ تېرىسى تارتىشىپ تۇراتتى. ئۇ يۇقىرىدىن پەسكە قاراپ غەزەپ بىلەن فاك فۇگۈيگە تىكىلدى.

— كەچۈرۈڭ، بېشىڭىزغا ئۇسۇپ سالدىم.

— مەيدىڭىز بەك يۇمشاقكەن، ئاغرىمىدى.....

ئۇ كۆزىنى چىمچىقلاتتى، ئىككى تامچە ياش قولىنىڭ دۈمبىسىگە چۈشتى، قولىنىڭ دۈمبىسىدىكى قان تومۇر كۆك ئىدى.....

سەن بىرگە شۇ چاغدا كۆزىنى قاماشتۇرۇۋەتكەن پارقىراق ئىككى تامچە ياشنى كۆرۈپ ئۇنىڭ لەرزىگە كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتنىڭ بىخ سۈرگەنلىكىنى دەپ بەردىڭ. ھاماقەت ھېسسىياتلىنىپ كەتسە يولۋاستىن قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىدىن بىر غېرىچ ئېگىز رۇس تىلى فاكۇلتېتىنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسىنى كۇتۇپخانىنىڭ قىسىلچىقىغا باستى. تۇ شاۋېيگىنىڭ ئاغزىدىن ئۇلۇغ رۇس تىلىنىڭ ھىدى كېلەتتى...... جۇڭگولۇقنىڭ ئاغزى بىلەن مۇھەببەتلىك رۇس تىلىنىڭ ھىدى، پىشىپ كەتكەن بەرەڭگە بىلەن يىسسۇبلەكنىڭ پۇرىقى ئارىلىشىپ كەتكەن، ئەسەبىي ۋە ئوتلۇق ھىدنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن شۈمۈرەتتىڭ. كېيىن خاربىندىن كەلگەن، رۇس قېنى ئارىلاشقان ئازغۇن قىز بىلەن توي قىلدىڭ. ياخشى كۈنلىرىڭ شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

تۇ شاۋېيگىنىڭ ئالما چوڭلۇقىدىكى ئەمچىكى توي قىلىپ بىر ئايدىن كېيىن، بىر جۈپ كىچىك توپتەك بولۇپ كەتتى. بۇ

ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى! پۈۋلەپ چوڭايتىلغان شارغا ئوخشاپ قالغانىدى.

يۇقىرى ئاۋازدا تووۋلانغان شوئار: ئەمچىكى يوغان سوۋېت شپۇنچىلىرىنىڭ ئايال جاسۇسىنى يوقىتايلى!

سەن يوغان مۇزلاتقۇدىن 5 مېتىر يىراقلىقتىكى تاختايدا تۇ شاۋىيىڭنىڭ چىرايلىق ۋە تولغان كۆكسىنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ. كونىلاردا: «قارنىڭ گۈزەللىكىنى يازدا بىلىسەن» دېگەن گەپ بار. خۇددى چاڭچىلىلەردە ئېيتىلغان: تەتۈر پېشانە دەپ تىللايسەن! كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ ئالتۇن يالىتىلغان قاشتاشنى تونۇمايسەن. مەرۋايىتنى لاي دەپ بىلىسەن! دېگەن گەپتەك ئىش بولدى.

مۇزلاتقۇنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. پور رەڭ چىراغنىڭ نۇرى ئېرىتقۇ ئوتتەك پىلدىرلايتتى. ئادەمنىڭ بۇزۇلغان تېرىسى، سېسىغان گۆشى ۋە ئىچكى ئەزالىرى خىرە - شىرە يالتىرايتتى. دوزاخنىڭ ئىشىكى سەن ئۈچۈن ئوچۇق، تۇ شاۋىيىڭنىڭ ئاپئاق يوغان كۆكسى گويا بىر جۈپ قۇياشتەك تورۇستا پۇلاڭلاپ تۇراتتى، نۇرنىڭ سايىسى مەيۈس جەننەتتىن چىقىۋاتقان نۇر ئىدى.

سەن ھايات - ماماتنىڭ تۆت كوچا ئاغزىدا تۇرۇۋاتىسەن— قەپەستىكى بور يەيدىغان مۇشۇ گەپنى قىلدى. ئۇ جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ چېگراسىدا تۇرۇپتۇ— ئاۋازىغا ئەگىشىپ كەتتۇق.

ھۇۋۇلىغان ئاۋاز فاك فۇگۇينىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقتى— دەپنە ئىدارىسىدىكى بىر. كېچىلىك كۆزەتچى بىر كۈنى كەچتە جىنلارنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى — ھۇۋۇلىغان چاغدا قوۋۇزىنىڭ ئاغرىپ ئۇيۇشۇپ كەتكەنلىكىنى سەزدى— ئۆسمۈرلۈك چېغىدا كاناي چېلىشنى ئۆگەنگەنىدى، نەپەسنى باشقۇرالماي قالغاندا قوۋۇزى مۇشۇنداق ئاغرىپ ئۇيۇشۇپ كېتەتتى— مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىككى بارمىقى بىلەن ئاغزىڭنى ئىسكەنجىگە ئالغانلىقى

هازىرمۇ يادىڭدا — ھۇۋلىغۇك كەلمىسە ھۇۋلاپ سالاتتىڭ. ئادەم بەزىدە بەزى ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارىنى كونترول قىلالمايدۇ— ئۇ ھۇۋلاپ تاختايدىن ئادەملەرگە خاس بولمىغان چاققانلىق بىلەن تۇرۇپ كەتتى. مۇزلاتقۇنىڭ تۆمۈر ئىشىكىنى كۈچەپ ئىتتەردىڭ. دوزاخنىڭ ئىشىكى ئېتىك ئىدى. ئۆي ئىچىدە كىشىلىك دۇنيانىڭ ھىدى بىلەن خىيالىي دۇنيانىڭ نۇرى بار ئىدى.

مۇزلاتقۇنىڭ ئىشىكى ئېتىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ شۇ زامات نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. زادى نېمىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى، بۇنىسى قاراڭغۇ ئىدى. تۇ شاۋىيگىنىڭ كۆكسىدىكى نۇرنىڭ يېرىمى خىرەلىشىپ كەتتى. ئۇ تۇ شاۋىيگىنىڭ كۆكسىنى چوشقا تېرىسىدىن تەييار قىلىنغان ياماقنى سىلىغاندەك سىلىدى.

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ھۆسن تۈزەش كارىۋىتىدا تۈپتۈز ياتاتتى، چىرايى سۈزۈك، قورساق قىسمى چېك كىرىشىپ كەتكەن بىر پارچە پولات تاختىدەك تۈز ئىدى. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى شۇمىدۇ؟

ئۇ ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقمۇ، ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقمۇ ياكى ۋاڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقمۇ ئەمەس. ئۇ زەمبىرەكنىڭ ئوت يالقۇنى، كۆيۈۋاتقان ئوت - چۆپ ۋە قانغا بويالغان زېمىن ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان بالا سەن شۇ.

سەن ئۆلگەن تۇرنىنى قۇچاقلاپ «ئانا» دەپ يىغلايسەن. بىر ئەر ئورنىدىن تۇردى. يالاڭباش، كونا پاختىلىق چاپان كىيگەن ئادەم سېنىڭ ئاتاڭ ئىدى. زەمبىرەك ئوقىنىڭ بىر پارچىسى ئاتاڭنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. قىپقىزىل قان چاچرىغاندا ئاۋاز چىققاندى. ئاتاڭ بىلەن ئاناڭنىڭ بېلىدىن سۇنغان دەرەختەك بولۇپ كەتكەن ھالىتىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ. شاۋۋاڭ تاغاڭ سېنى يۇدۇپ دەرەخلىككە كىرىپ كەتتى. سەن ئۇنىڭ دۈمبىسىدە، ئۇنى ياش ئاتا قاتارىدا كۆردۈڭ.

بۇ ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ ئاجىز ھېسسىياتىنى تولۇقلىماي ئويغاتتى. خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىق قىلغان، ئەمدى ئوغلى بىلەن قىزىنىڭ ئالدىدا پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

فاڭ لوڭ 16ياشقا كىردى، بۇغدىيەك پەيدا بولدى.

فاڭ فۇ 15ياشقا كىردى، بۇغدىيىكى يوق ئىدى.

بۇ ئىككى ئىككىنچى ئەۋلاد ئازغۇنلار مەيلى بەدەن شەكلى، چىراي - قىياپەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىن بولسۇن، ئالاھىدىلىكى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئاكا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ بەدىنى زىلۋا، بويى ئوخشاش ياشتىكى باللارنىڭ بويىدىن ئېگىز، تېرىسى ئاق ھەم پارقىراق، قاڭشارلىق، كۆزلىرى يوغان، كىرپىكلىرى ئۇزۇن ئىدى. قىزنىڭ ئاغزى چوڭ ھەم تارتىملىق، يېقىملىققىنا كۈلۈپ قويۇشلىرى كىشىنى جەلپ قىلاتتى. قىسقىسى، ھەر ئىككىلا بالا كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى.

شۇلارنى ئويلىغان فاڭ فۇگۈينىڭ گۈل ۋە پۇراقلىق ئوتلار بىلەن بېزەلگەن بۇ خىزمەت ئۆيى شۇئان لەخمىنىڭ ئالۋاستى تۆشۈكىگە ئوخشاش كۆرۈندى. ئەينەكلىك دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى دەريا سۈيى بىلەن پاسكىنا سۇ ئازگىلىغا رەڭگارەڭ ئىئون چىراغلارنىڭ ئەكسى چۈشكەنىدى. كېچىدە كېتىۋاتقان ماشىنىلار ئاسماندىن چۈشكەن يوغان يۇلتۇزلاردەك ئاسمان - پەلەك ئېگىز بىنالارنىڭ ئارىسىدا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، كىران غايەت زور بىلەكلىرى بىلەن ئۆيلەرنى بىر - بىرلەپ كۆتۈرۈپ ئۈنسىز ھالدا بىنا قۇراشتۇرۇۋاتاتتى...... مەن ھايات ئىكەنمەن، نېمىشقا ئۆلۈككە ھەمراھ بولىمەن؟ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ماڭا بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان نېمە ھوقۇقى بار؟ ئادەم بىر قېتىم ئۆلۈپ يەنە تىرىلسە بولمامدىكەن؟ شان - شەرەپ قۇچۇپ ئۆلۈپ كېتىپ تونۇيالماي كېتىپ قالغاندىن كۆرە، يامان نام قالدۇرۇپ ياشىغان ئەلا ئەمەسمۇ؟ دەپ چوڭقۇر ئويلىدى.

ئۇ تولىمۇ دوستانىلىك بىلەن ھۆسىن تۈزەش كارىۋىتىدا ياتقان، ئورنىنى تارتىۋالغان ھەم ئۆزىگە ئىككى قېتىم نىجاتكار بولغان شەپقەتچىسىنىڭ قولىنى تۇتتى. سەن ئۆلۈم تۇيغۇسىنى كاللاڭدىن كۈچەپ چىقىرىۋەتتىڭ، چۆچۈگەن ھالدا ئۆزۈڭنى ئىشىك ئېچىپ زالغا ئاتتىڭ. ئىشىك كەينىڭدە خۇددى: پۇشايمان قىلما! دېگەندەك ئۆزلۈكىدىن يېپىلىپ قالدى.

دەپىنە ئىدارىسىدىكى زالدا باشقا ھەممە زاللارغا ئوخشاش چىراغلار كېچە - كۈندۈز چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى. چىراغلارنىڭ نۇرلىرى چاسا شەكىللىك ئەينەكتىن ياسالغان يوغان بېلىق بېقىش ئىشكاپىدىكى سەمرىپ كەتكەن قاپقارا ئالتۇن بېلىققا چۈشكەن. زالنىڭ تۆت ئەتراپىغا گۈللەر چەمبەر چىقىرىلىپ تىزىپ قويۇلغانىدى. كۈندۈزى دەسسىلىپ يېتىپ كەتكەن سۇنئىي تالالىق گىلەمنىڭ كەچتە قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن تۈكلىرى كىرپىنىڭ تۈكىگە، ياپيېشىل يۇمشاق چۆپكە، ئۆلۈپ تىرىلگەن موخقا ئوخشايتتى.

يەرگە سېلىنغان گىلەمدىن ئەكس ئەتكەن رەھىمسىزلىك سېنى دەككە - دۈككىگە سېلىپ قويدى. ئۇ ساڭا سەندىن ئۆچ ئېلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەۋاتاتتى. گىلەمنىڭ چېتىدە، ئوچۇق قالغان يوغان بىر پارچە چاسا تاش تاختىدا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىڭ. ئالتۇن بېلىقنىڭ قۇيرۇقىنى پۇلاڭلاتقانلىقىنى كۆردۈڭ، ئەخمەق، يۇملاق بۇ سەت مەخلۇقنى ئالتۇن بېلىق دېگەندىن كۆرە، چوڭقايتىلغان قومچاق دېگەن تۈزۈك ئىدى.

8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرى ئىشخانىسىدا بولۇنغان پاراڭ بىردىنلا كاللىسىغا كەلدى. بۇ گەپ سېنىڭ ئاغزىڭدىن چىقمىغان بولسا شاۋگۇنىڭ ئاغزىدىن چىققانىدى: شەھەرلىك ھۆكۈمەت زىياپەت زالىدا داستىخانغا توققۇز خىل قورۇما چىقىرىلىدىكەن. بىرىنچى قورۇما: دۈملەپ پىشۇرۇلغان

كەسلەنچۈك؛ ئىككىنچى قورۇما: مايدا قورۇلغان چېكەتكە؛ ئۈچىنچى قورۇما: تىرىك يىڭناغۇچ؛ تۆتىنچى قورۇما: سۇدا پىشۇرۇلغان قۇمچاق، بەشىنچى قورۇما: تۇزغا بېسىلغان ياچىۋەك؛ ئالتىنچى قورۇما: ئۈستىگە شېكەر چېچىلغان ھەسەل ھەرىسى؛ يەتتىنچى قورۇما: بالا ھەمرىيى قورۇمىسى...... مېنىڭ ئاقساقال بېشىنى چايقاپ گۇمانلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جاڭ چىچيۇ مۇئەللىم ئالامەت ھەيران بولدى. لى مۇئەللىم ھازىر ئادەملەرنىڭ ھەممە نەرسىنى يەيدىغان، يېيىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان، ئاسماندا ئۇچىدىغان، يەردە يۈگۈرەيدىغان، سۇدا ئۈزۈپ يۈرىدىغان، ئىشقىلىپ، قولىغا چۈشۈپ قالغانلىكى نەرسىنى يەيدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى دېدى. چايانىنىڭ قۇيرۇقى سەككىز مو، قۇشقاچ بەش يۈەن، سازاڭ بەش مو...... ئەمدى ئادەملەر يېمىگەن كىركەك قۇرت قالدى...... بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس...... ئادەمنى يېگىلى بولارمۇ؟ بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس...... بالا ھەمرىيىنى يېگەنلىك ئادەم يېگەنلىك...... قاراپ تۇرۇڭلار...... خاتىرجەم بولۇڭلار، ئۇ كۈنلەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بېشىغا كەلمەيدۇ. بىر بىر - بىرىمىزدىن جىۋەك، كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلكىدىن كېيىن شادلىق، شادلىقتىن كېيىن چەكسىز خۇشاللىق، چەكسىز خۇشاللىقتىن كېيىن قايغۇ - ھەسرەت. بىز نېمە يەيمىز؟ ھە، نېمە يەيمىز؟ بور يېسەك بولىدۇ، بور يەيمىز...... سەن بايام مۇزلاتقۇدا كۆرگەن ھېلىقى قارا سولياۋ خالتىدىكى ئاقۇچ مايىنى ئەسلىدىڭ...... بىرسى مۈرەڭنى تۇتتى، سەن ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا سەپسالدىڭ: بېلىگە تاپانچا قىستۇرۇۋالغان قوراللىق ساقچى ساڭا سوغۇق كۈلۈپ تۇراتتى.

— سىز فاڭ مۇئەللىممۇ؟...... — دېدى ساقچى شۈبھىلىنىپ.

— توغرا، توغرا، مەن فاڭ فۇگۇي، — دېدىڭ ئېگىلىپ،— سىز......

— مەن سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىز، ئېرلاڭشېننىڭ سىنىپدىشى. سەن ياسالمىلىق قىلىپ:

— ئېسىمگە كەلدى، ئېسىمگە كەلدى، — دېدىڭ.

— ئېرلەڭشېن ماڭا سىزنى ئۆلۈپتۇ دېدى.

— مەن ئۆلدىممۇ؟ دەڭە، مەن ئۆلدىممۇ ياكى ھېلىھەم تىرىكمۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. خوش، ئۆيگە قايتىمەن.

سەن ساقچى ئوقۇغۇچىڭغا قولۇڭنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ گىلەم ئۇستىدە چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭدىڭ. توك ئېقىمى بارماقلىرىڭنىڭ ئۇچىدا يۇگۇرەيتتى. دەپنە ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى قورالىلىق ساقچى فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ۋۇجۇدىدا يانغان كۆكۈچ توك ئۇچقۇنىنى بايقىدى. سىرلىق توك قويۇپ بېرىش ھالىتىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى مۇئەللىمدىن سوراپ بىلىۋالغۇسى كەلدى. ئەمما، پۇرسەت ئۆتۈپ كەتتى: فاڭ فۇگۇي پىرقىراتما ئەينەك ئىشىكنى ئىتىپ، تالاغا چىقىپلا كۆزدىن غايىب بولدى.

ساقچى ئوقۇغۇچىسى زالدا نېمىش قىلىدۇ، ئۇ بىلمەيدۇ. تار كوچىدا ئەركىن كېتىۋاتاتتى. ھايات - ماماتنى ئايرىپ تۇرىدىغان دەپنە ئىدارىسىنىڭ پىرقىراتما ئىشىكىدىن كىرمەك ئاسان، چىقماق تەس ئىدى. بىراق، قانۇنىيەت ئۇنىڭغا كەلگەندە ئاستىن - ئۇستۈن بولۇپ قالدى: كىرمەك تەس، چىقماق ئاسان بولدى.

ھەشەمەتلىك بىر پىكاپ سىيرىلىپ كەلدى، شوپۇر ئوغرى مۇشۇكتەك ماشىنىدىن بېشىنى چىقاردى. ئۇ قورقۇپ كېتىپ يولنىڭ ياقىسىغا چىقىۋالدى. ئوشۇقى قايرىلىپ كەتتى، ئولتۇرۇپ زەخىم يېگەن جايىنى سىلىدى. كۆز ئالدى قىپقىزىل قان، قاندا سۇس يېشىللىق پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى. سەل ئاقسىلايتتى. كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن چوڭ يولغا چۈشۈپ يۈرۈپ

كەتتى. ماشىنىلارنىڭ كەينىدىكى چىراغ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆزىدەك قىزىل ئىدى. ئۇ بىردىنلا كەينىگە ئۆرۈلدى. ھازىر ساقچى بولغان ئىلگىرىكى ئوقۇغۇچىسى بىلىدىكى«69» تىپلىق ساقچى تاپانچىسىنى ئىبىسىپ، «گۈزەل دۇنيا» نىڭ چىراغلار چاراقلاپ يېنىپ كەتكەن زال ئىشىكى ئالدىدا ساڭا كۆزى بىلەن سالام قىلىپ تۇراتتى.

كەچتە كوچا تازىلايدىغان ئايال تازىلىق ئىشچىلىرى چىرايىنى، ھەتتا تېرىسىنىمۇ باشقىلارغا كۆرسىتىشنى خالىمايتتى. ئۇلار ئۇچىسىغا مېغىز رەڭ كاناپ خىزمەت كىيىمى، قولىغا پەلەي، بېشىغا كاناپ شەپكە كىيگەن، ئاغزىغا ناھايىتى يوغان كاناپ ماسكا تاقىغانىدى؛ كۆزلىرىدىن بىرسى بىلەن ھازىرلا سوقۇشۇپ قالدىغان ئالامەت ئەكس ئېتەتتى. ئۇلار كۆزۈڭگە ئەرۋاھتەك كۆرۈنۈپ كەتتى ( ئۇلارنىڭ كۆزىگە سەنمۇ ئەرۋاھتەك كۆرۈنەتتىڭ). «مۇھەببەتنى دەپ بۇ يەرگە كېلىش چۈش كۆرگەندەك......» تاق، تاق، تاق! تازىلىقچى ئايال بىرنەچچە تال مۇزكالتەكنىڭ قەغىزىنى تۆمۈر گۈرجەككە سۈپۈرۈپ ئالدى. «ھاراملىقلارنىڭ ھەممىسى ئەقىللىك......»

كوچىنى ئەپچىل سۈپۈرۈۋاتقان، 30ياشلارغا بارمىغان بۇ تازىلىقچى ئايالنىڭ ساڭا كۆزى چۈشۈپ قالدى — بوغۇق ئاۋازدا مۇھەببەتنى چۆكۈرۈپ خىڭىلداپ ئېيتىۋاتقان مۇھەببەت ناخشىسى سېسىق دۇفۇدەك ئادەمنى جەلپ قىلاتتى. ئۇ شەھەرنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىدا لاتاپەت بىلەن يۈرەتتى: دەريا بويىدىكى ئاق تېرەكلىك. مۇھەببەتنىڭ سىرلىق تۈسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ چىراغلىرىنىڭ يورۇقى خىرە ئىدى. ئاق تېرەكلەرنىڭ سايىسى گىلەمدەك يۇمشاق چىملىقتا، بىز بايام تونۇشۇپ ئۆتكەن غاز تۇخۇمى چوڭلۇقىدا تاش ياتقۇزۇلغان ئېگىز - پەس يولغا قىڭغىر - سىڭغىر چۈشكەنىدى. چىراغلارنىڭ تۇرقى گىرىمسەن

بولغاچقا، يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقى چاقناپ كەتكەندى. دەريادا يۇلتۇزلارنىڭ ئەكسى جىمىرلايتتى، پاقىلار كۈركىرايتتى. رومانتىكىدىن ھالقىپ كەتكەن يىگىت ـ قىزلار دەرەخلىكتە قونۇپ قالاتتى. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرىغا ئاسان ئېرىشىش ياشلارغا بەخت ئېلىپ كەلگەندى، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكى ئىدى.

سەن ئورمانلىقتا ئولتۇرۇپ سىيىۋاتقان بىر ياش قىزنى ئۇچرىتىپ قالدىڭ. پاخپايغان چاچلىرىنى«قويۇق چېچى تىك تۇرۇش»دېگەن ئوبرازلىق گەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئىدى. سەن سىيگەن چاغدىكى ئاۋازنى ئاڭلىدىڭ، سۈيدۈك پۇرىقى بۇرنۇڭغا ئۇرۇلدى. ئۇيقۇسى ئېچىلمىغان ئۇ قىز ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ساڭا تىكىپ مۆجمەل كۈلدى، ئاندىن ئىشتىنىنى ئاستا كۆتۈردى. ئىشتان تولىمۇ تار ئىدى. كاسىسى ئىشتانغا ئاران پاتاتتى. ئىشتىنىنى سالغاندا ساغرىسىدىكى تېرە تۈۋەنگە قاراپ شىلىنغاندەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىدىڭ. نېمىشقا ئۇنىڭ كاسىسىنى كۆرگىنىڭنى كۈچەپ ئىنكار قىلىسەن؟ ئەمەلىيەتتە كاسىسىنى يەنىلا كۆرۈپ قالدىڭ.

ئۇ كونا يولنى تېپىشقا ئالدىرىدى. بىر ئەستايىدىل ئاتا، باشقىلارغا ئۈلگە بولغان نەمۇنىلىك ئەر بىر قىزنىڭ ئىزىغا چۈشسىكەن، ئۇنىڭ سىيگەن چاغدىكى سۈيدۈكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا، پۇرىقىنى پۇرىسا، كاسىسىنى كۆرسە...... ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئۇچۇن شاپىلىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ زەردە بىلەن تەمتىرىمەي ئۆزىنى كاچاتلىدى.

ـــ ئۇر! قاتتىق ئۇر!

ـــ ئوغلىدىن تاياق يېدى!

بۇ ئىككى ئېغىز گەپمۇ، ئادەم تىللىغان گەپمۇ ئۇنىڭغا

تونۇش ئىدى.

ئوغلىدىن ياتاق يېدى.

ئالدى تەرەپ ئاق تېرەكلىك ئىدى. ئاق تېرەكلەر سىلىق، ئېگىز، تىك ئىدى. يوپۇرماقلىرىدىن كۆلكە ئاۋازى كېلەتتى. سەن ئازغۇن ئىككىنچى ئەۋلادنى كۆز ئالدىڭغا ئەكەلدىڭ. ئېگىز، قامىتى ئىلپىتەك تۈز، يالىڭاچ بەدىنى پارقىراپ تۇرغان بىر يىگىت قويۇق چېچى تىك تۇرۇپ كەتكەن بىر قىزنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتاتتى. ياش قىز غىڭىلداپ، ئوغلۇڭغا ئوخشاپ كەتكەن ھېلىقى ئەبلەخنىڭ كاسىسىغا شاپىلاق بىلەن ئۇرۇۋاتاتتى.

فاڭ فۇگۇي چۆچۈپ كەتتى. ئۇ تاڭ ئالدىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ، ئەڭ سوغۇق بىر ۋاقىتتا، ئاق تېرەكلىكتىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ، «1 - ئاۋغۇست» يولىغا چۈشتى، «1 - ماي» مەيدانىنى كېسىپ ئۆتۈپ، «خەلقنى سۆيۈش كوچىسى» غا قايرىلدى، «ئاممىۋى كوچا» غا يېنىچە كىرىپ، «قىزىل يۇلتۇز تونېلى» بىلەن كوچىنى كېسىپ ئۆتتى. شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېنىدا، بىر كونا بىنانىڭ پالەچ ھالەتتە يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدىڭ (مۇتەخەسسىسلەر قەرەللىك پارتلىتىۋەتكەن بىنا ئىدى). كاللاڭدا بوش ۋاقىتلاردا ئويلىنىشقا تېگىشلىك مېخانىكىغا مۇناسىۋەتلىك گۇمان قېپقالدى، ئۇ قۇرۇلۇش مەيدانىدا ئېگىلىپ ماڭدى. خىش ۋە كاھىش پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. دەسسىگەن يەردىن ھاك پۇرقىراپ كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ ناھايىتى چوڭ ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. ناھايىتى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ ساق چىقىپ كەتمىكى تەستەك تۇيۇلدى. پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۆمىلەپ چىقتى. ئوت - چۆپ ئۆسۈپ كەتكەن بىر تامدىن ئۆتتى. يەنە ئازراق ماڭدى، يېتىپ كەلدى. بىر پارچە ياغاچ ۋىۋىسكىغا 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. رېشاتكىلىرى كونىراپ كەتكەنىدى. ياتاق بىناسى رايونىغا كىرىپ

ئىشكنى چەكتى. تۇ شاۋيلڭ ئۈستىبېشى ئاپئاق ئېرىنى دېرىزە ئالدىدا كۆرۈپ:

— جىن....! — دەپ چىرقىراپ كەتتى.

سەن قاتتىق ھەسرەتلەندىڭ.

«گۈزەل دۇنيا» غا كەتمەكچى بولدۇڭ.

«گۈزەل دۇنيا» غا كېتەلمەيتتىڭ.

سەن قوشناڭنىڭ ئىشكىنى چەكتىڭ. قوشناڭنىڭ خوتۇنى ئالاھىدە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، دەپنە ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە ھۆسن تۈزىگۈچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى لى يۇچەن ئىدى.



# تۆتىنچى باب

## 1

ئالاھىدە ھۆسن تۈزىگۈچى بىر تال كۆكۈچ ئوپېراتسىيە پىچىقىنى ئىككى بارمىقى بىلەن قىسىپ تۇتقان ھالدا كېيىملىرى سالدۇرۇۋېتىلگەن ۋالك مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئېمال قاچىدا تۇرغان، قاغىنىڭ پېيىدەك ئاشۇ ئوپېراتسىيە پىچىقىنى كۆرەلەيدىغانلىقىمىزنى دېدى. سىز پىچاق تەگكۈزۈشتىن ئاۋۋال بېشىڭىزنى سېلىپ ئۈچ مىنۇت سۈكۈتتە تۇردىڭىز. ياندا تۇرغانلار سىزنى ئۆلگۈچىگە تەزىيە بىلدۈرۈۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى. بۇ سىزنىڭ ئادىتىڭىز ئەمەس ھەم دەپنە ئىدارىسىدە بۇنداق قائىدىمۇ يوق ئىدى. سىز ئەزەلدىن كېيىملىرىڭىزنى ئالدىراش سېلىپ، ئاق خالتىڭىزنى كىيىپ بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمەستىن، خۇددى ھۆنەرگە پىششىق موزدۇز خۇرۇم بەتىنكىنىڭ كونىرىغان خۇرۇمىنى يارغاندەك پىچاق بىلەن ئۆلۈكنىڭ يۈزىنى ياراتتىڭىز.

ۋەزىپىڭىز ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ۋە ئۆلۈكنى قوبۇل قىلىدىغان تارماقنى ئالداش. بۇ تارماق جەننەت دەپ ئاتىلىدۇ. دوزاخ دېيىشمۇ بولىدۇ. مەھسۇلاتلىرىڭىز بىردەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۈچ مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇپ، قولتۇقىنىڭ تەرلەپ، ئاچارىسىدا ھاسىل بولغان ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەرنى ئەسلەپ، پاراكەندە بولۇپ يۈرىكى ئۇيۇشۇپ قالدى. ئوپېراتسىيە پىچىقىنى

قىسىپ تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىمۇ سەل نەمدەلدى. دېدىڭ. مۈشۈنداق بىئەپ ھالەتكە تېزرەك خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، ئۇ سول قولى بىلەن ئۆلۈكنىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇپ، ئېڭىكىدىكى سۆڭەكنى كۆتۈردى، بوينىنىڭ تېرىسى تارتىشتى، ئاندىن ئۇ بىزگە ئۆلگۈچىنىڭ بۇغدىيىكىنىڭ ئۈستىدىكى بىر ئورۇننى دەللەپ يىرتقۇچلارچە پىچاق ئۇرغانلىقىڭىزنى، پىچاق ئۇرۇلغان ئورۇندىن ئاقۇچ مايىنىڭ ئۆرۈلۈپ چىققانلىقىنى، دېدى. شۇ چاغدىكى كۆرۈنۈش سوقا بىلەن يەرنى ئاغدۇرغان كۆرۈنۈشكە ئوخشاپ كەتتى، دېدى ئۇ.

شەھەرلىك پارتكوم رەھبەرلىرى ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى-نىڭ ھۆسن تۈزەش ئىشىنى بىر تۈرلۈك سىياسىي ۋەزىپە قاتارىدا سىزگە تاپشۇردى. دەپنە ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا ئىشەنمەيتتىڭىز. قاراشلىرىدىن ئېتىبار بېرىش ئالامىتى چىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆرمەسكە سالدىڭىز. ناۋادا ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ھۆسنىنى تۈزەشتە بۇ ئىشنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتىنى ساقىت قىلىۋەتسە، كۆز ئالدىمىزدا ئۇ تېخنىكا مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. نوقۇل ئالاھىدە ھۆسن تۈزىگۈچى ئۈچۈن ھېچقانداق مەسىلە ئەمەس.

ھۆسن تۈزەش تېخنىكىسى تىببىي كاتېگورىيەدىن ئايرىلىپ چىقىپ، بىرلا سەكرەپ گۈزەللىك ئىلمى كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولۇۋالدى، ئاندىن يەنە تىببىي ئىلىم بىلەن بىرلىشىپ، گۈزەللىك ئىلمى دەپ ئاتالدى. ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ ۋەزىپىسى گۈزەللەشتۈرۈش، سەتلىشىپ، بۇزۇلغان پۇت-قوللارنى ياماش، كىچىك شەھەردە تىرىكلەرنىڭ ھۆسنىنى تۈزەپ، كۆپلەپ پۇل تېپىۋاتقان ئۇ ئون نەچچە ئىرادىلىك ياش گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ھەيكەلتىراشلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ: بىرنەچچە ئىسىل ھاراق ۋە ئىسىل تاماكىلار بىلەن، «گۈزەل دۇنيا» غا

كىرىپ، ئۆلۈكلەر ئارقىلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش يولىنى قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

لى يۈچەن ماشىنا ۋەقەسىدە بېشى كۆكۈم - تالقان بولۇپ كەتكەن بىر ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى چىرايىنى رەسىمگە قاراپ ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۆلگۈچى خۇددى تىرىكتەك سۆلەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئاتىسى شەھەرلىك خەلق باغچىسىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىدا يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇراتتى. ئىككى يولۋاس، ئۈچ شىر، بەش يىلپىز، ئۇلاردىن باشقا قورقۇنچلۇق بۆرىلەرنى شۇ ئادەم باقاتتى. ئوغلىنىڭ ھۆسنىنى تۈزەش ئىشى تۈپەيلىدىن يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى بىلەن دوست بولۇپ قالدىڭىز. مائاش تۆۋەن، كىرىم چىقىمنى قامدىيالمايدۇ، گۆش كەمچىل، گۆش باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتكەن 1987 - يىلى، ئىككىڭلار گۆشنىڭ ئېپىنى قىلىدىغان ياخشى چارىنى بايقىغانىدىڭلار.

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ھۆسنىنى تۈزەش ئىشىنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتى ساقىت قىلىۋېتىلسە، لى يۈچەننىڭ ئىشى ئاددىي ھەم ئاسان بولۇپ قالاتتى. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ بەدىنىگە يېغىلىپ قالغان ماينى تازىلاپ، بىر قىسىم تېرىسىنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، ئاندىن خاتىرىڭىزگە ئاساسەن، سۈزۈك پىلاستىر ۋە بۇلۇت بىلەن بوش قالغان جاينى تولدۇرۇپ، رەڭلىك بوياق ئىشلىتىپ— رەڭلىك قەلەم ئىشلەتمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى قىياپىتىنى ئەسلىگە ئەكەلسىڭىز چوڭ تۆھپە ياراتقان بولاتتىڭىز. ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى چىرايى تۈنۈگۈندەكلا ئېسىڭىزدە. چىرايىنى كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيسىز. بۇنىڭغا كۆپ ھەشەم كەتمەيدۇ. كۆكرەكنى يېرىپ ماينى ئېلىش، بۇ قوپال قاسساپلارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدىغان ئىش. يۇقىرىقىدەك تەھلىل ئارقىلىق، ئۇ كۈچ تېجىلىدىغان ھەم

ياخشى نامغا ئىرىشكىلى بولىدىغان ۋەزىپىنى قوبۇل قىلدى، دېيەلەيمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۇنىڭ ئائىنىسى - دە!

**2**

بۇلتۇر كۈز كېچىسى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى لىڭشىپ، غىچىرلاپ قالغان شۇڭدىن توقۇلغان ئورۇندۇقتا غەمكىن ئولتۇراتتى. ئۇ 50 ياشلاردىن ھالقىغان، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، قاراشلىرى نۇرسىز، مۈكچىيىپ قالغان ئادەم ئىدى. سىز شۇ چاغدا ماشىنا چاقىنىڭ ئاستىدا قېلىپ، بېشى كۆكۈم - تالقان بولۇپ كەتكەن شۇ قەدەر قاملاشقان ھەم شۇ قەدەر سالاپەتلىك ئوغلىنىڭ چىرايىنى كۆرۈمىسىز ئاتىسى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىمىغانىدىڭىز.

شۇ چاغدا جالڭ چىچيۇ مۇئەللىم تولۇق 3 - سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەچلىك مۇزاكىرىسىنى نازارەت قىلىۋاتاتتى؛ داچيۇ بىلەن شاۋچيۇ قورسىقىنى تويدۇرۇپ ئۆگكۈرگە شۇڭغۇپ كىرىپ دەرس تەكرارلاۋاتاتتى. مومىدىن پۈتكەن ساھىبجامال كارىۋىتىدا گۆشىنى چىشلەۋاتقان پىتلارنىڭ ۋە تۇۋاقنى غاجاۋاتقان چاشقانلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتاتتى. ئۇ قىزىنىڭ بىر ئەر بىلەن قانداقتۇر بىرنەرسىلەر توغرۇلۇق پىچىرلىشىپ قىلىشىۋاتقان پارىڭىنى ئاڭلىدى. ئىككىسى بىردەم چوشقا گۆشى، بىردەم مۇكاپات پۇلى ۋە جەرىمانە، يەنە بىردەم چىشى يولۋاسنىڭ ئىككى ئاسلان تۇغقانلىقى ھەققىدە پاراڭلاشتى..... قىزى ئانىسىنىڭ كۆندىشى ئىدى. ئانارگۈلنىڭ رەڭگى ئۇنى ئورىۋالدى...... ئۇ پەردىنىڭ يوچۇقىدىن ساپسېرىق تۈك باسقان پۇتلارنىڭ خۇشال تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى..... ئۇ چىشىنى چىشلىدى، مۇزدەك ئاۋاز چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— ھەرقانداق ئائىلىدە بىر باش قېتىنچىلىقى بار، — دېدى ھۆسن تۇزىگۇچى ھېسداشلىق قىلغان ئاھاڭدا، — كۆپچىلىكنىڭ ھېچقايسىسىغا ئاسان ئەمەس، شۇنداق قىلماي قانداق قىلغۇلۇق؟ كونىلار ئېيتقاندەك: «بوران چىقىپ يامغۇر ياغسا، ئادەم جاپا تارتىدۇ، ئازاب چېكىدۇ.»

شۇ كېچە سالقىن بولغانىدى، ئۆيگە چۈشكەن ئاي نۇرىدا ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ نۇرى تۇنۇگۇن كېچىدىكىگە ئوخشاشلا خىرەلىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىكىنى سىلىدى، تۇساتتىن ئامراق ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بۇنداق ئانچىكى ئىچ ئاغرىتىش راكىنىڭ ئاغزىغا چىققان بۇرۇتقا ئوخشايتتى.

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىدىن بىر تال ئادەمگىياھنى «غاچچىدە» چىقىرىپ:

— لى ئۇستام، بۇ كونا تاغ ئادەمگىياھىنى ماڭا بىرسى بەرگەن، ئېپ قىلىپ ئانىڭىزغا بېرىڭ، قۇۋۋەت بولىدۇ، — دېدى.

يېرىم مىنۇت رەت قىلىپ، ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىز. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىردەم ماڭدىڭىز. يول بويىدىكى دەرەخلەر شۈك تۇرۇشاتتى. ئاقساقال بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تولۇپ تاشقان ئۈمىد بىلەن:

— لى ئۇستام بىلەن سودىلىشىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى.

ئىككىڭلار خەلق باغچىسىدىكى يېشىل تۆمۈر رېشاتكىنى ياقىلاپ، رېشاتكىنىڭ ۋە ساپسېرىق پادۇپ دەرەخلىرىنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن سايىلىرىنى دەسسەپ ئەركىن سەيلە قىلىپ كېتىۋاتقان كونا ئاشىق - مەشۇقلاردەك ئاستا كېتىۋاتىسىلەر. باغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ۋەھشىي ھايۋانلار تۇرۇۋاتقان تاغدىن يولۋاس گەندىسىنىڭ سېسىق پۇرىقى كېلەتتى، ئېچىرقاپ كەتكەن ئاسلانلارنىڭ ئېچىنىشلىق پەريادى ئاڭلىناتتى.

ئىككى قولىڭىز بىلەن مۈرىڭىزنى تۇتۇپ سوغۇقتا تىترەپ كەتتىڭىز. قالتىس بىر تۈرلۈك ۋەھىمە قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، پادوپ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن تۇرۇپ سىزگە قاراپ توختىماي ھۆركىرەۋاتاتتى.

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى سىزنى ئاتىڭىزغا ئوخشاش قۇچاقلىدى. ھايۋان بالىلىرىنىڭكىدەك تىرناقلىرى ئۆتكۈر، كىچىك، ئەمما قاتتىق قوللىرى بىلەن يەلكىڭىزنى سىلىغاندا، ئاقساقالنىڭ تېنىدىن كېلىۋاتقان يولۋاس، يىلپىز ۋە چىلبۆرىلەرنىڭ ھىدىنى سەزدىڭىز. كۆزلىرىڭىز گويا چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى ئەڭ جانلىق ئىككى يۇلتۇزدەك چاقناپ كەتتى.

ئۇ سىزگە يېڭى تۇغۇلغان ئىككى ئاسلان توغرۇلۇق توختىماي سۆزلەپ بەردى. ئىككى ئاسلان كاللىڭىزدا بىر پەسلەپ، بىر ئۆرلەپ ئۇچۇۋاتقان يىڭناغۇچتەك ئوماق تۇيۇلۇپ كەتتى. بايان قىلغۇچىنىڭ تەلەپپۇزى ھەسرەتلىك ئىدى. ئاتىلىق مېھرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

...... بۇ ئىككى ئاسلان شىر بىلەن يولۋاستىن بولغان، نېمىشقا شۇنداق دەيمىز؟ ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئافرىقىدىن كەلتۈرۈلگەن ھېلىقى قېرى ئەركەك شىر...... شىر يولۋاس بىلەن توي قىلىپ، ئېشەك بىلەن ئات جۈپلەشتۈرۈلگەندەك جۈپلەشتۈرۈلدى. قىيىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى چوڭ، لېكىن «ئەجىر قىلسا لوم تۆمۈرنىمۇ يىڭنىدەك قىلىۋەتكىلى بولىدۇ»...... شىر يولۋاسنىڭ ئۈستىگە چىقىپ نەرە تارتقاندا، يەردە چاقماق چېقىلغاندەك دەرەخلەر تىترەپ يوپۇرماق تاشلىدى...... بۇ ئىككى كىچىك شالغۇتلارنىڭ ئىشتىھاسى ياخشى ئەمەس، ئىككىسى قوي ۋە كالا گۆشىگە، توڭلىتىلغان توشقان، توخۇ كاۋىپىنى...... پۇراپمۇ قويمايتتى...... ئاخشام بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئىككى

ئاسلان ماڭا: ئاقساقال، بىز ئادەم گۆشى يەيمىز دەۋاتقۇدەك!...... مەن ئويلايمەن، سىز ھەر كۈنى ئۆلۈكلەرنى رىمونت قىلىسىز، چىقىرىندىلار چىقىپ قالىدۇ...... ئاشۇ چىقىرىندىلار ئىسراپ قىلىنىۋېتىلسە، نېمىدېگەن ئۆكۈنۈشلۈك......

ئۇ بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزىنى سىزگە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىپ، تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن قاتتىق قوللىرى بىلەن بىر جۈپ كۆكسىڭىزنى تۇتتى. سىز ئۇنى بىر جۈپ كۆكسۈمنى كېسىپ ئېلىپ ئاتىسى شىر، ئانىسى يولۋاس ئىككى شالغۇتقا بەرمەكچى ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىڭىز. ئۇ تېنىڭىزدىن ئايرىلىپ قاردەك ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن كۆكسىڭىزنى ئادەم گۆشى سېغىنغان ھېلىقى ئىككى مەخلۇققا مېھرىبانلارچە تاشلاپ بەرسە، ئىككى مەخلۇق كۆكسىڭىزنى تالاپ تىتما - تىتما قىلىۋېتىدۇ. ئاچ كۆزلۈك بىلەن خورۇلداپ كېتىشىدۇ. مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان چىرايىدا يېقىملىق تەبەسسۇم ئەكس ئەتكەن ئاقساقال مۇلايىم ۋە تەجرىبىلىك ئاتىڭىزغا ئوخشاش بىر جۈپ كۆكسىڭىزنى سىلايتتى. چىرقىرىۋەتتىڭىز، ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئاستىدا يېتىپمۇ شۇنداق چىرقىرايتتىڭىز. چىرقىراپ كېتىۋىدىڭىز، ئۇ ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئوغرىلايدىغان ئوغرىدەك قورققىنىدىن چىرايى تاتىرىپ ئالدىغا ئېڭىشكەن پېتى ئورنىدىن تۇردى. قاتتىق قولىدىن كۆكسىڭىزنى ئاجرىتىۋالدىڭىز، ئارىدىن ئۈچ سېكۇنت ئۆتتى. ئۈمىدسىزلەندىڭىز، ئالاقزەدە بولدىڭىز، كۆكسىڭىز خورلىنىشقا، يەنە تىك تۇرۇپ كېتىشكە موھتاج ئىدى.

— ياق، ئۇنداق قىلالمايمەن...... — ھۆسن تۈزىگۈچى ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىراپ كەتتى، — ئۇنداق قىلالمايمەن......

— ئېيتىڭە، نېمىدىن قورقىسىز، — دېدى يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى قىزغىنلىق بىلەن كانايىنىڭ ئاۋازىغا

ئوخشاش ئاۋازدا، — ئادەم گۆشىنىڭ گېپىنى قىلسام تىرىك ئادەمنى ئويلاپ كەتتىڭىز، بۇ ئۆز - ئۆزىنى قىينىغانلىق. ئۆلۈكلەر سىزنىڭ قولىڭىزدا، بۇ خۇددى لاي ھەيكەلتىراشنىڭ ئۈستىلىدە، چوشقا گۆشى قاسساپنىڭ ئەمبىلىدە تۇرغاندەك بىر ئىش، ئۇۋۇلامسىز ياكى ئوينامسىز، چىمدامسىز ياكى سىلامسىز، شىلامسىز ياكى كېسەمسىز، ئىختىيارىڭىزدىكى ئىش ئەمەسمۇ؟ ئۆلگەن ئادەمنىڭ نېمىسى قالىدۇ؟ بىرەر نەرسىسى قالىدۇ دەمسىز؟ چوڭ باشلىقلار جەسىتىنى دوختۇرلارنىڭ ئانالىز قىلىشىغا ھەدىيە قىلىۋېتىدۇ، چىقىرىندىلار قانچىلىك نەرسە ئىدى. چوڭ باشلىقلار خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلەيدۇ، ئۆلگەنلەر ئۈچۈن تۆھپە يارىتىدۇ. چىقىرىندىلار نېمىگە ھېساب؟ شىر بىلەن يولۋاس ئەتىۋارلىق ھايۋان، خەلق ئامىسى كۆرۈپ تاماشا قىلىدۇ. مۇشۇكئېيىق تۇغسا گېزىتلەرگە خەۋەر بېرىلىدۇ، تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىپ پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئۇقتۇرۇلىدۇ. چىقىرىندىلار نېمىگە ھېساب؟

— ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ.....

— ئەبلەخ! ۋىجداننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئادەمدە ۋىجدان بولمايدۇ. شىر بىلەن يولۋاس ئاچ قېلىپ ئۆلسە دۆلەتكە زىيان بولىدۇ. ۋەتەنىنىڭ گۈل - غۇنچىلىرى ھېسابلانغان قىزىل گالستۇكلۇق ئوماق ئۆسمۈرلەر، ۋىجدانىڭىز نەگە كەتتى، دەپ سىزنى سوراق قىلىدۇ؟ — يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى كۆكسىڭىزنى مىجىقلاپ خۇددى چەكسىز ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان كەسكىن، ئادىل سوديەدەك چەكسىز ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ ۋىجدانىڭىزنى سوتلاپ كەتتى. ۋىجدانىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ! سىز بۆلۈت، يۇمشاق ياغاچ، شىلىم، ئۈچەيدىن قىلىنغان يىپ، چىقىرىندىلار بىلەن ياسالغان يالغان باشنى ئۆلگەن ئوغلۇمنىڭ گەۋدىسىگە ئورنىتىپ مېنىڭ ۋىجدانىمنى ئالدىغان ئەمەسمىدىڭىز؟ ۋىجدان ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىنى ئالداش. بىر جۈپ كۆكسىڭىزگە

ئوخشاش، ئۇ ئەرلەرنىڭ سىلىشىنى ۋە چاپىناپ تىتما - تىتما قىلىۋېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، ئېرىڭىز كۆكسىڭىزگە قىزىقمايدۇ. ۋىجدانىڭىزنى دەپ كۆكسىڭىزگە ئېتىبار بەرمەيسىز، ئۆزىڭىزنى ئازابلايسىز. نورمال ئېستەكنى باسىسىز. ۋىجدانىڭىز نەگە كەتتى؟ سىز بىلەن مەن ۋىجدان ياسايدىغان ئادەملەر. سىز ئۆلۈكلەر بىلەن، مەن ۋەھشي هايۋانلار بىلەن ئالاقە قىلىمەن.

سىز ئۇنىڭ قۇچىقىدا. ئۇنىڭ مۈكچەيگەن ئورۇق تېنىدە تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان زور كۈچ قايناپ تېشىۋاتاتتى. لەۋلىرى تەجرىبىلىك قاراقچىنىڭ لەۋلىرىگە ئوخشايتتى. ئۇ سىزنى ئۆلەر - تىرىلىشىڭگە باقماي سۆيەتتى. پوتلىڭىز بىلەن ياش تەڭ ئاقتى، ھەتتا كىچىك تەرىتىڭىزنىمۇ تۇتالماي قالدىڭىز.

ئۇ سىزنى ئىختىيارىڭىزغا قويۇپ بەردى، ئۆزىڭىزنى چىملىققا تاشلىدىڭىز، چىملىقتا «گۈل - گىياھلارنى ئاسرايلى، دەسسىمەيلى» دېگەن خەت يېزىلغان ئاق ياغاچ تاختاي بار ئىدى (كەينىدە: «خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا جەرىمانە قويۇلىدۇ» دېگەن خەتمۇ بار ئىدى). پۇتلىرىڭىزنى كېرىپ، ئوڭدا ياتاتتىڭىز، ئۇنىڭ يىرتقۇچ ھايۋاندەك ئۇستىڭىزگە ئېتىلىپ، چىش ۋە تىرناقلىرى بىلەن كىيىملىرىڭىزنى يىرتىپ، قىلچە رەھىم قىلماستىن باسقۇنچىلۇق قىلىشىغا تەقەززا ئىدىڭىز.

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى سوغۇق كۈلۈپ تۇراتتى. سوغۇق ئاي نۇرىدا چىشلىرى پارقىراپ، كۆرۈمسىز چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى. مۇزدەك بۇ كېچىدە ئاق قىروۋ يوپۇرماقلارنىڭ ئۇچىدا مەرۋايىتتەك چاقنايتتى.

ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويدى، باسقۇنچىلۇق قىلىش مەقستى زادىلا يوق ئىدى.

غەيرىي نورمال ئىستەك غەيرىي نورمال غەزەپ - نەپرەتكە ئايلاندى. ھۆسن تۈزىگۈچى ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ چىمنى توپىسى

بىلەن يۇلۇپ ئىلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتتى ۋە:

— ئىبلىس! بەتبەشىرە جىن! بەتبەشىرە ئىبلىس! — دەپ تىللىدى.

— مېنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ — ئۇ ئالدىڭىزدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ مۈشۈك چاشقانغا گەپ قىلىۋاتقاندەك ئەلپازدا ھەم تەلەپپۇزدا سىزگە: بىر تال يىپقا باغلىنىپ قالغان چۈمۈلىنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟— دەپ سورىدى.

قاراشلىرىدىن بىراقلا كەينىڭىزگە ئۈچۈپ كەتتىڭىز، ئۇ تۆمۈردەك تىرناقلىرى بىلەن ئېڭىكىڭىزنى كۆتۈرۈپ قويدى (ئوقتەك قىزىق تىرناقلىرىنىڭ تەسىرىدىن يەنە سىيىۋەتتىڭىز). ئاغزىدىن كېلىۋاتقان ئاچچىق سامساق پۇرىقى يۈزىڭىزگە ئۇرۇلۇپ، كۆزىڭىزدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇ مەركىزى رادىيو ئىستانسىسىنىڭ دىكتورلىرىدىنمۇ ئۆلچەملىك، ئورتاق تىل تەلەپپۇزىدا ئۇزۇپ - ئۇزۇپ:

— يادىڭىزدا بولسۇن! بۈگۈندىن تارتىپ ھەر شەنبە كۈنى كەچتە مۈشۈ جايغا كېلىسىز. بىر ھەپتە ئىچىدە يىغىلغان چىقىرىندىلارنى ماڭا تاپشۇرىسىز! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ھۆسن تۈزىگۈچى يىغلاپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باققۇچى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايغا قاراپ قورسىقى كۆپكەندەك دېمىقىدا:

— ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، ئېرىڭىزمۇ سىنىپتىن چىقىپ ئۆيگە بېرىپ بولدى، — دېدى.

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىشقا تەمشەلدى. سىز قورقۇپ تۇرۇپ:

— سىز زادى نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ — دەپ سورىدىڭىز.

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلمەي:

— مەن ئەسەبىي قىساسكار! لېكىن، سىزدىن تاتلىق قىساس

ئالىمەن. مېنى ئېسىل يېمەكلىكلەرگە چىقىرىنىدىلىرىڭىزنى قەھەللىك تېگىشىدىغان چار بازارچى دەپ بىلىڭ. سىزگە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ تۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ چىملىقتىن سەكرەپ چىقىپ كەتتى. ھەربىكىتى بىر ھېسابتا كالاپاي ھەم بىر ھېسابتا چاققان. قەيسەر ھەم بوشاڭ، ۋەھشىي ھەم مۇلايىم، سالاپەتلىك ھەم ئاۋارە، ھەممە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ ئىبلىسمۇ ياكى پەرىشتىمۇ قىزىق سۆيدۈكنى ھېس قىلىپ، سۆتتەك ئايدىڭدا يېشىل سىرلانغان رىشاتكىغا يېپىشىپ تىترەپ كېتىۋاتقان سايىگە دوقمۇشتا ئەگىپ كەتكۈچە گاڭگىراپ قاراپ ئولتۇردىڭىز.

تۈن كېچە، باغنىڭ ئىچكىرىسىدە يولۋاس نەرە تارتاتتى. شىر ھۆركىرەيتتى. چىلبۆرىلەر ھۇۋلايتتى. تاغىل ئاتلار ئاي نۇرىدا يۇملاق دائىرە ھاسىل قىلىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئافرىقىنى سېغىنغاچ، زەخىملەنگەن پۇتلىرى بىلەن ياغاچ رىشاتكىنى تېپىپ، يۈرتتىن ئايرىلىش قايغۇسىنى ۋە تۇتقۇنلۇقتا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەيتتى.

سەن بىرگە: شۇ ئاخشىمى، ئالاھىدە ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى دېدىڭ: باغچىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار قەپەستىن قېچىپ چىقىپ، مەيدانغا بېرىپ ماگىزىنلارغا، كىنوخانىغا ئۇسۇپ كىرگەنمىش...... يىرتقۇچ ھايۋانلار قوشۇنىغا ئاتىسى شىر، ئانىسى يولۋاس «گۈزەل دۇنيا» دىكى چىقىرىندىلار بىلەن بېقىلىۋاتقان ھېلىقى ئىككى شالغۇت ئاسلان باشچى ئىكەنمىش! ئۇلارنىڭ گەۋدىسى ناھايىتى زور ئىمىش. بىرسىنىڭ بېشى شىرنىڭ بېشىغا، تېنى يولۋاسنىڭ تېنىگە، يەنە بىرسىنىڭ تېنى شىرنىڭ تېنىگە، بېشى يولۋاسنىڭ بېشىغا ئوخشايمىش، ۋۇجۇدىغا يولۋاسنىڭ ۋەھشىي ھەم قەيسەرلىكى، شىرنىڭ شەپقەتسىز ھەم ئۆكتەملىكى مۇجەسسەم بولغانمىش. ئىككىسى

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشلاپ كوچىلارنى بويلاپ مېڭىپ......
پۈتۈن شەھەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنمىش...... ھۆسن
تۈزىگۈچى بىر دەرەخكە سەكرەپ چىقىپ، بىر تال شاخنى
قۇچاقلاپ تۇتۇۋالغانمىش...... يىرتقۇچ ھايۋانلار دەرەخنى
قاتمۇقات ئورىۋېلىپ، قىپقىزىل كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۇنىڭ
كۆتىگە قاراۋاتقاندەكمىش...... ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كەتكەن-
مىش...... قالايمىقان ھۆركىرەرمىش...... يىرتقۇچ ھايۋانلار
دەرەخنى...... كارت - كارت قىلىپ غاجاۋاتقۇدەكمىش......
يوغان دەرەخ ئىرغاڭلاپ تۇرغۇدەكمىش......
فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى چۈشىدە ئازابلىنىپ كېتىۋاتقان ھۆسن
تۈزىگۈچىنى سىلكىپ ئويغاتتى ۋە:
— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.
يۈرىكى جايىغا چۈشمىگەن، چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەن
ھۆسن تۈزىگۈچى بىردەم ئولتۇرۇپ، گەپ قىلماستىن، كارىۋاتتىن
چۈشۈپ يۈزىنى يۇغىلى سۇ تۇرۇبىسىغا قاراپ ماڭدى. فىزىكا
مۇئەللىمى ھەيران ھەم خۇشال بولغان ھالدا:
— ئانىسى، ئورنۇڭغا، خېلى چوڭ يەرگە سىيىپ
قويۇپسەن! — دەپ توۋلىدى.

## 3

بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى، قولىڭىزغا بىرىنچى قېتىم
ئوپېراتسىيە پىچىقى ئېلىپ مۇستەقىل ئىشلىگەن چېغىڭىزدا
ئۆلۈكنىڭ بەتبەشرە چىرايىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ پۈت - قولىڭىزنىڭ
يۇمشاپ، پاتىڭىزنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىپ، پەيدەك يېنىك
ئوپېراتسىيە پىچىقىنىڭ تەيشەن تېغىدەك ئېغىرلاپ كەتكەنلىكىنى
ئەسلىدىڭىز. ئۇ شياڭ شيۇلىغا ئوخشاش قەھرىمان ئايال ئىدى.

دورا زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى بولماستىن، توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ يىپ ئىگىرىش ئىشچىسى ئىدى. توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئوت كەتكەندە، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغانىدى. ئۇنىڭ ئېرى ھەربىي قىسىمدا جۇڭخۇبېي ئىدى. سىز ھۆسن تۈزەش سۈپىسى ئالدىدا ھاڭۋىقىپ تۇرغان چاغدا، ھېلىقى جۇڭخۇبېي ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئايال قەھرىمانغا يېقىنلىشىۋاتقانىدى.

ئوتتا كۆيۈپ كەتكەن ئايال ھۆسن تۈزەش كارىۋىتىدا ياتاتتى. ئۇنىڭ تويلۇق سۈرىتى خىزمەت سۈپىتىڭىزنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. گۈل تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان يېڭى كېلىننىڭ چىرايىدا بەخت تەبەسسۇمى پارلايتتى. يېنىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بەختلىك بىر جۇڭخۇبېيى ئۆرە تۇرغانىدى. جۇڭخۇبېينىڭ چىرايىدىمۇ تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى. تويلۇق سۈرەتتىكى خۇشاللىققا چۆمگەن ئىككى ياش ئوتتا كۆيۈپ جىنىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ قالغان توقۇمىچى قىزغا قاراپ تۇراتتى. بىر مىنۇتتىن كېيىن ئۆزىنىڭ قانداق قىياپەتتە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيدۇ. شۇ چاغدا خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى جۇڭخۇبېيىغا ئىچ ئاغرىتتىڭىز. ۋەھىمە ۋە جىددىيلىكنى ئۇنتۇپ قەلبىڭىزدە يىرگىنىشلىك قىساس ئېلىش ئوتى ياندى. بۇ جۇڭخۇبېي سىزگە سىزنىڭ بۇرۇنقى يۈرگىنىڭىز، كېيىن سىزدىن يۈز ئۆرۈپ توقۇمىچى قىزنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقان بولۇپ تۇيۇلدى. سىز يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىغا گۇركىرەپ تۇرۇپ: «چىرايلىق ئۆلۈك كىشىنى ئازابلايدۇ، سەت ئۆلۈك كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. مەن ئۇنى ھايات ۋاقتىدىكىدىنمۇ چىرايلىق قىلىۋېتىمەن. لېكىن، ئۇ بىر دۆۋە چىرايلىق ساختا مالدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدىڭىز.

ئايال قەھرىماننىڭ يۈزىدىكى بۇزۇلغان تېرە ۋە گۆشلەرنى تازىلىدىڭىز. كۆپ قەۋەتلىك يوغان داكا ماسكا تاقىۋالغان

بولسىڭىزمۇ، لېكىن ئايال قەھرىمانىنىڭ تېنىدىكى پىشىپ كەتكەن گۆشىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى داكىدىن ئۆتۈپ دىماققا ئۇرۇلاتتى، ھەتتا ئاشقازىنىڭىزمۇ جۇپىلىشۋاتقان ئۆي كەپتەرلىرىدەك غۇرۇلداپ كەتتى. سىز كۈنجۈت مېيى، ماش ئۇنى، گىپس تالقىنى، چىرىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش سۇيۇقلۇقىدىن ئەپچىللىك بىلەن سۇۋالغۇ تەييارلاپ، ئايال قەھرىمانىنىڭ يۈزىگە ئاز - ئازدىن، بىر قەۋەت - بىر قەۋەت سۈركەپ، ئاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ كاسىسىدىن ئېلىنغان، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تېرىنى ئۈستىگە چاپلىدىڭىز. كىرپىك كۆچۈردىڭىز، قاش تەردىڭىز، لەۋلىرىگە لەۋ سۇرۇخ سۈركىدىڭىز. يۈزىگە ئاق پاراشوك بەردىڭىز...... ئايال قەھرىمانىنىڭ گۈلگە پۈركەنگەندەك، گۈللەر ئارىسىدا نامايان بولغان چىرايى سىزگە گۈزەل چۈشىنى ئەسلەتتى......

ئازادلىق ئارمىيە جۇڭگۇبېيغا:

— ئۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن چىرايلىق، ئەپسۇس، ئۆلۈپ كەتتى! بۇنداق گۈزەل ئايالنىڭ دۇنيادا تەڭشىدىشى يوق، ئەپسۇس، ئۆلۈپ كەتتى! — دەپ سوغۇق تەگدىڭىز.

جۇڭگۇبېي ھۆركىرەپ كەتتى، ئاغزىدىن ئاپئاق ماغزاپ كېلىپ، ئايلىنىپ يىقىلىپ قالدى.

...... باشتا بايان قىلغاندىكىدەك، تاڭ ئالدىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ ۋە ئەڭ سوغۇق پەيتتە، فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ئىشكى چېكىلمەكتە. ھۆسن تۈزىگۈچى پۈتلىرىنى ساڭگىلىتىپ، رىتىملىق چېكىلىۋاتقان ئىشكىنىڭ ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ كارىۋىتىنىڭ قىرىدا ئولتۇراتتى. ئىشىك داۋاملىق چېكىلمەكتە......

پۈتىڭىزنى چېكىلىۋاتقان ئىشكىنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئۇرغاچ ئىلگىرى قازانغان شان - شەرەپلىرىڭىزنى ئەسلەۋاتىسىز...... ئوپېراتسىيە پىچىقىنى بىرىنچى

قېتىم قولىڭىزغا ئېلىپ، گەرچە ئۆلگەن بولسىمۇ، ئىشقىلىپ، ئادەم
تېنىگە ئۇرغان چېغىڭىزدا، جىددىيلەشكەن، قىزىرىپ كەتكەن،
ئاغزىڭىزغا تۆكۈرۈكىڭىز لىق يىغىلىپ قالغاندى. ھازىر،
پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولمىسىلا (مەسىلەن، ئاشنىسىنىڭ جەسىتىنى
كېسىش توغرا كەلمىسە) پىچاقنى خۇددى چوشقىنىڭ چىرقىرىشىغا
پەرۋا قىلماي تۇرغان قاسساپتەك ئېگىز كۆتۈرۈسىز. قاسساپ
ئادەتلەنگەن تەرتىپ بويىچە، پەرۋاسىز ھەم سوغۇق قىياپەتتە
كالتەكنى ئەپلىك ھەم دەل تۇتۇپ چوشقىنىڭ قۇلىقىنىڭ
كەينىدىكى يۇمشاق ئۇستىخىنىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالىدۇ.
باتۇرلاردەك سالىدۇ، چوشقىنىڭ بەدىنى كىرىشىپ، تۆت پۇتى
تارتىشىپ، تېرىسى تىترەيدۇ، قاسساپ يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى
پىچاقنى چوشقىنىڭ گېلىغا تىقىدۇ، پىچاقنىڭ ئۇچى يۈرەككە
بېرىپ قادىلىدۇ. قىزىلدىن يېشىلغا ئۆزگەرگەن قان بۇلدۇقلاپ
داسقا ئاقىدۇ، بەش مىنۇتتىن كېيىن قان قاتىدۇ. قاسساپ
چوشقىنىڭ بېشىنى تەندىن ئاجرىتىۋېلىپ، ئاندىن تۆت پۇتىنى
كېسىپ ئېلىۋالىدۇ...... ئاندىن كالىنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىغان
پىچاق بىلەن چوشقىنىڭ قورسىقىنى ئوتتۇرىسىدىن بىر ئېلىك
كەڭلىكتە يارىدۇ...... تېرىسىنى قورسىقىدىن باشلاپ
ئومۇرتقىسىغىچە ئاجرىتىدۇ...... چوشقىنى ئېسىپ ئىچىنى ئالىدۇ.
يۈرەك، جىگەر، ئۆپكە ۋە ئۈچەينى بىراقلا سۇغۇرۇۋالىدۇ......
بېشى، پۇتى، ئىچ - باغرى ۋە جېنى يوق چوشقىنى تۇرۇبا سۈيى
بىلەن چايقايدۇ...... ئىت بىر چەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇرىدۇ،
قاسساپ چوشقىنىڭ كۆپىيىش ئەزاسىنى كېسىپ ئىتقا تاشلاپ
بېرىدۇ...... ئۇستىخاندىن گۆشنى شىلىدۇ ...... قاسساپنىڭ
ۋەزىپىسى ئاساسەن تۈگەيدۇ...... بۇ جەرياندا قاسساپ چوشقىغا
ئازراقمۇ ئىچ ئاغرىتمايدۇ. ئۇ يېنىدىكىلەر بىلەن بازار ئەھۋالى،
ئەدەپ - ئەخلاق توغرۇلۇق پاراڭلاشقاچ، خاتالاشماستىن ئۆز

ئىشنى قىلدۇ...... باللىق چاغلىرىڭىزدا شەھەر ئەتراپى رايونىدا چوشقىنىڭ بوغۇزلىنىش ۋە پارچىلىنىش جەريانىنى باشتىن - ئاياغ كۆرگەنىدىڭىز. سىزگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان. بۇنىڭدىن بىر ئۆمۈر نەپكە ئېرىشتىڭىز. شۇڭا، تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە پات - پات ئەسلەيسىز. چوشقا گۆشى يېگەندە، چوشقىنىڭ قىياپىتىنى ئاجايىپ بىر خىل تەسەۋۋۇر قىلىسىز. چوشقىنىڭ گۆشى ئاساسەن ئوخشاش. ئەمما، چوشقىنىڭ قىياپىتى ھەر خىل. ئوخشاش قائىدە. ئۆلۈكنىڭ پۇرىقى ئوخشاش، ئەمما ئۆلۈكنىڭ چىرايى، ئۆلۈكنىڭ قىممىتى ھەر خىل...... ھېلىقى قاسساپ قىزىل يۈزلۈك، تاقىر باش ئاقساقال. ئىچ مايماق، پۈتىنىڭ ئۇچى ئالدىغا كېتىپ قالىدۇ. بېلەكلىرى ئۇزۇن، تىمەن، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. قاسساپ سىزنىڭ ئالتىنچى تاغىڭىز، ئۇ مومىدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ ئانا تەرەپ ئالتىنچى بىر نەۋرە ئىنىسى.

ئالتىنچى تاغىڭىز چوشقىنى گۆش، ئۇستىخان ۋە تېرە قانۇنىيەت بىلەن قۇراشتۇرۇلغان مەخلۇق دەپ بىلىدۇ. ئۇزاق يىل قاسساپلىق قىلغان تاغىڭىزنىڭ نەزىرىدە تىرىك چوشقا يوق؛ ئوخشاش قائىدە؛ مەن ئۆلۈكنى بۇزۇلغان جابدۇق دەپ بىلىمەن. مېنىڭ ۋەزىپەم تاشقى قىياپەتنى رېمونت قىلىش (ئىچىنى رېمونت قىلىش ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ئىشى)؛ ئۆلۈكنىڭ تاشقى قىياپىتىنى رېمونت قىلىش بىلەن ئۇزاق يىل شۇغۇللانغاندىن كېيىن، مېنىڭ نەزىرىمدە بېجىرىم ئادەم يوق بولدى. ماڭا پۇرسەت بېرىلسە، بەتبەشىرە ئادەمنى رېمونت قىلىپ قىران يىگىت قىلىۋېتىمەن ( ئۇ بۇ ئويىنى ئون يىلدىن كېيىن تىرىكلەرنىڭ ھۆسنىنى تۈزەش ئۇستىسى بولغۇچە يوشۇردى)!

بىرىنچى قېتىم مۇستەقىل ھۆسن تۈزەپ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتىڭىز. ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئادىتى توختىماي زەربە بېرىش، ماختاش توغرا كەلسە پۈتۈن كۈچىنى

ئايماي ماختاش، دۇمبالاش توغرا كەلسە، پۈتۈن كۈچىنى ئايماي دۇمبالاش، شۇڭا شان - شەرەپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك دورا. رەقىبلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى: ئۇنى بولۇشىغا ماختاش! يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىنىڭ مېلودىيەسى ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ قەلبىدە قايتا نامايان بولدى. ئۇرچۇقنى قۇتقۇزۇش يولىدا قۇربان بولغان ئايال ئىشچىنى گېزىت ۋە تېلېۋىزوردا ماختاپ ئاسمانغا چىقىرىۋەتكەن چاغدا، «ھاياتىغا قارىماي، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى قۇتقۇزۇۋالغان ئايال قەھرىمان» نىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىن - يورۇقلىرىمۇ ئىز قوغلاپ زىيارەت قىلىنىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. ئالدى بىلەن ئازادلىق ئارمىيە جۇڭۋېيى نەزەرگە ئېلىندى.

جۇڭۋېينىڭ مەرھۇم چىرايلىق ئايالىنى ئەسلەپ يازغان ماقالىسى 10 مىليون شەھەر ئاھالىسىنىڭ مەدھىيەسىگە ئېرىشتى. ئۇ كىشىلەرگە ھەسرىتىنى زوق - شوق بىلەن پەخىرلىنىپ تۇرۇپ بايان قىلدى. بىرىنچى قېتىم دەريا بويىدا كۆرۈشكەندە، مەرھۇمە ئۇنىڭغا: « پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى تەھدىتكە ئۇچرىسا، كوممۇنىزم جەڭچىسى جياڭ شۆچىنغا ئوخشاش كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشىمىز كېرەك. چىرايىمىز ئۆزگەرمىسۇن، يۈرىكىمىز سوقۇپ كەتمىسۇن.......» دېگەن. توي كېچىسى، ئۇ مەرھۇمە بىلەن مۈرىدەپ ئولتۇرۇپ ماۋجۇشىنىڭ شانلىق ئەسىرى «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» نى تاڭ ئاتقۇچە ئۆگەنگەن، ئېرىگە «بېتيونىنى خاتىرىلەيمىز» دېگەن ئەسەرنى يادلاتقۇزغان. بىر خەتنى خاتا يادلىغان بولسا، كارىۋاتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلمىغان...... ئۇ كۆپ قېتىم نەرسە - كېرەك تېپىۋالغان بولسىمۇ كۆز قىرىنى سېلىپ قويمىغان...... ئىككى قېتىم دەرياغا سەكرەپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆسمۈرنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان......

قەھرىمان ئايالنىڭ ئېرى يالغان گەپ قىلمايدۇ. ئۇ پولاتتەك

پاكىتلار ئارقىلىق شەھەر خەلقىگە قەھرىمان مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، دەيدىغان ھەقىقەتنى چۈشەندۈردى.
شۇنىڭ بىلەن قەھرىمان ئايالنىڭ ئىرىمۇ قەھرىمانغا ئايلاندى. ئۇ ئۈچىسىغا قاتۇرۇلغان ھەربىي فورما، پۇتىغا كۆمۈردەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئىسىل شىبلىت؛ قولىغا كۆك ئارىلاش ئاق پەلەي كىيگەنىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپ، زاۋۇت، ئورگان ۋە يەسلىلەرگە بېرىپ، خوتۇنىنىڭ نەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرىدىن دوكلات بەردى. قەھرىمان دوكلات بېرىش داۋامىدا ئۇستا ناتىق بولۇپ كەتتى. مانا ئەمدى قەھرىماننىڭ ئېرىنى قايسى ئورۇن دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلمىسا، شۇ ئورۇن نومۇسقا قالاتتى ھەم ئاۋارىچىلىككە ئۇچرايتتى. لېكىن، پاكىت ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. ھەرقانداق بىر ئادەم ھەرقانداق بىر ئورۇننى قەھرىماننىڭ ئېرىنى دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇرلىمايتتى.
قەھرىمان ئايالنىڭ ئېرى«گۈزەل دۇنيا» نىڭ زالىدا تۇرۇپ، دەپىنە ئىدارىسىدىكى بارلىق خادىملارغا دوكلات بەردى. ئۇنىڭ ئاغزىغا كاللىسى يېتەكچىلىك قىلمايتتى. ئۇزاق مەشىقلەندۈرۈلگەن ئېغىز بىر خىل ئىنېرتسىيەنىڭ تەسىرىدە دېيىشكە تېگىشلىك گەپنى دەيتتى. ياش تۆكۈشكە توغرا كەلگەندە، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلاتتى. ئۆكسۈش توغرا كەلگەندە، بوغۇزىدىن ئۆكسۈگەن ئاۋاز چىقاتتى.
ئىشقىلىپ، كىشىلەر، قەھرىمانغا چوقۇنۇشنى خالايدۇ. قەھرىمان يوق دۆلەت دۆلەت ئەمەس، قەھرىمانغا چوقۇنمىغان ئادەم ئادەم ئەمەس. دەپىنە ئىدارىسىدىكى لى يۈچەندىن باشقا ئاياللارنىڭ ھەممىسى كۆزلىرى ئارقىلىق قەھرىمان ئايالنىڭ ئېرىگە مەدھىيە ئوقۇدى. لى يۈچەننىڭ كۆز ئالدىدا قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان قىسمەتتەك ئوت يالقۇنىدا كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ كەتكەن ئايال قەھرىمان نامايان بولاتتى. زالدا كۆيدۈرۈلگەن

جەسەتتىن چىققان خۇشبۇي پۇراق لەيلەپ يۈرەتتى. بۇ ئۆتكۈر پۇراقتا باش قېيىپ، قۇلاق ۋىڭىلداپ، قورساق گاز جىسمغا توشاتتى. قەھرىمان ئايال قالدۇرۇپ كەتكەن ئورۇننى تولدۇرۇش ئۈچۈن، قەھرىمان ئايال ياتقان ئورۇندا يېتىپ، قەھرىمان ئايال قۇچاقلىغان تەندىن ئۆزلىرىگە قەھرىمانغا خاس ئازراق جاسارەت يۇقتۇرۇشنى ئويلاپ، قىزلار بەس - بەستە يىغلىغان چاغدا، بىر پارچە قەغەزگە خەت يېزىپ چىقارتتىڭىز. قەغەزگە ھەققىي قەھرىمان ئوتتا تامام كۆيۈپ كەتتى. گۈللەرگە پۈركەنگەن قەھرىماننى، مەن ماي ۋە لاي بىلەن ياساپ چىققان دېگەن خەت يېزىلغانىدى!

قەھرىمان ئايالنىڭ ئېرى قەغەزدىكى خەتنى ئوقۇدى، چىرايىدىكى قىزىللىق چاقناپ كەتتى. ئۇ كالللىسىنىڭ كونتروللۇقىدا:

— ئامېي ھايات ۋاقتىدا تالاي قېتىم ماڭا: ئىنقىلابىي خىزمەت ئېسىل ۋە پەس، يۇقىرى - تۆۋەن دەپ ئايرىلمايدۇ، مەيلى قانداق خىزمەت قىلايلى، ھەممىسى خەلق ئۈچۈن، دېگەن. مۇشۇ پۇرسەتتە مەن كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان ئامېيگە ۋاكالىتەن دەپنە ئىدارىسىدىكى بارلىق يولداشلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن (قىزغىن ئالقىش)! بولۇپمۇ ئامېينىڭ ھۆسنىنى تۈزگەن ئاشۇ ئۇستامغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! (گۈلدۈراس چاۋاك ئاۋازلىرى) ! — دېدى.

تاك - تاك - تاك! چېكىلىۋاتقان ئىشكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئەسلەۋاتىسىز! دەپنە ئىدارىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى سىزنى سەھنىگە باشلاپ ئاچىقىپ قەھرىمان ئايالنىڭ ئېرىگە تونۇشتۇردى. پەستىكى چاۋاك ئاۋازلىرى بىردىنلا شالاڭلاپ قالدى. شۇ چاغدا ياش ھەم كېلىشكەن، تۇرقىدىن قەھرىمانلارغا خاس جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرغان ئازادلىق ئارمىيە جۇڭگۇيى قولىڭىزنى

چىلىك تۇتتى، قارا كاشتاندەك يوغان بىر جۈپ كۆزلىرىدە
مېھرىبانلىق ئەكس ئېتەتتى. پۈتكۈل ۋۇجۇدىڭىز ئوت بولۇپ
ياندى، ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىقنى، ئادەتتىن تاشقىرى
قورۇلۇشنى ھېس قىلدىڭىز. شۇ زامات ساغلام بولمىغان ھېسسىيات
تۈپەيلىدىن ئەزەلدىن بىخ سۈرمىگەندەك، ھېلىقى قەغەز سىزنىڭ
ئەمەستەك، ساھىبجامالنىڭ بېشىنى يامان نىيەتتە ياسىمىغاندەك
ئاچچىق كۈنداشلىق، ئۆچلۈك شۇ زامان بۇلۇتتەك تارقاپ كەتتى.

ھېلىقى سۈرەت ئۇزاق بولغان سۈرەت ئىدى. جۇڭگۇيي
چىرايلىق قىزنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. سەھنىنىڭ
كەينىدىكى قەغەز بىلەن چېكىلگەن گۈللەرمۇ كۆرۈنۈش دائىرىسىگە
كىردى. سىز تولۇق ئېچىلىپ بولالمىغان ئانارگۈلدەك بېشىڭىزنى
سىلىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا تارتىنىپ تۇراتتىڭىز.

مۇخبىرلار ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ، ئوخشاش بولمىغان
ئېگىزلىكتىن، ئوخشاش بولمىغان ئاپپارات، ئوخشاش بولمىغان
قىياپەتتە ھۆسن تۈزىگۈچى قىز بىلەن ئازادلىق ئارمىيە جۇڭگۇيىي
ئىككىسىنىڭ قول ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى بەس - بەستە
سۈرەتكە تارتماقتا ئىدى. ماگنىي چىراغلار خۇددى پوجاڭزىدەك
پاراسلاپ چاقنايتتى. مەڭگۈلۈك بۇ ئەسلىمە كۆڭلىڭىزنى ئاچچىق
قىلىپ قويدى. مۇخبىرلار ئاپپاراتلىرىنى سىزگە توغرىلىغان چاغدا،
پەستە چاۋاك ئاۋازلىرى توساتتىن شالاقلاپ كەتتى. سان -
ساناقسىز كۆزلەرنىڭ چايانىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش دۈمبىڭىزگە
سانجىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىڭىز. ئاياللارنىڭ قارىشى چايانىنىڭ
ئەڭ ئۆتكۈر ھەم ئەڭ زەھەرلىك قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ.

ئەتىسى، شەھەردە چىقىدىغان گېزىتكە جۇڭگۇيي بىلەن قول
ئېلىشىپ چۈشكەن چوڭ سۈرىتىڭىز بېرىلدى، ئالامەت سەۋىيەلىك
يېزىلغان قىزغىن چۈشەندۈرۈش سۆزى قوشۇمچە قىلىنغانىدى.

بېشىڭىزغا شان - شەرەپ قوندى. دەپنە ئىدارىسىدىكى ئايال

خىزمەتچىلەر سىزگە بەك ئۆچ بولۇپ كەتتى.

تاڭ ئالدىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ ھەم ئەڭ سوغۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. چېكىلگەن ئىشىك ئاۋازى سەۋرسىزلىنىشكە، رىتىمى بۇزۇلۇپ بىراقلا يېقىمسىز ئاۋازغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلق باغچىسىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۆركىرىگەن، شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقان ئۆيلىرىدىكى خورازلارنىڭ چىللىغان ئاۋازلىرى، مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ چۈش كۆرۈپ يېتىپ چىشىنى بىلىگەن چاغدىكى ئاۋازى خۇددى دولقۇندەك كىچىككىنە ئۆيگە يوپۇرۇلۇپ كىردى. ئەسلىمىنىڭ زەنجىرى قىسىلىپ قالدى. ھىيلە - مىكىرىسى كۆپ جۇگۇيى ئۆيدىن چىقىپ، قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى. 8- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھاكۋاقتى فىزىكا مۇئەللىمى جاڭ چىچيۇ ھاجەتخانىدىن چىقتى. ئۇ ئىچىدە بۈگۈن دۈشەنبە، نېمىشقا يەنە دۈشەنبە بولۇپ قالىدۇ؟ — دەپ غودۇڭشىدى.

— ئىشىكنى ئۇرغان كىمدۇ؟ — دېدى ھۆسن تۈزىگۈچى كۆڭلىكىنى يېپىنچاقلاپ ئېرىگە.

— بىرسى ئىشىكنى چېكىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى جاڭ چىچيۇ.

— ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىمىدىم.

— گاس بوپسەن!

ئۇ كىيىشنى سۆرەپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، ئىشىكنى ئاچتى. ھاكىنىڭ پۇرىقى سەھەرنىڭ تۇمانى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆيگە يوپۇرۇلۇپ كىردى، كەينىدىن ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن ۋاپادار بالىدەك ئاپئاق بىر ئادەم قۇچىقىڭىزغا ئۆزىنى ئاتتى. سىز ئۇ ئادەمنى يۆلەپ تۇرۇپ جاڭ چىچيۇنى چاقىردىڭىز. شۇ چاغدا قولىڭىزغا ھاكتا كۆيگەن تېرىنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى سېزىپ شۇئان

قۇرۇلۇش مەيدانىدىكى هاك كۆلچىكىنى ئويلىدىڭىز ۋە:

— سەن كىم؟ هە، بۇ ئادەمگە نېمە بوپتۇ؟ — دېدىڭىز.

هېلىقى ئادەم تىزلىنىپ چۆمۈچتەك بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى. قاردەك ئاپئاق يۈزىدىكى ئىككى قارا چېكىت ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىدى. هاك يۇقۇندىلىرى ئارىسىدا ساقال - بۇرۇتى لايدا قۇرۇپ قالغان چۆپتەك دىردىيىپ تۇراتتى؛ ساقال - بۇرۇتىنىڭ ئۈستىدىكى تۆشۈكنى ئاغزىمىكىن دېدۇق.

— جاڭ مۇئەللىم...... يۈيچيەن يەڭگە...... بىر ئامال قىلىپ ماڭا ياردەم بېرىڭلار......

— ۋايجان! فاڭ مۇئەللىم، سىز ئۆلگەن ئەمەسمىدىڭىز؟

## 4

هۆسن تۈزىگۈچى ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ يۈزى ۋە بوينىدىكى ماينى تازىلاپ بولۇپ كېرىلدى - دە، كونا ئاشنىسىنىڭ بۇزۇلغان چىرايىغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ هاياجانلاندى، ئاندىن كېيىن ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن كىندىكىنى مەركەز قىلىپ، شۇ يەرنى يېرىم چى ئۇزۇنلۇقتا ياردى. ئازراقمۇ قان چىقمىدى. قانىنىڭ هىدىمۇ پۇرىمىدى. ئاپئاق ماي پىچاق بىلەن يارغان جايدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ئۇنىڭ قورسىقىدا ناهايىتى يوغان جۇخارگۈلى ئېچىلغانىدى.

بىر ئادەمنىڭ قورسىقىغا شۇنچىۋالا ماينىڭ پاتقىنىغا ئۇ هەيران بولدى. هۆسن تۈزىگۈچى بىزنى هەيران قالدۇردى.

ماينى ئاجرىتىپ ئالدىڭىز. ئاقۇچ چىراغ يورۇقىدا، ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ مېيى كۆكۈچ رەڭگە كىرىپ يۇمشاق تۇيۇلدى. ماي ئىللىق، قاتتىقمۇ هەم يۇمشاقمۇ ئەمەس، قولغا

بېرىدىغان سېزىمى ياخشى، ئەۋرىشىمچانلىقى كۈچلۈك ئىدى. بىر تال مايىنى ئېلىپ بىر تام شام ياسىدىڭىز. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقنىڭ ئۈچىيىدىكى مايىنى بىر - بىرلەپ سىيرىپ ئېلىپ، خىزمەت سۇپىسىنىڭ ئاستىدىكى قارا سولياۋ خالتىغا سالدىڭىز. كۆك ئۈچەيدىن مايىنى سىيرىغان چېغىدا ھۆسن تۈزىگۈچنىڭ قورسىقى بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پەردىنى قايرىدى - دە، چىراغلارنىڭ يورۇقى ۋە ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان چۆچەكلەردىكىدەك مەنزىرىلىك كۆك دەرياغا، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئېگىز - پەس ئۆسكەن ئاق تېرەكلەرگە، چەت - چۆرىلىرى قىزارغان بۇلۇتلارغا ھەسرەت بىلەن قارىدى، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

ئۈچىينىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىدىن بەك ئەنسىرىدىڭىز، ئۈچەي ئۈزۈلۈپ كەتسە ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئالتىنچى تاغىڭىز تېرىدىن ئاجرىتىلغان چوشقىنى چايقاپ تۇرۇپ ئۈچەيدىكى مايىنى يۈرەكلىك ھالدا پەسكە سىيرىيتتى. ئۈچەينىڭ ئۈزۈلۈپ باقىنىنى كۆرمىگەنىدىڭىز. بۇ ئۈچەينىڭ چىڭ، غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ماي ئۈچەيدىن ئايرىلغاندا ، ئۇ ئېغىر بىر يۈكنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتكەندەك ھۇزۇرلىنىش ھېس قىلاتتى. شۇ چاغدا چىققان ئاۋازمۇ ئۇنى خۇشال قىلىۋېتەتتى. ھايات ۋاقتىدا ئېغىر يۈك يۈدۈۋالغان ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئۈچۈن خورسىناتتى. ئۆلگەندىن كېيىن بوپىنى يېشىپ تاشلىۋەتكەن ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقنى قۇتلۇقلايتتى.

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى ھەر شەنبە كۈنى باغچىنىڭ سىرتىدىكى چىملىقتا ھۆسن تۈزىگۈچى ئەكېلىدىغان چىقىرىندىلارنى تاپشۇرۇۋېلىش، ئۇنىڭ بەدىلىگە ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ قولىغا كالا گۆشى ياكى چوشقا گۆشى، ياكى

توڭلىتىلغان توشقان ۋەياكى توخۇنىڭ ئىچ - باغرىنى تۇتقۇزۇپ قوياتتى. بىر كۈنى كەچتە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى ئۇنىڭغا بىر خالتا چوشقىنىڭ چوڭ ئۈچىيىنى بەردى. ئۇ ھۆسن تۆزگۈچىنىڭ تۇرمۇشىدىكى مەخپىيەتلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى موللا تاپقاتتەك بىلىۋالغانىدى، ھەتتا ئېرىنىڭ سوڭگى چىقىپ كېتىش كېسەللىكگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىدىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. چىقىرىندىلارنى سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان قارا سولياۋ خالتىنى شۇ بەرگەنىدى.

ئۇ ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ قورسىقىدىكى مايلارنى پاك - پاكىز ئېلىپ بولغانىدا، ھېرىپ ھاسىراپ كەتتى. بېلىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ خىزمەت سۇپىسى ئاستىدا قاتار تۇرۇپ كەتكەن ئۈچ سولياۋ خالتىنى كۆردى. ھەربىر سولياۋ خالتىغا 15 جىڭ ماي سىغاتتى. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئېغىرلىقى 45 جىڭ كېمىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ: بۇنچىلىك ئېغىر خالتىلارنى مال تاپشۇرىدىغان جايغا قانداق ئاپىرارمەن؟ دەپ غەم قىلدى.

ھۆسن تۆزگۈچى ئىنچىكە تېخنىكىسى بىلەن ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ يۈزىنى ياسىدى. كاسىسىدىن، قورسىقىدىن ئېلىنغان تېرە ئادەتتىن تاشقىرى يۇمران ھەم ئادەتتىن تاشقىرى ئاق ئىدى. يۈزگە ئىشلەتسە يۈزنىڭ ئەسلىي تېرىسى ئوتتۇرىسىدا ئاسانلا زىددىيەت يۈز بېرىپ، شەھەر خەلقىدە ئارتۇقچە ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولۇپ قالاتتى. ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن ئالاھىدە ھۆسن تۆزگۈچى ئۈستىسى ئالدىدا ھەل بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق ئىدى. ئۇ مايلىق بوياق ئىشلىتىپ ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ يۈزىنىڭ رەڭگىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئىشقىلىپ، سارجا جۇڭسەنفۇنىڭ يېتەرسىزلىكىنى يېپىپ كېتەتتى. ئۇ توم يىڭنە بىلەن ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ قورسىقىدىكى پىچاق يارىسىنى تىكىپ قويدى. كېيىمنى قايرىپ ئۆلۈكنىڭ

قورسقىنى تەكشۈرىدىغان ئىشنى ساراڭمۇ قىلمايدۇ.
ئەتە چۈشتە، ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ جەستى تەزىيە بىلدۈرۈش زالىدا چىرايى تارتىلغان، قورسىقى تەكشى، بەدىنى تۈپتۈز ھالەتتە ياتاتتى. ئەتراپى نەچچە دەستە ئاددىي ئاق نىلۇپەر گۈلى بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. كۆزىنى يۇمۇپ، ئاغزىنى چىڭ كىرىشتۈرۈپ ياتقان تۇرقىدىن قەتئىيلىك ۋە سالتەنەت ئەكس ئېتەتتى. جەسەت بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن كەلگەن شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ھايات ۋاقتىدىكى دوست - يارەنلىرى ئاق نىلۇپەر گۈللىرىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىنى پۇرىغاچ جەسەت ياتقۇزۇپ قويۇلغان كارىۋاتنى ئايلىنىپ ئاستا ماڭاتتى. ھەربىر ئادەمنىڭ جەسەتكە يېنىچە قارىغان كۆزلىرىدە ھەسرەت ئىپادىلىنەتتى. بۇ مەنزىرىنى شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاپپاراتچىلىرى تېلېۋىزور ئېكرانىغا، شەھەردە چىقىرىدىغان گېزىت مۇخبىرلىرى گېزىت سەھىپىسىگە ئېلىپ چىقتى.
شەھەر خەلقىنىڭ خورسىنىشى قايغۇ - ھەسرەتنى بېسىپ چۈشتى. تېلېۋىزور ئېكرانىدىن ياش ۋە قابىلىيەتلىك، ساغلام مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ كارىۋاتتا ياتقان ھالىتىنى كۆردۇق. تېلېۋىزور ئىستانسىسىنىڭ دىكتورى بىزگە:
— ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئۆلۈم ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى سېكۇنتقىچە خىزمەت قىلدى، — دېدى.
ناۋادا سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز بولمىسا.
شەھەر خەلقىنىڭ غەزەپ - نەپرىتى قايغۇ - ھەسرەتنى بېسىپ چۈشتى. بىز تېلېۋىزور ئېكرانىدا سەمرىپ قووۇزلىرى تىقىلىپ كەتكەن، پاتىنگى يوغان، سامان قورساق مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ كارىۋاتتا ياتقان ھالىتىنى كۆردۇق. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دىكتورى بىزگە:

— ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئۆلۈم ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى سىيكۇنتقىچە خىزمەت قىلدى، — دېدى.

تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى دىكتورىنىڭ گېپىگە ھەممە ئادەم ئىشىنىدۇ. بىز پېنسىيەگە چىققان بىر پېشقەدەم ئىشچىنىڭ يوغان قورسىقىنى كەچۈرۈۋېتەلەيمىز. بىراق، بىر مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ يوغان قورسىقىنى كەچۈرۈۋېتەلمەيمىز. گەرچە ئادىل بولمىسىمۇ.

ئالاھىدە ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ مائاشى بىر دەرىجە كۆتۈرۈلدى.

بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار بۇرۇن، جۇڭگۇۋېي بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، دەپنە ئىدارىسى پارتكومى سىزنى پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى.

تىرىكلەر ئۆلۈكلەرنىڭ جەسىتىنى دەسسەپ يۇقىرى ئۆرلەيدۇ.

كېيىمنى سىز كىيدۈردىڭىز.

قورسىقىدىن ئېلىنغان مايلارنى قارا سولياۋ خالتىغا سېلىپ ئاغزىنى چىگىدىڭىز، ئاندىن تارتمىدىن پېچەت سېلىش ئۇسكۇنىسىنى ئېلىپ، خالتىنىڭ ئاغزىنى چىگكەن بوغقۇچقا پېچەت سالدىڭىز.

ۋەزىپە ئورۇنلانسا كۆڭۈل خۇش بولىدۇ. ھۆسن تۈزىگۈچى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ھۆسن تۈزەش كارىۋىتىدا ياتقان ئۆلۈككە كۆزلىرى بىلەن مەدھىيە ئوقۇدى. خۇشلۇقى بىردەمدىلا غايىب بولدى. ئۇ 20 يىلنىڭ ئالدىدىكى ھالىتىگە ئۇيمۇئۇخشاش ئىدى. شۇ چاغدا مەن 20 ياشتا ئىدىم......

...... جۇڭگۇۋېيمۇ ھازىر قورساق سالغانمىدۇ؟ ئۇ سەھنىدە مەن بىلەن قول ئېلىشقانىدى. ئەتىسى ئۇنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرغان سۈرىتى گېزىتكە بېرىلگەندىن كېيىن، گېزىت مۇخبىرى ئالتە پارچە سۈرەتنىڭ بىر پارچىسىنى ماڭا ئەكېلىپ بەردى. ئۇ كۆزلىرىنى مۇغەمبەرلىك بىلەن ئوينىتىپ، سۈرەتنىڭ ئاجايىپ

ياخشى چىققانلىقىنى، تويلۇق سۈرەتكە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى دېدى...... جۇگۇيبى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ تويلۇق سۈرىتى خىزمەت سۈپىسىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. قەھرىمان ئايالنىڭ چىرايىنى تۆرەشتە پايدىلىنىش ئۈچۈن، قېيىنئانىسى سۈرەتنى ئەكېلىپ بەرگەنىدى. قېيىنئانىسى ئۇنىڭ تويلۇق سۈرەتكە بەكمۇ چىرايلىق كۆلۈپ چۈشكەنلىكىنى دېدى...... مەن خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتىم.

مۇخبىر 40 ياشلاردىن ئاشقان ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ئىدى. كۆزلىرى كىچىك، شۇڭا چىرايىدىن مۇغەمبەرلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ جىنيۇ كوچىسى قورۇدا، ئانارگۈلى ئېچىلىپ كەتكەن. سول قولىدا زىيارەت خاتىرىسى، ئوڭ قولىدا «دوكتور» ماركىلىق قەلەم.

— ئېيتىڭە، سىز قانداقسىگە «گۈزەل دۇنيا» دا خىزمەت قىلىشنى ياقتۇرۇپ قالدىڭىز؟ دەڭە! — دەپ سىزدىن سوئال سورىدى.

گەپ قىلمىدىڭىز. ئانارگۈلدىن چۈچۈمەل پۇراق كېلەتتى. خەقلەر ئانارگۈلنىڭ پۇرىقى يوق دەيدۇ. ئانارگۈلنىڭ چۈچۈمەل پۇرىقىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۈمۈرىمەن.

مۇخبىر «دوكتور» ماركىلىق توم قەلىمى بىلەن زىيارەت خاتىرىسىگە نەچچە قۇر خەت يېزىپ، سىزدىن: بىزنىڭ داغدۇغىلىق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز چوغدەك ئانارگۈلگە، ئىنقىلابىي خىزمەتلىرىمىز ئانار چېچىكىگە ئوخشايدۇ دەپ ھېس قىلامسىز؟ — دەپ سورىدى.

«ئانارگۈل؟» ئانارگۈل ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىدى. پۈتۈن ھېس - تۇيغۇسى ئانارگۈلنىڭ رەڭگى ۋە پۇرىقىغا چۆمۈلگەنىدى. جۆيلۈگەندەك: «ئانارگۈل؟» دەپ تەكرارلىدى.

مۇخبىر زوقلىنىپ قەلىمىنى تېز تەۋرەتتى.

مۇخبىر يەنە:

— ئاڭلىسام، بىر تاغىڭىز شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىكەنغۇ؟ خىزمىتىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ قوياي دېسە، ئۇنىماپسىز......

تاغىسمۇ رەڭگى بىلەن مىقدارى بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقان ئانارگۈلنىڭ پۈرىقىغا كۆمۈلۈپ كەتكەندى.

......

يەتتىنچى كۈنى، شەھەردە چىقىدىغان گېزىتنىڭ بىر بېتىگە مەزكۇر گېزىت مۇخبىرى زىيارەت قىلىپ يازغان «بىر تۇپ ياخشى ئانارگۈلى» ماۋزۇلۇق ئاخبارات خەۋىرى تولۇق بېرىلدى.

«بىر توپ ياخشى ئانارگۈلى» ماۋزۇلۇق ئاخبارات خەۋىرىدە، گېزىت مۇخبىرى سىزنى دەپنە ئىدارىسىدە ئېچىلغان چوغدەك بىر تۇپ ئانارگۈلگە، چوغدەك بىر تۇپ ئانارگۈلنى ئىنقىلابنىڭ سىمۋولىغا، كوممۇنىزم روھىغا ئوخشاتقانىدى. ئۇ سىزگە، سىز ئارقىلىق شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلچە ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغان تاغىڭىزغا تەھسىن ئوقۇدى؛ ئايال قەھرىمانىنىڭ ھۆسنىنى تۈزىگەنلىكىڭىز سىزگە، شۇ قاتاردا ئايال قەھرىمانىنىڭ ھەر يەردە دوكلات بېرىپ يۈرگەن ئېرىگە مەدھىيە ياغدۇراتتى. ئۇ تىرىكلەرنى مەدھىيەلەش بىلەن بىللە ئۆلۈكنى مەدھىيەلەشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ئۆلۈمنى تەسۋىرلىگەن چاغدا مۇھەببەت ئۇرۇقى چېچىشنى ئۇنتۇماي ئانارگۈلنى جۇڭگۇېينىڭ مەيدىسىگە تاقاپ قويدى.

سەككىزىنچى كۈنى، ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى «گۈزەل دۇنيا» غا كەلدى.

پارتكوم شۇجىسى:

يولداش لى يۈچەن، تاغىڭىز سىزنى كۆرگىلى كەلدى، — دېدى.

يالغان تاغىسى شۇجى ئىشخانىسىدا سافادا ئولتۇراتتى. قولىدا

ئىستالىن غاڭزىسى، تاغىسى سەل تەن قويغان، قولىغا ئاق قورۇقلار چۈشكەنىدى.
ئۇ مۇرەمگە يەڭگىل ئۇرۇپ قويۇپ:
— يۈيچيەن، ئوبدان ئىشلەۋېتىپسىز! سىزدەك ياخشى جىيەن قىزىم بولسا مېنىڭمۇ يۈزۈم يورۇق بولىدۇ. ...... — دېدى.
— يولداش يۈيچيەن ئىدارىمىزگە كەلگەندىن بېرى «ماۋ جۇشى ئەسەرلىرى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاكتىپلىق بىلەن ئىلگىرىلىدى. ئىجتىھات بىلەن ئىزدەندى. لېي فېڭچە ياخشى ياش، — دېدى پارتكوم شۇجىسى.
سىز ماڭا كەسكىن هالدا:
— يۈيچيەن، سىز بەلگىلىك نەتىجە يارىتىپسىز، ماۋجۇشىنىڭ:«كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ» دېگەن تەلىمىنى ئەستە ساقلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدىڭىز.
چىرايىدا ئازراقمۇ مۇسىبەتلىك ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ئانامنىڭ گىلاس رەڭگىدىكى ئەمچەك توپچىسى ئۇنىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدا كۆتۈرۈلۈپ مىدىرلاپ تۇرغان مەنزىرە كۆز ئالدىمدا ئەلەڭلەپ تۇرىدۇ. بۇ پەقەت بىر چۈش. قۇرامىغا يەتمىگەن قىزلار غەلىتە چۈشلەرنى كۆرۈشكە ئامراق...... ئاچارام توساتتىن بىر سىزىمنى يادىمغا سالدى...... ئۇ مېنى تەربىيەلەۋاتىدۇ...... بۇ پەقەت بىر خاتا تۇيغۇ، چۈنكى غەلىتە چۈش كۆرۈشكە خۇشتار قىز خاتا تۇيغۇنىڭ يۈز بېرىشىنىمۇ ياقتۇرىدۇ...... سىز بارلىق كۈچىڭىز بىلەن شۇنداقتىمۇ ناهايىتى خاتىرجەم هالدا ۋاڭ مۇئاۋىن شەهەر باشلىقىنىڭ يەل بېرىلگەن توپتەك كۆپۈپ كەتكەن قورسىقىنى ياردىڭىز. گويا غۇنچىلاۋاتقان جۇخارگۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشاش توختىماي ئۈستىگە ئۆرلەۋاتقان كۆكۈچ ماي يوغان هەم ئەتلىك ئېچىلىدىغان جۇخارگۈلنىڭ قىممەتلىك بىر تۈرىگە

ئوخشاپ كېتەتتى......

تاغام مېنىڭ توي ئىشىمغا كۆڭۈل بۆلدى...... قىممەتلىك جۇخارگۈلگە يۆزلىنىپ تۇرۇپ، ئىشقىلىپ، سەل قورقتىڭىز...... ئاچارىڭىزدىكى سېزىم بېشىڭىزغا چىقتى ...... ساختا تاغىڭىز ئوتتۇرىدا مېڭىپ، ئايال قەھرىمانىنىڭ بوش قالغان ئورنىنى تولدۇرۇشقا سىزنى سايە قىلماقچى بولۇۋاتاتتى.

ئالاھىدە ھۆسن تۆزىگۈچى ئاي نۇرىدا، چىملىقتا ئولتۇراتتى، ئوي - خىيالى غۇۋۋا ئىدى. يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى ئالىبۇرۇن رېشاتكىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن، مۈكچەيگەن قامىتى، تىترەپ تۇرغان يوغان سايىسى كۆزدىن يىتكەنىدى. باغچىدا يىرتقۇچ ھايۋانلار ھۆركىرەيتتى، چوشقىنىڭ چوڭ ئۆچىيى قارا سولياۋ خالتىدا ئىدى. كۆمۈشتەك ئاي نۇرى ھەممىشە كۆمۈشتەك ئاق بولاتتى. كائىناتقا نۇرىنى چېچىپ، ھۆسن تۆزىگۈچىنىڭ ئۈستىبېشىنى ئاقارتىۋەتتى. ئۇنىڭ تۇرقى ھاك ئازگىلىدىن تىرىشىپ - تىرمىشىپ چىققان فاك مۇئەللىمنىڭ تۇرقىغا ئوخشاپراق قالغانىدى.

ھېلىقى مۇخبىر «بىر توپ ياخشى ئانارگۈلى» ماۋزۇلۇق ماقالىسى ئۈچۈن شەھەرلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشىپ، مۇخبىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ توختىماي زىيارەت قىلىش، لى يۈچەننىڭ ۋۇجۇدىدىن ئالتۇن كولاش قارارىغا كەلدى.

مۇزدەك چىملىقتا ئوي بىلەن ئولتۇرىسىز. ھېلىقى مۇخبىر ماڭا چىۋىندەك چاپلاشتى...... دەپنە ئىدارىسىگە كەلگەندىن بېرى، چىۋىنگە ئامراق بولۇپ قالدىم. ئانامۇ شۇنداق دەيدۇ...... ئۆلگۈر جاڭ چىچيۇ بەدىنىڭدىن ئۆلۈكنىڭ ھىدى كېلىدۇ دەيدۇ...... ئۆز ۋاقتىدا كەينىمگە كىرىۋالغان چاغدا، بەدىنىمدىن كېلىۋاتقان ئۆلۈكنىڭ ھىدى بۇرنىغا پۇرىمىغانمىكەن......

كېچىلىك چارلاش ساقچىسى چىملىقتا ئولتۇرغان قارا

كىيىملىك ئايالغا دىققەت قىلدى.

شۇ كۈنى، سىز قارا چىپاۋ كىيىپ ئەرۋاھتەك ئاي نۇرىدا چىملىقتا ئولتۇراتتىڭىز.

ساقچىلار: ئۇ ئاننا كارېنىناغا ئوخشاش ئايال ئىكەن (شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى«ئاننا كارېنىنا» ئۆلاپ بېرىلىۋاتاتتى)، ئاننا كارېنىنا قارا كىيىم كىيىپ پويىز چاقىغا ئۆزىنى ئاتقان، بۇ ئايالمۇ قارا چىپاۋ كىيىۋاپتۇ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلايدىغان ئېھتىمالى بار دەپ ئويلىدى.

مۇخبىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇھەببەتنىڭ ھىدىنى پۇرىدى...... سىزنى قوراللىق دۈشمەننىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېتىۋاتقان ھالەتتە چۈشىدىم...... دېدىڭىز جۇڭگۈيىغا. ھەر كۈنى كەچتە سىزنى قورالىق دۈشمەننىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېتىۋاتقان ھالەتتە چۈشەيمەن. بەدىنىڭىزگە ئوت تۇتىشىپ كېتىپتىمىش. چېچىڭىز، كىيىمىڭىز ۋە ئۇستىبېشىڭىز كۆيۈۋاتقۇدەكمىش، پۈتۈن بەدىنىڭىزدە سېرىق ئۇچقۇنلار سەكرەۋاتقۇدەكمىش...... جۇڭگۈيي گويا قەھرىمانىنىڭ ھەيكىلىدەك جىممىدە ئولتۇراتتى...... مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ قورقۇمسىراپ سورىدىڭىز. خىجىللىقتا نەپەس ئېلىشىڭىز قىيىنلاشتى...... تاغامنىڭ ئويى شۇ...... مەندە بۇنداق ئوي يوق...... جۇڭگۈيىنىڭ كۆزلىرىدە تەشۋىش ۋە قايغۇ - ھەسرەت ئەكس ئەتتى. ئۇ ئەتە قارار قىلسام بولامدۇ؟ دېدى.

كېچىلىك شامال لى يۈچەن قىزنىڭ چاچلىرىنى تارايتتى، تېنىدە مامۇقتەك يۇمشاق ھېس - تۇيغۇ چايقىلاتتى. جىنيۇ كوچىسى قورۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا مۇخبىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئالدىڭىزغا كۈلۈپ كەلدى. قولىڭىزنى چىڭ تۇتۇپ ھاياجانلانغان ھالدا: تەبرىكلەيمەن، چىن دىلىمدىن

تەبرىكلەيمەن...... كېلەر قېتىم يازىدىغان ئاخبارات خەۋىرىنىڭ ماۋزۇسىنى دىتلاپ قويدۇم: «ئوتلۇق مۇھەببەت» — مۇخبىر بىر دەستە ماقالە قەغىزىنى شاراقلىتىپ — سىزگە بىرنەچچە ئابزاسنى ئوقۇپ بېرەي — ياق، سىزگە يەنىلا بۇ ئاخبارات خەۋىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي — جۇگۇۋېي ئىككىڭلارنىڭ مۇھەببىتى يېڭى دەۋردىكى يېڭى كەيپىياتنى ئەكس ئەتتۇردى. سىز دەپنە ئىدارىسىدىكى خىزمەتنى تاللىدىڭىز. كوممۇنىستىك خىسلەت — ئۇ سىزنى تاللىدى — سىز ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇچۇن — ئايال قەھرىمان — ھۆسنىنى تۇزەش، ئايال قەھرىمان ئارقىلىق سىلەر ئىنقىلابىي ھەمراھ بولدۇڭلار — نېمىدېگەن دىراماتىك، نېمىدېگەن گۇزەل- ھە......

مۇخبىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنى ئايلىنىپ، جىنيۇ كوچىسى 13- نومۇرلۇق قورۇغا جىمىدە كىرىپ كەتتىڭىز، مۇخبىر تەشۋىشلەنگەن ھالدا سىرتتا قالدى.

چىرايلىرىدىن ياش ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان كېچىلىك ئىككى ساقچى ئاق سىرلانغان پاكار تۆمۈر رېشاتكىدىن ئارتىلىپ چۇشۇپ، ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان چىملىققا كەلدى. جۇگۇۋېي:

— يولداش يۇيچيەن، سىز بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدۇم، — دېدى.

— خانقىز، بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ — دېدى بىر ساقچى.

ھەر قېتىم بەختىڭىزنى تاپقاندا، پۇتۇن بەدىنىڭىز مۇزلاپ كېتەتتى. جۇگۇۋېينىڭ ئالدىدا يۇزى ئېچىلمىغان قىزدىن بەكرەك ئىزا تارتىپ خاتىرجەمسىزلىنىپ كەتتىڭىز. ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىلەن غالجىرانە بىرگە بولغان ئاشۇ قىز بىر پارچە تېرىگە ئايلاندى. كونا تېرە تاشلىۋېتىلدى. يۇيچيەن يېڭىلاندى. ئۇ سىزنى قۇچاقلىدى. كۆزلىرىڭىزدىن ياش قۇيۇلدى.

— خانقىز، يىغلاۋاتامسىز؟

مەڭزىدە ياش، ئاي نۇردا مەرۋايىتتەك ياش تامچىسى كىشىنى ھاياجانغا سالدۇ.

— ئۆزىڭىزنى دەرياغا تاشلاي دەمسىز؟

ياش ساقچىلار ئۆزلىرىچە ئۆزىنى دەرياغا تاشلاش ئالدىدا تۇرىدۇ دەپ خىيال قىلغان قىزنى بۇ يولدىن توسماقچى بولۇشتى.

— مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدىڭىزمۇ؟

— ئىككىمىزلا مۇھەببەت باغلاپ باقمىدۇق!

ئۇلارنىڭ بۇرۇتلىرى تېخىچە قاتمىغانىدى. ھۆسن تۈزىگۈچى بۇ ئىككى ياشنىڭ چىرايىدىن 8- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن ئالدىن تاللانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىن قالدۇرۇلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىرايىدا كۆرۈلىدىغان ئۆزگىچە بىمەنە ئالامەتنى بايقىدى.

ئۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى كۈتۈپ گەپ قىلماي تۇراتتى. جۇڭۋېي بىر قارارغا كېلىپ قالغاندەك ئۇياقتىن بۇياققا ماڭدى؛ ئىككى ساقچى بىرسى بىر بىلىكىڭىزدىن تۇتۇپ تارتتى. جۇڭۋېي بۆرىدەك ئۈستىڭىزگە ئېتىلدى. سىز بېشىڭىزنى چايقىدىڭىز. ئاغزىدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇردىڭىز. بۇ چاغدا چوڭ ئۈچىيىڭىزدە: خىڭ - خىڭ - خىڭ، ئاقىل ئادەمنىڭ سوغۇق كۈلكە ئاۋازىغا، قاپقاق گاز قويۇپ بەرگەن چاغدىكى ئاۋازغا ئوخشاش بىر ئاۋاز پەيدا بولدى. سىز قارشىلىق قىلغانسىرى، ئۇ شۇنچە غالجىرلاشتى. جۇڭۋېي پىيادە ئەسكەرلەر رازۋېدكىچى. ئۇ ئەسىر تۇتقاندا ئىشلىتىدىغان سەككىز يۈرۈش ھەرىكەتنىڭ بىرسىنى ئىشلىتىپ، سىزنى كارىۋاتقا ئاتتى. دورا ھاراق ئىچىپ زەھەرلىنىپ بېشى قېيىپ قالغان بىر ئايالغا تاقابىل تۇرۇشتا، مەيلى، بەنت ئىشلىتىلسۇن، نەتىجىسى ئوخشاش بولىدۇ. سىز بوشلۇقتا 180 گرادۇس ئايلاندىڭىز، ئېسىڭىزگە كەلگەن چېغىڭىزدا، ئايال

قەھرىمانىنىڭ ئورنىدا ياتاتتىڭىز. تاۋار يوتقاندا ئايال قەھرىمانىنىڭ بەدىنىنىڭ ھىدى قالغانىدى...... ھەدە، سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى دەرياغا تاشلايسىز؟ تۇرمۇش ھەسەلدىنمۇ تاتلىق...... يۈزىنى سېرىق تۈك باسقان ئىككى بالا ئىككى تەرىپىڭىزدە تۇرۇپ ئاغزىنى قوۋۇزىڭىزغا ياقتى. سىز سول قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ ئوڭ تەرىپىڭىزدە تۇرغان ساقچىنىڭ، ئوڭ قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ سول تەرىپىڭىزدە تۇرغان ساقچىنىڭ ئاغزىغا ئۇردىڭىز (ناھايىتى يەڭگىل ئۇردىڭىز، ئاچچىقىڭىز كەلگەن قىياپەتتە ئويناشقاندەك). ئەبلەخلەر! كور بولۇپ قالدىڭلارمۇ، قانۇننى ئىجرا قىلىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىۋاتىسىلەر، ئاياللارغا چاقچاق قىلىپ يۈرۈپ، چاقچاق قىلمىغان قۇشناچىڭلار قالدىمۇ!

ئىككى ساقچى ئاغزىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلدى.

— قۇشناچىم، سىزنى بۇرۇنلا تونۇۋالغانىدۇق!

— قۇشناچىم، ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالارمىكىن دەپ ئەنسىرىدۇق!

— جۆيلۈشمە! — دېدى ھۆسن تۈزىگۈچى، — مەن ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىغاندا سىلەر تېخى تۇغۇلمىغان!

— قۇشناچىم، بالدۇرراق ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، ناۋادا لۈكچەكلەرنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالسىڭىز، بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس.

— بۇ يەردە بىردەم سالقىنلىغاچ ئولتۇرىمەن.

ئىككى ساقچى ئىسقىرتقىنىچە، باشقا يەرنى چارلىغىلى كېتىپ قالدى.

كۆزلىرىڭىزدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. ئايال قەھرىمانىنىڭ ئورنىدا يېتىپ نېمىشقىدۇر يىغلاپ كەتتىڭىز. شۇ چاغدا جۇگۈيى سىزنى يەڭگىل سىلاۋاتاتتى، سىز غالجىر ئىتتەك ئۇنىڭ قوينىغا ئېتىلىپ كىرىپ كەتتىڭىز. ئۇنى سۆيدىڭىز. چىشلىدىڭىز. ۋاڭ

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىدىن ئۆگەنگەن بىر يۈرۈش ماھارىتىڭىزنى ئىشقا سالدىڭىز، لېكىن.

جۇڭۋېي پاگون ۋە ئوردېن قادالغان ھەربىي چاپىنىنى كىيىپ، تاسمىسىنى باغلىدى، بېلىنىڭ تۆۋىنى يالىڭاچ، تۇمشۇقى يوغان خۇرۇم بەتىنكىسىنىڭ سوڭنى دەسسەپ كارىۋاتنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. خەنجەردەك ئۆتكۈر قاراشلىرى قورسىقىڭىزغا قادالغانىدى. ئۇنىڭ:

— سىز قىز ئەمەسكەنسىز!— دېگەن گېپىنى ئاڭلىدىڭىز.

ئۇ ئېڭىشىپ ئىشتىنىنى كىيدى - دە، يەنە بىر قېتىم:

— كېسىپ ئېيتىمەن، سىز قىز ئەمەس!— دېدى. ئاڭلاپ تۇردىڭىز.

ئۇ تەخمۇتەخ بولۇپ ئالدىڭىزدا تۇرۇپ، كىيىملىرىڭىزنى كىيىشكە بۇيرۇق قىلدى.

جۇڭۋېي كىيىملىرىڭىزنى كىيىشىڭىزگە ياردەملىشىپ:

— سىز ئۇچۇن مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى خالايمەن. لېكىن، بىر شەرتىم بار، تاغىڭىزغا ۋە ئىدارىڭىزنىڭ شۇجىسىغا، ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن دەيسىز، — دېدى.

## 5

دەرياغا تاشلىغان چاغدا، ھېچنېمىدىن، ھەتتا ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان قەھرىمان سىياقتا بولاي، بولمىسا، يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ نەدە يۈرىمەن؟ شۇڭا، سىز بىمالال ھالدا كىيىملىرىڭىزنى بىر - بىرلەپ سېلىپ، كەچكى شەپەققە كەيىنىنى قىلىپ تۇرغان ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا قارىتىپ ئاتتىڭىز: كىيىملەر يوغان كېپىنەكتەك ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنىڭ يەلكىسىگە ۋە بېشىغا قوندى.

يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ نەدە يۈرىمەن، قولىقىڭىز تۆۋەدە

جۇڭۋېنىڭ ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا:
«سىز قىز ئەمەسكەنسىز!» دېگەن گېپى ياڭرايتتى.
دەل مۇشۇ چاغدا قىزلىق پەردىڭىزنى يېۋالغان، سىزنى جۇڭۋېيغا سايە قىلغان «تاغىڭىز» خوتۇنى بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئۇدۇلىڭىزدىن چىقىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن سىز بۇلۇتنىڭ چېتىدىن كەلگەن بۇيرۇقنى ئاڭلىدىڭىز.
كىيىمىڭنى سال!
نېمىشقا ماڭا كىيىملىرىڭنى سال دەيسىز؟
سىز قىز ئەمەس!
نېمدەپ كىيىملىرىمنى سالغۇدەكمەن؟
كېسىپ ئېيتىمەن، سىز قىز ئەمەس!
كىيىملىرىڭىزنى سالدىڭىز. ئۆزىڭىزنى دەرياغا تاشلايدىغانلىقىڭىز تۇرغان گەپ ئىدى.
دەرياغا تاشلىغان چاغدا، قەھرىمان سىياقتا بولۇڭ، چۈنكى سىز ئۆلۈۋالماقچى بولۇۋاتىسىز، قۇتقۇزۇۋېلىنغان چاغدا ھالىڭىز بەك خاراب ئىدى. چۈنكى، سىز ئۆلۈۋېلىشنى سىناق قىلدىڭىز. سىز لامزەللىدەك ياشىغاندىن ئۆلگەن ياخشى دېگەن مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى ھېس قىلغانىدىڭىز.
يۇتۇن ئەزايىڭىز لاي، چاچلىرىڭىزغا موخ چاپلاشقان، موخنىڭ ئۈستىدە نەچچە تال كىچىك راك پىلتىڭلاپ تۇراتتى. كىچىك راكلار دەريا سۈيىگە ئىنتىزار ئىدى. چىملىقتا ياندۇرۇپ ياتتىڭىز. ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوغلى كۆزلىرىنى ھەۋەس بىلەن ئاتىسى ھەۋەسلىنىدىغان ئەزايىڭىزغا تىكتى.
ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ خوتۇنى ئوغلىنى بىر شاپىلاق سالدى. «چاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ شاپىلاق سىزنىڭ يۈزىڭىزگە تەگكەندەك بولدى.
سىز قاتتىق ھاقارەتلەنگەن بولدىڭىز.

— ماڭ، يۈزى قىلىن! — ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ خوتۇنى ئوغلىنى دۆشكەلەپ كەتتى. ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ قىزى تىرەكلىككە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

ئۇلار ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ھۆكرەپ يىغلايتتى، ھېلىقى ئاۋاق ئايال بىلەن ئاق تىرەكلىكتە مۆكۈشمەك ئوينايتتى.

سىز ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ يۈزىنى تاتىلاپ قىيما - چىيما قىلىۋەتتىڭىز.

ھاقارەت توساتتىن غەزەپ - نەپرەتكە ئايلاندى. چوغدەك كەچكى شەپەق چاقناپ تۇرغان دەريا مەنزىرىسى سالاپەتلىك ئاق تېرەكلەر، قاتتىق يىغلىغان پېتى جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كەلمەكچى بولۇۋاتقان ئوغۇل بالا، بولۇشىغا تىللاپ ھېچنېمىگە قارىماي ئوغلىنىڭ ئالدىنى توسۇۋاتقان ئاۋاق ئايال. ئوغلى، ئۆزى ۋە قىزى، تېرەكلىكتە بىر - بىرىنى قوغلىماقتا. شۇ سەۋەبتىن ھاقارەت غەزەپ - نەپرەتكە ئايلانغاندى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئورۇقلاپ تاياقتەك بولۇپ قالغان ئايالىنىڭ تۇرقىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىڭىز.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى كىيىملىرىڭىزنى يەردىن ئالدىراپ تېرىشتۇرۇپ ئەكېلىپ ئۈچىڭىزغا ئارتىپ قويدى. چىرايلىق كىيىملەرنى رەت قىلىپ، تىترەپ تۇردىڭىز. ئەر كىشى سىلاپ سەمرىتىۋەتكەن ساپسېرىق كۆكسىڭىز كەچكى شەپەق نۇرىدا پىلتىڭلاپ تۇراتتى. مەغرۇر كۆكسىڭىز ھېلىقى ئاۋاق ئايالنى كەينىگە ئۈچۈرۈۋەتتى. ئۇ بىر تۈپ دەرەخنى تۇتۇپ، قۇرۇق ھۆ قىلىپ، ئاستا - ئاستا دەرمانى قۇرۇپ، ئاخىر چۈشكە ئوخشاش دەرەخلەرنىڭ مۈرەككەپ سايىسىدا ئولتۇرۇپ قالدى. قاراپ تۇردىڭىز، شۇ چاغدا كۆكسىڭىز ئاندىن ھاسىراشتىن توختىدى. سىز كىيىمىنىڭ سىرتىدىن، ھېلىقى ئايالنىڭ قوۋۇرغىسىغا چاپلىشىپ قالغان خالتىدەك ئەمچىكىنى كۆردىڭىز.

ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىككى قولىقىنى سوزدىڭىز (بىرىنچى باىتا ئۇ جاڭ چېچيۇنىڭ قولىقىنى سوزغانىدى). ئۇ ئاغزىنى كالچايتىپ چىشىنى چىشلىدى. شۇ چاغدا ئاپئاق چىشلىرى بىجىرىم ئىدى. ئەتىسى، چىشلىرىنىڭ بىجىرىم ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم بايقىدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭغا يېقىن يولىمىدىم. ئۇنى ئىدارىدىكى ئاممۋى تېلېفوننىڭ ئېكرانىدىن كۆرۈپ تۇردۇم. راستىنى دېسەم، شۇ قېتىمقى ئىشتىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرگۈم كەلمىدى. سىز مەندىن قورقتىڭىز. چۈنكى، سىز خوتۇنىڭىزدىن ھەم مەندىن، جامائەت پىكرىدىن قورقىسىز. شۇنداق قىلىپ، غايىب بولدىڭىز، ئەمما ئاغزىڭىز تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئالتۇندەك پارقىراپ كەتتى. ئۈچ تال چىشىڭىزغا قاچان ئالتۇن قاپلىتىۋالدىڭىز؟ «گۈزەل دۇنيا»دىكىلەر مەن تاغام دېۋالغان سىزنى ئۆلدى، ئۆلمىگەن بولسا پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا يۆتكىلىپ كەتتى دەپ بىلەتتى. ياخشى «تاغا!» ئالدىدا ئانىسى بىلەن، ئاندىن قىز نەۋرىسى بىلەن ئوينىغان «تاغا!» ئالتۇن كەم تېپىلىدىغان مېتال. ئېرىم، كۈچلۈك كىسلاتامۇ ئالتۇننى چىرىتەلمەيدۇ دېگەن. ساپ ئالتۇن ئوتتىن قورقمايدۇ. سىز ئۆلدىڭىز «تاغا». بۇ ئۈچ تال ئالتۇن چىشنىڭ سىز ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى. چىشىڭىزنى يۇلۇپ ئېلىۋالىمەن. ئانامنى ئاشنا تۇتتىڭىز، مېنىمۇ ئاشنا قىلىۋالدىڭىز...... ئاتامنىڭ روھىغا يېشىل بۆك كىيدۈردىڭىز. ئېرىمنىمۇ شۇ. ئەيدىز كېسىلى بايلىق كېسىلى ھەم بىزنى نامراتلىقتا قالدۇرۇپ سوڭكى قانايدىغان، سوڭكى چىقىپ قالىدىغان قىلىۋەتتى...... ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ سىرتتىكى شەپىگە قۇلاق سالدى. باشتا دېگەندەك موچىن بىلەن ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئالتۇن چىشنى موچىن بىلەن قىستى. بۇ چىشلارنى يۇلۇپ ئېلىپ پۇل قىلىپ ئانامنىڭ كېسىلىنى

داۋالىتىمەن! بۇ چىشلارنى يۇلۇپ ئېلىپ هاقارەتنى يۇيىمەن! بۇ چىشلارنى يۇلۇپ ئېلىپ ئېرىمگە تاماكا ئېلىپ بېرىمەن! چەكچىيىپ قارىسىڭىزمۇ سىزدىن قورقۇپ قالمايمەن. مېنى مال - دۇنياغا هېرىسمەن كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ؟ ئوسۇرۇق! پۇلنى دېگەن بولسام، هايات ۋاقتىڭىزدا مۇناسىۋىتىمىزدىن پايدىلىنىپ، سىزنى قاقتى - سوقتى قىلغان بولماسمىدىم؟ سۇرلۇك مۇئاۋىن شەهەر باشلىقى قىياپىتىدە ماڭا ئۇدۇل كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ ئايلىنىپ كېتىپ قالغانىدىم! قىساس ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم! سىز تېخى ئاتامنىڭ روهى ئالدىدا بىر تال چىشقا قەرز! ئاپتوبۇسقا چىقسا پۇل تۆلەيدۇ! پاراخوتقا چىقسا بىلەت ئالىدۇ! ئاتقا مىنسە يەم - خەشەك پۇلى تۆلەيدۇ! شۇڭا...... ئۇ ئاغرىق ئازابىدا ۋايسايدۇ، سىز ئېچىلىپ كۈلىسىز.

كەچكى شەپەق چوغدەك قىزىل، ئاق تېرەكلىك لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان مەشئەلگە ئوخشايدۇ. ۋاڭ مۇئاۋىن شەهەر باشلىقنىڭ خوتۇنى ئوتنىڭ شولىسىدا ئازاب بىلەن تولغىنىدۇ. سىز قىپيالىڭاچ، كىيىمىڭىزنى پۇلاڭلىتىپ تۇرىسىز، خۇددى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا رەڭلىك بايراقلارنى پۇلاڭلاتقاندەك — ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ، سەكرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىڭىز — قولىنىڭ توپىغا پېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆردىڭىز. بىر تال قارا بورنى ياكى بورغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تال قۇرۇق شاخنى چايناۋاتاتتى، ئۇنى قارا بور دېيىشكە رازىمەن. تووا، يالقۇن بىلەن ئېلىشىۋاتقان يەنە بىر ئايال، بور يەيدىغان يەنە بىر ئادەم. مەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم. ئەپسۇسكى، سىز هازىر ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتكەن قەهرىمانغا چوقۇنمايسىز! چىشلىرىڭىزنى غىچىرلىتىپ كۈلدىڭىز. بەدىنىڭىزدىكى بىر ئەزانى كۆرسىتىپ ئەڭ شەرمەندە، ئەڭ ئۇياتسىز گەپلەر بىلەن ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىپ، ئوتقا ياغ چاچتىڭىز.

سايدەك يۈرىدىغان مۇخبىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇخبىر دەريا بويىدا پەيدا بولدۇ. ئۇ گويا ئاسماندىن چۈشكەن ئەرۋاھتەك پەيدا بولۇپ جىنسىي مۇناسىۋەتتىن قالغان ئاغرىق ئالامىتىنىڭ ئازابىنى تەڭ تارتىۋاتقان بۇ نەچچەيلەننى قۇتقۇزۇۋالدى.

مۇخبىر مۇشۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك پېرسوناژلارنى قىسقارتىپ، ئىككى ئىشنى قىلماقچى بولدى.

1) ۋالىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا ياردەملىشىپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن قىزنىڭ كىيىمنى كىيدۈرۈش.

2) ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، قايتىپ بېرىپ ۋالىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن قىزنى باتۇرلارچە قۇتقۇزۇۋالغانلىقى توغرىسىدا بىر پارچە تېز خەۋەر يېزىش.

6

يوپيورۇق ئاي نۇرى خەلق باغچىسىنى كۈمۈشتەك ئاپئاق دۇنياغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. سالقىن ھەم يېقىملىق كېچىلىك شامالدا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياپراقلىرى ۋە شاخلىرى تەۋرىنىپ تۇراتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق كېچە ئىدى. يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى قولايلىق يارىتىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھۆسن تۈزىگۈچىنى باغچىغا ئەكىردى.

شۇ تاپتا باغچىدا ئۇ ۋە ھۆسن تۈزىگۈچى ئىككىسىلا بار ئىدى. بۇ غەلىتە پۇراقلارغا تولغان قەپەستىكى بايان قىلغۇچىنىڭ خاتا يەكۈنى. مۈشۈكئېيىق سارىيىنىڭ يېنىدىكى بامبۇكزارلىقتا بىر قولىغا كالىنىڭ قۇلىقىغا ئوخشاش پىچاق ئالغان، يەنە بىر قولىدا سولياۋ خالتا كۆتۈرگەن بىر قۇلاق كەستىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى

بىلىمىز. قۇلاق كەستى بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ ئەگرى - بۈگرى چىغىر يولنى بويلاپ مايمۇنلار تېغى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

مايمۇنلارنىڭ ئاچچىق سۈيدۈكى ھاۋانى ئاجايىپ بۇلغىۋەتكەنىدى. مايمۇنلار تېغىدا بۇتقا ئوخشايدىغان ئالامەت يوغان بىر تاش بار ئىدى. بىر توپ مايمۇن غۇژمەكلىشىپ تاغنىڭ بېشىدا ئۇخلاۋاتاتتى. بىر توپ مايمۇن ئاي نۇرىدا قوغلىشىپ، سەكرىشىپ، ئويۇن چىقىرىشىپ، خۇشال ئويناۋاتاتتى. سارغۇچ مايمۇن تۈكى چاقماق ئۇچقۇنىدەك چاقنايتتى.

ئۇ سىزنى تارتىپ مايمۇنلار تېغىغا يېقىن ئەكەلدى. شادلىققا چۆمگەن مايمۇنلار بەدىنىڭىزنىڭ رەڭگىنى كۆرۈپ ھوۋۇلدىشىپ، يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، سىزگە قاراپ ئېغىزلىرىنى كالچايتتى.

— سىزنىڭ تىرىك مايمۇنلارنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشىڭىز! — كېسىپ دېدى ئۇ.

ھۆسن تۈزىگۈچى ئۇنىڭ چىقارغان يەكۈنىگە سۈكۈت قىلدى. كاللىسىدا غەلىتە ھەم بىمەنە بىر سوئال تۇغۇلدى. «ئانا مايمۇنلار ئاياللارغا ئوخشاش ئايدا بىر قېتىم ئاي كۆرەمدىغاندۇ؟»

— ھايۋانات باغچىسى تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئەڭ باي جاي، — دېدى يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى رېشاتكىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ تۇرقى رېشاتكىنىڭ ئىچىدىكى ھايۋانلارنىڭ تۇرقىغا ئوخشاپ كەتتى، — ئىنسانلار ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشكە موھتاج، چىرايىغا دىققەت قىلىڭ. كۆزلىرى چوڭقۇر، رومانتىك پۇراققا باي......

رېشاتكىنىڭ ئىچىدىكى مايمۇنلار بىردىنلا شۈكلەپ قېلىشتى. ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىۋاتقاندەك، تەستە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ئېنگلس: مايمۇنلارنىڭ ئاناتومىيەسى ئادەم

ئاناتومىيەسىنىڭ ئاچقۇچى، دېگەن، — دېدى ئۇ، — مايمۇنلارنىڭ يۈزىدە ئەقلىلىك بىر پېشانە بار، بىز ئۆزىمىزنى ئۇلاردىن دانا ھېسابلايمىز. سىز ئۇلارنىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى قىياس قىلالامسىز؟

مايمۇنلار كۆزلىرىنى تېز - تېز چىمچىقلىتىپ مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى. پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدە ياش چاقناۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھۆسىن تۇزىگۇچى ھەيرانلىقىنى باسالماي ئاستا ئۈچ قەدەم چېكىندى. بۇ چاغدا مايمۇنلارلا ئەمەس، رېشاتكىنى تۇتۇپ مايمۇنلارغا تەلىم بېرىۋاتقان يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىمۇ ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ مايمۇنلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. پەرقلەندۈرگىلى بولمىدى. سىز:«شىر بىلەن يولۋاس جۈپلەشسە ھەم شىرغا، ھەم يولۋاسقا ئوخشايدىغان غەلىتە ھايۋان تۇغۇلىدىكەن. ئۇنداقتا، ئادەم بىلەن چىشى مايمۇن جۈپلەشسە نېمە تۇغۇلار؟ ئادەمگە ئوخشايدىغان مايمۇن تۇغۇلارمۇ؟ مۇبادا ئادەم سىياق مايمۇن ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مايمۇنلارنىڭ تىمەن ۋە چەبدەسلىكىنى جارى قىلدۇرسا، جاھان ئۆزگىرىپ قانداق بولۇپ كېتەركىن؟» دەپ ئويلىدىڭىز.

شۇ چاغدا بامبۇكزارلىقتا يوشۇرۇنغان ھېلىقى قۇلاق كەستىنىڭ ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىققانلىقىنى كۆردۇق. ئۇ بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، ھەرىكىتى چاققان ئەبلەخ ئىدى. گويا يوغان قاپقارا قۇشقا ئوخشاش ماۋۇ دەرەخلىكتىن ئاۋۇ دەرەخلىككە ئۆتۈپ، ماۋۇ بىر پارچە تاشنىڭ كەينىدە غىلپال كۆرۈنۈپ قويۇپ، ئاۋۇ تاشنىڭ كەينىدە پەيدا بولاتتى.

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى:

— ئاكا - ئۇكا ۋە ئاچا - سىڭىللار. خۇشاللىقنىڭ كەينىدىن يەنە خۇشاللىق كېلىدۇ، كۆزلىرىڭدىن ياش تۆكۈلدى،

ماڭقاڭلار چىقىپ كەتتى. سىلەرنى يوقلاپ ئەتە كەچتە يەنە كېلىمەن، — دېدى.

ھۆسن تۈزىگۈچى مايمۇنلارنىڭ جىمجىت تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار دەردمەندەك مايمۇنلار تېغىدىكى قارا ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇ رېشاتكىنى ئۇرۇپ ئىنچىكە ئاۋازدا ۋارقىرىدى. بۇ غەلىتە بىر خىل تىل ئىدى. ھۆسن تۈزىگۈچى بىر ئېغىز گېپىنىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىنىڭ مەڭزىدىكى ياشنى، بېشىنى رىتىملىق لىڭشىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ۋۇجۇدىڭىز يەنە بىر قېتىم مۇزلاپ: «مەن ئىبلىس بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپتىمەن» دېدىڭىز.

مايمۇنلار تېغىدا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن مايمۇنلار توساتتىن چۇۋۇلۇپ كەتتى. تاش يوچۇقىغا يوشۇرۇنغان ياكى ئۆڭكۈرلەردىكى مايمۇنلار ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقىشتى. مايمۇنلار تاغدا كۆلەتتى. ئۇسسۇل ئوينايتتى. چوڭ بىرنەچچە مايمۇن ئالدى پۇتى بىلەن كاسىسىغا پاقىلدىتىپ ئۇراتتى.

چوڭقۇر تەسىرلەندىڭىز، تۇرۇپلا مايمۇنلار بىلەن ئوتتۇرىڭىزدا سىرلىق ھەم گۈزەل بىر خىل مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىڭىز. قەپەسكە كىرىشكە، مايمۇنلار تېغىغا سەكرەپ چىقىشقا، مايمۇنلارغا قوشۇلۇپ ئۇسسۇل ئويناشقا تەقەززا بولدىڭىز. كۆز ئالدىڭىز غۇۋالىشىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتلىق ھادىسە ئىدى. غۇۋالىق ئارىسىدىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قىزىللىق پەيدا بولدى. سەھەر پەيتىدە دولقۇنلۇق دېڭىزدىن قىزىل قۇياش چالا - پۇچۇق كۆتۈرۈلۈپ چىققاندەك مەنزىرە شەكىللەندى. ھەقىقەتەن دېڭىزدىن كۈن چىققانغا ئوخشايتتى. قىپقىزىل رەڭ ئەۋرىشىم، لېكىن ئۆز زېمىنىنى كۈچەپ كېڭەيتىۋاتاتتى. زېمىنى كېڭەيگەنسېرى قىزىل نۇر قىزغۇچ ئالتۇن نۇردەك چاقناپ كېتىۋاتاتتى. ئاشۇ بىر پارچە قىزىللىق ئاستا - ئاستا يېيىلىپ قەلبىڭىزنى مىسلىسىز

چاقنتتۇەتتى. سىز تېخى ئاشۇ بىر پارچە قىزىللىقنى ئاددىي بىر نوتا دەپ، قىزىللىق كېڭىيىپ پارلاق قىزغۇچ ئالتۇن نۇرغا ئايلىنىشنى ئاددىي نوتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ سەلتەنەتلىك مۇزىكىغا ئايلىنىش جەريانى بىلەن ئوخشاش دەپ ھېسابلىدىڭىز. پارلاق نۇر سوغۇقنى ھەيدىدى، بەدىنىڭىز ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى. تەپتارتماستىن ۋارقىراۋاتقان، تەرلەپ پىشىپ كەتكەن، كۆزلىرى ياش مايمۇنلارغا قوشۇلۇپ ئۇسسۇل ئويناشقا زار ئىدىڭىز. ئەسەبىيلىك چەكسىز خۇشاللىقنىڭ ئانىسى، ئانىسى ئۇنىڭ ئاشىنىسى. يىراق قەدىمىي زاماندا قۇياش قەدىمىي زېمىننى يورۇتقان. مايمۇنلار تېخى شادلىققا چۆمگەنىدى. قولىنى سايىۋەن قىلىپ يىراقلارغا قارىدى. ئۇزاق يىل سىرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەنلەر يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. تۆمۈر سالاسۇن يەڭگىل پەلەككە ئايلاندى. مايمۇنلارنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن ئويناقشىپ ئېگىز تاغقا چىقتىڭىز ۋە چوڭقۇر جىلغىغا سەكرىدىڭىز. پېلەكلەر كۆزىڭىزگە ئىلەڭگۈچتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. تارتىپ ئەكېلىپ ئولتۇردىڭىز. ھەرىكەت قاتتىق، ھۆركىرەپ كەتتىڭىز. ھۆركىرەشنىڭ بىر خىل ھەقىقىي ئىچ پۇشۇقى چىقىرىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭىز. ھەقىقىي ئىچ پۇشۇقى چىقىرىش ھەقىقىي خۇشاللىق، ھەقىقىي ئىچ پۇشۇقى چىقىرىش ھەقىقىي خۇشاللىقنىڭ ئانىسى. ئانىڭىزنىڭ ئىزنى بېسىپ ئۇنىڭ ئاشنىسى بولۇپ قالدىڭىز.

خۇشال ئۇسسۇل داۋام ئەتمەكتە. بىز كۆرۈپ قالغان ھېلىقى ماھارەتلىك قۇلاق كەستى يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىنىڭ يېنىدىكى يوغان دەرەخكە چىقىۋالدى. تۆمۈر قەپەستە ياتقان ھېلىقى سۈرلۈك شەرقىي شىمال يولۋىسىغا يۇقىرىدىن نەزەر تاشلىدى. ئۇ شۇ جايدا تۇرۇپ مايمۇنلار تېغىدىكى قىزىقچىلىقلارنى كۆردى. مايمۇنلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىنى شەھەر خەلقىنىڭ يېرىمى ئاڭلاپ تۇراتتى.

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى كەينىگە ئۈچ قەدەم

چىكىندى. باپامقىدەك پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتاتتى. مايمۇنلارغا، رېشاتكىنىڭ تۇتقۇچىغا ۋە بەدىنىنى تولغاۋاتقان ئالاھىدە ھۆسن تۆزىگۈچىگە سوغۇق نەزەردە قارىدى.

كېيىن ئۇ ناخشىسىنى توختاتتى. ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يېنىدىن ئىككى تال ئاسپىرىن ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. مايمۇنلار بارا - بارا تىنچلاندى. بىر قىسمى ئۇخلىغىلى تاغنىڭ ئۈستىگە ئۆمىلەپ چىقىپ كېتىشتى. بىر قىسمى يەنە يېنىپ كېلىپ تۆمۈر رېشاتكىنى تۇتۇپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇشاتتى. ھۆسن تۆزىگۈچى يەردە ياتاتتى.

ھۆسن تۆزىگۈچى قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتكەندەك غۇۋا ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئىشكتىن چىقىپلا ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان بىر توپ مايمۇنغا ئۇچراپ قالدى. مايمۇنلارنىڭ كۆزلىرىدىن دەرۋەقە سىرلىق ھەم رومانتىك ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار سىزگە يىراق بىر جايدىكى بىر ئۇچۇرنى يەتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇچۇر تېنىڭىزگە چوڭقۇر لاپ كىرىۋاتاتتى. سىز باشقا بىر نۇقتىدا، مايمۇنلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنىڭ يىغىلىپ مۇقەددەس خىتابقا ئايلانغانلىقىنى، مۇقەددەس خىتابنىڭ ئەرشتىكى ئاتىڭىزنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى سەزدىڭىز. بۇ ئاۋاز نۇرغۇن يىللار ئالدىدىكى ئاۋازغا ئوخشاپ كېتەتتى. شۇ چاغدا ئاتىڭىز سىزگە كىيىملىرىڭىزنى بىر - بىرلەپ سېلىشنى بۇيرۇغانىدى. ئۇ ئەمدى سىزگە مايمۇنلارنى قوغلاش توغرىسىدا خىتاب قىلماقتا.

ئۇ ئېگىزدە تۇرۇپ سىزگە بۇيرۇق قىلدى.

— مايمۇنلارنى قوغلا.

ئاربسالدى بولدىڭىز. ناۋادا چىشى مايمۇنلار ئاياللارغا ئوخشاش ئاي كۆرسە، ئۇ چاغدا ئەركەك مايمۇنلار...... قوغلاش ئادەتتىكى ئىش، ئەمما ئىشنىڭ ئاخىرى سۆيۈشۈش بىلەن

ئاياغلىشىدۇ......

ئۇ بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ جاھىللىق بىلەن سىزگە بۇيرۇق قىلدى.

— مايمۇنلار بىلەن سۆيۈش.

سۆيۈشۈش جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلاتتى.

ئۇ شەپقەتسىزلىك بىلەن سىزگە بۇيرۇق قىلدى.

— مايمۇنلار بىلەن ئىشقۋازلىق قىل!

ھۆسن تۆزىگۈچىنىڭ كۆز ئالدىدا مايمۇنلار تىغىغا قاراپ سوزۇلغان قىيپاش نۇرانە يول پەيدا بولدى. ئۇ يەردە قىممەت باھالىق تويلۇق كارىۋات قويۇلغانىدى. شۇ يەرگە بارماقچى بولۇپ سول پۇتىڭىزنى كۆتۈردىڭىز. قاراڭلار، ئۇ سول پۇتىنى كۆتۈردى. شۇ چاغدا قورسىقىڭىزنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىڭىز. باشتا يەل قاپلىشىپ قالغانىمكىن دەپ، كېيىن ئاشقازىنىم ئاغرىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىڭىز. ئاخىر ئېنىق بولدى. بالىياتقۇڭىز قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنىدى.

بۇ چاغدا ئاي نۇرىدا ياتقان شەرقىي شىمال يولۋىسى ئېگىزدىن كەلگەن چاقىرىقنى ئاڭلىدى.

— تۇر، تۇر!

يولۋاس ئورنىدىن تۇردى. كېرىلىپ ئەسنىدى. قەدىمىنى چوڭ ئېلىپ قەپەستىن ئايلىنىپ ماڭدى. يۇمشاق بىرنەرسە بېشىغا تېگىپ تۇراتتى. يولۋاس بېشىغا تەگكەن نەرسىنىڭ گۆش ئىكەنلىكىنى بايقىدى - دە، گۆشنى تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرماستىن يېۋەتتى. گۆشنى يەپ بولۇپ، قەپەسنى ئايلىنىپ ماڭماقچى بولۇۋېتىپ، سول پۇتىنى يۆتكىشىگە، قورسىقىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ چاغدا ھۆسن تۆزىگۈچىنىڭ قورسىقىمۇ قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنىدى. يولۋاس ھۆركىرەپ سەكرەپ

كەتتى، قاتتىق ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىپ يەرگە يىقىلدى.

بىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى يىنىدىن ئىككى تال ئاسپىرىن ئېلىپ ھۆسن تۇزىگۇچىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى ۋە چايناپ يۇتۇۋېتىشىنى، ئاغرىق شۇ زامات ئاستا - ئاستا قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى دېدى. ئۇ ئاسپىرىننى چايناپ يۇتۇۋەتتى. دېگەندەك ئاغرىق ئاستا - ئاستا قويۇپ بەردى.

ئۇ تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن قاتتىق قولى بىلەن يۇمشاق قولىڭىزنى تارتتى. بالىياتقۇڭىزنىڭ ئىچىدە چىشلىرى ئۆتكۈر، بەدىنى يۇڭلۇق بىر كىچىك ھايۋان باردەك، قەدىمىڭىزنى چوڭ ئېلىپ ماڭسىڭىزلا، ھېلىقى كىچىك ھايۋان بالىياتقۇڭىزنى چىشلەپ تىتما - تىتما قىلىۋېتىدىغاندەك ئەيمەنمەي مېڭىشقا پېتىنالمىدىڭىز. سىزنى بىر قېرى مايمۇن تارتىپ ئەكېتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولدىڭىز.

— ئۆزىڭىزنى بۇلغىۋالماڭ، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى يالتىراپ ئوماقلىشىپ كەتكەنىدى، — زامانىۋى ئىلىم - پەننىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ھامىلدار بولۇش بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئايرىلىپ كەتتى. مۇبادا خالىسىڭىز، دۇنيانى لەرزىگە سالغان ئانا بولالايسىز.

بالىياتقۇڭىز سىزنى چەكسىز ۋەھىمىگە سېلىپ تارتىشىپ كەتتى، ھېلىقى كىچىك ھايۋان چۇقان كۆتۈردى.

— بىلەمسىز - بىلمەمسىز، مەن شىرنىڭ ئىسپېرمىسى ۋە يولۋاسنىڭ تۇخۇمىدىن سۈيۈملۈك يېڭى شەيئىنى ياراتتىم. بۇ ئىلاھنىڭ كەشپىياتى، ئىلاھنىڭ كەشپىياتىنى كىشىلەر ئالقىشلاۋاتىدۇ. شەھەردە چىقىدىغان گېزىتتە «شىر يولۋاس» دۇنياغا كەلدى دەپ تەنتەنە قىلدى. مېنىڭ كەشپىياتىمنى شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۆرگەزمە قىلدى. سىز يېڭى تاڭ نۇرىغا تامامەن ھامىلدار بولىسىز، — دېدى ئۇ.

— ياق - ياق!...... — دېدىڭىز يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، — ياق، مەن قىلالمايمەن.

ئۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن كۈلدى. شۇ چاغدا بۇغا سولانغان قەپەسنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتىڭىز. ياغاچ رېشاتكىنىڭ ئىچىدە زىراپە چىرايلىق دەرەخكە ئوخشاش بويىنىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى.

— سىلەر قولۇمدىكى پىچاقتا ئۆلۈپ كېتىسىلەر! — دېرىزىدىن يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ۋىچىرلىغان ئاۋازى كەلدى...... ئاۋات شەھەر خارابىلىككە ئايلاندى. يىرتقۇچ ھايۋانلار شەھەرنى ماكان قىلدى...... ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشقا ئىللاھ رۇخسەت قىلمايدۇ، — دېدى ئۇ، — ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىلەن تېرەكلىكتە بىرگە بولغاندا، بىر فوتو ئاپپاراتنىڭ كۆزى سىلەرگە مىختەك قادالغان.

ھۆسن تۈزگۈچى ئىگرىدى، بالىياتقۇدىكى ئادەتتىن تاشقىرى سېزىمنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇدى. ئۇ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز غەزەپ - نەپرەتنى سەزدى - دە، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىنىڭ يۈز - كۆزىنى تاتىلاپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈردى. يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ئاچچىق قىلماڭ، — دېدى ئۇ، — مەن سىزنى مەڭگۈ تەڭلىكتە قويمايمەن، ئاۋۋال ئۇلارنى كۆرەيلى.

بۇ پېشانىڭىزگە پۈتۈلگەن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئىشتەك ئىنتائەنمەنلىك بىلەن كەينىدىن ماڭدىڭىز.

نېمىشقا ئەتىسى كەچقۇرۇن ئاق تېرەكلىكنىڭ سىرتىدا ئايلىنىپ يۈرگەندىمەن؟ بۇنىمۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئىش دەپ ئويلىدىڭىز. دەريا يەنىلا تۈنۈگۈنكىدەك جىمجىت ئاقماقتا. كەچكى شەپەق چوغدەك قىزىل.

مەن ئالايتەن ئۇنىڭ كىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندىمەنمۇ؟
— شۇنداق، ئۇنىڭ كىلىشىنى كۈتۈپ تۇردىڭىز، — دىدى يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى، — ئاۋۇ ئاق قۇ، ئىشقىۋاز قۇش، — قولى بىلەن ئالدى تەرەپتىكى ئەينەكتەك كۆلنى كۆرسەتتى. كۆلدە ئاق قاشتاشتەك بىرنەچچە يوغان ئاق قۇ تۇراتتى. ئۇلار خىلى بىرھازاغىچە مىدىرلىمىدى، مىدىرلاپلا كەتسە، سۇ يۈزىدە قاتمۇقات چەمبىرەك ھاسىل بولۇپ، ئەينەك سۇنۇقلىرى بىر - بىرىگە سۈركەلگەن چاغدىكىدەك ئاۋاز چىقاتتى.
يولۋاسنىڭ پىيى تارتىشىپ كەتتى. ئۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدىن بىر قارا كۆلەڭگىنىڭ ئۇچقاندەك پەسكە چۈشكەنلىكىنى كۆردى. بىشىغا بالا - قازا كەلگەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ھىچقانداق ئامالى يوق ئىدى. يولۋاس قەپەستە تۇغۇلۇپ، قەپەستە چوڭ بولغان بولسىمۇ، بىردىنلا قاتمۇقات تاغلارنى، كۆككە بوي سوزغان قەدىمىي دەل - دەرەخلەرنى ئەسلىدى. خاتىرىسىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ئورمانلىقتىكى يىشىل موخ ۋە چىرىگەن گۈل - گىياھلارنىڭ پۇرىقى بۇرنىغا ئۇرۇلدى.
بۇرنىڭىزغا سۇنىڭ سىسىغان پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئانارگۈلنىڭ يىقىملىق پۇرىقىنى ئەسلىدىڭىز. ئۇ يول توسىدىغان قاراقچىدەك كەچكى شەپەق نۇرىغا پۈركەنگەن ھالدا، ئاق تىرەكلىكتىن ئىتىلىپ چىقتى.
— سىز مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ قوينىغا ئىتىڭ دەپ قارايمەن، — دىدى يىرتقۇچ ھايۋانلانى باشقۇرغۇچى ئوبىيكتىپ ۋە ئادىل تەلەپپۇزدا.
ئۇ سىزنى قۇچاقلاپ ئورماندا ماڭدى — سىزنى خالىي يەرگە باشلاپ بارماقچى. ئىككىڭلار دەرەخلىكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا باردىڭلار. بۇ ناھايىتى ئۇزاق يول. سىزدە ئازراقمۇ تىركىشىش ئالامىتى كۆرۈلمىدى.

ئۇنى كۆرۈپلا ئايلىنىپ قالدىم. تۈنۈگۈنكى ھەم تۈنۈگۈننىڭ ئالدىدىكى ھاقارەتلەر غايىب بولدى. ئۇ يول توسىدىغان قاراقچىدەك مېنى قۇچاقلىدى.

سىز ئۇنىڭ قوينىدا رايىش قوزىدەك ياتتىڭىز.

مەن ئۇنىڭ ئورۇقلاپ جەينەكتەك بولۇپ قالغان خوتۇنىنى ئويلىدىم. مەن غەلىبە قىلدىم. زور غەلىبىگە ئېرىشتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ، جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويماقچى بولدۇم. ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ دەرەخنىڭ كەينىدە، دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى غاجاپ تۇرۇپ ئېرى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئېلىشقىنىمىزنى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلدىم.

— ئۇ كىيىمىڭىزنى سالدۇردى، ئۇنىڭغا ماسلاشتىڭىز. شۇ كۈنى كالتە ئىشتانمۇ كىيمىگەنىدىڭىز. سىلەر چىملىقتا يومىلاقلىشىپ كەتتىڭلار. سىز باشتا شۇ كۈنلۈك گېزىتنى كاسىڭىزغا قويۇپ ئولتۇرغانىدىڭىز. شۇ كۈنلۈك گېزىتكە بىر پارچە تېز خەۋەر بېرىلگەنىدى. تېز خەۋەردە پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بىر ياش قىزنى باتۇرلارچە قۇتقۇزۇۋالدى دېگەن ئۇچۇر تارقىتىلغانىدى. سىز بىر خىل سۈيۈقلۇق بىلەن گېزىتتىكى تېز خەۋەرنى ھۆل قىلىۋەتتىڭىز.

ھېسسىياتىڭىز دەسلەپتىلا يۇقىرى پەللىگە چىقىپ كەتكەندەك بولدى. يىراقتىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۆركىرەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. دوقمۇشتىن ئايلانسىلا يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىغا بارغىلى بولاتتى. ئۇ سىزگە ئاۋۋال كونا ئاشنىڭىزنىڭ مېيىدىن ياسالغان ئالىي دەرىجىلىك يەم - خەشەكنى كۆرۈپ بېقىشنى دېدى. زەھەرلىنىپ سەكرات ئۈستىدە ياتقان يولۋاسنىڭ قايغۇسى، غەزەپ - نەپرىتى ۋە تەشۋىشىنى قىياس قىلدۇق. ئۇنى كۆرسەملا ھۆركىرەپ كېتىمەن، كالپۇكلىرى بىلەن ئاغزىمنى ئېتىۋېلىپ مېنى

ھۆركىرىگىلى قويمايدۇ، مېنى چىشلەيدۇ...... كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالتۇن قاپلىغان چىشى يوق ئىدى......

— ئاۋازىڭلار بەكمۇ يېقىمسىز، ئەر - ئايال بىرگە بولۇش رومانتىك ھەم شېرىن تۇيغۇ. لېكىن، بىرگە بولغان چاغدىكى ھەرىكەت ۋە ئاۋاز سەت، فوتو ئاپپاراتىمغا سىلەرنىڭ نەچچە ئون خىل ھەرىكىتىڭلار چۈشۈرۈلگەن. كۆزۈم ئېچىلىپ كەتتى. سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلارنى بىلدىم.

ئۇنىڭدىن ھەممىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ ئۆلۈك ئىتتەك تۈگۈلۈۋالدى. ھېچقانداق ئىنكاس يوق. يولۋاسنىڭ ئازابىنى پەرەز قىلدۇق. ئۇ تېرە شىلىش تېخنىكىسىغا ئالاھىدە پىشقان ئادەم، قاسساپ ئەمەس، چىرايلىق ئىشنى مۇتلەق تېز قىلالمايدۇ.

يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ قان ھىدى دىماققا ئۇرۇلدى. يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى تۆمۈر قەپەسنىڭ يېنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يېگانە ئاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ قولىنى تارتىپ ئىچىگە ئەكىردى. چىراغ ياندۇرۇلدى. ئۆينىڭ ئاراچىلىرىدىن چۈشكەن ئاي نۇرىنى بېسىپ كەتكەن چىراغ نۇرى ئۆي ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. ئۇ كۆيۈنگەن ھالدا ھۆسن تۈزىگۈچىدىن:

— بەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، تولىمۇ راھەتلىنىپ كېتىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ھۆسن تۈزىگۈچى.

— ئىككىڭلار ئۇزان مۇددەت مەشىق قىلغان. بولمىسا ياخشى ئىشنى بۇنداق ئېپسىل قىلماق تەس! قاتتىق تەسىر قىلدى، فوتو ئاپپاراتىمنى قورۇلۇپ، چېپىلداپ تەرلەپ كەتتى.

ئۇ ئۆلۈك ئىتتەك ياتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆلۈك ئىت، قەغەز يولۋاس بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلمايتتىم. مېنىڭ ئۈمىد

قىلىدىغىنىم ھەقىقىي يولۋاس، مېنى يېۋېتىدىغان جەسۇر يولۋاس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قىيىندىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مەندىن:
— راھەتلەندىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ياق، راھەتلەنمىدىم، — دېدىم.
يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى ئېگىز قونچلۇق رېزىنكە ئۆتۈكنى ۋە قوزۇقتا ئىلىقلىق تۇرغان ئاق خالاتنى كۆرسىتىپ:
— سىلەرنىڭ «گۈزەل دۇنيا» دىكىلەرنىڭ خىزمەت كىيىمى بار، بىزنىڭمۇ بار. خىزمەت كىيىمىنى كىيسەك پاك پەرىشتىگە ئوخشاپ قالىمىز. ھەر كۈنى ئەتىگەندە، رېزىنكە ئاياغنى، خالاتنى كىيىپ، مۇشۇ يەرگە كېلىمەن، — ئۇ ئىشكنى ئاچتى، — يىرتقۇچلارغا ئەتىگەنلىك تاماق تەييارلايمەن. پۈتۈن خەلق گۆشسىز تاماق يەيدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە گۆش يېيىلىدۇ. ئۇ مۇزلاتقۇنى ئاچتى، ھۆسن تۈزىگۈچى مۇزلاتقۇدىكى قىپقىزىل كالا گۆشى، ئايىئاق چوشقا گۆشى، توخۇ ۋە توشقاننىڭ ساغرىسىنى كۆردى. بىز بەزىدە تىرىك توخۇ، تىرىك توشقانلارنىمۇ ئەكېلىمىز. يىرتقۇچلارنىڭ تۇتۇپ يېيىشى ئۈچۈن قەپەسكە تاشلاپ بېرىمىز. بولمىسا ئۇلار ئۆزگىرىپ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. نەچچە ئون يىلدىن بېرى ھەر كۈنى گۆش يەپ كېلىۋاتىمەن. «ئاپەت ئېلىپ كەلگەن بەخت» دېگەن مانا مۇشۇ .
ئۇ تام ئىشكاپىنى ئاچتى، توك ئوچاق، تۆمۈر قازان قاتارلىق ئاشخانا بۇيۇملىرىنى ۋە ھاراق، تۇز، بەش خىل تەملىك دورا - دەرمانلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— دۆلەت رەئىسى يېسىۋېلەك يەيدۇ، مەن يەنىلا گۆش يەيمەن، — دېدى.
شۇنداق، مەن راھەتلەنمىدىم. ئۇنىڭغا ئازابلاپ گەپ قىلدىم. ئۇنىڭ قېنى مېنى ساراڭ قىلىۋەتتى. ئەڭ پەسكەش گەپتىن نەچچە يۈزنى دەپ ئۇنىڭ چىشىغا تەگدىم. يەنە يۈزىگە سىيدىم.

— مەن ئەسلىدە ئاياللارنىڭ ئاغزى ناخشا ئېيتىشقا يارالغان دەپتىكەنمەن.

يۈزىگە سىيىۋىدىم، ئۇ ئالجىپ قالدى.

— سىز مەيلى نېمە دەڭ، ئەرلەرنىڭ يۈزى سۆيىدۆك قاچىسى ئەمەس.

فوتو ئاپپارات چىپىلداپ تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، سۆيىدۆكىڭىز يۈزۈمگە چۈشكەن چاغدىكى ھەيران قالارلىق ھادىسىنى خاتىرىلىۋالدىم.

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى تامدىكى نەچچە ئون پارچە سۈرەتنى كۆرسىتىپ:

— بۇ يولۋاسلارنىڭ سۈرىتى. بۇ يولۋاسنىڭ ئىسمى ئەنئەن، شەرقىي شىمال يولۋىسى، ئەركەك يولۋاس. 1959 - يىلى تۇغۇلغان. 1964 - يىلى يۈرەك - ئۆپكە بىرىكمە كېسەللىكە گىرىپتار بولۇپ ئۆلدى. ئۇنىڭ تېنى ئەۋرىشكە قىلىنىپ، شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى ھايۋان ئەۋرىشكىلىرى ئورنىغا قويۇلدى. ئۈستىخىنىنىڭ كۆپ قىسمى تاشلىۋېتىلدى...... بۇ كىچىك يولۋاسنىڭ ئىسمى تۇنتۇن، ئەنئەننىڭ بالىسى...... ئاۋۇ ئۇنىڭ ئاچىسى، ئىسمى تانە. رۇس بىر ئايال قەھرىماننىڭ ئىسمى، بىلەمسىز؟ ئۇ ھازىر موما بولۇپ قالدى، تىيىچۈەن شەھەرلىك ھايۋانات باغچىسىدا كۈتۈنۈۋاتىدۇ...... ئاۋۇ شىر ئافرىقىدىن كەلتۈرۈلگەن. يېنىدىكىسى ئوغلى ...... مانا بۇلار بىزنىڭ ئەتىۋارلىقىمىز! سول تەرەپتىكىسى يۈەن يۈەن، ئوڭ تەرەپتىكىسى فاڭ - فاڭ. ئاۋۇ شەرقىي شىمال يولۋىسى ئۆلارنىڭ ئانىسى كاڭ كاڭ. ئاۋۇ كونگو شىرى ئۆلارنىڭ ئاتىسى. بۇ ئۆلارنىڭ يېڭى تۇغۇلغان چاغدىكى سۈرىتى...... مەندە ئۆلارنىڭ ئالبومى بار...... ئەستايىدىللىق بىلەن ئۈچ قېتىم كۆرۈشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. شەھەردە چىقىدىغان گېزىتكە بېرىلگەن سۈرەتنى كۆرەلەيمىز. ئۇ

سۈرەت ئىككىسىنىڭ قىرقى توشقان چاغدىكى سۈرىتى...... بۇ يەردە ھەيران قالارلىق بىر ئۆزگىرىشنى بىلەلەيسىز. ئۇلارنىڭ تۈكىنىڭ رەڭگى بىردىنلا پارقىراپ كۆزنى چاقنىتىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇرۇن چۈشكۈن ئىدى. ھازىر بوي بەرمەيدۇ. بارا - بارا ھەقىقىي يىرتقۇچ ھايۋانغا ئايلاندى...... بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈڭىز بارمۇ؟ بۇ ئىككىمىز تۇزگەن توختامنىڭ باشلىنىشى، سىزنىڭ چىقىرىندىلىرىڭىز زور رول ئوينىدى! تۆمۈر قەپەستە ھەقىقىي يىرتقۇچ ھايۋان يېتىلگەنلىكى ئۇچۇن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇلمەس رىشتە بار. ئەجەبا سىز مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلەلمەيۋاتامسىز؟ مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى راستتىنلا بىلمەمسىز؟ يېقىندا تارتقان ماۋۇ بىرنەچچە پارچە سۈرەتكە قاراڭ! ئىككىسىنىڭ قاراشلىرىدىن ئادەم شۈركۈنۈپ كېتىدۇ، سۈرىتىنى كۆرۈپ لاغىلداپ تىترەپ كېتىسىز! باللار ھازىر ئۇلار سولاپ قويۇلغان قەپەسنىڭ ئالدىدا ئويناشقا پېتىنالمايدۇ. بۇنداق يىرتقۇچ ھايۋان ئالدىدا ئادەم ئاجىز ھەم قورقۇنچاق. بۇ ئۆزگىرىش سىز تەمىنلىگەن ھېلىقى ئۈچ چىقىرىندىنىڭ كۈچى بىلەن مەيدانغا كەلدى! ئۈچ خالتا ماي، ئۈچ خالتا ئاق ئالتۇن......

ھۆسن تۇزىگۈچى ئۇ ئىككى غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئۆزىگە يېنىچە قاراۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بىرسىنىڭ بېشى يولۋاسنىڭ بېشىغا، تېنى شىرنىڭ تېنىگە، يەنە بىرسىنىڭ بېشى شىرنىڭ بېشىغا، تېنى يولۋاسنىڭ تېنىگە ئوخشايتتى. چۈشىدە كۆرگەن غەلىتە ھايۋانغا ئوخشاش ئىدى. تەقدىرگە ئوخشاپ كېتىدىغان مەنزىرە يەنە نامايان بولدى. بۇرۇن تارىخ نامايان بولغان، بۇ قېتىم كەلگۈسىنى ئالدىن ھېس قىلدى. ۋەھىمىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ ئالبومنى ياپتى. بۇ ئالبومنى يەنە ئېچىشنى مەڭگۇ ئويلىمايسەن.

سىز زادى كىم؟

مەن سىزنى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ رەقىبى ھەم سىزنى يامان كۆرىدىغان دوستىڭىز.

ھۆسن تۈزىگۈچى پاكىزلاق كۆرۈنگەن تاختايغا قاراپ يىغلىغان تەلەپپۇزدا.

— مېنى يات دېسىڭىز، مەن رەت قىلمايمەن، — دېدى.

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى بۇ گەپتىن تەسىرلەنگەندەك.

— مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئىنسانلار ئارىسىدىكى چىشى جىنسلىقلار بىلەن ئوينىمايمەن، شۇنداق قىلسام مېنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلىرىم ئاشقازان كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ! — دېدى.

— يۈزىڭىزگە سىيىۋېتىشىمدىن قورقمامسىز؟ — دېدى ھۆسن تۈزىگۈچى زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ.

— ئەرلەرنىڭ يۈزىگە سىيىگەن چاغدا تارتىلغان سۈرەتنى ساقلاپ قويدۇم، — دېدى يىرتقۇچ ھايۋانلانى باشقۇرغۇچى ئېڭىكى بىلەن ئالبومنى شەرەتلەپ ئۆكۈنۈش بىلەن، — ئەپسۇس، ئۇ چاغدا رەڭلىك لېنتا يوق ئىدى.

— چۈشەندىم.

— ئالبومنى سىز ئېلىپ كېتىڭ. ئوغلۇم بەرگەن سوۋغا بولۇپ قالسۇن.

ھۆسن تۈزىگۈچى شايى مۇقاۋىلىق ئالبومنى قولى بىلەن بېسىپ تۇردى، چىرايىدىكى كۈلكە ئاستا - ئاستا ئۆچتى.

قۇلاق كەستى يولۋاسنىڭ تېرىسىنى شىلىپ بولدى. بېشى بىلەن قۇيرۇقىدىكى تېرىنى پىچاق تەگكۈزمەي شىلىۋالىمەن دېمىگەن بولسا، ئاللىقاچان ئىشنى تۈگەتكەن بولار ئىدى. مانا ئەمدى، كۆز ئالدىمىزدا يولۋاس تېرىسىنى ئۆشنىسىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان قۇلاق كەستىنىڭ كېلەڭسىز سىماسى بۇلۇتتەك قويۇق چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدا غايىب بولدى.

تۇن نىسپى، شەھەر ئەتراپىدىكى خوراز ئىككىنچى قېتىم چىللىدى.

## 7

ھېلىقى ئادەم تىزلىنىپ، چۆمۈچتەك بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى. قاردەك ئاپئاق يۈزىدىكى ئىككى قارا چېكىت ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىدى. ھاك يۇقۇندىلىرى ئارىسىدا ساقال - بۇرۇتى لايدا ئۇنۇپ قالغان چۆپتەك دىردىيىپ تۇراتتى. ساقال - بۇرۇتىنىڭ ئۈستىدىكى تۆشۈكنى ئاغزىمىكىن دېدۇق.

— جاڭ مۇئەللىم، يۈيچيەن يەڭگە...... بىر ئامال قىلىپ ماڭا ياردەم بېرىڭلار.

— ۋايجان! فاڭ مۇئەللىم، سىز ئۆلگەن ئەمەسمىدىڭىز؟ — دېدى ھۆسن تۈزىگۈچى ھەيران بولۇپ، مەن سىزنى مۇزلاتقۇغا سېلىپ قويغانىدىمغۇ؟

جاڭ چىچيۇ تامنىڭ بۇلۇڭىغا كىرىپ كەتكەنىدى. تىلى قېتىپ قالغان، كالپۇكلىرى ئاپئاق، ئىختىيارسىز ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ گېپىنى تەكرارلايتتى.

— ۋايجان! فاڭ مۇئەللىم، سىز ئۆلگەن ئەمەسمىدىڭىز؟

ئۇ خىجىل بولغان ھالدا كەينىگە شوخشۇپ، ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئاۋاق تېنىنى ھاكمۇ يوشۇرالمىغانىدى. روھىي ھالىتىدىن ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇراتتى. توساتتىن كىشىلەر كۆزى ئوخشايدۇ دەپ قالغان ئەزاسىدىن ئىككى تامچە ياش تاراملاپ تۆكۈلدى. ھاكنىڭ رەڭگى ئاق، ياشنىڭ رەڭگى سارغۇچ كۆرۈندى. ھۆسن تۈزىگۈچى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ئۆلۈكلەرمۇ ئەلەمگە چىدىمايدۇ. ئەلەم چەكسە ئۆلۈكلەرمۇ يىغلايدۇ.

— فاڭ مۇئەللىم، ئەسلىدە ھۆسنىڭىزنى تۈنۈگۈن چۈشتىن

ئاۋۋال تۈزىمەكچى بولغانىدىم. ئەمما، ئىش ئوڭدىن كەلمىدى، ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ جەسىتى ئېلىپ كېلىندى. بۇنى ئۆزىڭىز بىلىسىز. شەھەرلىك پارتكوم رەھبىرى شەخسەن ئۆزى ماڭا بۇيرۇق قىلدى. نائىلاج سىزنى مۇزلاتقۇغا سېلىپ قويدۇم. ھەقىقەتەن كەچۈرىسىز. بىز كونا قوشنا، مېنى كەچۈرۈڭ......

— جاڭ يەڭگە، — دېدى ئۆلۈك ھاك ۋە لاي بىلەن بۇلغانغان قولىنى پۇلاڭلىتىپ، — ئۇنداق دېگۈچى ئەمەسمەن، ئۇنداق دېگۈچى ئەمەسمەن.

ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ كۆڭلىدە كۆڭۈلسىز داۋالغۇش پەيدا بولدى. كۈندۈزى ۋە كېچىسى ئۈزۈلمىگەن غەلىتە قىسمەت، ئېغىر ئەمگەك تەسىرىدە بېشىنىڭ كېپەك باسقان ئورنى قالايمىقانلىشىپ، ئورنىدىن ۋاقچە تۇرماقچى بولغان لى يۈچەن يەنە بۇ ئۆلۈككە دوقۇرۇپ قالدى! «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى، يېقىندىكى قوشنىدىن ئارىتام قوشنا ياخشى»، «ئەپۇ قىلىش توغرا كەلسە ئەپۇ قىلىۋېتىش» ،« كىشىگە ئاسانلىق تىلىگىنىڭ ئۆزۈڭگە ئاسانلىق تىلىگىنىڭ» ، «ياخشى گەپ بىلەن كۆڭۈل ئىللىپ قالار، يامان گەپ بىلەن دىل ئازار يەپ قالار»...... دېگەن ماقال - تەمسىللەرنى ئويلىدى.

ئالتۇندەك بىر قاتار ماقال - تەمسىللەر كاللىسىغا كېلىپ، شۇنىڭ بىلەن چىرايى ئېچىلدى - دە:

— فاڭ مۇئەللىم، جىددىيلەشمەڭ، سىزگە ئالدىرىماي دەپ بېرەي. كونىلاردا:«ئالدىدا كەلگەن تاماقنى ئالدىدا يەيدۇ، كەينىدە كەلگەننى كەينىدە» دېگەن گەپ بار. ئۆمرىدە بىر قېتىم كېلىدىغان ھۆسن تۈزەشتەك چوڭ ئىشمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. سىز ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىدىن بالدۇر ئېلىپ كېلىنگەن. قائىدە بويىچە سىزنى ئاۋۋال بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ئىدى. بىراق، نېمىشقا سىزنى ئالدى بىلەن بىر تەرەپ قىلماي،

ئەكسچە ئۇ ئالدى بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى؟ بۇ مەن دېمىسەممۇ سىزگە ئايان، — دېدى.

— ماڭا ئايان، ماڭا ئايان، — دېدى ئۇ، — مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، ماڭا بەرىبىر، مەن ئۇتتۇرا مەكتەپنىڭ نامرات ئوقۇتقۇچىسى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىدىن ئىلگىرى - كېيىنلىك تالاشقۇدەك يۈرەك مەندە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مېنىڭ نىجاتكارىم. شەھەردە چىقىدىغان گېزىتتە بۇ توغرۇلۇق خەۋەر بېرىلگەن. ماشىنىدا تونۇگۈن مەكتەپ مۇدىرى ماڭا دېدى. سىزنىڭ ھۆسنۇمنى تۈزەشكە بەلگىلىنىشىڭىز قائىدىنى بۇزغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. تونۇگۈن ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى بولغاچقا، شۇنداق بولغان ئوخشايدۇ.

— «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى» ئۆلۈشكۈن، — دېدى تامنىڭ بۇلۇڭىغا كىرىپ كەتكەن جاك چىچيو تىترەپ تۇرۇپ گەپ قىستۇرۇپ، — ئەسلىدە سىز ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئاچماقچى بولغان. ۋايجان، سىز دېگەن ئۆلگەن ئادەم!

— ئۆلگەن ئادەم قانداق قورقۇنچلۇق بولىدۇ؟ — دېدى ھۆسن تۈزىگۈچى ئېرىنى ئەيىبلەپ، ئۇۋياڭ شەنبىن دوكتور:«ھايات - ماماتنىڭ ئارىسىدا ئېنىق پەرق يوق» دېگەن. قارىماققا سەن تىرىك بولغىنىڭ بىلەن ئالىلقاچان ئۆلگەن ئىكەنسەن؛ كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئۆلدى دېدى. ئۇ تىرىلىپ قالغان بولسا كېرەك. سەن نېمىگە جىددىيلىشىسەن؟

جاك چىچيۇنىڭ قورقۇنچى بېسىلدى. يۈزىدىكى مۇسكۇللار بوشاپ، ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان شالۋىقىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى كۆردۇق.

— فاڭ مۇئەللىم، سىز قايتىپ تۇرۇڭ. بۈگۈن ئىشقا چۈشۈپلا ئالدى بىلەن سىزنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن، — دېدى ھۆسن تۈزىگۈچى، — يا بولمىسا، تۇ شاۋيىڭ بىلەن باللىرىڭىزنى

كۆرۈپ چىقمامسىز؟ ھۆسنىڭىز تۈزىلىپ بولغاندىن كېيىن پۈرسەت چىقماي قالىدۇ.

— ياق، ياق...... دېدى فاڭ فۇگۇي نالە قىلغاندەك،— ئۇنىڭغا كۆرۈنسەم بولمايدۇ، ئۇ مەندىن قورقىدۇ......

— بۇ تامامەن نورمال ئىش، — دېدىڭىز، — جۇڭگودا: «ئادەم ئۆلسە يولۋاستەك، يولۋاس ئۆلسە قويدەك بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن گەپ بار.

— شۇڭا مەن سەندىن قورقىمەن، — دېدى جاڭ چىچيۇ بۇلۇڭدىن چىقىپ. تەلەپپۇزىغا تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلەرنى كەمسىتىش تۈسى ئارىلاشقان ئاۋازى غەلىتە ياڭراق چىقىپ كەتتى.

— فاڭ مۇئەللىمگە ئورۇندۇق ئەكېلىپ بەر، — دېدى ھۆسن تۈزىگۈچى جاڭ چىچيۇغا.

— كېرەك ئەمەس، كېرەك ئەمەس، — دېدى فاڭ فۇگۇي قولىنى پۇلاڭلىتىپ، — ئۈستىبېشىم ھاك، بەدىنىمدىن كېلىۋاتقان ئۆلۈك ئادەمنىڭ پۇرىقى ئۆزۈمگىمۇ پۇراۋاتىدۇ.

— لاۋفاڭ، — دېدى جاڭ چىچيۇ لى يۇچەنگە قاراپ قويۇپ، — نېمىگە تۈزۈت قىلىسىز؟ ئىككىمىز بىر ئىشخانىدا ئون نەچچە يىل بىللە ئولتۇردۇق. بىر - بىرىمىزدىن نەرىمىز ئارتۇق؟

— مۇزلاتقۇدىكى ئۆلۈكنىڭ سېسىق پۇرىقى بەدىنىمگە سىڭىپ كەتتى......

— بىزنىڭ ئۆيدە تام - تورۇسلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ پۇراق،— جاڭ چىچيۇ مانېۋىر ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرگەندە ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەكېلىپ، فاڭ فۇگۇينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

فاڭ فۇگۇي ئېھتىيات بىلەن ئورۇندۇقنىڭ قىرىدا ئولتۇردى. جاڭ چىچيۇ ئوچاققا ئوت قالاپ شوۋىگۈرۈچ قىلغىلى ماڭدى. لى يۇچەن پالەچ ياتقان كېسەلنىڭ سۈيدۈك قاچىسىدىكى سۈيدۈكنى

تۆككىلى ئارىلىقى يىراق ھاجەتخانىغا ماڭدى. ئۇ ئۆڭكۈردىكى بالىلارنىڭ كىتاب يادلاۋاتقان، يان ئۆيدە بىر ئايالنىڭ پەس ئاۋازدا يىغلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ بەك بىئارام بولۇپ كەتتى. ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. قىتىشىپ يېرىلىشقا باشلىغان ھاكىنىڭ بەدىنىدىن تۆكۈلۈپ ئۆي ئىگىلىرىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاۋايلاپ مېڭىپ ھېلىقى كىچىك ئۈستەلنىڭ يېنىغا كەلدى. مانېۋىر ئىمتىھان قەغىزىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئالدى. ۋاڭ دوڭخوڭ يۈزى يۇملاق، كۆزلىرى كىچىك...... كۆرۈمسىزرەك قىز...... شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ فىزىكا مۇسابىقىسىدە ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن......

ئاي شارىدىكى ئېغىرلىق كۈچىگە سۈرئەتنى قوشسا يەر شارى/1 بولىدۇ. بىر تال قىزىل ئارقان كۆپ بولغاندا 2000 گىرام جىسىمنى كۆتۈرەلەيدۇ. ئاي شارىدا مۇشۇ قىزىل ئارقانىنىڭ بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇرۇش سۈپىتى ئەڭ كۆپ بولغاندا — گىرام جىسىم. مۇشۇ قىزىل ئارقانىنىڭ ئاي شارىدا گورىزونتال سەۋىيە يۆنىلىشىنى بويلاپ تارتىش سۈپىتى 2000 گىرام بولسا نىشانغا يېتىپ بېرىشتا ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى قانچە (سۈركىلىش ھېسابلانمايدۇ)؟

مۇشۇنداق ئاددىي بوش ئورۇن تولدۇرۇشنى ۋاڭ دوڭخوڭ تولدۇرالمىغانىدى! نېمە گەپ ئەمدى، مۇشۇنداق ئوقۇسا ئالىي مەكتەپكە ئەمەس، ھەتتا ئوتتۇرا تېخنىكومغىمۇ ئۆتەلمەيدۇ! فىزىكا مۇئەللىمى ئىختىيارسىز غەزەپلىنىپ كەتتى. خۇددى ھېلىقى ۋاڭ دوڭخوڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ئۇ يەنە شۇ زامات: «مەن ئۆلگەن ئادەم، ئۆلگەن ئادەمنىڭ غەزەپلىنىش ھوقۇقى يوق......» دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە بىر ئىمتىھان قەغىزىنى ئالدى...... كۆرۈپ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. يۈزىنى بويلاپ ئاققان ياشتىن بىر

قەۋەت ھاك قېتىپ كەتكەن يۈزىدە ئېرىقچىلار ھاسىل بولدى. ئۇ چىداپ تۇرالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

جاڭ چىچيۇ دولىسىغا يەڭگىل ئۇرۇپ ھېسداشلىق قىلغان تەلەپپۇزدا:

— لاۋفاڭ، سىز ئۆلۈپ بولغان ئادەم، تىرىكلەرنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ، — دېدى.

فاڭ فۇگۈي بېشىنى چايقىدى. ياش ئىككى مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى. ئۇ:

—لاۋجاڭ، مېنىڭچە، يەنىلا تىرىك يۈرگەن ياخشىكەن، — دېدى.

— ھەممىسى ئوخشاش، ئۆزىڭىزنى قىينىماڭ، سىز ئۆلدىڭىز، ئىككى سىنىپنىڭ فىزىكا دەرسى ماڭا يۈكلەندى. سىز ئۆلۈپ قۇتۇلدىڭىز، تىرىكلەر يەنىلا داۋاملىق جاپا چېكىدۇ. ئەتىلىككە خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىپ ئوقەت قىلىمەن. بولمىسا سىزگە ئوخشاش دەرس مۇنبىرىدە يىقىلىپ ئۆلۈپ تۈگىشىمەن.

ھۆسن تۈزىگۈچى سۈيدۈكنى تۆكۈۋېتىپ كەلدى، فاڭ فۇگۈي ۋارقىراۋاتاتتى.

— مەن ئۆلمىدىم! مەكتەپ مۇدىرى ياششىمغا يول قويمىدى! مەن 50 ياشقىمۇ كىرمىدىم! مېنىڭ تېخى خوتۇنۇم ۋە بالىلىرىم بار. مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار ياتاق بىناسى سېلىۋاتىدۇ. يېڭى ئۆيدە ئولتۇرىمەن! مەن ئۆمرۈمدە چوشقا جىگىرى يەپ تويۇپ باقمىغان! بىرەر تېمىم ماۋتەي ھارىقى ئىچىپ باقمىغان! بىرەر قېتىممۇ دېڭىز ئادەمگىياھى يەپ باقمىغان!

ئۇ ئورۇندۇقتا ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئەمما كۆزىدە ياش يوق، قۇرۇقتىن - قۇرۇق كۈلەتتى. قېتىشقان نەچچە پارچە ھاك يۈزىدىن چۈشۈپ كېتىپ، تۇرۇپ سېرىققا، تۇرۇپ يېشىلغا مايىل يۈز تېرىسى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ نەچچە پارچە ھاك

پارچىسىنى ئالدىراش تېرىپ، ئالىقىنىغا ئالدى ـ دە، ئاستا:
— كەچۈرۈڭلار...... كەچۈرۈڭلار...... دېدى.
ھۆسن تۆزىگۈچى كەڭ قورساقلىق بىلەن:
— ھەي، نېمىدېگەن بىچارە، سىلەر ئەپەندىلەر، لېكىن كىم بىچارە ئەمەس؟ — دېدى.
بىردىنلا ئۆپكىمىز ئۆرۈلۈپ سۆيدۈك قاچىسىنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزىمىزنى كارىۋاتقا ئېتىپ يىغلاپ كەتتىمىز.
— يەڭگە، ئازابلانماڭ، — دېدى فاڭ فۇگۇي، — مەن ئەسكى، ھايات چېغىمدا سىلەرنى ئاۋارە قىلغىنىم يەتمىگەندەك، ئۆلۈپ كېتىپمۇ سىلەرگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەردىم. مۇشۇ بىرلا قېتىم، كونىلاردا: «ياردەم قىلساڭ ئاخىرىغىچە قىل، ئاپىرىپ قويساڭ ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قوي» دېگەن گەپ بار. مەن «گۈزەل دۇنيا» دىن قېچىپ چىقتىم. ئەمدى كېتەلمەيمەن. تاڭ يېڭىلا ئاتتى. كوچىلاردىمۇ ئادەم ئاز. مېنى ئاپىرىپ قويۇڭ. سىزدە ھېلىقى ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى بار.
ھۆسن تۆزىگۈچى كارىۋاتتىن ئۆملەپ تۇرۇپ، يېشىنى سۈرتتى ـ دە:
— لاۋفاڭ، سىلەر ئەرلەر ھەرھالدا ياخشى، بىز ئاياللارغا قانچىلىك تەس، سىلەر بىلمەيسىلەر، — دېدى.
شۇ چاغدا تۇ شاۋيىڭ يىغلىمىغان بولسا، ھۆسن تۆزىگۈچى تاڭ سەھەردە كوچىلاردا ئادەم ئاز پەيتتە، فاڭ فۇگۇينى دەپىنە ئىدارىسىگە ئاپىرىپ، كۆندۈزى يۈزىنى يۇيۇپ، ساقال ـ بۇرۇتىنى ئېلىپ، يۈزىگە رەڭ بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا كۆرسىتىپ، يوغان ئوچاقنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئاپىرىپ كۆيدۈرگەن — جەسەت كۆلىنىڭ بىر قىسمى قۇتىغا قاچىلانغان، بىر قىسمى يەنە تۇرخۇن ئارقىلىق ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ — ئايلىنىۋاتقان پۈتمەس ـ تۈگىمەس ماددىلارغا

يېڭىباشتىن قوشۇلۇپ كەتكەن بولاتتى ــ تۇ شاۋيېك يىغلىمىغان بولسا، ھەممە ئىش ئاخىرلىشاتتى ــ تۇ شاۋيېك يىغلىغان بولسىمۇ، يىغا ئاۋازى تامنىڭ بۇ تەرىپىگە ئاڭلانمىغان بولسا ــ يىغا ئاۋازى تامنىڭ بۇ تەرىپىگە ئاڭلانغان بولسىمۇ فاڭ فۇگۈينىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالمىغان بولسا، ھەممە ئىش ئاخىرلىشاتتى.

تۇ شاۋيېكنىڭ يىغا ئاۋازى تامدىن ئۆتۈپ فاڭ فۇگۈينىڭ ھاك كىرىپ پۈتۈپ كەتكەن قۇلىقىغا ئاڭلاندى. بايان قىلغۇچىنىڭ بوينى ئارقان بىلەن باغلاقلىق، بور يەپ باياننى داۋام قىلالمايدىغان ئالدىنقى كۆردۇق. ھېكايىنىڭ راۋاجىغا دىققەت قىلدۇق. بايان قىلغۇچى بوينىدا ئارقان، تۆمۈر قەپەستىكى توغرىسىغا قويۇلغان قونداقتا ئولتۇرۇپ توختىماي ھاسىرايتتى، يۆتىلەيتتى.

ــ مېنىڭ قىينچىلىقىمنى بىلمەيسىلەر.

ــ سىلەر ئاياللارنىڭ قىينچىلىقىنى بىلمەيسىلەر......

دېدى ھۆسن تۈزىگۈچى ئازاب بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ. ئالىيومىن قازاندىكى سۇ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. تۇ شاۋيېك ھەسرەتلىك يىغلاۋاتاتتى.

ــ مەن بىلىمەن...... دېدى فاڭ فۇگۈي بېشىنى چاڭگاللاپ، ــ ئۇ يىغلاۋاتىدۇ. ئۇ ئۆمرىدە يېگى ئۆيدە ئولتۇرۇپ باقمىدى...... بىرەر تېمىم ماۋتەي ھارىقى ئىچىپ باقمىدى! چوشقا جىگىرىمۇ يەپ تويۇپ باقمىدى! بىرەر قېتىم دېڭىز ئادەمگىياھى يەپ باقمىدى! بىر قېتىم بولسىمۇ كالا گۆشى قىيمىلىق جوۋاۋا يېگۈسى بار ئىدى...... مەن ئۆلسەم بولمايدۇ...... ئۆلسەم بولمايدۇ...... ئۇنىڭغا بىر قېتىم بولسىمۇ ماۋتەي ھارىقى ئىچۈرۈپ مەست قىلىۋېتىمەن! چوشقا جىگىرىنى تويغۇچە يېگۈزىمەن! دېڭىز ئادەمگىياھى يېگۈزىمەن!!! بىر جاۋۇر كالا گۆشى قىيمىلىق جوۋاۋىسى يېگۈزىمەن!!! يەنە يېڭى ئۆيدە!!!!!

ئۇ ۋارقىراۋاتاتتى. جاڭ چىچيۇ قورقۇپ تۇگۇلۇپ كەتتى.
ئۇ ھالسىزلانغان ھالدا:
— مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېنىغا بارىمەن. ئۆلمىگەنلىكىمنى دېيمەن. تىرىشىپ خىزمەت قىلىمەن، مائاشىمغا پۇل قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرىمەن، ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالىنىپ، ئۇنى......— دېدى.
ھۆسن تۇزىگۇچى خورسىنىپ، بىر قاچا شوۋىگۈرۈچ ئۇسۇپ، فاڭ فۇگۇيىگە بەردى ۋە:
— لاۋفاڭ، قورسىقىڭىز ئېچىپ كەتتى بولغاي، ئازراق بىرنەرسە يەپ ئاندىن گەپ قىلىڭ،— دېدى.
فاڭ فۇگۇينىڭ قاچىنى قولىغا ئالغان چاغدىكى ئەھۋالى بەك مۇرەككەپ ئىدى.
— سىز مەيلى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئۆلمىگەن، ياكى ئۆلۈپ يەنە تىرىلگەن، ئەسلىدە ئۆلمەي تىرىك يۈرگەن بولۇڭ،— دېدى ھۆسن تۇزىگۇچى،— بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، بىراق شەھەردىكىلەر، دېپىنە ئىدارىسىدىكىلەر، مەكتەپ تۇ شاۋيىڭ ۋە فاڭ لوڭ بىلەن فاڭ فۇ سىزنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ بىلىدۇ، شۇڭا سىز تىرىك يۈرەلمەيسىز.
— شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە مەكتەپكە بارىمەن.
— ھەرگىز بارغۇچى بولماڭ،— دېدى جاڭ چىچيۇمۇ،— مەكتەپكە بارسىڭىز، مەكتەپ قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا تەسىر يېتىدۇ. ھازىر، مەكتەپتىكى ساۋاقداشلار قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يۇقىرى نومۇر ئېلىپ روھىڭىزغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، مەكتەپ مۇدىرى ساۋاقداشلارغا، ئالىي مەكتەپكە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئارتۇق ئۆتكەنلىكى فاڭ مۇئەللىمگە بىر گۈلچەمبىرەك، يەنە كېلىپ ئەڭ چىرايلىق بىر گۈلچەمبىرەكنى ئارتۇق تەقدىم قىلغانلىق بىلەن

باراۋەر دېدى. ئۆلۈمگىز مۇناسىۋىتى بىلەن مەكتەپتە ماقالە يېزىش بولۇۋاتىدۇ: ئۆلۈمگىز مۇناسىۋىتى بىلەن جەمئىيەتكە مۇراجىئەت قىلىنىۋاتىدۇ. ئۆلۈمگىز مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىۋاتىدۇ......

— ئەگەر ئۆلمەي يەنە تىرىلىپ قالسىڭىز، كىم بىلىدۇ، قانچىلىك ئادەم جاپا تارتىدۇ...... دېدى ھۆسن تۇزىگۇچى.

— ناۋادا ئۆلمەي، تىرىلىپ قالسىڭىز، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆي مەسىلىسى كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىدۇ، — دېدى جاڭ چىچيۇ.

تۇ شاۋيىڭنىڭ يىغا ئاۋازىغا دىققەت.

فاڭ مۇئەللىم ھايات ـ ماماتلىق تاللاشقا دۇچ كەلدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىرسى كاتتا فىزىك ئېينىشتېيندىن نىسپىيلىك نەزەرىيەسىنىڭ قانداق ئىشلىقىنى سوراپتۇ ۋە چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئېينىشتېين چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ: ناۋادا سىز ۋوگزالدا پويىز ساقلاپ تۇرسىڭىز، ئىككى سائەت ۋاقىت تولىمۇ ئۇزاق، تولىمۇ ئۇزاق بىلىنىدۇ؛ ئەگەر ياخشى كۆرگەن سۆيگىنىڭىز بىلەن بىللە بولسىڭىز، ئىككى سائەت ۋاقىت ناھايىتى قىسقا، ناھايىتى قىسقا بىلىنىدۇ.

ئېينىشتېيننىڭ قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا، بۈگۈنكى بۇ سەھەر بىر ئۈچۈن بەك ئۇزاق. ئۇزاققا سوزۇلغان ئازابلىق بۇ سەھەردە ھۆسن تۇزىگۇچى يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى سۆزلەپ بەرگەن بىر ھېكايىنى ئەسكە ئالدى: بۇنىڭدىن ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، دېڭىزدا پالاكەتكە يولۇققان بىر ئادەم بىر قاقاس ئارالغا چىقىپ قاپتۇ. ئارال ئاجايىپ چوڭ ئىكەن، دەل ـ دەرەخلىك، دەل ـ دەرەخلىكتە زەھەرلىك يىلانلار ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار بار ئىكەن. ئۇ ئادەم غەم قىلىپ ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز چوڭ بىر چىشى مايمۇن كەپتۇ. مايمۇن ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپتۇ. ئۇ ئادەم تۈرلۈك قىياسلاردا بوپتۇ، ئانچە

قورقۇپمۇ كەتمەپتۇ. مېنى يەمسەن؟ يېگىن! دەپ مايمۇندىن سوراپتۇ. مايمۇن بېشىنى چايقاپ ئۇنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئادەم قارشىلىق كۆرسەتمەي، ئىختىيارىنى مايمۇنغا تاپشۇرۇپتۇ. مايمۇن ھېلىقى ئەرنى ناھايىتى يوغان بىر ئۆڭكۈرگە ئەكىرىپتۇ. ئۆڭكۈرگە قۇرۇق ئوت - چۆپ سېلىنغان، ياۋا گۈللەر تىزىپ قويۇلغان، ئىچى ئاجايىپ راھەت ئىكەن. ئۇ ئەر ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ كېتىپتۇ. قانچىلىك ۋاقىت ئۇخلىغانلىقى نامەلۇم. بىر چاغدا ئويغانسا، ھېلىقى مايمۇن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالغانىكەن، ئۇ ئەر: مېنى يەمسەن؟ يېگىن، دەپتۇ. مايمۇن بېشىنى چايقاپ، ئۆڭكۈردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ بىر قۇچاق ياۋا مېۋىلەرنى — ياۋا نەشپۈت، تاغ ئۈزۈمى، چۈچۈمەل چىلان، سېرىق بانان...... كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. مايمۇن كۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۇ ئەرگە: مەن سېنى يېمەيمەن، سېنى يېيىشكە قانداقمۇ كۆزۈم قىيسۇن؟ دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ. ئۇ ئەر قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەچكە، نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتە قىلماي، تاتلىق، چۈچۈمەل ۋە ئاچچىق مېۋىلەرنى بىر قورساق يەپتۇ. ئۇسساپ كەتكەندەك بوپتۇ. مايمۇن يوغان بىر قۇلۇلە قېپىغا تاتلىق سۇ ئەكىرىپ بېرىپتۇ. ئۇ ناۋاتتەك تاتلىق تاغ سۈيى ئىكەن. كۈندۈزى مايمۇن ئوزۇق تاپقىلى چىقىپ كېتىدىكەن. ئۇ ئەر ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۆڭكۈر ئاغزىنىڭ يوغان بىر تاش بىلەن ئېتىپ قويۇلغانلىقىنى بايقاپتۇ. تاشنى مىدىرلىتالماپتۇ. مايمۇننىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئويلاپتۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى ھېكايىسىنى قىسقارتىپ داۋام قىلىپتۇ: شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مايمۇن ئوزۇق تېپىپ كېلىپ ئەرنى بېقىپتۇ. كەچتە ئىككىسى بىر ئۆڭكۈردە ياتىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ مايمۇن ھامىلىدار بولۇپ قاپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئاپئاق، پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بالىلىق بولغاندىن كېيىن،

مايمۇن ئەرگە بولغان نازارەتنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئەتمەيدىغان بوپتۇ. ئەر بالىنى كۆتۈرۈپ تاغ - دالىنى سەيلە قىلىدىكەن، كۈنلىرى كۆڭۈللۈك ھەم ئەركىن ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى، مايمۇن ئوزۇق تاپقىلى چىقىپ كېتىپتۇ. ئوغلى ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەر سەيلە قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپتۇ. تۇساتتىن، بىر كېمە قىرغاققا يېقىنلىشىپتۇ. ئەر بۇنى كۆرۈپ، شۇ ئان كاللىسىغا كىشىلىك دۇنياغا قايتىدىغان پۇرسەت كەلدى، دېگەن ئويلار كەپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ كېمىچىگە پۈتۈن ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاق كۆڭۈل كېمىچى ئۇنى بىللە ئېلىپ كېتىشكە ماقۇل بوپتۇ. ئەر ئۆڭكۈرگە بېرىپ قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى قۇچاقلىغان پېتى قىرغاقتىكى كېمىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئوغلى قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. ئەر كېمىچىنى كېمىنى تېز ھەيدەشكە ئۈندەپتۇ. شۇ چاغدا ئارالدىن كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان بىر ئاۋاز كەپتۇ. ئانا مايمۇن قىرغاققا قاراپ ئوقتەك كېلىۋاتقانىكەن. ئوغلى مايمۇنغا قولىنى ئۇزىتىپتۇ. ئەر كېمىچىنى كېمىنى تېز ھەيدەشكە دەۋەت قىپتۇ. كېمە ئاستا سىلجىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا، مايمۇن ئۇزۇن قولىنى سوزۇپ كېمىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئەر ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلاپ قويۇپ بەرمەپتۇ. ئوغلى قولىنى ئۇزىتىپ، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ: Ma — Ma — Ma — دەپ تۇرۇپتۇ. مايمۇن: سەن نېمىدېگەن باغرى تاش! نەچچە يىل تاغقا سۇ ئاچىقىپ ساڭا سۇ بەردىم. ئورمانلىقتىن مېۋىلەرنى ئۈزۈپ ئەكېلىپ سېنى باقتىم. ئاغرىپ قالساڭ دورا چۆپ بىلەن داۋالىدىم. تەرىتىڭنى ئاچىقىپ تۆكتۈم، قىزلىق ئىپپىتىمنى ساڭا تەقدىم ئەتتىم. ساڭا پاقلاندەك بىر بالا تۇغۇپ بەردىم. لېكىن، سەن...... ۋاپاغا جاپا قىلدىڭ! ئاھ دەردىمەي...... دەپ ئەلىمىنى ناخشا ئارقىلىق بايان قىپتۇ......

ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئارالغا تەنها كېلىپ قالغانىدىڭ،
ئۈستىبېشىڭ يارا ئىدى، قورسىقىڭ ئاچ، جاندىن ئۆزگەنىدىڭ.
كېلىشكەن ئەر ئىكەنسەن، ئىچىم ئاغرىپ، زىيانكەشلىك قىلمىدىم،
قوچاقلاپ كۆتۈرۈپ كېلىپ ھالىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالدىم.
دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ، سېنى مېۋىلەر بىلەن باقتىم،
ئۆزۈمنى ساڭا پۈتۈنلەي ئاتىۋەتتىم.
بىر ياستۇققا باش قويغاندا چىن ۋەدىلەرنى بەردىڭ،
دېڭىزلار قۇرۇپ، تاغۇتاشلار يېرىلىپ كەتسىمۇ.
مۇشۇ جەننەت ماكاندا سەن بىلەن بىللە ياشايمەن، دېدىڭ،
كىم بىلسۇن ياستۇقتىكى تۇكۇرۇكۇڭ قۇرۇماي تۇرۇپ.
قەسىمىڭ تېخى قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەي تۇرۇپ،
سەن، سەن، سەن...... مېنى تاشلاپ، ئوغلۇمنى ئېلىپ كەتتىڭ.
ۋىجدانسىز ئوغرى، ۋاپاسىز ھايۋان، كىشلىك دۇنياغا قايتىسەن،
ئېيتە، كىشلىك دۇنيانىڭ نېمىسى ياخشى.
تاش يۈرەكلىك قىلىپ، مېنى تاشلاپ كېتەمسەن،
سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سېلىپسەن.
ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپسەن،
ئورمانلىقتا كەتكەن ئوت پەلەككە يەتتى.
دەريا - كۆللەر بۇلغىنىپ بېلىق - راكلار قالمىدى،
كەتسەڭ ئۆزۈڭ كېتىۋەر.
ھەمراھ بولسۇن ماڭا بالامنى قويۇپ قوي،
ئاھ...... دەردىمەي......

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى ناخشىنى ئېيتىپ بولغۇچە، يۈزنى بويلاپ ئاققان ياش ئاي نۇرىدا يالتىرايتتى. يىرتقۇچ ھايۋانلار ھاسىرايتتى، شامال ۋىژىلداپ چىقىۋاتاتتى، ئەتراپتىن مىسكىن ئاۋازلار كېلەتتى.

— كېيىن قانداق بولدى؟— دەپ سورىدى ھۆسن تۇزىگۇچى تەقەززالىق بىلەن.

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى يۈزىدىكى ياشنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتكەنىدى — ئاۋازى بوغۇق بولسىمۇ، ياڭراق ئىدى — سىچۇەن تىياتىرىدا چېلىنىدىغان دۇمباق ئاۋازىغا ئوخشاش تەسىرلىك ئىدى.

ئۇ:

— مايمۇن قايغۇ - نەپرەت ئارىلاشقان بۇ ناخشىنى ئېيتىپ، ئۇ ئەرنى قېيىن ئەھۋالغا سېلىپ قويۇپتۇ.

مايمۇن:

— كۆزۈم كور بولۇپ قالغانىكەن، ھەقىقىي قىياپىتىڭنى بىلمەپتىمەن. بولار ئىش بولدى، كەتسەڭ كېتىۋەر، كونىلاردا «خام ئۈزۈلگەن مېۋە تاتلىق بولماس»، «تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولماس» دېگەن گەپ بار. ئۆتۈنۈپ قالاي، بالامنى تاشلاپ كەت، — دەپتۇ.

ئوغلى ئانىسىنىڭ كۆكسىنى كۆرۈپ، Ma — Ma — Ma — دەپ ئانىسىغا تەلمۈرۈپتۇ.

ئەر:

— ياق، بالامدىن كەچمەيمەن.

مايمۇن:

— سەن كېچەلمىسەڭ مەن كېچەلەيمەنمۇ؟ كونىلاردا: «ئۆيدىن ئايرىلغان بالىلاردىن ئانىسى غەم يەيدۇ» دېگەن گەپ بار!— دەپتۇ.

ئەر:

— بالىمىزنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن قولۇڭنى قويۇۋەت، بىز ماڭايلى.

مايمۇن:

— بولمايدۇ، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كەت، بالا ماڭا موھتاج.
ئەر:
— بولمايدۇ! ھايۋان بىلەن بىرگە بولغىنىمنى كىشىلەر بىلىپ قالىدۇ! ھەي، ھەرگىز بولمايدۇ.
كېمىچى بىر پالتىنى ئەرنىڭ ئالدىغا تېپىپ:
— بۇرادەر، يەنىلا كېمىدىن چۈشۈپ كەت، دەپتۇ.
ئەر نائىلاج بىر قولىدا بالىسىنى تۇتۇپ، بىر قولىغا پالتىنى ئېلىپ، مايمۇننىڭ كېمىنى چىڭ تۇتۇۋالغان قولىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. ئەتراپقا قان چاچراپتۇ، مايمۇننىڭ يوغان قولى كېمىدە قاپتۇ. مايمۇن ئېچىنىشلىق چىرقىراپ بېلىكىنى تارتىۋاپتۇ.
كېمە قىرغاقتىن ئايرىلىپ، قۇرۇقلۇققا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.
كېيىن ئۇ ئەر ئوغلىنى كۆتۈرۈپ يۇرتىغا قايتىپتۇ. يۇرتىكى ئازابلانغاچقا، ئۆيلەنمەسلىك توغرۇلۇق قەسەم ئىچىپتۇ. ئوغلى بەش ياشقا كىرگەندە، مۇئەللىم تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتۇپتۇ. بۇ بالا پەۋقۇلئاددە ئەقىللىك ئىكەن. بىر كۆرگىنىنى ئېسىدە قالىدىكەن. بىرنەرسىنى ئۆگىنىش جەريانىدا باشقا نەرسىلەرنىمۇ ئۆگىنىۋالىدىكەن. كەم يېرىنى تولدۇرۇپ ماڭىدىكەن. موللا، ئاندىن خەتمە كەررىدە، خەتمە كەررىدىن تەشرىپدار بوپتۇ، ئوردا ئىمتىھانىدا نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، ئەلىيۇلئەلا بوپتۇ، يۇرتىغا قايتىپتۇ. يۇرت ئەھلى قاينام - تاشقىنلىققا چۈمۈپتۇ. ئۆزۈن گەپنىڭ قىسقىسى، ئەلىيۇلئەلا ئاتىسىدىن ئانىسىنى سوراپتۇ. ئاتىسى باشتا ئوغلىنىڭ تەلپىنى قايتا - قايتا رەت قىپتۇ. ئوغلى سوراپ قىستاپ تۇرۇۋالغاچقا، ئامالسىزلىقتىن ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ بېرىپتۇ. ئەلىيۇلئەلا بىر كېمىنى ئىجارە ئېلىپ دېڭىزدىن ئۆتۈپ، قاقاس ئارالغا — ئۆزىنىڭ ئىزدەپ بېرىپتۇ. قۇرۇپ قالغان بىر جەسەت، جەينەكنىڭ تۆۋىنى يوق بىر قولنى كۆرۈپتۇ. ئەلىيۇلئەلا داد - پەرياد سېلىپ يىغلاپ، تەزىيە بىلدۈرۈپتۇ.

تەزىيە بىلدۈرۈپ بولۇپ تاشقا ئۇسۇپ ئۆلۈپتۇ......

ئۇزاققا سوزۇلغان مۇشۇ ئەتىگەندە، فاك فوگوي بىر قولىدا ئوغلى، بىر قولىدا پالتا تۇتۇپ كېمىنىڭ بېشىدا تۇرغان ھېلىقى ئەرگە، مايمۇننىڭ چولاق بىر قولىنى تۇتۇپ ئانىسىنىڭ جەسىتىگە يۆلەنگەن ئەلىيۇلئەلاغا ئوخشاش تاللاشقا دۇچ كەلگەنىدى. بۇ ھال لوگىكىدىكى دىلېمماكاتېگورىيەسىگە ئوخشايتتى. زىخمۇ - كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان ئىش بولمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ «بېلىق بىلەن ئېيىق تاپىنى بىر - بىرىگە قوشۇلمايدۇ» دېگەندەك ئىش.

مايمۇن بىلەن مايمۇننىڭ بالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەددەس ھېسسىياتقا ئېتىبارسىز قارىيالمايسەن، لېكىن بالا بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدىكى ھېسسىيات مۇقەددەس، ئىززەت - ھۆرمىتىڭنى ساقلاش ھەم بالىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن مايمۇننىڭ قولىنى جەزمەن كېسىۋېتىسەن. كونكرېت ئىدىيەۋى كۈرەش بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە مۇرەككەپ.

ئۇ مايمۇن سېنىڭ ئاناڭ. ئەمما، ئۇ مايمۇن. ئەلىيۇلئەلا ئانىسىنى ئىزدەپ بېرىپ بىر چېشى مايمۇننى تاپتى، ئەلىيۇلئەلا بەختلىك ھەم ئىستىقبالى پارلاق. مايمۇندىن تۇغۇلغان ئەلىيۇلئەلا جامائەت پىكرىگە چىداشلىق بېرەلەمدۇ؟ ئاتىسىنىڭ ئانىسىنىڭ قولىنى كېسىۋېتىشى رەھىمسىزلىك، بىراق ئاتىسى مايمۇن ئانىسىنىڭ قولىنى كېسىۋەتمەي قانداق قىلىدۇ؟ ئەلىيۇلئەلا سۈپىتىدە ياشاش شان - شەرەپ، ئادەم بىلەن مايمۇننىڭ مەھسۇلى بولۇپ ياشاش چەكسىز ھەسرەت. ئانىسىنى ئىزدەپ تاپماسلىق ئازاب، ئىزدەپ تاپقان ھامان تاشقا ئۇسۇپ ئۆلمەي ئامال يوق — ئىدىيەۋى كۈرەش بۇنىڭدىن تۈمەن ھەسسە مۇرەككەپ.

سەن ئۆلەي دەيسەن، لېكىن خوتۇنۇڭغا، ئوغلۇڭغا ھەم قىزىڭغا چىدىمايسەن، ئېسىل شاراب، ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى ئۇنتۇپ قالالمايسەن؛ تىرىك يۈرەي دەيسەن، ئۇنداق قىلساڭ،

مەكتەپ مۇدىرىغا، خىزمەتداشلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغان بولسەن، ئۆلەلمەيسەن، تىرىك يۈرەلمەيسەن، قاچىنى تۇتۇپ ھاڭۋىقىپ ئولتۇرىسەن.

جاڭ چىچيۇ فاڭ فۇگۈينىڭ چىرايىغا مىختەك تىكىلىپ قاراپ:

ــ مەندە بىر ئەپچىل چارە بار، پايدىلانساڭ بولىدۇ.

ئۇزاققا سوزۇلغان مۇشۇ سەھەردە، ئۇلار ئالىيجانابلار كېلىشىمى ئىمزالىدى:

1) ھۆسن تۈزىگۈچى فاڭ فۇگۈينىڭ جاڭ چىچيۇنىڭ چىرايىغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان چىرايىنى سەل ئۆزگەرتىپ جاڭ چىچيۇنىڭ سىياقىغا ئەكېلىدۇ. فاڭ فۇگۈي 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرس ئۆتىدۇ.

2) جاڭ چىچيۇ ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىپ، سىرتقا چىقىپ تىجارەت قىلىدۇ.

3) فاڭ فۇگۈي جاڭ چىچيۇنىڭ ئورنىدا دەرس ئۆتۈپ تاپقان مائاشى بىلەن جاڭ چىچيۇ تىجارەت قىلىپ تاپقان پۇلنى قوشۇپ، ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ، ئىككى ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى قامدىلىدۇ.

4) ئائىلىدە فاڭ فۇگۈي ئۈچۈن بىر كارىۋات قويۇلىدۇ، فاڭ فۇگۈي تۇ شاۋيىڭ بىلەن يېتىپ قوپۇشتا بىللە بولۇش ئەركىنلىكىدىن داۋاملىق بەھرىمەن بولىدۇ.

كېلىشىم ئىمزالىنىپ بولغان چاغدا، ئۆگكۈردىن مۇنداق ئاۋاز ئاڭلاندى.

- beef, beef broth, sreak -

جاڭ ئائىلىسىنىڭ بالىلىرى ئىنگلىزچىنى يادقا ئوقۇۋاتقاچ، زىيابەتكە ئىشتىھا ساقلاۋاتاتتى.

# بەشىنچى باب

## 1

ھېلىقى ئەرنىڭ ئۆتكۈر پالتىنى كۆتۈرۈپ، ئانا مايمۇننىڭ بىر قولىنى چېپىۋەتكەنلىكى، كېسىۋېتىلگەن قولنىڭ كېمىگە تاشلاپ قويۇلغانلىقى، مەنزىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكى سۆزلەندى. تولۇقلاپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا بار: «كېمىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋالغان مايمۇننىڭ غايەت زور قولى كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئانا مايمۇن قىرغاقتا داد - پەرياد كۆتۈردى. ئەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى. مەيلى نېمە بولسۇن، سەن ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە يىل بىرگە تۇرغان، ئۇ ساڭا ياراملىق بىر ئوغۇلنى تۇغۇپ بەردى. كېمە يەلكىنىنى ئېچىپ قۇرۇقلۇققا قاراپ ماڭدى. مايمۇننىڭ نالە - پەريادىنى ئۆركەشلەۋاتقان دولقۇنلار يۇتۇپ كەتتى. ئارال دولقۇنلارنىڭ ئارىسىدا غايىب بولدى. لېكىن، كېسىۋېتىلگەن قول كېمىدە قالغانىدى. كېمىچى:

— بۇرادەر، ئاۋۇ نەرسىنى دېڭىزغا تاشلىۋەت. بىر توپ ئاكۇلا كېمىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— ياق، ياق! — دېدى ھېلىقى ئەر.

ئۇ ئەسكى چاپىنىنى سېلىپ، مايمۇننىڭ قولىنى چاپىنىغا ئوراپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئون نەچچە يىلدىن كېيىن، ئوغلى ئىمتىھاندا ئەلىيۇلئەلا بولدى، ئاتىسىدىن ئانىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاتىسى قىزىل شايى لېنتا چىگىلگەن، سېرىق

تاۋار تاشلىق قۇتىنى ئېلىپ، ئېچىدىن مايمۇنىنىڭ قورۇپ قالغان بىر قولىنى چىقاردى. ئەلىيۇلئەلا قۇتىنى ئېلىپ، ئانىسىنى ئىزدەپ دېڭىزدىكى ئارالغا باردى. ئەلىيۇلئەلا ئۆلۈشتىن ئاۋۋال، ئاتىسى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانىدى. بۇ ھېكايىدە، ئۆلۈم، مۇكەممەل ۋاستە ھەم سىمۋولغا ئايلانغانىدى.

تولۇقلىما ئىككىنچى: سىياقنى ئۆزگەرتىش كېلىشىمى تۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، لى يۈچەن فاڭ فۇگۇيگە يوغان بىر قاچا شوۋىنگۇرۇچ بەردى. ئۇ قاچىنى ئىككى قوللاپ ئالدى. شوۋىنگۇرۇچنىڭ خۇشبۇي ھىدى «گۇپپىدە» دىمىقىغا ئۇرۇلدى. نەچچە كۈندىن بۇيان ئاغزىغا بىر تېمىم سۇ ھەم گىياھ چاغلىق نەرسە ئالمىغان فاڭ فۇگۇي دىمىقىغا ئۇرۇلغان تاماقنىڭ ھىدىدىن شۇ زامان نەپسى تاقىلداپ كەتتى. ھايات - مامات مەسىلىسىنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كەتتى. شوۋىنگۇرۇچ ئىچىش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. شوۋىنگۇرۇچنى چاينىماي يۇتقان چاغدىكى قەبىھ قىياپىتىنىڭ ھۆسىن تۈزىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ئېرىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. شوۋىنگۇرۇچ قىزىق ئىدى. ئاغزىڭىنىڭ بىر قات تېرىسى كۆيۈپ قالدى. بىرىنچى قوشۇق شوۋىنگۇرۇچنى يۇتۇۋەتتىنىڭ، ئاشقازىنىڭ غەلىتە ئاغرىپ كەتتى. چېچىڭىنىڭ چۆرىسىدىن چىپىلداپ ئاققان تەردە يۈزۈڭدىكى ھاك پارچە - پارچە بولۇپ چۈشۈپ كەتتى، بەزىلىرى قاچاڭغا چۈشۈپ تاماق بىلەن بىللە قورسىقىڭغا كىردى، يەرگە چۈشكەنلىرىنى لى يۈچەن سۈپۈرۈپ گۇرجەككە ئالدى.

تولۇقلىما ئۈچىنچى: «نىسپىيلىك نەزەرىيەسى» ئاساسىدا، ئېينىشتېين مۇنداق قارايدۇ. ۋاقىت بىر ئۆلچەملىك ئەمەس. ۋاقىت ئالدىغا ماڭىدۇ ھەم كەينىگە چېكىنىدۇ، قىسقىرىدۇ ھەم ئۇزىرىدۇ. ئۇ قاچىنى تۇتۇپ، شوۋىنگۇرۇچنى غورتىلدىتىپ ئىچىۋاتاتتى. شوۋىنگۇرۇچ ھەقىقەتەن سۈيۈق ئىدى، نەچچە تال گۈرۈچ ۋە نەچچە ياپراق كۆكتات بار ئىدى. سۈيىدە 17 ــ 18 ياشلارغا

كىرگەن بىر بالىنىڭ قوشۇقتەك يۈزى كۆرۈندى. ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى توپ ئوقلىرى ئارىسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان ھېلىقى بالا ھازىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. قورسىقى تويغۇدەك تاماق، ئۈچىسى ئىللىغۇدەك كىيىم بولمىسىمۇ، روھى توق ھەم خۇشال ئىدى. ئۇ شوۋىنگورۇچ ئىچىۋاتقاندا، كۆز ئالدىدا بىر رۇس قىزنىڭ تولغان چىرايى گەۋدىلەندى. چاچلىرى زىغىر رەڭ، بوينى سۈزۈك ھەم تىك، كۆكسى تولغانىدى. ئۇچىدا كۆرگەن چۈش كېيىن مۆجىزىدەك رېئاللىققا ئايلاندى. ئادەم 30 ياشتىن كېيىنمۇ ئۆزگىرىدۇ. تۇ شاۋىيىڭنىڭ چېچى ئاستا - ئاستا زىغىر رەڭگە كىردى. بوينى سۈزۈكلىشىپ، تىكلىشىپ، كۆكسى يېتىلىپ رۇس قىزلىرىنىڭ كۆكسىدەك تولدى ھەم يوغىناپ كەتتى، ئېرىنىڭ قەلبىدىكى سەنەمنىڭ رۇخسارى ۋە تۇرقىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ رۇخسارى بىلەن تۇرقىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان خوتۇن، شەك - شۈبھىسىز سېغىنىشقا ئەرزىيتتى. شۇڭا، ياندىكى ئۆيدىن بىغلاۋاتقان تۇ شاۋىيىڭنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلانغاندا، ئۇنىڭدىكى ياشاش ئارزۇسى ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلەپ كەتتى.

تولۇقلىما تۆتىنچى: تامغا شەھەردە چىقىدىغان سارغىيىپ كەتكەن بىر پارچە گېزىت چاپلانغان. گېزىتكە ئۇۋياڭ شەنبىن دوكتورنىڭ «يەنە ھايات - ماماتنىڭ ئايلىنىش مەسىلىسى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالىسى ۋە ئىككى پارچە غەلىتە خەۋەر بېسىلغانىدى. بىر پارچە غەلىتە خەۋەردە: جۇڭگونىڭ مەلۇم ئۆلكىسىدە بىر يىگىت بىلەن بىر قىز توي قىلغان. خوتۇنى تۇغقاندىن كېيىن، ئەردە توساتتىن ئاياللارغا خاس ئالاھىدىلىك پەيدا بولغان. دوختۇرلار تەكشۈرۈپ، ئەردە ئەر - ئاياللاردا بولىدىغان ئىككى يۈرۈش كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. ئاددىي ئوپېراتسىيەدىن كېيىن، ئەر خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەرگە تەگكەن، كېيىن بىر قىز

تۇغقان. ئەر بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئاتىسى، يەنە كېلىپ بىر قىز بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان دېيىلگەن. يەنە بىر غەلىتە خەۋەردە، ئامېرىكىدىكى بىرمۇنچە ئەرلەر بىر ئامال قىلىپ قىز بالىغا ئايلىنىپ قېلىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغان. ئاددىي ئوپېراتسىيەدىن كېيىن دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ تۇرقى قىزلارنىڭ تۇرقىغا ئوخشاپ قالغان (ئىككى پارچە سۈرەت بېرىلگەن. ئوپېراتسىيەدىن ئىلگىرى، ئۇلار ساقاللىق، بۇغدىيەكلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن چىرايلىرى سىيدام، كۆكسى تولغان، بۇغدىيەكلىرى يوقالغان) دەپ يېزىلغان.

تولۇقلىما بەشىنچى: ھۆسن تۈزىگۈچى فاڭ فۇگۈي بىلەن جاڭ چىچيۇ ئىككىسىنىڭ يۈز كېپتىنى تەتقىق قىلىپ، ياڭاق سۆڭىكىنىڭ ئېگىز، ئېڭىكىنىڭ ئۇچلۇق ئىكەنلىكىنى، ئىككىلىسىنىڭ يوغان كۆزئەينەك تاقايدىغانلىقىنى بايقىدى. ئوخشمايدىغان تەرىپى: فاڭ فۇگۈي يالاڭ قاپاق، جاڭ چىچيۇ قوش قاپاق؛ جاڭ چىچيۇنىڭ بۇرنىدا تارتۇق بار، فاڭ فۇگۈينىڭ بۇرنىدا تارتۇق يوق. ھۆسن تۈزىگۈچى خۇرسەن بولۇپ:

— يالاڭ قاپاقنى قوش قاپاق قىلىش قوش قاپاقنى يالاڭ قاپاق قىلغاندىن نەچچە ھەسسە ئاسان؛ بۇرۇنغا تارتۇق چىقىرىش بۇرۇندىكى تارتۇقنى ئېلىۋەتكەنگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئاسانغا توختايدۇ، — دېدى.

تەھلىل ئارقىلىق، فاڭ فۇگۈينى جاڭ چىچيۇنىڭ سىياقىغا كىرگۈزۈش كىچىك ئوپېراتسىيە، سوقۇر ئۈچەينى ئېلىۋەتكەنگە ئوخشاش ئاددىي، دەپنە ئىدارىسىگە ئاپىرىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىلىپ، ئوپېراتسىيە ئۆيدىلا قىلىنىدىغان بولدى.

تولۇقلىما ئالتىنچى: تېخىمۇ ئوخشاشلىقنى يارىتىش ئۈچۈن، ھۆسن تۈزىگۈچى ناشتىدىن كېيىن، ئىشقا بېرىشتىن ئاۋۋال جاڭ چىچيۇ بىلەن فاڭ فۇگۈي ئىككىسىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

فاڭ فۇگۇينى مۇنچىغا چۈشۈشكە بۇيرۇدى. فاڭ فۇگۇي مۇنچىغا چۈشكەندە سەل خىجىل بولدى. ھۆسەن تۆزىگۈچى يالغان راستلاردىن:

— پات ئارىدا مېنىڭ ئېرىم بولۇپ قالىسىز، نېمىگە خىجىل بولىسىز؟— دېدى.

تولۇقلىما يەتتىنچى: ھۆسەن تۆزىگۈچى ماگىزىنغا بېرىپ ئىككى يۈرۈش ماش رەڭ فورما ئالدى. مال ساتقۇچى:

— ناۋادا سىز موماي بولىسىڭىز، قوشكېزەك ئوغلىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغاتلىق ئېلىۋاتىدۇ دەپ قارايمەن،— دېدى. ھۆسەن تۆزىگۈچى:

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز،— دېدى.

تولۇقما سەككىزىنچى: ھۆسەن تۆزىگۈچى خىزمەتكە بارغاندىن كېيىن، ھۆسىنى تۆزىلىپ بولۇنغان ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنى ئالاقىدار خادىملارغا تاپشۇردى. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنى يۆتكىگەن چاغدا، ھۆسەن تۆزىگۈچى ئۇلارغا ئېھتىيات قىلىشنى، يەڭگىل قويۇشنى، جەسەتنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىۋەتمەسلىكنى جېكىلىدى.

تولۇقلىما توققۇزىنچى: 8 - ئوتتۇرا مەكتەپكە تېلېفون قىلىپ، تېلېفوندا فاڭ مۇئەللىمنىڭ چىرايىنى ئىمكان بار تېزرەك تۈزەش كېرەكلىكىنى، ئوقۇغۇچىلارنى جەسەت بىلەن ۋىدالىششقا تەشكىللەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مەكتەپتىكىلەرنى دەپنە ئىدارىسىكىلەرنى ئالدىرىتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

تولۇقلىما ئونىنچى: كەچتە، دەپنە ئىدارىسىنىڭ يۈچەن بىلەن ھۆسەن تۈزەش كارخانىسىدا بىرگە بولغان مۇئاۋىن باشلىقى ئۇنىڭغا:

— لى ھەدە، بۈگۈن كەچ ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھېلىقى نامرات ئوقۇتقۇچىسىنى بىر تەرەپ

قىلىشىپتىك. ئۇلار ئەتە ئوقۇغۇچىلارنى تەزىيە بىلدۈرۈشكە تەشكىللەيدىكەن، — دەپ ئۇقتۇردى. ھۆسىن تۈزگۈچى نەق مەيدانىدىلا ماقۇل بولدى.

— مېنى سېغىندىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئۇنىڭدىن ئاستا.

ھۆسىن تۈزگۈچى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. چۈنكى، ئۇ چۈشتە ئۆيگە بېرىپ تاماق يەيدىغان ۋاقتىنى پايدىلىنىپ، فاڭ فۇگۈينى جاڭ چىچيۈنىڭ سىياقىغا كىرگۈزۈپ بولغانىدى.

— ماڭا ئۆچ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى مۇئاۋىن شەھەر باشلىق ئۇنىڭدىن ئاستا.

لى يۈچەن بۇ گەپنى ئاڭلىمىدى. سەۋەبى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

## 2

سىياق ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيەسى ئاشخانا ئۆيدە بولىدىغان بولدى. ئۇزاققا سوزۇلغان چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى ئوپېراتسىيە ۋاقتى ئىدى. ئاشخانا ئۆي تازىلاندى، ئوپېراتسىيە ئالدىدىكى تەييارلىق ئۈچۈن ئاددىي بىر كارىۋات قويۇلدى. داچيۇ بىلەن شاۋچيۇ ئىككىسى چۈشلۈك تاماقنى ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ مەكتىپىدە يەيتتى. جاڭ چىچيۇ بىرمۇنچە ئىغىر - يېنىك ئىشلارغا قارىشىپ، نۆۋەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن 8 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئالدىراش ماڭدى. ھۆسىن تۈزەشكە ياردەمچى كەتمەيتتى. ئۇ رۇخسەت سوراپ قايتىپ كېلىپ ياردەملەشمەكچى بولغانىدى. ھۆسىن تۈزگۈچى لازىمى يوقلۇقىنى، مۇستەقىل ئىشلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىنى دېدى.

ئاشخانا ئۆيدە پۈتۈن تەييارلىق پۈتتى. مومىدىن پۈتكەن

ساھىبجامالنىڭ كاركىراپ ئوپېراتسىيەگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ھۆسن تۈزىگۈچى ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۈچ تال ئۇخلىتىش دورىسى سېلىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن لاپاستىن مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ ئېغىر خورەك ئاۋازى كەلدى.

ھۆسن تۈزىگۈچى سېنى ئاشخانا ئۆيگە چاقىردى. قىزغۇچ سومكىسىدىن ئاق چىنە تاۋاق ئېلىپ، گۆش توغرايدىغان ئەمبەلگە قويغىنىنى كۆردۈڭ، ئاندىن يەنە بىر قۇتا سۇس كۆك ئىسپىرتنى ئېلىپ، رېزىنكە ئاغزىنى ئېچىپ، ئىسپىرتنى چىنە تاۋاققا تۆكتى. ئىسپىرت چىنە تاۋاقتا سۇس ماش رەڭگە كىردى؛ قاردەك ئاپئاق سايمانلارنى قايچا، موچىن، ئامبۇر، چوڭ - كىچىك يىڭنە قاتارلىقلارنى ئېلىپ...... ھەممىسىنى چىنە تاۋاققا قويدى. نەرسىلەر ئىسپىرتقا چىلىشىپ تۇراتتى. پەقەت بىرلا سايمان ساپسېرىق پارقىرايتتى. ئۇ سۆگەت يوپۇرمىقىدەك نېپىز پىچاق ئىدى. چىنە تاۋاقتىكى ئىسپىرتقا چىلىنىپ تۇرغان پىچاق ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ قىزغۇچ قول سومكىسى كۆزۈڭگە ئەتىۋارلىق ساندۇقتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئىچىدىن دورا - دەرمەك ۋە پۈكمەنزە سېلىپ قورۇلغان بىر تاۋاق جىگەر قورۇمىسى چىققان بولسىمۇ ھەيران قالمايتتىڭ. ئۇ قىزغۇچ قول سومكىسىدىن يەنە پىلاستىر، داكا، دورىغا چىلانغان پاختا، ئۈچەي يىپ، سۈزۈك پىلاستىر، مەلھەم. دورا پاراشوكى، ئوكۇل...... قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالدى. ئاخىرىدا، ئۇ ئاشخانا ئۆيىنىڭ سىرتىدا كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى سالدى. ھېچنېمىنى يوشۇرغۇسى يوق ئىدى. ئۇ سېنى تىرىك ئادەم قاتارىدا كۆرمىدى. ئۇ بىمالال ھالدا، ئالدىرىماي تەرتىپ بويىچە، ئاۋۋال سىرتقى كىيىملىرىنى، ئاندىن ئىچ كىيىملىرىنى سېلىپ ئاندىن تۇغما بولدى. سەنمۇ چىرايىڭنى ئۆزگەرتمەي ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرىنى كۆردۈڭ. ئۇنى سوغۇق قانلىق بىلەن كۆزەتتىڭ. لېۋىنىڭ ئۈستىدىكى مايسىدەك بۇرۇتىنى

كۆردۈڭ، تۇ شاۋيىگىنىڭ ياۋروپا ئاياللىرىغا خاس يوغان ئاغزى ۋە سېمىز لېۋىنى ئۇنتۇدۇڭ؛ قارامتۇل قىزىل، سەل - پەل چوقچايغان ئەمچەك توپچىسىنى كۆرۈپ تۇ شاۋيىگىنىڭ رۇس ئاياللىرىغا خاس تولغان ئەمچىكىنى ئۇنتۇدۇڭ...... سېلىشتۇرۇلسا ئاندىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ: ھەركىمگە ئۆزىنىڭ بالىسى ياخشى، ئۆزۈگىنىڭ خوتۇنىدىن خەقنىڭ خوتۇنى ياخشى — دەيدىغان ئادەتتىكى كاتېگورىيەگە مەنسۇپ.

ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئاشخانا ئۆيگە كىردى. قىزغۇچ قول سومكىسىدىن ئاپئاق خالاتنى ئېلىپ ئېچىۋىدى، نېرۋىنى غىدىقلايدىغان سوپۇننىڭ يېگى ھىدى بۇرنۇڭغا ئۇرۇلدى. ئۇ ئېگىشىپ قىزغۇچ قول سومكىسىدىن خالاتنى ئېلىپ سىلىغاندا، كاسىسى چوقچىيىپ كەتتى — قىسقا ئارىلىققا يۆگۈرەيدىغان تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ھەممىسى يۈگۈرۈش سىزىقىدا كوماندا بەرگۈچىنىڭ تاپانچىدىن ئوق ئۈزۈشىنى كۈتۈپ تۇرغان چاغدا، كاسىسىنى مۇشۇنداق چوقچايتىۋالاتتى. گويا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئالدىغا ئوقتەك يۈگۈرەيدىغاندەك — ئۇنىڭ نەچچە ئەزاسى سەندىن يىراقلاشتى. بەدىنىنىڭ بۇ قىسمى ساڭا يېقىنلاشتى — بۇ ھەقىقەتەن فىزىكىدىكى ئۇلۇغ ساقلىنىش قانۇنىغا ياتىدۇ — قانچىلىك نەرسىگە ئېرىشسەڭ شۇنچىلىك بەدەل تۆلەيسەن — كاللىسى سەندىن يىراقلاشتى، كاسىسى ساڭا يېقىنلاشتى؛ تەتۈرىمۇ ئوخشاش. غەلىتە يېرى شۇكى، ئۇ ئالدىڭدا تىك تۇرغان چاغدا، سەن سوغۇق قان بولدۇڭ. ئەمما، ئۇ بۇ خىل تەگپۈكلۈقنى بۇزۇۋېتىپ، يادىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان يا ئوقتەك قىياپەتتە تۇردى — تۇرغان ۋاقتى گەرچە بىر مىنۇت بولسىمۇ — سەندىكى سوغۇق قانلىق يىمىرىلىپ كەتتى. ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ پارقىراق كاسىسى ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي ياشاشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچىگنى قەتئىيلەشتۈردى. پارقىراپ تۇرغان كاسا

كىشىلىك دۇنيادا ياشاشنىڭ گۈزەل كەيپىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ھۆسەن تۈزگۈچى خالاتنى تۇتۇپ تۇرۇپ ساڭا قاراپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. كۈلكە ئوينىغان چىراي يۈزۈڭگە قاتتىق ئۇرۇلدى، سەن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇڭ. يۈزۈڭنىڭ تېرىسىگە قان يۈگۈردى، ھاك چىرىتىۋەتكەن تېرەڭ ئاغرىپ كەتتى.

ئاخىرىدا، ھۆسەن تۈزگۈچى قىزغۇچ قول سومكىسىدىن چىۋىنىنىڭ قانىتىغا ئوخشاش سۈزۈك كاۋچوك پەلەينى ئېلىپ، قولىغا كىيدى. گۈل كەشتىلەنگەن قەدىمىي تاۋار كېپىشىنىڭ سوڭىنى دەسسەپ تۇراتتى. كېپىشىنىڭ ئىككىلا پېيىغا سۇمۇرغىنىڭ مودەنگۈل بىلەن ئوينىشىۋاتقان تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەنىدى. ئۇ سول قولى بىلەن ئوڭ قولىدىكى پەلەينىڭ قاتلاشقان يېرىنى، ئوڭ قولى بىلەن سول قولىدىكى پەلەينىڭ قاتلاشقان يېرىنى تۈزلىدى. ھەممە تەييارلىق پۈتتى. ئۇ جىلۋىلىك قىياپەتتە ئالدىڭدا كۈلۈپ تۇراتتى. بۇ دەقىقىمۇ ئۇزاققا سوزۇلدى. سەن قىياپىتىنى كۆرسەتكەن جىڭجۇ تىياتىرى ئارتىسى بىلەن بوۋاسىر دورىسىنى بازارغا سالغان ئاق ئېلاننى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈردۈڭ. ئىلىم - پەننىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى تامنىڭ بۇلۇڭىدا قىستىلىپ قالغان، قولىدا قالقان، قالقانغا جۈەنشۇ شەكلىدە: مەيدان دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. ھۆسەن تۈزگۈچىنىڭ «مەيدانى» سېنىڭ «مەيدانىڭ» نى قاتتىق پاراكەندە قىلدى. «مەيدانىڭ» دا قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى، سەندە ئىچىڭ سۈرۈپ كېتىدىغاندەك بىر سېزىم پەيدا بولدى.

ئۆز ۋاقتىدا، فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ئۇرۇشتا قورقۇپ كەتكەن ئاتىسىنىڭ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئىچى سۈرۈپ كېتەتتى.

— جىددىيلىشىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن ھۆسەن تۈزگۈچى كۈلۈمسىرەپ، — قورقماڭ، ماڭا ئىشىنىڭ، تىرىكلەرنىڭ

ھۆسننى تۈزەش بىلەن ئۈلۈكلەرنىڭ ھۆسننى تۈزەشنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن ھېچقانداق پەرقى يوق. پەرق: تىرىكلەر دېزىنفېكسىيە ئارقىلىق مىكروبسىزلاندۇرۇلىدۇ؛ ئۈلۈكلەرنىڭ چىرايىغا ماي ۋە ئۇپا سۈركىلىدۇ. ھۈنىرىمگە ئىشىنىڭ،— ھۆسن تۈزىگۈچى ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ (ئىككى تال «بوۋاسىر» دورىلا كەم ئىدى)— ئىككى قولۇمغا ئىشىنىڭ،— دېدى.

سەن «مەيدان» تەرتىپىنىڭ نورمال ھالەتكە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىڭ. ئۇنىڭ تەبەسسۇمى سوغۇقلۇق دورا ئارىلاشتۇرۇلغان نۆكچە دورىنىڭ رولىنى ئوينىدى.

— ھاجەتخانىغا بېرىپ كېلىڭ،— دېدى تارتىنغان ھالدا.

ھۆسن تۈزىگۈچى كۆكۈچ يوغان ماسكا تاقىۋالغانىدى. قولىغا ئەينەك ئالدى ۋە:

— ئۆزىڭىزنى كۆرۈڭ، چىرايىڭىز دەرھال باشقا سىياققا كىرىدۇ. سىزنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتىمەن. كونىلاردا: «ھەرقانچە جاپا تارتساڭمۇ يەنىلا ئۆز يۇرتۇڭ ياخشى»، «ئوغۇل كۆرۈمسىز ئانىسىدىن، ئىت نامرات ئىگىسىدىن چانمايدۇ»، «ئەسكى بولسىمۇ ئۆزۈمگە ياخشى» دەيدىغان گەپلەر بار. ئەسلى چىرايىڭىزغا ئاخىرقى قېتىم قارىۋېلىڭ،— دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى ھۆسن تۈزىگۈچىگە قارىتا ياخشى تەسىراتتا بولدى، تاپىلاشلىرىغا خۇشاللىق بىلەن ئىتائەت قىلدى. ھاجەتخانىغا بار دېدى. ھاجەتخانىغا باردىڭ، ئەينەككە قارا دېدى، ئەينەككە قارىدىڭ.

ئەينەكتىن ئۆزۈڭنىڭ گازىردەك كۆزۈڭنى كۆردۈڭ: ئىششىپ پەسكە ساڭگىلاپ كەتكەن قاپىقىڭغا ئۆچلۈكلۈك كەلدى. پارقىراپ كەتكەن قاڭشارلىق بۇرنۇڭنى كۆردۈڭ. بۇرنۇڭغىمۇ ئۆچلۈكلۈك كەلدى. بۇرنۇڭنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنىشىغا تەقەززا بولدۇڭ. ھاڭ چىرىتىپ سارغايغان يۈزۈڭنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە خۇددى

قاسراق تاشلىغان سىرىق تومۇزغىنىڭ چۆپلۈكتە قالغان قاسىرىقىغا سەپسىلىپ قارىغاندەك قارىدىڭ.

سەن ئەينەكتىكى كىشىگە سەپسىلىپ قاراۋاتقان چېغىڭدا، — نۇرانە بىر جۈپ كۆز — يۈزۈڭنىڭ سىرىق رەڭگە كىرگەن تېرىسىنى يېپىۋالدى، — ھۆسن تۈزىگۈچى كەينىڭدە تۇرۇپ ئېگىشتى. چاچلىرىدىن خۇشبۇي پۇراق تارقالدى. ئادەمنى تىترىتىۋېتىدىغان بۇ خۇشبۇي پۇراقتىن مەست بولۇپ كەتتىڭ، ھەربىر ھۈجەيرەڭ ئويناقشىپ كەتتى. ئۇنىڭ پاخپايغان چاچلىرى بوينۇڭغا تېگەي - تېگەي دەپ قالغانىدى — چېچىڭنى بايام چۈشۈرۈۋەتكەچكە، چېچىڭنىڭ تېرىسى ناھايىتى سەزگۈر ئىدى — ئۇنىڭ بىر تۇتام چېچى ئېغىرلىقىنى بېشىڭنىڭ تېرىسىگە سالغانىدى. ئۇنىڭ چېچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چوڭقۇر ھەم ئىنچىكە ھېس قىلغاندىنمۇ بەكرەك ھېس قىلدىڭ. بېشىڭنىڭ تېرىسى سەزگۈر ھەم ھېسسىياتچان ئىدى. چېچىڭنىڭ ئۈۋىلىشىدىن بېشىڭنىڭ تېرىسى ئىستاتىك ئېلېكتىر قويۇپ بەردى، مانا بۇ فىزىكا! ئىنچىكە قان - تومۇرلار كۆپچۈدى، بېشىڭنىڭ تېرىسىگە قان يۈگۈردى. بارچە شادلىق ۋە خۇشاللىق ئۆزىگە قانغا تويۇنغان ياكى يېرىم تويۇنغان جانلىقنى ھەمراھ قىلىدۇ. سېنىڭ ھەقىقەتەن يىغلىغۇڭ كەلدى.

— ئۇ گەپ قىلدى، — ئاۋاز كۆكۈچ ماسكىسىدىن ئۆتۈپ، چىڭ ھەم تىترەپ چىقتى.

— چىرايىڭىز ۋاي دەپ كەتكۈدەك بولسىمۇ، راست گەپ قىلسام، چىرايىڭىزنى مەنمۇ ياقتۇرۇپ كەتمىدىم، شۇنداقتىمۇ ۋاز كېچىشتىن ئاۋۋال، ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. ئويلاپ كۆرۈڭ، «بىرەر ئىشقا يولۇققاندا ئوبدانراق ئويلانسا، ئىشنىڭ ئاخىرى خەيرلىك بولۇر» دېگەن گەپ بار.

— مەن پۇشايمان قىلمايمەن، — دېدىڭ.

نۇرانە كۆزلىرى ئەينەكتە ئەكس ئەتتى. ئەينەكتىن قايتقان يورۇقتا چىرايىڭ تۇتۇق كۆرۈندى.

ئۇ سىنى ئەينەكنى قويۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى؛ ئەينەكنى قويۇپ قويدۇڭ. ئۇ سىنى ھېلىراق قويۇلغان تاختاي ئۈستىدە يېتىشقا دەۋەت قىلدى. سەن تاختاي ئۈستىدە ياتتىڭ. تاختاي غىچىرلاپ كەتتى.

— قورقماڭ، غىچىرلىمايدىغان كارىۋات يوق. قورقماڭ، بۇ كارىۋات ئىككى ئادەمنى كۆتۈرىدۇ. كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، — دېدى ئۇ يەنە، سەن ئۇنىڭ بويىنىغا قارىدىڭ، — ئازابىڭىزنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، — بويىنىدا ناھايىتى چوڭقۇر يول - يول قورۇق بار ئىدى، — ناركوز قىلىمەن، — يول - يول قورۇق سەندە سەل - پەل ئېچىنىش تۇيغۇسىنى ئويغاتتى، — ئوكۇل ئۇرۇش تېخنىكامدىن گۇمانلىنىۋاتىسىز ھەقىچان، غەم قىلماڭ، — ئۇ رەڭسىز، سۈزۈك سۇيۇقلۇققا چىلانغان ئوكۇلنى قولىغا ئېلىپ چەكتى، ئوكۇل يىڭنىسىنىڭ ئۇچىدىن ئۇن نەچچە تامچە سۇيۇقلۇق ئېتىلىپ چىقتى، — مەن تېببىي ئىنستىتۇتتا ئۆگەنگەن، ئەلۋەتتە يالغان دوختۇر. ئالىي دەرىجىلىك تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى، — ئۇ ئىسپىرتقا چىلانغان كۆكۈچ پاختىنى موچىن بىلەن قىسىپ ئالدى، — ئادەمنىڭ چىرايى بىر پارچە لاي، قانداق قىلىش توغرا كەلسە شۇنداق قىلغىلى بولىدۇ. رازى بولغان بولسىڭىز ماڭا قاراڭ، كېيىن تويغۇچە كۆرۈۋالىسىز، — بىر تال تامچە مۇزدەك ئىسپىرت بۇرنۇڭنىڭ ئۇچىغا چۈشتى، سوغۇق نەپەس ئالدىڭ.

— كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ!

سەن ئىتائەتمەنلىك بىلەن كۆزۈڭنى يۇمدۇڭ. ئۆزۈڭنى ئانىسىنى ئېمىپ تۇرۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن بەختلىك بوۋاقتەك ھېس قىلدىڭ، ئۇزاق يىل غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان خاتىرەڭ كاللاڭدا غۇۋا پىچىرلىماقتا ئىدى. ئىسپىرتنىڭ كۈچلۈك پۇرىقى سېنى بىئارام

قىلىپ قويدى. لېكىن، ئىسپىرتتىن يۈزۈڭنىڭ تېرىسىدە ھاسىل بولغان سالقىنلىق سەندە قاراملىقتىن كېيىنكى مۇزدەك خۇشاللىقنى پەيدا قىلدى — قاراملىق ۋە جىنسىيەت بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بىرىنچى قېتىم پاراشوت بىلەن سەكرىگەن ئەرلەردە ئىختىيارسىز ئېھتىلام بولۇش ئالامىتى كۆرۈلىدىكەن، سەن بىزگە توختىماي گەپ قىلىپ بېرىۋاتىسەن.

— قورقماڭ، قورقماڭ....... — ئۇنىڭ ئاۋازى ئېگىز بوشلۇقتىن كېلەتتى، غۇۋا ھەم سىرلىق ئىدى. ئۇيقۇ كەلتۈرەتتى، — قورقماڭ...... — ئاغزىڭ ئىختىيارسىز مىدىرلاپ كەتتى. ئاۋازىڭ تىترەپ چىقاتتى. ھوۋ، ھوۋ — بۇ ئانىسىنى ئېمىۋاتقان بالىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋاز ئىدى.

تۇيۇقسىزلا، ئۆتكۈر بىر سېزىم شېرىن گۇڭگىلىقنى ئۈزۈپ قويدى، سان - ساناقسىز ئاغزى ئۇچلۇق قۇرتلار تېرە بىلەن گۆش ئارىلىقىدا لۆمشۈپ يۈرمەكتە ئىدى. ناركوز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

— ئاغرىدىمۇ...... — دەپ سورىدى ئۇ.

زۇۋان سۈرمىدىڭ، چۈنكى يۈزۈڭ ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغانىدى. يۈزۈڭنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن ئايرىلىپ ئاستا كېتىپ قالغانلىقىنى كاللاڭدا ھېس قىلىۋاتاتتىڭ.

— بولدى! — دېدى ئۇ. ئوپېراتسىيە تۈگىگەنىدى.

ناركوزنىڭ تەسىرى تېخى كەتمىدى. ئاغزىڭ گەپكە كەلمەيتتى. ئوپېراتسىيە تۈگىمىدى دەپ ئويلايتتىڭ.

— بولدى! ئوپېراتسىيە تۈگىدى دېگەن گېپىنى ئاڭلىدىڭ.

## 3

ئۈچ كۈندىن كېيىنكى چۈشتە ئۇ ساڭا:

— يۈزىڭىزدىكى داكىنى ھازىرلا ئېلىۋېتىمەن.

جىددىيلەشمەڭ، مەندە مۇتلەق ئىشەنچ بار. ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، — دەپ ئۇقتۇردى ئۆزىگە چېكىنىش يولى قالدۇرۇپ، — مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىسا كېرەك يوق، مۇۋاپىق بولماي قالغان يېرىگە ئىشلىسەك بولىدۇ، — دېدى يەنە.

قاراڭغۇلۇق ئىچىڭنى سىقىۋەتكەنىدى. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ھۆسن تۈزىگۈچى يۈزۈڭنى داكا بىلەن تېڭىۋەتكەن. نەپەس ئېلىشىڭ ئۈچۈن بۇرنۇڭ، تاماق يېيىشىڭ ئۈچۈن ئاغزىڭ ئوچۇق قالدۇرۇلغانىدى. تاماق يېيىش بىر خىل ھۇزۇر. شېرىن ۋە غۇۋا بوۋاقلىق چاغلار پۈتكۈل تاماقلىنىش جەريانىنى چۈمكەپ ئالغانىدى. ھەر قېتىم تاماقلىنىش ئالدىدا، ئۇ ھەمىشە بىر لۆڭگىنى بوينۇڭغا ئوراپ قوياتتى، تاماق ۋە قورۇمىنىڭ ھىدى چاچلىرىدىن تارالغان ئالاھىدە خۇشبۇي ھىدنى بېسىپ كېتەلمەيتتى. سەن قىزىقىشىڭنى باسالماي كېكەچلەپ تۇرۇپ:

— يەڭگە، چېچىڭىزغا قانداق خۇش پۇراق ماي ئىشلىتىسىز؟ — دەپ سورىدىڭ.

ئۇنىڭ سوغۇق كۈلكىسىنى ئاڭلايسەن. كۆز ئالدىڭ سېرىق رەڭدە، سەن داكىدىن ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆرۈشكە تىرىشىسەن. ئۇ:

— كۆزىڭىزنى ئاچماڭ، مەن بۇرۇنلا دېگەن، ھامان بىر كۈنى قانغۇچە كۆرىۋالىسىز.

سەن كۆزۈڭنى يۇمدۇڭ، سېرىق رەڭلەر كۆز ئالدىڭدىن ئوخشاشلا لەيلەپ ئۆتتى.

— خوتۇن ئارىسى بولۇپ قالغاندا، چېچىمغا يەنە قانداق ماي ئىشلىتەتتىم. تۇ شاۋيىڭ چېچىغا خۇش پۇراق ماي سۈرەمدۇ، ئۇ گۈزەل رۇس ئايالمۇ؟

ئۇنىڭ گېپىدە سەل بىنورمال كەيپىيات بار، سەن تەكرار - تەكرار ئويلاندىڭ.

— ئاغزىڭىزنى ئېچىڭ! — دېدى ئۇ، — توخۇ شورپىسى ئىچىڭ. چىنە قوشۇق ئاغزىڭىزغا تېگىدۇ. توخۇ شورپىسى بەك تەملىك.

ئىككىنچى قېتىم توخۇ شورپىسى ئىچكەن چاغ كەچقۇرۇن ئىدى. يۈزۈڭ داكا بىلەن تېڭىقلىق، چىراغنىڭ كۆزنى قاماشتۇرۇۋېتىدىغان نۇرىنى سەنمۇ ھېس قىلالىتىڭ. ئۇ چىنە قوشۇقنى ئاغزىڭغا يېقىن ئەكەلگەندە، بىرسىنىڭ چىشىنى غىچىرلىتىپ ھاسىرىغان ئاۋازى، يولۋاس بىلەن شىرنىڭ سېيسقچىلىقتا ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭ.

سەن تاماق ۋاقتىغا ئىنتىزار بولاتتىڭ. سەل ھەسرەت ئارىلاشقان ئاشۇ شېرىن دەقىقىگە ئىنتىزار ئىدىڭ. بۇ دەقىقە تولىمۇ قىسقا، قالغان ۋاقىت ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. مومىدىن پۈتكەن ساھىبجامال غەلىتە خىرقىراپ ياتاتتى خۇددى سېنى چاقىرىۋاتقاندەك. تۇشاۋىڭنىڭ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان يىغا ئاۋازى كېلەتتى. ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان يىغا ئاۋازىمۇ ساڭا مۇناسىۋەتلىك. تۈنۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال 8- ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى، ياچېيكا شۇجىسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىڭنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلدىڭ. ئۇلارنىڭ خوتۇنۇڭ بىلەن سەن ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى توغرۇلۇق ئارىلاپ - ئارىلاپ قىلىشقان پارىڭىنى ئاڭلىدىڭ. تۇشاۋىڭ:

— ئۇنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشىمغا ئىمكان بېرىڭلار! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ھۆسن تۈزىگۈچى سېنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. سەن كارىۋاتتا تۈپتۈز ئولتۇردۇڭ. ئەتىراپ جىمجىت. مومىدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ خورىكى تەكشى ھەم بوش ئىدى. ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ تىنىقىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك خۇشبۇي پۇراقنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. ئۇ

يۇمشاق قوللىرىنى ئايلاندۇرۇپ بىشىڭنىڭ كەينىگە ئەكەلدى، داكىنىڭ تۇگۇچى شۇ يەردە ئىدى. بىز بۇرۇنلا قاراپ تۇرغاندۇق، يىگى چىراي دۇنياغا كەلگەن مۇقەددەس پەيتنى كۈتۈۋېلىش، دىنىي مۇراسىم خاراكتېرىنى ئالغان تەنتەنىلىك پەيتكە پاراكەندىچىلىك يېتىپ قالماسلىق، مۇتلەق جىمجىتلىقنى ساقلاش، ھاياجاندا «دۇكۇلدەپ» سوقۇپ كېتىۋاتقان يۈرەكنىڭ ئاۋازى بىلەن تومۇرلاردا بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان قانلارنىڭ ئاۋازى تەڭكەش قىلىنىدىغان بىردىنبىر مۇزىكا ئورنىدا خاتىرجەم ئىشلىتىش ئۈچۈن، ھۆسن تۇزىگۇچى مومدىن پۈتكەن ھەسەتخور ساھىبجامالنىڭ ئاغزىغا ئۈچ تال ئۈيقۇ دورىسى سېلىپ قويدى. ناۋادا يەنە ئۈچ تالنى قوشۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ قەستەن قاتىللىق قىلماقچى بولغان دېگەن گۇمانغا قالغان بولاتتى. ھۆسن تۇزىگۇچى ئەپچىل بارماقلىرى بىلەن داكىنىڭ تۇگۇچىنى يەشتى. بارماقلىرىنى كۆز ئالدىڭدا يەنە ئايلاندۇرۇپ، پەسكە چۈشۈردى، ئاندىن ئۈستىگە كۆتۈردى. ھەرىكەت رىتىمى ئېنىق، نەپىس ئىدى. كۆز ئالدىڭغا ئاناڭ توقۇۋاتقان رەختتىن پىلە غوزىكىدىكى تالانى ئېلىپ تاشلىغان چاغدىكى مەنزىرە كەلدى. بېشىڭ بارا - بارا كىچىكلىدى. يۈرەك سوقۇشۇڭنىڭ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭ؛ تومۇرلىرىڭدىكى قان ئۈچقاندەك ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇ سېنىڭ يۈرەك سوقۇشۇڭنى ئاڭلىدى. يۈرىكىڭنىڭ سۇ پومپىسىدەك كېڭىيىپ - تارىيىۋاتقانلىقىنى كۆردى. داكا ئېلىنىۋاتقان شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ مەۋج ئۇرۇۋاتقان كاللىسىنىڭ ئاقۇچ قېتىقىنى كۆردۈم، بىغىر رەڭ مۇشۇ ماددىلارنىڭ ئارىسىغا سەرەڭگە قېپىچىلىك بىر كۆك ئېكران يوشۇرۇنغانىدى. ئېكراندا بىر قۇر، بىر قۇر خەتلەر زاھىر بولدى.

سېنىڭ ئىدىيەڭنى كۆردۈم.

كۆكۈچ ئېكرانىڭدا «تەڭرىگە شۈكرى» دېگەن خەت

سەكرەيتتى. «مۆۋەپپەقىيەتلىك بولغاي» دېگەن خەت چاقناپ تۇراتتى. «تەڭرىم، يېڭىش ـ يېڭىلىش دائىملىق ئىش» دېگەن خەتلەر ئېكراندا تەكرار ـ تەكرار كۆرۈنەتتى.

قولىڭىز تىترەيتتى. كۈچلۈك نۇر ئەڭ ئاخىرقى بىر قەۋەت داكىنى — قاپىقىڭنى تېشىپ ئۆتتى. تولغان قىزغۇچ بەدىنىڭىزنى كۆردۈم، ئىچ باغرىڭىز ئەكسىچە تۇتۇقلىشىپ كەتتى. ئاخىرقى ھەرىكەتلەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن قىلىندى. ئۇنىڭ تىنىقىمۇ توختاپ قالغانىدى. مومىدىن پۈتكەن ساھىبجامال خورەك تارتىۋاتاتتى. شىر بىلەن يولۋاس ھۆركىرەۋاتاتتى. 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ھويلىسىدىكى سۆگەت دەرىخىدە تومۇزغا چىرىلدايتتى. ئاخىرقى بىر يىپ ئېلىۋېتىلدى، سالقىن شامالنىڭ يۈزۈڭگە ئۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلدىڭ. بۇ راھەتلىنەرلىك ھەم ھەيران قالارلىق تۇيغۇ ئىدى. ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ كاللىسىدىكى ھېلىقى كۆكۈچ ئېكراندا شادلىق ۋە خۇشاللىق مەنە ئىپادىلەنگەن بىر قاتار سۆزلەر ئوقتەك دوملاپ چىقىۋاتاتتى. سەن كۆرۈپ تۇراتتىڭ.

سىنىڭ قارىشىڭچە، ئۇنىڭ كەيپىياتى سەل چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

يۈزۈڭنىڭ تىرىسى يېڭىلا قاسراق تاشلىغان سارغۇچ تومۇزغىنىڭ تېرىسىدەك ناھايىتى يۇمران بىلىندى.

— سىز...... كۆزىڭىزنى ئېچىڭ...... — ھۆسن تۈزىگۈچى ئەڭ تۆۋەن ئاۋازدا شۇنداق دېدى. يېلىنغان تەلەپپۇزدىكى بۇ بۇيرۇقنى ئۇ ئاڭلىدى دېگەندىن كۆرە، يۈزىنىڭ يۇمران تېرىسىگە ئۇرۇلغان تىنىقى ئارقىلىق ھېس قىلدى، شۇ تىنىقتا ئاساسەن گېپىنى پەرقلەندۈردى، تېنىق ئۇنىڭغا يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن يۈزىنىڭ ئىنتايىن سەزگۈر ھەم ئاجايىپ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇ بىباھا گۆھەر، بۇ بىباھا گۆھەرنى قوغداش — باش تارتقىلى بولمايدىغان مەڭگۈلۈك ۋەزىپەڭ.

يۈرىكى سېنى كۆزۈڭنى ئېچىشقا ئۈندىمەكتە ئىدى. داكا ئېلىۋېتىلدى. ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ ئىچ - باغرى ۋە تومۇرلىرىدا ئايلىنىپ ئېقىۋاتقان قانلارنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مەنزىرىسى غۇۋالاشتى. ئالدىڭدا ئۇنىڭ تېنى، مايسىدەك بۇرۇت چىققان لېۋى، پۈتۈن بەدىنىنى بېسىپ كەتكەن ساپسېرىق يۇمران تۈك، يۈزۈڭگە قارىتىپ چوقچايتقان ئۆپكىدەك ئاپئاق كاسىسى تۇراتتى. تېخى يېقىندىلا مەن ئاتوم بومبىسى پارتلىغان چاغدىكى مەنزىرىنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن تەسۋىرلەپ ئۇلارغا:

— غايەت زور بىر ئوت شارى ئەتراپقا نۇر چېچىپ ئاستا كۆتۈرۈلدى، ئەمما يېڭى كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان قۇياشقا ئوخشمايتتى، دېگەنىدىم دېدى.

— سىز...... كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىز بولىدۇ...... — ھۆسن تۈزىگۈچى ماڭا شۇنداق دېدى. لېكىن، شۇ دەقىقىدە مەن نېمىشقا كۆزۈمنى ئاچمىغۇدەكمەن؟ فىزىكا مۇئەللىمى خېلى زامانلارغىچە مۇشۇ مەسىلىنى يەشمەكچى بولۇپ يۈردى. نېمىشقا جاھىللىق قىلىپ كۆزۈمنى ئېچىشنى خالىمىدىم؟ كۆزۈمنى ئاچقان ھامان، بىرنەرسەمنى يىتتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن ئوخشمامدىم؟ شۇنداق، مەيلى ئوققادەك ئاپئاق بولسۇن، كاسا ئادەمنىڭ يۈزىنىڭ، كونا ئەسلىمىلەرنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

— مېنىڭچە...... مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى...... ئۆتۈنۈپ قالاي، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ...... — دېدى ھۆسن تۈزىگۈچى ئۆتۈنۈش ئارىلاش، — نېمىدىن قورقىسىز؟ كۆزىنى ئۇزاق ۋاقىت ئاچمىغان ئادەم يورۇقلۇقتىن ئەڭ قورقىدۇ، سىزنى چۈشىنىمەن. بىراق، كونىلاردا: «دۇفۇ تەييار بولسا ئاچقىپ ساتىسەن؛ بالىلىق بولساڭ ئەلۋەتتە باقىسەن؛ ئۆيگە كىرگەن يېڭى كېلىن قېيىنئاتا ۋە قېيىنئانىدىن كۆرىدۇ؛ لەگلەك تەييار بولسا ئۇچۇرىسەن» دېگەن گەپلەر بار. كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!

كۆزۈمنى ئاچماسلىقتا ھېچقانداق باھانە - سەۋەب قالمىدى. تونۇش ھەم ناتونۇش بىر ئايالنىڭ يىغا ئاۋازى تامدىن ئۆتۈپ قۇلاق پەردەمنى لەرزىگە سالاتتى. شۇنداق، ھۆسن تۈزگۈچى كونىلارنىڭ مۇنداق بىر ئېغىز گېپىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. «بىر بولسا ئامەت، بىر بولسا ئاپەت، ئاپەت بولسا قېچىپ كېتەلمەيسەن».

فىزىكا مۇئەللىمى بىرەر قەھرىماننىڭ ياكى بىرەر ئۇلۇغ ئادەمنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقان تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ ئاستا بېسىلغان قەدىمىگە ئوخشاش كۆزىنى ئاستا ئاچتى. كۆزىنى ئاستا ئېچىۋېتىپ: ئۈستۈنكى قاپىقىنىڭ قىسقىرىپ، كۆزىنىڭ يوغىناپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كۆزىنىڭ قارىچۇقىنى داۋاملىق يېپىپ تۇرىدىغان ئۈستۈنكى قاپىقى شۇ تاپتا ھاۋانىڭ ھەم يورۇقلۇقنىڭ تەسىرىنى سېزىپ تۇراتتى. كونىلاردا: «كۆزىنىڭ قارىچۇقىغا ئۇششۇك يارىسى چىقماس» دەيدىغان گەپ بار. ئەمما، كۆزىنىڭ قارىچۇقى سوغۇقنى ھېس قىلالايدۇ.

كۈچلۈك يورۇقلۇق ھۆسن تۈزگۈچىنىڭ ۋۇجۇدىدا بەرق ئۇرۇپ، قىلىقسىزلىق ئەكس ئەتكەن مايسىدەك بۇرۇتى لىكىلداپ تۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا مەڭگۈ چاڭ - توزان قونمايدىغان ئاق خالات كىيگەن ھالەتتە ئىدى. خالىتىنىڭ ئالدىغا «گۈزەل دۇنيا» دېگەن قىزىل خەت چوڭ قىلىپ بېسىلغانىدى. ئۇ بىر قەدەم كەينىگە چېكىندى، مايسىدەك بۇرۇتى ئاستىدىن ئىنچىكە سادا كەلدى. «پاھ»، «ئوھۇي» دېگەن سۆزلەرگە تەقلىد قىلغىلى بولاتتى. بۇ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم خۇشاللىقىدا ئىختىيارسىز توۋلاپ سالغان چاقىرىق، كېيىن ئۇ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن لېۋىنى سۈرتتى، شۆلگەي قولىنىڭ دۈمبىسىدىكى ئۈگىلەرنى ھۆل قىلىۋەتتى. قولىنىڭ دۈمبىسىنى چىشلىشكە ئەگىشىپ

تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرى قولىنىڭ دۈمبىسىگە تامچىلىدى.

— مۇۋەپپەقىيەتلىك بوپتۇ، فاك...... ياق...... سىز مېنىڭ ئېرىمنىڭ سىياقىدا، لېكىن بەدىنىڭىز فاك مۇئەللىمنىڭ بەدىنى، سىزنى قانداق چاقىرسام ياخشى بولىدىكىن؟— ئۇ ئۇسسۇل ئويىنىغاندەك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىلجىرلاپ كەتتى. ئۇ سېنى ئاشخانا ئۆيىدىن سۆرەپ ئاچىقىپ، ئۇزاق يىل تامغا تاقاپ قويۇلغان پارقىراق كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىشىگە سىرلىق تۇيغۇلارنى ئەسلىتىدىغان ئېللىپىس شەكىللىك ئەينەك، ئەينەكنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ ئۈستىدە بىر سۇمۇرغنىڭ قاپارتما تەسۋىرى تۇراتتى. قاپارتما تەسۋىر ئەينەكنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزمىگەنىدى. ئەسلىدە رەڭگى توق قىزىل بولغان، هازىر قارامتۇل رەڭگە كىرىپ قالغان قاپارتما تەسۋىردە سىياهدان چوڭلۇقىدىكى كىچىك ئەينەك ئېسىلغان. ئەينەككە هۆسن تۈزىگۈچى بىلەن فىزىكا مۇئەللىمنىڭ تويلۇق سۈرىتى ئېلىنغانىدى. هۆسن تۈزىگۈچى چىرايلىق، لېكىن تۇرقىدىن تەشۋىش ئەكس ئەتكەن. ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالغان چاغدىكى كۆرۈنۈش، ئانارگۈل ۋە ئوتتۇرا بارماق بىلەن نامسىز بارماق ئارىلىقىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرغان قىپقىزىل ئەمچەك تۇپچىسىغا ئوخشاش سىمۇول خاراكتېرلىك قىزىل جىسىم، سىمۇول خاراكتېرلىك كۆرۈنۈشلەر. بۇ كۆرۈنۈشلەر هېلىمۇ هۆسن تۈزىگۈچىنىڭ كاللىسىدا قايتا - قايتا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. فىزىكا مۇئەللىممۇ كېلىشكەنىدى، چېچى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىلغان، پارقىراق، قۇلاقلىرى چۆچۈپ كەتكەن توشقان سىياق هايۋانلارنىڭ قۇلاقلىرىدەك تىك ئىدى. ئۇ سېنى ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى ۋە هاياجان بىلەن:

— ئۆزىڭىز كۆرۈڭ، بەك چىرايلىق بوپ كەتتىڭىز! — دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئەينەككە قورقۇمسىراپ قاراپ، بېشىغا كالتەك تەگكەندەك كۆز ئالدىدا ئوت چاقناپ، قۇلاقلىرىنىڭ ئىچى ۋاڭشىپ پۈتۈن ئەزايى تۇرۇپلا مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك، تۇرۇپلا ئۆتكەن قېتىم ئەينەككە قارىغۇچە بولغان ئارىلىقتا كۆرۈلگەن سىزىم داۋام قىلىۋاتقاندەك ئالامەت يۈز بەردى: شۇ چاغدا دووسۇنى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. بۇ نېرۋا خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشنىڭ ئالامىتى ئىدى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئەينەكتىن نېمىنى كۆردى؟ ئۇ دېمىسىمۇ بىز بىلمىمىز. بىز ناھايىتى خاتىرجەم. بايان قىلغۇچى بىلەن بايان قىلغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ بىر تۈرلۈك ئىللىتى بارلىقىنى ھېس قىلدۇق. بۇ تۈرلۈك ئىللەت: ھەيران قالماق، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆز چىرايىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە جاڭ چىچيۈنىڭ چىراي قىياپىتىگە كىرگەنلىكىنى فاڭ فۇگۈي ئوچۇق بىلەتتى. يوغان كۆزنىڭ كىچىك كۆزدىن چىرايلىق ئىكەنلىكى؛ تارتۇق بار بۇرۇننىڭ تارتۇق يوق بۇرۇندىن كىشىنى بەكرەك جەلپ قىلىدىغانلىقىنى، كەمتۈكلۈكنىڭ گۈزەللىك ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىزمۇ بىلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىياپەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئارقىلىق فاڭ فۇگۈي سەلتەنەتكە ئېرىشتى. كونىلار: «ھاياتلىق قىممەتلىك» دەيدۇ. سەن خۇنۈك قىياپىتىڭنى كېلىشكەن قىياپەتكە ئۆزگەرتىپ قىممەتلىك ھاياتقا ئېرىشتىڭ. «مۇھەببەت تېخىمۇ قىممەتلىك» دەيدۇ كونىلار. سەن خۇنۈكلۈكنى قۇربان قىلىپ بىر ئايال بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغان ھوقۇققا سازاۋەر بولدۇڭ. گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرۈلدى. توي قىلىش يولىدا ئالتۇن زىخچە تېپىۋالدىڭ — خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق — بەخت ئۈستىگە بەخت — ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسى سەپ تارتىپ فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ بېشىغا قوندى. سەن نېمىشقا قايغۇلۇق قىياپەتكە كىرىۋالىسەن؟ پۈتۈن ئەزايىڭ مۇزلاپ

كەتسە نېمە بوپتۇ؟ دوۋسۇنۇڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتسە نېمە بوپتۇ؟ مەنپەئەتكە ئېرىشكەنلىكىڭنى ياۋاشلىقىڭدىن كۆرسەڭ بولامدۇ؟

بۇ قەپەسنى ئۆزىمىز داۋاملىق توقۇۋېرىمىز. قەپەستىكى ئادەمنى ئۇيقۇ باسقان، كالپۇكىنىڭ چۆرىسىگە چاپلاشقان بورنىنىڭ ئۇۋاقلىرى مايسىدەك بۇرۇتقا ئوخشايدۇ. سەن ئېللىپس شەكىللىك ئەينەكتىن پوستى سويۇۋېتىلگەن پىششىق تۇخۇمغا ئوخشاش يېپىپىكى چىراينى كۆردۇڭ. تەشۇشنىڭ پەللىسىگە يەتتى — تەشۇشنىڭ جىنسىيەت بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق — بۇ مەنمۇ؟ بۇ ئۇ شۇمۇ؟ مەن كىم؟— بۇ ياش يۈزنىڭ قېرىغان بەدەنگە ئورنىتىلىشى زادىلا ماس كەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى، مەڭگۈ ئىللىق، ھەتتا تومۇز ئىسسىق مەزگىلىدە، باش قەھرىمانىنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا تېنىنى بىرگە كۆرسىتىشى ئاسانراق ئىدى. شۇڭا، فىزىكا مۇئەللىمى نېپىز كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلەكنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى تۈگمىسىنى ئەتمىگەن. ئاستىدىكى تۈگمىسى نەچچە كۈندىن بۇيانقى سەرسانچىلىقتا ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئېللىپس شەكىللىك ئەينەكتە قورۇق يوق، پارقىراق، نەمخۇش، ياش ھەم كېلىشكەن بىر چىراي كۆرۈنۈپلا قالماي، پۈتۈنلەي ئەمەس (ئوپېراتسىيەدىن ئاۋۋال ھۆسن تۈزىگۈچى ئۇنى مۇنچىغا چۈشۈرگەنىدى، ئەمما ئادەملەر چاڭ - توزانىنى جەلپ قىلىدىغان نەرسىلەرگە ئامراق)، كىر باسقان، بۇغدىيىكى يوغان، قان تومۇرى (بويۇن تومۇرى) كۆپكۆك، قورۇقلار گىرەلىشىپ كەتكەن بويۇنمۇ تەڭلا كۆرۈندى. ئاشۇ چىرايلىق يۈزدە قوش قاپاق، يوغان كۆز، بۇرۇنىنىڭ ئۈستىدە كۆك تارتۇق، يوغان بولسىمۇ، كىشىنى ھەقىقەتەن زوقلاندۇرىدىغان ئېغىز بار ئىدى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئۆزىنى ئەينەكتىن ئېپ قاچتى، كاتەكتەك تار بۇ ئۆيدە تۇرغۇسى يوق ئىدى، مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ لاپىسىغا كىرىشنىمۇ خالىمايتتى — ئۇيقۇ دورىسى ئۇنى ئۇخلىتىپ

قويغان بىلەن جۆيلۈشىگە، چىشلىرىنى غىچىرلىتىشغا چەك قويالمايتتى — داچيۇ بىلەن شاۋچيۇنىڭ ئۆڭكۈرىگە ئەسلا كىرەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى، يەنە بىرى تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى دەخلىسىز، دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايتتى. چوڭ كوچىغا چىقىپ كېتىش كېرەكمۇ؟ ئوتتۇرا مەكتەپكە كېتىپ قالسۇنمۇ؟ ئۇنىڭدا بۇنداق جاسارەت يوق ئىدى. ئاشۇ ئۆيگە قېچىپ كىرىپ ئارام ئالماي ئامال يوق ئىدى. ھېلىقى ئۇزۇن داكا ئاشخانا ئۆيدىن ئېلىپس شەكىللىك ئەينەكنىڭ ئالدىغىچە سوزۇلۇپ يەردە ياتاتتى. بايام ھۆسن تۈزىگۈچى سۆرەپ يۈرگەنىدى. داكا ئاشخانا ئۆي بىلەن ياتاق ئۆي ئارىلىقىدا تاق ئالاقە لىنىيەسى ھاسىل قىلغانىدى. شۇ كۈنى، خۇددى چۈشىدە كۆرگەنىدەك تۇيۇلغان ئاق چىنە تاۋاق، كۆكۈچ ئىسپىرت، ئىسپىرتقا چىلاپ قويۇلغان بىغىر رەڭ پىچاق، قايچا، ئامبۇر، موچىن، ناركوز سۇيۇقلۇقى قاچىلانغان ئوكۇل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆزدىن غايىب بولغانىدى. شۇ تاپتا ئاشخانا ئۆينى قانداقمۇ ئوپېراتسىيە بۆلۈمى دېگىلى بولسۇن؟ گۆش توغرايدىغان ئەمبەلدە ئىككى پىچاق تۇراتتى. ئۇن خالتىسىدا ئۇن، گۈرۈچ خالتىسىدا گۈرۈچ بار ئىدى. پوم كۆمۈر قالايدىغان ئوچاقنىڭ ئاغزى ئېتىك ئىدى. مۇشۇ بىر پارچە تاختايدا غىچىرلىغان ئاۋاز بىلەن چۈش كۆرۈۋېتىپ قىلىشقان پاراڭغا ئالاقىدار نەرسە يەنە بىر قېتىم كۆرۈلدى. يېقىملىق بىر ئاۋاز كاللاڭنىڭ ئۈستىدىن ساڭا:

— غىچىرلىمايدىغان كارىۋات يوق، قورقماڭ، بۇ كارىۋات ئىككى ئادەمنى كۆتۈرەلەيدۇ، — دېگەنىدى.

ھۆسن تۈزىگۈچى داكىنى ئوراپ خۇددى ئىتنىڭ بوينىدىكى ئارقاننى بويلاپ ماڭسا ھامان ئىتنى تېپىۋالىدىغاندەك ئاشخانا

ئۆيگە كىردى. شاپتۇل چېچەكدەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايى ساڭا: «مەن بەك خۇشال! مەن بەك زوقلىنىپ كېتىۋاتىمەن» دەۋاتاتتى.

ئۇ بىر ئورام داكىنى تۇتۇپ ئالدىڭدا خۇشال ھەم زوق - شوق بىلەن:

— مەن بەك خۇشال! مەن بەك زوقلىنىپ كېتىۋاتىمەن! — دېدى.

كېيىن ئۇ ساڭا، مۇشۇنداق ناچار شارائىتتا ئوپېراتسىيەنىڭ مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، دەپ ئويلىمىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىنمۇ ياخشى بولغانلىقىنى ئېيتتى. يۈز تېرىسى يەنىلا سەل يۇمران، شامالغا ھەم ئاپتاپقا چىدىمايتتى، ئەمما مەسىلە چوڭ ئەمەس، كونىلاردا: «قاسراق شامالنى كۆرسە قېتىۋالىدۇ» دەيدىغان گەپ بار.

— ئەمما، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى قانداق ئاتىسام ياخشى بولىدىكىن؟ — دېدى ھۆسىن تۈزىگۈچى ئوڭايسىزلانغان ھالدا قولىنى ئىشقىلاپ، — فاڭ مۇئەللىم دەي دېسەم، چىرايىڭىز فاڭ مۇئەللىمنىڭ چىرايى ئەمەس؛ جاڭ چىچيۇ دەي دېسەم، بەدىنىڭىز جاڭ چىچيۇنىڭ بەدىنى ئەمەس.

ئىشنىڭ تەسلىكىنى ئۆزۈڭمۇ ھېس قىلدىڭ. بۇنىڭدىن ئۇزاق يىللار ئالدىدىكى توپ ئوقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس - تۈتەك قاپلىغان دالا، ئالىي مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا تۇ شاۋيىڭغا قىلىنغان ھۇجۇم، دەرس مۇنبىرىدە يېرىلغان پېشانە، دەپىنە ئىدارىسىدىكى جەسەت ساقلايدىغان مۇزلاتقۇ، ھاڭ ئازگىلىدىكى جاپالىق تىرمىشىش، ھۆسىن تۈزىگۈچىنىڭ ئۆيىكىدەك ئاپئاق كاسىسى، يۈز تېرىسىدە ھازىرغىچە رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان ناركوز...... ئەجەبا دۇنيادا مۇشۇنداق پەلپەتىش ئىشلار راستتىنلا يۈز بەردىمۇ؟ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۆلدى،

ئۇ دەپىنە ئىدارىسىدىن قېچىپ چىقتى، يولدا ھاك ئازگىللىغا چۈشۈپ كەتتى. ھاك ئازگىلىدىن يامىشىپ چىقىپ خىزمەتدىشىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئەخمەقلىق قىلىپ چىراي قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكىنى نېمىسى؟

فىزىكا مۇئەللىمى تىلىنىڭ ئۇچىنى چىشلىدى، تىلىنىڭ ئۇچى ئۇنىڭغا: «بۇ چۈش ئەمەس!» دېدى. ئۇ يۈرىكى جايلاشقان ئورۇننى سىلىدى. يۈرىكى ئۇنىڭغا: «راست» دېدى. سەندە بىردىنلا ئەخلاقىقا زىت كېلىدىغان بېكىتىش ئۇسۇلى پەيدا بولدى: سەن ئالدىڭدا تۇرغان ھۆسن تۈزىگۈچىنى سۆيمەكچى بولدۇڭ، مۇشۇ پائالىيەتتىن راھەتلەنسەڭ، بۇ فاك فۇگۇي ئىسىملىك بىر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەنىلا مەۋجۇت، پەقەتلا سىياقىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىدى. خۇددى بىرىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىلىۋاتقان ئادەمدەك، سەن كەينىڭدىن كېلىۋاتقان غايەت زور تەھدىتنى ھېس قىلدىڭ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مايسىدەك بۇرۇتى بار لەۋلىرى سېنى ئۆزگە تارتىپ مىدىرلىدى. ئۇ قوپاللىق بىلەن ھۆسن تۈزىگۈچىنى بېلىدىن قۇچاقلىدى. ھۆسن تۈزىگۈچى لەۋلىرىنى ئۈچلاپ:

— تۇ شاۋېيك كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

سەن يا ئوقىدەك ئەسلىي ئورنۇڭغا قايتتىڭ. ئاجايىپ خىجىل بولۇپ كەتتىڭ. سەن شۇ تاپتا چىراي قىياپىتىڭنى ئۆزگەرتكەنلىكىڭنى ئۇنتۇغانىدىڭ. ئەخلاق سوتى سوت ئاچتى: شۇمۇ قىلىقمۇ؟ سەندە مۇشۇنداق رەزىل نىيەت پەيدا بولدى، جاپاكەش خوتۇنۇڭغا يۈز كېلەلەمسەن؟ ئۆزۈڭ بىلەن بىر ئىشخانىدا خىزمەت قىلىدىغان جاك مۇئەللىمگە يۈز كېلەلەمسەن؟ «دوستۇڭنىڭ ئايالىغا چېقىلما» كونىلار شۇنداق دەيدۇ.

سەن بەك قورۇنۇپ كەتتىڭ، يۈزۈڭنىڭ تېرىسىدىن تەر ئاقاتتى. ھۆسن تۈزىگۈچى ئالدىڭغا كەلدى- دە، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— يۈزىڭىز ئېرىمنىڭ يۈزىگە ئوخشايدۇ، ئەمما كۆڭلىڭىز تۇ شاۋىيىڭغا باغلانغان، — ئۇ يۈزۈڭنى ئالقىنىغا ئېلىپ، يۈزۈڭگە خۇددى بىر پارچە قاشتاشقا قارىغاندەك قارىدى، — قارىسىغا ھاياجانلانماڭ. مۇقىم بىر مەزگىل بولىدۇ. يىغلاش، كۈلۈش ۋە يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشلەر يۈزىڭىزنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، — دېدى.

كۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتتىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنىڭ 18 ياشلىق بالىغا بىلدۈرۈۋاتقان مېھرىبانلىقى ئەكس ئېتەتتى.

— سىزنى سۆيۈپ قوياي، — دېدى ئۇ.

يۇمشاپ، ئىسكەتىنى يوقىتىپ قويغان لېۋى بىلەن مەڭزىڭنى يالاپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدىڭ، ئاندىن يەنە لېۋىنى ئاۋۋال سول كۆزۈڭگە، ئاندىن ئوڭ كۆزۈڭگە يەڭگىل تەگكۈزدى، بۇرنۇڭنىڭ ئۇچىنى يالىدى؛ ئاخىرىدا، لېۋى ئاستا لېۋىڭگە تەگدى. لېۋىدىن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، ئىشتەينى ئېچىۋېتىدىغان لازا بىلەن قورۇلغان توخۇ قورۇمىسىنىڭ ھىدى كېلەتتى. فىزىكا مۇئەللىمى توخۇ قورۇمىسىنىڭ ھىدىنى تەقەززالىق بىلەن سۈمۈرۈش ئۈچۈن ئاغزىنى يوغان ئېچىۋىدى، جاۋغىيىنىڭ مىدىرلاپ كېتىشىدىن ناركوزنىڭ كۈچى ئاساسىي جەھەتتىن كېتىپ قالغان قوۋۇزلىرى زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى.

مۇشۇ پاراگراف تۈگەش ئالدىدا، ھۆسن تۈزىگۈچى فىزىكا مۇئەللىمنى ئىككىنچى قېتىم سۆرەپ قەدىمىي كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىنغان ئېلىلىپىس شەكىللىك ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئەينەكتىن بۇ يېڭى يۈزگە مۇنداقلا ئەمەس، بەلكى

ئەستايىدىل قاراش كىرەكلىكىنى ئەسكەرتتى. ئىبلىس شەكىللىك ئەينەكنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئېسىپ قويۇلغان تويلۇق سۈرەتكە قاراپ تەقلىد قىلىنغان چىراي بىلەن ئەسلىي چىراينىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى تېپىپ چىقىشنى ئۈمىد قىلدى. پەرق بايقالسا شۇ زامان ئوڭشايتتى. بۇنداق رىئاللىققا توغرا قارىشىڭ زۆرۈر: بىر جۈپ قوش قاپاق، يوغان كۆز، تارتۇق چۈشكەن بۇرۇن ۋە چىرايلىق ئىغىز بىلەن يېڭى يۈزنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىر تۈركۈم كونا ئەسلىمىلەرنى دەپنە قىلىۋېتىدۇ. بەزىلىرى دەپنە قىلىنىۋاتقان بولىدۇ، دەپنە قىلىنماي قالغانلىرى لوڭقىدىكى گۈلگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھازىرچە ئېچىلىپ تۇرغان بىلەن كۆز ئالدىڭدا سولىشىپ قۇرۇپ كېتىدۇ. تۇ شاۋىيلىڭ ياندىكى ئۆيدە يەنە ئۆكسۈپ يىغلىدى. پۇشايمانغا ئوخشاپ كېتىدىغان سىېزىم تامقىنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ يۇقىرىلاۋاتاتتى.

— پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟— دەپ سورىدى ھۆسن تۈزىگۈچى ئاستا.

چىرايىدىن كۈلكە يىغىپ تۇرسىمۇ، لېكىن سەن ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئاجىز ھەسەت بىلەن ھېسداشلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان مەسخىرىنى كۆرۈپ يەتتىڭ. ئۇ:

— كونىلاردا: «كېپىنەك مىجەزلىك ئادەم بولما...... كۆكۈلنى ئىككىگە بۆلمە» دېگەن گەپلەر بار،— دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ قىپقىزىل ئەخمەق ئىكەنلىكىنى، لېكىن پۇشايمان قىلغان بىلەن ئەمدى ئۆلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى سەزدى.

## 4

ئۇ خوتۇنى، ئوغلى ۋە قىزى بىلەن جەم بولۇش ھوقۇقىنى

قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سىياقنى ئۆزگەرتكەنىدى؛ سىياقنى ئۆزگەرتكەن ھامان بۇ ھوقۇق خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كەلدى.

ھۆسن تۈزگۈچى غىدىك ـ پىدىك قىلىشقا قارىماي كىيىمىنى سالدۇرۇۋەتتى. بايان قىلغۇچى بۇنداق ئىشلارنى تەسۋىرلەۋېتىپ ھەمىشە ئاسان ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قوياتتى: ئەرلەرنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇشقا ئامراق ئايال زادى قانداق ئايال؟ ھۆسن تۈزگۈچىنىڭ يامان نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردۇق، ئاندىن ئۇ ئىشكاپتىن 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى جاڭ چىچيۇنىڭ ئۈچىسىدىكىگە ئوپمۇئوخشاش ماش رەڭ فورمىنى ئالدى. سەن ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقاندەك ياكى ئاخىرقى پوزىتسىيەنى جاھىللىق بىلەن ساقلاۋاتقان مەغلۇپ بولغان ئەسكەردەك قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى ئىتتەردىڭ. ھۆسن تۈزگۈچى قوشنىسى تۇشاۋېيگنىڭ زېمىنغا تاجاۋۇز قىلىۋاتاتتى. تاجاۋۇزچى جۇشقۇن، تاجاۋۇز قىلىنغۇچى ئاجىز ھەم زەئىپ بولىدۇ، نەتىجىنىڭ شۇنداق بولۇشى مۇقەررەر: فىزىكا مۇئەللىمى قېلىن فورمىنى كىيىپ قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان پوچتىكەشكە ئوخشاپ قالدى. فىزىكا مۇئەللىمى ئۈچىنچى قېتىم ئەينەك ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭغا ئاسمان ـ زېمىن چۆرگىلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ گەپ قىلالماي قالدى.

ھۆسن تۈزگۈچى ئۇنى ئاشخانا ئۆيدىكى ھېلىقى چاتاق بار كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇردى. كۆزنى يۇمۇپ ئارام ئېلىشنى تاپىلىدى، كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇ قولىغا تېز تىنچلاندۇرىدىغان ئىككى ئاق تابلېتكىنى ئېلىپ، مۇشۇ دورىنى يېسە، ئۈچ مىنۇتتىلا قاتتىق ئۇخلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق ئۇقتۇردى. ھۆسن تۈزگۈچىنىڭ گېپىگە قارشى تۇرغىلى بولمايتتى. فىزىكا مۇئەللىمى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاغزىنى ئاچتى.

چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت قىسقا، زاۋال بولۇشى بىلەن تەڭ

كوچا چىراغلىرى يېنىپ كەتتى، جاڭ چىچيۇ بىلەن داچيۇ ۋە شاۋچيۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىشىكتىن كىردى. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىۋاتقاندا (ئۇلار ئاتا - بالا بولسىمۇ، يۈز كۆرۈشكەندە سالام قىلىشمايتتى)، ئىككى تال تېز تىنچلاندۇرۇش تابلېتكىسى بىلەن تۆت تال ئۇيقۇ دورىسى يېگەن فاڭ فۇگۇي ئويغىنىپ كەتكەندى. ئاشخانا ئۆي بىلەن مومدىن پۈتكەن ساھىبجامال ياتقان لاپاس تۇتاش ئىدى. ئارىسىنى ئۈچ مىللىمېتىرلىق بىر قەۋەت كارتون قەغەز ئايرىپ تۇراتتى. فىزىكا مۇئەللىمى ئۆرۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈردى، كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى، بۇ چاغدا مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ غەزەپلىك ھۆركىرىشى ئاڭلاندى، ئۇنىڭدىن باشقا، داچيۇ بىلەن شاۋچيۇ يۇقىرى ئاۋازدا قورساق جېدىلى قىلىۋاتاتتى. ئۇ شۇ ھامان ئۇخلاش ئالدىدىكى جەريانىنى ئەسلىدى، ئەمما سەن بۇ ئىشلارنىڭ زادى چۈش ياكى رېئاللىق ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ گاڭگىراپ قالغانىدىڭ.

— ئاتا، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ بىزگە تاماق ئېتىپ بەرگىن،— دېدى داچيۇ، شاۋچيۇ ئىككىسى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ.

— ئوغۇللىرىم،— دېدى جاڭ چىچيۇ،— ياخشىسى يەنىلا ئاناڭلارنى ساقلايلى، بۈگۈن كۈنگە شەنبە، ئاناڭلار بىزگە يەنە كالا گۆشى ياكى چوشقا گۆشى ۋەياكى قوي گۆشى، ياكى بولمىسا توخۇ گۆشى، چوشقىنىڭ چوڭ ئۈچيىسىنى ئالغاچ كېلىدۇ.

— تاپشۇرۇق جىق، ئىشلىمىسەك بولمايدۇ.

— مېنىڭ تەكلىپىم: ئاۋۋال ئۆگىنىۋېلىپ تاپشۇرۇقۇڭلارنى ئىشلەپ تۇرۇڭلار. ئاناڭلار كەلگەندە تاماق ئېتىدۇ، تاماقنىڭ خۇشبۇي ھىدى بۇرنۇڭلارغا ئۇرۇلغاندا چىقىڭلار.

سەن مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ

كەتكەن ھۆركىرىگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قېينىلىپ كەتتىڭ. ماش رەڭ فورما خۇددى-مۇز ساۋۇتتەك فاڭ فۇگۇينىڭ تېنىگە زۇلۇم سېلىۋاتاتتى، ئىلاج شۇنداق دېيىشكە توغرا كېلەتتى. شۇ يۈز سېنى ھەقىقەتەن بىئارام قىلىۋاتاتتى، شۇ يۈزنىڭ ئىگىسى شۇ تاپتا ئاشخانا ئۆيدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، ماڭغاچ ئاھ ئۇراتتى (جاڭ چىچيۇنىڭ ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى فاڭ فۇگۇي بىلمەيتتى. 8- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆزى بېرىۋاتقان فىزىكا دەرسى سەۋەبىدىن ئاھ ئۇرۇۋاتقانىدى). سەن شۇ يۈزنىڭ ئىگىسى قىممەتلىك تەۋررۈك گۆھەرنى يوقىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ شۇ يۈزنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇڭ. يۈزنى بېرىۋەتسەم مەن كىم بولۇپ قالىمەن؟ دەپ شۇ زامان ئىككىلىنىپ قالدىڭ.

ئاياغ تىۋىشى ئاشخانا ئۆيگە يېقىنلاشتى. چىشلىرىڭ بىر - بىرىگە تېگىشىپ كېتىۋاتاتتى. جاڭ چىچيۇ ئاشخانا ئۆينىڭ مىلەگرىسىنى قايرىدى. ئوخشاش فورما كىيگەن، چىرايى ئوخشاش ئىككى فىزىكا مۇئەللىمى گويا قىپقىزىل ھاماقەتلەردەك بىر - بىرىگە قارىشىپ ئۆرە تۇراتتى.

— سىز كىم؟

— مەن كىم؟

— ماڭا ئوخشايدىكەنسىز؟

— سىزگە ئوخشامدىكەنمەن؟

بوسۇغىدا تۇرغان فىزىكا مۇئەللىمى بىردىنلا چۈشەندى. ئۇ ھۆسن تۈزىگۈچى ئاشخانا ئۆيگە يېگىدىن يوغان ئەينەك قويدۇرغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. ئىككىنچى قېتىم بىردىنلا چۈشەندى، بۇنىڭغا كۆزئەينەك سەۋەب بولدى. ئاشخانا ئۆيدە تۇرغان فىزىكا مۇئەللىمى تاقىغان كۆزئەينەكنىڭ دەستىسىگە قارا پىلاستىر ئورالغانىدى.

جاك چىچيۇ ھەسرەت بىلەن:
— ئىبسمگە كەلدى، لاۋفاك، فاك مۇئەللىم، سىزدىكى ئۆزگىرىشنىڭ مېنى بۇنچىلىك بىئارام قىلىۋېتىشىنى پەقەت ئويلىماپتىمەن، — دېدى.
— بۇ سىز كۆرسەتكەن ئەقىل! — سەن چۈشىنىكسىزلا قايناپ كەتتىڭ. ھۆركىرىۋىدىڭ، جاۋغايلىرىڭ ئاغرىپ كەتتى، — يۈز تازا ئۆزلىشىپ كەتمىگەنىدى، — مېنى سىزنىڭ نىقابىڭىزنى كىيىشنى خالايدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ قايتۇرۇپ بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييارمەن! — دېدىڭ.
جاك چىچيۇ شۇ زامان يۈمىشىدى، مېنىڭ چىرايىمغا ئوپمۇئوخشاش چىرايىدىن ئۇنىڭ ئاجىز ھەم ئۈمىدسىز ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ ماڭا:
— لاۋفاك، كونىلاردا: «ئاتقان ئوق قايتىپ كەلمەس» دېگەن گەپ بار، ئەمدى پۇشايماننى ئالدىغان قاچا يوق، — دېدى.
ئاغزىدىن ماقال - تەمسىل چۈشمەيدىغان بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇن قۇرغان تۇزاققا گويا تۇزاققا چۈشۈپ كەتكەن توشقاندەك چۈشۈپ كەتتىم. تېرىكەشكەنسېرى تۇزاق شۇنچە چىڭىپ كېتەتتى. ئاخىر كۆزۈم چەكچىيىپ قالدى. سىياقىنى ئۆزگەرتكەن فىزىكا مۇئەللىمى ئازاب بىلەن ئويلايتتى. قەلبىدە غەزەپ كۆتۈرۈلدى. جاك چىچيۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىنىڭ خۇددى ئۇ مېنىڭ غوجايىنىمدەك، مەن ئۇنىڭ قولىدەك شەپقەتسىز ھەم تەكەببۇرانە ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ھويلىدىن تاقىلدىغان ئاياغ تىۋىشى كەلدى. مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك كۆزلىرىمىز ئىشىكنىڭ مەينەت ئەينىكىگە تىكىلدى. يىراقتىكى ئىئون چىراغلارنىڭ شولىسى ئەينەككە چۈشكەنىدى. بۇ شولا دەسلەپتە خىرە - شىرە، ئاندىن تۇتۇق كۆرۈندى؛ خىرە - شىرە، تۇتۇق كۆرۈنۈشىدىن بىرىكىپ مۇجمەل

ۋە ئېنىقسىز بىر پۈتۈن تەسىرات ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ نېمىنى ئويلىدى، نامەلۇم، مەن ئۇنىڭ چېچىدىن تارقالغان كىشىنى ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىۋېتىدىغان ھېلىقى ئالاھىدە پۇراقنى ئويلىدىم. ئۇ قانداق ھېسسىياتتا، بىلمەيمەن، چېچىدىن تارقالغان ئالاھىدە پۇراقنى ئەسلىگەندىن كېيىن، قەلبىمدىكى قىرلىق بۇرجەكلەر گاللىشىپ، يۇمىلاقلىشىپ، مۇلايىم تەرىپى گۈگۈم پەيتىدە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. شۇنداق، ئۇ ئىشىكنى ئېتتەردى، ئىلىلىق شامال ئۆيگە كىرگەنىدەك بولىدى، چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىمىز بىلەن ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۈتۈۋالدۇق. سولغۇن چىرايى جەزبىلىك ئىدى. پىلدىرلاپ قالغان كۆزلەر ئۇچراشتى. ئىككىمىز ئوخشاش ماش رەڭ فورما كىيگەن، چىرايىمىز ئوخشاش — ئۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ ئەينىكىم ئىدى. قوشكېزەك ئىنىمگە ئوخشايتتى. ئۇ مەن ئۈچۈن تەھدىت ئىدى. شۇ ئەسنادا، بۇ ئائىلىدە، بىز ھوقۇقتا باپباراۋەر دەپ ھېس قىلدىم.

ئۇنىڭ سولغۇن چىرايى جەلپكارانە ئىدى، قالايمىقان چاچلىرى تېخىمۇ شۇنداق. پاخپايغان سارغۇچ چاچلىرى تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايتتى.

ئۇ تېگىرقاپ قالدى، قولىدىن قارا سولياۋ خالتا خىش ياتقۇزۇلغان يەرگە «پوككىدە» چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قاتمۇ قات غەمدە قالغانلىقىنى سەزدىم، بۇنى ھېس قىلغان - قىلمىغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىزمەن، سولياۋ خالتا قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن شۇ دەقىقىدە، يۈزىدىكى مۇرەككەپ فىزىكا مۇسابىقە ئىمتىھان سوئالىنى ئوقۇدۇم، ئۇ سەزدىمۇ - يوق بىلمەيمەن.

فاڭ فۇگۇي ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەتتى، قىلىقسىز پىسخىكىسى سەۋەبىنىڭ تاينى يوق قىساس ئېلىش پىسخىكىسىنى بېسىپ تۇردى. شۇڭا، ئۇ ئالدىغا ماڭسا مەنمۇ ئالدىغا ماڭدىم، ھېلىقى سولياۋ خالتىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېڭىشىۋىدى، مەنمۇ

ئېگىشىپ سولىياۋ خالتىنى ئېلىشقا ھەرىكەت قىلدىم.

ھۆسىن تۈزىگۈچى ئارىدىكى تەشۋىشلىك كەيپىياتنى بېسىۋەتتى، بۇنى ھېس قىلدىم، ئۇ ھېس قىلدىمۇ ـ قىلمىدى، بىلمەيمەن. ئۇنىڭ يالغان كۈلكىسىنى ئىككىمىز تەڭلا ئاڭلىدۇق، ئۇ مېنىڭ يۈزۈمنى، ئاندىن ئۇنىڭ يۈزىنى سىلىدى ۋە:

— سىز مېنى كولدۇرلاتماڭ، ئېرىمنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن، — دېدى.

مەن بېشىمنى مەغرۇر كۆتۈردۈم، نېمىشقا مەغرۇرلىنىپ كۆتۈرمىگۈدەكمەن؟ كىيىمىمىز ئوخشاش، چىرايىمىز ئوخشاش ئىكەن، ھوقۇقتىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز ـ دە.

— سىلەر قېيىدىشىپ قالغان كىچىك باللارغا ئوخشاپ قاپسىلەر، سىلەر بىزنىڭ پەرقىمىز يوق دەپ ئويلاۋاتىسىلەر، لېكىن ئاۋاز پەردىسى ئوخشىمايدۇ، ئاۋازنى ئۆزگەرتىشكە ئامالى يوق، — دېدى ئۇ.

جاڭ چېچيۇ ئاۋازىنىڭ ئىنچىكە ھەم يېقىمسىز ئىكەنلىكىنى دەپ قەستەن چىشىمغا تېگىپ، ساقلىنىپ قالغان ئالاھىدىلىكنى بولۇشغا جارى قىلدۇرۇپ:

— ئانىسى، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ بۈگۈن ئەجەب كەچ قالدىڭغۇ؟ جاپا چەكتىڭ، بىرەر كۆڭۈلسىز ئىشقا يولۇقۇپ قالمىغانسەن؟ چايداندا ئازراق قايناق سۇ بار، ئىچكۈڭ بولسا، بىر ئىستاكان قايناق سۇ قۇيۇپ بېرەيمۇ؟ ئەپسۇس، سالىدىغان چاي يوق، بىراق، بىزدە سالىدىغان چاي بولىدۇ. پەقەت پۇللا بولسا، تۇرمۇشىمىزنى ئوبدانلا ياخشىلايمىز، لاۋفاڭنىڭ ھەمكارلىشىشىغا توغرا كېلىدۇ، بۈگۈن مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلىدىغانلىقى توغرۇلۇق پاراڭ بولدى، كۆپچىلىكنىڭ ھېچقايسىسى ئىشەنمىدى، دۆلەت ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا تۇرۇۋاتىدۇ، ھەرقايسى كەسىپلەر ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى

تەكىتلەۋاتىدۇ، پۇل ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. 7- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- سىنىپتىكى تۆت ئوقۇغۇچى ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلاپتۇ، ئىككىسى سۇدا ئۆلۈپتۇ، ئىككىسى ئۈزۈپ قىرغاققا چىقىۋاپتۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى مەكتەپ يۇقىرى ئۆرلەش نىسبىتىنى بىر تەرەپلىمە قوغلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان، دەپ ئەرز قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق داۋراڭ سالغان. شەھەردە چىقىدىغان گېزىت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى باسقان. مەكتەپ مۇدىرى گېزىتنى كۆرۈپ: «ئەجەبا بىز يۇقىرى ئۆرلەش نىسبىتىنى قوغلىشىشنى خالايمىزمۇ؟ كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى شۇنى قوغلىشىدۇ، بىزنىڭ قوغلاشماسلىقىمىز ئوقۇتۇش سۈپىتىمىزنىڭ ناچارلىقىنى، خىزمىتىمىزنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە سان ئاز بېرىلىدۇ. دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ ھۆججىتى كېرەكسىز قەغەزنىڭ ئورنىدا، نېمىشقا مائارىپ قانۇنى تۈزمەيدۇ؟ كىم يۇقىرى ئۆرلەشنى بىر تەرەپلىمە قوغلاشسا، شۇنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك» دەپ ئاغرىنى بۇزغان. مەكتەپ مۇدىرى يەنە: ھازىر، ئوقۇغۇچىلار چارچاپ كېتىپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاۋاتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار چارچاپ كېتىۋاتىدۇ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋاتىدۇ، تولۇق بىرىنچى يىللىقتا يەنىلا ئايرىۋېتىلىدى، ئىجتىمائىي پەنگە بۆلۈنگەنلەر فىزىكا بىلەن خىمىيەنى ئۆگەنمەيدۇ؛ تەبىئىي پەنلەرگە بۆلۈنگەنلەر تارىخ بىلەن جۇغراپىيەنى ئۆگەنمەيدۇ؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىچىلىك سەۋىيەسى يوق. بۇ قانداق مائارىپ بولسۇن! ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنى، مۇئەللىملەر مەكتەپ مۇدىرىنى تىللىسا، مەكتەپ مۇدىرى بولغان مەن كىمنى تىللايمەن؟ ھەقىقەتەن قاپقاراڭغۇچىلىق!» دېگەن. ياچېيكا شۇجىسى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ

يەلكىسنى بېسىپ: «مەكتەپ مۇدىرى، ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ! 1957 ـ يىلى بولغان بولسا، سىز ئالللىقاچان ئۇگچى بولۇپ قالاتتىڭىز!» دېگەن، مەكتەپ مۇدىرى: «شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلچەم بويىچە ئۇگچى قىلىپ قويۇلغان بولسا، 1 مىليارد ئادەمنىڭ 300 مىڭى تارتىپ چىقىرىلىپ ئۇگچى بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى» دېگەن، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزگە شاۋگو دەپ بەردى......

— راست، مائارىپنىڭ مەقسىتى ۋە ئىستىقبالى قاراڭغۇ! — ھەسرەت بىلەن شۇنداق دېدىم.

— فاڭ مۇئەللىم، — دېدى ھۆسن تۆزىگۈچى، — شۇڭا ھازىر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى «ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» توغرۇلۇق ئويلاۋاتىدۇ. كونىلاردا «سەككىز ئەۋلىيا دېڭىزدىن ئۆتكەندە، ھەرقايسىسى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپتۇ» دېگەن گەپ بار. ھەربىر ئادەم بىر ئامال قىلىپ ئۆز خىزمىتىدىن نەپكە ئېرىشىدۇ. سىلەر ئوقۇتقۇچىلارغا نەپ ئالغۇدەك قولايلىق يوق، سىياق ئۆزگەرتىش چارىسىنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، سىز ئىشلەيسىز، چېچىڭىز ئوقەت بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تاپىدۇ.

مەن جاڭ چېچىيۇنىڭ ئاۋازىنى دوراپ سۆزلەش قارارىغا كەلدىم.

ھۆسن تۆزىگۈچى قارا سولياۋ خالتىدىن قان تەپچىرەپ تۇرغان بىر پارچە كالا گۆشىنى، كۆكىرىپ كەتكەن ئىككى توخۇنى ئالدى.

— تەبرىكلىشىمىز كېرەك! جاڭ، سەن گۇرۇچنى يۇيۇپ دەملىۋەت: فاڭ، سىز مەن بىلەن بىللە قورۇما قورۇيسىز. كالا گۆشى دۆملىمىسى، سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى. داچيۇ، شاۋچيۇ! چىقىڭلار، موماڭلارنىڭ سۇيدۇك لاتىسىنى يەڭگۈشلىۋېتىڭلار. ئىككى تاقىر باش ئوغۇل بالا بىرسىنىڭ بويى

ئېگىز، مايسىدەك بۇرۇتى بار، يەنە بىرسىنىڭ بويى پاكار ئىدى. چىرايى جاڭ چىچيۇنىڭ چىرايىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ياپىر! مېنىڭ چىرايىمغىمۇ قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

ھۆسن تۇزىگۇچى ئوغۇللىرىغا:

— يېزىدىن ئاتاڭنىڭ ئىنىسى كەلدى، شەھەردە تىجارەت قىلىدۇ، كۆرۈشۈڭلار! — دېدى قولى بىلەن بىزنى كۆرسىتىپ، زادى كىم «يېزىدىن كەلگەن ئىنىسى؟» ئىككى ئوغۇل بالا ئىككىمىزگە مۇنداقلا باش لىڭشىتىپ قويدى.

## 5

مەززىلىك كالا گۆشى دۇملىمىسى بىلەن سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى داستىخانغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن، قول تەگكۈزۈشكە بولمايتتى. ئېسىل تائام يېيىش خۇددى تەگرىگە تاۋاپ قىلىشقا ئوخشايتتى. سەۋر - تاقەت بىلەن ساقلىشىمىز زۆرۈر ئىدى.

ھۆسن تۇزىگۇچى مۇشۇ ئائىلىنىڭ قۇياشى ئىدى. قۇياش يورۇتمىسا ھېچقايسىمىز پارقىرىمايتتۇق.

ھۆسن تۇزىگۇچىنىڭ بىر ئىشى جامائەتچىلىكنىڭ مەدھىيەلىشىگە، شەھەردىن چىقىدىغان گېزىتنىڭ ئەخلاق بېتىدە زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. ئۇ مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ تويماس قارنىنى ئالاھىدە بىر خىل تائام بىلەن تويدۇراتتى.

بۇ تائامنى تەييارلاشقا كېتىدىغان ماتېرىياللارنى پىششىق يادلىۋالدىم:

سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلغان توخۇنىڭ تۆش گۆشىدىن ئىككى سەر، كالا گۆشى دۇملىمىسىدىن ئىككى سەر، گۈرۈچ تامىقىدىن

ئۈچ سەر، ئۆيقۇ دورىسىدىن ئۈچ مىللى.

تەييارلاش ئۇسۇلىنىمۇ پىششىق يادلىۋالدىم:

توخۇ گۆشى بىلەن كالا گۆشى چاناپ ئۇماچتەك قىلىنىپ، گۈرۈچ تامىقىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۆيقۇ دورىسى يانجىلىپ تالقان قىلىنىپ تاماققا سېپىلىدۇ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ شالاپلىتىپ تاماق يەۋاتقان چاغدىكى ئاۋازى قۇلىقىمىزغا كىرىپ تۇراتتى. ئۇ چىشلىرى بىلەن دات باسماس پولات قوشۇقنى توختىماي چىشلەيتتى. ھۆسىن تۈزىگۈچى قوشۇقنى تىقىۋەتتى. ئىشتىھاسى شۇنداق ياخشى ئىدى. شۇڭا، بىر ئايدىن كېيىن مەلۇم پەيتتە، لاپاستا تىمىسقىلاپ سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، پاشىلىققا ئىشلىتىلگەن بامبۇك تاياقچىغا ھاسا ئورنىدا تايىنىپ، ئۆي بىلەن ھويلا ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن چېغىدا ھەيران قېلىش ئورۇنسىز تۇيۇلاتتى.

ھۆسىن تۈزىگۈچى مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنى تۇيدۇرۇپ بولۇپ، ئالدىرىماي داستىخانغا كەلدى. داستىخانغا ئەمدىلا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ تاتلىق خورەك ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئۇيىما ياقىلىق كەڭ كۆڭلەك كىيگەن، دىردىيىپ چىققان كۆكسى كىشىگە ئۇنىڭ چىداملىق ئايال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى. مېغىز رەڭ كالتە ئىشتان كىيگەن پاچاقلىرىدىكى قويۇق ساپسېرىق تۈكلەر كىشىگە پارقىراق ھەم يۇمشاق ئىكەن، دېگەن تەسىراتنى بېرەتتى. قىسقىسى، ئۇزۇن - قىسقا قىلىپ كېيىۋالغان كىيىملىرى ئۇنىڭ جەلپكار ھۆسنىگە قىلچە نۇقسان يەتكۈزەلمىگەنىدى.

ھۆسىن تۈزىگۈچى ساندۇقتىن بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراق ئالدى، ئۆيدە بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچىدىغان سايمان يوق ئىدى. ئۇ چىشى بىلەن ئاچتى، ئاندىن يوغان ئايقۇر چىنىگە قۇيۇپ:

— ئەتە فاك 8- ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ دەرس ئۆتىدۇ،

جاك تىجارەت قىلىدۇ، ھەمكارلاشقانلىقىمىز ئۈچۈن، خوشە! — دېدى.

مەن ھاراقنى قولۇمغا ئالدىم، يۈرىكىم دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇدۇلۇمدا ھېلىقى ئېلىلپىس شەكىللىك ئەينەك، چىرايىم ئەينەكتە يەنە بىر قېتىم ئەكس ئەتكەنمىدۇ؟ يۈزۈم يوق بولدى، يالغان نىقاب تارتىۋالدىم. ئويۇن قويۇشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا مەدەت بېرىۋاتىدۇ. چىراغ يورۇقىدا ھەممە نەرسە غۇۋا، سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلغان توخۇنىڭ قاراشلىرى نۇرلۇق. تاۋاقتا ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ. ھاراقنى گېلىمغا ئاتتىم، ئىچىم راھەتلىنىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ چىرايىدا مۇغەمبىرانە كۈلكە، بوينۇمدا شۇلار تاشلىغان سالما، بۇرنۇمدىن يېتىلەپ ماڭىدۇ. غەزەپلەنگەن ئادەم مەن ئەمەس، مەن فاڭ فۇگۇي، مۇگىلۇق مۇزىكىغا ئوخشاش ئاجىز فاڭ فۇگۇي بارا - بارا يىراقلاپ كەتتى.

شۇ چاغدا يەنە توساتتىن، كارامىتى شۇنچىلىك بايان قىلغۇچىنىڭ ئاغزىغا رام بولۇپ كەتكەن گەپلىرى قۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە شاختەك كۆز ئالدىڭلاردا ئوتتۇرىغا چىقتى — تۇ شاۋىيگىنىڭ يىغىسى تامدىن ئۆتۈپ ئۆي ئىچىدە لەيلەپ يۈرەتتى — كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى شەھەردە چىقىدىغان گېزىتنىڭ قوشۇمچە بېتىدە ئېلان قىلغىنلى تامامەن بولاتتى — ھېلىقى كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئوتتۇرىغا ئېلىنغان ئېلىلپىس شەكىللىك ئەينەك چارس - چۇرس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ نەچچە يۈز پارچە بولۇپ، سۇنۇقلىرى شاراقلاپ يەرگە چۈشتى. مەن چۆچۈپ داڭ قېتىپ قالدىم. مەن فاڭ فۇگۇي، خوتۇنۇمنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىنى ئاڭلىدىم. ئۇ مېنى خاتا ھالدا ئۆلىدىگە چىقىرىۋەتتى. مەن ھايات، دەرھال بېرىپ ئۇنى كۆرىمەن، ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىمەن.

ھۆسن تۈزىگۈچى، خىزمەتدىشىم جاك چىچيۇ ۋە ئۇلارنىڭ

ئىككى ئوغلى چېقىلىپ كەتكەن ئەينەككە ئەجەبسىنىپ قاراپ قالغانىدى. كونا پاسوندىكى تىكلىمە ئىشكاپنىڭ ئوتتۇرىسى ئېلىلىپىس شەكىللىك يوغان ئېغىزغا ئوخشاپ قالدى. كېيىملەر رەتسىز، ئون نەچچە پارچە ئۇچلۇق ئەينەك پارچىلىرى ھەرىنىڭ ئۆتكۈر چىشىدەك كۆرۈنەتتى.

جاڭ چىچيۇنىڭ كالپۇكى سەل - پەل مىدىرلىدى؛ ئىككى كېپىنەك لىچىنكىسى كۆۋرۈك ياساۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن مېنىڭ كالپۇكۇم بۇنداق پەسكەش ھەرىكەتنى قىلمىسكەن دەيمەن.

— جاڭ چىچيۇنىڭ جەينىكى تېگىپ كېتىپ ئەينەك چېقىلىپ كەتتى! كونىلاردا: «كونىنى بۇزمىغۇچە يېڭىنى تىكلىگىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، ئۆي جاھازلىرىنىڭ ئىچىدە مۇشۇ تىكلىمە ئىشكاپتىن خۇشۇم كەتكەن، مۇشۇ كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىنغان ئېلىلىپىس شەكىللىك ئەينەكمۇ كۆزۈمگە سەت كۆرۈنەتتى. ئەينەك چېقىلىپ بەك بەلەن بولدى. بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت! دېمەك: پالاكەتلىك كۈنلەر مۇشۇ ئەينەككە ئوخشاش كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى؛ ياخشى كۈنلەر يېتىپ كېلىش ئالدىدا، — دېدى ھۆسن تۈزىگۈچى.

— ئېلىلىپىس شەكىل كارامەت، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت ئوربىتىسى ئېلىلىپىس شەكىللىك، مەسىلەن، يەر شارى ھەم قۇياش...... — دېدى جاڭ چىچيۇ.

— ھەرقانداق ئىشنى مۇنداق مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتسە بولمايدۇ، — دېدى يالغان جاڭ چىچيۇ، — چەكسىز كەتكەن كائىناتتا ئىنسانلارنىڭ بىلىدىغىنى پەقەت دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى، ھەتتا دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىغىمۇ بارمايدۇ. ھۆددە قىلىشقا قانداق پېتىنىدىڭ. كائىناتتا، بەزى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت ئوربىتىسى ئېلىلىپىس شەكىللىك بولماي قالسىچۇ؟ ھۆددە قىلىشقا قانداق پېتىنىدىڭ. بەزى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت

ئوربىتىسى يۇمىلاق ئەمەس، ھەتتا يېرىم يۇمىلاق، پاراللېبوگىرام بولۇپ قالسىچۇ؟

— قالايمىقان گەپ قىلماڭلار! كەسىپ دائىرەڭلەردىن چەتنەپ گەپ قىلىدىكەنسىلەر، — دېدى ھوسىن تۆزىگۈچى، — ئەتىدىن باشلاپ كاراماتىڭلارنى كۆرىمىز. دېگىز ئادەمگىياھى يېيەلەمدۇق. ماۋتەي ھارىقى ئىچەلەمدۇق، يېتەرلىك ئاق ئۇن ۋە يېتەرلىك يېگى كۆكتات يېيەلەمدۇق، بۇ سىلەرنىڭ پۇل تېپىشىڭلارغا باغلىق! كونىلار بەكمۇ توغرا ئېيتقان: «ئېشەك ئورۇق بولسىمۇ تۆكى تىك تۇرىدۇ، نامراتنىڭ گېپى ئاقمايدۇ، باينىڭ ئوسۇرۇقى سېسىق بولسىمۇ، پۇرىقى تۇخۇم سېرىقىنىڭ پۇرىقىدەك، ئاۋازى شاتۇتىنىڭ ئاۋازىدەك» پۇل تېپىڭلار.

ئىبغىر ھەم شەكىلسىز يۇك جاڭ چىچيۇنىڭ يەلكىسىنى باستى، كالپۇكىنىڭ كۆۋرۈك ياساش ھەرىكىتى تېخىمۇ غولداپ كەتتى.

— ئەزمەڭلارنى ئەزمەڭلار! — دېدى بۇرۇتى خەت تارتقان داچيۇ، — تاماق يەيلى.

ھوسىن تۆزىگۈچى جىندېجىندا چىققان يۇمىلاق چىنە تاۋاقنى ئەكەلدى. بۇ تاۋاق 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا تارقاتقان خاتىرە بۇيۇم ئىدى، تاۋاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر - بىرىدىن ئورۇق ئۈچ قارا ئاتنىڭ تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەنىدى.

بۇ تاۋاقنى ھوسىن تۆزىگۈچىگە ئوخشاش ئىشلەتمەي تامغا ئېسىپ قويۇپ تاماشا قىلسا بولاتتى. تاۋاقنى لوڭگە بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، كالا گۆشى دۇملىمىسىدىن ئازراق، توخۇنىڭ ئىككى پاچىقى بىلەن بىر قانىتىنى تاۋاققا ئالدى. تاۋاقتىكى نەرسىلەرنى خۇددى بىرسى بۇلاپ كېتىدىغاندەك ئىككى ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدىن يېشىل نۇر چاقناپ كەتتى.

— بۇنى تۇ شاۋيىڭ، فاڭ لوڭ ۋە فاڭ فۇغا ئاچىقىپ

بېرىك، — دېدى ھۆسن تۆزىگۆچى.

جاڭ چېچيۇ ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق، ئۇ قايسىمىزنى بۇيرۇۋاتىدۇ؟ ھۆسن تۆزىگۆچىنىڭ كۆزلىرى ماڭا قادالغانىدى. مەن ئاچىقىپ بېرىدىكەنمەن - دە، مەن كۆرۈنۈشتە جاڭ چېچيۇ، ئەمەلىيەتتە فاڭ فۇگۇي، تاۋاقنى قولۇمغا ئالدىم.

تۇ شاۋىيگىنىڭ يىغىسى مېنى چاقىرىۋاتاتتى. ئۇزۇلمەي داۋام قىلىۋاتقان يىغا كىشىگە يالغاندەك بىر خىل تۇيغۇ بېرەتتى. ئەمما، سېنى يەنىلا كۆچلۈك جەلپ قىلاتتى. سەن ئىشىك ئالدىغا باردىڭ. ھۆسن تۆزىگۆچى ئاغزىنى قۇلىقىڭغا يېقىپ تۇرۇپ يېقىملىق ئاۋازدا:

— ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئوبدانراق ياساپ قويۇڭ، — دېدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان مەپتۇنكارانە پۇراقتىن تەسىرلەندىم، — يېنىدا قونۇپ قالسىڭىز بولىدۇ، مەن تارلىق قىلمايمەن، ئۇنىڭ گېپىدىن ئاشنا ئويناپدىغان ئاياللارغا خاس بىئەدەپلىك ئۇچۇق چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ كاسسىنى چوقچايتقان ئوخشامدۇ؟

ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللارغا تەسەللى بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى قۇچاقلاڭ، سۆيۈڭ، كارىۋاتقا چىقىپ بىرگە بولۇڭ. ئۇنىڭ جىنسىيەتكە بولغان ئوچۇق - يورۇق پوزىتسىيەسى مېنى ھەيران قالدۇردى. تېخىمۇ تەسىرلەندۈردى، ئۇ چىن دىلىدىن ماڭا ياخشى بولسۇن دەۋاتاتتى، چېچىدىن تارىغان ئالاھىدە پۇراق ماڭا: سىز ھېچنېمىگىزنى يوقاتمىدىڭىز. سىز تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشىسىز، دېگەندەك مەنىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىۋاتاتتى، — ئەمەلىيەتتە، بۇ سىزنىڭ ماھارىتىڭىزگە باغلىق. سىزگە بىر سىرنى دەپ بېرەي: ئۇ ئىنتائەت قىلمىسا، سىز تىزلىنىڭ!

ئۇ ئىككى توخۇ پاچىقى، بىر توخۇ قانىتى، ئازراق كالا گۆشى دۆملىمىسى سېلىنغان تاۋاقنى كۆتۈرۈپ ھۆسن تۆزىگۆچىنىڭ

ئىشكىدىن چىقتى. دوقمۇشتىن قايرىلسىلا تۇل خوتۇن — تۇشياۋېيگىنىڭ ئىشكى ئالدى ئىدى. يىراق - يېقىندىكى ئېگىز بىنالارنىڭ ئالدىدا بۇ كونا ئۆيلەر تېخىمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى. چىراغلار چاراقلاپ يانغان، دەريالار قاراڭغۇدا ئېقىۋاتقان، ئىللىق مۇھەببەتكە تولغان كېچىدە يىرتقۇچ ھايۋانلار ھۆركىرەۋاتقانىدى. كۆز ئالدىدىكى ئىشىك ياغاچ ئۆكەك ياساشقا ئىشلىتىدىغان ئىككى تال تاختايدىن ياسالغان، ئىشككە كەپسىز ئۇششاق باللار رەڭلىك بور بىلەن مەنىسى تېرەن، سىرلىق بەلگىلەرنى سىزىپ قويغانىدى.

تۆت - بەش كۈننىڭ ئالدىغۇ دەيمەن؟ مەن دەپنە ئىدارىسىدىن قېچىپ چىقىپ، دەريا بويىدىكى مەنزىرىلىك جاي — ئاق تېرەكلىكتە مۇھەببەتلىشىۋاتقان بىر قىز بىلەن بىر يىگىتكە يولۇقۇپ قالدىم، كېيىن ھاك ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتتىم. شۇ كۈنى كەچتە ئىشكىنىڭ ئىككى قانتى بوش يېپىقلىق تۇرغانىدى. ھازىر مۇشۇنداق بولسىدى، مەن تولا ئىشىك چېكىپ قىرچىلىپ كەتكەنمەن...... ئىشىك ئېتىكلىك، ئىشكتە كەپسىز باللار رەڭلىك بور بىلەن سىزىپ قويغان مەنىسى چوڭقۇر، سىرلىق بەلگىلەر تۇراتتى.

ئۇنىڭ بىر قولىدا بارغانچە ئېغىرلاپ كېتىۋاتقان تاۋاق، بوش قالغان قولى بىلەن ئىشكىنى چەكتى.

ئۇ ئىشىك چېكىشنى مەشىق قىلغان......

— كىم؟ — بىر قىز بالىنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. جاۋاب بېرەي دەپ تۇرغان چېغىدا، مۇرەككەپ ھېسسىيات گېلىغا كەپشىلىپ قالدى. گەپ قىلىشقا ئامالسىز قالدىڭ. كۆز ياشلىرىڭ ئىككى مەڭزىڭنى بويلاپ ئاقتى.

ئىشكىنىڭ تاقىقى ئېلىۋېتىلىپ، ئىشىك ئېچىلدى، فاك فۇ ئالدىڭدا تۇراتتى. ئەتىۋار قىزىم...... بويى بىر مېتىر 50

سانتىمېتىر، ياپون قىزىلىرىدەك چېچىنى پېشانىسىگە تەكشى چۈشۈرۈپ، قىسقا ياساتقان. يۈزلىرى يۇمىلاق، گازىر كۆز، قاڭشارلىق، ئاغزى ئويماقتەك، بىلىكىگە قارىلىق، مەيدىسىگە ئاق گۈل تاقىۋالغانىدى. قىز ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ:

تىنچلىقمۇ، جاك تاغا؟ — دېدى.

تاۋاقنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېرىپ بىلىكىڭ تېلىپ كەتتى. تامىقىڭدا دومىلاپ يۈرگەن مۇرەككەپ ھېسسىيات تېخىچە يوقاپ كەتمىدى. فاك فۇنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردىڭ. خۇشاللىق بىلەن ئۆزۈڭگە كىرىپ تونۇشلۇق بولغان ھەربىر تال خىشنى دەسسىدىڭ. ئۆيكەڭ تېخىچە ۋۇجۇدۇڭدىن كەتمىگەن ھاكىنىڭ ھىدىنى سۈمۈرۈۋاتاتتى. فاك فۇنىڭ پارقىراق چاچلىرى كالپۇكۇڭنى ئۆزىگە تارتتى. لېكىن، ئۇ سەندىن ناھايىتى يىراقتا تۇراتتى.

— ئانا، جاك تاغام سېنى يوقلاپ كىرىپتۇ! — دەپ توۋلىدى فاك فۇ.

تۇ شاۋىيىڭنىڭ يىغىسى بېسىقىپ قالدى، پەقەت بەش سېكۇنت ئارىلىقتا «ئۇھ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ تولا يىغلاۋەرگەنىنىڭ ئالامىتى ئىدى. تۇ شاۋىيىڭ كارىۋاتتىن تۇرۇپ، چۈۋۈلۈپ كەتكەن ئىككى تال زىغىر رەڭ چېچىنى تۈزەشتۈردى، ئۇ چېچىنى تۈزەشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى، مۇشۇنىڭدىن قايغۇسىنىڭ ئۆزۈل - كېسىل ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى — قاپاقلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن، يۈز - كۆزى ياش يۇقى ئىدى.

ئۇ مەن ئۈچۈن ياش تۆككەن، لېكىن مەن ھۆسىن تۈزگۈچىنىڭ چېچىدىن تارقالغان خۇشبۇي پۇراقتا مەستخۇش، ھەتتا كاسىسىغا مەپتۇن بولۇپ ئەقىل - ھوشۇمنى يوقىتىپ يۈرۈپتىمەن، فىزىكا مۇئەللىمى ئۆز - ئۆزىنى قاتتىق تەنقىدلىدى. ئۇنىڭ رۇس ئاياللىرىغا خاس كۆكسى مېنىڭ ئۆلۈمۈم بىلەن سوغىلىپ كەتمەي، بۇرۇنقىدەك تولغان ھەم سېمىز ھالەتتە ئىدى.

تۇ شاۋيلڭ بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ، ئۇستىدىكى توپا - چاڭنى سۈرتۈۋەتتى — قايغۇسى ئۈزۈل - كېسىل ئەمەس ئىدى. ئەمما، بۇ تۇشىياۋيىڭنىڭ تەربىيە كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. كارىۋىتىمدا ياستۇقۇم، ياستۇقۇمغا بىر تال چېچىم چاپلىشىپ قالغانىدى. كارىۋاتنىڭ ئۇستىدە تويلۇق سۈرىتىمىز ئېسىقلىق تۇراتتى. ئەينەك رامكىنىڭ ئۇستىگە قارا لاتا تارتىپ قويۇلغان، ئەسلىدە پۈرمە قەغەز قارا سىياھ بىرلىپ قارا لاتا ئورنىدا ئىشلىتىلگەنىدى. راست، بىز بەك نامرات. تۇ شاۋيلڭ ئورۇق جۇڭگولۇق قىز ئىدى. رۇس خوتۇن - قىزلىرىغا خاس ئالاھىدىلىكى ئازراقمۇ ئاشكارىلانمىغانىدى. رۇس خوتۇن - قىزلىرىغا خاس ئالاھىدىلىكى قاچاندىن تارتىپ ئاشكارىلانغان؟ تـوي كېچىسىدىن باشلاپ ئاشكارا بولغان...... تۇ شاۋيلڭ ئۇنىڭدىن: كىتاب خالتىسى، ئېيتىڭە، مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن بۇرۇن، بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمىدىڭ؟ دەپ سورىغانىدى...... ياق...... راست...... مۇمكىن ئەمەس...... قانداق قىزلارغا قىزىقىپ قالغانلىقىم توغرۇلۇق ئويلاپ تارىخنى ئاختۇرۇۋاتقانىدىم..... خىيال قىلىشمۇ ھېسابمۇ؟...... ئەمەلىيەتتە ھېساب، خىيال تېخىمۇ قورقۇنچلۇق...... مەن بىر سوۋېتلىك قىزنى خىيال قىلغان، شۇ چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىغان...... ئۇ كارىۋاتتا تېپچەكلەپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا كۆكسى ئوغۇل بوۋاقنىڭ مۇشتۇمىدەك مەيدىسىدە تۈگۈلگەن ھالەتتە تۇراتتى...... رۇس تىلى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مېنى مۇشتلاپ، سوۋېتلىك قىز بىلەن بولغان مۇھەببەت تارىخىمنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىغانىدى. كۈنچىلىكى گويا راستتەك...... مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا تۇتقان خاتىرەمنى ئېچىپ، ئىچىدىن گېزىتتىن قىيىۋالغان بىر پارچە سۈرەتنى ئالدىم: ئۇ چاچلىرى زىغىر رەڭ، يوغان ئاغزى

ئايدەك ئەگىم، بوينى سىلىق، تولغان كۆكسى يوغان سېرىق ساغقۇچى كولخوز قىزىنىڭ سۈرىتى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمگەك قەھرىمانى بىر قىزغا قاراپ كۆلۈپ تۇراتتى...... ئۇ چىرايلىقمىكەن؟...... بىلمەيسەن، لېكىن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن...... ئۇ ئۆرۈلۈپ قېپىدىغاندەك: بىرىپ سېرىق ساغقۇچى قىزنى تېپىۋىلىڭ، يوغان سېرىق...... كېيىن ئۇ ساغا: ھامان بىر كۈنى مېنىڭ چېچىممۇ زىغىر رەڭ، كۆكسۈممۇ سېرىق ساغقۇچى قىزنىڭكىدەك بولىدۇ دېگەنىدى...... دېگەندەك شۇنداق بولدى، ئەمما بىزگە بەخت ئەمەس، بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى......

ئۆتمۈشتىكى ئەسلىمىلەردىن ئىچىم ئاچچىق بولۇپ كەتتى، يۈز - كۆزلىرى ياش يۇقى «يوغان سېرىرىم» غا قاراپ، ئىختىيارسىز: يوغان سېرىرىم...... مەن ئۆلمىدىم...... دېدىم.

تۇ شاۋىيلىڭ تىترەپ، شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى — ھۆسن تۈزىگۈچى ئانارگۈلنىڭ رەڭگى، ئانارگۈلگە بولغان قايغۇسى ۋە شادلىق تويغۇلۇق كاپىلداپ سۆزلەپ بەرگەن چاغدىكى مەستانىلىكتىن ھازىرغىچە قايمۇقۇپ يۈرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدىم — بىردىنلا ئېسىمگە كەلدىم: فاڭ فوگۇي ئۆلدى، تۇ شاۋىيلىڭ چاچ تارايدىغان چاغدا قارايدىغان يۇملاق ئەينەكتە: جاڭ چىچيۇ ماش رەڭ بىر يۈرۈش فورما كىيىپ، قولىدا يۇملاق تاۋاق، تاۋاقتا توخۇنىڭ ئىككى پاچىقى، بىر قانىتى، ئازراق كالا گۆشى دۇملىمىسى بار، مەرھۇم خىزمەتدىشىنىڭ ئايالىدىن ھال سوراپ ئۆيگە كىردى.

— جاڭ مۇئەللىم، ئولتۇرۇڭ، ئۇ ھەرھالدا ئالىي تەربىيە كۆرگەن. ھازىر مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتىدا توشقان تېرىسى شىلىۋاتقان بولسىمۇ، تەربىيەلەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. خۇددى كونىلار ئېيتقاندەك: «ئورۇق تۆگىنىڭ ئۆلۈكىمۇ ئاتتىن چوڭ.»

— فاڭ فۇ، جاڭ تاغاڭغا چاي كەلتۈر!

مەن قولۇمدىكى لەنتى تاۋاقنى يەرگە قويۇپ قويۇپ، ئىنتايىن قىينالغان هالدا:

— ئۇ...... چيۇنىڭ ئانىسى مەندىن باللىرىڭىزغا ۋە سىزگە ئازراق تائام سۇندى ...... ئازابلىنىپ...... يىغلاپ سالامەتلىكىڭىزنى يوقىتىپ قويۇشىڭىزدىن ئەنسىرەپ، هال سوراشقا مېنى كىرگۈزدى...... دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى قايغۇ ـ هەسرىتىنى بېسىپ ئولتۇراتتى، گەپلىرى قولاشمايتتى، ئۇ ئالمان ـ تالمان يۈزىنى ئېتىۋالدى، ياش بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ ئاققانىدى.

سەن يىغلىۋىدىڭ، ئۇمۇ يىغلاپ تاشلىدى. ئىككىڭلار تەڭلا يىغلىۋىدىڭلار، فاڭ فۇمۇ يىغلاپ كەتتى (فاڭ لوڭ نەگە كەتكەندۇ؟). ئاخىر، تۇ شاۋيىڭ يىغىسىنى توختاتتى (تولا يىغلاپ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ كېتەي دېگەنىدى). يېنىڭغا كېلىپ (يېنىڭغا كەلگەندە، ۋۇجۇددىن...... رۇس سىپىرىنىڭ هىدىنى سەزدىڭ...... ئالقىنىڭ بىلەن يۈزۈڭنى توسۇپ ئولتۇراتتىڭ). جاڭ مۇئەللىم، مەندىن هال سوراپ كىرىپسىز، يىغىدىن ئۆزىمىزنى باسالماي قالدۇق...... — دېدى ئۇ بارمىقىنىڭ ئۇچىنى يەلكەڭگە تەگكۈزۈپ، — جاڭ مۇئەللىم، ئادەم ئۆلسە تىرىلمەيدۇ. لاۋفاڭ بىلەن ياخشى ئۆتەتتىڭلار، بۇنى بىلىمەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، يەيدىغان رىزقى شۇنچىلىككەن. ئۆزىڭىزنى ئاسرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، فۇگۇيگە ئوخشاش چارچاپ كېتىپ دەرس مۇنبىرىدە ئۆلۈپ قالماڭ......

— فۇگۇي، هەي فۇگۇي، مېنى ئالغاندىن تارتىپ سېنى پالاكەت باسقىلى تۇردى. مەن سوۋېت ئىشپىيونى دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندىم، سەن مەن بىلەن تەڭ جاپا تارتتىڭ: مەن مەكتەپتىن هەيدەلدىم. سەن بىر كىشىلىك مائاشىڭ

بىلەن بىزنى باقتىڭ...... سەن ئۆمرۈڭدە بىر يۇتۇم ماۋتەي ھارىقى ئىچىپ باقمىدىڭ...... بىر قېتىم كالا گۆشى دۈملىمىسى يەپ باقمىدىڭ...... سۇدا پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشىنىمۇ تويغۇدەك يەپ باقمىدىڭ...... باللار خىزمەتكە چىقسا، پۇل تېپىپ، ساڭا كالا گۆشى دۈملىمىسى يېگۈزمەكچىدىم...... بىراق، سەن كېتىپ قالدىڭ......

سەن يەنە يۈزۈڭنى تۇتۇپ نېمىگە يىغلايسەن؟

— جاڭ ئاكا، سىز قايتىڭ، يەڭگەم ئەنسىرەپ قالمىسۇن، — ئۇ مېنى چىقىپ كېتىشكە ئالدىراتتى.

ئۇ تاۋاقتىكى توخۇ ۋە كالا گۆشىنى بىر چىنىگە تۆكۈپ، بىر دەم ئويلاندى - دە، تاۋاقنى قويۇپ قويۇپ، تامنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى پېچەتلەنگەن قۇتىنى ئېچىپ، قولىنى تىقتى، ئىچىدىن تۈزلانغان توشقان بېشىدىن ئۈچنى ئېلىپ تاۋاققا قويدى ۋە:

— جاڭ ئاكا، بۇ زاۋۇتىمىزنىڭ چىقىرىندىسى، ئاچچىق پىشۇرۇپ يەڭلار، — دېدى. ئەمدى چىقىپ كەتمەسلىككە ھېچقانداق باھانە - سەۋەب يوق ئىدى.

## 6

ھۆسن تۈزىگۈچى ئىككى فىزىكا مۇئەللىمگە بىردەم سول تەرىپىگە، بىردەم ئوڭ تەرىپىگە، بىردەم ئالدىغا، بىردەم كەينىگە ئۆتۈپ ئوغلىنى ھەربىيلىككە يولغا سالغان مېھرىبان ئانىدەك ئەستايىدىل سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ جاڭ مۇئەللىم بىلەن فاڭ مۇئەللىمنىڭ كۆزئەينىكىنى ئالماشتۇردى. قارا، كۆك ۋە سېرىق بورنى يانجىپ تالقاندەك قىلىپ، فاڭنىڭ سەل ئاقۇچ كۆرۈنگەن يۈزىگە سۈركىدى. ئۆي ئىچى بورنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىغا تولدى. ھۆسن تۈزىگۈچى پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇق بەردى.

ئىككى فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى تارتىنىپ تۇرۇپ قول ئېلىشتى. فاك مۇئەللىم كارتون قەغەزنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ دەرس ئۆتكىلى 8 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ماڭدى.

يول تونۇش، يول بويىدىكى نەرسىلەرمۇ بۇرۇنقىدەك ئىدى. ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ كەينىگىدىن كېلىۋاتقان ماگىزىنىنىڭ ئايال غوجايىنى ساڭا يېتىشىۋالدى، يېنىگىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. ھارۋىدىكى ئۈستى - ئۈستىگە قويۇلغان يەشىكلەرنى كۆردۈڭ، يەشىكلەردە تاماكا، ھاراق ۋە قەنت - گېزەك بار ئىدى. سەن ئادەتتە بۇ ئايال بىلەن سالام - سەھەت قىلمايتتىڭ، ئۇمۇ سېنى تونۇماسقا سالاتتى، بۈگۈن ئۇ ساڭا سەپسېلىپ قارىدى، سەن دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدىڭ.

— تاماق يېدىڭىزمۇ؟— دەپ سورىدى ئايال غوجايىن سەندىن يېقىملىق ئاۋازدا.

— مەندىن سوراۋاتامسىز؟

— خۇپسەن بولۇۋالغىنىنى! — دېدى ئايال غوجايىن زەردە بىلەن،— مېھرىگىياھ تاماكىسى ئەكەلدىم. بىر يۇرۇش ئېلىپ قويايمۇ؟

— مەن ئەزەلدىن تاماكا چەكمەيمەن،— دەپ سەل ئالدىراپ جاۋاب بەردىڭ.

— ئوھۇي! ئۆلۈكنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى چۈشۈرىدىغان خوتۇن سىزنى ئەجەب بىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ! چوپچوك بىر ئەر كىشى تۇرۇپ بىر يۇرۇش تاماكا ئېلىپ چەككۈدەك ھوقۇق بولمىسا، ئۇنداق ئادەمنى قانداقمۇ ئەر كىشى دېگىلى بولسۇن!

— ئەدەپ - ئەخلاققا دىققەت قىلىڭ!

ئايال غوجايىن ۋېلىسىپىتىنى ئىرغىپ چۈشۈپ زەھەرخەندىلىك بىلەن:

— پاھ، نېمىش بۇ، سىزگە كېسەل تەگدىمۇ؟ نەچچە

كۆنىنىڭ ئالدىدا ماڭا بەزدەك قاراپ كېتەتتىڭىز، بۈگۈن نومۇسچان بولۇپ كېتىپسىزا! — دەپ مازاق قىلدى.

سەن تۆگۈلۈپ تۇرۇپ تىل ـ ھاقارەت ئىشىتىشكە مەجبۇر بولدۇڭ.

— خوتۇنىڭىز ماش رەڭ ئىشتان ـ چاپان كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ، ماش رەڭ شەپكىلا كەم قاپتۇ! — دېدى ئايال غوجايىن مۇغەمبىرانە كۈلۈپ ئالدىڭغا كېلىپ، — ئايال كىشى ئايال كىشىنىڭ دۈشمىنى. سىز بىلىسىز، سىزگە دەپ قوياي، سىزنىڭ ئاۋۇ ئىنسابلىق خوتۇنىڭىز ھايۋانات باغچىسىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى قېرى بىلەن تېپىشىپ قاپتۇ، ئىككىسىنىڭ پادۇپ دەرەخلىكتە قۇچاقلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم......

فىزىكا مۇئەللىمى غەزەپلەندى، چوڭ تەرەت قىلغان بىرەرسىنىڭ كۆتىنى ئېرتىپ قويغاندەك ئاۋارىچىلىك ھېس قىلدى.

— مېھرىگىياھ ماركىلىق تاماكىدىن بىر يۇرۇش ئېلىپ قويىمەن، قورقماڭ، ماش رەڭ فورما كىيگەن تۇرۇقلۇق يەنە نېمىدىن قورقىسىز؟ — ئايال غوجايىن شۇنداق دەپ ئۆچ چاقلىق ۋېلىسىپىتىنىڭ پىدالىنى تېپىپ يۈرۈپ كەتتى.

مەكتەپنىڭ قارا خىزمەتچىسى — سىزنى كۆتۈرۈپ دەپنە ئىدارىسىدىن ئۇسۇپ كىرىپ كەتكەن ھېلىقى قەھرىمان — قولىدا سۈپۈرگە، 8ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېشايۋىنىنى قايتا ـ قايتا سۈپۈرۈۋاتاتتى. رەڭگارەڭ كىيىنگەن توپ ـ توپ ئوقۇغۇچىلار ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ دەرۋازىدىن كىرىۋاتاتتى. ساڭا سالام ـ سەھەت قىلاتتى.

— خەيرلىك سەھەر، جاڭ مۇئەللىم!

— خەيرلىك سەھەر، جاڭ مۇئەللىم!

— لى گاڭ، مەندىن ئالغان ئون يۈەننى قاچان قايتۇرىسەن؟

بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭ.
— كېلەر ئايدا قايتۇرىمەن، ئاتامغا مۇكاپات پۇلى
تارقاتقاندا، — دېدى لى گاڭ.
— ئۆسۈمى قوشۇلۇپ ماڭىدۇ جۇمۇ!
— ئەلۋەتتە بىر تىيىننىڭ كەم بولمايدۇ!
سەن بۈگۈنكى دەۋردىكى ئوغۇل - قىزلارنى كارامەت دەپ
ھېسابلايسەن، يانچۇقىدىكى قەلەمدانىدا كىيدۇرمە ساقلىغانلىقى
ئۈچۈن ئۇلارنى چۈشكۈنلەشكەن دېگىلى بولامدۇ؟ فىزىكا
مۇئەللىملىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ شاۋگۇنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا
چىڭقىلىپ تۇرۇپ دەۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلىدىڭ: ئەخلاقشۇناسلار
نېمىدەپ ھەيران قالىدۇ؟ ئەخلاق دېگەن بۇ نەرسە ماھىيەت
جەھەتتىن ياسالما نەرسە. تالاي چوڭ ئەربابلار پالاكەتكە
يولۇققاندا، ھامان بىرەرسى ئۇلارنىڭ ئىشقىۋازلىقىنى پاش قىلىدۇ.
بىر تال كىيدۇرمە ئۈچۈن بىر ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتىن ھەيدەش
ئادىللىق ئەمەس! بىز ھەم سىلەر، ھەممىمىز ئادەم، سىلەر ھازىر
ياش ئەمەس، ياشلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش، بۇ دېگەن
كۆرەلمەسلىك! مەسىلەن، مېڭ ئاقساقال، ئاڭلىساق ياشلىقىڭىزدا،
سىز تازا ئىشقىۋاز ئىكەنسىز. سىزنىڭ نەچچىنچى - نەچچىنچى
بوۋىڭىز مېڭ كې، لەقىمى«ياشىن» ئۇ ياش ۋاقتىدا كۇڭچيۇ
ھەزرىتىنىڭ خوتۇنىنى يولدىن چىقارغانىكەنمىش! كۇڭچيۇ ھەزرەت
نەنزى بىلەن تېپىشىپ قالغانمىش. نەنزىنىڭ ئېرى كۇڭچيۇ
ھەزرىتىنى ئۇرۇپ يۈز - كۆزىنى كۆكەرتىۋەتكەنمىش. كۇڭچيۇ
ھەزرەت لالما ئىتتەك، توردىن چۈشۈپ قالغان بېلىقتەك ئالاقزادە
بولۇپ بەدەر تىكىۋەتكەنمىش. نەنزى: «بولمايدۇ»
دېگەنىكەنمىش. كۇڭفۇزى: «سالغا چۈشۈپ دېڭىزغا چىقىپ
كېتىمەن» دېگەنمىش. مۇھەببەت ئۈچۈن كۇڭفۇزى قاقاس ئارالغا
كەتكەنمىش، ئەۋلىيالار شۇنداقكەن، ئاددىي ئادەملەر قانداق

بولماقچىدى؟
مېڭ ئاقساقال بېشىنى چايقاپ:
— بۇ بۇتنىڭ بېشىغا تەرەت قىلغانلىق! ئەدەپ - ئەخلاقنى ھاقارەتلىگەنلىك! — دېدى.
شادلىققا تولغان كەيپىيات. فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى كۈلۈشمەكتە.
سەن خۇددى سۇغا ئېرىشكەن بېلىقتەك راھەتلەندىڭ. بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ،ئۆزۈڭنىڭ ئۇستىلى ئالدىغا كەلدىڭ.
تونۇش قول ناتونۇش قەلەمگە تەگدى. بىرەيلەن يەلكەڭگە ئۇرۇپ، قۇلىقىڭغا:
— جاڭ مۇئەللىم، ئۆزىڭىزنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇڭ، — دېدى.
ئۇ قوشكېزەكلەرنىڭ بىرسى سېنىڭ ئوقۇغۇچۇڭ، سېنىڭ شاگىرتىڭ، سېنى كۆتۈرۈپ دەپنە ئىدارىسىگە بۆسۈپ كىرگەنلەرنىڭ بىرسى ئىدى، سېنى قوغلاۋاتاتتى.
ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ. ئوقۇغۇچۇڭ ئورنىدا ئولتۇردى. قالغانلار كاسىلىرىنى ئۇستەلنىڭ قىرىغا يۆلەپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، دەرس ئالدىدىكى ئازادىلىكتىن بەھرىلەنمەكتە ئىدى. سەن:
— قايسى ئورۇن جاڭ مۇئەللىمنىڭ؟ — سەل ئاۋايلاپراق سورىدىڭ.
قوشكېزەكلەرنىڭ بىرسى ساڭا ھەيران بولۇپ قاراپ:
— ھە؟ جاڭ ئەپەندى، ئالجىپ قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى.
— ياق، سوراۋاتىمەن، جاڭ مۇئەللىمنىڭ قايسى......
قوشكېزەكلەرنىڭ بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىڭدا چۆرگۈلەپ، ئۇنىڭ:
— فاڭ مۇئەللىمنىڭ جېنى چاپلىشىپ قالدىمۇ نېمە؟

ئاۋازىڭىز...... يورۇش - تورۇشىڭىز...... دېگەن گېپىنى ئاڭلىدىڭ.

ئۆلۈمنىڭ ھىدى. فىزىكا مۇئەللىملىرىنىڭ يىغلىغۇسى كەلدى.

قوشكېزەكلەرنىڭ بىرسى سېنى يۆلەپ جاڭ چىچيۇنىڭ ئورۇندۇقىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— كۆپچىلىككە بىر خەۋەرنى دەپ بېرىمەن، — دېدى شاۋگۇ، — نېمىشقا فاڭ مۇئەللىمنىڭ ماتەم بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەي كېلىۋاتىدۇ؟ ئاڭلاشلارغا قارىغاندا فاڭ مۇئەللىمنىڭ جەستى ئوغرىلىنىپ كېتىپتۇ!

— يالغان، — دېدى مېڭ ئاقساقال، — ئالتۇن ئوغرىلايدىغان، كۈمۈش ئوغرىلايدىغانلار بار، جەسەت ئوغرىلايدىغانلارمۇ بارمىكەن!

— كالا بوغۇزلايدىغان قاساپلار ئوغرىلاپ كالا گۆشىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەندۇ!

— يالغان گەپ.

— بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس.

سەن چايقىلىپ ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ، چايقىلىپ يەنە ئولتۇرۇۋالدىڭ.

— جاڭ مۇئەللىم، نېمە بولدىڭىز؟

— چىرايىڭىز بۆلەكچىلىغۇ.

— مەكتەپنىڭ دوختۇرى كېلىپ كۆرۈپ باقسۇن.

— بولدىلا، ئۇ دوختۇر كەلسە ئاسپىرىن بېرىدۇ.

— ئاسپىرىن يېگەندىن كۆرە ئىككى تال بور يېگەن ياخشى!

كارىدوردا ئېلېكتىر قوڭغۇرىقى چېلىندى، ئوقۇتقۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىشتى.

سەن قوشكېزەكلەرنىڭ بىرسىگە ئۆتۈنۈپ تۇرۇپ:

— مېنى...... سىنىپىمغا ئاپىرىپ قويۇڭ......دېدىڭ.

— جاڭ مۇئەللىم، دەرسىڭىزنى مەن ئۆتۈۋېتەي.
— ياق - ياق!— سەن تۈيۈقسىزلا «باتۇرنىڭ هاياجىنى» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭ. قوشكېزەكلەرنىڭ بىرسى يول باشلاپ ماڭدى، سەن دەرس پىلانىنى قىستۇرۇپ كەينىدىن ماڭدىڭ.

## 7

1) فاڭ مۇئەللىم ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دەرس ئۆتكەن چاغدىكى ئاۋازى هېلىهەم كارىدوردا ياڭرايدۇ.
2) پۈتۈن شەھەر بويىچە تازىلىق تەكشۈرۈشنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىرلىشىپ، هاجەتخانىنى پاكىز تازىلاپ، هاجەتخانا ئىشىكىگە قىزىل قەغەزدە پېچەت چاپلاپ قويۇش.
3) سۇخانىدىكى يېڭى ئەر - خوتۇنلار يېقىندا قىز پەرزەنت كۆردى. كېلىن توي قىلماي تۇرۇپ هامىلدار بولۇپ قالغان. كۈيئو ئوغۇلنىڭ ئاكتىپ پوزىتسىيەسىدىن قارىغاندا، ئۇ قىز بوۋاقنىڭ ئۆز ئاتىسى ئىكەن.
4) فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرى چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ پۇل يىغىش قىلىپ يوغان مۈشۈكئېيىق ئويۇنچۇق ئالدى. مۈشۈكئېيىقنىڭ بېشىغا ئىلغۇچ بىلەن يوغان قىزىل قەغەز ئىلىپ قويۇلدى. ئۈستىگە «سۇخانا گۈلىگە تەقدىم»؛ ئاستىغا «8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بارلىق فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىدىن» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.
5) كىيدۈرمە يوشۇرۇپ ساقلىغان ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتىن هەيدەش.
6) بىر قىز ئوقۇغۇچى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى.

7) قوشكېزەكلەرنىڭ بىرسى: «ئەتە يەكشەنبە چۈشتىن ئاۋۋال كۆپچىلىك بىللە فاڭ مۇئەللىمنىڭ خوتۇن - بالىلىرىدىن هال سوراپ ئۆيىگە بارىمىز...... سوۋغا ئېلىش - ئالماسلىق هەركىمنىڭ ئىختىيارى، «كۆزدىن يىراق كۆڭۈلدىن يىراق بولۇپ قالمىسۇن!» دېگەن تەكلىپنى بەردى.

# ئالتىنچى باب

## 1

شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى خوراز ئۈچ قېتىم چىللىدى. ئاقىرىپ كېلىۋاتقان تاڭ ئەينەكتە ئەكس ئەتتى. فاڭ فۇگۈينىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە يېرىم ئايدىن ئاشتى. ئۆينىڭ ھەربىر بۇلۇڭىدا، ھەربىر ئۆي جاھازىسىدا لەنىتى پۇراق دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. كۈندۈزى سۈس ئىدى، قاراڭغۇ چۈشكەندە كېچىدىكى تۇمانغا ئوخشاش ئاستا - ئاستا يامرايتتى: خوراز ئۈچ قېتىم چىللىغاندا، كېچىدىكى تۇمان قويۇقلىشىپ يۇقىرى پەللىگە يېتەتتى، ھېلىقى پۇراقمۇ قويۇقلىشىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلەتتى.

شۇ تاپتا لەنىتى پۇراق يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. تۇ شاۋ يىڭنىڭ قۇرغاقلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى: ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىش بىر ئايالنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بۇرۇلۇش — تۇنۇگۈن سەن خوتۇن ئىدىڭ. بۈگۈن تۇل خوتۇن بولۇپ قالدىڭ. ئېرىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ئەگىشىپ كەلگەن لەنىتى پۇراق رەڭلىك ئىدى. ئۇ قارا، ئاق - قارا روشەن سىلىشتۇرما. ئۇ قىزىل رەڭ بىلەن سىغىشالمايدۇ. قىزىل خۇشاللىققا، ئاق ئۆلۈمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. قارا قىزىلنىڭ توقۇلمىسى، قارا ئاقنىڭ گۇماشتىسى. ئالدىنقى كۈنى، فاڭ فۇ قىزىل باغىرداقنى شاپتۇل چوڭلۇقىدىكى كۆكسىگە تاقىدى. تۇ

شاۋيغىنىڭ قاراشلىرىدىن قوسۇر ئىزدەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
— خوزى، ئالماشتۇرۇۋەت، — دېدى ئۇ قىزىغا.
— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى فاڭ خۇ چۈشەنمىگەندەك، — نېمىشقا ئالماشتۇرۇۋېتىمەن؟ ئانا، سەتمىكەن يا؟
— ئاتاڭ يېقىندا ئۆلدى.
— ئاتامنىڭ يېقىندا ئۆلۈشى بىلەن بۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى؟
— ئاتاڭ ئۈچۈن قارىلىق تۇتىمىز، قىزىل، يېشىل نەرسىلەرنى ئارتىۋالساق بولمايدۇ.
— ئانا، هاجىتى يوق، ئۇنى تاقىمىساممۇ ئاتام ئۆلۈپ كەتتى. تاقىساممۇ ئاتام ئۆلۈپ كەتتى!
— تاقىما خوزى، هېچبولمىغاندا ئاتاڭنىڭ ماتەم بىلدۈرۈش مۇراسىمىدىن كېيىن تاقا. بولمىسا ئاق كۆڭلىكىڭ باغىرداقنىڭ رەڭگىنى يوشۇرالمايدۇ. كىشىلەر بىزنى مازاق قىلىدۇ.
فاڭ خۇ كۈلۈپ قويىدى، بېشىنى چايقىدى؛ باغىرداقنى ئېلىپ، ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتتى.
تۇ شاۋيىڭ راھەتلەنگەندەك بولۇپ قالدى. قىزى ئۇنىڭغا:
— ئانا، ئۆزۈڭنى بۇنداق ئازابلىما، ئاتام ئۆلدى، بىز ياشىشىمىز كېرەك: ئۆلگەن ئادەمنىڭ تىرىك ئادەمنى قويۇپ بەرمەيدىغان يولى يوق! ئاكام ئىككىمىز مەسلىھەتلەشتۇق. بىزنىڭ بەختىمىز ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ بەختى ئۈچۈن، دەرھال ياتلىق بول. ئاكام نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىئالغۇ ۋە «لى يەڭگىنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشى» دېگەن ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى ئەكېلىمەن دېدى، ئاڭلاپ بىقىپ، شۇنىڭدىن تەربىيە ئال. بۇنداق يىغلاپ ئۆتتۈۋەرسەڭ، بىزنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىمىزگە تەسىر يېتىدۇ، — دېدى.
يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان، يېڭى ئېچىلغان غۇنچىدەك قىزىغا قاراپ بىر خىل ناتونۇش تۇيغۇ بىردىنلا تۇ شاۋيىڭنىڭ بېشىغا

چىقتى. گەپ قىلغۇسى كەلدى- يۇ، گەپ قىلمىدى. قىزنىڭ بارا - بارا تولۇپ كېلىۋاتقان بەدىنى ئۇنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. چىرايلىق قىز ئاتا - ئانا ئۈچۈن ئاپەت؛ ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلدى، بۇ ئاپەتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بېشىغا چۈشتى.

مەرھۇم ئېرىنى سېغىنىش داۋامىدا تۇ شاۋيىڭ شىمالىي جۇڭگو يېزىلىرىدا تارقىلىپ يۈرگەن بىرنەچچە ھېكايىنى بەزى - بەزىدە ئېسىگە ئېلىپ قوياتتى. سەن بۇ ھېكايىلەرنى تۇ شاۋيىڭنىڭ بايان خاراكتېرىدىكى تەپەككۇرىدىن سۈزۈپ ئېلىپ، بىرلەشتۈرۈپ نەچچە ھېكايىگە ئايلاندۇرۇپ بىزگە سۆزلەپ بەر — كونا ھېكايە بولسىمۇ مەيلى، بىز چىشىمىزنى چىشلەپ، چەكچىيىپ تۇرۇپ ئاڭلايمىز.

**بىرىنچى ھېكايە:**

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ئادىل ئەمەلدار مەپىدە كېتىۋاتقانىكەن. تۇساتتىن، بىرپەس قۇيۇن چىقىپ كېتىپتۇ. مەپىكەش كۆزلىرىنى ئاچالماي يولنى داۋام قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. ئەمەلدارنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپتۇ. مەپىكەشنى توختاشقا بۇيرۇپتۇ. ئەمەلدار مەپىدىن چۈشۈپ ئەتراپقا قاراپتۇ. كۈن پارقىراپ تۇرغان، غەيرىي ئەھۋالنى بايقىماپتۇ. ئەمەلدار تەپسىلىي قاراپ، سۆگەتلىكنىڭ ئىچىدە بىر يېڭى قەبرىنى كۆرۈپ قاپتۇ. قەبرىنىڭ يېنىدا بىر ئايال يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن. ئەمەلدار بېرىپ ئۇ ئايالدىن گەپ سوراپتۇ. ئۇ ئايال قاش - كۆزى كېلىشكەن، قارىلىق كىيىم كىيگەن چىرايلىق ئايال ئىكەن. ئەمەلدار قەبرىنىڭ ئۇنىڭ ئېرىنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئايال سورالغان سوئاللارغا سۇدەك راۋان جاۋاب بېرىپتۇ. گۇمان قوزغىغۇدەك ئورۇن قويماپتۇ. ئەمەلدار: بايامقى قۇيۇن ئۇۋال قىلىنغان بىرەرسىنىڭ ھال ئېيتقىلى كەلگەن روھى ئەمەس ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ.

ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا يەنە قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپتۇ. قۇيۇندا ھېلىقى ئايالنىڭ قارىلىق كىيىمىنىڭ ئىچىدىكى قىزىل كۆڭلىكى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. ئەمەلدار يايىلىرىغا ھېلىقى ئايالنى داتاڭغا ئاپىرىشنى بۇيرۇپتۇ. قارىلىق كىيىمىنىڭ ئىچىگە نېمىشقا قىزىل كۆڭلەك كىيىۋالغانلىقىنى سوراپ، قاتتىق قىيناپتۇ. ھېلىقى ئايال قەيسەر ئايال ئىكەن، ئۇ يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇلۇپتۇ، لازا سۈيى قۇيۇلۇپتۇ، ئەۋلىيا كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزۈلۈپتۇ، گېلىغا بور تورۇندىسى پۈۋلىنىپتۇ......ئۇ زادىلا ئېغىز ئاچماپتۇ. ئەمەلدار ئەقىل ئىشلىتىپ، بىر يايىغا ھېلىقى ئايالنى قالايمىقان قىچىقلاشقا بۇيرۇپتۇ، ھېلىقى ئايال كۈلۈپتۇ ھەم يىغلاپتۇ، «قىچىق»قا چىدىماپتۇ، ئاخىر ھەممىنى ئىقرار قىپتۇ. ئۇ ئەسلىدە ئاشنا ئويناپ ئېرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن قارىلىق كىيىم كىيىۋالغانىكەن.

**ئىككىنچى ھېكايە:**

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ئادەم ئۆيگە كېتىۋېتىپ ياش بىر ئايالنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئايال قارىلىق كىيىم كىيگەن، قولىدا يەلپۈگۈچ، يىغلىغان پېتى قەبرىنى يەلپۈپ ئولتۇرغانىكەن. ھېلىقى ئادەمنىڭ ئىچى پۇشۇپ ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن:

— يەڭگە، قەبرىدە ياتقان ئادەم نېمىڭىز بولىدۇ؟—دەپ سوراپتۇ. ئايال:

— ئېرىم بولىدۇ......دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۆلگىلى نەچچە كۈن بولدى؟

— ئۈچ كۈن بولدى.

— يىغلىغىنىڭىز نېمىسى، قەبرىنى يەلپۈگىنىڭىز نېمىسى؟

ھېلىقى ئادەم قەبرە بېشىدا ئولتۇرغان خوتۇننىڭ ئېرى ئۆلۈپ

كەتكەندىن كېيىن قەبرىسى قۇرۇغان هامان ياتلىق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېرى بىلەن ئالدىنئالا كېلىشكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە ئۈچ كۈن بوپتۇ. لېكىن، قەبرە قۇرۇماپتۇ. ئايال قەبرە بالدۇرراق قۇرۇسا، تېززەك ياتلىق بولۇشنى ئويلاپ قەبرىنى يەلپۈپ ئولتۇرغانىكەن. ھېلىقى ئادەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ. ئۆيگە بېرىپ، يولدا كۆرگەن ئىشنى خوتۇنىغا دەپ بېرىپتۇ. خوتۇنى ئۇ ئايالنى نومۇسسىز دەپ تىللاپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم كۈلۈپ تۇرۇپ خوتۇنىدىن:

— مەن ئۆلۈپ كەتسەم، سەن نەچچە كۈن تۇل ئولتۇرالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن:

— ئەگەر سەن ئالدىمدا كېتىپ قالساڭ، مەن ئۆمۈر بويى ياتلىق بولمايمەن. «ياخشى ئاتقا ئىككى ئېگەر ياراشماس، ياخشى ئايال قايتا ياتلىق بولماس»، — دەپتۇ.ھېلىقى ئەر:

—راستمۇ - يالغانمۇ؟— دەپ سوراپتۇ يەنە.

خوتۇنى تېرىكىپ چىچاڭشىپ كېتىپتۇ.

شۇ ئاخشىمى ھېلىقى ئادەم راستتىنلا ئۆلۈپ قاپتۇ. خوتۇنى ئازابلىنىپ يىغلاپتۇ. ئېرىنى ياغاچ ئۆكەككە سېلىپ، جەسەت ساقلاش ئۆيىگە قويۇپ، ئېرىنىڭ روھىنىڭ كۈلپەتتىن خالىي بولۇپ، بالدۇرراق بېھىشكە كىرىشى ئۈچۈن راھىبلارنى چاقىرىپ نوم ئوقۇتۇپ، قەغەز كۆيدۈرۈپتۇ.

شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان كۈندۈزى ئۆتۈپ كېتىپ، زېرىكىشلىك كېچە يېتىپ كەپتۇ. قېرى راھىبلار ھۇرۇن ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلىغىلى بۇتخانىغا كېتىپ، جەسەتنىڭ يېنىدا تاك - تاك ئۇرغاچ، نوم ئوقۇپ بىر ياش راھىب قاپتۇ. ھېلىقى ئايالنىڭ كۆزىگە قانداق ئۇيقۇ كەلسۇن؟ زىل چىقىۋاتقان تاك - تاك ئاۋازى ئۇنىڭغا يۈرىكىنى چېكىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپتۇ. ياش راھىبنىڭ ئاۋازى سۆزۈك ئىكەن. نومنى ناخشا ئېيتقاندەك

ئوقۇيدىكەن. ھېلىقى ئايال ئىچىدە: ئىشقىلىپ ئۇخلىيالمىدىم، ياش راھىب بىلەن پاراڭلىشىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراي، دەپ ئويلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر پىيالە چاي قۇيۇپ، ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، جەسەت ساقلاش ئۆيىگە كىرىپتۇ، ھېلىقى ئايال:

— ئۇستام، نوم ئوقۇپ جاپا چەكتىلە، چاي ئىچىپ، گاللىرىنى نەمدىۋالسىلا، — دەپتۇ.

ياش راھىب نومنى قويۇپ قويۇپ، چاينى قولىغا ئېلىپ، چاينى ئىچىپ لېۋىنى تامشىتىپتۇ. ھېلىقى ئايال قارىسا، ياش راھىب قاش - كۆزى كېلىشكەن، لەۋلىرى قىزىل، چىشلىرى ئاپئاق، خۇددى تاڭ سىڭغا ئوخشاش كىشىنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك راھىب ئىكەن. چاي ئىچىۋاتقان ياش راھىب ھېلىقى ئايالغا يېۋېتىدىغاندەك تىكىلىپ قاراپ قاپتۇ. ھېلىقى ئايال:

— تازچاق، ماڭا نېمانداق بەزدەك قارايسەن؟ — دەپتۇ.

ياش راھىب ئارتۇق گەپ قىلماي، قولىدىكى چىنىنى تاشلىۋېتىپ ئېتىلىپ بارغان پېتى ھېلىقى ئايالنى بېسىۋاپتۇ. ئىككىسى ياغاچ ئۆكەكنىڭ ئالدىدا ئىشنى پۈتكۈزۈپتۇ.

ئەتىسى ئاخشىمى يەنە ئىشقىۋازلىق قىلىشىپتۇ. ياش راھىب:

— ئاچا، مۇشۇنداق بەدەنلىرىگە تاۋار كۆڭلەك كىيسىلە، قىزىلگۈل تاقىسىلا، نېمدەپ قارىلىق كىيىم كىيىلا؟ — دەپتۇ.

ھېلىقى ئايال شۇ زامات قارىلىق كىيىمنى سېلىۋېتىپ، تاۋار كۆڭلەك كىيىپ، چېكىسىگە قىزىلگۈل قىستۇرۇپ، ياش راھىب بىلەن كېچىچە پەيزى قىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى، ئىككىسى كۆڭۈللىرىنى بىر قېتىم خۇش قىلىشىپ بوپتۇ. ياش راھىب بىردىنلا بېشىنى قامالاپ تۇتۇپ، ئاغرىپ كەتتى، دەپ نالە قىپتۇ. ھېلىقى ئايال نېمە قىلىشنى بىلمەي ئالدىراپ كېتىپتۇ. ياش راھىب:

— كونا كېسىلىم قوزغالدى، ئۆلۈپ كېتىمەنمىكىن دەپ

قورقىمەن،— دەپتۇ.

ھېلىقى ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش مەڭزلىرىنى بويلاپ ئېقىپتۇ ۋە:

— بۇنىڭغا داۋا تېپىلمامدۇ؟— دەپ سوراپتۇ. ياش راھىب:

— تىرىك ئادەمنىڭ مېڭىسىنى بىر قاچا يېسەم، جېنىم ئامان قالاتتى،— دەپتۇ. ھېلىقى ئايال:

— تىرىك ئادەمنىڭ مېڭىسىنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟— دەپتۇ. ياش راھىب:

— يېڭى ئۆلگەن ئادەمنىڭ مېڭىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ!— دەپتۇ. ھېلىقى ئايال جىددىي پەيتتە ئەقىل تېپىپ، ياغاچ ئۆكەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

—ماۋۇ ئېرىمنىڭ مېڭىسى بولامدۇ؟— دەپ سوراپتۇ، ياش راھىب:

— يوقتىن ياخشى،— دەپتۇ.

ھېلىقى ئايال ئالدىراش پالتا تېپىپ، ياغاچ ئۆكەكنى يېرىپ، مەرھۇم ئېرىنىڭ مالخىيىنى بېشىدىن ئېلىۋېتىپ، مېڭىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى چەنلەپ، پالتا ساپتۇ!

سوغۇق كۈلكە ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۆلۈك ياغاچ ئۆكەكتىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ.

بۇ ئىككى ھېكايە خۇددى ئىككى يىلاندەك خىيال - پىكرىمنىڭ يوچۇقلىرىدا ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ، تۇ شاۋيىڭنىڭ ئارامىنى قويماپتۇ. ئېرىنىڭ ئۆلۈمى ئايال كىشى ئۈچۈن سىناق. ناۋادا بىر ياش راھىب پەيدا بولۇپ قالسا، مەن ئۇنىڭ ئازدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلەرمەنمۇ؟

جەزمەن بەرداشلىق بېرىمەن، جەزمەن. تۇ شاۋيىڭ ھەربىر ئېغىز گەپكە فېئودالىزمنىڭ زەھىرى سىڭىپ كەتكەن چاكىنا ھەم يۈزە بۇ ئىككى ھېكايىدە ناھايىتى بىمەنە ئىشلار بايان قىلىنغان.

قاش - كۆزى كېلىشكەن ياش راھىب ھەرگىز ئاسماندىن چۈشمەيدۇ! قەبرىنى يەلپۈشۈمنى كۈتۈپ قەبرە بېشىدا تېخىمۇ تۇرمايدۇ! مەن داڭلىق پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رۇس تىلى فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن ئەلاچى ئوقۇغۇچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان، تەشۋىقات ھەيئەتلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن! دەپ ئويلىدى. بىراق، بۇ قالتىس كەچۈرمىشلەر «ياش راھىب» ۋە «قەبرىنى يەلپۈش» پائالىيىتىنى توسۇيالمايدۇ، خۇددى بىلىقتەك بېشىنى چايقاپ، قۇيرۇقىنى پىلتىڭلىتىپ سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈۋېرىدۇ. مانا ئەمدى، ئۇ مۇشۇنداق كەچۈرمىشلەرگە چىرمىلىپ قىلىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ۋاز كېچىپ، ھېلىقى تاقىر باش راھىبنىڭ شەھۋانىي كالتىكى ۋە سىرتىغا قارىلىق كىيىم، ئىچىگە قىزىل كۆڭلەك كىيگەن ھېلىقى پەسكەش ئايالنىڭ خالىغانچە قىزىقتۇرۇشلىرىغا ئىمكان يارىتىپ بېرىۋاتاتتى. ئون نەچچە كۈندىن بۇيان ھەر ۋاقىت شۇنداق ئىدى. فاڭ خۇ شاپتۇل چوڭلۇقىدىكى كۆكسىگە قىزىل باغىرداق تاقىغان چاغدا، ئۇنىڭ كاللىسىدا قەبرە يەلپۈگەن ئايالنىڭ ئوبرازى شەكىللەنگەنىدى. ئالدىنقى كۈنى، ھە ئالدىنقى كۈنى تاۋاق كۆتۈرۈپ (تاۋاقتا توخۇ بىلەن كالىنىڭ ئۆلۈكى بار ئىدى) ئۆيگە كىرگەن ھېلىقى ئەرنىڭمۇ بېشىدا چاچ يوق ئىدى. دەرۋەقە تاقىر باش راھىبقا ئوخشاپ كېتەتتى!

مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا ئوخشاش ئىككى ھېكايىنىڭ قايتا - قايتا ئوتتۇرىغا چىقىشى تاسادىپىيلىقمۇ؟ ئەخلاقسىزلىق يولىغا كىرىپ كېتىش خەۋپى تەقدىرگە ئوخشاش يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

لەنتى پۇراق مەۋج ئۇرۇپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن چاغ ئىدى. بېشىدىكى ۋە ياستۇقىدىكى پۇراق يۇقىرى پەللىنىڭمۇ يۇقىرى پەللىسى ئىدى. بۇ زادى قانداق ماددىدىن تەركىب تاپقان

پۇراق؟ نېمىشقا مەزكۇر كىتابتىكى پېرسوناژلار پۇراققا قارىتا ئالاھىدە تەسىراتقا ئىگە - يۇ، لېكىن نېمىشقا تىلىنىڭ مەنتىقىلىقىغا پەرۋاسىز قارايدۇ؟ بۇ پەرۋاسىزلىقنى بايان قىلغۇچىنىڭ بور بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن كاللىسىغا ئارتىپ قويىمىز. غەلىتە مەنزىرە ۋە بىمەنە پۇراق تۇ شاۋىيىڭنى ئۇيقۇدىن تەرك قىلغان بولسىمۇ، يوتقانغا كىرىپ ئۇخلايدىغان ئادەتكە نائىلاج ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتاتتى. قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، سادا ياڭرىدى. ھايۋانات باغچىسىدىكى تۈلكە تۇتۇق ئايغا قاراپ ھۇۋلىدى. تۈلكىنىڭ ھۇۋلىشى ئاياللارنىڭ يىغىسىغا ئوخشايتتى. تۇ شاۋىيىڭ تۈلكىنىڭ ھۇۋلىشىدىن قورقاتتى. فاڭ فۇ پۇتىنى ئۇنىڭ پاچىقىغا ھۇزۇرلىنىپ سۈركىدى. ئورنىدىن تۇرىدىغان ۋاقىت بولغانىدى.

ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋات ئالدىدا ئۇيان - بۇيان ماڭدى. تاڭ سەھەردىكى تۈرلۈك ئاۋازلارغا قۇلاق سالدى. ياندىكى ئۆيدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز بەك ئېنىق ئىدى، داچيۇ بىلەن شاۋچيۇ ئىنگلىزچە تاۋۇشلارنى يادلاۋاتاتتى — steak beef, beef. broth, — موماي ھۇۋلىماقتا — ھۆسن تۈزگۈچى بىرسىنى تىللاۋاتاتتى — جاڭ چىچيۇ غۇدۇراۋاتاتتى. بۇ ئاللىبۇرۇن ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، باشقىچە بىر ئەھۋال — ئۇدا نەچچە كۈن بولدى، ئۇ ياندىكى ئۆيدىن چىقىۋاتقان تونۇش بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ خىيالى، قۇلىقىغا شۇنداق ئاڭلىنىپ كەتكەن دەپ چۈشەندى، ئەمما بۇ يەكۈندىن ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئالداۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مەرھۇم ئېرىنىڭ ئاۋازى ياندىكى ئۆيدىن گۈركىرەپ چىقىۋاتاتتى! فاڭ فۇگۈينىڭ ئاۋازى ياندىكى ئۆيدىن گۈركىرەپ چىقىۋاتاتتى! بۇ نېپىز تام ئاۋاز ئۆتكۈزمەيدىغان تام ئەمەس، بەلكى ئاۋازنى چوڭايتىۋېتىدىغان تام ئىدى. بىر ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتتى، جەسىتى دەپنە ئىدارىسىگە ئېلىپ ئەكېتىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى ھەر كۈنى ھۆسن تۈزگۈچىنىڭ

ئۆيىدىن گۈركىرەپ چىقىۋاتاتتى ــ مەيلى قايسى نۇقتىدىن تەكشۈرۈلسۇن، بۇ ئىش كىشىنى ئويغا سېلىپ قويىدىغان ئىش ئىدى!

## 2

توشقان تېرىسى شىلىدىغان تۇ شاۋىيلىڭ باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك خاربىنلىق ئىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېقىۋاتقان قاننىڭ يېرىمى رۇسلارنىڭ قېنى ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيەسى بىر - بىرىدىن يۈز ئۆرۈمگەن چاغدا، بۇ ھەقىقەتەن ئېيتىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. ئەمما، ئۇ چاغدا ئۇ بويى ئېگىز، ئۆزى ئاۋاق ئىدى. شالغۇت ئىكەنلىكىدىن ئازراقمۇ ئىزنا يوق ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگولۇق بىلەن رۇسنىڭ قېنىدىن ئاپىرىدە بولغانلىقىنى ئاشكارىلىغان بولسا، كۆپچىلىك ئۇنى ئۆزىنى پەدازلاپ كۆرسىتىۋاتىدۇ، دەپ مازاق قىلغان بولاتتى. ۋۇجۇدىدا شالغۇت ئىكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنىدە، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. باشتا ئېيتقاندەك، ئۇ پېداگوكىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ ئىنگلىز تىلى ياكى باشقا تىللارنى تاللىماي، نېمىشقا مەخسۇس رۇس تىلىنى تاللىدى، بۇنى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئىككىسلا بىلەتتى. باشتا دەپ ئۆتكەنىدەك، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆكسى ئالمىدەك بار ئىدى. فاڭ فۇگۈي ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇسسۇۋالغان چاغدا، كۆكسى ئۇنىڭغا ئىللىق ۋە يۇمشاق تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، قىزلارنىڭ كۆكسى چىڭ ھەم مۇزدەك بولىدۇ. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقتىن تېمپېراتۇرىسى بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىن تۆۋەن. فاڭ فۇگۈينىڭ بېشىنىڭ سېزىمى

نىسپىي جەھەتتىن ئېيتقاندا تۇغرا. ئۇنىڭ بېشى قاتتىق ھەم مۇزدەك.

تۇ شاۋىيلىڭ شۇ كۈنى سۇس مايسا رەڭ كۆڭلەك كىيگەن، تېرىسى كىرىشىپ تۇراتتى. قارام بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئۇسكەن پېتى قوينىغا كىرىپ كەتتى. مەيلى نېمىلا دېگەنبىلەن ئوسال ئەھۋال يۈز بەرگەنىدى. تۇ شاۋىيلىڭ سەل - پەل بىئارام بولدى، تولىراق ئىزا تارتىپ كەتتى. ئۇنىڭ سىپسىيدام ئۇچلۇق بېشى، دۈم كۆمتۈرۈلگەن پارقىراق قاپاقچا ئوخشايتتى. بېشى بۇنداق ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭ توققۇزى ئەلاچى بولاتتى. جەسەت ئالدىدا تاك - تاك چېلىپ ئولتۇرغان ياش راھىب قىستۇرۇلۇپ كىردى. ئۇنىڭ قاتتىق بېشى كۆكرەك قەپەسىمدىكى مۇھەببەت قوڭغۇرىقىنى چالدى. شۇ چاغدا ھېلىقى بالا كەچۈرۈم سوراپمۇ قويمىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاغزى گەپكە گال ئىدى. ئۇ ئەمدى توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. تونۇش ئاۋاز تامدىن ئۆتۈپ بۇياققا ئاڭلىناتتى: «يەڭگە، ئۆتۈنۈپ قالاي......» ئۇ نېمىنى ئۆتۈنىدىغاندۇ؟ ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بىلەن ئاشنا ئويناپ يۈرگەن بىر ئايالدىن نېمىنى ئۆتۈنىدىغاندۇ؟ ئاچچىق سۆيۈملۈك ئاغزىدىن كۈۋەجەپ چىقتى، بۇ كۈنداشلىق سۆيۈملۈكى ئىدى. تام تۈۋىنى بويلاپ يۈگۈرەۋاتقان چاشقاندىنمۇ ئۇنىڭ لەنىتى پۈرىقى كېلەتتى. تۇ شاۋىيلىڭ تامدىن ئۆتۈپ ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەن چاشقانغا قاراپ تۇردى. مۇھەببەت بايان قىلىنغان ئېپىك شېئىرنىڭ بىر بېتى ئېچىلدى.

— باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، كىتاب خالتىسى ھېسسىياتىنى ئىشقا سالغاندا شىردىن چەبدەس ئىدى. قىرائەتخانىنىڭ تار كارىدورىدا ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ قالدىڭىز. كارىدوردا بېشىنى كۆكسىڭىزگە ئۇسۇۋالغان شۇ ئىشتىن كېيىن، بۇنداق ئەھۋال ھەر كۈنى دېگۈدەك تەكرارلاندى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ

كۆزلىرىدىن يېشىل نۇر چاقناپ تۇراتتى. تەجرىبىلىك ئاياللارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ مۇھەببەت نۇرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. تۇ شاۋىيىڭ تەجرىبىسىز ئىدى. ئۇ بۇ نۇرغا يەتتە ئۇلۇش ئىنتىلدى ۋە ئۈچ ئۇلۇش ۋەھىمە بىلەن بۇ ئۆتكۈر نۇردىن ئۆزىنى قاچۇردى. بۇنداق كۈچلۈك نۇر ئاياللارنىڭ كۆزىگە زىيانلىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ قىزىقىشىڭىزنى باسالماي نۇرغا قارىدىڭىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېلىقى بالىنىڭ بېشى تەگكەن كۆكسىڭىزنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. كېچىسى كېتىۋاتقان سېزىمدىن خورلىنىش شەكىللەندى. تۇ شاۋىيىڭ ئىختىيارسىز بىلىنى ئەگدى.

بايان قىلغۇچىنىڭ دېيىشىچە، شۇ ئاخشىمى مەكتەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر كىنوسى قويۇلغان، قىرائەتخانىدا ئاساسەن ئادەم يوق، ھالقىلىق پەيتتە، قىرائەتخانىغا توك يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان توك يولىدىن چاتاق چىققان. خۇددى ئۆتكەن قېتىم ئىككىسى بىر - بىرىگە تاسادىپىي سوقۇلۇشۇپ كەتكەنگە ئوخشاش بۇ قېتىمقى ئىشمۇ تاسادىپىي يۈز بەردى. توك توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پولاتتىن چاچرىغان ئۇچقۇنغا ئوخشاش ئىزنىتقۇ نۇرلار چاقنايتتى. تۇ شاۋىيىڭ ئۆزىگە كېلەر - كەلمەستىن، فاڭ فۇگۈي چىشىنى چىشلەپ (چىشلىرى غىچىرلايتتى) تۇ شاۋىيىڭغا ئېتىلدى.

شۇ چاغدا سىز شوك بولۇپ قالدىڭىز. ئوي - پىكرىڭىز سوغۇقتا توڭلاپ قالغاندى. بەل ئومۇرتقىڭىز غاراسلاپ كەتتى. ئاشقازىنىڭىزدىكى تاماقنىڭ بىر قىسمى تۆۋەنلەپ، بىر قىسمى ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا يەردە يېتىش پۈتۈنلەي مۇۋاپىق ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. ناۋادا تەگرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن فاڭ فۇگۈي بىلىدىن قۇچاقلىۋالمىغان بولسا، تۇ شاۋىيىڭغا يەردە ياتماقتىن باشقا تاللاش بولمىغان بولاتتى. تىنچلىق ھۆكۈم

سۈرۈۋاتقان يىللاردا، بىز تەگىرىنىڭ ئەمچەكلىرى يوغان ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللارغا ئوخشاش شەپقەتلىك ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىمىز، تۇ شاۋىيگىنىڭ كۆزلىرى بوخەي دېڭىزىنىڭ سۈيىگە ئوخشاش كۆل رەڭ ئىدى: چاچلىرى زىغىرنىڭ رەڭگىدە (قۇرۇق گەپ)؛ دېگىلى بولمايدىغان بىر نۇقتا ...... دەپلۇەت ! سەندىن ھېچنېمىنى يوشۇرماسلىقنى ئىلتىماس قىلغانىدۇق. ماقۇل، سەن ئەمەلىيەتتە بۇ ساغلاملىقنىڭ ئىپادىسى. ھاياتىي كۈچىنىڭ ئىپادىسى دېدىڭ: تۇ شاۋىيگىنىڭ جىنسىي ھەۋىسى ئۆرغۈپ ئۇزاققىچە پەسەيمىدى. بولمىسا ئۇ ئالتۇندىن قۇيۇلغان ئورۇندۇقتىن غۇلاپ چۈشكەن بولاتتى. غالجىرلاشقان ئەرگە تەگىرىمۇ تاقابىل تۇرالمايدۇ. تۇ شاۋىيگىنىڭ ئىرادىسى بىر ئەركەكنىڭ قۇچاقلىشى بىلەن شۇ ھامان يەڭگىل بۇلۇتقا ئايلىنىپ كەتتى. لەنىتى پۇراق يۇقىرى بېسىملىق قازاننىڭ كىلاپانىدىن ئېتىلىپ چىقتى، ئۇنى يۇقىرى تېمپېراتۇرىمۇ يوقىتالمىدى. ئۇ ياندىكى ئۆيدە ھۆسن تۈزىگۈچى بىلەن كۇسۇرلىشىۋاتاتتى. تۇ شاۋىيلىڭ ئۇ ھۆسن تۈزىگۈچى بىلەن ئۆزى توغرۇلۇق بىرنېمە دېيىشىۋاتىدۇ دەپ جەزم قىلدى - دە، ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى. تۇ شاۋىيلىڭ يىغا ئاۋازىنى مەقسەتلىك ھالدا تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاڭلاتتى. بۇ قارشىلىق، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئىدى. قارغىشتىن پەرقلەنمەيتتى؛ سېھىرگە ئوخشاش ئالاھىدە ئىقتىدار دەپ چۈشەنسىمۇ بولۇۋېرەتتى. جۈپتىدىن ئايرىلغان تەنھا تۇرنىنىڭ نالىسى؛ قەپەستىكى چىلبۆرىنىڭ ئايغا قاراپ ھۇۋلىشى ئىدى. تۇ شاۋىيگىنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىغان يىغىسىدىن ھامان بىر كۈنى قولىنىڭ ئۈچىدا قوپۇرۇلغان تام ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى — بۇ كېيىنكى گەپلەر، ھازىرچە تىلغا ئالماي تۇرايلى.

يېگەن نەرسە يۇقىرى ئۆرلەپ، بىر خىل پۇراق تۇ شاۋىيگىنىڭ ئېغىز بوشلۇقىغا بۆسۈپ كىردى (كۆڭلىمىز ئايىنىدىمۇ -

ئاينىمدىمدۇ، كارىڭ يوق)، بۇ كۇدىنىڭ پۇرىقى ئىدى. ئاغزىڭىزدىن كۇدە پۇرىقى پۇراپ تۇرغانلىقتىن سىزدە ئۆز - ئۆزىنى كەمسىندۇرۇش تۇيغۇسى پەيدا بولدى...... بۇ چاغدا فاڭ فۇگۇي ئاغزىنى ئاغزىڭىزغا يېقىپ بولغانىدى. مەن ئاغزىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. بۇ ئەھۋال ئۇزاق داۋاملاشمىدى. تۇ شاۋىيىڭ توكقا ئوخشاش بىرنەرسىنىڭ ئومۇرتقىسىدىن ئۆتۈپ ئارقا مېڭىسىگە تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاغزىنى ئاچتى (بۇ چاغدا ئۇ دەريا سەدەپ قۇلۇلىسىنى ئەسلىدى. دەريا سەدەپ قۇلۇلىسى تۇتۇلغان چاغدا ھەمىشە ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋالاتتى، ئىسسىق سۇنى كۆرسە ئاغزىنى ئاچاتتى، ئۆلۈك دەريا سەدەپ قۇلۇلىسى ئىسسىق سۇدىمۇ ئاغزىنى ئاچمايتتى.

كۇدىنىڭ پۇرىقىنى ساڭا بەردىم!

ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراش ئاغزىڭىزغا تۆكۈلدى!

مېنىڭ پۇرىقىمنى ۋە ۋارقىرىشىمنى ئازراقمۇ ئاشكارىلىمايسىز!

ئۇ ئىككى نەرسە مۇھەببەتنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى!

ئېسىل شاراب ئىچكەندىن كېيىن ئىسپىرتنىڭ زەھەرلىشىگە بەرداشلىق بېرىشكە تەييار تۇرماي بولمايدۇ!

ئۇنداقتا، بۇرنۇڭلار بىلەن نەپەس ئېلىۋاتقىنىڭلارنى ھېس قىلدۇق.

بايان قىلغۇچىنىڭ دېيىشىچە، مەكتەپ گىمناستىكا مەيدانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق بىر كىنوسى قويۇلغان. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، شۇ كىنونىڭ «جەنۇبقا ئۇچقان تۇرنىلار» ناملىق كىنو ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. فاشىستلارنىڭ ئايروپىلانلىرى شەھەرنى بومباردىمان قىلماقتا، بىنالارنىڭ ئەينەكلىرى چېقىلاتتى، ئەينەك پارچىلىرى شارىلداپ يولغا چۈشەتتى. ھېلىقى چىرايلىق ئايال ھېلىقى ئەرنىڭ كاچىتىغا 26 قېتىم چاڭىلدىتىپ سالدى! ئەرنىڭ كۆزلىرىدىن يېشىل ئېزىتقۇ نۇر چاقناپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ئېزىتقۇ

نۇر چاقنىغان ئەرنى پەيلىدىن ياندۇرغىلى بولمىدى! ئۇ ئىنىسىنىڭ خوتۇنىنى قۇچاقلىدى. خوتۇن ئۆزىنى كەينىگە تاشلىدى.

سىز چېقىلغان ئەينەكنىڭ يەرگە چۈشكەن چاغدىكى ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭىز. ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆردىڭىز. خۇددى ئۆلۈكتەك قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئۆلۈكتەك ھېس قىلدىڭىز. كۆز ياشلىرىڭىز ئېقىپ بويىنىڭىزغا چۈشتى. تۇ شاۋيىك قىزلىق پەردىسى يىرتىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆكسۈپ يىغلاۋاتامدۇ؟ بۇ «؟» كە جاۋاب يوق.

تۇ شاۋيىك ئۆملەپ ئورنىدىن تۇردى، كۆڭلى بەك پاراكەندە ئىدى. شۇ چاغدىكى تۇيغۇ ئۇنىڭ كاللىسىدا ھېلىھەم ساقلانماقتا. كېيىن ئۆملەپ، قولى بىلەن يەرنى تېرەپ كاسىسىنى، قورسىقىنى يەردىن كۆتۈردى...... ھەربىر ھەرىكىتى نومۇسلۇق ھەم ئېپلاس ئىدى. ئۇ يۈزىنى يېقىن ئەكەلدى، سەن قانىغان چىشلارنىڭ پۇرىقىنى پۇرىدىڭ.

تۇ شاۋيىك فاڭ فۇگۈيىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى، ئۇ يۈزىنى قاماللاپ تۇتقان پېتى ئوقتەك يۈگۈرۈپ قېچىپ كەتتى.

سىز گىمناستىكا مەيدانىغا قېچىپ كېلىۋالدىڭىز. گىمناستىكا مەيدانىغا سىزنى جىن باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇرۇش ئاياغلاشتى، جەڭچىلەر يۇرتلىرىغا قايتىشتى. مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان خوتۇن - قىزلار، ئۇششاق باللار ۋوگزالغا يىغىلغانىدى...... قۇچاقلىرىدا گۈل بار ئىدى. سىز ئۇنى بىر دەستە گۈلنى قۇچاقلىغان، كۆز ياشلىرى مەڭزلىرىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ھالەتتە كۆردىڭىز، ئادەملەر مىغ - مىغ، قىستا - قىستاڭ، چەكسىز خۇشاللىق دولقۇنلىرى قوينىدا تەۋرىنەتتى، ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. ئۇ ئۆزىگە ئۇچرىغان ھەربىر ئادەمگە گۈل تەقدىم قىلدى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ھەم پەرۋاسىز ئىدى.

—تۇ شاۋيىك، يىغلىدىڭىزمۇ؟— دېدى بىز قىز ساۋاقدىشى

خەيرخاھلىق قىلغان تەلەپپۇزدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ياق، يىغلىمىدىم! — سىز شۇنداق دەپ قول ياغلىقىڭىزنى چىقىرىپ كۆزلىرىڭىزنى سۈرتتىڭىز. چىرايىڭىزدىكى خورلۇقتىن فىزىكا فاكۇلتېتىدىكى ھېلىقى دوقا ماڭلاي، قارام بالىغا ئۆچ بولۇپ كەتتىڭىز.

— كۆڭلىكىڭىز نېمانداق مەينەت؟ — قىزلار ياتىقىدا ھېلىقى قىز ساۋاقدىشىڭىز سىزدىن سورىدى، — ۋاي - ۋۇي، چاچلىرىڭىزچۇ تېخى!

شۇ چاغدا چاچلىرىڭىز ئۆلچەملىك جۇڭگولۇقلارنىڭ چېچىغا ئوخشاش قاپقارا ئىدى، چاچلىرىڭىزنى تۈزەشتۈردىڭىز، مەڭزىلىرىڭىز قولنى كۆيدۈرەتتى، قولىڭىز مۇزدەك، بارماقلىرىڭىزنىڭ ئۇگىلىرى كېڭىيىپ كەتكەچكە قېتىپ كەتكەنىدى، سىز:

— يېقىلىپ كەتتىم...... بەك بىئارام بولدۇم...... دېدىڭىز.

تۇ شاۋيېك ھېلىقى ئوغۇل ئوقۇغۇچىغا ئەمدى قارىماسلىق قارارىغا كەلدى. ئۇ تېخى ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيتتى، ئۇنىڭغا تېگىپ قېلىشنى ئەسلا ئويلىمايتتى. قىزلىق ئىپپىتىدىن ئايرىلدى، ھېلىقى بىرنېمە پايدا ئالدى. مەن قاراپ تۇرۇپ زىيان تارتتىم.

شۇ چاغلار ئىپپەتنى جاندىن ئەزىز بىلىدىغان چاغلار ئىدى، تۇ شاۋيېك ئىنتايىن ئېغىر زىيان تارتتى.

## 3

تۇ شاۋيېك ئىشىك چېكىلىشتىن ئاۋۋال ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى. ئېرى ئۆلۈپ كەتتى، شان - شەرەپ ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىغان ئاياللارغا ئوخشىمايتتى. ئۆزىنى خىزمەت ئورنىدا كۈرەش قىلىپ

قۇربان بولغان قەھرىمانىنىڭ ئايالىدەك تۇتۇش زۆرۈر ئىدى: قەلبى قايغۇلۇق، چىرايى خاتىرجەم؛ ئاۋازى بوغۇق، گەپ - سۆزلىرى رىتىملىق، پەزىلىتى ئالىيجاناب ــ تەشكىلگە ھېچقانداق تەلەپ قويمىدى، قىيىنچىلىق بولسا ئۆزى ھەل قىلىدىغان بولدى: غايىسى قەتئىي ئىدى ــ ئىنقىلابقا خىزمەت قىلىپ، باللىرىمنى ياخشى تەربىيەلەپ، مەرھۇم ئېرىمدىن قالغان يوكنى ئۈستۈمگە ئالىمەن.

كۈندۈزى، ۋاقىتلىق جەسەت توشۇش ماشىنىسى قىلىنغان مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇتقا توشقان توشۇيدىغان ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇردىڭىز. دەريادىكى كۆكۈچ نۇرلارنى ھەم دەريا ياقىسىدىكى ئاق تېرەكلەرنىڭ ئاپئاق غولىنى كۆردىڭىز. مەكتەپ مۇدىرى فاڭ فۇگۇيىنىڭ جەسىتىگە ھەمراھ بولۇپ ماشىنىنىڭ كوزۇپىدا ئولتۇراتتى. سىز كابىنكىسىدا ئولتۇرۇپ ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھىرىمەن بولدىڭىز. كۆڭلىڭىز پاراكەندە. كېيىن مەكتەپ مۇدىرى بىلەن مەكتەپتىكى قارا ئىشچىلارنىڭ فاڭ فۇگۇيىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ دەپنە ئىدارىسىگە ئەكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردىڭىز. مەكتەپ مۇدىرى فاڭ فۇگۇيىنىڭ بېشىنىڭ كەينى تەرىپىنى توختىماي سىلاپ تۇراتتى. خۇددى ئەپسۇن ئوقۇۋاتقاندەك ئاغزى مىدىرلايتتى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ھەرىكىتىدىن تەسىرلەندىڭىز. فاڭ فۇگۇيىنىڭ بېشىنىڭ كەينىنى ئېچىنىش بىلەن سىلايتتى، چۈنكى شۇ يەرگە نۇرغۇن فىزىكىلىق قائىدىلەر قاچىلانغانىدى. ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق مۇنەۋۋەر بىر ئوقۇتقۇچىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قايغۇراتتى.

ــ يولداش تۇ شاۋيىڭ، سەۋر قىلىڭ ...... دەيتتى مەكتەپ مۇدىرى كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، ــ خىزمەت مەسىلىڭىز توغرۇلۇق شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە مەخسۇس دوكلات يازىمەن. رۇس تىلى مەخسۇس كۇرسىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى توشقان تېرىسى شىلسا - ھە! ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئىسراپ

قىلغانلىق! فاڭ مۇئەللىم بالدۇر كېتىپ قالدى، ئۇ بىزنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مۇراجىئەت قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. بىز تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىمىز!

تۇ شاۋيىڭنىڭ بىغلىغۇسىلا كېلەتتى. ھەرگىزمۇ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئازابلىنىپ ئەمەس، بەلكى پارتىيە بىلەن تەشكىلنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدى. شۇ چاغدا ناۋادا مەكتەپ مۇدىرى پارتىيەگە ۋەكىللىك قىلىپ، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆز قارىچۇقىنى چىقىرىپ بېرىشكە بۇيرۇسا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمىگەن بولاتتى.

ـــ مۇدىر، مەكتەپتىكى ئىشلىرىڭىز بەك ئالدىراش، مېنىڭ ئىشىم ئۈچۈن ۋاقتىڭىزغا دەخلە يېتىپ قالمىسۇن، «ئادەم ھامان ئۆلىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ھاڭگىرت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ». مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتىدىكى خىزمىتىم ناھايىتى ياخشى، بەك ياخشى......

فاڭ لوڭ سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياش ئىدى. ئادەتتىكى جانلىقلار نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ ئىككىنچى ئەۋلاد شالغۇت ئىدى، ئارتۇقچىلىقىمۇ ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ يېشى ھەم تارىخى ئېنىق ئەمەس. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتىمۇ يوق، بۇ بىزگە بەلگىسىز. ئۇ بىر مۆجىزىدەك كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى.

بايان قىلغۇچى بۇ ياشنى ئىنچىكە كۆزەتكەنلىكىنى ئېيتتى ھەم ئۇنىڭ قىياپىتىنى تىل بىلەن تەپسىلىي تەسۋىرلىدى: بويى 1 مېتىر 88 سانتىمېتىر؛ پۇتلىرى ئۇزۇن ھەم ساغلام؛ قورسىقى بىر پارچە پولات تاختايدەك تۈپتۈز؛ مەيدىسى كەڭ؛ يەلكىسى بىلىنەر - بىلىنمەس ھالدا قىيپاش؛ قوللىرى ئۇزۇن ھەم كېلەڭسىز؛ يۈزى ئۇزۇنچاق، بۇرنى قاڭشارلىق، ئادەم ھەيران

قالدۇ؛ كالپۇكلىرى نېپىز ھەم چىڭ؛ كۆزى سەل ئىچكىرى، شوخ ھەم سەزگۈر، سۇر كۆك نۇرلار چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى يېقىشلىق. بۇرۇتى ساپسېرىق، چاچلىرىمۇ شۇ رەڭدە.

مەكتەپ مۇدىرى، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، مەكتەپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى قاتارلىقلار ئورۇندۇقلاردا ئولتۇراتتى، چىرايلىرى قايغۇلۇق ئىدى. ئۇلار بەزىدە قايغۇلۇق، بەزىدە غەزەپلىك تەلەپپۇزدا تۇ شاۋېيگە تەسەللى بېرەتتى. سىز گويا بىر كېچىدىلا چوڭ ئادەمدەك بولۇپ كەتكەن ئوغلىڭىزنىڭ مۇرىسى بىلەن ئىشىكنىڭ كېشىكنى تىرەپ توختىماي، رىتىملىك تەۋرىنىپ تۇرغان گەۋدىسىنى كۆردىڭىز، ئاغزىدىن ۋە بۇرنىدىن چىققان سوغۇق كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭىز.

مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق باشلىقلار بۇ سوغۇق كۈلكىنىڭ تەھدىتىنى ئايرىم - ئايرىم ھېس قىلىشتى. كۈلۈۋاتقان ئادەمگە ھېچقايسىسى توغرا قاراشقا پېتىنالمىدى. ئۇلارنىڭ باشلىرى بارا - بارا تەرلەپ، كۆڭلەكلىرىنىڭ ياقىلىرى ھۆل بولدى. كاسىلىرىنى قىمىرلىتىشقا باشلىدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىقىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

— يولداش تۇ شاۋېيك، شۇنداق بولسۇن، سەۋر قىلىڭ، سەۋر قىلىڭ، بەزىلەر: «فاڭ مۇئەللىم ئۆلۈپ كېتىۋىدى، 8- ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تېرەكلەر قاتتىق ھەسرەتلەندى» دېدى، — بۇ گەپ توغرا......

قېرىلىق يەتكەن، ئاغزىدىن گېپى چۈشۈپ قالىدىغان مەكتەپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى:

— بۇنداق دېسەم خۇراپاتلىقنى تارقاتقان بولۇپ قالىمەن: بۈگۈن ھاۋا شۇنداق ئوچۇق، ئاسماندا بىرەر پارچە بۇلۇتمۇ يوق، لېكىن شامالمۇ يوق. ھېلىقى يوغان تېرەك، ھاجەتخانىنىڭ يېنىدىكى ھېلىقى يوغان تېرەك تۇيۇقسىز ئىرغاڭلاپ كەتتى،

يوپۇرماقلىرى شالدىرلاپ، پۇرچاق چوڭلۇقىدا سۇ تامچىسى تۆكۈلدى. تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم، يامغۇر ياغقان ئوخشايدۇ، دەي دېسەم، ئاسماندا ئالىقانچىلىك بۇلۇت يوق! تومۇزغىلار سىيگەن ئوخشايدۇ دەپمۇ ئويلىدىم: لېكىن، ئاق تېرەكتە چىرىلدىشىۋاتقان تومۇزغۇلار يوق. قاتتىق ئويلاندىم، ئاخىر چۈشەندىم: ئاق تېرەك ياش تۆككەنىكەن! بۇ ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. باشقا بىرەيلەن دېگەن بولسا ئىشەنمىگەن بولاتتىم، ئەمما مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، شۇ چاغدا مەن ھاجەتخانىدا كىچىك تەرەت قىلىۋاتاتتىم......دېدى.

مەكتەپ ياچېيكا شۇجىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسىنىڭ گېپىنى دەل ۋاقتىدا ئارىچىلاپ، ئورنىدىن تۇردى - دە:

— يولداش تۇ شاۋيىڭ، ئەتە سىزنى ۋە بالىلىرىڭىزنى بىللە ئېلىپ يولداش فاڭ فۇگۇينىڭ جەستى بىلەن ۋىدالىشىشقا بارىمىز. مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى فاڭ مۇئەللىمگە ئالاقىدار شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىنى سىزگە تاپشۇرىدۇ. سەۋر قىلىڭ، سەۋر قىلىڭ...... — دېدى.

مەكتەپ دائىرىلىرىدىن ئۈچ چوڭ ماگنات سەۋر قىلىش كېرەكلىكىنى دەپ، باشلىرىنى توختىماي لىڭشىتىپ، گەۋدىلىرىنى سىرتقا سىلجىتتى، ئىشىكتىن چىقىدىغان چاغدا، ئۇلار قورقۇنچ ھېس قىلىشتى. فاڭ لوڭ ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى كېشكگە يۆلىنىپ تۇراتتى، ئۇلار ئىشىكنىڭ سول تەرىپىدىكى كېشكگە سۈركىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— ھەتتا تېرەكمۇ ياش تۆكتىمۇ؟ — دېدى فاڭ لوڭ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك.

ھويلىغا چىقىۋالغان مەكتەپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆي ئىچىگە قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتكەن ئاپتاپپەرەستەك ساپسېرىق ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئاقساپ

ماڭاتتى.

ئۇلار چۈشكە ئوخشاش پەيدا بولۇپ، چۈشكە ئوخشاش يوقالدى. تۇ شاۋيلڭ ئۆيگە قايتىپ كىرىۋېتىپ، ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدە چاقناۋاتقان سوغۇق نۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ قانداقتۇر ۋىجدانىغا خىلاپ بىرەر ئىش قىلىپ قويغاندەك بۇ نۇردىن ئۆزىنى قاچۇردى.

ئوغلى ئىشتىنىنىڭ كەينى يانچۇقىدىن ئون يۈەن قىممىتىدىكى يېپيېڭى بىر تاتازا پۇلنى چىقىرىپ چەكتى — خەلق پۇلىدىن مېتالنىڭ ئاۋازى كەلدى - دە، ئۈستەلگە تاشلىدى:

—ئانا، — دېدى ئۇ،— بۇ ئادەملەرنىڭ قورۇق گەپلىرىگە قۇلاق سالماڭ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسابسىز كىشىلەر. «ئىنتېرناتسيونال گىمنى» دا مۇنداق دېيىلگەن، «ئەزەلدىن يوق قۇتقۇزغۇچى خۇدا، يۆلەنمەيمىز ئەۋلىيا خانىغا» تاتلىق - تۇرۇم ۋە ئاچچىق - چۈچۈك نەرسە يېيىش ئۈچۈن ئۆزىمىزگە تايىنىمىز!

ئۇ پۇلنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ، ئىككى قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، پۇلاڭشىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. قىياپىتىدىن ئائىلىنىڭ غوجايىنى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

خەلق پۇلى ئۈستەل ئۈستىگە يەلپۈگۈچ شەكلىدە يېيىلغانىدى. بىر توپ ئىشچى - دېھقان ۋە ئەسكەرلەرنىڭ چىرايىدا كۈلكە، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەنىدى. دۇنياغا كېلىپ مۇشۇ كەمگىچە تۇ شاۋيلڭ بۇنچىلىك نۇرغۇن پۇلنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

تۇ شاۋيلڭ ئىشكىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى، كاسىسىنى قولى بىلەن يېپىۋالماقچى بولغاندەك، قولىنى ئىشتىنىنىڭ كەينى يانچۇقىغا سېلىپ ئىرغاڭلاپ كېتىۋاتقان ئوغلىغا يەنە بىر قېتىم نەزەر تاشلىدى.

تۇ شاۋيلىڭ بۇ پۇللار نەدىن كەلگەن پۇللار دەپ ئويلىدى.

ئەمما، ئۇ ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كاتتا قەھرىمان كۆڭۈلسىز گۇگۇم قوينىدا غايىب بولغانىدى.

شۇ ئاخشىمى ئۇ ئۇخلىيالمىدى، تۇرۇپ «گۈزەل دۇنيا» دا قالغان فاڭ فۇگۇينىڭ جەسىتىنى ئويلايتتى؛ تۇرۇپلا ئوغلىنى لوم تۆمۈر بىلەن شەھەرلىك خەلق بانكىسىنىڭ بىخەتەر ئىشكاپىنى قومۇرۇۋاتقان ھالەتتە كۆرگەندەك بولاتتى. قىزى فاڭ خىۇ ھۇجرىسىدا قانداقتۇر بىرنەرسە ئاختۇرۇپ يۈرەتتى. ياندىكى ئۆيدە«دوك - دوك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، جاڭ ئائىلىسىنىڭ ئىككى ئوغلى خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى.

شەھەر ئەتراپى رايونىدا خوراز ئۇچىنچى قېتىم چىللىغاندا، ئۇ بىرسىنىڭ ئالدىراش ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى.

تۇ شاۋيلىڭ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۇستىبېشى قان ئوغلىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييار ئىدى.

ھاكىنىڭ پۈرىقى بۇرنىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. شەھەردىكى كېچىلىك چىراغنىڭ يورۇقىدا، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئۇستىبېشى ئاپئاق بىر ئەرۋاھنى كۆردى. ھېلىقى ئەرۋاھ بىچارىلەرچە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ:

— ئانىسى، مەن ئۆلمىدىم...... قورقما، مەن ئەسلىي ئۆلمىگەن....... — دېدى.

باشتا بايان قىلغاندەك، تۇ شاۋيلىڭ غەلىتە چىرقىراپ، ئايلىنىپ يىقىلدى.

## 4

پۇل رەزىل نەرسە، لېكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىغىلى

بولمايدۇ. ئامالنىڭ يوقىدا ئوغلىڭىز ئۈستەلگە پىرقىرىتىپ تاشلىغان بىر تاتازا پۇلدىن ئىككى ۋاراقنى ئېلىپ ئاشلىق سېتىۋالغىلى ئاشلىق پونكىتىغا قاراپ ماڭغان چېغىڭىزدا، يانچۇقىڭىزدىكى پۇللارنىڭ شاراقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭىز، ئاشلىق دۇكىنىدىكى ھېلىقى قىزغا شۇ پۇللارنى بەردىڭىز، ھېلىقى قىزنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن سىزگە نەچچە قېتىم تىكىلىپ قارىغانلىقىنى بايقىدىڭىز. ئىچىڭىزدە: «بۇ پۇللار ساختا پۇل ئەمەستۇ؟» دەپ غوتۇلدىدىڭىز. ناۋادا ساختا پۇل بولسا، بۇ ئاتا تەربىيەسىدىن ئايرىلغان ئوغلىڭىزنىڭ يالغان پۇل ياسايدىغان گورۇھقا ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى! جىنايەت ئېغىر، سىز قارشى تەدبىر توغرۇلۇق ئويلىنىشقا باشلىدىڭىز. ئوغلىڭىزنى ھەرگىز سېتىۋەتمەيدىغانلىقىڭىز ئۆزىڭىزگە ئايان. خۇپسەن بولۇۋالسىز، كاسسىر بەرگەن مائاشىم، دەيسىز.

ئۇن ساتىدىغان قىز قىزىل لاك سۈركەلگەن بارماقلىرى بىلەن ھېلىقى يېپيېڭى پۇلنى چەكتى. تاراقلىتىپ چېكىشى شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق، شۇنچىلىك سىرلىق ھەم شۇنچىلىك غەرەزلىك! يەنە بىر قولىنى پەشتاختا ئىچىگە ئاپىرىپ بىر ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدىڭىز، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى باسقانلىقىنى، ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئەتراپىدا يوشۇرۇنغان ساقچىلارنىڭ ئاشلىق پونكىتىنى قورشاپ بولغانلىقىنى قىياس قىلدىڭىز. قورالنىڭ قاپقارا ئاغزى بېلىڭىزگە تىرەلگەن بولدى.

ئۇن ساتىدىغان قىز چاچلىرىغا يۇققان بىر قەۋەت ئۇن بىلەن ئىدىشتىكى چاشقانغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ سەۋرسىزلىك بىلەن:

— يەنە نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىز؟ — دېدى.

ئۇ مېنى قولۇمنى كۆتۈرۈپ ساقچىلارغا ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىۋاتاتتى.

— ئەكېلىڭە، — دېدى قىز ۋارقىراپ.

مەن ئىتىرەپ تۇرغان قولۇمنى كۆتۈردۈم.

— ئاشلىق كىنىشكىڭىزنى ئەكېلىڭ! — قىز شۇنداق دەپ قولىڭىزدىكى ئاشلىق كىنىشكىسىنى تارتتى.

ئاشلىق كىنىشكىسىدە، ئائىلە باشلىقى يەنىلا فالك فۇگۇي ئىدى.

گۇرۇچنى يۇدۇپ قايتتىڭىز، ھېلىقى ئىككى ۋاراق پۇلنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلىناتتىڭىز.

ئېپپەت قىممەتلىك، بىراق ئۇنى يوقىتىپ قويۇپمۇ ئوخشاشلا ياشىغىلى بولىدۇ.

تۇ شاۋېيلىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدىكى ھېلىقى قارام كىتاب خالتىسىغا ئەمدى قارىماسلىق توغرىسىدا قەسەم قىلدى. بۇ قارارىدا ئاران بىر ھەپتە تۇرالىدى. تۇ شاۋېيلىڭ چۈشىدىمۇ ئۇنىڭ سايىسىدىن قۇتۇلالمىدى، ئاياغلىرىنى تىزگىنلىيەلمەي قالدى، ئاياغلىرى يولسىزلىق بىلەن گەۋدىسىنى ۋە باشقا ئەزالىرىنى، تىرىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان مېڭىسىنى قوشۇپ قىرائەتخانىنىڭ كارىدورىغا ئەكەلدى.

تۇ شاۋېيلىڭ كارىدوردا تۇراتتى، مېڭىسى غوڭۇلداپ كېتىۋاتاتتى. رۇسلارنىڭ بىر قاتار ئەسەبىي مۇھەببەت سۆزلىرى ئاشقازىنىدا كولدۇرلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاچارىسى تەرلەپ كەتتى.

تۇ شاۋېيلىڭ چۈشەندى. ئۇنىڭغا تەگمىسە بولمايدىغانلىقى پېشانىسىگە پۈتۈلگەنىدى. نەپرەتلىك ئىش، ھېلىقى بىرنېمە ئۇنى كۆرسە ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشى تۇ شاۋېيگىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى.

ئاخىر، گىمناستىكا مەيدانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنە بىر كىنوسى قويۇلدى، بايان قىلغۇچى كىنونىڭ بىر كۆرۈنۈشىنىلا ئېسىدە تۇتۇۋالغانىدى: بىر قارا ئات ئالما يەۋاتاتتى.

تۇ شاۋيلىڭ بىلەن ئۇ قىرائەتخانىنىڭ تار كارىدورىدا تۇراتتى. توك يولى راۋان، چىراغلار يېنىقلىق ئىدى. سايىسى يولغا چۈشۈپ تۇراتتى. پولغا ئۇنىڭ قىممەتلىك بىر تامچە قېنى يۇقۇپ قالغانىدى.

— نېمىشقا مەندىن ئۆزۈڭنى قاچۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى تۇ شاۋيلىڭ ئۇنىڭدىن. ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك سالماق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

— چۈنكى، سېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئەقلىمدىن ئاداشتىم، — دېدى جاۋابەن فاڭ فۇگۈي، بۇنداق مۇغەمبەرلىك بىلەن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى تۇ شاۋيلىڭ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

— ئەمىسە بېكىتتۇق، مەن ساڭا تېگىمەن، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن توي قىلىمىز، — دېدى تۇ شاۋيلىڭ.

— سەن بىلەن توي قىلىشقا شۇنچىلىك ئىنتىزار ئىدىم.

— ئەمىسە، بېرىپ كىنو كۆرەيلى.

ئىككىسى گىمناستىكا مەيدانىغا بېرىپ، ھېلىقى قارا ئاتنىڭ ئالما يەۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆردى.

بۇ شەك - شۈبھىسىز بىر سىمۋول ئىدى: تىمەن بىر قارا ئات بىر تال كۆك ئالمىنى غاجاۋاتاتتى. بىرنى يەپ بولۇپ يەنە بىرنى يېدى. قارا ئات جەمئىي پوستى ئاق كۆك ئالمىدىن ئىككىنى يېدى. باشتا بىز ئوقۇپ ئۆتكەندۇق. تۇ شاۋيىڭنىڭ بىر جۈپ كۆكسى پوستى ئاق بىر جۈپ كۆك ئالمىغا ئوخشايتتى.

ئات ئالمىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئېكراندا كۆكسى تولغان، كاسىسى سېمىز بىر رۇس چوكان پەيدا بولدى. ياغلىقىدىن زىغىر رەڭ چاچلىرى چىقىپ تۇراتتى.

فاڭ فۇگۈي كېيىنتىن قىيىۋالغان شۇ سۈرەتنى سوۋېت كىنوسىدىن ئېلىنغان كۆرۈنۈش دەپ ھۆكۈم قىلىپ ئەتىۋارلاپ

ساقلىدى.

تۇ شاۋيلىڭ گېزىتتىن قىيشىپلىنغان سۈرەتكە ئاساسەن ئۆزىنى ۋە چىرايىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ رۇسلار بىلەن يېرىم قانداش ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئالمىدى.

مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇلار بۇ گۈزەل شەھەرگە تەقسىم قىلىندى، فالڭ فوگوي 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە فىزىكا دەرسى بەردى، تۇ شاۋيلىڭ شۇ مەكتەپتە رۇس تىلى دەرسى ئۆتتى.

**5**

تۇ شاۋيلىڭ دەرس مۇنبىرىدە كۆرسەتكۈچ تاياقنى تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇلۇغ رۇس تىلىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزى دەرس ئۆتكەن سىنىپقا قايتىدىن قايتىشىغا ياردەم بېرىشىنى ئەمەس، بەلكى ئېرىنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن، باللىرى بىلەن ئۇنى «گۈزەل دۇنيا»غا باشلاپ بېرىشىنى كۈتۈپ يۈردى.

ئۇ بىر ھەپتە كۈتتى.

بۇنداق كۈتۈشنىڭ نەتىجىسى بولمايدىغانلىقىدىن خەۋىرىمىز بار.

تۇ شاۋيلىڭ دەرس مۇنبىرىگە يېڭىباشتىن قايتىشىدىن بۇرۇنلا ئۈمىد ئۈزگەنىدى. ئەينى يىللاردا، ئۇ رۇس تىلى بىلەن رۇسلارغا قانداش بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن قامچا بىلەن مۇشتنىڭ تەمىنى يەتكۈچە تېتىدى. كېيىن ئۇ كۆل رەڭ، ئاقۇچ، قارا ۋە كۆك توشقان تېرىلىرىنى شىلغاندا، مۇنداق بىر داۋلىنى ئاخىر چۈشەندى: توشقاننىڭ رەڭگى مەيلى قانداق بولسۇن، تېرىسى شىلىنغاندىن كېيىن ئوخشاش بولىدۇ: توشقاننىڭ رەڭگى مەيلى قانداق بولسۇن، ئاقىۋىتى ئوخشاش بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن تۇ شاۋىيىڭ مەقسەتلىك ئۇنتۇشقا باشلىدى، ھەربىر ئىبارىنى، ھەربىر قامچا ئىزىنى، ھەربىر ئىغىز ھاقارەتنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ چىرايىنىمۇ ئۇنتۇدى.

تۇ شاۋىيىڭ توشقان تىرىسىنى شىلغان چاغدا ھىس قىلغان ھەقىقەت بىلەن ھۆسن تۈزىگۈچى ھۆسن تۈزەش كارىۋىتى ئالدىدا ھىس قىلغان ھەقىقەت ئوخشاش ئىدى. ھۆسن تۈزىگۈچى ھىس قىلغان ھەقىقەت: ئادەم ھايات ۋاقتىدا مەيلى قانداق ئورۇندا بولسۇن، ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتىدىن كېلىدىغان پۇراق ئوخشاش.

رۇس تىلىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە رۇس تىلى دەرسى يوق. خۇددى مەكتەپ مۇدىرى ياكى مەلۇم بىر رەھبەر ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى رۇس تىلى دەرسى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىۋاتقاندەك ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلدى.

ئۇنى يا دەرس ئۆتۈشكە، يا جەسەت بىلەن ۋىدالىشىشقا ھېچكىم تەكلىپ قىلمىدى، ئۇ توشقان تىرىسى شىلىشقا يىغىۋاشتىن تەقەززا بولدى.

ئۇ تالا - تۈزگە چىقالمايتتى، چۈنكى ئىرىنىڭ جەسىتى بىلەن تېخىچە ۋىدالىشالمىغانىدى.

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ كارىۋاتنىڭ قىرىدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئوغلى ئاخشام كېچىچە كەلمىدى. قىزى چالا - بۇلا ناشتا قىلىپ، سىرتقا چىقىپ كەتكىنىچە يوقالدى. بۇ چاغدا ئۇ ھېلىقى ئىككى ھېكايىنى مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتىنىڭ پۇرىقىنى يەنە ئەسلەپ قالدى. ياندىكى ئۆيدە ئاۋازى مەرھۇم ئىرىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئۇستىبىشىدىن ھاك پۇراپ تۇرغان، ئاپئاق ئەرۋاھنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدى.

ئۇ ئايلىنىپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن، قىزى بىلەن ئوغلى تەنقىد قىلىپ:

— نېرۋاڭ كاردىن چىقىپتۇ! ئادەم ئۆلسە جەسەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ، جىن نېمە قىلسۇن؟ ئەرۋاھتىن تېخى ھاك پۈركىلەمدىكەن؟ — دېدى.

ئەرۋاھتىن ناۋادا پۇراق كەلسە، ئۇ جەزمەن ھاكنىڭ پۇرىقى.

تۇ شاۋيىڭ بەزىدە، ئېرىنىڭ جەسىتى ھۆسن تۈزەشنى كۈتۈپ قانچىنچى رەتتە تۇرۇۋاتىدۇ؟ ياكى كۆيدۈرۈپ بولغانمىدۇ؟ دەپ سوراپ باقماقچى بولاتتى.

چۈشكە يېقىن، 8- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر توپ مۇئەللىمى تىزىلىپ كىرىپ كەلدى. ئارقا - ئارقىدىن ھويلىغا كىرگەنلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ چىرايى يىغلامسىرىغان ھالەتتە ئىدى. بىر توپ جىنايەتچىگە ئوخشايتتى.

تۇ شاۋيىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كىرگەن ھېلىقى تاقىر باشنى كۆرۈپ قالدى. بىر تاۋاق توخۇ ۋە كالا گۆشى ئەكىرگەن شۇ ئىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ماڭغان بولسىمۇ، تۇ شاۋيىڭ ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن دىققەت قىلدى. ماڭغان چاغدىكى قىياپىتى فاڭ فۇگۈينىڭ ماڭغان چاغدىكى قىياپىتىگە ئوخشايتتى. تۇ شاۋيىڭ خىيالىدا ئۇ باشقىچە سىياققا كىرىپ ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىلەن چاقچاقلىشىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى.

ئەڭ ئالدىدا ياشانغان مېڭ ئاقساقال ماڭغانىدى. قولىدا ھەيران قالارلىق سېمىز بىر غاز بار ئىدى. پوكىنىغا بىر توپ بېلىق كىرىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۆيگە قىستىلىشىپ كىردى، غاز شۇ ئان يوغىناپ كەتتى. ئۆي كېڭىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئورۇندۇق چەكلىك بولغانلىقتىن، بىر ئورۇندۇقتا ئىككى ئادەم قىستىلىشىپ ئولتۇردى. ياش ئوقۇتقۇچىلار — جۈملىدىن فاڭ فۇگۈينىڭ ئامراق شاگىرتلىرى قوشكېزەكلەر — نائىلاج ئۆرە تۇرۇشتى. ھەممىسى

جەنۇبقا ــ قۇياش نۇرىدا پارقىراپ كەتكەن دېرىزىگە يۈزلىنىپ تۇرۇشاتتى. دېرىزىنىڭ يېنىغا قوش كىشلىك كارىۋات قويۇلغان. ئۇلار ئەسلىي كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرسا بولاتتى. ئەمما، ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ فاڭ مۇئەللىم هايات ۋاقتىدا چالا ئەجنەبىينى قوچاقلاپ ياتقان، ئىككىسىنىڭ ئاستىدا توختىماي غىچىرلىغان كارىۋات ئىدى. ئەسلىدە ئاددىي كارىۋات ئىدى. ئەمدى مىراكلىغا ئايلانغانىدى. كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرغان ئايالمۇ تەڭلا مىراكلىغا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. مەن بايام دېگەندەك ئۆلگۈچىنىڭ مۇقەددەس روهىغا قىلىنغان هۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ هېچقايسىسى كارىۋاتتا ئولتۇرمىدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە (بىز هەممىشە پاكىتنى ئاساس، نەزەرىيەنى يېتەكچى قىلىپ، ئىمكان بار بىرقەدەر مۇۋاپىق بولغان مەنتىقىلىق خۇلاسە چىقىرىمىز)، ئۇلارنىڭ كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرماسلىقىدىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، قارىلىق كىيىم كىيگەن، ۋۇجۇدىدىن رۇس ئاياللىرىنىڭ پۇرىقى كېلىدىغان بۇ ئايال بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى خالىمىدى (پۇراق تولا هاللاردا شەهۋانىي ئىستەكنى قوزغاپ قوياتتى)؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزىنى هۆرمەت تاپقان ئورۇنغا قويغۇسى كەلمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، تېخىمۇ خۇپىيانە بولغان پىسخىكىنى بىز هېس قىلالمايمىز. ئاغزىڭىزدىن چىققان گەپكە قۇلاق سالماي ئامال يوق.

هۆرمەتكە چوڭ مېڭ ئاقساقال ئەلۋەتتە، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالدى. ئورۇندۇقتا ئۆزى يالغۇز ئولتۇردى. كاسسى يوغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن قىستىلىپ ئولتۇرىدىغان ئادەم چىقمىدى ئەمەس، بەلكى قالغانلار ئوڭايسىزلاندى. باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭدىن ياش، ئاساسەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى. بۇ بىر توپ ئوقۇتقۇچىلار ئۇ ئاپىرىدە قىلغان بىر توپ ئۈششاق مايمۇنلارغا ئوخشايتتى. چاچلىرى ئاقارغان مېڭ ئاقساقالنى

چۆرىدىـشىپ ئـۆرە تۇرغـان يـاكى ئولتۇرغـان ئوقۇتقـۇچىلار تـاغ پادىشاھىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان بىر توپ مايمۇننى ئەسلىتەتتى. بۇ ئوخشىتىشنى ئىنتايىن بىمەنە ئوخشىتىش دەپ ئويلايمىز.

مىلىڭ ئاقساقالنىڭ قۇچىقىدىكى غاز ئاق ھەم سېمىز، پەيلىرى پـارقىراپ تۇرغـان يوغـان غـاز ئىـدى. ئۇزۇن بـوينى تىزىـدا پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. بوينىدا پىچاق يارىسى بار ئىدى.

— شـاۋىيلىڭ، — دېـدى مىلىڭ ئاقساقال، — قۇگـۇي كېتىـپ قالدى. مەن بەك ئازابلانـدىم...... ئەسلىي ئالدىـدا مەن كېتىشىم كېرەك ئىدى، بىراق....... — كىشىگە ياش تۆكۈۋاتقان تۇيغۇنى بېرىش ئۈچۈن، ئۇ كۆزىنى ئاستا چىمچىقلاتتى، قورقۇپ كەتكەن كۆزلىرىـدە يـاش، يـاق، چاپـاق، ئاپئـاق چاپاق قايناپ تـۇراتتى. كۆزىنى چاپاق باسقان ئەرلەرگە ئايالـلار بەك ئۆچ. تۇ شاۋىيلىڭ ئايال كىشى، يەنە كېلىـپ جىنسىي ھەۋەسى كۈچلۈك ئايال ئىدى. ئۇ قانداق ئويلاۋاتىدۇ؟ ئۇ كۆرمەي قالدى، پۈتۈن دىققىتى ئاشۇ سېمىز غازغا مەركەزلىشىپ قالغانىدى. غازنىـڭ ئاغزىـدىن ۋە بوينىـدىكى پىچاق يارىسىدىن سارغۇچ ۋە دۇغـراق سـۇ چىقىـپ كەتتـى. ئېقىش مىقـدارى كىچىكـرەك ئوغـۇل بالىنىـڭ سـۈيدۈكىنىڭ ئـېقىش مىقدارىدىن قىلىشمايتتى. ئاغزىـدىن چىقىۋاتقان سۇ ئـۇدۇل يەرگە چۈشتى. قىزىقارلىق بۇ ئىشنى ئوتتۇرا ياشلىق بىر فىزىكا مۇئەللىمى بىلەن تۇ شاۋىيلىڭ بىرلا ۋاقىتتا بايقىدى. ئەمما، ئۇ گەپ قىلمىـدى. چـۈنكى، مىـلىڭ ئاقـساقال 8 - ئوتتـۇرا مەكتەپتىكـى بـارلىق ئوقۇتقۇچىلارغـا ۋاكـالىتەن تـۇ شـاۋىيگىدىن ھـال سـوراۋاتاتتى. غـاز بىـلەن سـۇنىڭ مەسىلىـسى ئاساسـىي مەسـىلىگە دەخلـى قىلـسا بولمايتتى. ئۇ: «سۇ ناھايىتى ياخشى ئۆتكۈزگـۈچ جىسىم، ئىچىگە سۇ قاچىلىۋېتىلگەن غـازمۇ ناھـايىتى ياخـشى ئۆتكۈزگـۈچى جىـسىم. غازنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان مىلىڭ ئاقساقالمۇ ھەم شۇنداق. ناۋادا شۇ تاپتـا يەردە تـوك بولـسا، تـوك ئېقىمـى يەرنـى بـويلاپ غازنىـڭ

بەدىنىگە، غازنىڭ بەدىنىدىن مېڭ ئاقساقالنىڭ بەدىنىگە ئۆتىدۇ. شۇنداق بولسا، مېڭ ئاقساقالنىڭ ھال سوراش مەزمۇنىدىكى گەپلىرى گېلىدا تۇرۇپ قالىدۇ، گەۋدىسى تارتىشىپ، قۇلاقلىرىدىن قىزغۇچ سېرىق نۇر چىقىپ كېتىدۇ. بۇ توك سوققانلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى!

چېچىنى يېڭىلا چۈشۈرۈۋەتكەن بىرەيلەننىڭ كاللىسى مۇشۇ خىياللار بىلەن بەند ئىدى. ئۇ جاڭ چېچيۈننىڭ سىياقىدا فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇراتتى. ئۇ يەنە قىزىقارلىق باشقا بىر ھېكايىنى غازنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۇ بىلەن ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ھېكايىنى خىيالىغا كەلتۈردى: كەپسىز بىر ئوغۇل بالا يەردىكى بىر تال توك سىمىنى بايقاپ قالىدۇ. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ ئىزولياتسىيەلىك (توك ئۆتكۈزمەيدىغان) رېزىنكە ئۆتۈكنى كىيىدۇ. لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ ياخشى ئىش قىلماقچى بولىدۇ. توك سىمىدىن چاچراپ كېتىدۇ. سۇ ئوتنى ئۆچۈرەلەيدۇ. سۈيدۈكمۇ سۇ، توك سىمىدىن چاچرىغان ئوچقۇن ئوت. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولۇپ توك سىمىغا سىيىدۇ. پۈتۈن بەدىنى ئۇيۇشۇپ قالىدۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ ئۆيىگە بېرىپ توكچى ئاتىسىغا ھال ئېيتىدۇ. بالىنىڭ ئاتىسى بالىسىغا: ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ، فىزىكا ئۆگەنگەندە توك سوقۇۋەتكەننىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى، ئەمما ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، كۆرۈنگەنلا يەرگە سىيمەسلىكىنى دەيدۇ.

— ھەممىمىز نامرات ئوقۇتقۇچىلار، ئۆزىڭىز بىلىسىز، — دېدى مېڭ ئاقساقال، — ئازراق پۇل يىغىش قىلىپ مۇشۇ سېمىز غازنى ئالدۇق، — دەپ قوشۇپ قويدى.

غازنىڭ ئىچىدىن چىققان سۇ تاختايدا لۆمشۈپ تۇراتتى. ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىلار سۇغا ۋە بىردىنلا سارغىيىپ، ئورۇقلاپ كەتكەن غازغا قاراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتكەندى. شاۋگۇ:

— ھەيران قالماڭلار، بۇ تېما ئىچىدىكى بىر مەزمۇن!— دېدى.

— غازنىڭ ئىچىدىن سۇ چىققان ئىش قانداقسىگە «تېما ئىچىدىكى بىز مەزمۇن» بولسۇن، — مېڭ ئاقساقال تېرىكىپ شاۋگۇدىن، — سەن قانداق غاز ئالدىڭ؟— دەپ سورىدى.

شاۋگۇ سوغۇق قانلىق بىلەن:

— بۇ غاز بوغۇزلانغاندىن كېيىن، بىرسى يوغان يىڭنە بىلەن تېرىسى ۋە گۆشىنىڭ ئارىسىغا ئىككى جىڭ سۇ ماڭدۇرۇۋەتكەن، بۇنى بىلمەن. بازاردا ئىچىگە سۇ ماڭدۇرۇلمىغان غازنى تاپقىلى بولمايدۇ؛ قارنىنى يارغاندا، قورسىقىدا بىر جىڭ تاش بارلىقى بايقىلىدۇ. تاش مەقئەت ئارقىلىق كىرگۈزۈۋېتىلگەن. قائىدىسى ئوخشاش، بازاردا مەقئەت ئارقىلىق تاش كىرگۈزۈۋېتىلمىگەن غازنى تېپىش تەس، — دېدى.

ئوقۇتقۇچىلار تاماقلىرىنى چاكىلدىتىشىپ كەتتى. مېڭ ئاقساقال غازنى بىرسىگە بەردى، ئۇ كىشى غازنى ئوتتۇن دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

تۇ شاۋيىڭ سەل بىئارام بولدى. داۋلى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. غازنىڭ ئىچىدىكى سۇ ئوتتۇننى ھۆل قىلىۋېتەتتى، ھۆل ئوتۇن قۇرۇق ئوتۇندەك ئوت ئالمايتتى.

تۇ شاۋيىڭ شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— ھەرقايسىڭلارغا رەھمەت، رەھمەت سىلەرگە! كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل، مېنى ھەقىقەتەن خىجىل قىلىپ قويدۇڭلار، — دېدى.

— كىچىككىنە كۆڭلىمىز. سۇغا يەنە تاش قېتىلدى. يۈزىمىز بىر تىيىن بولدى، — دېدى مېڭ ئاقساقال، — كونىلاردا: «ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ» دەيدىغان گەپ بار. ئىچىگە سۇ ماڭدۇرۇلغان، تاش كىرگۈزۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئىشقىلىپ، غاز

يەنىلا غاز، باللىرىڭىز بىلەن پىشۇرۇپ يەسىز، بۇ بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭلى......

— ناۋادا فوگوينىڭ روھى ئەرشتە بولسا، ھەرقايسىڭلاردىن مىننەتدار بولۇپ، سىلەرگە رەھمەت ئېيتقان بولاتتى.

تۇ شاۋىيڭ تاقىر باش جاڭ مۇئەللىمنىڭ بىرقىسما بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، چىرايىنىڭ كەينىدە يەنە بىر چىراي باردەك چىرايىنىڭ بىردەم - بىردەم ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بىر تۇرلۇك مەخپىي ھەم كارامەت ئۇچۇر مېڭىسىدىكى بىر تال تومۇرغا تەسىر قىلىۋاتاتتى، بۇ بىر تال تومۇر تىترەيتتى، ئاۋاز چىقىراتتى، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا ئۇلىنىجا قىلاتتى.

شاۋگۇ ۋەزىيەتنى چۈشەنمەيدىغاندەك بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ كەتتى.

— مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئىشنەمسىلەر- يوق، ئىختىيارىڭلار. ئالدىنقى كۈنى، شەھەرلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە قاراشلىق بىر ئورۇندىكى ئايال باشلىق غاز سېتىۋاتقان بىر يىگىتنى تۇتۇۋالدى. ئايال ئەمەلدار ئۇنىڭدىن غازنىڭ قورسىقىغا نېمىدەپ تاش كىرگۈزگەنلىكىنى سورىدى. يىگىت:

— مەن ئۇنداق قىلمىدىم، غازنىڭ قورسىقىدا ئەسلىدە تاش بار، ئۇ دېگەن غازنىڭ ئورۇقدېنى، ئىسمىدىن مەلۇمكى، بۇ تاش غازنىڭ بەدىنىدە بار تاش، — دەپ جاۋاب بەردى. ئايال ئەمەلدار خىجىل بولۇپ كېتىپ قالدى.

— قىپقىزىل يالغان! — دېدى مېڭ ئاقساقال ئورنىدىن تۇرۇپ، — ماڭايلى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيدە نېمىش بولسا، بىزگە دەڭ، جاڭ مۇئەللىم، سىلەر قوشنا، سىز پات - پات كېلىپ خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭ.

ئۇنىڭ باش لىڭشىتقانلىقىنى كۆرۈپ پۈتۈن بەدىنىڭىز

قىچىشىپ كەتكەندەك بولدى. تاقىر باش جاڭ مۇئەللىم بىرقىسما بولۇپ كېتىۋاتاتتى. كۆڭلىڭىزگە سەل قورقۇنچ چۈشتى.

ئوقۇتقۇچىلار كەلگەن چاغدىكىگە ئوخشاش قاتار تىزىلىپ ئۆيدىن چىقىشتى. ئۇ يەنە ھەممىنىڭ كەينىدە قالدى. كۆزئەينىكىدە چاقنىغان ئىككى پارچە ئېزىتقۇ ئوت سىزگە قادالغانىدى. پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تار كارىدورىدىكى مەنزىرە بىردىنلا كۆڭلىڭىزدە ئايان بولدى.

تۇ شاۋيىڭ ئىختىيارسىز ئىگىرىۋەتتى. ئۇ 20 يىلنىڭ ئالدىدىمۇ شۇنداق ئىگىرىغانىدى. ئۇ بويىنىدىن بىرسى سۆرەپ ماڭغانىدەك سەپكە ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى. نەچچە قەدەم مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. مېڭ ئاقساقال:

— ئىككى ئائىلىنىڭ ئارىلىقى ھەقىقەتەن بەك يېقىنكەن! — دېدى.

ئۇنىڭ چىرايىنىڭ«شاپىدە» ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردىڭىز:

— شۇنداق، شۇنداق، — دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭىز.

تۇ شاۋيىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەسكىرىپ كەتكەن ئىشىكنىڭ ئىككى قانىتىنى يېپىۋېتىش كېرەكمۇ ياكى يوغان ئېچىۋېتىش كېرەكمۇ؟ ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى. خۇددى بىرنەرسىنى كۈتىۋاتقاندەك ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى.

سىز ئەسكىرىپ كەتكەن ئىشىكنى ئوچۇق قالدۇرۇپ ھويلىدىن ئىرغاڭلاپ ئۆتتىڭىز، ھويلىدا ئانارگۈل، ھەتتا ھاجەتخانىمۇ يوق ئىدى. ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇپچە ھاجەتخانىغا باراتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىزگە تالاغا چىقماي ئامال يوق ئىدى. ئۇنىڭ غەلىتە كۆزلىرى بىلەن ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ تۇراتتىڭىز. بەدىنى، ھەرىكىتى، ئاۋازىدىن بىئارام

بولاتتىڭىز، قىيماي قالاتتىڭىز. توخۇ پاچىقى، قانتى ۋە كالا گۆشى سېلىنغان چىنە تاۋاقنى كۆتۈرۈپ ئۆيىڭىزگە يوقلاپ كىرگەندىن بۇيان، ئۇ ھېكايىدىكى يېپيېڭى بىر پېرسوناژغا ئايلىنىپ قالدى. سىزنىمۇ بۇ ھېكايىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى. بۇ ھېكايىنى ئىككىڭلار بىرلىكتە توقۇشقا باشلىدىڭلار. تاقىر باش راھىب توغرىسىدىكى ھېكايە بىلەن قەبرىنى يەلپۈگەن ئايال توغرىسىدىكى ھېكايە پۈتمىگەن بۇ ھېكايىنىڭ ئورگانىك تەركىبىگە ئايلاندى. بۇ بىر قاتار ھېكايىلەر ھاك پۇرىقى كېلىدىغان ئاپئاق ئەرۋاھ بىلەن بىرىكىپ كەتتى. ئۆزىڭىزدە بۇ ھېكايە بىلەن قارشىلاشقۇدەك مەنتىقىلىق كۈچ يوقلۇقىنى، ئاقىۋىتىنىڭ بەلگىلىنىپ بولغانلىقىنى مۆلچەرلەپ بولدىڭىز. سىزنىڭ تەقدىرىڭىز قەپەستىكى ئادەمنىڭ قولىدا ئىدى.

ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ ئۈستىنى «مىچچىدە» ھۆل قىلىۋەتكەن غازغا ئەمدىلا كۆزى چۈشكەن تۇ شاۋيېك بىرسىنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە چىقىۋاتقان ھاسىراش ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇ ھاسىراش ئاۋازى ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. قىزىق تىنىق تۇ شاۋيېكنىڭ رۇسلارغا خاس بولغان سىلىق بويىنىغا ئۇرۇلدى. بۇ تىنىقتا ئالاھىدە سېسىق پۇراق بار ئىدى. بۇ فاك فۇگۇينىڭ ياللۇغلانغان چىشىدىن چىقىۋاتقان پۇراق ئىدى. ئۇ ئادەتتىكى ئاياللار ياقتۇرمايدىغان پۇراققا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. پۇراق ئەر - خوتۇن ئارىسىدا بولىدىغان مېھىر - شەپقەتنى ئويغاتتى. فاك فۇگۇي رۇسلارغا خاس ئەمچىكىڭىزنى تۇتۇپ، قۇلىقىڭىز تۈۋىگە كېلىپ«يوغان سىيىر» دەپ تۇۋلىدى.

— يوغان سىيىر...... مېنىڭ يوغان سىيىرىم......

«يوغان سىيىر»نىڭ كۈچى پۈتمەس - تۈگىمەس، بوشلۇقتا غوڭۇلدايتتى.

بايان قىلغۇچى«يوغان سىيىر» دېگەن گەپنىڭ فاك فۇگۇي

بىلەن تۇ شاۋيېڭنىڭ كارىۋاتتىكى مەخپىي گېپى ئىكەنلىكىنى، فاڭ فۇگۇيىنىڭ «يوغان سىيىر» دەپ تۇ شاۋيېڭنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇيغىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدى. ئىشقىۋازلىق پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە، فاڭ فۇگۇيمۇ «يوغان سىيىر» دەپ تۇۋلاپ كېتەتتى ياكى «يوغان رۇس سىيىرى» دەپ ئېنىقلىما بېرەتتى.

بوينىنىڭ كەينىدىكى چاچلىرىنىڭ چۆرىسى قىمىشىپ، بەدىنى قىزىپ كەتتى. ھېلىقى ئەڭ پىنھان يېرىدىن (پۇتۇنلەي ياسالما ئىلاھنى ياراتقانغا ئوخشاش) سىلىق بىر خىل سۇيۇقلۇق ئېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ھەيران قالدى. بۇنداق ھالەتنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ئىدى. سەل قاراشقا بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنى باسالماي بېشىنى چايقىدى، زىغىر رەڭ چاچلىرى ئېغىرلاشقان زىغىر رەڭ دولقۇنلاردەك مۇھەببەت ئىزھار قىلغۇچىنىڭ يۈز - كۆزىنى يۇياتتى. كەلگۈلۈك كۆزئەينەككە كەلدى.

كۆپىنچە ھاللاردا ئەڭ مۇھىم پەيتتە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرەتتى. ئۇ بېشىنى چايقىغاندا، چۆرىسىگە سىياھ بېرىپ قارايتىلغان پۇرمە قەغەز تارتىلغان تويلۇق رەسىمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ياش فاڭ فۇگۇينىڭ مۇھەببەتلىك كۆزلىرىدە مەسخىرىلىك نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ۋۇجۇدىنىڭ بىراقلا مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى، دۈمبىسىگە چاپلىشىپ تۇرغان ئادەمنىڭ يان ئۆيدىكى ئەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. فاڭ فۇگۇي ياساپ چىققان خىيالىي مەستلىك شۇ ھامان جانغا تېگىدىغان نەرسىگە ئايلاندى. ئۇ ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەي ئەدەپسىز قىلىقلارنى قىلماقتا. جاۋابقا ئېرىشەلمەيدىغان بۇنداق شاللاقلىق تۇ شاۋيېڭدا مەنسىتمەسلىك ھەم بىزارلىق تۇيغۇسىنى قوزغىدى.

شۇنداقتىمۇ، تۇ شاۋيىڭ يەنىلا مۇلايىملىق بىلەن دۈمبىسىگە چاپلىشىپ تۇرغان ئەرنى ئۆزىدىن نېرى قىلدى ۋە يېلىنغاندەك:

— جاك مۇئەللىم، جاك ئاكا، مەن ...... ئۇ بىزگە قاراپ تۇردۇ،— دېدى.

تۇ شاۋېيك ئەينەك رامكىدىكى تويلۇق سۈرەتنى كۆرسەتتى.

تۇ شاۋېيكنىڭ چىرايىدا خىجىل بولۇش ئالامىتى يوق ئىدى. تامامەن تۇغرا، چىرايىدىكى ئىپادە خىجىللىق ئەمەس، بەلكى غەزەپ - نەپرەت ئىدى. ئۇ سۈرەتتىكى فاڭ فۇگۇيىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، كۆزلىرىدىن نەمخۇش ۋە يورۇق نۇر چاچرىدى. «رەقىبلەر بىر - بىرىنى كۆرگەندە، كۆزلىرى ئادەتتىن تاشقىرى قىزىرىپ كېتىدۇ» دېگەن دەل مانا مۇشۇ ئىدى.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن...... سىزنى ئەيىبلىمەيـ-مەن...... سىزمۇ ئادەم،— دېدى تۇ شاۋېيك كەڭ قورساقلىق بىلەن،— يەڭگەمگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلسام بولمايدۇ......

—شاۋېيك ......دېدى ئۇ. ئۇ ھەقىقەتەن يىغلاپ سالغانىدى،— مەن ئۆلمىدىم...... مەن فاڭ فۇگۇي...... سېنىڭ ئۆز ئېرىڭ......

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز! — دەپ تۇ شاۋېيك غەزەپلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئاۋازىمدىن بىلمىدىڭمۇ؟ سېنىڭ سول پۇتۇڭدا بىر تارتۇق بار، كىچىكىڭدە قالغان.

تۇ شاۋېيك كەينىگە داجىدى، ناتونۇش ھەم تونۇش بۇ ئەر ئۇنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى، تۇرمۇشتا ئۆتۈپ كەتكەن قىزىقارلىق ئىشلارنى خۇددى كىيىمنى بىر - بىرلەپ سالدۇرغاندەك بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئالدىغا ماڭاتتى، سىز تىترەپ تۇرۇپ كەينىڭىزگە شوخشۇيتتىڭىز.

— سىز...... يېنىمغا كەلمەڭ...... سەن دېگەن

جىن......ۋايجان...... تۇ شاۋيلۇ ۋارقىرىۋەتتى.
ئۇ ئالاقزەدە بولۇپ چىقىپ كەتتى.
ئۇ ناۋادا جىن بولسا ۋارقىراپ قويغانغا قېچىپ كېتەرمىدى؟
ناۋادا ئۇ جىن ئەمەس بولسا، مېنى قانداقلەرچە مۇشۇنچىلىك چۆچەنگەن بولار ئىدى؟
ئۈچ ھېكايە داۋاملىق ئۆزگىرىش ياساۋاتقان بۇ چوڭ ھېكايىگە قىستۇرۇلۇپ كەتتى.
ئۇ ئۈچىنچى ھېكايە جىن بىلەن رېئاللىقنىڭ بىرىكىپ كەتكەن مەھسۇلى ئىدى. ھېكايىنىڭ جىن توغرىسىدىكى بۆلىكىدە، ئۆلۈپ كەتكەنگە ئۇزاق يىل بولغان بىر خوتۇننىڭ روھى ئېرىنى سېغىنىپ كېتىپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يېڭى ئۆلگەن بىر ئايالنىڭ تېنىدە قايتا تىرىلگەنلىكى سۆزلەنگەن (بۇ ھېكايىنىڭ ئون نەچچە خىل ۋارىيانتى بار). رېئاللىق توغرىسىدىكى بۆلىكىدە، تۇ شاۋيىڭنىڭ سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيىگە قاتناشقان چاغدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى سۆزلەنگەن. تۇ شاۋيىڭ چۈشكەن ئۆيدە ئۆي ئىگىسى 20 ياشتىن ئېشىپ، چوپچوڭلا بولۇپ قالغان بىر قىز بار ئىدى، داۋاملىق ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ ئايلىنىپ يېتىپ قالاتتى، ئېسىگە كەلگەندە، ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ گەپ قىلاتتى. ھېلى مومىسىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ گەپ قىلسا، ھېلى بوۋىسىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ گەپ قىلاتتى. قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ دېيىشىچە، قىزى تۇغۇلغاندا، بوۋىسى بىلەن مومىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئەمما، قىزنىڭ گەپ قىلغان چاغدىكى ئاۋازى، بەدىنى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن شۇلارنى تارتقانىكەن. شۇ چاغدا ئۇ قىز تېخى ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى، ماتېرىيالىزمنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىدى. مەن قىزنىڭ ئاتىسىغا:

— قىزنىڭ ئېرۋىسى نورمال ئەمەس، — دېسەم، قىزنىڭ ئاتىسى قايىل بولماي:
— ئۇ سۆزلىگەن كونا ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشلار، — دېدى.
مەن گاڭگىراپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ ھېلىقى بوۋايغا قەتئىي دېدىم.
قىزىڭىزنىڭ ئېرۋىسى چاتاق؟
مېنىڭ ئېرۋاممۇ چاتاقمىدۇ؟
جاڭ چىچيۇ ئېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانمىدۇ؟
كېچە، تۇ شاۋيىڭ فاڭ خۇنى يېنىغا ئەكىرىۋالدى، كۆڭلىنىڭ پاراكەندە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى، كۆز يۇمغان زامات پۈتۈن بەدىنى ئاپئاق ئادەم كارىۋاتنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى، بۇرنىغا يېقىملىق ھاك پۇرىقى ئۇرۇلاتتى. كۆزىنى ئاچسا ھېچكىم يوق.
تۈن نىسپى، ئوغلى تېخىچە قايتىپ كەلمىدى.

## 6

ئۇ بىزگە 8- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنىنى زادىلا ئېنىق دەپ بەرمىدى. بىر تۇرۇپ كۆك دەريانىڭ بويىدا، بىر تۇرۇپ «گۈزەل دۇنيا» نىڭ يېنىدا، بىر تۇرۇپ يەنە خەلق باغچىسىنىڭ ئەتراپىدا دەيتتى. ئۇچار قۇشلار بىلەن يىرتقۇچ ھايۋانلار بېقىلىدىغان ھايۋانات باغچىسى باغچا ئىچىدىكى باغچا ئىدى. ھازىر بىر ئۆتتۈشمە كۆۋرۈك 8- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يان تەرىپىدە قەد كۆتۈردى. ھەشەمەتلىك ئېگىز بىر مېھمانخانا بىناسىنىڭ شولىسى 8- ئوتتۇرا مەكتەپ ھويلىسىنى چۈمكەپ تۇراتتى. ئېتىز چاشقىنى كامېرىنىڭ ئاغزىنى بىلمىگەندەك تۇ شاۋيىڭ بىلەن ھۆسىن تۈزگۈچىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشكىنىمۇ بىلمەيمىز. نەگىلا قارىسا ھاك

ئازگىلى، خىش - كاھىش ۋە ياغاچ ماتېرىياللار، كىرانلارنىڭ غايەت زور بىلەكلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. شەھىرىمىزدە قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتاتتى. يېڭى ئۆزگىرىشلەر كۈنسايىن يۈز بېرىۋاتاتتى. بايان قىلغۇچى بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ئېنىق تەسىرات مانا مۇشۇ.

ئۇ داۋاملىق كاپىلداپ گەپ قىلىۋاتاتتى. ھەشەمەتلىك مېھمانخانىنىڭ تېخى شولىسى چۈشمىگەن چاغدا (ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ھەشەمەتلىك مېھمانخانا تېخى پۈتمىگەن)، تۇ شاۋىيلىك توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتىغا ئىشقا چۈشتى.

خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە قايتا ئېرىشكەن تۇ شاۋىيلىك چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇتنىڭ باشلىقى ئاغزى كالاچتەك، چاچلىرى قاپقارا بىر موماي ئىدى. تۇ شاۋىيلىك زاۋۇتقا بېرىپ ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنى، مومايىنىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۈستىبېشىغا بىر قۇر سەپسالغانلىقىنى سەزدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، تۇ شاۋىيلىك ئۆزىنى پاھىشىخانىغا يېڭى كىرىپ پاھىشىخانا غوجايىنىنىڭ تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىۋاتقان پاھىشىدەك قىپيالىڭاچ ھالەتتە ھېس قىلدى. بۇ پەقەت ھېس - تۇيغۇ، چۈنكى تۇ شاۋىيلىك پاھىشە ئەمەس، موماي ھەم پاھىشىخانا غوجايىنى ئەمەس، سوتسىيالىزم شارائىتىدا پاھىشىخانا يوقىتىلغان، باشقا ھەممە مەكتەپلەرگە ئوخشاش 8- ئوتتۇرا مەكتەپمۇ پۇل تېپىش كويىدا غالجىرلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسىمۇ، پاھىشىخانا ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. تۇ شاۋىيلىك توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتى باشلىقىنىڭ تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىۋاتاتتى. زاۋۇت باشلىقى يوغان چاك كەتكەن ئىش ئۈستىلىنىڭ كەينىدە ئولتۇراتتى. يا قولىدا، يا ئۈستەلدە ھاسا يوق ئىدى. سىز ئۇنى ھاسىغا تايىنىپ ئالدىمغا كېلىدۇ دەپ ئويلىدىڭىز. ئۇ سارغۇچ دورا قۇتىسىنى ئېلىپ ئالىقىنىغا بىر تۇتام قىزغۇچ دورىنى تۆكۈپ ئاغزىغا سالغانلىقىنى كۆردىڭىز. توشقان

گۆشى كونسېرۋاسىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرىنىڭ پارقىراق چىرايىنى ئازابلىق ئالامەت قاپلىدى. پوتكول ئىشخانىدىن بىر تال ھاسا تېپىش بۇنچىلىك تەس بولسىمۇ، لېكىن سىز ئۇنى يەنىلا ئالدىمغا ھاسىسىغا تايىنىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتىڭىز. كىيىملىرىڭىزنى ئۇ ئاللىقاچان سالدۇرۇۋەتكەنىدى. ئاغزىدىن سىرتى تاتلىق دورىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. قوللىرى دىقماق ئىدى، كۆزىڭىزگە توخۇنىڭ پەنجىسىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ قاتتىق قولى بىلەن بەدىنىڭىزنىڭ جۇڭگو ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان يەرلىرىنى مۇجۇيتتى.

— تېرەڭ نېمىشقا بۇنداق ئاق؟ چار پادىشاھ ئەۋەتكەن رۇس جاسۇسى! ئېيتە، سەن قانچىلىك ئاخبارات ئوغرىلىدىڭ؟

— ئەمچىكىڭ نېماندىاق چوڭ؟ قانچىلىك كادىرلارنى ئازدۇردۇڭ؟ جىنباۋ ئارىلى ۋەقەسى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭ بار؟

— چاچلىرىنىڭ غەلىتىلىكىنى! راتسىيە بىلەن پېرېداتچىكنى نەگە يوشۇرۇپ قويدۇڭ؟ مەخپىي خەت يازىدىغان دورا سۈيى، يان قورال، ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋابى قېنى؟

ئۇ سىزدىن شۇنچىلىك بىزار ئىدى. رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ھەرقانداق بىر ئايال قول ئاستىدىكى ئۆزىدىن ياش ھەم ئۆزىدىن چىرايلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. ئۇلارنىڭ جىنسىنى ئۆزگەرتىۋەتكۈسى ياكى يۈزىگە، ئىشقىلىپ، ئەرلەرنى جەلپ قىلىدىغان يېرىگە كىسلاتا ياكى قايناق سۇ چېچىۋەتكۈسى كېلەتتى. تۇ شاۋيىڭ يېڭى رەھبەرنىڭ روھىي ھالىتىنى بىلمەيتتى. تېنى بىلەن روھى تولىمۇ قورۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئىخلاسمەن ئىدى. ۋەھىمە تاقەت قىلىپ تۇرغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتتى، ئۇ يەنىلا ئىخلاسمەن قىياپەتتە تۇراتتى. بۇنداق ھالەت: ئەگەرى سىز بىلەن بىرگە بولىدۇ، سىزنى ئۇ ياراتقان، تەن بىلەن روھنى ئۇ سىزگە ئىلتىپات قىلغان. سېمىز

توخۇسىنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىدىن بەھرىمەن بولغان دېھقاندەك، تەگرىمۇ سىزدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دېگەن گەپ بولۇنۇۋاتقان چاغدىكى ھالەتتىن پەرقلەنمەيتتى.

چۈنكى، ئۇ مۇقەددەس نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ خەلققە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئۇ ئورۇق قولى بىلەن بەدىنىگىزنى داۋاملىق مۇجۇيتتى.

كۆڭلىڭىزدە يىراقتا ئورۇنلىنىۋاتقان قىزىل، تەسىرلىك ھەم سەلتەنەتلىك مۇزىكىنىڭ ساداسى ياڭرايتتى. مۇزىكىنى بىر توپ ئەسكەر ئورۇنلاۋاتاتتى. پىيانىنو ئەسەبىي ئاۋازدا گۈركىرەيتتى؛ ساپسېرىق ئۈچ كانايىنىڭ ئاۋازى ياڭراق، ئىككى غېجەكنىڭ ئاۋازى پىغانلىق ئىدى، ئون سۇناي مىسكىن ئاۋازدا نالە قىلاتتى. بۇ سازلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز ئەڭ بالدۇرقى ئىپتىدائىي ھەربىكەت ھالىتىدىكى ئادەملەر يۈكسىلىپ، تەگرىگە ئۆزىنى بېغىشلىۋېتىدىغان چاغدىكى مۇقەددەس مۇزىكا ئىدى.

تۇ شاۋىنىڭ مۇشۇنداق مۇقەددەس مۇزىكا ئىچىدە قالتىس بىر كادىرنىڭ پايدىلىنىشىغا تاپشۇرۇلدى. ئۇ كادىر چىشى ۋە بارماقلىرى ئارقىلىق سىزدىن بەھرە ئالىدى. سىز كۆڭۈل قويۇپ يۇغان بەدىنىڭىز ئۇنىڭ يۇمشاپ كەتكەن كۆپىيىش ئەزاسىدىن قاتتىق يىرگىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ ئىشلار كىنوغا ئوخشايتتى: شانلىق ئاساسى مۇزىكىغا؛ رەڭگارەڭ تۇسكە؛ ھەيران قالارلىق يۇقىرى پەللىگە ئىگە ئىدى.

ئۇلار كۈچلۈك ھەققانىي غەزەپكە، قويۇق سىنىپىي ھېسسىياتقا ۋە يالقۇنلۇق قىساس ئېلىش روھىغا تولغان كۆپىيىش ئەزاسىنى سىزنىڭ يېڭى چار پادىشاھنىڭ پۇرىقى كېلىدىغان كۆپىيىش ئەزايىڭىزغا نۆۋەت بىلەن نىقتايتتى.

ئۇ چاغدا مۇزىكا ئاتالمىش «ئېسىل باسقۇچ» قا كۆتۈرۈلەتتى. سىز چىدىغۇسىز روھىي ئازابنى سەزمەيتتىڭىز. ئۇلار كەتكەندىن

كېيىن، سىزگە تەۋە ئىش — ئاستا ئۆيگە قايتىش ئىدى. تەن چەككەن ئازاب تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيتتى. شۇڭا، ئۆز ۋاقتىدا فاك فوگوينىڭ ھەسرەت بىلەن يىغلاشلىرىغا ئانچە ئېتىبار بەرمىگەنىدىڭىز. ئۇنى ياسالمىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ بىلەتتىڭىز. ئىنقىلاب يىللىرىدا ياش تۆكۈش بىھاجەت ئىدى. چۈنكى، شۇ يىللاردا قانلار دەريا بولۇپ ئاققان، كۆز يېشىنىڭ قىممىتى يوق ئىدى. شۇ قېتىملىق ئىشتىن كېيىن، سىزنى ھېچكىم ئاۋارە قىلمىدى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەسلىي گۇناھتىن مەلۇم ئۇسۇللار ئارقىلىق ساقىت بولۇپ كەتكىلى بولىدىكەن.

— ئاڭلىساق، سەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا زىيانكەشلىككە ئۇچراپتىكەنسەنغۇ؟ — دېدى توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتىنىڭ «ئايال سىياسىي كومىسسارى» (كۆپ ئۆتمەي تۇ شاۋيىڭ زاۋۇتتىكى مەيلى توشقان تېرىسى شىلىدىغان ياكى توشقانىنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇرىدىغانلار بولسۇن، ئۇنى ھەممىسىنىڭ شۇنداق ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلىدى). قولىدىكى ئەينەك ئىستاكاننى ئۇستەلگە قويۇۋېتىپ (ئەينەك ئىستاكان ئېگىز، قورساق قىسمى يۇملاق، سىرتى سولياۋدىن توقۇلغان قاپ بىلەن قاپلانغان) ھېيلىگەرلىك بىلەن.

سىز زوۋان سۇرمىدىڭىز. ئۇ كەسكىن ھالدا:

— زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانمۇ - ئۇچرىمىغانمۇ بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق. مۇنداقچە ئېيتقاندا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولساڭمۇ …… قاتتىق تەلەپ قويماي تۇرالمايمەن. ئۇنچىلىك ئازاب نېمىتى؟ تارتقان ئازابنى ئۇنتۇپ، جان تىكىپ ئىشلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، قانچە كۆپ ئىشلىسەڭ شۇنچە كۆپ ھەق ئالىسەن. داۋلى ناھايىتى ئاددىي.

مەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدىممۇ؟ دەپ ئويلىدىڭىز.

— قانداق ئارتۇقچىلىقىڭ بار؟ — دەپ سورىدى «ئايال

سىياسىي كومىسسار» سىز جاۋاب بەرگۈچە، ئۇ:
— رۇس تىلى ئۆگەنگەنمىش. يەنە تېخى رۇسلارغا قانداش كېلىدىكەن. زاۋۇتىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە باغلاپ قالسا، سېنى ئىسمىگە ئالىمەن. ھازىر بىرىنچى سېخقا بېرىپ ئۆزۈڭنى تىزىملات. ئۇلار نېمە قىلىدىغانلىقىڭنى ۋە قانداق قىلىدىغانلىقىڭنى ساڭا دەيدۇ.
«ئايال سىياسىي كومىسسار» تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ، قارشى تەرەپكە نەچچە ئېغىز گەپ قىلىدى. سىز ئۇنىڭ كالپۇكلىرىنىڭ ئەپچىل ھەرىكەتلىرىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدىڭىز. ئۇ تېلېفوننى قويۇپ قويدى. سىز ئۇنىڭدىن:
— يەنە باشقا ئىش بارمۇ؟ — دەپ سورىدىڭىز.
— كەتسەڭ بولىدۇ.
بىرىنچى سېخ بوغۇزلاش سېخى ئىدى. سېخ مۇدىرى كېلىشكەن ھەم چىرايى سوزۇك ياش بالا ئىدى. ئورتاق تەلەپپۇزدا تولىمۇ چىرايلىق سۆزلەيتتى. ئۇنىڭغا ئەسلىي سەھنە ياكى تېلېۋىزور ئېكرانى يارىشاتتى. ئۇ سىزگە قاپقارا تېرە پەرتۇق، بىر جۈپ قونچلۇق رېزىنكە ئۆتۈك تاشلاپ بەردى. رېزىنكە ئۆتۈكنى پۇتىڭىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا ئاساسەن مۇۋاپىق كەلگۈدەك بىر جۈپ رېزىنكە ئۆتۈككە ئالماشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كۆيۈنگەن ھالدا سىزدىن نەچچىنچى نومۇرلۇق كەش كىيىدىغانلىقىڭىزنى سورىدى.
سېخنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تامدا تۆت بۇرجەك كىچىك تۆشۈك بار ئىدى، تۆشۈك يېنىدا ياش قۇرامى سىزدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بىر ئايال تۇراتتى. سىز ئۇنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ياكى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېسسىياتتا بولدىڭىز. ئۇ قاپقارا رېزىنكە بولقا تۇتۇپ تۆشۈكنىڭ يان تەرىپىدە تۇراتتى. تۆشۈكنىڭ سىرتىغا بىر پارچە تاختاي چىقىرىلغان. تاختاي تەنتەربىيە سارىيىدىكى سۇغا سەكرەش

سۇپىسىغا ئوخشايتتى. سېخ مۇدىرى سىزگە ئەھۋال چۈشەندۈرۈپ:

— بۇ بىرىنچى ئىش تەرتىپى؛ توشقان رېزىنكە بولقا زەربىسىدە ئېلىنىپ قالىدۇ. «توشقان ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سېخ مۇدىرى سىزگە رېزىنكە بولقا تۇتۇپ مەشغۇلات قىلىۋاتقان ھېلىقى ئايالنى ئىما قىلدى.

ھېلىقى ئايال ئايىغى ئاستىدىكى بىر يەرنى دەسسىدى. تۆشۈكتىن بىر قەۋىتى سۈزۈك توغرا ياغاچ ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلدى. ئىككى سېكۇنتتىن كېيىن، سېمىز قوڭۇر توشقان تۆشۈكتىن چىقىپ كەلدى. ھېلىقى ئايال پۇتىنى بوشاتتى. سۈزۈك توغرا ياغاچ بارا - بارا پەسلىدى. ئۆي توشقىنى بوشلۇقتىكى ياغاچتا نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇيان - بۇيان قارايتتى. ھېلىقى ئايال قاپىقىنى تۈرۈپ، كۆزىنى قىيا ئېچىپ، ئۆي توشقىنىنىڭ مېڭىسىگە توغرىلاپ، دەل جايىغا چاققانلىق بىلەن بىرنى سالدى. ئۆي توشقىنى چىرقىراپ ياغاچ تاختايغا يىقىلدى - دە، تۆمۈر قاپلىق ھارۋىچاققا چۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى ئايال ئايىغى ئاستىدىكى بىر يەرنى يەنە دەسسىدى، تۆمۈر قاپلىق ھارۋا باشمالتاق كەڭلىكىدىكى رېلىستا شەپە چىقارماي سىيرىلغان پېتى تېرە شىلىدىغان بىر ياشانغان ئايالنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئايالمۇ ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ئوخشىمايدىغان يېرى، تەكشىلىكتىن ئۆرۈپ چۈشۈرۈلگەن توشقان قارامتۇل قىزىل ئەمەس، بەلكى جىگەر رەڭ ئىدى. قالغانلىرى، جۇملىدىن بوشلۇقتىكى تاختايدىن چىرقىراپ چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى توشقان بىلەن ئوخشاش ئىدى.

— مۇشۇ خىزمەتنى خالىمىسىز، بولمىسا باشقا خىزمەتكە ئالماشتۇرۇپ قويۇشۇم مۇمكىن. مۇشۇ خىزمەت ئورنىدا، سىز ھەر كۈنى تەخمىنەن 800 توشقاننى ئۆرۈپ ئايلاندۇرۇۋېتىسىز. ئۇلارنى تېرە شىلىدىغان ھەربىر خادىمغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل

بولىسىز. بۇ خىزمەتكە قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى ئەمەس. قىيىن تەرىپى، بولقىنى توشقاننىڭ مېڭىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا دەللەپ ئۇرىسىز، ئىككى قېتىم ئۇرسىڭىز بولمايدۇ. ناۋادا توشقاندىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ قويسىڭىز، شۇ كۈنلۈك مائاشىڭىزنىڭ ئوندىن بىرى، بىر قېتىم ئۇرۇشىڭىزدا توشقان ئايلىنىپ كەتمىسە، شۇ كۈنلۈك مائاشىڭىزنىڭ ئوندىن بىرى تارتىلىدۇ.

ماش رەڭ يەنە بىر توشقان ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىلدى ۋە تۆمۈر قاپلىق كىچىك هارۋىچاققا چۈشۈرۈۋېتىلدى. هېلىقى ئايالنىڭ نەپەس ئېلىشلىرى تەكشى، چىرايى خاتىرجەم، ئارتۇق هەرىكىتى يوق ئىدى.

يەنە بىر توشقان — زىغىر رەڭ توشقان بوشلۇقتىكى ياغاچ تاختاي ئۈستىدە رېزىنكە بولقا يەپ ئايلاندۇرۇۋېتىلىشنى كۈتمەكتە ئىدى.

— ئويلىنىپ كۆرۈڭ، — دېدى سېخ مۇدىرى، — مۇشۇ يەردە ئىشلىگۈڭىز بولسا، سىناق قىلىشىڭىز ئۈچۈن ئالدى بىلەن 100 توشقان بېرىمەن. توشقاننى بىرلا بولقا ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدىغان بولغاندا رەسمىي ئىشقا چۈشىسىز. ئەلۋەتتە، پىراكتىكا ۋاقتىڭىزدا سىزگە مائاش بېرىلمەيدۇ.

سىز ئاشۇ قاپقارا هەم چىرايلىق توشقانلارنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتىن قورققاندەك بۇ خىزمەتنى ئۆزىڭىزگە لايىق كۆرمىدىڭىز.

سېخ مۇدىرى سىزگە ئىككىنچى ئىش تەرتىپىنى كۆرسەتتى. ئۇ:

— سىپايە گەپ بىلەن ئېيتساق، بۇ خىزمەت تەرتىپى: «تونىنى سالدۇرۇپ مالىخاينى ئېلىۋېتىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە توشقانلار ئېسىگە كەلگۈچە تېرىسى شىلىۋېلىنىدۇ، — دېدى ۋە سىزنى هېلىقى ياشانغان ئايالنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى. ياشانغان ئايال سېخ مۇدىرى بىلەن سىزنىڭ بارلىقىڭىزنى هېس

قىلمىغاندەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئىشلەۋاتاتتى.
— بۇ خىزمەتنىڭ ياخشى تەرىپى شۇكى، ئولتۇرۇپ ئىشلىسە بولىدۇ. پۈتىدىكى ۋېنا تومۇرلار كېڭىيىپ كەتكەن ئادەملەرگە ماس كېلىدۇ.
ياشانغان ئايال سىيرىلغان پېتى ئالدىغا كەلگەن تۆمۈر قاپلىق هارۋىچاقتىن كۆل رەڭ بىر توشقاننى ئېلىپ، ئىلمەككە ئاستى. توشقان پەقەت هوشىدىن كەتكەن، ئۆلمىگەن. قورسىقىنىڭ كېڭىيىپ ۋە تارتىشىپ، كۆپۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ياشانغان ئايال بىر تال ئۇچلۇق چوقچىلىغۇچنى ئالدى ۋە توشقاننىڭ يوتىسىدىن بىر تۆشۈك ئاچتى. ئاندىن كېيىن چوقچى-لىغۇچنى بىرنەچچە قېتىم سانجىدى. كېيىن يەنە بىرنەچچە قېتىم سانجىدى، ئاندىن يەنە بىر رېزىنكە شىلانكىنى هېلىقى تۆشۈككە تىقتى. ۋىكلىيۇچاتىلنى ئاچتى. يەل ۋىشىلداپ توشقاننىڭ تېرىسى بىلەن گۆشى ئارىلىقىغا ئۆتۈپ، توشقان تېزلا كۆپۈپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، هەربىر تال تۈكى تىك تۇرۇپ كەتتى، قۇلاقلىرى تىترەيتتى. ئاندىن كېيىن ياشانغان ئايال يەل چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن توشقاننىڭ يوتىسىنى باغلىۋەتتى. ياشانغان ئايال تېرەك يوپۇرمىقى شەكىللىك كىچىك پىچاقنى ئېلىپ توشقاننىڭ قورسىقىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ياردى، پۈتىغا نەچچە قېتىم ئۇرۇپ، تېرىسىنى ئاستا سىيرىپ چۈشۈرۈۋالدى. بىر تېمىم قان چىقمىدى.
— بۇ خىزمەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئاز. قىيىنلىق نۇقتىسى ئىككى هالقىدا كۆرۈلىدۇ: بىرى، تېرىنى بۇزۇۋەتمەس-لىك؛ يەنە بىرى، قان چىقارماسلىق.
ياشانغان ئايال توشقاننى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، تېرىسىنى يېنىدىكى تۆمۈر قاپلىق هارۋىچاققا قويدى، نومۇرى چۈشۈرۈلگەن تۆمۈر تاختاينى تېرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، هارۋىنى ئىتتەردى، هارۋا مېڭىپ كەتتى. تېرىسى شىلىنغان توشقان

ھېلىھەم تىترەپ، كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاچراپ تۇراتتى، ئۇ يەنە بىر ياقتىكى تۆمۈر قاپلىق ھارۋىچاقنى تاشلاندى، ياشانغان ئايال نومۇرى چۈشۈرۈلگەن تۆمۈر تاختايىنى توشقاننىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ھارۋىنى ئىتتىردى، ھارۋا مېڭىپ كەتتى.

— مېنىڭچە، سىزمۇ ئارىسالدى بولماڭ، «تونىنى سالدۇرۇپ مالخانىنى ئېلىۋېتىش» بىلەن مەشغۇل بولۇڭ. پەقەت بولمىغاندا ئاندىن ئالماشتۇرۇۋېتەي، — دېدى سېخ مۇدىرى.

— پۇتۇن كۈچۈم بىلەن خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە تىرىشىمەن، — دېدى كۆزىگە لىق ياش ئالغان تۇ شاۋيىڭ سېخ مۇدىرىغا قاراپ.

— بۈگۈن ئىشقا چۈشۈڭ، — دېدى سېخ مۇدىرى، — مەندە تەپسىلىي يېزىلغان بىر ماتېرىيال بار، ئەكېتىپ ئوقۇڭ. ئاساسىي نۇقتا ئىككىنچى بابتا. سىز مەشغۇل بولىدىغان خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتى، تېخنىكىلىق تەلەپ، مەشغۇلات ئۇسۇلى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى بار. ئەتە ئەتىگەن سائەت 7 دە ئىشقا كېلىسىز، كېچىكىپ قالسىڭىز شۇ كۈنلۈك مائاشىڭىزنىڭ ئوندىن بىرى تۇتۇپ قېلىنىدۇ.

سىز ئىككى سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ ماتېرىيالنى ئوقۇپ بولدىڭىز. سىز ھەقىقەتەن ئالىي تەربىيە كۆرگەن زىيالىي.

بىر ھەپتىدىن كېيىن سېخ مۇدىرى ئامىننىڭ ئالدىدا سىزنى قەلبى قىزىل ۋە قولى چېۋەر نەمۇنىلىك ئىشچى، دەپ ماختىدى.

سىز سېخنى ۋە خىزمەتنى سېغىندىڭىز، خىزمەت قىلغاندىلا ئادەملەر بەختلىك بولالايتتى.

7

تۇ شاۋيىڭ توشقاننىڭ تېرىسىنى توختىماي شىلىسا، ئاندىن

كۆڭلىنىڭ تەگپۈڭلۈكىنى ساقلىيالايتتى. مۇزدەك قوللىرى خىزمەت
داۋامىدا ئىللىقلىق تاپالايتتى. رەڭگارەڭ توشقان تۈكلىرى،
قېپقىزىل گۆشى قولىڭىزغا ئىللىقلىق بېرەلەيتتى. توشقانلار رەزىل
سىنىپىي دۈشمەنلەردەك تېرىسى شىلىنغىنى بىلەن ھاياتىنى
ئۈمىدىنى ئۈزمەيتتى. تۇ شاۋىيلىك كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا توشقاننىڭ
يۈرىكى جايلاشقان ئورۇننى بېسىپ تۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن تېز
سوقۇۋاتقان يۈرەكنىڭ تىۋىشىنى ھېس قىلىشقا خۇشتار ئىدى. شۇ
چاغدا سىز يېڭى ھاياتىي كۈچىنىڭ تېنىڭىزگە كىرىۋاتقانلىقىنى،
يۈرىكىڭىزنىڭ توشقاننىڭ يۈرىكى بىلەن ئوخشاش رىتىمدا
سوقۇۋاتقانلىقىنى، ماس قەدەمدە سوقۇۋاتقان يۈرەك سىزنى
چەكسىز خۇش قىلىۋېتىدىغانلىقىنى سېزەتتىڭىز. توشقاننىڭ
يۈرىكى جايلاشقان ئورۇننى ئۇزاق ۋاقىت بېسىپ تۇرالمايتتىڭىز.
ئۇنداق قىلسىڭىز خىزمىتىڭىزنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يېتەتتى.
خىزمەت ئۈنۈمى ئىقتىسادىي كىرىمگە تەسىر كۆرسىتەتتى، بۇ بىر
مەسىلە، ئەڭ مۇھىمى: سىز باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىشنى
خالىمايتتىڭىز. توختىماي چەكسىز خۇشاللىق تېپىش ئۈچۈن،
جەزمەن توختىماي توشقاننى تېرىدىن ئايرىپ قېپقىزىل گۆش
ھالىتىگە ئەكېلىشىڭىز كېرەك ئىدى. قېپقىزىل گۆش ھالىتىدىكى
توشقاننى ئىلمەكتىن ئېلىپ، تۆمۈر قاپلىق ھارۋىچاققا سالىسىز؛
كەم بولسا بولمايدىغان بۇ خىزمەت جەريانىدا، كۆرسەتكۈچ
بارمىقىڭىز بىلەن توشقان يۈرىكى جايلاشقان ئورۇننى بېسىپ
تۇرىسىز، بىر ياقتىن خىزمەت قىلىسىز، يەنە بىر ياقتىن خىزمەت
ئۈنۈمىڭىز ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئوخشاش خىزمەت
تەرتىپى ئورنىدىكى ياشانغان ئايالار ئۆچلۈك قىلىپ تېرىڭىزنى
توشقان تېرىسىنى شىلىغاندەك شىلىۋەتكۈسى كېلىپ كېتىدى-
غاندۇ - ھە؟

بىر كۈنى يان تەرەپتىكى بىر ياشانغان ئايال ئاقۇچ بىر

توشقانني ئىلمەككە ئىلدى. ياشانغان ئايال ئاغزىنى پورۇشتۇرۇپ:
— بۇ چىشى رۇس توشقىنى! كۆرۈڭلار، بىر چىشى رۇس توشقىنى قولۇمغا چۈشۈپ قالدى!— دەپ ئاغزىنى بۇزدى.
ياشانغان ئايال بىرمۇنچە سەت گەپلەرنى قىلدى، ھەتتا يامان ئاتىقى چىقىپ كەتكەن مۇنۇ بايان قىلغۇچىمىزنىڭ بۇ گەپلەرنى بىرگە دېيىشكە تىلى بارمىدى.
سېختىكى ياشانغان ئاياللارنىڭ ھەممىسى ھوزۇرلىنىپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىشتى. مۇشۇنداق بىر توپ ياشانغان ئاياللار ئالدىدا، تۇ شاۋيىڭ ئۆزىنى ئىلمەكتە ئېسىقلىق تۇرغان ئاشۇ ئاقۇچ توشقانغا ئوخشاش سەزدى.
تۇ شاۋيىڭ مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، تالاي قېتىم ئۆزىنى تېرىسى شىلىنىۋاتقان ھالەتتە چۈشەيتتى. تېرىسىنى ئەرلەر تۇرماق، ھەتتا ئاياللار، باللار شىلاتتى.
تەرلەپ كەتكەن تۇ شاۋيىڭنىڭ توغاچتەك قىپقىزىل مەڭزى (خىزمەت ۋاقتىدا ئۇ ھەممىشە قىزىرىپ كېتەتتى) ئاقىرىپ كەتتى، كۆز ياشلىرى تەر تامچىلىرى بىلەن بىرگە ئاقتى.
سېخ مۇدىرى (شۇ كۈنى ئۇ ئالامەت چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى) قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ھېلىقى ياشانغان ئايالنى ئەيىبلىدى.
— ليۇ جىنخۇا، خىزمەت ۋاقتىدا قالايمىقانچىلىق چىقاردىڭىز، بىر ئايلىق مۇكاپات پۇلىڭىز تۇتۇپ قېلىنىدۇ.
ليۇ جىنخۇا قايىل بولمىدى، مۇكاپات پۇلى تۇتۇپ قېلىندى.
كېيىن بىر تالاي ئەپقاچتى گەپلەر پەيدا بولدى. كېيىن يەنە تۇ شاۋيىڭ سېخ مۇدىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، ليۇ جىنخۇانىڭ ئەدىپىنى بەردى (سېخ مۇدىرى بىر سائەت ئىچىدە ئىككى تۇرلۇك گۇمپا ئۆگىتىپ قويغانىدى).
تۇ شاۋيىڭ ئېرىنىڭ جەستى بىلەن ۋىدالىشىشنى كۈتۈپ

ئولتۇرغان كۈنلەردە، مەپتۇن قىلىش كۈچىگە باي خىزمەتنى سېغىندى. ئارزۇ - ئىستىكى كۈچلۈك ئىدى.

مەرھۇم ئېرىنىڭ چىرايىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش تەقەززاسى بىلەن خىزمەت تەشنالىقى يالقۇنىغا ئوخشاش تۇ شاۋيىڭنى كۆيدۈرۈپ كېتىۋاتقان چاغدا، مەكتەپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى 200 يۈەن پۇل بىلەن قىپقىزىل بىر گۇۋاھنامىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار فاڭ مۇئەللىمنىڭ ئارخىپىنى رەتلەۋاتقاندا، ھايات ۋاقتىدا يازغان بىر پارچە ۋەسىيەتنامىنى بايقاپ قالغانلىقىنى دېدى. ۋەسىيەتنامىدە: ئۆلگەندىن كېيىن، بىرىنچىدىن، ھۆسىن تۈزىمەسلىك؛ ئىككىنچىدىن، ۋىدالاشماسلىق؛ ئۈچىنچىدىن، تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەسلىك؛ تۆتىنچىدىن، تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن جەسەتنى تېببىي ئىنستىتۇتقا تەقدىم قىلىۋېتىش، دېيىلگەنىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىس 200 يۈەن پۇلنى تېببىي ئىنستىتۇت بەرگەنلىكىنى (تېببىي ئىنستىتۇت بىر جەسەتكە 100 يۈەن بېرەتتى)، فاڭ مۇئەللىمنىڭ روھىدىن تېببىي ئىنستىتۇتتىكىلەرنىڭ تەسىرلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. قىزىل گۇۋاھنامىمۇ تېببىي ئىنستىتۇت بەرگەنىدى. زارىقىپ كۈتۈش ئاخىر ئاياغلاشتى.

# يەتتىنچى باب

## 1

جاڭ چىچيۇ قولتۇقىغا كارتون قەغەزنى قىستۇرۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان ساۋاقداشنى كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ كەينىگە قارىمىدى. كەينىگە قارىغان بولسا ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ كەتكەن بولاتتى. ناۋادا ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان شۇ دەقىقىدە، ئۇ كەينىگە قارىغان بولسا، چىرايىدا غەزەپ ـ نەپرەت ياكى شۇنداقراق ئالامەت كۆرۈلگەن بولسا، بايان قىلغۇچى دېدىكى: ئۇنداقتا، كۆزەتكۈچىدە غوجايىنىنىڭ، چاكارنىڭ، بويسۇندۇرغۇچىنىڭ، بويسۇندۇرۇلغۇچىنىڭ، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ، تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى. ئۇ ھەتتا قىلچە ھېيىقماستىن دەرس پىلانىمنى ئېلىپ ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىدىن ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن چىققاندەك ئەركىن چىقىپ كەتتى. ئۇ 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ مېنىڭ ئورنۇمدا فىزىكا دەرسى ئۆتىدۇ...... كوچىدا بىر ئايالنىڭ ئۇنىڭغا سالام ـ سەھەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭ:

ــ جاڭ مۇئەللىم، دەرس ئۆتكىلى ماڭدىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭ سالام ـ سەھەتنى ئىلىك ئېلىپ، بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلىمىدىڭ، ھېلىقى ئايالنىڭ تۆۋەن ئاۋازدا:

ــ بۇر يەيدىغان سېسىق كىتاب خالتىسى! قانچىلىك

نىمتىنىڭ سەن؟ گېپىمگە جاۋاب بەرمەيدىغان يۈمشاقباش يوغان تاشپاقا! ــ دەپ ئۇنى تىللىغانلىقىنى ئاڭلىدىڭ.

ئايالىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھاقارەتنى ئاڭلىغان جاڭ چىچيۇ تولىمۇ پاكار ھەم تولىمۇ ئورۇق ئاتقا مىنگەندەك ئىككى پۇكلىنىپ بوسۇغىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئورۇق ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كاسىسى ئاغرىپ كەتتى. ئاغرىق تېنىنىڭ ئوتتۇرا سىزىقىنى بويلاپ يۇقىرىلاپ، پۈتۈن پەللە تۇتاشقان جايغا يىغىلدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى «شى فاڭپىڭ» ماۋزۇلۇق تېكىستنى ئويلىدى. تېكىستتە: شى فاڭپىڭنى دوزاخ ئىلاھى زالىدىكى بىر كىچىك جىن ھەرىدەپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپ، بىر تال ئاق يىپەك يىپ بىلەن باغلاپ قويغانلىقى سۆزلەنگەندى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىنى ئويلاۋېتىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا دەرسلىكىنى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا دەرسلىكىنى ئويلاۋېتىپ، فىزىكا مۇئەللىمى يادىغا يېتىپ، ئۆزىنى ئەسكە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى پارچە قىلىۋېتىلگەن چاغدىكى ئازابنى ئۇنتۇپ، بوسۇغىدىن ئىرغىپ تۇرماقچى بولدى. بىر قېتىم ئىرغىپ باقتى، ئىككى قېتىم ئىرغىپ باقتى، ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئاخىر بولماي، بوسۇغىنى تۇتۇپ گەۋدىسىنى ئاستا - ئاستا كۆتۈردى.

كارىۋاتتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان مومىدىن پۇتكەن ساھىبجامالغا تەڭشەپ بېرىلگەن يىمەكلىك كۆچىنى يوقاتقانىدى. ئۇ زېھنى ئوچۇق ھالەتتە ھۆركىرەيتتى ــ ئۇ ھۆركىرىگەن چاغدا ھەر كۈنى ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ساز باھار كۈيچىسىگە نېمىدېگەن ئوخشىغان! بۈگۈن ئۇنىڭ ھۆركىرىگەن چاغدىكى ئاۋازى قاقاقلاپ كۈلگەن سوغۇق كۈلكىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى. «سوغۇق» ۋە «قاقاقلاپ كۈلۈش» بىرلىشىپ

كەتكەنىدى. ئۇ مەقسەتلىك شۇنداق قىلغان. خوتۇنى ئىشقا كەتتى (ئۇ ئىشقا ماڭىدىغان چاغدا، ئىككىمىزنى ئوخشاش ئورۇنغا قويغاندەك بىرگە بۇيرۇق قىلدى! بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى! مەن ئىككى پارچە قىلىۋېتىلىدىمۇ؟) ساڭا يۈكلەنگەن ۋەزىپە (ئوقەت قىلىپ پۇل تېپىش) يەلكەڭنى ئېغىر بېسىپ تۇراتتى. داچيۇ بىلەن شاۋچيۇ مەكتەپكە كەتتى. ئۆيدە قېلىشىڭ قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم ھېس قىلدىڭ. مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ ئاغزى قورقۇنچنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئۇ كارىۋاتتا ھەممە نەرسىنى كۆزىتىۋاتقاندەك ياتاتتى.

بۇنداق «قاقاقلاپ كۈلگەن سوغۇق كۈلكە» دە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۈشكۈل ئىدى. سەن قېچىپ كەتمەكچى بولدۇڭ.

ئۇ قاچمىدى. ئۆزىنى يۈرەكلىك تۇتۇپ مىلەڭزە ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان كونا ئەدىيالنى قايرىدى، ئۇ ساھىبجامالنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىككى چاشقاننىڭ ئاپئاق كۆزلىرىنى كۆردى. ئىككىلىسى كۆزلىرى قىزىل، ئېغىزلىرى قىزغۇچ، تۈكلىرى ئاپئاق چىرايلىق چاشقان ئىدى. ئىككى چاشقان مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ بىرسى بىردىن ئىككى قولىنى غاجاۋاتاتتى. ئادەمنىڭ قولىنى غاجاۋاتقان چاشقانلارنى سەن تۇنجى قېتىم كۆردۈڭ. قولاقنى غاجىغاندا، چاشقاننىڭ ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى قىزغۇچ كالپۇكىنىڭ ھەرىكىتى خۇددى ئۈجمە يوپۇرمىقى يەۋاتقان قۇرتنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى. چاشقانلار سېنى كۆرۈپ قورقۇپ ھودۇقۇپ كەتمىدى. ئاپئاق ئىككى چاشقان ئوماق بېشىنى كۆتۈرۈپ ساڭا قىزىقسىنىپ سەپسالدى. زىياپەتكە كاشىلا قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئىككىسىنىڭ ساڭا قارشى ئالمايدىغان پوزىتسىيەدە بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىڭ. ئاپئاق چاشقان گەرچە مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ قولىنىڭ 50% قىسمىنى غاجاپ بولغان بولسىمۇ، ئىسكەتىگە تەسىر يەتمىگەن مايلىق قولاق

يەنىلا دىردىيىپ تۇراتتى. سېرىق مومدىن پۈتكەندەك قۇلىقىدىن بىر تامچە قان چىقمىغانلىقى قىزىق ئىش بولدى. تامىقىڭنى چاكىلداتتىڭ، چاشقانلار ئاغزىنى ئېرىتىۋېتىپ، تام ياقىلاپ ئاستا مېڭىپ كەتتى.

مومدىن پۈتكەن ساھىبجامال تەخمىنەن بىر مىنۇت جىمىپ قالدى. مۇشۇ بىر مىنۇت ئىچىدە، ئۇ خاسىيەتلىك كۆزلىرىنى ساڭا مىختەك تىكتى. بۇ بىر جۈپ كۆزنىڭ سېنى نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇستىخان چىرىۋاتقان چاغدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى ھېس قىلدىڭ. ئۇ بىر پارچە تار تاختايدا ياتاتتى. سەن كىچىك ۋاقتىڭدا ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن ھېلىقى دەھشەتلىك ئۇرۇشنى ئەسكە ئالدىڭ.

— سەن ئىلگىرى بىزگە دەپ بەرگەن. شۇ قېتىملىق ئۇرۇشنى فاڭ فۇگۇيمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئۆيلەر، دەل - دەرەخلەر، ياۋا ئوت - چۆپلەر گۈرۈلدەپ كۆيۈپ تاختايلاردا ياتقان يارىدارلارنى يورۇتۇۋەتكەنىدى.

ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى ئايرىلماي، تارىخ ۋە رېئاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن بىر چاغدا، مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ، يارىدارلارنىڭ ۋە ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ چاچلىرىنىڭ ھىدى قەلبىگە يوپۇرۇلۇپ كىردى. ئازراق پۇل تېپىپ مومايىنىڭ كىرلىكىنى پاكىز كىرلىككە يەڭگۈشلەپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئويلىدىڭ. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ساڭا تونا دەرىخى ئۈندۈرمىسىگە چوشقا گۆشى ئارىلاشتۇرۇلغان قىيمىدا جۇۋاۋا تۈگۈپ بەرگەنىدى. ئادەم ۋاپاسىزلىق قىلسا بولمايدۇ. سەن شۇنداق ئويلىدىڭ.

سەن توساتتىن ئۆيدە چاشقان دورىسى بارلىقىنى يادىڭغا ئالدىڭ - دە، ساندۇق ۋە ئىشكاپلارنى ئاختۇردۇڭ، تاپالمىدىڭ.

جاڭ چىچيۇ چاشقانلارنىڭ يەنە كېلىپ قېيىنئانىسىنىڭ قۇلىقىنى غاجاپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چاشقان

دورىسى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ھۆسىن تۈزگۈچى تىقىپ قويغان ئۇيقۇ دورىسىنى تاپتى، سامساققا ئارىلاشتۇرۇپ يانجىدى، توغرالغان بىر تال يېسسىۋېلەكنىڭ ئۈستىگە چېچىپ، ئىككى تەخسىگە سېلىپ مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ ئىككى قۇلىقىنىڭ يېنىغا بىردىن قويدى. ئىككى ئاق چاشقاننىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئىككى تەخسىنىڭ ھەربىرىگە ئىككى - ئۈچ تېمىم كۆنجۈت مېيى تېمىتتى. ئاندىن سىرتقا چىقىپ ئوقەت قىلىپ پۇل تېپىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى.

نېمە ئوقەت قىلىش كېرەك؟ قانداق پۇل تېپىش كېرەك؟ ئۇنىڭ كۆڭلىدە سان يوق ئىدى. بىر پۇتى ئۆيدە، بىر پۇتى سىرتتا، يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي ئوسال ئەھۋالدا قالدى، فاڭ فۇگۇي شۇ تاپتا جاڭ چېچيۇنىڭ سىياقىدا دەرس ئۆتىۋاتىدۇ. يالغان جاڭ چېچيۇ دەرس مۇنبىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا پوپوزا قىلىۋاتىدۇ. راست جاڭ چېچيۇ بوسۇغىغا مىنىۋېلىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتىدۇ. بۇ سودىدا، زادى كىم پايدا ئالدى، كىم زىيان تارتتى؟ سەن مۇشۇ ئويدا ئىدىڭ.

ئۇ ئالەمنىڭ قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ پەرىشان بولۇپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا، دۈمچەك بىر بوۋاي بوش يېپىلغان ئىشىكنى «تاراققىدە» ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بۇ بوۋاي ساڭا ناھايىتى تونۇشتەك بىلىندى. لېكىن، قاچان، نەدە كۆرگەنلىكىنى دەمال ئېسىگە ئالالمىدىڭ.

— جاڭ مۇئەللىم بولامسىز؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

— سىلى...... — فىزىكا مۇئەللىمى گەپ قىلىشىغا، يىراقتىن غايەت زور بىر ئاۋاز كەلدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. كۆكۈچ كىران ئاستا - ئاستا بىر ياققا قىڭغىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئارقىدىنلا كۆز يەتمەيدىغان بىر يەردىن ئاقۇچ ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلدى.

— ئاھ! — دېدى فىزىكا مۇئەللىمى.

— مېنى بۇ يەرگە ھۆسن تۈزىگۈچى لى يۈچەن ئەۋەتتى. ماۋۇنى سىزگە بېرىپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى.

ئاغزىغا سۈزۈك پىلاستىر چاپلانغان، سېرىق قەغەزدىن ئېتىلگەن قېلىن بىر لېپاپىنى ساڭا بېرىپ بوۋاي كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— بىردەم ئولتۇرۇپ ماڭماملا؟ — دېدى فىزىكا مۇئەللىمى تەكەللۇپ بىلەن.

— بىردەم ئولتۇرسام ئولتۇراي.

سەن نائىلاج ئورۇندۇق ئاچىقتىڭ. بوۋاي ھويلىدا ئولتۇردى. ئەتىگەن سائەت 8—9 بولغان چاغ، قۇياش ئىللىق نۇرلىرىنى بوۋاينىڭ يۈزىگە سېپىپ تۇراتتى. سەن ئۇنىڭ كونىنى چىقىرىپ، يېڭىنى قوبۇل قىلىپ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىغان تاشپاقىدەك كۆزىنى قىسىپ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭ.

بۇ چاغدا چاشقانلارنىڭ يېسسۇېلەكنى غاجاۋاتقان چاغدىكى ئاۋازى كەلدى.

بوۋاي ئورۇندۇقتا تەمكىن ھەم ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇراتتى. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلىپ بوۋاينىڭ يېنىدا تۇراتتىڭ.

كېيىن بوۋاي كەتتى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئاۋۋال لېپاپىنى ئېچىش كېرەكمۇ ياكى چاشقانلارغا قاراپ بېقىش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىدىيەدە كەسكىن كۈرەش قىلدى. ئاخىر ئالدى بىلەن چاشقانلارغا قاراپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ مومدىن پۈتكەن ساھىبجامال ياتقان ئۆگزىگە يېقىنلاشتى. تامغا تارتىلغان كۆل رەڭ ئەدىيالغا يېقىن بارغاندا، «دۈك، دۈك» قىلىپ سوقۇۋاتقان يۈرەك تېۋىشىنى ئاڭلىدىڭ. «غىچىر - غىچىر»

قىلغان ئاۋاز يەنىلا توختىمىغانىدى. دېمەك، چاشقانلار بېسسۇبېلەك يەۋاتاتتى. ئەدىيالغا تەگكەن قولۇڭنى ئەدىيالدىن يەنە تارتىۋالدىڭ. ئەدىيالدىن قولۇڭنى تارتىۋالغان چاغدا ئىككى پۇكلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىڭ. ئەدىيالنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ياماق چوڭلۇقىدىكى بىر تۆشۈككە يۈزۈڭنى يېقىپ تۇرۇپ، بىر كۆزۈڭ بىلەن چىرايلىق ھەم يېقىملىق بىر كۆرۈنۈشنى كۆردۈڭ.

ئىككى چاشقان ئىككى تەرەپتە بىر - بىرىگە يۈزلىنىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىسىدا ياتقان مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ يۈزى پارقىراپ كەتكەنىدى. چاشقانلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. ئىككى چاشقان قۇيرۇقىنى كارىۋاتقا تىرەپ بىرسى بىردىن تەخسىنىڭ قىرىدا تۇراتتى. چاشقانلار ئالدى پۇتى بىلەن بېسسۇبېلەكنى تۇتۇپ، كۆڭۈللۇك يەۋاتاتتى. چاشقانلارنىڭ خۇشچاق ئىكەنلىكىنى قانداق ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولىدۇ؟ چاشقانلار قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىۋاتاتتى.

چاشقانلارنىڭ بېسسۇبېلەكنى مۇشۇنداق كۆڭۈللۇك يېيىشى قانداقمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈش بولۇپ ھېسابلانسۇن؟ چاشقانلار بېسسۇبېلەكنى ئۈچ چىشلەم (نەچچە ئون قېتىم تەكرارلاندى، بۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس) بىر - بىرىگە سالام يوللاپ بېشىنى لىڭشىتاتتى. بىرىلىيانتقا ئوخشاش قىپقىزىل كۆزلىرىدە يۇمىلاق، كۆركەم چەمبەر ھاسىل بولاتتى. چاشقانلار بىر - بىرىگە سالام يوللاپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، سەكرىشەتتى. مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ يۈزىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئورۇن ئالماشتۇراتتى. ئورۇن ئالماشتۇرمىغان چاغدىكىگە ئوخشاش بېسسۇبېلەكنى يەنە يەيتتى.

ئۈچىنچى قېتىم ئورۇن ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، چاشقانلار مۆرىدىشىپ، مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ يەلكىسىگە چىقىپ تەڭلا: چا! چا! چا! — چا! چا! چا! — دەپ ۋارقىرىشىپ

كەتتى ــ چاشقانلار شۇ ئان تۇۋلاپ ئادەمدەك ئۆرە تۇرۇشتى، تەمتىلەپ ماڭغان بالىدەك ماڭدى. مومدىن پۇتكەن ساھىبجامالنىڭ قوۋۇرغىسىدىن، قوۋۇرغىسىغا يېپىشىپ تۇرغان ئەمچىكىدىن ئۆتۈپ...... پۇتىنىڭ ئۇچىغا باردى. ئاپئاق ئىككى چاشقان ئۇششاق باللار ئوينايدىغان لىڭگىرتاقتاققا كېتىۋاتقاندەك كېتىۋاتاتتى، چاشقانلارنىڭ قەدىمى بىلەن تەڭ مومدىن پۇتكەن ساھىبجامالنىڭ پۇتى كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئازاد بولغان پۇتى باشقۇرۇلىدىغان سىنارەدتەك 45 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ چىقىرىپ تامنى كۆرستىپ تۇراتتى.

سەن ئاق چاشقانلارنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغانىدىڭ. ئەمەلىيەتتە ئاق چاشقانلارنىڭ قىيغىتىپ ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈڭ.

ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ. كۆزلىرىنمۇ كۆل رەڭ ئەدىيالنىڭ توشۇكىدىن قاچۇردۇڭ. چاشقانلارنىڭ ساددا ئويۇننى ئەدىيال توسۇۋالدى. چاشقانلارغا ئىككى تەخسە يېمەكلىك ھازىرلاش ئۈچۈن شۇنچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئەخمەق بولغانلىقىڭنى ھېس قىلدىڭ. ھويلىغا چىقىپ، ھېلىقى ئېغىر لېپاپنى ئاچتىڭ.

لېپاپقا 100 يۈەن خەلق پۇلى (ھەممىسى بىر يۈەنلىك پۇل) بىلەن «گۈزەل دۇنيا» نىڭ بىر پارچە ئىش قەغىزى سېلىنغانىدى. ئىش قەغىزىگە بىرنەچچە قۇر خەت يېزىلغان. ئۇ خەت يازالامدۇ؟ ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى قايسى دەرىجىدە؟ خەت يېزىشنى قايسى مەكتەپتە ئۆگەنگەن؟ بۇ قەدىمي مەسىلە قاملاشمىغان بىر چاغدا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى.

خەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى: ھۆسن تۈزىگۈچى دەپنە ئىدارىسىگە بېرىپ، ئۇقەت قىلىش ئۈچۈن دەسمايە كېتىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان. ئۇ ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپ قېلىپ،

ئىدارىدىن ئايرىلالماي، بىرسىدىن 100 يۈەن ئەۋەتكەن. جاڭنى قىينچىلىقنى يېڭىشكە، مەغلۇبىيەتتىن، دەسمايىدىن ئايرىلىپ كېتىشتىن قورقماسلىققا ئۈندىگەن. كونىلارنىڭ «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن گېپىنى مىسال قىلغان.
خەلق پۇلى بىلەن ئىشەنچتىن ئۈنىڭدا ناھايىتى زور كۈچ پەيدا بولدى. بۇ كۈچ ئۈنىڭ ئىشىكتىن چىقىشىغا تۈرتكە بولدى.
ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ خۇددى بىر كۆزلۈك نەچچە ئون ئاپپاراتنىڭ ئارىسىدا يېڭىياچە ئوغرىدەك ھودۇقۇپ كەتتى.
بايان قىلغۇچى بىزگە بۇرۇنلا دېگەن: قولىدا پۇللا بولسا، ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ، شەرققە قايرىلىپ، يىل بويى سۇ يىغىلىپ، پاشا بىلەن چىۋىنلەر تويلاشقان ھېلىقى سېسىق ئۆستەڭدىن سەكرەپ ئۆتەتتى (پاشا - چىۋىنلەر شۇ سېسىق ئۆستەڭ بويىدا يىل بويى كۆپىيەتتى). ئۆستەڭنىڭ بويى بولۇق چۆپلۈك ئىدى. ئېچىلىپ كەتكەن قىزىلگۈللەر ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى......
ياغاچلىرى چىرىپ كەتكەن ھېلىقى تار ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي، سېسىق ئۆستەڭدىن سەكرەپ ئۆتۈپ، ئەگرى - بۈگرى كوچىلار ئارقىلىق تاماكا، ھاراق، قەنت - گېزەك، چاي - ئاچچىقسۇ ۋە جىياڭيۇ قاتارلىق نەرسىلەر سېتىلىدىغان يەككە تىجارەتچىنىڭ دۇكىنىغا بارغىلى بولاتتى.
سېسىق ئۆستەڭ بويىدا ئېچىلغان قىزىلگۈللەر كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى قىزىلگۈللەردىن چىرايلىق ئىدى. ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق بولغاچقا، كىسەل تەگكەندەك كۆرۈنەتتى. فىزىكا مۇئەللىمى ئۆسۈملۈكشۇناس ئەمەس، ئەمما ئۈنىڭدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ئىدى. قىزىلگۈللەرنىڭ غولى، ئادەمنىڭ بويىدىن ئېگىز ياپراقلىرى يەلپۈگۈچسىمان بولۇپ، ساڭگىلاپ تۇراتتى. غولى توم ھەم مەزمۇت، سېرىققا مايىل، پۆپۈكلىرى ئاقۇچ، ياپراقلىرى

قىلىن. ئاق قۇنىڭ پېيىغا ئوخشاش كۆك، ئۇچىدىن تا تۈۋىگىچە غولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تەڭلا ياپراق چىقىرىدىغان ئاۋۇ ئۆسۈملۈك...... قايسى ئۆسۈملۈك بولغىيتتى؟

ئۇ بايام ئۆزىنى بىر كۆزلۈك نەچچە ئون ئاپپاراتنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك پەرەز قىلغان. مانا شۇ تاپتا ئەتراپىدا ئاپپارات پەيدا بولدى. يەتتە مۇخبىر ئاپپاراتلىرىنى كۆتۈرۈپ سىبىسق ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى گۈل - گىياھلارنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن تارتىپ يۈرەتتى. سىبىسق ئۆستەڭدىن تارقالغان پۇراق فىزىكا مۇئەللىمىگە ئۆزى تۇرۇۋاتقان يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى 8- ئوتتۇرا مەكتەپ بىناسىدىن كېلىدىغان پۇراقنى ئەسلىتەتتى.

بايان قىلىنغۇچىنىڭ خىيالى: ھېلىمۇ ياخشى ئاپپاراتقا ھىد چۈشمەيتتى. ئۇلار تارتقان مەنزىرە كۆرۈنۈشكە ئايلىنىپ مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرنىڭ تېلېۋىزور ئېكرانىغا چىقاتتى ياكى سۈرەت كۆپەيتىلىپ رەسىملىك ژۇرنال مۇقاۋىسىدىن ئورۇن ئالاتتى.

ئوپېراتورلار كۆپىنچە ھاللاردا كۆز ئالدىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئاياغ ئاستىدىكى يولغا دىققەت قىلمايتتى. شۇڭا، فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ نەزىرىدە ئۇلار قالايمىقان ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان جىسىم ئىدى. ئۇ پۈتى تولىمۇ قىسقا بىر مۇخبىرنىڭ خۇددى چاققا ئوخشاش گۈلدۈرلىگەن پېتى ئەھۋالنى بىلىدىغان ئادەملەر ماڭمايدىغان تار ياغاچقا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى — ئۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە يېتىپ تۇرۇپ سىبىسق ئۆستەڭ بويىدىكى قىزىلگۈللەرنى تارتماقچى بولۇۋاتاتتى — تار ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئازابلىق ئىڭرىغانلىقىنى ئاڭلىدىڭ، ئولتۇرۇشۇپ، سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈڭ. پۈتى قىسقا مۇخبىر ئاپپاراتنى كۆتۈرگىنىچە سۇنغان كۆۋرۈك بىلەن تەڭلا سىبىسق ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ ئەھۋال چاقماق تېزلىكىدە يۈز بەردى. سىبىسق

ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەن مۇخبىر ياردەم تەلەپ قىلىپ ۋارقىرايتتى. سەن ئەسلىدە بۇ ئىشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرماقچى بولغانىدىڭ، لېكىن بىر تۇلۇق ئىنېرتسىيەلىك كۈچ جىسمىڭ بىلەن ئىدىيەڭنى بىر - بىرىگە رەقىب قىلىپ قويدى — ئىدىيەڭ كەينىگە چېكىنىشكە ئۈندەيتتى، جىسمىڭ ئالدىغا قاراپ ئېتىلىشقا تەييارلىق تۇراتتى. سېسىق ئۆستەڭنىڭ سۈيى چوڭقۇر ئەمەستەك قىلاتتى. لېكىن، سۇ مۇخبىرنىڭ ئېڭىكىدىن ئاشقانىدى. خۇددى مۇخبىرنىڭ پۈتىنى قانداقتۇر بىرنەرسە چىشلەپ تارتىۋاتقاندەك. شۇڭا، قۇتقۇزۇۋالمىسا ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋالدا ئىدى.

فىزىكا مۇئەللىمى مىخ بار بىر تال تاختايىنى سېسىق ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۇڭگۈتتى. مۇخبىر تاختايىنى تۇتۇۋالدى، ئۇ تاختايىنى كۈچەپ تارتىپ مۇخبىرنى قىرغاققا ئاچىقىۋالدى.

فىزىكا مۇئەللىمى بىلمەي قالدى. ئەتىسى، شەھەردە چىقىدىغان گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىنىڭ سول بۇرجىكىگە، «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنى قۇتقۇزۇش» ماۋزۇلۇق بىر پارچە يوغان سۈرەت 50 خەتلىك تېخنىكىلىق چۈشەندۈرۈش بىلەن بېرىلدى.

## 2

شۇ تاپتا فىزىكا مۇئەللىمى يۈرىكى پۈتۈن، خام خىيالدىن خالىي ھالدا دۇكاندا — پەشتاختىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئىككى ئېغىز قاڭالتىر دۇكاننىڭ ئۈدۈلىدا نەچچە ئون تۈپ تال دەرىخى بار ئىدى. تاللىقنىڭ ئارىسى چاتقاللىق ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ياۋا توشقان، لالما ئىت ۋە لالما مۈشۈكلەر پەيدا بولۇپ قالاتتى؛ ئادەملەرنىڭ سايىسى يىراقتىن كۆزگە چېلىقاتتى. فىزىكا مۇئەللىمى چۆلدەرەپ قالغان پەشتاختىنا ئالدىدا تۇرۇپ بىردىنلا: «ئۇ مېلىنى كىمگە ساتىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئايال غوجايىن قاڭالتىر ئۆينىڭ ئىچكىرىسىدىن چىقتى. ئۇ بۈگۈن قولىغا ئەرزان باھالىق سەدەپ قۇلۇلىسى مىيى سۈركىمىگەن، ۋۇجۇدىدىن دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان خۇش پۇراقمۇ يوق، چىرايى تۇرۇك ئىدى. تۇتۇلۇپ ئاقىرىپ كەتكەن يوغان يۈزى، كۆزى ۋە ئاغزى يۈزىدىكى يارا ئاغزىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

— ھىم! —بۇرنىدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلىدىڭ. كەينىدىن:

— ھا - ھا - ھا! ھا - ھا - ھا!— ئاغزىدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلىدىڭ.

مەنىلىك ئاۋاز سېنى بىئارام قىلىۋەتتى - دە:

— بىر قاپ تاماكا ئالىمەن...... دېدىڭ.

— تېخى بايىلا تاماكا تاشلىدىم دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟ بارچە ئادەمگە ئۈلگە بولىدىغان قىياپەتتە كۆرەڭلەپ يۈرگەن ئەمەسمىدىڭىز؟— دېدى ئايال غوجايىن زەھەرخەندىلىك بىلەن.

— تاماكا تاشلىدىم، دېمىدىمغۇ......

— ھە، دېمىدىڭىز، ئەمىسە يۇمشاقباش بىر ئەبلەخ دەپتۇ-دە!

— يۇمشاقباش دېگىنىڭىز كىم ئۇ؟

— كىم بولماقچىدى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باقىدىغان ھېلىقى ئادەم بىلەن تېپىشىپ قالغان ئايالنىڭ ئېرى!

— ئۇ كىم؟

ئايال غوجايىن ئاچچىق كۈلكىسىنى نائىلاج يىغىشتۇرۇپ، جىددىي ھالدا:

— نەق سىز شۇ! مېنى كولدۇرلاتماڭ، تاماكا ئالغىلى كەلگىنىڭىز يالغان، خەۋەر ئۇققىلى كەلگىنىڭىز راست. سىزمۇ ياخشى ئادەم ئەمەس. سىزنى ئىككى مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا ئىندەككە كەلتۈرۈۋالىمەن. ئىشىنەمسىز؟ شۇڭا، خوتۇنىڭىزنىڭ ئىشنى

بىلمەسكە سىلىپ يۈرۈۋاتىسىز! — دېدى.

— مەن راستتىنلا تاماكا ئالغىلى كەلدىم! — ئېلىشىپ كەتكەن فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ تاماكا چەككۈسى كەلگەنىدى.

ئايال غوجايىن ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ، فىزىكا مۇئەللىمى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا ئويلىسا خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان، پەقەت خان سارايلىرىدىلا بولىدىغان ئېسىل تاماكىدىن ئاچىقتى.

— پۇلى قانچە؟— دەپ سورىدى ئۇ.

— قانچە پۇلىڭىز بار؟— دېدى ئايال غوجايىن تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ.

يېپىپىڭى بىر يۈەنلىك پۇلدىن يۈزى يانچۇقۇڭىدا چۇقان كۆتۈرمەكتە ئىدى. بۇ پۇللار كەپتەرگە، دۇنيا تىنچلىقىنىڭ سىمۋولى بولغان پاك 100 دانە ئاق كەپتەرگە ئوخشاش يانچۇقتىن چىقىپ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىشنى ئويلايتتى. ئۇ ئۆزىچە ماش رەڭ فورمىسىنىڭ يانچۇقىنى ئۈستىدىن بېسىپ قويدى.

فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ گەپ قىلىشىغا قاراپ تۇرماي، جىلۋىگەر ئايال غوجايىن ژاڭلىق قىلغان تەلەپپۇزدا:

— بېيىپ كەتكەن ئوخشىمامسىز؟ قانچىلىك پۇلىڭىز بار، پەرەز قىلىپ باقاي،— دېدى ۋە نەچچە مىنۇت ئويلىنىپ، ئاندىن كەسكىن ھالدا بىر بارمىقىنى چىقىرىپ:

— يانچۇقىڭىزدا 10 يۈەن پۇل بار! — دەپ توۋلىدى.

ئۇ يانچۇقىنى ئۈستىدىن تېخىمۇ بەكرەك باستى.

— 100 يۈەن پۇل، سېرىق قەغەز لىپاپىنىڭ ئىچىدە،— ئۇ جەزملەشتۈرۈپ شۇنداق دېدى.

— ئالاھىدە ئىقتىدار! — فىزىكا مۇئەللىمى قورقۇپ چىرقىراپ كەتتى. بۇنداق يېرىم ئەۋلىيا ئالدىدا ھېچنېمىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايتتى،— راست، 100 يۈەن، توپتوغرا چىقتى.

— تاماكىنىڭ باھاسى 100 يۈەن، ئېلىڭ، بىر قولۇمدا پۇلنى ئالىمەن، بىر قولۇمدا مالنى بېرىمەن.

— نېمانداق قىممەت؟

— ئادەمنى خۇشتار قىلىدىغان يەرلىرىڭىزنى دېمىسەم، سىزگە 100 يۈەنگىمۇ بەرمىگەن بولاتتىم،— دېدى ئايال غوجايىن سەممىيلىك بىلەن.

— ئالمايمەن...... — دېدى فىزىكا مۇئەللىمى چارىسىز ھالدا.

— تاماكا ئالغىلى كەلمىگىنىڭىزنى بۇرۇنلا بىلگەنىدىم!— ئايال غوجايىن شۇنداق دەپ ھېلىقى بىر پاچكا تاماكىنىڭ سېرىق سولياۋ پېچىتىنى يىرتتى. بىر قەۋەت پارقىراق سولياۋ قەغىزى ئاجرالدى. ئۇ يەنە ئاقباش بىر تال سولياۋ پېچىتىنى يىرتتى. يەنە بىر قەۋەت ئاچ يېشىل سولياۋ قەغىزى ئاجراپ، قەغەز كۇرۇپكىغا ئورالغان تاماكىنىڭ ھەقىقىي رەڭگى ئايان بولدى. ئۇ قەغەز كۇرۇپكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بىر قاپ تاماكىنى سۇغۇرۇپ ئالدى. بىر تال سېرىق يىپنى ئۈزدى، بىر قەۋەت رەڭسىز، پارقىراق سولياۋ قەغەز ئاجرالدى، ئۇ تاماكا قېپىنى ئېچىپ، بارمىقى بىلەن تاماكا قېپىنىڭ تېگىگە ئىككى قېتىم يەڭگىل چەكتى. ئىككى تال تاماكىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ تاماكىنىڭ قېپىنى ئاچقان چاغدىلا، تاماكىنىڭ خۇشبۇي ھىدى فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلغانىدى. بۇ ئالاھىدە ھەم ئاجايىپ پۇراق ئىدى. فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ بۇرنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن مىدىرلاپ كەتتى. ئۇ تاماكىنى ساڭا تۇتۇۋېتىپ جاھاندىن رايى قايتقان، پۇلنى قەغەزنىڭ ئورنىدا خەجلەيدىغان ئەلپازدا:

— پۇلسىز تىرىكچىلىك قىلغىلى بولمايدۇ. پۇل جىق بولسا تېخى. ئادەم چېكىدۇ، ئىچىدۇ، يەيدۇ، كىيىدۇ،— دېدى تەلەپپۇزىنى ياساپ.

فىزىكا مۇئەللىمى بوردەك قاتتىق ئىككى بارمىقىنى چىقاردى. قولىنىڭ بىغىشى تاماكىنىڭ ئىغىرلىقىنى سەزدى. ئىپسىل تاماكىنى بارماقلىرىنىڭ بىلەن قىسىپ تۇردۇڭ، قەلبىڭدە قايناق دولقۇن ئۆركەش ياسىدى، كۆز قارىچۇقلىرىڭ كېڭىيىپ، چاناقلىرىڭ ئاغرىپ كەتتى. سەن تومۇرۇڭدا گۈر - گۈر قىلىپ ئېقىۋاتقان قانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭ. بۇ ئاۋاز خۇددى شامالنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن قىپقىزىل بايراقتىن چىققان ئاۋازغا ئوخشايتتى.

ئۇ بېشىنى ئېگىپ تاماكا قېپىدىن بېشى چىقىپ تۇرغان تاماكىدىن بىرنى ئېلىپ ئاغزىغا قىستۇردى، ئاندىن چاقماقنى ياندۇرۇپ تۇتاشتۇردى. چاقماقنىڭ ئوتى يورۇق ھەم ئىسسىز ئىدى. چاقماقتا كۆكۈچ سۇيۇقلۇق تەۋرىنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئوتنى ساڭا تۇتتى. ئايال غوجايىن تۇتقان ئوت فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ يۈزىنى يورۇتتى. فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ قەلبى تىراگېدىيە تۈسىدىكى ئىللىق ھەم مۇھەببەتلىك مەيىن دولقۇننى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. ئاغزىدىن شالاپ - شالاپ قىلغان ئاۋاز چىقتى. شۆلگىيى ئاستىنقى كالپۇكىغا ئېقىپ چۈشكەندى. ئۇ يەلكەڭگە شۇنداق يەڭگىل، شۇنداق مۇلايىم ھەم شۇنداق مەنىلىك ئۇرۇپ قويدى، چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغاندى. بوغۇزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىققان خورسىنىشنى ئاڭلىدىڭ. ئاغزىدىكى تاماكا ئوتى ھەربىر ئۇچقۇنلىغاندا، بۇرنىدىن بۇلۇتتەك قويۇق ئىس چىقاتتى.

بۇ چاغدا ئىپسىل تاماكىنىڭ ئالاھىدە خۇشبۇي پۇرىقى بىر سىكۇنت توختاپ قالماي تارقىلاتتى. داۋاملىق تارقالماقتا ئىدى. تاماكىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى بەزىدە تۇرۇم - تۇرۇم، بەزىدە قىلدەك، بەزىدە ھالقىسىمان، بەزىدە ئاق، بەزىدە كۆك، بەزىدە قويۇق، بەزىدە شالاڭ ھالەتتە تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇراتتى. فىزىكا مۇئەللىمى ئەتراپىدا لەيلەپ يۈرگەن تاماكىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىدا

مەست بولۇپ ئۆزىنى بۇلۇتلار ئۈستىدە يۈرگەن پەرىزاتتەك سەزدى. ئايال غوجايىنىنىڭ چىرايى تاماكا ئىسىدا گويا ئۇچىسىدا نېپىز تور، بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدا دەم كۆرۈنۈپ، دەم يوقاپ كېتىدىغان شەپقەتچى مەبۇدنىڭ چىرايىغا ئوخشاش غۇۋا ئىدى.

فىزىكا مۇئەللىمنى تاماكىنىڭ پۇرىقى مەست قىلىۋەتتى. ئۇ ئايال غوجايىنىنىڭ كۆيۈنۈش تەلەپپۇزىدا:

— بىچارە...... بىچارىيەي...... دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

سەن مېھرىبانلىق ئەكس ئەتكەن ئاشۇ چىرايىغا قارىدىڭ. قەلبىڭ ئەينەكتەك تەكشى ئىدى. فىزىكا مۇئەللىمنىڭ قەلبى شۇ تاپتا كەچكى شەپەقنىڭ نۇرى چۈشكەن تىپتىنچ كۆلگە ئوخشايتتى. ئاشۇ كۆلدە نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن، ئاقۇچ يوغان قۇشلار ئارام ئېلىۋاتقان، شەپىسىز شامال يېپەكتەك شۇۋىرلايتتى...... سەن يىغلىدىڭ......

ئۇ يىشىڭنى ئېرتتى، ھەرىكىتى شۇنچىلىك ئاستا ئىدى. سېنى قاڭالتىر ئۆينىڭ ئىچكىرىسىگە قاچانلاردا ئەكىرىپ كەتتى. سەن بۇنى بىلمەيتتىڭ. ئىتائەتمەن قوزىدەك گۈل نەقىشلەنگەن كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇراتتىڭ. خۇشبۇي پۇراق داۋاملىق تارقالماقتا......

— يۈرىكىڭ بەك دەردلىك، بۇنى بىلىمەن...... بىچارە بايقۇش...... — ئۇنىڭ تولغان كۆكسى بىلەن يۈزۈڭنىڭ ئارىلىقى بىر مىللىمېتىر، ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ بەدىنىدىن كېلىدىغان پۇراققا ئوخشىمايدىغان بىر خىل پۇراق تاماكىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىنى بېسىپ چۈشۈپ، سېنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىۋالدى. ئۇ ئەسلىدىمۇ ئۇچىسىدىكى مۇشۇ قېنىق كۆك، تومۇزغىنىڭ قانىتىدەك نېپىز قىسقا كۆڭلەك كىيەمتى؟ كۆڭلىكىدىن چىقىپ تۇرغان يۇمران كۆكسى فىزىكا مۇئەللىمنىڭ بېشىغا تېگىپ تۇراتتى. فىزىكا مۇئەللىمى يۈزىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئايال

غوجايىنىڭ يۈزىگە يېقىپ ئەمەس، بەلكى ئايال غوجايىن كۆكسىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىپ تۇرغاندەك...... ئۇزاق يىل يوقىتىپ قويغان ھاياجان فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. سەن ئۇنى قۇچاقلىدىڭ.

— سىزنى يولدىن چىقارغان ئەسلى مەن ئەمەس...... — ئايال غوجايىن ھاسىراپ تۇرۇپ، فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ئاغزىدىن ئاغزىنى قاچۇرغاندەك بويىنىنى قىڭغىر قىلىپ، — سىز ماڭا پەقەت بىچارىدەك كۆرۈنىسىز...... خوتۇنىڭىز سىزنى يۇمشاقباش قىلىۋەتتى...... سىز بىلمەيسىز، بۇ جايدا كەچتە، يولۋاسنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ...... — دېدى.

ئۇنىڭ تاققا - تۇققا گەپلىرى فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ قۇلىقىغا ئەينەكنى كېسىۋاتقان ئالماسنىڭ ئاۋازىدەك يېقىمسىز ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇ بىردىنلا ئىسىگە كەلدى. ئەخلاق قامچىسى ۋىجدانىغا تارسىلدىتىپ تېگىشكە باشلىدى. ئۇ گويا ئۆزىنىڭ تۇۋۇسىز پاتقاققا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قورقتى. فىزىكا مۇئەللىمى دەرمانسىز بىلەكلىرىنى چۇشۇرۇۋالدى.

بىلەكلىرىنى چۇشۇرۇۋېلىپ شۇ ھامان ئىسىنى تاپتى. تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن، ماش رەڭ كىيىمى ھۆل، كۆزئەينىكىنىڭ ئەينەكلىرىمۇ ھوردالغانىدى. كۆزئەينەكنىڭ ئەينەكلىرىنى سۈرتتى - دە، ئايال غوجايىنىنىڭ شاپتۇل چېچەكى رەڭگىگە كىرگەن چىرايىنى كۆردى. قوۋۇزىدىكى ئۇپىنىڭ ئاستىدا قالغان خالى ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن قىزغۇچ رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. بۇ نۇقسان سەندە بايان قىلىش تەس بولغان ھېسسىياتنى ئويغاتتى. ئۇ خۇددى بىر ئەر كىشى ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرغاندەك تولغىنىپ تۇراتتى. ئاياللار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ بىرىنچى قېتىم لى يۈچەننى قۇچاقلىغان چاغنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا لى يۈچەننىڭ تېنى كىرىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ لەۋلىرى ئوت يالقۇنىدا كۆيۈپ قۇرۇپ كەتكەن، لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدا چىشلىرى پارقىراپ تۇراتتى. يەرگە تېگىي ئاق، گۈللىرى قىزىل سولياۋ رەخت سېلىنغان. كارىۋات بېشىدا بەش كىشىلىك ئاياغ تۇراتتى. ھەممىسى ئېگىز پاشنىلىق، شەكلى كېمىنىڭ شەكلىگە ئوخشايتتى. قىزىل، كۆك، قارا، ئاق ۋە قىزغۇچ ئاياغلار ئىدى. كارىۋاتنىڭ بېشىدا تاغاردەك يوغان بىر ياستۇق. ئۈستى تەرەپتە گۈل چىقىرىلغان ياغاچ رامكىغا ئېلىنغان ئېللىپس شەكىللىك يوغان ئەينەك بار ئىدى.

ئۆتكەن قېتىم ئەينەك توساتتىن چېقىلغان كۆرۈنۈش بىردىنلا يادىغا كەلدى. چىرايىنى ئۆزگەرتكەن ئىشمۇ كالللىسىغا كىرىپلىۋالدى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن چىرايىغا قاراشقا پېتىنالمىدى. ئۇ تۇتۇق چىراي ئىدى.

— دەرسىڭىزنى ئۆتمەي، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنمىدىڭىز؟— دېدى ئۇ ئاغزىنى قىيسايتىپ.

ئۇ دەرس ئۆتۈۋاتقان فاڭ فۇگۈينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

— مەن...... خىزمىتىمدىن ئىستېپا بەردىم...... — دېدى فىزىكا مۇئەللىمى كېكەچلەپ.

— ھە! ئىستېپا بەردىڭىزما؟...... دەپ ھەيران قالغان ئايال غوجايىن يوتىسىغا ئۇردى.

— ھەئە، ئىستېپا بەردىم! — دېدى ئۇ،— ئىستېپا بەردىم، ئىستېپا بەردىم!

— نېمىشقا ئىستېپا بەردىڭىز؟

— ئوقەت قىلىش ئۈچۈن،— دېدى فىزىكا مۇئەللىمى قەسەم بەرگەندەك تۈگۈلگەن مۇشتىنى كۆتۈرۈپ،— نۇرغۇن پۇل تاپىمەن!

— پاھ! — ئايال غوجايىن تاماكا قېپىدىن بىر تال تاماكىنى

ئېلىپ لېۋىگە قىستۇردى: تاماكا قېپىدىن يەنە بىر تال تاماكىنى ئېلىپ فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ لېۋىگە قىستۇرۇپ تۇتاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئاغزىدىكى تاماكىنى تۇتاشتۇردى. خۇشبۇي پۇراق ئاق تۇماندەك دولقۇنلىناتتى، — چاپسان دەڭ، سىز نېمە ئۇقەت قىلاي دەيسىز؟ پۇل تېپىپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى.

— نېمىشقا مەندە پۇل بولمايدۇ؟ نېمىشقا ئېسىل تاماكا چېكەلمەيمەن؟ نېمىشقا ئېسىل هاراق ئىچەلمەيمەن؟ نېمىشقا ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى يېيەلمەيمەن؟ نېمىشقا ئېگىز بىنالاردا ئولتۇرالمايمەن؟ نېمىشقا......

— چۈنكى، سىزنىڭ پۇلىڭىز يوق، شۇنداقمۇ؟ — گەپ ئارىلىدى ئۇ، — پۇل بولمىسا هوقۇق بولسىمۇ بولىدۇ، سىزدە پۇل هەم هوقۇق يوق. شۇڭا، ناچار تاماكا چېكىسىز (بەزىدە ناچار تاماكىمۇ چېكەلمەيدۇ). ناچار هاراق ئىچىسىز، غورىگىل تاماق يەيسىز، كەپە ئۆيلەردە ئولتۇرىسىز، بۇ تامامەن نورمال ئىش.

— «پۇلى بارنىڭ يۈزى يورۇق، پۇلى يوقنىڭ يۈزى چورۇق» دېگەن تەمسىلگە ئوخشاش، خوتۇنۇم شۇنداق دەيتتى.

— خوتۇنىڭىز ئاجايىپ دەپتۇ، — دېدى ئايال غوجايىن. ئايال غوجايىننىڭ ئاغزىدا تاماكا، سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. لەۋلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپى سىلىق ئىدى. بىرەر تال تۈكمۇ كۆرۈنمەيتتى (هۆسن تۈزىگۈچىنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئۈستىدە مايسىدەك بۇرۇت بار ئىدى). بۇنداق لەۋلەر ئالدىدا فىزىكا مۇئەللىمى خىجالەت تارتىپ قالدى. ئايال غوجايىننىڭ ئاغزىدىكى تاماكا ئاغزىنىڭ مىدىرلىشىغا ئەگىشىپ قارماقنىڭ ئۈچىدىكى لەيلىمە بەلگىگە ئوخشاش مىدىرلاپ تۇراتتى.

— ئادەمدە پۇل بولمىسا بولمايدۇ. بۇ داۋلىنى بىلمەك تەس ئەمەس. بىراق، سىز قانداق پۇل تاپماقچى بولۇۋاتىسىز؟

فىزىكا مۇئەللىمى ئۆزىچە يانچۇقىدىكى پۇلنى يەنە ئۈستىدىن

بېسىپ قويدى.

— سىزنىڭ دەسمايىڭىز شۇمىدى؟ 100 يۈەن؟

— بايام خوتۇنۇم ئەۋەتىپ بەردى. سىزدىن ياردەم سوراپ كەلدىم. ئېيتىڭە، نېمە قىلسام بولىدۇ؟

— چۈشەندىم، — دېدى ئايال غوجايىن، — ئىككىمىزنىڭ رىزقىمىز بىركەن. سىزگە ياردەم قىلماي قالمايمەن. سىز سودا قىلىدىغان ئادەم ئەمەس. ھەممە يەردە ئالتۇن چېچىلىپ ياتىدۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش ئەڭ جاپالىق، ئوقەت قىلىشقا بىلىم كەتمەيدۇ، ھاماقەتمۇ پۇل تاپالايدۇ، دەپ ئويلايدىكەنسىز، سىز پەقەت گۆش يەۋاتقان بۆرىنى كۆرۈپ جاپا تارتىۋاتقان بۆرىنى كۆرمەپسىز، ماقۇل! سىزگە ياردەم قىلاي! 100 يۈەن پۇلىڭىزنى ماڭا بېرىڭ. مەن سىزگە توپ تارقىتىش باھاسىدا تۆت پاچكا تاماكا بېرىمەن. يۇقىرى باھادا، بىر قېپىنى ئۈچ يۈەن بەش مودىن ساتىسىز، سېتىپ بولالىسىڭىز، قولىڭىزغا 40 يۈەن پايدا قالىدۇ.

قولىدىكى تۆت پاچكا تاماكىنىڭ ئورىلىشى بايام ئۇ كۆرگەن تاماكىنىڭ ئورىلىشىدەك ھەيۋەت بولمىسىمۇ، لېكىن ھەرھالدا ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ئۇ تاماكىلارنى فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ قوينىغا تىقتى ۋە:

— بۇنداق تاماكىنى ماگىزىندىن ھەرگىز ئالغىلى بولمايدۇ، دۆلەت ھەربىر پاچكا تاماكىنىڭ باھاسىنى 25 يۈەندىن بېكىتكەن، ناۋادا سەۋرچان بولسىڭىز ھەربىر پاچكا تاماكىنى 50 يۈەندىن ساتالايسىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۆت پاچكا تاماكىدىن سىزگە 100 يۈەن پايدا قالىدۇ. بۇ دېگەن سىزنىڭ بىر ئايلىق مائاشىڭىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى بېشىنى لىڭشىتتى. كەيپىياتى خۇشال ئىدى. بېشىدا بەخت قۇشى پەرۋاز قىلىپ ئەتراپىدا ئايلىنىپ

يۈرەتتى. بەخت قۇشى سول مۈرەڭگە قونىدىمۇ ياكى ئوڭ مۈرەڭگىمۇ؟ سەن بەخت قۇشى قانات قاققان چاغدىكى سەلكىن شامالنىڭ ئاۋازىنى، ياڭراق ناخشىسىنى ئاڭلىدىڭ.
— سىز...... نېمىشقا ماڭا بۇنداق مەردلەرچە ياردەم قىلىسىز؟
— ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا مۇھەببىتىم بار، — دېدى ئۇ ئاۋازىدىن مازاق قىلىۋاتقاندەك ھەم سەممىيەتنى بىلدۈرۈپ دەۋاتقاندەك مەنە چىقاتتى، — بولۇپمۇ سىزگە ئوخشاش ئائىلە يۈكى ئېغىر، خوتۇنى ۋاپاسىز فىزىكا مۇئەللىملىرىگە بەك ياردەم قىلغۇم كېلىدۇ.
فىزىكا مۇئەللىمى دەرگۇماندا تەشۋىشلىنىپ قالدى.
ئايال غوجايىن:
— نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن: بۇ ئايال كىم؟ ئايال جاسۇسمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ مېنى ئۆزىگە تارتىپ ئەر جاسۇس قىلماقچىمۇ؟ قاقاس جايغا جايلاشقان بۇ قاڭالتىر ئۆي جاسۇسلارنىڭ مەخپىي ئالاقىلىشىش ئورنىمىدۇ؟ ئۇنىڭغا ھەر ئايدا زور مىقداردا پائالىيەت راسخوتى بېرىلەمدىغاندۇ؟— سىز شۇ تاپتا مۇشۇنى ئويلاۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟
— ياق، ئۇنداق ئويلىمىدىم، — فىزىكا مۇئەللىمى ئاغزىدا ئىنكار قىلغان بىلەن، كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلاتتى. تالاي كىنودىكى كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ تەرلەپ كەتكەنلىكتىن تېرىسىنىڭ بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.
— دەڭە، — ئايال غوجايىن فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ يەلكىسىنى قامالاپ تۇتۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كۆزلىرىنى كۆزنەينەك كەينىدىكى كۆزلىرىگە تىكىپ (فىزىكا مۇئەللىمى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تۇغرا قارىيالمىدى، ئۆزىنى بۇركۈتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان

توشقاندەك سېزەتتى)، كەسكىن ھالدا، ــ ئۆلۈمدىن قورقامسىز؟ــ دېدى.

ــ ياق...... قورقمايمەن.....

ــ سىز راست گەپ قىلمىدىڭىز، ــ دېدى ئايال غوجايىن كەڭ قورساقلىق بىلەن كۈلۈپ، ــ ئۆلۈمدىن زادى قورقامسىز، قورقمامسىز، ئوبدان ئويلانمىدىڭىز. ئۆلۈمدىن قورقماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىشنى ياخشى قىلىش كۆڭۈللۈك ياشاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. جاسارىتىڭىزنى يوقىتىپ، ئىككى تايىن بولۇپ قالغاندا، ئۆلۈمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ سىزگە ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ئويلاڭ. ئۇ يەردە گۈل - گىياھ، مۇزىكا بار، غەم يوق، ئازاب يوق، مەيلى قانداق مېڭىڭ، شۇ يەر ئاخىرقى بېكەت ــ ۋۇجۇدىڭىزدا جاسارەت ئۇرغۇپ تاشىدۇ. بەختنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەرلىك كۈچ ھاسىل بولىدۇ. ئالدى - كەينىڭىزگە قاراپ دېلىغۇل بولىسىڭىز، ئاغزىڭىزدىكى گۆشنى خەققە تارتتۇرۇپ قويىسىز، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ فىزىكا مۇئەللىمى گالۋاڭ ئادەمدەك بېشىنى لىڭشىتتى. غوجايىن ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن پارلىغان نۇر بىر خىل خۇشبۇي پۇراققا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ تېنىدىن كېلىۋاتقان خۇشبۇي پۇراققا، تاماكىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىغا ئارىلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى ــ بۇ پۇراق ئۇنى ناتونۇش، جەلپكار دۇنياغا يېتەكلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ۋاقىتتا، ئاق تېرەكلەرنىڭ شاخلىرى ۋە گۈللەرنىڭ بەرگلىرىنىڭ چۈچۈمەل ھىدى سېنى جىنيۇ كوچىسى 13 - نومۇرلۇق قورۇغا باشلاپ بارغان ۋە لىۋۇنىڭ ئۈستىدە مايسىدەك بۇرۇتى بار قىز بىلەن توي قىلىشىڭغا سەۋەب بولغانىدى. ئۇ نەچچە ئون يىل غۇربەتچىلىكتە ياشىدى، مانا ئەمدى، تۇرمۇش توساتتىن پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلدەك خۇشبۇي پۇراق چاچتى! بۇ پۇراق ئەمدى مېنى نەگە باشلاپ بارىدۇ؟

— سىز بەك گۇمانخور ئىكەنسىز، دۇنيادا گۈزەل مۇھەببەتنىڭ بارلىقىدىن گۇمانلىنىسىز. ماڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ، تۇزاق قۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتىسىز. مەن تۇزاق قۇرۇشقا ئۇستا، ئەمما سىزگە تۇزاق قۇرمايمەن. بىر ئادەم ئەل ئۆمرىدە ھاياتىنىڭ ئازراقمۇ خوۋلۇقىنى كۆرمىسە، نېمىدېگەن بىچارىلىك، نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك. يۈرەكلىك بولۇپ، مەن بىلەن بىللە ئىشلەڭ. ئويناپمەن دېسىڭىز مېنى كارىۋاتقا بېسىڭ، يەرگە باسسىڭىزمۇ مەيلى، باي بولىمەن دېسىڭىز، تالاغا چىقىپ تاماكا سېتىڭ. نېمە قىلغۇڭىز كەلسە شۇنى قىلىڭ. قىسقىسى، مەن سىزنى بەختلىك ئادەم قىلىمەن!

غوجايىن ئايال كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ لەپىلدىتىۋىدى، راك بىلەن جياڭيۈنىڭ پۇرىقى ئارىلاش خۇشبۇي پۇراق ئەتراپنى بىر ئالدى - دە:

— مۇشۇنداق چىرايلىق پۇتلىرىم بىلەن ئايال جاسۇس بولسام، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ — دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى چوڭقۇر ھاڭ ئالدىدا تۇراتتى. پۇتلىرىنىڭ تىترىشى بېسىلمايۋاتاتتى. غوجايىن ئايال مەن ئۈچۈن كۆڭلىكىنى كۆتۈردى. چىرايلىق ھەم سىلىق پۇتلىرىنى كۆردۈم (ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ پۇتلىرىدىن كاسسىغىچە بىر قەۋەت سېرىق تۈك قاپلاپ كەتكەنىدى). سىرلىق قاڭالتىر ئۆينىڭ ئېلېكتىر چىرىغى ئۆچۈرۈلدى. شام ياندۇرۇلدى. تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە ئۈزۈلدى. يېنىۋاتقان شامنىڭ ئاۋازى ۋە بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ دۈكۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرەكلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. غوجايىن ئايالدىن كېلىۋاتقان پۇراقنىڭ چاقىرىق كۈچى زور ئىدى. يۈرىكىنىڭ ئۈزۈلۈشىدىن گېلىنىڭ ئاغرىپ كەتتى. ئالدى تەرەپ خۇشبۇي پۇراق تارقىلىۋاتقان جاي. ئۇ ئەما كۈچۈكتەك خۇشبۇي پۇراق چىقىۋاتقان تەرەپنى كۆزلەپ تىمىسقىلاپ ئالدى تەرەپكە

ماڭدى.

قولى ئايال غوجايىننىڭ ئوتتەك قىزىق تىنىگە تەگكەن چاغدا، ۋۇجۇدىدا زەررىچە كۈچ قالمىدى، سوغۇق تەردىن بىشى هۆل بولۇپ كەتتى. ئايال غوجايىن يۇمشاق لەۋلىرىنى يىقىپ ئۇنىڭ لەۋلىرىنى كۆيدۈردى، ئۇنىڭغا مەدەت بەردى، باش - كۆزىدىن سوغۇق تەر بىر خىلدا ئېقىپ تۇراتتى.

فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ قەلبى چوڭقۇر ئازابىنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئىمجان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئىلگىرى خوتۇنىنىڭ ئالدىدا كارغا كەلمەيدىغانلىقى بىلىنىپ قالغاندا، نوچىلىقى تۇتۇپ كېتەتتى؛ مانا ئەمدى، ئەپسۇس - نادامەت ئىچىدە خورسىنىۋاتقان ئايال غوجايىن ئالدىدا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. ئېلىكتىر چىرىغى قايتا ياندى، ئايال غوجايىن كەپسىز قىز بالىدەك قىزىل كالتە ئىشتىنىنى ئەپچىللىك بىلەن كۆتۈرۈپ كاسىسغا ئاپارغاندا، فىزىكا مۇئەللىمى ئايال غوجايىننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، يۈزىنى يۇملاق تىزىغا ياقتى. ئايال غوجايىننىڭ چېچىنى تۇتقانلىقىنى سەزدى.

— دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ، قەدىرلىكىم، — دېدى ئۇ، — خوتۇنىڭىزنىڭ ئاشنا ئوينىاپ يۈرگىنى بىكار ئەمەسكەن، ئەيىب ئۇنىڭدا ئەمەسكەن......

فىزىكا مۇئەللىمى يۈزىنىڭ ئىنتايىن پاسكىنا بولۇپ كەتكەنلىكىنى، تەر بىلەن ياشنىڭ پاسكىنا سۇيۇقلۇق ئىكەنلىكىنى، ئايال غوجايىننىڭ تىزىنى مەينەت قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ يۈزىنى ئايال غوجايىننىڭ تىزىدىن ئاستا تارتىۋالدى.

ئايال غوجايىن تىزىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتتى — ئۇ مېنىڭ پاسكىنا ئىكەنلىكىمنى بايقىغاندى — ئاندىن كېيىن فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ يۈزىنىمۇ لۆڭگە بىلەن ئېرتىپ قويدى — ئۇ پاسكىنا

دەپ مەندىن يىرگەنمىدى ـــ ئۇ مېنى تاشلىۋەتتى.

ـــ ئوزۇقلۇقىڭىز بەك ناچار ئوخشايدۇ، ـــ دېدى ئۇ، ـــ دورىخانىدىن ئادەمگىياھ، ھەسەل ۋارىنىسى، بۇغا مۈڭگۈزى تالقىنى، بۇغا چىۋىقى ھارىقى قاتارلىق قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئېلىپ ئىچىڭ. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا پۇل كېتىدۇ!

شام ئۆچۈرۈلدى. ئايال غوجايىن توك تارغىقى بىلەن دولقۇنسىمان قاپقارا چاچلىرىنى تارىدى. نېلۇپەر غولىغا ئوخشاش بىلەكلىرىمۇ سېنى ئازابلايتتى.

قاڭالتىر ئۆينىڭ سىرتىدا سايراۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قۇشلار دەل - دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا سايرىشاتتى. فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ روھىغا ئاسىيلىق قىلغان يۈزى بۆلەكچىلا تارتىشىپ كەتكەنىدى.

ـــ ھەسىرىتىڭىزنى بىلىمەن، ـــ دېدى ئۇ، ـــ سىز يەنىلا ئالدى بىلەن تاماكا سېتىڭ، قانداق؟ ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ. سىز باتۇرلارچە ئالدىڭىزغا بىر قەدەم تاشلىدىڭىز. ئىستىقبالىڭىز پارلاق. ئۇ كارىۋات ئاستىدىن ئۈچ خىل رەڭلىك بىر ساياھەت سومكىسىنى تېپىپ، سىيرىتمىسىنى ئېچىپ، تۆت پاچكا تاماكىنى ئىچىگە سالدى.

ساياھەت سومكىسىنى ساڭا بەردى ۋە ئاغزىنى قىيسايتىپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى. ماۋۇ بىر قاپ تاماكىنى ئېلىۋېلىڭ، ـــ دەپ ئايال غوجايىن ئاغزى ئېچىلغان ھېلىقى بىر قاپ ئېسىل تاماكىنى فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى ـــ تاماكا ساتىدىغان ئادەم ئېسىل تاماكا چېكىدۇ.

فىزىكا مۇئەللىمى يانچۇقىدىكى 100 يۈەن پۇلنى ئېسىگە ئالدى. ئايال غوجايىن:

ـــ پۇل ئۆزىڭىزدە قالسۇن، قورسىقىڭىز ئاچسا ئاشخانىغا كىرىسىز، ـــ دېدى.

— ماﯕا، نېمىشقا بۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىسىز، — دېدى فىزىكا مۇئەللىمى تەسىرلىنىپ.

— مەن دېگەن ئايال جاسۇس، — دېدى ئۇ فىزىكا مۇئەللىمنى نوقۇپ، — ئەسلىدە سىزگە تاماكا سېتىش ماھارىتى بىلەن ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قوياي دېگەنىدىم. لېكىن، يالتىيىپ قالدىم. بۇنىڭدى باشقا، «ئۆگەتكەن غەزەلنىمۇ ئەپلەشتۈرۈپ ئېيتالمايدىغان ئوخشايسىز» ئۆزىڭىز ھېس قىلىپ بىلىۋېلىڭ.

ئايال غوجايىن تەلەيلىك فىزىكا مۇئەللىمنى قاڭالتىر ئۆيدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى. ئۇ كۈن نۇرىدا كۆزىنى ئاچالماي قالدى.

## 3

فىزىكا مۇئەللىمى ئايرىلغۇسى كەلمەي تال دەرەخلىرى بىلەن نامىسىز قىزىلگۈللەر توسۇۋالغان قاڭالتىر ئۆيگە كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى. ئايال غوجايىن ئىشىك ئالدىدا ساﯕا قاراپ قول پۇلاڭلىتاتتى. چىرايى ئۇنىڭ قەلبىدە پاتماس قۇياشقا ئايلانغانىدى. ئامەت كۆپىنچە ھاللاردا ئادەمنىڭ بېشىغا تۇيۇقسىز قونىدۇ، باش چىڭقىلىپ قېيىپ كېتىدۇ.

فىزىكا مۇئەللىمى ساياھەت سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كوچىدا ئاياللارنىڭ تېنىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىملەرگە بېرىلىپ مەقسەت - نىشانسىز كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھۆسن تۇزىگۈچىنىڭ تېنى بىلەن ئايال غوجايىننىڭ تېنىنى يېنىش - يېنىش سېلىشتۇرۇپ، ئىككىسىنىڭ تېنىدىكى ئوخشاشلىق بىلەن پەرقنى يەكۈنلىدى. كوچا ئاپتوبۇسى ئالدىدا توختىدى. ئىشىك ئېچىلىپ، ئاپتوبۇستىن قىستىلىشىپ بىرمۇنچە ئادەم چۈشتى، يەنە بىرمۇنچە ئادەم قىستىلىشىپ ئاپتوبۇسقا چىقتى.

— جاڭ مۇئەللىم، كاماندىروپكىغا ماڭدىڭىزمۇ؟ — دەپ

ئىلگىرى سەندە ئوقۇغان، ئىسمى يادىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بىر ئوقۇغۇچى پىيادىلەر يولىدا تۇرۇپ سەندىن ئەھۋال سورىدى. قولىدا 10 تىرىك توخۇ بار ئىدى.

ئۇ مېجەزى يېنىك ياش ئىدى. يۇملاق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، سالپاڭ قۇلاقلىرىنى مىدىرلىتىپ، كالپۇكلىرىنى ئۈچلاپ تۇراتتى. ساڭا بەرگەن تەسىرى: ئۇ زېرەك، ئەمما كاززاپ ئەمەس، خۇشال، ئەمما خۇشاللىقى ياسالما ئەمەس ئىدى. سەن قوشۇماڭنى تۈرۈپ ئىسمىنى يادىڭغا ئەكېلىشكە تىرىشتىڭ. نېمىشقا ئىسمىنى يادىڭغا ئەكېلەلمىدىڭ؟ چۈنكى، ئىككى ئايالنىڭ تېنى سېنى پاراكەندە قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئىنچىكە بېلىنى تۇتۇپ (بىرسىنىڭ بەدىنى سېرىق، يەنە بىرسىنىڭ بەدىنى قاردەك ئاپئاق)، كاللاڭدا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇلار ھەتتا خۇددى سوقۇشۇش ئالدىدا تۇرغان چۈجە خورازلاردەك بىر - بىرىنىڭ چىرايىنى كۆزەتمەكتە ئىدى.

فىزىكا مۇئەللىمى يالىڭاچ ئىككى ئايالنىڭ كاسىسىدا پاخپىيىپ تۇرغان خورازنىڭ قۇيرۇقىنى غۇۋا كۆردى (بۇ تىپىك خىيالىي تۇيغۇ ئىدى).

— جاڭ مۇئەللىم، سىز چوقۇم بېيىپ كېتىپسىز. مانا نامرات ئوقۇغۇچىڭىزنىمۇ تونۇيالمايدىغان بولۇپ قاپسىز، — دېدى توخۇ كۆتۈرۈۋالغان يىگىت ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— ئىسمىڭ تىلىمنىڭ ئۇچىدا تۇرىدۇ...... — دېدى فىزىكا مۇئەللىمى ئوڭايسىزلىنىپ، شۇ تاپتا، ھېلىقى ئىككى ئايال بەدىنىدىكى نۇقسانىنى تۇتۇۋېلىپ بىر - بىرىنى ئەيىبلەۋاتاتتى— بەدىنىڭدە كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان بىر قەۋەت سېرىق تۈك بار ئىكەن — سېنىڭ بەدىنىڭ يىلانبېلىقنىڭ سىلىق تېنىگە ئوخشايدىكەن — سەن تېنىنى سېرىق تۈك قاپلىغان ئايال بىلەن تېنى يىلانبېلىقنىڭ تېنىگە ئوخشايدىغان ئايالنىڭ قايسىسىنىڭ

ئېسىل، قايسىسىنىڭ ناچار ئىكەنلىكىنى زادىلا پەرقلەندۈرەلمىدىڭ. ئۇلار ھۆكۈم قىلىشىڭنى كۈتۈپ جەزبىلىك كۆزلىرىنى ساڭا تىكىپ تۇراتتى. كاللاڭ خۇددى ئۈششۈك تېگىپ، كەينىدىن ئاپتاپتا قالغان تاتلىقياڭيۇنىڭ يىگىلەپ قالغان يوپۇرمىقىدەك بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئۇ پىيادىلەر يولىدا مۇز مەلھىمىنىڭ قەغىزى بىلەن قان يۇقى قېتىشىپ قالغان بىر پارچە گېزىتنى كۆردى.

— مېنىڭ ئىسمىم ما خوڭشىڭ، جاڭ مۇئەللىم، ئەمدى يادىڭىزغا كەلگەندۇ؟ — دېدى ئۇ. بىر مۈرىسى پەسلەپ كەتكەنىدى. چۈنكى، قولىدا توخۇ بار ئىدى. بىر مۈرىسى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، چۈنكى قولىدا توخۇ يوق ئىدى. توخۇلارنىڭ قۇيرۇقى ئاسمانغا، ئاغزى يەرگە قارىتىلغان. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شۆلگەي سېمونت يولنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

8- ئوتتۇرا مەكتەپتىكى فىزىكا مۇئەللىملىرىنىڭ دەرس تەييارلايدىغان ئىشخانىسىدا نارازىلىق سادالىرى توختىماي كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئايال قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنىڭ بىلەن ۋاقتىنچە خوشلاشتى. كاللىسىمۇ ئاساسەن سەگەكلىشىپ قالدى — كەسكىن قارشىلىشىۋاتقان ئىككى خىل پۇراقنىڭ بىرسى، دەپنە ئىدارىسىدىكى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بەتبۇي پۇراق؛ يەنە بىرسى، قاڭالتىر ئۆيىدىكى ئېنىق بايان قىلىش تەس بولغان خۇشبۇي پۇراق ئىدى. خىزمەتداشلارنىڭ نارازىلىق ساداسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كارىدوردا سېسىق پۇراقمۇ تەڭلا پەيدا بولدى. بۇ سېسىق پۇراقنىڭ رەڭگى ماش رەڭ ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭ - كىچىك تەرىتى سېسىق پۇراقنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆنگە قاراپ دىققىتىنى يىغىپ ئۆتمۈشنى ئەسلىدى. مەكتەپتىكى مۇقەددەس ئورنىدىن

ئايرىلغىنىغا يېرىم كۈن بولا - بولماي (كۈن دەل جەنۇب تەرەپتە ئېسىلىپ تۇراتتى — بېيجىڭ ۋاقتى سائەت دەل 12 بولغانىدى — كانايدا — چۈشتىن ئاۋۋالقى ئەڭ ئاخىرقى دەرستىن چۈشۈش ۋاقتى بولدى، دېيىلدى. مەن بورنى بور قۇتىسىغا تاشلاپ، قولۇمدىكى بور توزۇندىلىرىنى قېقىۋېتىپ خىرقىراق ئاۋازدا: دەرستىن چۈشۈڭلار، دەيتتىم. سىنىپ باشلىقى: تۇرۇڭلار! دەپ توۋلايتتى. 50 ئوقۇغۇچى ئورۇنلىرىدىن ئېگىز - پەس تۇرۇشۇپ سالام مۇئەللىم دەيتتى — ئۇلار كېرىلىپ كىتاب - دەپتەرلىرىنى شاراقلىتىپ، پارتا - ئورۇندۇقلارنى تاراقلىتىپ مېنىڭ ئەمگىكىمگە سالام يوللايتتى)، ئارىدىن ئۇزاق، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۆتۈپ كەتكەن ئۇزاق ۋاقىتقا قارىتا قەلبىدە ھېس قىلىش تولىمۇ تەس بولغان سۇس ھەسرەت پەيدا بولدى.

— ئاڭلىسام، يامان ئەمەس ئىش قىلىۋېتىپسەن، — دېدى. ئۇ ئەسلىدە، «ئاڭلىسام، بېيىپ كېتىپسەن» دېمەكچىدى. تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى ئۆزگەرتىپ شۇنداق دېدى.

ماخوڭشىڭ توخۇلارنى بۇ قولىدىن ئۇ قولىغا ئالدى. كەينىگە بىر قەدەم شوخشۇپ چاققان گەۋدىسىنى قىيپاش قىلىپ يول بويىدىكى چىنىنىڭ ئاغزى چوڭلۇقىدىكى تېرەككە يۆلەندى — دەرەخنىڭ غولىغا بىر قەۋەت ھاك بېرىلگەنىدى — ئۇ چىچەنلىك بىلەن:

— ھەرھالدا بولىدۇ، ئوقۇش ئەسقاتمىدى، ئاز - تولا نەپ تېگىدىغان ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. كونىلاردا: «توخۇمۇ ئۆزىنىڭ يولىدا، ئىتمۇ ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئاتام ماڭا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولىدىغان كاللىنى بەرمەي، توخۇ گۆشى قوردىقى دۇكىنى ئېچىپ جان باقىدىغان كاللىنى بەرگەنىكەن، — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى، بەك بەلەن......

— مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن ئەھۋالىم مۇشۇ،— دېدى ماخوگشىڭ،— تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە، مۇئەللىم سىز ماڭا يامان قىلمىغان — ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىسەم ماتېرىيال چىقمىدى، دەپ مەندىن ئاغرىنغانىدىڭىز — ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي يۈزىڭىزنى ئۆرە قىلالمىدىم، مۇئەللىم، توخۇ گۆشى قوردىقى يېسىڭىز يېرىم باھادا بېرىمەن، ناۋادا پۇلدىن قىسىلىپ قالغان بولسىڭىز، تارتىنماي دەڭ، جىق بېرەلمىسەممۇ، 4—5 يۈز يۈەن بېرىپ تۇرالايمەن.

— پۇلدىن قىسىلىپ قالمىدىم. پۇلۇم بار!

— مۇئەللىم، تۈزۈت قىلماڭ، ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئاتا - بالىغا ئوخشاش، تۈزۈت قىلماڭ.

— ئىش بولسا جەزمەن سىزنى ئىزدەيمەن.

— تاماق يەيدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى،— ماخوگشىڭ بېغىشىنى كۆتۈردى، قول سائىتى پارقىراپ تۇراتتى،— دۇكىنىمغا بېرىپ بىرەر - يېرىمدەم ئولتۇرۇڭ، سىزنى شاراب بىلەن مېھمان قىلىمەن.

— ئالدىراش ئىشىم بار، باشقا بىر كۈنى، باشقا بىر كۈنى......

ماخوگشىڭ بىلەن خوشلاشتىڭ. قورسىقىڭ كوركىراپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى ئايال كاللاڭدا بىر - بىرىدىن قۇسۇر ئىزدەپ، يەنە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. تۆت پاچكا ئېسىل تاماكا بەك ئېغىر بىلىنىپ كەتتى. بۇنى قانداق پۇل قىلغىلى بولىدۇ؟ سەن بايام ئازراق تەجرىبە سۆزلەپ بېرىش توغرۇلۇق ماخوگشىڭغا ئىلتىماس قىلساڭ بولاتتى. تەجرىبە سۆزلەپ بېرىش توغرۇلۇق مەيلى كىمگە ئىلتىماس قىل، لېكىن ماخوگشىڭغا ئىلتىماس قىلساڭ بولمايدۇ. ھەممە ئادەم ئىشتىن چۈشكەن چاغ، كىچىك

شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ تولىسى تاماق يېگىلى ئۆيلىرىگە ۋېلسىپىتلىك قايتاتتى، چوڭ - كىچىك كوچىلاردا ۋېلسىپىتتىن دەھشەتلىك دولقۇن ھاسىل بولغانىدى. ۋېلسىپىت پىيادىلەر يولىنىلا ئەمەس، ماشىنا يولىنىمۇ ئىگىلەپ كەتكەنىدى. ۋېلسىپىتنىڭ زاپچاسلىرى قايتقان كۆن نۇرىدا كىشىگە ئاقىرىپ كۆرۈنگەن دەريانى ئەسلەتتى. شەھەر باشلىقىنىڭ پىكاپىمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆملەپ كېتىۋاتاتتى. قاتناش ساقچىلىرى ئامالىنىڭ يوقىدىن تاماكا چېكىپ تۇراتتى. ۋېلسىپىت قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى قۇلاق - مېڭىنى يەيتتى. ۋېلسىپىتلىك كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. كۆپچىلىك ئالدىدىكى كەينىدىكى دولقۇننى دولقۇن ئىتتىرىۋاتقاندەك، ۋېلسىپىت ئىقىمىغا ئەگىشىپ مەقسەت - نىشانسىز كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئىتتىرىلىپ بىر بىنانىڭ سايىسىغا چىقىپ قالدى. ئوچۇقچىلىقتىكى يايمىلارغا تىزىپ قويۇلغان رەڭگارەڭ ماللارنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت چاڭ - توزان قونغانىدى. يايمىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى رەڭگى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كۆزئەينەك تاقىغان، كۆزئەينەكنىڭ ئەينىكى قىزغۇچ، ئۇنىڭ كەينىدىكى كۆزلەر كۆك، تېرە قىزىل، يايمىچىلارنىڭ رەڭگىروييى قەبىھ ئىدى. سەن رەخت سېتىۋاتقان، مېۋە - چېۋە سېتىۋاتقان، كىيىم - كېچەك سېتىۋاتقان، كۆزئەينەك سېتىۋاتقان، كەش سېتىۋاتقان يايمىچىلارنى كۆردۈڭ...... تاماكا سېتىۋاتقان يايمىچىلارنى كۆرمىدىڭ.

تامدىكى ئېلان تاختىسىدا يېمەكلىك بىلەن نەرسە - كېرەك كۆتۈرۈۋالغان چىرايلىق بىر ئايال چوڭ يولدا كېتىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى — سەن زىراپە، تۆگە قوي ۋە ياۋا كالىنىڭ ئەتراپىدىكى رەڭلىك بورلارنى يەپ تۆگەتتىڭ. ئىستىكىڭنى

قاندۇرۇش، روھىي ھالىتىڭنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن، ھاياتىمىزنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ — بۇ ئىسىل «يېمەكلىك» نى يولۋاس، بۆرىلەرنىڭ ئاغزىدىن تارتىۋالدۇق، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ نەشتەردەك تىكىلىپ قاراشلىرىدىن قارا تەرگە چۆمۈپ كېتەتتۇق. بور تۇتقان قوللىرىمىز ئىبلىسنىڭ قولىدەك ئالا - چىپار بولۇپ كەتتى. غەلىتە مەخلۇق، يىگىن، يەۋەرگىن! سەن بىزنى ئاجايىپ تەسىرلەندۈرۈۋەتتىڭ. بىزگە ئۇنىڭ ئىلان تاختىسىدىكى سول قولىدا توقماق چوڭلۇقىدا قىزغۇچ سېرىق پىلتا قۇيماق، ئوڭ قولىدا مايدا پىشۇرۇلغان سېرىق بىر تاۋاق مانتا كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سېمىز ئايالنى كۆرگەنلىكىنى دېدىڭ؛ ئاشۇ سېمىز ئايالنىڭ يېنىدا ئۇنىڭدىنمۇ سېمىز بىر ئايال كۆكسى ئوچۇق، بىر چوشقا پاچىقىنى غاجىغان پېتى كۆپۈكلىنىپ تۇرغان بىر بوتۇلكا پىۋىنى كۆتۈرگەن ھالدا تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى......

قورسىقىدا كۆتۈرۈلگەن غەليان توختىمىدى، فىزىكا مۇئەللىمى قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى سەزدى.

— ئۇ نېمىشقا بور يېمەيدۇ؟— دەپ سورىدۇق.

ئەسلىدە مەن شۇ تاپتا ئۇستەلنىڭ بىر تەرىپىدە، سول قولۇمدا مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ شۆلىسى ئۆتۈپ سارغىيىپ كەتكەن مومىسىنى، ئوڭ قولۇمدا قىزىل بىر جۈپ چوكىنى تۇتۇپ تاماق يەپ ئولتۇرغان بولاتتىم. ئۇدۇلۇمدا ھۆسن تۈزىگۈچى، سول يېنىمدا داچيۇ، ئوڭ يېنىمدا شاۋچيۇ ئولتۇراتتى. مومىدىن پۈتكەن ساھىبجامال تەڭشەپ بېرىلگەن تائامنى يەپ خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. داستىخاندا پىشۇرۇلغان كالا گۆشى ياكى چوشقا گۆشى بولاتتى (فىزىكا مۇئەللىمى: يېقىنقى بىر مەزگىل، داستىخاندا نېمىشقا گۆش يېمەكلىكلىرى پات - پات پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ دەپ گۇمانلىناتتى. چوشقىنىڭ يوغان ئۈچىيىمۇ گۆش).

ئۇ ئادەملەر توپلاشقان، خېرىدارلار قىستىلىشىپ تۇرۇپ كېتىشكەن ئاشخانا، مېھمانخانا ۋە مەيخانا ئىشىكى ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىردىنلا: بوش قالغان ئورنۇمدا چىرايى مېنىڭ چىرايىمغا ئوخشاش، كىيىمى مېنىڭ كىيىمىمگە ئوخشاش، ماڭا ئوخشاش تاقىر باش، ماڭا ئوخشاش كۆزئەينەك تاقىغان، بىر قارىسا ماڭا ئوخشايدىغان، بىر قارىسا ماڭا ئوخشىمايدىغان بىرسى ئولتۇرىدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئۇ داچيۇ بىلەن شاۋچيۇنىڭ ئاتىسىنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرىدۇ!

ئۇ ھۆسن تۆزىگۈچىنىڭ ئېرىنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرىدۇ!

ئۇ مومىدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ كۈيئوغلى سىياقىغا كىرىۋېلىپ مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرىدۇ!

مومىدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغان كۈيئوغۇل ساھىبجالنىڭ پوق - سۈيدۈكىنى تۆكۈپ، ئۇسسۇزلۇق ۋە تامىقىنى بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك. بۇنىڭمۇ كارى چاغلىق؛ ھۆسن تۆزىگۈچىنىڭ ئېرىنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ راست - يالغاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتىدۇ!

فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ يۈرىكى تۇساتتىن پەسكە تارتىشىپ، قولىدىكى تاماكا يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى قىل قالدى. يۈزىنى ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان ھېلىقى كۆزئەينەك دەستىسىنىڭ چىڭ قىسىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆزئەينەكنىڭ قاڭشىرىغا تېگىپ تۇرغان ئىككى تەرىپى بۇرنۇڭنى بېسىپ تۇراتتى. ئۈستىبېشىدا تەر تەپچىرەپ قىلتىرىق كىرىۋالغاندەك، ئۇچاڭ قىچىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆيگە كېتىش كېرەك، كېتىش كېرەك! ئۆي، ئۆي، ئۆي...... كىشىنى تەشۋىشكە سېلىپ قويىدىغان ئۆي، بىزنى شۈنچىلىك بىزار قىلىۋەتكەن، ئەمما قۇتۇلغىلى

بولمايدىغان ئۆي، مۇھەببەتنى دەپنە قىلىدىغان ئۆي، دەرد - ئەلەمگە خېمىرتۇرۇچ بولىدىغان ئۆي، بولمىسا مۇكەممەل ئادەم ھېسابلانمايدىغان ئۆي؛ بولسا كۆڭۈلنى تولىمۇ غەش قىلىدىغان ئۆي.

قورسىقىدا ياڭراق ناخشا چۆرگۈلەپ يۈرمەكتە. بۇ ئائىلە بىلەن مۇھەببەت ۋە بەخت بىلەن ئازابقا مۇناسىۋەتلىك دىيالېكتىلىق ناخشا ئىدى. ناخشىدا نەچچە ئون يىل كەسىپكە بەند قىلىنغان، نەچچە ئون يىل تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىمىدا ئۆتكەن، داۋالغۇپ تۇرغان جەمئىيەتتە نەچچە ئون يىل تاسقىلىپ تۇنجى قېتىم ئازادلىققا چىققان، تۇنجى قېتىم قولى پۇل كۆرگەن، جىنسىيەت بىلەن مۇھەببەت ساھەلىدا تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن تۇنجى قېتىم بەھرىلىنىۋاتقان بىر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئارىسالدىلىقتا قالغان ئۆزگىرىشچان زىددىيەتلىك روھىي ھالىتى بايان قىلىنغانىدى.

ناخشا ساداسى گويا گۈل - چېچەكتەك فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ قورسىقىدا ئاستا - ئاستا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتاتتى. يىل چىشىدەك قاتتىق، بىرىلىيانتتەك جۇلالىق گۈل بەرگلىرى چوغدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. مۇزىكا مىسكىن، ھاردۇق يەتكەن ئەر كىشىنىڭ مۇھەببەتكە تولغانىدى. بۇ ئادەمگە ئېچىنىشلىق ھەم ھۇزۇرلۇق تۇيغۇ بېرىدىغان مۇھەببەت ئىدى — ئېچىنىشلىق ھۇزۇر — بەدەن ھۇزۇرى — مۇھەببەتنىكى ئېچىنىش چېكىگە يەتكەندە، تەن مۇھەببەتكە ئاسىيلىق قىلىپ ھۇزۇر سۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ — بۇنداق ھۇزۇر جىنسىي لەززەتنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى — فىزىكا مۇئەللىمى قورسىقىدىكى مۇزىكىنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ پەيز سۈرۈۋاتاتتى. مۇزىكا ئورۇنلاۋاتقان قىزىل كانايىنىڭ مۇھەببەتكە ئاسىيلىق قىلغان تەننىڭ خۇشاللىقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى — باشتا دېيىلگەن: چېكىدىن ئاشقان قىلمىشتا يا

كۆپ، يا ئاز جىنسىي تۇس بولىدۇ. مۇزىكانىت مۇزىكا ئاڭلاۋاتقان ياكى يېقىملىق مۇزىكنى ئورۇنلاۋاتقان چاغدا، پاراشوتنى سەكرەش تەنھەرىكەتچىسى، جۇملىدىن دېسانت بىرىنچى قېتىم ئايروپىلاندىن، يەنە 10 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىن يەرگە ئۇقتەك چۈشۈۋاتقان چاغدا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئەر مەھبۇس جازا مەيدانىغا يالاپ ئاپىرىلغان چاغدا، جىنسىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ — فىزىكا مۇئەللىمى ئۆزىنى ئۆزىنىڭ مۇزىكىسى، شۇ مۇزىكىدىكى زىددىيەت كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك، يالتىراپ تۇرغان ئاقۇچ چاقلارنىڭ قىپقىزىل پارقىراق چىرايلارنىڭ ئارىسىدا مېڭىپ يۈرگەن يۇمشاق سازاڭدەك ھېس قىلاتتى. بۇ خۇددى دەريا بويىدىكى ئاق تېرەكلەر ئارىسىدا تولغىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن مېلودىيەگە ئوخشاش، ماددىدىن ھالقىغان ھەتتا ماددىغا قارشى ھەرىكەت.

بۇنداق ھېس - تۇيغۇنى ئادەتتىكى كىشىلەر ئاسان ھېس قىلالمايدۇ. تۇرمۇشتا بۇنداق ماددىدىن ھالقىغان ھېس - تۇيغۇ بولمىغانلىق ئەھمىيەتسىز ياشىغان بىلەن باراۋەر، شۇڭا بىز بايان قىلغۇچى تەسۋىرلىگەن ئاجايىپ مەنزىرىلەرگە مەست بولۇپ كەتتۇق: بۇ بىر مەزگىللىك تۇرمۇشنى فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ.

ئۇ داۋاملىق مېڭىپ يۈرەتتى، پۇت - قوللىرى قاڭالتىر ئۆينىڭ ئالدىدىكى شامالدا ئىرغاڭلاپ تۇرغان تال دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىدەك يۇمشاپ كەتكەنىدى. تۆت پاچكا ئېسىل تاماكا سېلىنغان (200 يۇەنگە ساتقىلى بولاتتى) ساياھەت سومكىسى قولۇڭدا، ھاڭگىرت پېيىدەك يەڭگىل، سەن ئىرغاڭلاپ، چۆرگىلەپ كېتىۋاتىسەن، ساياھەت سومكىسىمۇ سەن بىلەن تەڭ ئاقار يۇلتۇزدەك ياكى قۇيرۇقنى پۇلاڭلاتقان ئەجدىھادەك قولۇڭدا پۇلاڭلاپ تۇرىدۇ. ئۇ دولقۇنغا، ئىنفرا نۇرغا، بۇلۇتقا، مۇھەببەتكە

ئوخشاش، ئۇ سېنى، سەن ئۇنى باشلاپ كېتىۋاتىسەن. ئۇ سومكا بىلەن تاماكىنىڭ بىرلىشىشى، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن بىقارارلىقنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئايال غوجايىنىنىڭ پارقىراق ھەم ئاپئاق روھىنىڭ ھەرىكىتى قاچىلانغان بۇيۇم. ئۇ سېنىڭ ئورگانىزمىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. سېنىڭ قېنىڭ ئۇنىڭ تالالىرى بىلەن تومۇرلىرى ئارىسىدا ئېقىۋاتىدۇ. شۇڭا، تەگداشسىز ئۇ چاق بىلەن تەننى بىر - بىرىگە مايىل قىلىۋېتەلەيدۇ، نۇر دەستىسىنى گىرەلەشتۈرۈۋېتەلەيدۇ. ۋېلسىپىت بىلەن ۋېلسىپىتلىك ئادەملەرنى قىستاپ بىر يەرگە ئەكېلىپ قويالايدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ، بىر - بىرىنى باسىدۇ. سول تەرەپ، ئوڭ تەرەپ، ئالدى، كەينى تەرتىپسىز ئوخشاش. باشقىلارنىڭ كۆزئەينىكى سېنىڭ كۆزۈڭدە كۆكۈچ نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق بولسا مۇۋاپىق بولمايدۇ. كۆكۈچ نۇردا ھەممە نەرسە بۇلۇتتەك يېنىك لەيلەپ يېرىمى راست، يېرىمى يالغان، يېرىمى خىيالىي تۇيغۇغا رېئاللىق ئارىلاشقان «ماددىي فورماتسىيە» ھالىتىدە تۇرىدۇ.

ئادەملەرنىڭ چىرايى نىقابقا ئوخشاش، بىقارار ئېغىزدىن چىققان تىل - ھاقارەت خۇددى دېڭىز يوسۇنى ۋە مارجانلارنىڭ قىزىل، قىزغۇچ سېرىق ۋە يېشىل ياپراقلىرىنى بويلاپ دېڭىز تېگىدە ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارنىڭ ئاغزىدىن كەينى - كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ھەم شۇ زامات يېرىلىپ، شۇ زامات پەيدا بولىدىغان كۆپۈكچىنىڭ نەق ئۆزى. غۇۋالىقتا قاتتىق، ئۆتكۈر رەڭ سەل نامايان بولىدۇ: بىر قول، قىزىل بىر قول، يەرنى بېسىپ تۇرغان بىر قول، بىر تال ئۇستىخان، نەيزىنىڭ ئۇچىدەك ئۇچلۇق بىر تال ئاق ئۇستىخان، تېرە بىلەن گۆشنى تېشىپ بىلەكتىن چىققان ئۇستىخان.

فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ مېڭىسىنىڭ كەينىگە قاشاڭ بىرنەرسە

زەرب بىلەن تەگدى. كاللىسى ۋىڭىلداپ كەتتى. خام خىيال غايىب بولدى. ماددىدىن ھالقىغان ھالەت ئاياغلاشتى. ئۇ بىر توپ ئادەمنىڭ ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى بايقاپ ھەيران بولدى. چوغدەك كۆز نۇرىنى تەرلەپ كەتكەن چىرايلارغا چىپچىپ تۇراتتى. ماشىنىلارنىڭ «دىت، دىت» سىگنال ئاۋازى بىنزىن پۇرىقى ئارىلىشىپ كەتكەن ئاچچىق تەر ھىدىغا تولۇپ كەتكەنىدى.

— ئورۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك! — دەپ ۋارقىرىدى بىرەيلەن، — ئۇ جەزمەن نېرۋا كېسىلى!

— ساقچىلار قېنى؟ چاپسان ساقچىلارنى چاقىرايلى! ساقچىلار ئۇخلاۋاتامدۇ؟

— زىيالىيدەك قىلىدۇ.

— زىيالىيلار نېرۋا كېسىلىگە ئاسانلا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ!

— سومكىسىدا نېمە باركىن، قاراپ باقايلى!

— پەخەس بولۇڭلار، كۆچلۈك پارتلىتىش دورىسىنى سېلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن!

— قاراۋۇلخانىنى پارتلاتقىلى ماڭغان ئوخشىمامدۇ؟

— كاساندىرا كۆۋرۈكنى پارتلاتقىلى ماڭغان بولۇشى مۇمكىن.

— شەھەرلىك ھۆكۈمەتنى پارتلاتقىلى ماڭغان بولسا كېرەك!

— سومكىسىدا بىر تۈمەن خەلق پۇلى باردۇر ھەقچان!

— قاراڭلار! سومكىسنى مەيدىسىگە تېڭىۋاپتۇ!

— نېرى تۇرۇڭلار! نېرى تۇرۇڭلار! — بېلىگە ئاق تاسما تاقىغان، ساقچى كالتىكى كۆتۈرۈۋالغان ئىككى ساقچى كالتەكى بىلەن قوللىرىنى ئىشقا سېلىپ تامدەك تۇرۇپ كەتكەن ئادەملەرنى ئىتتىرىپ، توپنىڭ ئىچىگە كىردى ۋە:

— چاپسان تارقىلىڭلار! توپلىشىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

سەن قاراپ تۇردۇڭ. ساقچىلارنىڭ دۆشكەلىشىدىن قوۋۇرغىسىغا ئاغرىق كىرىپ كەتكەن قوناق شېخىدەك ئورۇق بىر ياش غەزەپلىنىپ بىر ساقچىنىڭ بېغىشىنى تۇتۇۋالدى، ساقچىنىڭ بىلىكىدىكى سائەتكە قولى تېگىپ كەتتى. ساقچى كالتىكىنى قوناق شېخىدەك ئورۇق بالىنىڭ قوناق شېخىدىنمۇ ئىنچىكە بىلىكىگە تەگكۈزۈپ قويۇۋىدى، ياش بالا يېرىلىپ كەتكەن بىلىكىنى تۇتۇپ:

— ۋايجان، ۋاي ئانىمەي...... دەپ توۋلاپ كەتتى.

سوزۇلۇپ چىققان بۇ ئاۋاز يىقىملىق تۇيۇلۇپ كەتكەنمۇ - قانداق، ۋىلىسىپىتلىك كېتىۋاتقان كۆپ ساندىكى ئايال پۇقرالارنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتتى.

سەن تاماكا سېلىنغان ساياھەت سومكىسىنى خۇددى ئاتا - بوۋاڭدىن قالغان تەۋەررۇك بويۇمنى قۇچاقلىغاندەك قۇچاقلاپ تۇراتتىڭ. قولۇڭ تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك تاماكىنى سېزىپ تۇراتتى. ساياھەت سومكىسىدىكى تاماكا ئۇركۇپ كەتكەن ئۇششاق جانىۋاردەك چۆچۈپ كەتكەنىدى. شامال تاۋۇزنىڭ ھىدىنى ئەكەلدى. كۆل رەڭ ئۆي كەپتەرلىرى كىچىك بىر بىنانىڭ تېلېۋىزور قويۇلغان ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى ئانتېننىدا «گو،گو» قىلىپ پەس ئاۋازدا ئۆزلىرىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى. پارقىراق تۇكلۇرۇك يىراقتىن ئوقتەك ئۇچۇپ كەلدى. كاللاڭدا «تۇكلۇرۇك» دېگەن ئۇقۇم لىپلا قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشىگە، تۇكلۇرۇك ئۇدۇل كېلىپ بۇرنۇڭنىڭ ئۇچىغا قوندى. بۇرنىڭدا قىزغۇچ تارتۇق بار ئىدى. سەن ھەسرەت بىلەن قورسىقى تويۇپ كېكىرىپ، داستىخاندىن تۇرۇپ كەتكەن باشقا بىر فىزىكا مۇئەللىمنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىڭغا ئەكەلدىڭ. ئۇنىڭمۇ بۇرنىدا سېنىڭ بۇرۇنۇڭدىكىگە ئوخشاش تارتۇق بار ئىدى. ئۇستەلدە تېگىدە ئازراق پىۋا قالغان ئىككى بوتۇلكا پىۋا شېشىسى تۇراتتى. ئۇ پىۋا كېكەردى. ئاغزىدىن

يول بويىدىكى مەيخانىدىن مۇزدەك پىۋىنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئۇ پىۋىنى قانغۇچە ئىچتى، تاماقنى تويغۇچە يېدى، خەۋپ - خەتەر كۆچەيدى. بۇرنىدىكى تۆكلىرۈككە قاراشقا چولىسى تەگمىدى. ھۆسن تۆزىگۆچى ئۆيدە كارى يوق يالىڭاچ بولۇۋالاتتى. قورسىقى تويسا، كالتە ئىشتاندىن باشقا ھەممە كىيىمنى سېلىۋېتەتتى. كۆكسىنىڭ قىزغۇچ تۈپچىسنى دىڭگايتىپ، ساپسېرىق تۈك باسقان تېنىنى داملىتىپ، پۇتىدا كىپىش، تار ئۆيدە مېڭىپ يۈرەتتى. بۇنى سەن بىلىسەن — قورقۇنچلۇق يېرى شۇكى، ئۆي تار، ئۇ ئۆزىنى دالدىغا ئالىمەن دېسىمۇ، دالدىغا ئالغۇدەك يەر يوق — خەقنىڭ يالىڭاچ خوتۇنىدىن كىم ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟ — ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس!

ئۆيدىكى مۇزىكا فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ كاللىسىدا يەنە ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ سومكىنى كۆتۈرۈپ، ئادەملەر زىچ توپلاشقان يەرگە ئۆزىنى ئاتاتتى. ئۆي...... ئۆي...... ئۆي...... ئۆي...... كىشىلىك مۇھەببەتكە تولغان ھەم شەپقەتسىزلىكنى يېتىشتۈرىدىغان قاچا ۋە پارنىك. بىر توپ ئادەم «تارقىلىپ كېتىڭلار» دەپ ئېگىز - پەس ۋارقىراۋاتاتتى. سەن قاچمىدىڭ، زەنجىرلەنگەن ئىتتەك غەزەپلەنگەن ھالدا كىشىلەرگە ئېتىلدىڭ. بىراق، شۇ ئان سەنتۈرۈلۈپ كەتتىڭ، زەنجىر يىغىلىپ قوزۇققا يۆگىلىپ قالدى. ساقچى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئامبۇردەك قوللىرى بىلەن پاتاڭدىن ئالدى.

ئۇ بۇغدىيىكىنىڭ تارتىشىپ، ئاغزىنىڭ ئېچىلىپ، كۆز قارىچۇقىنىڭ تومپىيىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇ ئارىلىقتا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى.

— دەرھال ئۆيۈڭلەرگە قايتىڭلار! قاتناشقا دەخلى قىلماڭلار! پۇقرالار، دەرھال ئۆيۈڭلەرگە قايتىڭلار! قاتناشقا دەخلى قىلماڭلار! — ساقچى ئايىغى ئاستىدا ياتقان فىزىكا مۇئەللىمنى

دەسسەپ تۇرۇپ، ھەيۋە بىلەن پۇقرالارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتاتتى. ئامما ئاستا - ئاستا تارقالدى. ساقچى فىزىكا ئوقۇتقۇچىسىنى خورازنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ يول بويىغا قويدى. تۇرۇپ كەتكەن ماشىنىلار ئورنىدىن قوزغالدى. پىكاپنىڭ كانىيىدىن راھەت ۋە ئىللىق ئاۋاز كېلەتتى. ساقچى فىزىكا مۇئەللىمنى ساقچىخانىغا سۆرەپ ماڭدى، فىزىكا مۇئەللىمى ساياھەت سومكىسىنى چىڭ تۇتۇپ ساقچىغا ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۆيدىكى مۇزىكا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. سەندە تېرىكەشكۈدەك مادار يوق ئىدى. سەددىچىن سېپىلىدەك مەزمۇت ساقچى ھەيۋەت بىلەن كۆز ئالدىڭدا تۇراتتى. بارلىق تېرىكىششلىرىڭ بۇ سەددىچىن سېپىلنىڭ ئالدىدا بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىدى. سەندىكى ساراسىمە ۋە تەشۋىش چېكىگە يەتكەن چاغدا، مەنىۋىيىتىڭ بىلەن جىسمانىيىتىڭ بىر - بىرىگە ئاسىيلىق قىلىپلا قالماي، ھەرقايسىسى ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلدى. جىسمانىيەتنىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىشى يۈكسەك دەرىجىدە ئۆزىنى قويۇۋېتىش ھالىتىدىن يۈكسەك دەرىجىدە جىددىيلىشىشتە ئىپادىلەندى؛ مەنىۋىيەتنىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىشى ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان ئازاب ۋە كەلگۈسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يىراق ئۆتمۈشنى ئەسلەشتە ئىپادىلەندى.

فىزىكا مۇئەللىمنى ساقچى سۆرەپ ئالدىغا ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئوي - خىيالى تېزلىكتە كەينىگە چېكىنىپ كېتىۋاتاتتى. 80 - يىللاردىن 70 - يىللارغا، 70 - يىللاردىن 50—60 - يىللارغا چېكىندى...... تېرەكلەردىن چۈچۈمەل پۇراقلار تارقالغان ئاشۇ باھار كەينىگە يانغان ئوي - خىيالنى يېلىم تۇتۇپ قالدى. يېلىم ۋاقىتنىمۇ تۇتۇپ قالدى، ئۇ يېلىمغا پېتىپ قالغان قوڭغۇزدەك جان تالىشىپ تىپىرلايتتى. تېرەك دەرىخىدىن چۈچۈمەل پۇراق كېلەتتى. ئوتقاشتەك ئانارگۈلى جۇلالىنىپ تۇراتتى. ۋاقىت چوغقا ئوخشايتتى.

جان تالىشاتتى، تېپىرلايتتى: ئانارگۈلى جۇلالىنىپ تۇراتتى.

بايان قىلغۇچى بىرگە ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك بىر مەنزىرىنى سۈرەتلەپ بەردى: ۋاقىت ئالدىغا قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەيتتى خۇددى ئۆركەشلىگەن ئەزىم دەريادەك. كېچە - كۈندۈز دېمەي، دېڭىزغا ئاقاتتى. دېڭىز ئەزىم دەريانىڭ ماكانى ۋە بۆشۈكى ئىدى. ئەزىم دەريانىڭ ئالدىغا قاراپ ئاقماي، ئارقىغا ياندىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. بەزىدە تېز، بەزىدە ئاستا ۋە بەزىدە تولغىنىپ كەينىگە ياناتتى. غايەت زور توپتەك توختىماي پىرقىرايتتى؛ چېچىلىپ ياتقان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئۇچلۇق تىكەندەك بىز بىلىدىغان ھەم بىلمەيدىغان نىشانغا قاراپ ئۇزىرايتتى. تەكشىلىكتە ئىپادىسىنى تاپاتتى. تەرەپ - تەرەپكە قاراپ ئاققان ۋاقىت تېرە ئاستىدىكى گىرەلىشىپ كەتكەن قان تومۇرلاردىن تۈمەن ھەسسە مۇرەككەپ ئىدى. ئۆزگىرىشچان ھەم شەكىلسىز ئىدى. قۇياش نۇرىدا ئىپادىلىنەتتى. سۈپۈرگە يۇلتۇزنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ تىزگىنلەيتتى. گۈل - چېچەكلەرنى ئېچىلدۇراتتى ھەم سولدۇراتتى...... ۋاقىت كۆكلەك سېلىۋاتقان ھۆسىن تۈزگۈچىگە، پىلاستىر چاپلانغان كۆزئەينىكى تەرلەپ كەتكەن بۇرنىدىن سىيرىلىپ توختىمايۋاتقان فىزىكا مۇئەللىمىگە قارىدى. ۋاقىت ئانارگۈلنىڭ رەڭگى بىلەن تېرەكنىڭ ھىدىغا چىرمىشىپ قالدى. ۋاقىت تەگرىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. تەگرى ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغان، قاتتىقلىقتا بىرلىيانتقا، يۇمشاقلىقتا سۇيۇق لايغا، ئەۋرىشىملىكتە رېزىنكىگە ئوخشايتتى.

چوڭ يولدىن كېسىپ ئۆتكەن چاغدا، تومۇز ئىسسىقتا شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن قارا مايىنىڭ كۆيۈۋاتقان رېزىنكىسىدەك يۇمشاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭ. بوينىغا ئالما چېچىكى رەڭدە يۇمشاق شارپا ئارتىۋالغان، لېۋىنىڭ ئۈستىدە مايسىدەك بۇرۇتى بار ياش قىز يېقىلىپ كېتىپ، قولىنىڭ بېغىشىنى سۇندۇرۇۋالغان ياش

قىز بىلەن جەم بولدى. ۋاقىت تولغىنىپ دەستىلەندى — لەۋلىرى يىقىشلىق، ئەۋرىشىم (يەل بېرىلگەن رېزىنكىگە ئوخشايتتى) ئىدى. ئايال غوجايىن بۇ توپقا قېتىلدى — ئارىلاشتۇرغىلى بولمايدىغان ئۈچ خىل رەڭ. سەن مېنى سۆۋايسەن، مەن ئۇنى سۆۋايمەن، يەنە كېلىپ، ئۇ سېنى سۆۋايدۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قوۋزىقى يېشىل تۇخۇمەك دەرەخلىرى قويۇلغانىدى. قاسقان شەپكىسىنى ئېلىۋەتكەن، چاچلىرى ئاقارغان ياشانغان بىر ساقچى ئېگىز ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قايچا بىلەن مېغىز رەڭ تۇخۇمەك گۈلىنى كېسىۋاتاتتى. ساقچىخانىنىڭ ئالدى تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ خۇشبۇي ھىدىغا تولغانىدى. پاخپايغان چاچلىرى قاپقارا ھەم يىرىك، مەڭزىلىرى توقاچتەك قىپقىزىل، يۈزى يۇمىلاق ياش ساقچى ئايال شەپكىسىنى تۈزەپ ياشانغان ساقچى كەسكەن گۈللەرنى ئالغىلى ماڭدى. ئۇ بىر پارچە سوپۇننى چىشلىۋالغانىدى (؟) ئالا - چىپار ماغزاپ ئويماقتەك ئاغزىدىن چىقىپ، يۇقىرى ئۆرلەپ، تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ شاخلىرى ئارىسىدا مېڭىپ يۈرەتتى.

— كەپسىزلىك قىلماڭ! — ياشانغان ساقچى ئۇنىڭ يۈزىدىكى كۆپۈكچىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۆزىنى ئەتەي جىددىي تۇتۇپ.

— تېز تۇر، كەپسىزلىك قىلما! — دارازا ساقچى شۇنداق دەپ فىزىكا مۇئەللىمىنى ساقچىخانىنىڭ سولاقخانىسىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ دەلدەڭشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالغاندا، ساقچىنىڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ، مۆجىزە يۈز بېرىپ دەلدەڭشىپ كېتىۋاتقان ئۇ شاپپىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

ساقچى قەدىمىنى تېز ئېلىپ ھاجەتخانىغا قاراپ ماڭدى. ساقچىنىڭ دۈمبىسى، ئاساسەن ئاق تاسمىسىنىڭ چۆرىسى تەرلەپ شور ئۆرلەپ كەتكەنىدى. چىرايلىق تۈيۈلۈپ كەتكەن شورغا قاراپ، ساقچىغا ئىختىيارسىز ھۆرمىتىنىڭ قوزغالدى. ساقچى ھاجەتخانىدا

گال ۋە بۇرنىدىكى غەلىدە - غەشلەرنى قىرقىراپ تۇرۇپ تازىلاۋاتاتتى.

قۇرۇق چىلەككە شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىك. سۇنىڭ ئاۋازى بىلەن قورسىقىڭدىكى ئاۋازنىڭ ئوخشاش رىتىمدا ئىكەنلىكىنى، يىراقتىن بىر - بىرىگە ماسلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىڭ. مۆھەببەتكە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، گۈزەل شېئىرىيەتكە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، قورقۇنچلۇق قارا سىمۋولغا ئايلانغان بۇ ئاۋاز كەچ كۈز پەسلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە (تېرەكنىڭ چۈچۈمەل پۇرىقى، ئانارگۈلنىڭ ئوتقاشتەك رەڭگى، مىجىلغان تونا دەرىخى ئۇنىدۇرمىسىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى) چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنكى مەزمۇنغا (ھۆسن تۈزىگۈچى كالتە ئىشتان بىلەن تار ئۆيدە ماڭاتتى. جاڭ چىچيۇنىڭ سىياقدىشى پەرۋا قىلماسلىقى قانداق مۇمكىن بولسۇن)، ئاپتاپتا يۇمشاپ كەتكەن قارا مايغا، توسۇلۇپ قالغان يولغا، كېسىلگەن تۇخۇمەك دەرىخنىڭ گۈلىگە ۋە ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ماغزاپقا...... رېئال ۋاقىتقا قادالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆتمۈشتىكى كۆرۈنۈشلەر ۋە باشقا بوشلۇقتىكى خىيالىي ئوبرازلار تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى، سۇرلۇك خەلق ساقچىسى ئىشتىنىنى كۆتۈرۈپ ھاجەتخانىدىن چىقتى.

باشتا تىلغا ئېلىنغان ساقچىمۇ ساقچىخانىغا كىردى. كەينىدە بىر توپ ئادەم بار ئىدى. توپنىڭ ئالدىدا يىقىلىپ چۈشۈپ بېغىشنى سۇندۇرۇۋالغان ھېلىقى سېمىز ياش قىز ۋە ساقچى كالتىكى تېگىپ بېغىشى يارىلانغان قوناق شېخىدەك ھېلىقى ياش تۇراتتى. ياش قىز ئوڭ قولىنىڭ بېغىشنى سول قولى بىلەن، قوناق شېخىدەك ياش ئوڭ قولىنىڭ بېغىشنى سول قولى بىلەن كۆتۈرۈۋالغانىدى. بىرى سېمىز، بىرى پاكار، بىرىنىڭ سول قولى، بىرىنىڭ ئوڭ قولى زەخىملەنگەن، غەلىتە ماسلىقتىن گۈزەللىك ۋە قىزغىن مۇنازىرىدىن قايىل قىلارلىق كۈچ ھاسىل بولغانىدى.

ئۇ ساقچى قاۋۇل بولمىسمۇ، بېشى چاسا، يۈزى قارا، قول - پۇتلىرى كالتە ئىدى، تۇرقىدىن شىجائەت چىقىپ تۇراتتى. يېقىن بېرىشتىن ھەممە ئادەم ئەيمىنەتتى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىسا، كەينىدىن كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەم كەينىگە داجىيتتى: كەينىگە ئۆرۈلگەن ھامان، كەينىگە داجىغان بىر توپ ئادەم يەنە دەۋرەپ كېتەتتى.

— يوقىلىش! — ئۇ ساقچىخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ چېچىلغان ھالدا، ئامانلىق تەرتىپىنى بۇزدۇڭلار! يوقىلىش! سەنلەر! دەپ تىل سالدى.

— ئو — ئو، — بېغىشنى كۆتۈرۈۋالغان ياش بالا بىلەن ياش قىزنى ئارىغا ئېلىۋالغان ئاما:

— ساقچى تاغا ئادەم تىللىدى! ساقچى تاغا ئادەم تىللىدى! — دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

قاۋۇل ساقچى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ:

— سىلەر نېمە قىلماقچى - ھە؟ زادى نېمە قىلماقچى، — دېدى.

سېمىز ياش قىز زەخىملەنگەن بېغىشنى كۆتۈرۈپ، ھۆپپىدە قىزارغان ھالدا:

— يىقىلىپ چۈشۈپ قولۇمنىڭ بېغىشى سۇنۇپ كەتتى، قانداق قىلىمەن؟

— قولىڭىزنىڭ بېغىشى قانداق سۇنۇپ كەتتى؟

— ۋېلسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ سۇندۇرۇۋالدىم.

— سىزنى بىرسى ۋېلسىپىتتىن ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتتىمۇ ياكى ۋېلسىپىتتىن ئۆزىڭىز يىقىلىپ چۈشتىڭىزمۇ؟

— ئېنىق بىرنەرسە دەپ بېرەلمەيمەن......

— ھەقىقەتەن مۇتتەھەمكەنسىز! — دېدى ساقچى تاغا، — ئۆزىڭىزمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان ھالىڭىزغا نېمىدەپ بىزنى ئىزدەپ

كېلىسىز! بىز سىزنىڭ باققۇچىڭىزمۇ؟ ئەتە ئەتىگەندە خامىرىڭىزنى يېرىۋالسىڭىزمۇ بىزنى ئىزدەپ كېلەمسىز؟ بۈگۈن كەچ ئورنىڭىزغا سىيىپ قويسىڭىزمۇ بىزنى ئىزدەپ كېلەمسىز؟ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ!

ئاما توختىماي كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھېلىقى نېرۋا كېسىلى بار ئادەم سومكىسىنى قالايمىقان پۇلاڭلىتىپ، مېنى ۋېلىسىپىتتىن يىقىتىۋەتتى، — دېدى ياش قىز.

— قىزچاق، — دېدى ساقچى، — ئىدارەڭلەردە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسى بولمىدىمۇ؟ نېرۋا كېسىلى بارلار قاتىللىق قىلسىمۇ ئېتىلمايدۇ. ھېلىغۇ سىزنى ۋېلىسىپىتتىن يىقىتىۋېتىپتۇ! يەنە كېلىپ، جاھاننى كۆرىدىغان كۆزىڭىز، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالىدىغان ئاغزىڭىز باردۇ؟ ئۇنىڭ سومكىسىنى قالايمىقان پۇلاڭلاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— قولۇمنىڭ بېغىشنىڭ سۇنغىنى سۇنغان بوپتۇ - دە! — دېدى ياش قىز ئۆكسۈپ، — مەن كەشتىچى، قولۇم سۇنغان تۇرسا قانداق كەشتە توقۇيمەن؟

— قىزچاق، قول سۇنۇپ كەتسە ئىش قىلماق بىئەپ بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. قول سۇنۇپ كەتسە كەشتە توقۇش تۇرماق، چوكا تۇتۇپ تاماق يېگىلى، چاچ تارىغىلى، ھەتتا ئىشتاننىڭ تاسمىسىنىمۇ ئۆچۈشلۈق بوشاتقىلى بولمايدۇ! سىزگە ھېسداشلىق قىلىمەن — سىز سولخايمۇ؟

— سىز قانداق بىلىسىز؟ نېمە جىنىمنى چىقىرىدۇ!

— ئوھۇي، بىلىپ قالدىم! سولخاي ئادەم ئەپلىك ئىش قىلىدۇ، چۈنكى سىزنىڭ ئوڭ قولىڭىز سۇنغان، ئوڭ قول ئەسلىدە تەگلىك، لېكىن قايسىلا سۇنسۇن ھەرھالدا ياخشى ئەمەس. شۇڭا، تېزرەك دوختۇرخانىغا بېرىشىڭىزنى دەۋەت قىلىمەن، — تاماق يېيىشكە ئۆيگە بېرىشقا ئالدىرىماڭ — ئېرىڭىز داستىخان ئۈستىدە تۆت كۆزى بىلەن يولىڭىزغا قاراپ ئولتۇرغان بولسىمۇ مەيلى —

ياتلىق بولغانمۇ ــ داستىخاندا نازۇنېمەتلەر تىزىلىپ، ئىستاكانغا لىققىدە پىۋا قۇيۇلغان، پىۋا ئىستاكاندىن تېشىپ كەتكەن بولسىمۇ مەيلى ــ ئاۋۋال دوختۇرخانا، سوڭەك بۆلۈمىگە بېرىلك، غەربچە داۋالاش بىلەن جۇڭگوچە داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن......

ــ ئاغزىڭىز نېمانداق ياغلىق، ــ دېدى سېمىز قىز ۋارقىراپ، ــ ئېرىمنىڭ بىر ئايال بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ مېنى مازاق قىلىۋاتامسىز! ئېشكى ئۆلگىلىۋاتسا قوڭى غېجەك تارتىپتۇ، دېگەن شۇدە! ئىچى يامان! ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا غېجەك چالغان ئوخشايمەن! ۋايجان، ۋاي ئانىمەي ــ قولۇم بەك ئاغرىپ كەتتى. سېمىز قىز بېغىشىنى تۇتۇپ يۇگۈرگەن پېتى كەتتى. ساقچى تىلىنىڭ ئۇچى بىلەن دورداي كالپۇكىنى يالاپ، ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى.

ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغان قوناق شېخىدەك ياش بالا قورسىقى كۆپۈپ تىترىگەن پېتى ئالدىغا سۈرۈلۈپ بېرىپ:

ــ ساقچى يولداش، مېنىڭ بېغىشىمنى سىز ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتكەن......

ــ سەن ئادەم تۇپلاپ جېدەل چىقىرىپ، قاتناشقا توسقۇنلۇق قىلدىڭ. نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خادىمىنى ئۇردۇڭ. ساڭا جەرىمانە قويۇش ياكى سولاپ قويۇش ۋەياكى كېسىش كېرەك، ــ دېدى ساقچى، ــ ھاۋا بەك ئىسسىق، ئاۋارە بولغۇم كەلمەي، ساڭا رەھىم قىلدىم، بۇنى بىلمەي ئۆز ئايىغىڭ بىلەن ئالدىمغا كەلدىڭمۇ؟ لاۋلى، ماۋۇ ئورۇق مايمۇننى سولاپ قوي!

قوناق شېخىدەك ياش بالا كەينىگە ئۆرۈلۈپ قېچىپ كەتتى.

ئامما قاۋۇل ساقچىنىڭ گەپتانلىقىغا بىرلىكتە ئالقىش ياڭراتتى.

يەنە بىر ساقچى:

— پۇقرالار، تارقىلىپ كېتىڭلار! ئۆيىۈڭلەرگە بېرىپ تاماق يەڭلار! ۋېلىسىپىتنى ئاستىراق مىنىڭلار! قىزىل چىراغدىن بۆسۈپ ئۆتمەڭلار! بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىڭلار! ئۈچ مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭلار، بىر سېكۇنتنى تالاشماڭلار! خۇشال ئىشقا بېرىپ، ئۆيۈڭلەرگە ئامان - ئېسەن قايتىڭلار! — دېدى.

ئاما ئىككى ساقچىغا ئىسقىرتتى. تەنە قىلدى، مال باھاسىنى تىللىدى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشتى.

ساقچى سېنى گەجگەڭدىن قامالاپ تۇتۇپ سولاقخانىغا ئەكىرىپ:

— ياۋاشلىق بىلەن تۇرۇپ تۇر. ئۆيىدىكى بۇيۇملارغا بۇزغۇنچىلىق قىلما، بولمىسا، — ئۇ ئاتىنىڭ پۇتىدەك مۇشتۇمىنى يۇزۇڭگە تەڭلەپ، — مېگەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن! — دېدى.

سۇرلۇك ئەمەسرەك بىر ساقچى ئىشكنى ياپتى. قۇلۇپنىڭ شاراقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭ. كۆز ئالدىڭنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

— لاۋلى، «شەنكېلەي»گە بېرىپ ئىككى ئىستاكاندىن پىۋا ئىچىپ كەلمەيلىمۇ؟

— ماقۇل، سەن مېھمان قىل!

فىزىكا مۇئەللىمى ئىككى ساقچىنىڭ شۇنداق دېيىشىپ مېڭىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇردى، بېشى ئايلىنىپ، كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر، قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ، ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كەتتى. كۆڭلى دېگىلى بولمايدىغان دەرد بىلەن تولغاندى.

# سەككىزىنچى باب

## 1

قاچانلاردۇر بىر كۈنى، ھۆسن تۈزگۈچى بىلەن قەپەستىكى بايان قىلغۇچى دەپنە ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالدى. سەن بىزگە مۇنداق دېدىڭ: مەن ئالدىراش ئېگىلىپ كەچۈرۈم سورىدىم. كاتتا مېھمانسارايىنىڭ ئالدىدا خېرىدارلارنى تەگرى ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇلاردىن كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ تۇرىدىغان كۈتكۈچى بالىغا ئوخشاش بىر چەتكە ئۆتۈپ ئەزىز ئايال مېھماننى كۈتۈۋالدىم. ئۇ گەپ قىلماي ماڭا سوغۇق نەزەردە قاراپ قويدى. ئۇدا نەچچە كۈن چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، چىرايىنىڭ يەنە ياخشى تۇرغانلىقىنى بايقىدىم. يۈزى قىپقىزىل، بۇرۇتى يېشىل ئىدى، بويىنىغا ئالما چېچىكى رەڭدە يېشىل يىپەك شارپا سالغانىدى.

بۇ يىپەك شارپا مەندە باشقا بىرەيلەننىڭ بۇرۇنقى چاغلاردىكى مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەتتى. شۇ چاغدىكى ھېلىقى باھار كۈنلىرى گۈللىگەن ئاق تېرەكلەرنىڭ چۈچۈمەل پۇرىقىنى پۇرىغاندەك بولدۇم. خۇش پۇراقنىڭ يېتەكلىشى بىلەن جاك چېچيۇ ھۆسن تۈزگۈچىنىڭ كەينىگە چۈشكەنىدى. باشتا دەپ ئۆتۈلگەندەك، شۇ چاغدا ھۆسن تۈزگۈچى ۋالىلداپ تۇرغان ۋېلىسىپىتنى مىنىپ، كىچىك شەھەرنىڭ كەڭ كوچىلىرىدا

غۇيۇلــداپ ماڭــاتتى. فىزىكــا مــۇئەللىمى «99» دېــگەن رەقەم بېسىلغان تەنتەربىيە كىيىمىنى كىيىپ، جىنىيۇ كوچىسى 13 ـ نومۇرلۇق قورۇدىن «گۈزەل دۇنيا» ياكى «گۈزەل دۇنيا» دىن جىنىيۇ 13 ـ نومۇرلۇق قورۇ ئوتتۇرىسىدا ۋېلىسىپىتلىك چاپاتتى. كۈنلەرنىڭ كەينىدىن ئايلار، ئايلارنىڭ كەينىدىن يىللار سۈدەك ئۆتۈپ كەتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى ئاشۇ ۋېلىسىپىت ھازىر قەيەرلەرگە كەتتىكىن؟

ئادەم ئوتتۇرا ياشقا بارغاندا ھۆسن تۈزىگۈچىگە ئوخشاش ئۆكتەم ھەم سەپرا بولۇپ كېتىدۇ، بۇ ماڭا ناھايىتى ئېنىق، شۇڭا ئۇ مېنى تىللاپ كەتمىدى (سوقۇلۇپ كېتىپ قورساق بوشلۇقىغا كىرىپ كەتكىلى قىل قالدىم). چۈنكى، كۆڭلى ياخشى ئىدى. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭغا سەل ئامەت كەلدى: سەمرىپ قورساق سالدى. تۇرقى ھۆسن تۈزەش جەريانىدا ئورۇقلىتىۋېتىلگەن خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدار ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ بۇرۇنقى تۇرقىغا، پارقىراپ تۇرغان چىرايى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خەلق ئىشلىرىغا بېغىشلىۋەتكەن خەلق چاكىرىنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالغانىدى. 100 يۈەن مۇكاپات پۇلى ئالدى: ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئۈچ تال ئالتۇن چىشىنى قومۇرۇۋېلىپ مەخپىي يەرگە تىقىپ قويۇپ ساقلاۋاتاتتى. فاڭ فۇگۈينىڭ سىياقىنى ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيەسىنى قىلدى. جاڭ چىچيۇنى ئوقەت قىلىپ يول تېپىشقا سالدى. قەلبىدە شادىيانە مۇزىكا ئورۇنلىنىۋاتاتتى. بۇ مۇزىكىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىسكىنلىك، ئاساسىي مېلودىيە بىلەن نوتا ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشماسلىق ئالامىتىنى ھېس قىلدى. لېكىن، ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمىدى.

مەن چۈچۈمەل پۇراقتا ئەگىشىپ چۈچۈمەل باھار پەسلىگە، چۈچۈمەل باھار پەسلىدىن تومۇز يازغا كىرىپ قالغاندەك بولدۇم. 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ياش فىزىكا مۇئەللىمنىڭ ھەر كۈنى

تەلۋىلەرچە ۋېلىسىپىت بىلەن مۇسابىقىلىشىپ، پۈتىنىڭ ئۇزىرىپ يوغىناپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئىككى جۈپ «خۇيلى» ماركىلىق توپ كەشى تېشىلىپ كەتتى، ئۇنى ئۇستا موزدۇزغا ياماتتى. كۆزىنىڭ ئېقىدا ئۆمۈچۈك تورىدەك قان يىپچىلىرى پەيدا بولدى. كالپۇكلىرىغا قاپارتما چىقىپ كەتتى. ئۇ توختاپ قالمىدى. جىنيۇ كوچىسى 13 - نومۇرلۇق قورۇغا ئۇسۇپ كىرىپ، ھۆسن تۆزىگۈچى ئىككى قوللاپ ئۇزاتقان ئىلمان چاينى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئالدى. چېكىسىگە ئانارگۈل قىستۇرۇۋالغان مومدىن پۈتكەن ساھىبجامال ئۆز قولى بىلەن قورۇغان داغلىق قورۇمىلارنى يېدى: تونا دەرىخى ئۈندۈرمىسى بىلەن قورۇلغان راك. بازاردا خېلىدىن بېرى راك تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ داغلىق قورۇما ئۆمرىدە ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە بولۇپ قالدى.

ھۆسن تۆزىگۈچى «گۈزەل دۇنيا» نىڭ زارلىرىدىن ئالدىراش ئۆتۈپ، ئۆزى خىزمەت قىلىدىغان ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى. سۈنئىي گىرانىت تاشقا تەگكەن كەشىنىڭ پاشنىسىدىن جاراڭلىق ئاۋاز چىقاتتى. دەپنە ئىدارىسىنىڭ ئىشكى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ، ئۆزلۈكىدىن يېپىلىپ قالاتتى. ھۆسن تۆزىگۈچى گىرانىت تاشنى تاقىلدىتىپ دەسسەپ ئىشكتىن كىرىپ كەتكەن چاغدا، ئىشىك ئاستا - ئاستا يېپىلىپ قالاتتى. بايان قىلغۇچى چاي رەڭگىدىكى ئەينەكنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ھۆسن تۆزىگۈچىنىڭ سىماسىنى كۆرەلەيتتى.

ئۇ ئاچقۇچنى چىقىرىپ، خىزمەت ئۆيىنىڭ ئىشكىنى ئاچتى. نۇرغۇن كىنولاردا كۆرسىتىلىدىغان مەنزىرىگە ئوخشاش ئۆزىنى ئۇستەلگە ياكى ئورۇندۇققا ئۇرماي، دۈمبىسىنى ئىشىككە يېقىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئېڭىكىنى ئۇچلاپ، بوينىنى تۈز تۇتۇپ تۇردى. سىمۋوللۇق مەزمۇنغا ئىگە ئالما چېچىكى رەڭدىكى يېشىل يىپەك ياغلىقى قولىدا ئىدى. كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيەتتى.

يۈرىكى ھاياجان بىلەن قوۋۇرغىسىغا ئۇرۇلغانلىقتىن، كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيەتتى، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەڭزلىرىنى بويلاپ ئاقاتتى.

مېنىڭچە ئۇنىڭ كۆز يېشى قىلىشىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. بىز ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ھۆسن تۇزىگۇچى دەردمەن ئايال ئەمەس. ئۇ نېمىشقا يىغلايدۇ؟ ھۆسن تۇزىگۇچى بىلەن بايان قىلغۇچى ئىككىسى بىرنى گۇمانغا سېلىپ قويدى. بايان قىلغۇچى ئىشىكنىڭ سىرتىدا خىيالغا چۆمۈپ ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. ھۆسن تۇزىگۇچى دۈمبىسىنى ئىشىككە يېقىپ يىغلاۋاتاتتى.

مەن نېمىشقا ياش تۆكىمەن؟ مەن يىغلاپ تاشلىغانىدىم. ئۇ بىر تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك، بىر تۇرۇپ بىرىگە ھال ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئادەم خۇشال بولۇپمۇ، ئازابلىنىپمۇ يىغلايدۇ. مەن نېمىشقا يىغلايمەن؟ ھۆسن تۇزىگۇچى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىشىكتىن سۇرۇلۇپ، يېپەك شارپىسىنى ساڭگىلىتىپ، ئۇستىگە يېڭى كىرلىك سېلىنغان، سولياۋ گۈل قويۇلغان خىزمەت ئۇستىلىنىڭ ئەتراپىنى سول تەرەپتىن ئۈچ قېتىم، ئوڭ تەرەپتىن ئۈچ قېتىم ئايلاندى، ئاندىن تەشتەكتىكى سولياۋ گۈلگە تىكىلىپ قارىدى. تەشتەكتىكى گۈل سېرىق ئېچىلىدىغان جۇخارگۈل ئىدى. بەرگلىرى ساھىبجامالنىڭ چاچلىرىدەك ساڭگىلاپ، يەنە ئۇستىگە تۆرۈلگەن، شالاڭ يېشىل ياپراقلىرى قىزغۇچ تەشتەكنىڭ چۆرىسىنى دېگۈدەك يېپىۋالغانىدى. ئۇ پەس ئاۋازدا غۇدۇراۋاتاتتى. باشتا نېمدەپ غۇدۇراۋاتقانلىقىنى ئوچۇق ئاڭلىيالمىدۇق، كېيىن ئېنىق ئاڭلىدۇق.

خىزمەت ئۇستىلىدىكى جۇخار گۈلگە قاراپ تۇرغان ھۆسن تۇزىگۇچى بىرگە غۇدۇراپ بەردى:

مەيلى قانچىلىك چىرايلىق بول، سەن ساختا، ساختا سەن!

جۇخارگۈلدە بار قىياپەت سەندىمۇ بار، لېكىن ئېچىلىش كاۋاك،
جۇخارگۈلدە بار خۇشبۇي پۇراق سەندە يوق. يوپۇرماقلىرىڭ
جۇخارگۈلنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدۇ. ئەمما، سېنىڭ
يوپۇرماقلىرىڭدا شىرنە يوق. سەن ساختا، كۆركەم ھەم كارامەت
كۆرۈنىسەن. بىراق، سەن نېملا دېگەنبىلەن ساختا. ھا - ھا!
ھا - ھا!

ئۇ قولىدىكى يېپەك شارپىسى بىلەن سىرىق ئېچىلىدىغان جۇخارگۈلنى ئۇردى، ئۇردى دېگەندىن كۆرە گۈلگە قونۇپ قالغان چاڭ - توزاننى سۈرتتى دېگەن تۈزۈك ئىدى. ھەرىكىتى، چىراي ئىپادىسى ۋە كۈلكىسى گويا دەرىجىسى تۆۋەن ئارتىسلار ئوينىغان قوپال نومۇردەك سۈنئىي، ياسالما ئىدى. بىزنىڭمۇ غىدىقىمىز كېلىپ كەتتى. قاراپ تۇرساق، ئۇ تەشتەكنى خىزمەت ئۈستىلىنىڭ ئاستىغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتتى. تەشتەك يەردە دومىلاپ، بىر چاغدا مۆجىزىدەك ئۆرە بولۇۋالدى. غۇنچىلىرى بۇرۇنقىدەك سىرىق، يوپۇرماقلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك يېشىل، بەرگلىرى قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان ئايال كىشىنىڭ چاچلىرىدەك پۇلاڭلاپ تۇراتتى. شۇنداقراق خىيال ئارىلاشقان كۈلكە ئاۋازىدىن كۆرەڭلىك، يولسىزلىق ۋە كۈچلۈك تەھدىت چىقىپ تۇراتتى!

مەن كۆرۈپ قالغاندەك بولدۇم. سەن بىزگە، ئۇ كاسىسىنى چوقچايتىپ، ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ قارامتۇل چاسا يۈزىگە توغرىلاپ سىيدى، سۈيدۈكى قىزغۇچ سىرىق ئىدى. بۇ شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇرۇق - ئەۋلادىغا ۋە ئەۋلىيا - ئەنبىيالارغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ئىدى. غەلىتە يېرى شۇكى، ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ھەرگىز خاپا بولمىدى، ئەكسىچە سۈزۈك چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇ قىلىقسىز ئوغۇل بالىغا؛ ھۆسن تۈزىگۈچى قىلىقسىز قىز بالىغا ئوخشايتتى. تەردە ھۆل بولۇپ كەتكەن فوتو ئاپپارات كۆتۈرۈۋالغان مۇخبىرلار باشقارمىسى مۇئاۋىن

باشلىقىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلىنغان ئاشۇ ئويۇنىنى تىترەپ تۇرۇپ تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك، ھۆسن تۈزگۈچىنىڭ قەلبىدە، دەريا دولقۇنلىرىدا، تېرەكلەرنىڭ سۈتىدە ۋە قارلىغاچلارنىڭ پارقىراق، مايلىق پەيلىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقان «ئانارگۈل» ناملىق چىرايلىق مۇزىكىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ھەممىسى ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ناخشا «ئوتلۇق مۇھەببەت» دېگەن ناخشا ئىدى. ئوتلۇق يىللاردىلا ئوتلۇق مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ يەردە بىر تېخنىكىلىق خاتالىق يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەندەك بولدۇق. سەن: ھۆسن تۈزگۈچى ۋاڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ يۈزىگە سىيىپ بولۇپ، خۇددى بىلمەي جىنيۇ كوچىسى 13 - نومۇرلۇق قورۇغا قايتىپ، ئەمچەك شەكىللىك تۇتقۇچ ئورنىتىلغان ئىشىكنىڭ ئالدىدا ياخشى خەۋەر ئاڭلاشنى كۈتۈپ تۇرغان مۇخبىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى، دېگەنىدىڭ. سەن ئۇنى شۇ تاپتا تېرەكلىكتە سۈرەت تارتىۋاتىدۇ، دەيسەن!

ھۆسن تۈزگۈچى ھېلىقى تەشتەكتىكى ساختا گۈلنى تېخىچە سوتلاۋاتاتتى: سەن ھەمىشە ئېچىلىپ تۇرىسەن، لېكىن سەن جانسىز. سەن ھەقىقىي جۇخارگۈلدەك ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالالمايسەن، سۇنۇپ كەتسەڭمۇ سەندىن سۈيۈقلۇق چىقمايدۇ. ئۇ ئاغزىدا جۇخارگۈلنى سوتلاۋاتقىنى بىلەن، كۆڭلى يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىنىڭ يېنىدىكى ئاق ئۆيگە ئۇچۇپ كەتكەنىدى...... ئالبومنىڭ سارغىيىپ كەتكەن تاۋار تاشلىق مۇقاۋىسىنى سىلىدىم. سەل ئاربىسالدى بولۇپ، ئالبومنى شارتتىدە ئاچتىم. بۇنداق سۈرەتلەرنى تارتىش قىپقىزىل لۈكچەكلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ...... ئۇنىڭ يۈزىگە سىيدىم. سەن بۇرناكۈن بۇ خىزمەت سۈپىسىنىڭ ئۈستىدە ئۆز ۋاقتىدا ياپىيېشىل چىملىقتا ياتقان

چاغدىكىدەك ياش ھەم سۈرلۈك ھالەتتە ياتقانىدىكەن. تۆنۈگۈن پولات تاختايدىكى تەپكە سېنى گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاققا ئىرغىتىپ تاشلىدى...... ئىبلىس! يانچۇقچى! جاسۇس! ھۆسىن تۆزىگۈچى ئالبومنى قولىغا ئېلىپ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىنىڭ تاقىر بېشىغا سالدى...... ھېلىقى تەشتەكتىكى سولياۋ گۈلنى بىرنى تەپتى. سولياۋ گۈل دومىلاپ بۇلۇڭغا بېرىپ، نەچچە رەت چايقىلىپ، يەنە ئۆرە بولۇۋالدى. چېچەك، غول، يوپۇرماق قىلچە زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىغانىدى. ئۇ پۇتىنى تۇتۇپ پولدا ئولتۇرۇپ قالدى. تەشتەكنى تەپكەن پۇتى ئاغرىپ كەتكەنىدى. ھەقىقىي گۈللەر تامنىڭ سىرتىدا پىچىرلىشىپ، كاكتۇس گۈلى دېرىزە تەكچىسىدە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

مايمۇنلار تېغىدىكى قىيقاس - چۇقانىنى ئاڭلىغاندەك، شەرقىي شىمال يولۋىسىنىڭ جەسىتىدىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراق بۇرنىمىزغا ئۇرۇلغاندەك بولدى. شۇ ئاخشىمى يوپيورۇق ئاي نۇرىدا كۆز، چىش ۋە تىرناقلىرىمىز پارقىراپ كەتكەنىدى.

— ئېيتىڭە، سىز نېمىشقا ئۆزىڭىز ياخشى كۆرمەيدىغان جاڭ چىچيۇغا تەگدىڭىز؟ — دېدى يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى ھۆسىن تۆزىگۈچىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ھەم كۈچەپ سىقىپ تۇرۇپ. ھۆسىن تۆزىگۈچىنىڭ قولى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ، بارماقلىرى ئېچىلىپ كەتتى - دە، قولىدىكى قەدىمىي ئالبوم ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ مېيىدىن تەييارلانغان شىر بىلەن يولۋاسنىڭ يېمى ئۈستىگە چۈشۈپ كەتتى.

ھۆسىن تۆزىگۈچى غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى، تەپتى، قولىنى كۆزىگە ئاپاردى. ئۇ ھۆسىن تۆزىگۈچىنىڭ قولىنىڭ بېغىشىنى قايرىۋىدى، پۈتۈن بەدىنى لەسسىدە بوشاپ، شۇ زامان ياۋاشلاپ قالدى.

يېشىل كالېندارنى كۆرگەندەك بولدۇم. شەنبە كۈنى گۇگۇم

پەيتى ئىدى. كەچكى شەپەق نۇرىدا ئانارگۈلى تىزۇپ كېتىپ ئورنىدا قىزىل ۋە يېشىل ئانار چۈشتى. سېزىمى سەزگۈر ھېلىقى مۇخبىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا پەرۋا قىلماي، ئىشىكتىن ئۆسۈپ، ئانىڭىزنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىغا كىردىڭىز، بۇ قورۇ ھازىر خاتىرىڭىزدىكى مەنزىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇخلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە يېمەكلىكنى ئانىڭىزنىڭ ئاغزىغا تىققان چاغدا، دەريا قىسقۇچپاقىسى بېقىلىۋاتقان ئىدىشقا چۈشكەن ئانار دەرىخىنىڭ ئەكسىنى قانداقمۇ سېغىنماي تۇرالايسىز؟ گۈل - چېچەكلەر ئېچىلغان ئاشۇ پەسىلدە ئانا - بالا ئىككىڭلار ھويلىدا يالىڭاچ مېڭىپ يۈرەتتىڭلار ئەمەسمۇ؟ تونا دەرىخىنىڭ يالىڭاچ شېخىدا يېڭىدىن ئۈنىدۈرمە بىخ سۈردى. پەيلىرى گۆش رەڭ قارلىغاچ ئۆيىمىزگە ئۇچۇپ كىرىپ، لىمغا چاڭگا تىزدى...... ھالا بۆگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پىتلار شوراپ سېنى كۈل رەڭ ئاقۇچ تېرىگە ئايلاندۇرۇپ قوياي دېدى. نوچىلىقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلىۋالغان ئانا، سىز پىتلارنى يوقاتتىڭىز، تامىقىغا يەنە تاغ مېھرىگىياھىنىڭ تالقىنىنى ئارىلاشتۇردىڭىز. قورۇغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمە ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتنى قوزغىدى. سىز كارىۋاتتا ياتىسىز، زاۋال ۋاقتى ئىدى. ئانىڭىز ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىسى ئارقىلىق سىزگە نەسىھەت قىلاتتى: ئۆزۈڭنىڭ تېنى بىلەن قارىشىلاشما! قارلىغاچلار چاڭگىسىدا ۋىچىرلايتتى. كېيىن ئاسماندا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ باھار يامغۇرى ياغدى. يامغۇر لەمپىنىڭ كاھىشىغا ئۇرۇلاتتى. كاھىشلار تاراقلايتتى، كېچىچە تاراقلاپ توختىمىدى، تاڭ سەھەر سۈرەتتەك گۈزەل ئىدى، ئىتىز - داللاردىن كۆتۈرۈلگەن شامال كىچىك شەھەرگە كىرىپ كەلدى. شامالدا تۇخۇمەك گۈلى، بىخ سۈرگەن ئوت - چۆپ، پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرى، مۇھەببەت ۋە قۇمچاق بار ئىدى. جىنىۋ كوچىسىدا ئىلگىرى سېۋەت كۆتۈرگەن يېزىلىق بىر

قىز پەيدا بولاتتى. يېقىملىق ئاۋازدا ۋارقىراپ گۈل ساتاتتى. كىچىك شەھەردە كېچىچە ياغقان يامغۇردىن كېيىن كوچىلاردا ئۆرۈك چېچەكلىرى سېتىلاتتى. ئۆرۈك چېچەكلىرى ئاللىبۇرۇن تولۇق ئېچىلىپ، شاپتۇل چېچەكلىرى شاختىلا سېسىپ كەتكەنىدى. نەشپۈت چېچەكلىرى شامالدا دومىلاپ يۈرەتتى، يېزىلىق قىزنىڭ قايان كەتكەنلىكى بەلگىسىز ئىدى. بەشىنچى ئاي ساپسېرىق ئېچىلىدىغان كوسەيخۇا گۈلى سېتىلىدىغان مەزگىل ئىدى. شۇ كۈنى تاڭ سەھەردە، موھدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ 8- ئوتتۇرا مەكتەپكە سوكۇلداپ بېرىپ، فىزىكا مۇئەللىمى جاڭ چىچيۈنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ ياتىقىغا كىرگەنلىكىنى كۆرگەنىدەك بولدۇم. جاڭ چىچيۇ ئەينەككە قاراپ ساقال - بۇرۇتىنى ئېلىۋاتاتتى. ئېڭىكىنىڭ ئاستى ماغزاپ ئىدى. قولىدا سەھرالىق تۇمۇرچى ئۇستام سوقۇپ ئۇستىرا بار ئىدى. ئۇستىرا كۆرۈمسىز بولغىنى بىلەن بەك ئۆتكۈر ئىدى. جەزملەشتۈرۈشكە تامامەن بولىدۇكى، موھدىن پۈتكەن ساھىبجامال كەلگەچكە، فىزىكا مۇئەللىمى تەمترەپ كېتىپ ئۆزىگە چاتاق تېپىۋالدى — ئۇستىرا فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ بۇرنىنىڭ يېنىنى يوغانلا كېسىۋېتىپ، تارتۇق بولۇپ پۈتتى. روشەن بەلگە بولۇپ قالدى. نەچچە ئون يىلدىن كېيىن فاڭ فۇگۇينىڭ سىياقىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تەييارلىق ھازىرلىغانىدى.

— ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭغا تەگكىنىڭىز قىزىق، — دېدى يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى ئۇنى قويۇۋېتىپ.

ھۆسن تۈزىگۈچى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. قاراشلىرى غەمكىن ئىدى. يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ يېمەكلىكلىرى قويۇلغان ئىشكاپتىن قورۇپ قالغان بىر پارچە قارا گۆشنى ئېلىپ، يالماپ بىر چىشلەم چىشلىدى. گۆشنى چاينىغان ھالىتىدىن ئۇنىڭ چىشلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مەزمۇت

ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىدىڭىز. قوۋۇزىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان گۆشلىرىنى كۆرۈپ قوۋۇز مۇسكۇلىنىڭ ئۇزاق مۇددەت چىنىقىپ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈردىڭىز. قۇلىقى تۈۋىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىنىڭ شەپقەتسىز ئاۋازى ياڭرىدى.

— ھامىلىدار بولۇپ قالغاچقا ئۇنىڭغا تەگدىڭىز؟ ئۇ چاغدا دوختۇرخانىدا ھامىلە ئالدۇرۇۋېتىش ئاۋارىچىلىك ئىدى. توي خېتىنى، ئىدارىنىڭ ئىسپاتىنى، ئەرنىڭ ئىمزاسىنى كۆرسىتىشكە توغرا كېلەتتى.

ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ ماتكىسى ھامىلىدار بولغان چاغدىكى تۇنجى تەسىراتنى ئەسلەشكە باشلىدى. ماتكىسى ئۇرۇق بالىياتقۇ تېمىغا تەگكەندەك بىلىنەر - بىلىنمەس تەۋرەپ كەتتى. مايمۇنلار تېغىدىكى مايمۇنلار ئەسەبىيلەرچە ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. كېمىدە قېپقالغان ھېلىقى مايمۇنىنىڭ قولى كۆز ئالدىڭىزدا سەكرەيتتى. سىز كۆزلىرىڭىزنى توسۇپ، ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

— ياق، مەن خالىمايمەن...... — دېدىڭىز، گەپ ئاغزىڭىزدىن ئۈزۈلۈپ چىقتى.

بۇ چاغدا يامغۇر ھىدىنى ئېلىپ، قولىدا بىر دەستە گۈل، قان يۇقى بىر پارچە ئاق داكىنى بۇرنىغا تۇتۇپ، تىزى ھۆل ۋە لاي بولۇپ كەتكەن 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا مۇئەللىمى ئىشكنى ئالدىراش ئاچتى - دە، يېنىڭىزغا كىرىپ كارىۋىتىڭىزنىڭ ئالدىدا بىچارىدەك تۇردى. شۇ كۈنى يەكشەنبە ئىدى. پۈتۈن ئەزايىنىڭ بازار شامىلىدا تىترىگەن گۈلدەك تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردىڭىز. ئەينى چاغدا، ئۇ خۇشاللىقىدا خۇدىنى يوقىتىپ تىترەپ كەتكەنىدى. سىز بۇنى سەزمىدىڭىز.

ۋۇجۇدىدىن بۇغداي چېچىكىنىڭ، بۇغدايلىقتىن ئەمدىلا شۇڭغۇپ چىققان چوشقا كۈچۈكىنىڭ ھىدى كېلەتتى. تاغا...... ۋايجان، مېنىڭ «تاغام»...... تاغىسى ئۆيىدە بىر قېرى مىكىجىن

باققانىدى. قېرى مىكىجىن بىر قورۇ كۆچۈكلىدى...... كۆچۈكلەرنىڭ ئاق ۋە قارا تېرىلىرى تاۋاردەك يالتىرايتتى...... قاسساپ تاغىسى چوشقا بېقىشقا چېۋەر ئىدى......

فىزىكا مۇئەللىمى دىمىقىدا:

— ئاغرىپ قالغانلىقىڭنى ئاچاشتىن ئاڭلاپ يوقلاپ كەلدىم...... مۇنۇ گۈلنى......

ئۇ ھۆل ئەتىرگۈلنى كارىۋىتىڭىزنىڭ قىرىغا قويۇپ قويدى. بۇرنىدا ئاق داكا، چاڭچېلە ئېيتىدىغان قىزىقچىغا ئوخشايتتى! راكقا ئوخشاش ئېگىلىپ تۇراتتى! دىڭ تۇرۇپ كەتكەن چاچلىرى ھاڭۋاقتى خورازنىڭ تاجىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى!

ئۇ يىغلىدى. كۆز ياشلىرى داكىغا ئاقاتتى. كۆز يېشى سېرىق ئىدى. قۇلاقلىرى دۇفۇ تىرپىسىغا ئوخشاش كۆرۈمسىز ئىدى!

— راست...... مەن ئۇنى ھېچقاچان ياخشى كۆرگەن ئەمەس......— دېدى ھۆسن تۈزگۈچى ئۈنلۈك يىغلاپ تۇرۇپ.

مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ پۈتىدىكى سېرىق پاتقاقنى كۆرگەندەك بولدۇم. شۇ چاغلاردا كىچىك شەھەرنىڭ ناھايىتى كۆپ جايلىرى پېتىنچىلىق بولۇپ كېتەتتى. ئۇ سېرىق پاتقاقنى كېچىپ كېتىۋېتىپ ھاسىرايتتى. ئۆزىنىڭ نوچى چاغلىرىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قىزى ھەم ئۆزى ئۈچۈن كۈيۈپ ئوغۇل ئىزدەپ يۈرگەنلىكى ماڭا مەلۇم ئىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە كۈن جامالنى ئارانچە كۆرسىتىپ قويۇپ، يامغۇرغا ئورنىنى بوشىتىپ بېرىپ غايىب بولدى. كۈل رەڭ بۇلۇتلار 200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بوشلۇقتا تۈرۈلۈپ يۈرەتتى. يامغۇر بەزىدە قاتتىق، بەزىدە پەسلەپ قالاتتى. مومدىن پۈتكەن ساھىبجامال چىرايلىق جۇۋاۋا تۈگدى. يەنە ھاراق ئالدى، قورۇما قورۇدى. ئۇ چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە ئىشىكنى ئەتتى ۋە تاماق سېلىپ قويدى...... ئۇ ھېلىقى تەشتەكتىكى ساختا گۈلگە خۇشياقمىغاندەك بىرپەس

قاراپ، كىيىمنى سېلىپ، خىزمەت كىيىمنى كىيدى. مۇزلاتقۇنى ئاچتى، ئۆلۈكتىن سېسىق ھىد كەلدى، مۇزلاتقۇنى يېپىپ قويدى. بۈگۈن ھۆسن تۈزەيدىغان ئۆلۈك يوق ئىدى.

يامغۇر ئاۋازى ئىچىدە كۆزنى يۇمغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ:

— مەن ئۆلۈكلەر بىلەن ھەپىلىشىمەن، ئېغىر ئالمامسەن؟— دېدى.

كۈلكىسى قورقۇنچلۇق ھەم رەزىل ئىدى.

— ئېغىر ئالمايمەن، — دېدى فىزىكا مۇئەللىمى كارىۋاتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قەسەم قىلغاندەك، — ئېغىر ئالمايمەن!

ھۆسن تۈزگۈچى يوتقىنىنى قايرىپ ئېچىۋەتتى، يالىڭاچ پۇتلىرى كۆرۈندى ۋە كۆپنى كۆرگەن ئايالدەك ئەدەپسىزلىك بىلەن:

— يوتقانغا كىرە! — دېدى.

## 2

ئالاھىدە ھۆسن تۈزگۈچىنىڭ خىزمەت ئۆيىنىڭ بىر ئاچقۇچى ئىدارە باشلىقىنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇ ئىشكىنى ئېچىپ، لى يۈچەننىڭ ئېگىكىنى ئالقىنىغا قويۇپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ھىم، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا، — 8- ئوتتۇرا مەكتەپتىن تېلېفون كېلىپ، ھېلىقى فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ جەسىتى بىلەن قاچان ۋىدالاشقىلى بولاركىن، دەپ ئالدىرىتىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئاغزى ئېللىپىس شەكىللىك كامارغا ئوخشاپ قالدى.

— چارچاپ كەتمىگەن بولسىڭىز، ساقال - بۇرۇتلىرىنى قىرىپ، يۈز - كۆزنى يۇيۇپ قويۇپلا بولدى قىلىڭ. ئىشقىلىپ،

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىكەنغۇ، ئابرۇيلۇق ئەربابمۇ ئەمەسكەن، — ئىدارە باشلىقى ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى كۆيۈنۈپ تۇرۇپ سىلاپ، نەمخۇش لېۋى بىلەن بويننى سۆيۈپ قويدى، — ھېلىقى يوغان قورساق سىزنى نەچچە كۈندىن بېرى بەك چارچىتىۋەتتى، بىلىمەن! شەھەردىكى رەھبەرلەر ئىنتايىن رازى، سىز مېنىڭ پەخرىم، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئىدارە باشلىقى كەيىنگىزدىن قۇچاقلاپ، كۆكسىگىزنى سىلىدى: بۇ ھەرىكەتكە ئۇ ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئادەتلەنگەن ھەرىكەتكە سىز داۋاملىق قىزغىن ئىنكاس قايتۇراتتىڭىز. ئۇ يېنىدىكى ئاچقۇچ بىلەن خىزمەت ئۆيىگىزنىڭ ئىشىكىنى ئاچاتتى؛ كەينىگىزدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ كۆكسىگىزنى سىلايتتى، سىز قايرىلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشەتتىڭىز، ئاندىن ئىككىڭلار ئىتتىرىشىپ، قۇچاقلىشىپ دېگۈدەك ئېگىزلىكى 100 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 100 مىللىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 200 مىللىمېتىر كېلىدىغان، ئۈستىگە قاردەك ئاپئاق كىرلىك يېپىلغان ھۆسىن تۈزەش كارىۋىتىغا چىقاتتىڭلار، سان - ساناقسىز ئۆلۈك ياتقان بۇ كارىۋات ھەر يان چايقىلىپ يايراپ كېتەتتى. ئىدارە باشلىقى كېلىشكەن ئاق كۆڭۈل ئەركەك ئىدى. بۇ يىل خالىسانە قان تەقدىم قىلىشتا 2000 مىلىلىتىر قان يىغىلغانىدى (بۇ ھەقتە شەھەردە چىقىدىغان گېزىتتە خەۋەر بېرىلدى). ئۇ سىزنى گۈللەر ياقىلىتىپ قويۇلغان پەلەمپەينىڭ يېنى بىلەن ئېلىپ ھۆسىن تۈزەش كارىۋىتىغا چىقىشقا دەۋەت قىلدى، سىز چىقمىدىڭىز. ھۆسىن تۈزگۈچى ئۇنىڭ قۇچىقىدا 180 گىرادۇس ئايلاندى. پېشانىسى ئۇنىڭ لېۋىگە توغرىلىنىپ قالدى. ئۇ پېشانىگىزگە ئۇچ قېتىم سۆيدى. بۇنى ھېس قىلىپ بېشىگىزنى ئېگىز كۆتۈردىڭىز، بىر - بىرىڭلارغا قارىشىپ تۇراتتىڭلار، تىنىق ئېلىۋاتقان ئاغزىڭلار، دۈكۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىڭلار بىر - بىرىگە ئۇدۇل (ھۆسىن

تۈزگۈچىنىڭ يۈرىكى ئوت تەرەپتە ئىدى. بۇنداق ئادەم ئون مىڭنىڭ ئارىسىدىن بىرسى چىقاتتى). يۈرىكىڭىزدە يالغاندىن ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەن غايەت زور قايغۇ ـ ھەسرەت سادىر بولغانىدى. باشلىقىڭىزنىڭ قويىندا پۈتۈن ئەزايىڭىزنىڭ بوشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىڭىز. ئۇ قوۋۇرغىڭىزدىن تۇتۇپ كۆتۈردى. قوللىرى كۈچلۈك ئىدى. سىز سارغىيىپ كەتكەن قارىياغاچ چېچەكلىرىدەك يېنىكلەپ، لۈكچەكلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ خورلۇق تارتقان قىزچاققا ئوخشاپ قالدىڭىز. سىز دىمىقىڭىزدا:

ــ باشلىق...... قانداق قىلغۇلۇق؟ دەڭە، قانداق قىلغۇلۇق؟ــ دېدىڭىز.

ــ قەدىرلىكىم، قانداق قىيىنچىلىققا يولۇقتىڭىز؟ــ دېدى ئۇ سىزنى چىڭ قۇچاقلاپ ھەم توختىماي سۆيۈپ،ــ سىزنى باشقا بىر ئەر ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ ياكى سىز باشقا بىر ئەرگە مەپتۇن بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

ــ جۆيلۈمەڭ! جۆيلۈۋاتىسىز! ــ دېدى ھۆسن تۈزگۈچى ئىدارە باشلىقىنىڭ قولىقىنى سوزۇپ نازلانغان ھالدا.

ــ قانداق ئىش سىزنى بۇنچىلىك پەرىشان قىلىۋەتتى.

ــ ھېلىقى...... ئوتتۇرا مەكتەپ مۇئەللىمىنىڭ جەستى يوق تۇرىدۇ!

ــ قۇرۇق گەپ! ــ دېدى ئىدارە باشلىقى،ــ ئالتۇن، كۈمۈش ئوغرىلايدىغانلار بار، ئەجەبا جەسەت ئوغرىلايدىغانلارمۇ بارمۇ؟

ــ راستىنلا يوق تۇرىدۇ.

ــ جەسەتنى نەگە قويغانىدىڭىز؟

ــ مۇزلاتقۇغا.

ئىدارە باشلىقى تامغا چاپلاپ قويۇلغان يوغان مۇزلاتقۇنى

ئاچتى. مۇزلاتقۇدا بىرمۇنچە چىقىرىندىلار بىلەن نەچچە قارا سولياۋ قەغەز خالتا تۇراتتى.

— جەسەتنى مۇشۇ ساندۇققا سالغانمىدىڭىز؟— دەپ سورىدى ئىدارە باشلىقى.

— ھەئە، ئاشۇ ساندۇققا سېلىپ قويغانىدىم.

— جەسەت پارغا ئايلىنىپ كەتكەنمىدۇ؟— دەپ ئىدارە باشلىقى ئۆتكۈر كۆزلىرىنى سىزگە مىختەك قادىدى.

يۈرىكى پوك - پوك بولسىمۇ، غەزەپ بىلەن:

— ماڭا نېمىشقا بۇنداق تىكىلىپ قارايسىز؟ جەسەتنى ئوغرىلاپ ئۆيۈمگە ئەكېتەمدىم؟ ئادەم گۆشى يېسەممۇ، سېمىزنى ھەم ياشراقنى تاللاپ يەيمەن،— دېدى.

ئىدارە باشلىقى كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئاندىن مۇزلاتقۇنى، تامنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىنى، ھەربىر دېرىزىنى ئەستايىدىل كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزدى، ھەتتا ھۆسن تۈزەش كارىۋىتىنىڭ ئاستىغا كىرىپ تەكشۈردى.

— بۇ ئىشنى تىلغا ئالماڭ،— دېدى ئىدارە باشلىقى،— 8- ئوتتۇرا مەكتەپ تەرەپكە چۈشەنچە بېرىشكە مەن مەسئۇل. ئەمما، مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۇ ئىشنى چۈشەنمەك تەس.

## 3

ئەتىدىن كەچكىچە، ھېلىقى غايەت زور مايمۇننىڭ قولى كاللىسىدا توختىماي ئەكس ئېتىپ تۇردى. مايمۇننىڭ قولى چاك كەتكەن (چاك كەتكەن يەرگە چىگە يىپ بىلەن شۇددە ئارىلاش نەرسىلەر كەپلەپ قويۇلغانىدى) كىمدە تۇراتتى. پارقىراق تىرناقلار چاقناپ تۇرغان كۆزدەك كۆك ئاسمانغا، ئاپئاق بۇلۇتلارغا، كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان چايكىلارغا تىكىلگەنىدى. كۆل رەڭ دولقۇنلار

ئېرىنچەكلىك بىلەن كېمىگە ئۇرۇلاتتى. ياماق چۈشكەن يەلكەن كونا بايراقتەك قايغۇلۇق ھالەتتە ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. قولنىڭ ئارىلىقىدا بەدىنىنى سېرىق تۈك باسقان ئوغۇل بوۋاق بىلەن چىرايى سارغايغان، بىردىنلا قېرىپ 100 ياشقا كىرگەن بوۋايدەك بولۇپ قالغان ئوغۇل بوۋاقنىڭ ئاتىسى گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. مايمۇن ئانىنىڭ ناخشىسى كىنودىكى مۇزىكىغا ئوخشاش تەكرار - تەكرار ياڭرايتتى.

ھۆسىن تۈزىگۈچىنىڭ تەپەككۇر ئادىتى تۇ شاۋيىڭنىڭ تەپەككۇر ئادىتى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق: ھېكايىنىڭ ئارىلىقىدا پىكىر قىلاتتى ۋە ئىشلەيتتى.

ھۆسىن تۈزىگۈچى 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ياتىقىغا ۋېلىسىپىتلىك ياكى ئاپتوبۇستا، ياكى پىيادە مېڭىپ بارغانمىدۇ؟ ئۇ خەلق باغچىسىنىڭ رېشاتكىسى سىرتىدا ئايلىنىپ يۈرگەنمىدۇ؟ ئېگىز پىتسېيە قارىغىيىدىن يالتىراق ماي تەپچىرەپ چىقىپ، ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن قارىغاينىڭ خۇشبۇي پۇرىقى بۇرنىغا ئۇرۇلغانمىدۇ؟ ئۆيى بىلەن «گۈزەل دۇنيا» نىڭ ئارىلىقى پەقەت 200 مېتىرلا چىقامدۇ؟ توپتوغرا 10 كىلومېتىر چىقىدۇ — بايان قىلغۇچى خەلق باغچىسىدىكى چاتقاللىقتا يوشۇرۇنىدى. چاتقاللىقتا ئۇنىڭ (ھۆسىن تۈزىگۈچىنىڭ) نۇرلۇق كۆزلىرى كۆرۈنىدى. چۈشكۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. شەرق شامىلى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۈركىرەشلىرى بىلەن ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بەتبۇي پۇراقلارنى ئەكەلدى.

ناۋادا ۋاقىت كەچكە بېكىتىلسە، بۇ يېڭى تۇرمۇشتا تۇنجى ئاخشامنىڭ باشلانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بايان قىلغۇچى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى: مومدىن پۈتكەن ساھىبجامال يېمەكلىكنىڭ تەڭشەپ تەييار قىلىنىشىنى، داچيۇ بىلەن شاۋچيۇ كەچلىك تاماقنى، فاڭ فۇگۇي ھۆسىن تۈزىگۈچىنى ساقلاپ

تۇراتتى. ھۆسەن تۆزىگۈچى بىغىر رەڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ، مەيدىسىنى كېرىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.
سىز ئىشكتىن كىرگۈچە ئاقۇچ بىر تال تابلېتكىنى ئاغزىڭىزغا سالدىڭىز، لېكىن يۇتۇۋەتمىدىڭىز، تىلىڭىزنىڭ ئۇچىدا ئېرىپ كەتكەن دورىنىڭ ھىدىنى ھېس قىلدۇق: يېرىمى چۈچۈمەل، يېرىمى تاتلىق، يۇتۇۋەتمەك تەس ئەمەس ئىدى. سىز تەجرىبىلىك ئادەمدەك تىلىڭىزنى ئايلاندۇردىڭىز، ئېغىز بوشلۇقىڭىز غىدىقلىنىپ، بەز يولى زور مىقداردا شۆلگەي ئاجراتتى. ئېغىز بوشلۇقىڭىزدا شۆلگەي بىلەن دورا، دورىنى ئاسانلا يۇتۇۋەتتىڭىز. بۇنى ھايال ئۆتمەي بىلىپ قالدۇق.
ئۇ يەنە بىرگە، سىزنىڭ يانچۇقىڭىزغا يىل بويى مۇشۇنداق ئاقۇچ دورا سېلىپ يۈرىدىغانلىقىڭىزنى دەپ بەردى. غەمكىن بولۇپ قالغان چاغدا، دورا سىزنى روھلاندۇرۇپ، خۇشال قىلىپ؛ ھاياجانلىنىپ، تەلۋىلىشىپ كەتكەن چاغدا، دورا سىزنى تەمكىن ھەم مۇلايىم قىلىپ قويىدىكەن.
سىز ئۆيگە كىرىپلا سىمتاناب تۈۋرۈكتە مۇھەببەتلىشىۋاتقان قۇشقاچقا ئوخشاش ئۆزىڭىزنى خۇشال ھەم تېتىك تۇتتىڭىز، خۇرۇم بەتىنكىنى سېلىۋېتىپ، كېپىش، ئىشتاننى سېلىۋېتىپ، فۇچۇ رەختتىن تىكىلگەن يوغان كالتە ئىشتان كىيدىڭىز، شۇ ئارىلىقتا سىزگە ئالتە كۆز تىكىلىپ قاراپ تۇردى.
سىز داچيۇ بىلەن شاۋچيۇنى ئىتتىرىپ ئۆڭكۈرگە كىرگۈزۈۋەتتىڭىز. ئىككى ئوغۇل بالا ئاغزىنى بۇزۇپ غودۇراپ كەتتى.
شەھەر چىراغلىرىنىڭ يورۇقى بۇرۇنقىدەك ئۆيگە چۈشۈپ تۇراتتى. ھۆسەن تۆزىگۈچى فاڭ فۇگۈيگە قاراپ، مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ، ئاستا:
— قانداق بولدى؟ بىرەرسى بىلىپ قالمىغاندۇ؟ — دېدى.

فاڭ فۇگوۋېنىڭ يۈزىدىكى قورۇق يىغىلىپ قالدى، ماش رەڭ فورمىسىغا بىر قەۋەت رەڭلىك بور توزۇندىلىرى قونغانىدى. فاڭ فۇگوۋېنىڭ ئاغزى ئاچچىق بولۇپ كەتكەندەك بىر خىلدا خىڭىلدايتتى.

— بىرىنچى كۈنى ئادەتلىنىپ كەتمەك تەس، — دېدى خۇسىن تۈزىگۈچى ۋە ئالدىغا مېڭىپ فاڭ فۇگوۋېنىڭ بۈرنىنىڭ ئۇچىغا لېۋىنى تەگكۈزۈپ قويدى. خۇسىن تۈزىگۈچى لېۋىنى سەل تەگكۈزۈش ئارقىلىق ناھايىتى چوڭ تەسەللى بەرگەنلىكىنى ئۇ ئۇچۇق ھېس قىلدى، پەرىشان كۆڭلى كونا نورى چۈشكەندەك يورۇپ كەتتى.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئۆزىڭىز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ئۇ ئىكەنلىكى ھەر ۋاقىت يادىڭىزدا بولسۇن. يۈزىڭىز، تىلىڭىز، يۈرىكىڭىز، يەلكىڭىز ئۇنىڭ...... ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، سىز دېمەك ئۇ دېمەك!

ئۇنىڭ دېيىشىچە: خۇسىن تۈزىگۈچىنىڭ چۈشىنىكىسىز گەپلىرىدىن فاڭ فۇگوي يۈزىدىكى قات - قات قورۇقلار شالاڭلاپ، خىلى - خىل ئاۋازمۇ توختاپ قېتىپ قالغان بىلەكلىرىنى ئاستا ھەرىكەتلەندۈرگەن. تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خۇسىن تۈزىگۈچىنىڭ يۇمىلاق يەلكىسىنى سىلىغان. خۇسىن تۈزىگۈچى ياقىسى ئويما كۆڭلەك كىيگەن، يەلكىسى ئوچۇق، كۆكسىنىڭ ئېرىقچىسىدىكى ئىنچىكە تۈكلەر قىيا تاشتىكى نەمخۇش موخقا ئوخشاپ قالغانىدى.

خۇسىن تۈزىگۈچى ھېچقانداق رەت قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولمىدى. داۋاملىق ئىلگىرىلەش توغرۇلۇق بېشارەتمۇ بەرمىدى. ئۇ ئالاھىدە پۇرىقى بىلەن خۇشبۇي پۇراق چېچىپ مېيىقىدا كۈلۈپ تۇراتتى.

خۇشبۇي پۇراق بىلەن تەبەسسۇم ئارىلىقىدا، تۇ شاۋېڭنىڭ

ئىرىنى سىغىنىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان يىغا ئاۋازى كەلدى. چۈشتىلا كۆرۈلىدىغان قاشاڭ مەنزىرە پەيدا بولدى. فاڭ فۇگۇي يىڭىلا كەرگەن قاناتلىرىنى يىغىۋالغان زور قۇشتەك قوللىرىنى يىغىۋالدى. ئۇ بىزگە شۇنداق دېدى.

— ئەرلەر ھەممىشە مۇشۇنداق، — ھۆسن تۇزىگۇچى فاڭ فۇگۇينى خىيالىي تۇيغۇدىن سۆرەپ ئاچىقىۋالدى - دە، — بۇرۇنلا دېگەنىدىم، تۇ شاۋيىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىڭ، مېنىڭ ھەسەت قىلىدىغان يولۇم يوق!

ھۆسن تۇزىگۇچى كۆڭلىكىنى يىرتىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ يۇزىدىكى قورۇقلار يەنە قويۇقلىشىپ كەتتى. ئۇ خۇشبۇي پۇراقنىڭ مەنبەسى بىلەن يىغىنىڭ مەنبەسى ئارىلىقىدا گويا قۇياش بىلەن ئاينىڭ تارتىش كۈچى ئارىلىقىدا تۇرغاندەك تۇراتتى. ئۇ فىزىكىدىكى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولمايدىغان قائىدىگە خىلاپلىق قىلالمايتتى. قۇياشقا ئىنتىلەتتى، فىزىكا ئىلمىنىڭ سىرلىقلىقىنى نامايان قىلماقچى بولاتتى.

ھۆسن تۇزىگۇچى ئاشخانا ئۆيدە تاماق ئېتىش بىلەن بەند ئىدى. ئۇ ھەيكەلتىراشتەك بىر ئادەمنىڭ بېشىنى تاراشلاپ چىقتى، مەقسەت پۇل تېپىش ئىدى. ئەمما، بىر ئادەمنىڭ بېشىنى فاڭ فۇگۇيگە بەرگەن چاغدا ئېچىنىش بىلەن سەل ئازابلاندى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئاشخانا ئۆيگە كىردى، ھۆسن تۇزىگۇچىنىڭ كىرپىكلىرىنىڭ نەمدىلىپ قالغانلىقىنى كۆردى، ئۇ يەنە ھۆسن تۇزىگۇچىنىڭ بىلەكلىرىنى سىلىدى، ھۆسن تۇزىگۇچى:

— بىراۋنىڭ كۆڭلى باشقىلارغا قاراڭغۇ ئىكەن! — دېدى.

ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات ئۆزگىرىشىنى ئېنىق ئېچىپ بەرمەكچى بولغان ھەرقانداق ئەدىب، ئەخمەق، سىيدام تەسۋىر مەڭگۈ غالىب بولىدۇ، بايان قىلغۇچى شۇنداق دېدى.

بايان قىلغۇچى فىزىكا مۇئەللىمى بىلەن ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ ئاشخانا ئۆيدە قولمۇقول كەچلىك تاماق ئېتىشۋاتقانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ ياخشى ماسلاشقانلىقىنى، چۈشىنىش ھاسىل قىلغانلىقىنى، ئۇزاق مۇددەت بىللە چېنىققان يېقىن ھەمراھلاردەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى دېدى. ھۆسن تۈزىگۈچى قىڭراقنى كېرەك قىلىدىغان چاغدا، قىڭراق قۇشتەك ئۇچۇپ قولىغا چىقاتتى. تەخسە كېرەك بولۇپ قالغان چاغدا، تەخسىلەر كېپىنەكلەردەك ئۇچۇپ ئالدىدا پەيدا بولاتتى. شۇ چاغدا شاۋچيۇ ئىككى قېتىم مىلەگۈزىنى قايرىپ، يۇملاق بېشىنى چىقىرىپ:

— ئاتا، ئانا، كەچلىك تاماق تېخىچە تەييار بولمىدىمۇ؟ ئاكام تامنى تېشىۋاتىدۇ! — دېدى.

مىلەگۈزە تۇيۇقسىز چۈشۈپ كەتتى. ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. ئاشخانا ئۆيدە خۇشبۇي پۇراقلار لەيلەپ يۈرەتتى. قازاندىكى ماي ۋىژىلدايتتى. ئوچاقتىكى ئوتنىڭ تىللىرى ئولجىسىنىڭ ئاپئاق سۆڭىكىنى يالاۋاتقان سەپرا ھايۋان بالىسىنىڭ تىلىغا ئوخشاش قازاننىڭ تېگىنى يالاۋاتاتتى. ھۆسن تۈزىگۈچى بىردىنلا ئېتىلىپ بېرىپ، فىزىكا مۇئەللىمنى سۆيدى ھەمدە مەستانىلارچە:

— ئېرىم...... مېنىڭ ئۆز ئېرىم...... دېدى.

نەپسىنىڭ يامانلىقىنى ھېس قىلدىم، ئۇ مېنى كۈچلۈك قوللىرى بىلەن چىڭ قۇچاقلىدى. قەلبىمدە ئۆچمەنلىك، ھاۋايى - ھەۋەس، پەسكەشلىك بار ئىدى. ھۆسن تۈزىگۈچى شۇنداق دېدى. لېكىن، ئەڭ ئاساسلىقى ئەرلەرگە بولغان ئىنتىزارلىق ئىدى. بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا، مۇشۇنداق روھىي ھالەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزۈمنى ئاتقانىدىم. كېيىن چىشىنى قومۇرۇپ، باغرىنى ياردىم. مېنىڭچە، مەن شاللاق ئايال ئەمەس. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەرلەر شاللاق

ئايالLارغا ئامراق. بۇ گويا مۇشۇك، چاشقان ئويۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئوقەت قىلغىلى چىقىپ كېتىپ ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى. مەن راستىنلا ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇنى قايتىپ كەلمىسكەن، دەيمەن، ياق، ياق، كۆڭلۈم يەنىلا ئۇنىڭدا. مەن چىرايى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان، ئەمما ئۆزۈمنىڭ ئېرى ئەمەس بۇ ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەنمۇ؟ سوئالىڭغا جاۋاب بېرەلمەيمەن. سىياقنى ئۆزگەرتىۋاتقان چاغدىلا ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇشنى ئويلىغان بولغىيمىدىم؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيمەن، دەپ بايام دېگەن. ھەممە ئىشلار شۇنداق تۇغرا كېلىپ قالدى. ئۇ ئۆلدى. ھۆسنىنى مەن تونۇيدىم، ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئۇنى مۇزلاتقۇغا تىقىۋەتتى، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى تۇغرا كېلىپ قالغان ئىشلار ئىدى...... ئۇنى مەقسەتلىك ھالدا ئۆزۈمگە تارتىۋاتقاندىمەنمۇ؟ ۋۇجۇدۇڭدىكى پۇراقتا مەھلىيا بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمەيۋاتامسەن؟

— سىز...... نېمىدېگەن پۇراقلىق...... — دېدى فاڭ فۇگۇي مەست بولۇپ.

مۇشۇنداق چىرايى بار بىر ئەر بەدىنىڭدىن ئۆلۈكنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، دەپ مېنى تالاي قېتىم تەنقىدلىگەن. ئۇ ھەتتا چىشلىرىڭنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۆلۈكنىڭ ھىدى كېلىدۇ، دەيتتى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ مەدھىيەسىدىن قەلبىم مەست بولۇپ كەتتى. بەلكىم بىلمەيسەن، ئايالLار ئەرلەرنىڭ مەدھىيەسىگە زار. ئايالLار ئەرلەردىنمۇ شەپقەتلىك. ئۇ ۋۇجۇدۇمدىكى خۇشبۇي پۇراقتىن مەست بولۇپ كەتكەن تۇرسا، مەن نېمىشقا بېخىللىق قىلىمەن؟ بىلمىسەڭ كېرەك، ئايالLارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەقىقىي پۇراق ئەرلەرنىڭ قۇچاقلىشى ۋە سىلىشى ئارقىلىق چىقىدۇ، خۇددى چايقىغانسېرى ئېسىل شارابتىن خۇشبۇي پۇراق ئۇرغۇپ چىققاندەك ياكى گۈل - چېچەكلەرنى يانجىپ، ئۇنىڭدىن مۇئەتتەر

ئالغاندەك، تاققا - تۇققا گەپلىرىمدىن قۇسۇر تاپما، مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا، رەئىس جۇمھۇرىنىڭمۇ گەپلىرى قولاشماي قالىدۇ. ئەمما، مەن پەقەت ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن ئادەتتىكى ئايال. ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلىغان چاغدا، يۈرىكىم سوغۇق كۆلۈۋاتاتتى. بېلىنىڭ تۈۋىنى قىزىپ كەتكەن چاغدا، مېنىڭ بېلىمنىڭ تۈۋىنىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى. بىراق، قەلبىم يەنىلا سوغۇق كۆلۈۋاتىدۇ. تۇ شاۋىيىگنىڭ يىغا ئاۋازى چاچلىرىمنىڭ يۇرىقىنى بىسىپ چۈشەلمەيتتى. قانداقتۇر بىرنەرسىنى سەزگەندەك خۇددى تامدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، ئاۋازلار توسالغۇسىز ئېقىپ كىرىدىغان ئىرىق ھاسىل بولغاندەك تۇ شاۋىيىگنىڭ يىغىسى تۇيۇقسىزلا كۈچىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ تىلىمنى چىشلەپ تۇرغان ئاغزى بىردىنلا بوشاپ، قوللىرىدىمۇ جان قالمىدى، تېمپىراتۇرىسى چۈشۈشكە باشلىدى. ئاڭلىنىپ تۇرغان يىغا ئاۋازى مەمنۇنلۇق ئەكس ئەتكەن سوغۇق كۈلكىگە ئايلاندى. ئۇ ئالدىمدا، مەن ئۇنىڭ كەينىدە تۇراتتىم. تۇ شاۋىيىڭ يوغان رۇس سىيىرىنىڭ ئەمچىكىگە ئوخشاش ئەمچىكىنى دىڭگايتىپ زىغىر رەڭ يالغان ئەجنەبىي چاچلىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ ماڭا خىرىس قىلىۋاتاتتى. بەل قويۇۋەتمەسلىكنى ئويلىدىم. قۇچاقلىسام ئۆزۈمنىڭ ئىرىنى قۇچاقلىدىم! چىرايى ئىرىمنىڭ چىرايى! دېدىممەن. تۇ شاۋىيىڭ خىجىل بولماي:

— تېنى ئىرىمنىڭ تېنى، — دېدى ۋە فاڭ فۇگوينىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆيدىكى قىممەتلىك بۇيۇملارنى ساناپ بەرگەندەك ساناپ بەردى. تۇ شاۋىيىڭ فاڭ فۇگوينى تارتىشقا، سۆرەشكە باشلىدى. تېمپىراتۇرىسى چۈشتى. داۋاملىق چۈشۈۋاتاتتى. ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— مەكتەپ رەھبەرلىكىنى ئىزدەڭ! ئىرىڭىزنىڭ ئۆلگەنلىكىنى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ بىلىدۇ! جەسىتىنى تېپىپ

ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلىرى يېرىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى! كۆپىيىش ئەزاسىدا بىر تال خال بارلىقىنى مەكتەپتە ھېچكىم بىلمەيدۇ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېنىغا بېرىشقا سىزدە يۈرەك بارمۇ؟ — دېدىم.

تۇ شاۋيىڭ يىغىسىنى توختاتتى. ئۇ بىچارىلەرچە غودۇڭشىيتتى، رۇس ئاياللىرىغا خاس كۆكسى بېلىگە ساڭگىلاپ چۈشكەندى. بۇنداق باغرى تاشلىق قىلغانلىقىمنى مەندىن سورىما، ئايال بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىدا مۇلايىملىق يوق. ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببەتلىشىشى؟ مۇھەببەتلىشىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ روھىي ھالىتىنى بىلمەيمەن. مېنى ئەيىبلىمە، فاڭ فۇگۈيىنى پەيلەپ قويدۇم، قارىلىق كېيگەن، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان تۇل ئايالغا ئۇۋال بولدى. ئاياللارنىڭ ئازابىنى ئەرلەردىن ئوبدان بىلىمەن. فاڭ فۇگۈي يەنە ئالجىشقا باشلىدى، تېمپېراتۇرىسى داۋاملىق ئۆرلەۋاتاتتى. تېمپېراتۇرىسى كۆتۈرۈلگەنسېرى، كارىۋاتتا كىرلىكنى چىشلەپ يېتىپ تۇرۇپ، يىغىسىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن تۇ شاۋيىڭغا ئېرىنى مەن تارتىۋالغاندەك ھېسداشلىق قىلغۇم كەلدى. يالغان ئېيتالمايمەن، فاڭ فۇگۈينىڭ تەلۋىلىكىگە تەلۋىلىك بىلەن، يۇقىرى تېمپېراتۇرىسىغا يۇقىرى تېمپېراتۇرا بىلەن جاۋاب قايتۇرۇۋاتقان بولسامۇ، ئەينى چاغدا شۇنداق ئويلىدىم......

مىلەڭزە يەنە كۆتۈرۈلدى...... شاۋچيۇ يۇمىلاق بېشىنى چىقىرىپ:

— ئىككىسىنىڭ قۇچاقلىشىپ يېتىپ كەتكىنىنى، قورسىقىمىزنىڭ ئاچقىنى بىلەن كارىڭلار بولمامدۇ؟ سىلەرگە دەپ قوياي، ئاكام تامنى تېشىۋەتتى!

شاۋچيۇنىڭ پاراكەندە سېلىشى بىلەن، ئىككىسى نائىلاج ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ھەر ئىككىسى ئاغزىدا قالغان تەمنى

تامشپ، داستىخانغا كەچلك تائامنى ئالدىراش ئەكەلدى. هۆسن تۈزنگۈچى شاچيۇ بىلەن داچيۇنى چاقىرىپ، مومدىن پۈتكەن ساهبجامالنىڭ تامىقىنى تەڭشەشكە باشلىدى.

فىزىكا مۇئەللىمى بىلەن ئىككىسى مومدىن پۈتكەن ساهبجامالغا تاماق يېگۈزدى. مومدىن پۈتكەن ساهبجامال قوشۇقنى چىشلەپ قويۇپ بەرمەيتتى. هۆسن تۈزنگۈچى فاڭ فۇگۈينىڭ تەرلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى مومدىن پۈتكەن ساهبجامالنىڭ كۆزىدىن نېرى قىلىۋەتتى.

داچيۇ بىلەن شاۋچيۇ تاماقنى بەك تېز يېدى، هۆسن تۈزنگۈچى:

— تەربىيە كۆرمىگەنلەر، ئاتاڭلار تېخى كەلمىدى، قورۇمنى يەپ تۈگىتىۋەتتىڭلارغۇ! — دېدى.

يۈزنگە چاڭ - توزان قونۇپ كەتكەن داچيۇ يۈزنى ئېرتىۋېتىپ:

— ئانا، ئاتام بالدۇرلا قايتىپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟ — دېدى.

— ئاتام ئانامنى ئاشخاندا چىشلەپ بېشنى ئايلاندۇرۇۋەتتى، — دېدى شاۋچيۇ.

ئاغا - ئىنى ئىككىسى هەييارلىق قىلىشىپ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىشتى.

ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم. يۈزىدىكى قورۇقلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. دەستىسگە پىلاستىر چاپلانغان كۆزئەينىكى سىيرىلىپ توختىمىغاچقا، كۆزئەينىكىنى داۋاملىق كۆتۈرۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولاتتى. كۆزلىرى ماڭا يۈرىكىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاجراپ، تامدىن ئۆتۈپ، ياندىكى ئۆيدە خوتۇنىغا دىققەت بىلەن قاراپ بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇۋاتاتتى.

هۆسن تۈزنگۈچى كۆڭلەكنى سالدى. كۆكسى ئېچىلىپ

قالدى، ئۇ لۆڭگە بىلەن كۆكسىنىڭ ئېرىقچىسىدىكى يالتىراق تەرنى سۈرتتى. ئۇ:

— زورلىمايمەن، يېنىغا كىرىڭ،— دېدى.

فاڭ فۇگۈي ئورنىدىن تۇردى، كۆكسىگە قاراشقا پېتىنالماي بېشىنى تۆۋەن سالدى، خىجىل بولۇۋاتقانلىقى ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. كۆكسۈمگە مەپتۇن بولۇپ قالغانلىقىنى، مەپتۇنلۇقنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقان پوزىتسىيەسىگە ئېتىبارسىز قارىيالمايمەن. ئۇ ئاستا چىقىپ كەتتى. ئاينىڭ كۈمۈشتەك نۇرلىرى كۆكتىن تاراملاپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قورۇنىڭ ۋە ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى بىردىنلا بېيىپ كېتىپ كېلىدۇ، بىرسى ياندىكى ئۆيدىن دەككىسىنى يەپ قايتىپ چىقىدۇ؛ ئۇ دەسمايىنىمۇ تۈگىتىپ ئوقەت قىلىشنىڭ مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى دەپ، سالپىيىپ كەلسە، ئۇنى ئەيىبلىمەيمەن ھەم روھىنى كۆتۈرمەيمەن؛ ئۇ ئىللىق كونا كارىۋىتىدا ئۆزىنى ئەسلىي تەسەۋۋۇرىدىكىگە ئوخشاش بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قونۇپ قالسىمۇ مەيلى؛ قوشنا بىلەن ئاشنا ئويناش ئەمەلىيەتتە مالنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن بىلەن ئوخشاش ئىش. ئاقىۋەتتى مەيلى قانداق بولسۇن — مەيلى ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا قايتىپ كەلسۇن، بىرلا ۋاقىتتا كارىۋىتىمغا قىستىلىپ چىقسۇن — ھەر ئىككىسىنىڭ رايىغا باقىمەن.

ياندىكى ئۆيدىن ئېچىنىشلىق ھەم كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بايان قىلغۇچىنىڭ دېيىشىچە، ھۆسن تۈزىگۈچى تازىلىق قەغىزى بىلەن قۇلىقىنى ئېتىۋالغانىدى. ئاندىن كېيىن يېرىم يالىڭاچ بولۇۋېلىپ تاماق يېدى. مۇزلاپ قالغان قورۇمىنىڭ ئۈستىدە چوشقىنىڭ چوڭ ئۈچيىنى يۇغان مەينەت سۇدەك بىر قەۋەت ئاقۇچ ماي لەيلەپ تۇراتتى. ئۇ قورۇمىنى قاچىغا تۆكۈپ، ئۈستىگە ئازراق ھاراق، جياڭيۇ ۋە ئازراق ئاچچىقسۇ

قوٗيۇپ، چوكا بىلەن ئېلىشتۇرۇپ، شاپىلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

ئاڭلىساق: ئۇ سۇيۇق قورۇمىنى ئىچىۋېتىپ يىغلىغان، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش قاچىسىغا چۈشكەن. نېمىشقا يىغلايسىز؟ دېسەك، ھەسرەت بىلەن يىغلاۋاتقان ھۆسن تۈزنگۈچى كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— نېمىدېگەن گۆدەكلەرچە سوئال! — دېدى.

## 4

شەھەردە چىقىدىغان گېزىت خەۋىرى:

شەرقىي شىمال يولۋىسى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلدى.

(ئۆز خەۋىرىمىز) شەھىرىمىزدىكى خەلق باغچىسىنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىدىكى توققۇز ياشلىق شەرقىي شىمال يولۋىسىنى بىر لۈكچەك ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى شىلىپ ئېلىپ كەتكەن. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، قاتىل يولۋاسنى ئاۋۋال زەھەرى كۈچلۈك دېھقانچىلىق دورىسىغا چىلانغان كالا گۆشى بېرىپ زەھەرلەپ، ئاندىن تېرىسىنى شىلىۋالغان. مۇتەخەسسىسلەر قاتىل كۈندۈزى سەيلە قىلغان بولۇپ باغقا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالغان، كېچىسى چىقىپ قاتىللىق قىلغان، دەپ تەھلىل قىلغان. شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ دېلوغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلۇۋاتقان چاغدا مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئەقلىدىن ئازغان بىرسى ۋەھشىيلىك بىلەن مۇشۇنداق يامان ئىشنى قىلغان. بۇ شەھىرىمىزگە قىلىنغان ھاقارەت. شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى يولۋاس تېرىسىنى شىلىۋالغان لۈكچەكنى

تۇتۇش ئۇچۇن ئاتلاندى.

شەھەردە چىقىدىغان گېزىت خەۋىرى:

شەرقىي شىمال يولۋىسى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدى، باشقۇرغۇچى خادىم ئۆلۈۋالدى (ئۆز خەۋىرىمىز). يېقىندا، گېزىتىمىزدە شەھەرلىك خەلق باغچىسى يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىدىكى توققۇز ياشلىق شەرقىي شىمال يولۋىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلگەندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ غەزىپى قوزغىلىپ، كۆپلىگەن ئاما گېزىتخانىمىزغا خەت يېزىپ قانۇنسىز ئۇنسۇرنىڭ جىنايى قىلمىشىنى كۈچلۈك ئەيىبلىدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ پائال ھەرىكەتلىنىپ، جىنايەتچىنى بالدۇرراق قولغا ئېلىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ غەزىپىنى بېسىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆز مۇخبىرىمىزنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن خەۋەر تېپىشچە، يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىدىكى باشقۇرغۇچى خادىم يولۋاس تېرىسىنىڭ شىلىۋېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ يەردىلا ئايلىنىپ قالغان. ئېسىگە كېلىپ قول - پۇتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ قالايمىقان سۆزلەشكە باشلىغان. باغچا رەھبەرلىرى سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى بىر ئۆيگە سولاپ قويغان. كۆڭۈل قويۇپ داۋالاش ئۇچۇن دوختۇر چاقىرغان. ئالدىنقى كۈنى ئۇ ئەسلىگە كەلگەن، ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچىلار ئۇنىڭ ساقىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، رەھبەرلىكتىن يوليورۇق سورىغان ھەم ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، داۋاملىق خىزمەتكە سېلىش مەقسىتىدە ئۇنى قويۇپ بەرگەن. بۈگۈن ئەتىگەن يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بېرىش ئۇچۇن يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىغا بارغان باقمىچى ئۇنىڭ شەرقىي شىمال يولۋىسىنىڭ قەپىسىدە ئۆلۈۋالغانلىقىنى بايقىغان.

شەھەردە چىقىدىغان گېزىت مۇلاھىزىسى:

يىرتقۇچ يولۋاسنىڭ تېرىسى شىلىۋېلىنغاندىن كېيىن......

گېزىتىمىزدە خەلق باغچىسى يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىدىكى

سۈرلۈك يىرتقۇچ شەرقىي شىمال يولۋىسىنى بىر لۈكچەك ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى شىلىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بېرىلگەندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەردىكى 800 مىڭ خەلق غەزەپلەندى. ئازاب بىلەن ئويلاندى.

## باللارنىڭ كۆز يېشى

مۇخبىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گېزىتخانىغا يازغان بىر تۇتام خېتىنى كۆتۈرۈپ، شەھەرلىك «بۈيۈك» باشلانغۇچ مەكتىپىنى زىيارەت قىلدى. مەكتەپ مۇدىرى ۋە تەلىم تەربىيە مۇدىرى مۇخبىرىمىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەم مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى. مەكتەپ مۇدىرى مۇنداق دېدى:

— «يۈخۇڭ» باشلانغۇچ مەكتىپى شەھىرىمىزدىكى تارىخى ئۇزاق، مائارىپ سەۋىيەسى ئەڭ يۇقىرى بولغان نۇقتىلىق مەكتەپ، ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ليۇ چاڭجىن، بىيولوگىيە تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى سۇ جىڭۋېن، داڭلىق باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى نيۇ خۇاخۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «يۈخۇڭ» باشلانغۇچ مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشتا: يۇقىرى ئۆرلەش نىسبىتىنى بىر تەرەپلىمە قوغلاشماسلىق، ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپقا سولىۋېلىپ ئۇلارنى بەدەن شەكلى ھەرقىسما، كىتاب خالتىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق پىرىنسىپىنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانىكەن. تەلىم - تەربىيە مۇدىرى مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىدىغانلىقى، داۋاملىق دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە تەشكىللەيدىغانلىقى

توغرىسىدا سۆزلىدى. مەسىلەن، باھار سەيلىسى، تاغقا چىقىش، خەلق باغچىسىنى سەيلە قىلىش، خەلق باغچىسىدىكى مايمۇنلار تېغى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيى «يۇخۇك» باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا ئەڭ تونۇشلۇق جاي ئىكەن. ئوقۇغۇچىلار ھەربىر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ نامىنى دەپ بېرەلەيدىكەن. شۇڭا، شەرقىي شىمال يولۋىسىنىڭ تېرىسى شىلىۋېلىنغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ساۋاقداشلار ئازابلىنىپ يىغلاپ كېتىشكەن.

مەكتەپ مۇدىرى مەكتەپ ھويلىسىدىكى غايەت چوڭ بىر پارچە تاختىنى كۆرسەتتى. مۇخبىر قارا تاختىغا رەڭلىك بور بىلەن سىزىلغان بىر ئالا - چىپار يولۋاسنى، ئۇستىدىكى باللار يازغان: «كاڭ كاڭ، خاتىرجەم ياتقىن» دېگەن قىزىل خەتنى كۆردى. تەلىم - تەربىيە مۇدىرى مۇخبىرغا شەرقىي شىمال يولۋىسىنىڭ ئىسمىنىڭ كاڭ كاڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. قارا تاختىنىڭ ئاستى تەرىپىگە تال چىۋىقىدىن توقۇلغان بىر گۈل سېۋىتى قويۇلغانىدى. مۇخبىر گۈل سېۋىتىدىكى قۇرۇپ قالغان بىر دەستە گۈل، يەتتە تال توخۇ پاچىقى، دۆملەپ پىشۇرۇلغان ئۈچ تال تاسما بېلىق، ھايۋانلار شەكلىدىكى بىر دۆۋە پىرەنىك، ھەر خىل رەڭلىك بىر دۆۋە قەنت - گېزەكنى كۆردى......

مەكتەپ مۇدىرى:

باللار يېمەكلىكلىرىنى ئىقتىساد قىلىپ، كاڭ كاڭنىڭ روھىغا تەزىيە بىلدۈردى، دېدى.

— لۈكچەكنىڭ جىنايى قىلمىشى باللارنىڭ بىغۇبار قەلبىنى شىكەستىلىدى. لۈكچەكنىڭ ۋىجدانىي تۇيغۇسى تېخى يوقاپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە ئۆزىنى ئەيىبلىشى كېرەك، — دېدى تەلىم - تەربىيە مۇدىرى.

— بىز كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە،

ھېسسىياتداش ۋە رەھىمدىللىك قىلىپ تەربىيەلەيمىز. ئادەم بىلەن تەبىئەت بىر پۈتۈن نەرسە، ئەمما بەزىلەر ئىپتىدائىي ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىپلا قالماي، ياۋايى ھايۋانلارنى قالايمىقان تۇتۇۋاتىدۇ، ھەتتا ھايۋانات باغچىسىدىكى يولۋاسنىڭ تېرىسىنىمۇ شۇلۇپ ئەكەتتى...... ۋەھشىيلىك، ۋەھشىيلىك!

مۇخبىر مەكتەپ مۇدىرىغا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىۋاستە پاراڭلىشىش ئۈمىدىنى ئېيتتى، مەكتەپ مۇدىرى تەنەپپۇس ۋاقتىدا مۇخبىرنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولدى.

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. تەلىم - تەربىيە مۇدىرى گالىستۇك تاقىغان ئون نەچچە ئوقۇغۇچىنى ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. ئوغۇل - قىز ساۋاقداشلارنىڭ چىرايلىرى تارتىشىپ كەتكەنىدى.

كۆزلىرى قاپقارا ھەم يوغان، سېمىز بىر قىز گەپ قىلا - قىلمايلا يىغلاپ كەتتى. تەلىم -تەربىيە مۇدىرى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ بىرھازا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يىغىسىنى توختىتىپ، ئۆكسۈگەن ھالدا:

— مۇخبىر تاغا...... يۈەن يۈەن بىلەن فاڭ فاڭ نېمىدېگەن بىچارە...... ئۇلارنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتتى...... — دېدى.

(يۈەن يۈەن بىلەن فاڭ فاڭ شەرقىي شىمال يولۋىسى ۋە ئافرىقا شىرىدىن بولغان شالغۇت نەسىل ئىدى، گېزىتىمىزدە ئۇلارنىڭ سۈرىتى بېرىلگەن.)

بىر ئوغۇل بالا:

— مۇخبىر تاغا، ھېلىقى ئەبلەخ، ھېلىقى ئەبلەخ تۇتۇلدىمۇ؟— دېدى.

مۇخبىر كاڭ ئىسىملىك بۇ ئوغۇل بالىغا ئۇ لۈكچەكنىڭ تادان بولغاچقا، تېخىچە تۇتۇلمىغانلىقىنى — لۈكچەكنىڭ جەزمەن تۇتۇلىدىغانلىقىنى، ساقچى تاغىلارغا ئىشىنىشى كېرەكلىكىنى

دېدى.

ئوغۇل بالا:

— نېمىشقا ساقچى باشلىقى مۈشۈكنى يۆتكەپ كەلمەيدۇ؟ شۇنى يۆتكەپ كەلگەن بولسا، دېلونى بىر مىنۇت ئىچىدە پاش قىلغان بولاتتى! — دېدى.

مۇخبىر لۈكچەك تۇتۇلسا لۈكچەكنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇق سورىۋىدى، كاڭ كاڭ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ:

— توغراپ قىيما قىلىپ، يۇەن يۇەن بىلەن فاڭ فاڭنىڭ يېمىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش كېرەك، — دېدى.

لۈكچەك ئەدلىيە ئورۇنلىرى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە تېگىشلىك جازاغا تارتىلاتتى، ئەلۋەتتە. قىممەتلىك ھايۋاننى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈشتەك جىنايى قىلمىشىدىن بالىلارنىڭ قاتتىق نەپرەتلەنگەنلىكىنى كۆپچىلىككە بىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇخبىر بالىلاردىن سوئال سورىغانىدى.

## يولۋاس ئۆلۈكىنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ياشانغان كىشى

مۇخبىر كاڭ كاڭنىڭ تېرىسى شىلىۋېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، سۈرەتكە تارتقىلى ماشىنا بىلەن نەق مەيدانغا باردى. بەت ۋە ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن، سۈرەت ھازىرغىچە گېزىتكە بېرىلمىدى. نەچچە كۈنگە سوزۇلغان مۇزاكىرىدىن كېيىن، كۆپچىلىك سەتچىلىكنى يوشۇرماسلىق، گېزىتكە بۆگۈنكى ماقالىگە قوشۇپ سۈرەتنىمۇ بېرىۋېتىش كېرەك، دېيىشتى (ئىككىنچى بەتكە). مۇخبىر نەق مەيدانغا يېتىپ بارغاندا، بىر توپ جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى بىرلا ۋاقىتتا يېتىپ باردى. كاڭ كاڭ سولاپ قويۇلغان قەپەستىن خېلىلا يىراق يەردە تۇرغان مۇخبىرنىڭ بۇرنىغا قانىنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. قەپەسنىڭ ئەتراپىدا ئاق خىزمەت

كىيىمى ۋە قونچلۇق رېزىنكە ئۆتۈك كىيگەن خىزمەتچى خادىملار تۇرۇشاتتى. چىرايىدىن ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى بىلگىلى بولمايتتى. تېرىسى شىلىۋېلىنغان كالڭ كاڭنىڭ جەسىتى قەپەستە توغرىسىغا ياتاتتى. قۇيرۇقى تۈۋىدىن كېسىۋېتىلگەن، يولۋاسنىڭ گەۋدىسى بەك قىسقىرىپ كەتكەنىدى. تۈكلىرى پاخپايغان، قۇيرۇقى سۆلەتلىك، يەر - زېمىننى تىترىتىپ يۈرىدىغان تاغ پادىشاھى ھازىر بەدىنىدىن قان تېمىپ تۇرغان چاشقانغا ئايلىنىپ قالغانىدى. يولۋاس جەستىنىڭ يېنىدا چىرايى قارا بىر ياشانغان ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. قوللىرى ساڭگىلاپ چۈشكەن، بوينى تۈز، سەل - پەل ئالدىغا ئېڭىشكەن، قاراشلىرى ھەسرەتلىك ئىدى. بىرنەرسىگە قاراۋاتامدۇ ياكى بىرەر ئاۋازغا قۇلاق سېلىۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. بىر جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىمى قەپەسكە ئاۋايلاپ كىردى، پاكىززاق يەرنى دەسسەپ، يەردىكى قاندا قالغان ئاياغ ئىزىنى سۈرەتكە ئالدى. يەنە بىر جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىمىمۇ قەپەسكە ئېھتىيات بىلەن كىرىپ چاينالغان بىر پارچە گۆشنى(كالا گۆشى) ئاپئاق پەلەي كىيگەن قولى بىلەن ئېلىپ ئاق قاچىغا سالدى. كېيىن چىۋىنلەر ئۇچۇپ كېلىشتى. مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ تاماق يېيىشكە سىگنال بېرىلگەندەك، پۈتۈن شەھەردىكى چىۋىنلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ بۇلۇتتەك باستۇرۇپ كېلىشتى - دە، يولۋاسنىڭ جەستىگە، يەرگە ۋە قەپەسكە قونۇشتى. يولۋاسنىڭ قارىيىپ كەتكەن جەستى لۆمشۈپ كېتىۋاتقان غەلىتە ھايۋانغا ئوخشاپ قالدى. جەسەت يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ھېلىقى ياشانغان ئادەم چىۋىنلەرنىڭ ئارىسىدا قالغان بولسىمۇ، قارا تاشتىن تاراشلانغان ئادەم ھەيكىلىدەك مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى. مۇخبىر لۈكچەك قاچقان چاغدا ماڭغان لىنىيەنى كۆردى، چىۋىنلەرمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ (لۈكچەك ئايال بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى) تار سېمونت يولنى

بويلاپ، تونا بىلەن ئارچا دەرەخلىرىدىن ھاسىل بولغان تەبىئىي توسۇقنى ئاتلاپ، مۇشۇكئېيىق سارىيىدىن ئەگىپ، رېشاتكىدىن ئارتىلىپ چۇشۇپ «تىكىۋەتكەنىدى». شۇ لىنىيەنى بويلاپ ئالدىغا ماڭسا، «گۈزەل دۇنيا» نىڭ بۇلۇڭقا تاقاشقان ئېگىز تۇرخۇنى كۆرۈنۇپ تۇراتتى. كېيىن مۇخبىر خەلق باغچىسى پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ليۇ × نىڭ بىر پارچە ئاق رەخت ئەكېلىپ يولۋاسنىڭ جەسىتىنى ئوراپ قويۇش ئىشىنى بىرنەچچە ياش خىزمەتچى خادىمغا تاپىلاپ، ئاندىن مۇخبىرلارنى ئىشخانىغا كىرىپ چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، مۇخبىرلار ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى. ئۇ توپتوغرا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. بىركەمدە يولۋاسنىڭ جەسىتىنى ئاق رەختكە ئوراشقا ماڭدۇرۇلغان ھېلىقى بىرنەچچە ياش بىر كاناپ نوسىلكا كۆتۈرۈپ كەلدى. يولۋاسنىڭ قېنى يۇقۇپ مەينەت بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، نوسىلكىنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت سولياۋ سېلىنغانىدى. مۇخبىر يولۋاس جەسىتىنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ليۇ × مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەردىن يوليورۇق سوراپ، ئاندىن قارار چىقىرىلىدىغانلىقىنى دېدى.

يولۋاس جەسىتىنى قاتار كەتكەن ئىسكىلاتلارنىڭ بىرىگە كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ كېتىشتى. مۇخبىر قاراپ تۇردى. بىر ئايال خىزمەتچى خادىم، ئۇ ھايۋانات باغچىسىنىڭ توڭلىتىش ئىسكىلاتى ئىكەنلىكىنى، يىرتقۇچ ھايۋانلار كۈنىگە 900 جىڭدىن ئارتۇق گۆش يەيدىغانلىقىنى دەپ بەردى.

ھېلىقى ياشانغان ئادەم ھېلىھەم جايىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. يېمەكلىكتىن ئايرىلغان چىۋىنلەر تىت - تىت بولۇپ پىرقىراپ كېتىشتى، خىزمەت كىيىملىرىنى ھەم كىيگەن، ئالاھىدە يوغان ماسكا تاقىغان، كۆزلىرىدە قارا كۆزئەينەك، بىرنەچچەيلەن «پاقا» ماركىلىق پۈركۈش ماشىنىنى يۈدۈپ، چىۋىن ئۆلتۈرۈش دورىسى

چاچقلى قەپەسكە كىردى. بىر خىزمەتچى خادىم ياشانغان ئادەمنى قولتۇقىدىن يۆلىدى. ياشانغان ئادەم تۇيۇقسىزلا ۋارقىراپ يىغلاپ، كەيسىز ئوغۇل بالىدەك يەردە دومىلاپ كەتتى. پۈتۈن بەدىنى يولۋاسنىڭ قېنى، مايىقى ۋە سۆيدۈكى بىلەن بۇلغاندى. ليۇ × ئامال يوق، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.

مۇخبىر ليۇ × نىڭ ئاغزىدىن، يولۋاسنىڭ جەسىتى يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋالغان ياشانغان ئادەمنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، شۇ سارايدا 20 يىلدىن بېرى ئىشلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئىسمىنى ئالللىقاچان ئۇنتۇپ قالغاندى. چۈنكى، ئۇ داۋاملىق مايمۇنلار تېغىدا تۇرۇپ مايمۇنلارنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە ئاۋازىنى ئەينەن دوراپتتى. ياشلار ئۇنىڭغا «قېرى مايمۇن» دەپ لەقەم قويۇپ قويغاندى.

«قېرى مايمۇن» نىڭ سىياسىي قىياپىتىگە كەلسەك، كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ليۇ× مۇ ئېنىق بىرنەرسە دەپ بېرەلمىدى. ئىلگىرى ناھايىتى ياخشى بىر ئوغلى بارلىقىنى، ئارىلىقتا ماشىنىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىلا بىلەتتى.

## «قېرى مايمۇن» قانداق ئادەم؟

«قېرى مايمۇن» نىڭ يولۋاسنى ئۆز ئوغلىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەن روھىدىن تەسىرلەنگەن مۇخبىر ئۇنى مەخسۇس زىيارەت قىلماقچى بولدى. بەختكە قارشى ياشانغان ئادەم ئېلىشىپ قالدى. بىر ياش ئۇنى قەپەستىن سۆرەپ ئاچىقتى. ئۇ ئۆزىنى شەرقىي شىمال يولۋىسى دېۋالدى ۋە يولۋاسنىڭ تېرىسى شىلىنىپ، قۇيرۇقىنىڭ كېسىلىپ كېتىلىشى پەقەت دەھشەتلىك

جازانىڭ باشلىنىشى، يولۋاس ئەمدى سۆڭىكىنى گۆشىدىن ئاجرىتىپ ئېلىۋېلىشتەك ئېغىر قىيناققا دۇچار بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ سۆڭىكى ئالتۇندىن قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى، رېماتىزىم، قول - پۇت ۋە ئۇگىلەرنىڭ ئاغرىقىغا ئاجايىپ شىپا بولىدۇ، دەپ ۋارقىراپ كەتتى. يولۋاسنى دوراپ ئۆمىلەپ يۈگۈردى، سەكرىدى، بېشىنى چايقاپ، قۇيرۇقىنى تولغىدى. يولۋاستەك ھۆركىرىدى. ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ شىر بىلەن يولۋاستىن بولغان ئىككى يىرتقۇچ (يۈەن يۈەن بىلەن فاڭ فاڭ) مۇ ھۆركىرەپ كەتتى ھەم يولۋاسقا، ھەم شىرغا ئوخشىغان ئىككى غايەت زور يىرتقۇچ ھايۋان قەپەستە تەلۋىلەرچە سەكرەيتتى، قەپەسكە باشلىرىنى ئۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن ياندا تۇرغان ئادەملەرنىڭ يۈرەكلىرى جىغىلداپ كېتەتتى. ئىككى ساقچى تاپانچىسىنى چىقىرىپ قوللىرىغا ئالدى؛ تاپانچىسىنى چىقارمىغان ساقچىلارنىڭ قولى تاپانچىنىڭ غىلىپىدا ئىدى. تاپانچىسىنى چىقىرىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇراتتى. ياشانغان ئادەم قەپەسنىڭ سىرتىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ:

— يۈەن يۈەن، فاڭ فاڭ، باللىرىم...... قىساس ئېلىڭلار، — دېدى.

شىر بىلەن يولۋاستىن بولغان ئىككى يىرتقۇچ بېشىنى قەپەسنىڭ رېشاتكىسىغا تىرەپ ئېچىنىشلىق ئاۋازدا بوزلايتتى. قايغۇ ۋە نەپرەت ئەكس ئەتكەن كۆزلىرىدىن يېشىل ياشلار تاراملاپ ئاقاتتى.

— «قېرى مايمۇن»، نېمە غەلۋە قىلىسەن؟ — خەلق باغچىسى پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق، — نېمە قىلىق بۇ؟ قايتىپ كەت!

ئۇ ئورنىدىن ئۆمىلەپ، دۈمچەيگەن ھالەتتە تۇردى. سىرلىق چاقنىغان كۆزلىرى ئېزىتقۇ ئوتقا ئوخشايتتى.

مۇخبىر فوتو ئاپپاراتىنى ئۇنىڭ يۈزىگە توغرىلىدى. ئۇ

شاقىدە قەددىنى رۇسلاپ، بېشىنى كۆتۈردى. تۇختىماي پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى تۇراقلىشىپ، نۇرلىنىپ كەتتى. بۇ ھال ھەقىقەتەن كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى — قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان ياشلارنىڭ كۆزلىرى ئاشۇنداق نۇرلىنىپ تۇراتتى. قاپقارا چىرايىغا بارا - بارا قىزىللىق يۈگۈرۈپ ياشلارنىڭ چىرايىغا ئوخشاش قىزاردى. مۇخبىر ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە: «ياخشى ئاپپارات...... ياخشى ئاپپارات...... چىرايلىق ئاپپارات...... چىرايلىق ئاپپارات......» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

ئۇ توساتتىن ئولجىسىغا ئېتىلغان يىرتقۇچ يولۋاستەك ئېتىلدى— زەئىپ ۋە ئېگىلىپ قالغان بەدىنىدە بىر خىل چەبدەسلىك كۆرۈلدى — مۇخبىر فوتو ئاپپاراتىنىڭ زاتۇۋرىنى باسقۇچە، فوتو ئاپپارات ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى. ئۇ فوتو ئاپپاراتنى ئېلىپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ قېچىپ كەتتى. دەرەخلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئۆتۈپ، يالغان تاغدىن ھالقىپ، خۇشاللىقىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ھەرىكىتى ۋە ئاۋازى ھەقىقەتەنمۇ قېرى مايمۇننىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئاۋازىغا ئوخشايتتى. مۇخبىر، ساقچى، باغچىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى بىرلىكتە تەرەپ - تەرەپتىن قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ، قولىدىن ئاپپاراتنى ئېلىۋالدى.

لىيۇ × ئۇنى بوش ئۆيگە كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ سولاپ قويۇشقا بۇيرۇدى. مۇخبىر لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قاڭالتىر قاپلانغان ئىشىكنى تاڭشىتىپ ئۇرۇپ:

— ئاپپاراتنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار! قورالىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار! سىلەرنىڭ پەسكەش كۆرۈنۈشۈڭلارنى ئەمدى تارتمايمەن! ياق، سىلەرنى پاش قىلىمەن...... — دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

باغچىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە،

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىنىڭ ئاپپارات خۇمارى بار ئىكەن. ئىلگىرى كونا بىر ئاپپاراتى بولغان. ئۇ ئاپپاراتنى تاغدىكى مايمۇنلار ئۇنىڭ قولىدىن بۇلاپ ئەكېتىپ بۇزۇۋەتكەنىكەن. ياچېيكا شۇجىسى لىيۇ × ئۈچ يىل ئاۋۋال شەھەر ئەتراپىدىكى بىر يېزىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن. ئۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرى باش كۆتۈرمەي ئىشلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى، نەتىجىسىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى دېدى. ئۇ شىر بىلەن يولۋاسنى مۇۋەپپەقىيەتلىك جۈپلەشتۈرگەن. پۈتۈن شەھەر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋان — يۈەن بىلەن فاڭ فاڭنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. لىيۇ × نىڭ دېيىشىچە، شىر بىلەن يولۋاسنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك جۈپلىشىشى جۇڭگودا تېخى بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئىكەن. دۇنيادىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىكەن (ئافرىقىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك بىر ھايۋانات باغچىسى بىلەن مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپ بىيولوگىيە فاكۇلتېتى بىرلىكتە بۇ تۈرنى سىناق قىلغان، شىر بىلەن يولۋاستىن بىر ئارسلان تۇغۇلغان، ئەمما ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن). ئۇ ئۆز خىزمىتى ئارقىلىق خەلق باغچىسىغا شان - شەرەپ ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئەكەلگەن (شىر بىلەن يولۋاسنىڭ بالىسىنى كۆرگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن). لىيۇ × يولۋاس تېرىسىنى شىلىپ ئەكەتكەن ئادەمنى كەسكىن ئەيىبلىدى. ئۇ لۈكچەكنىڭ بىر يىرتقۇچ يولۋاسقا زىيانكەشلىك قىلىپلا قالماي، مۇنەۋۋەر بىر زاتنىڭ ئېلىشىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى؛ يىرتقۇچ يولۋاسنىڭ باھاسى بولسا، سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى، بىر مۇنەۋۋەر زاتنىڭ باھاسىز ئىكەنلىكىنى، ھەرقانچە پۇل خەجلەپمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مۇخبىر يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىنىڭ ئارخىپىنى كۆرگىلى باغچىنىڭ كادىرلار بۆلۈمىگە كىردى. ئارخىپ باشقۇرغۇچى

ئايال «قىرى مايمۇن» نىڭ ئارخىپىنى توپا بېسىپ كەتكەن بىر ئىشكاپتىن ئېلىپ بەردى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش شۇكى، ئارخىپنىڭ ئىسىم يېزىلىدىغان كاتەكچىسىگە «يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى» دەپ يېزىلغانىدى. خۇددى بۇ ئۇنىڭ ئىسمىدەك. يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىنىڭ ئارخىپ خالتىسىدا سارغىيىپ كەتكەن بىر پارچە كونا گېزىتتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. بۇ تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى.

مۇخبىر ئايال ئىش بېجىرگۈچىدىن گۇمانلىق مەسىلىلەرنى سورىدى، ئۇ ئايال قاشلىرىنى لىكىلدىتىپ، خاپا بولغان ھالەتتە:

— مەن يېڭى يۆتكىلىپ كەلگەن، — دېدى.

ئەگەر يەنە گەپ سورىغان بولسا، سوئالىغا ئۇ ئايال تىرناقلىرىنى سىلىقلاۋاتقان كىچىك قايچىدىن چىققان غاچۇر - غۇچۇر ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەرگەن بولاتتى.

## يولۋاس سۆڭىكى نەگە كەتتى

مۇخبىر زىيارەت داۋامىدا، بەختكە قارشى يولۋاس تېرىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىگە چېتىلىپ قالدى. بىر خىزمەتچى خادىمنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە:

ئۇدا نەچچە كۈن ئىشخانىغا ئۇزۇلمەي تېلېفون كەلگەن. جىنايەتچىنىڭ تۇتۇلغان - تۇتۇلمىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن كەلگەن تېلېفونلاردىن باشقا (ئۇندىن بىرنى ئىگىلىگەن)، قالغان تېلېفونلارنىڭ ھەممىسى يولۋاس سۆڭىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. مۇخبىر پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنى زىيارەت قىلماقچى بولدى، ھەر قېتىم بارغاندا قۇرۇق قايتىپ كېلەتتى. ليۇ × نىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىسا، خادىملار يا بىشىنى چايقايتتى، يا بىلمەيدىغانلىقىنى دەيتتى. خەۋەرنىڭ راستلىقىنى

ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇخبىر ئىسكىلاتنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقان ئىسكىلاتچىنى توك ئىسكىلاتىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىشكە قايىل قىلدى. مۇخبىر يولۋاس جەسىتى ئورالغان ئاق رەختنى قايرىدى، نوسىلكىدا بىر دۆۋە سېسىپ كەتكەن گۆش تۇراتتى. يولۋاسنىڭ بىرەر تال سۆڭىكىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مۇخبىر ئامبارچىدىن يولۋاسنىڭ سۆڭىكىنىڭ دېرىكىنى قىلدى. ئامبارچى بىلمەيدىغانلىقىنى، توك ئىسكىلاتىدا قانچە ئاچقۇچ بار، بۇنىڭدىنمۇ خەۋىرى يوقلۇقىنى دەپ:

— يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىپ سىزگە نېمە كەپتۇ؟ باغچا رەھبەرلىرىمىزنىڭ يولۋاس سۆڭىكىگە خىيانەت قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ. يولۋاس سۆڭىكىنى ئاپىرىپ بېرىشكە تېگىشلىك يەرگە ئاپىرىپ بېرىدۇ، — دېدى.

— جۇڭيى دورىلىرى دۇكىنىغا ئاپىرىپ بېرەمدۇ؟ — دەپ سورىدى مۇخبىر.

ئۇ نارازى بولغان قىياپەتتە:

— مېنى كولدۇرلىتىۋاتامسىز؟ — دېدى.

— بۇ يولۋاس ئۆتكۈر دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلگەن. يولۋاس سۆڭىكىدە جەزمەن زەھەر بار. ئۇلار قورقمامدۇ؟

— ئاللىقاچان خىمىيەلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن زەھەرلەنگەن ئەمەسكەن. ناركوز دورىسى بېرىلگەنىكەن.

— ئۇلار ناركوز بولۇشتىن قورقمامدۇ؟

— ئەجەب گېپىڭىز تولىكەن!

مۇخبىر لۇغەتنى ئاختۇرۇپ كۆردى. لۇغەتتە: يولۋاس سۆڭىكى جۇڭيى دورىسى، تەبىئىتى سەل مۆتىدىل، تەمى ئاچچىق. ئىقتىدارى: يەلنى ھەم نەملىكنى يوقىتىپ، مۇسكۇلنى چىڭىتىدۇ.

ئاساسەن مۇسىۋۇل ئېگىلمەسلىك، سوزۇلماسلىق، يۆتكىلىپ ئاغرىش، پۇت - تىز يىگىلەش قاتارلىق كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ. يولۋاس سۆڭىكىدە كالتسي فوسفات ۋە ئاقسىل بار.

چاغلىق نەرسە ئىكەنغۇ، يولۋاس سۆڭىكى.

ياق، ئۇ كارامەت نەرسە.

## ئۇ نېمشقا ئۆلۈۋالدى؟

يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچىغا قارىغان شاۋۋاڭ ئىنكاس قىلىپ:

— «قېرى مايمۇن» خۇددىنى بىلمەي قالغان چاغدا، ھەمىشە: ۋايجان! جېنىم قىينىلىپ كەتتى! ئۇلار سۆڭىكىمنى، گۆشۈمنى ئاجرىتىۋاتىدۇ! سۆڭىكىمنى گۆشۈمدىن ئاجرىتىۋاتىدۇ! يۈەن يۈەن، فاڭ فاڭ، ئۇنتۇپ قالماي قىساسىمنى ئېلىڭلار!— دەپ تۇۋلاپ كېتەتتى. مەن چېقىشىپ، «‹قېرى مايمۇن!› سۆڭىكىڭنى گۆشۈڭدىن كىم ئاجراتتى؟» دەيتتىم. ئۇ خۇددى بىرسى سۆڭىكىنى گۆشىدىن ئاجرىتىۋاتقاندەك تولغىنىپ، ئۇلار، ئۇلار كالا سويىدىغان پىچاقنى ئەكەلدى...... دەپ جېنىنىڭ بارىچە كارىۋاتنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى ئاتاتتى. تارتىپمۇ چىقارغىلى بولمايتتى. مەن، بولدىلا، قېرى مايمۇن، جۆيلىمە، ئۇلارغا يولۋاس سۆڭىكى لازىم. ساڭا ئوخشاش مايمۇننىڭ سۆڭىكىنى نېمە قىلىدۇ؟ مايمۇن سۆڭىكى ئاغرىققا شىپا بولامدۇ؟— دەيتتىم. ئۇ ئۇلار ئۈچ مايمۇننى ئۆلتۈردى. سۆڭىكىنى يولۋاس سۆڭىكى بىلەن بىر كىملەرگە سوۋغا قىلدى، ئۇلار مايمۇن مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى ئىچتى...... دەيتتى. ئۇلار كىم؟ دەپ سورىسام، ئۇلار...... ئۇلار...... دەيتتى، كېيىن دوختۇر ئوكۇل ئۇرۇپ ئۇنى ئۇخلىتىۋېتەتتى. ئۇخلاۋاتقاندا گويا بىرسى راستىنلا سۆڭىكىنى

گۆشىدىن ئاجرىتىۋاتقاندەك پۈتۈن بەدىنى تارتىشىپ كېتەتتى......

— ئۇلۇشكۈن ئەتىگەن «قېرى مايمۇن» نورمال ھالىتىگە كەلدى. «قېرى مايمۇن»: «مەن ياخشى بولۇپ كەتتىم، رەھبەرلەرگە دە، مېنى خىزمەتكە قويسۇن» دېدى. رەھبەرلىك قوشۇلدى، ئۇ قويۇپ بېرىلدى. كىم بىلسۇن، بۇ قېرى ئەبلەخ مۇنداقمۇ كەم ئەقىللىك قىلامدۇ؟ ھەي، بۇ «قېرى مايمۇن» نىزە! دېدى.

مۇخبىر نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى، «قېرى مايمۇن» نىڭ جەسىتى يەرگە قويۇپ قويۇلغانىدى. كاناپ نوسىلكىدا ياتقان قېرى مايمۇننىڭ جەستى ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك كىچىكلەپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىشتىنىنىڭ تاسمىسىنى قەپەسىنىڭ شادىسىغا چىگىپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانىدى.

يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ چىرايلىرى ئەپ ئەمەس ئىدى. يىرتقۇچ ھايۋانلار ھۆركىرىشىۋاتاتتى. يۈەن يۈەن بىلەن فاڭ فاڭ قەپەستە بۇ تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. بوغۇزىدىن يىراقتا چاقماق دۈملەۋاتقاندەك شىر - شىر قىلغان بىر خىل ئاۋاز چىقاتتى.

مۇخبىر ئاخىر پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ليۇ × بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ بارماقلىرى ئارىسىغا بىر تال تاماكىنى قىستۇرۇۋالغانىدى. مېنى كۆرۈپ كەلدى. گەپ - سۆز قىلماي، بىر پارچە قەغەزنى ئالدىمغا سۇرۇپ قويدى.

قەغەزگە قىڭغىر - قىيسىق ئىككى قۇر خەت يېزىلغانىدى: جەستىمنى يۈەن يۈەن بىلەن فاڭ فاڭ يېسۇن!!!

— ۋەسىيەتنامىمىكەن؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىلەر قانداق قىلاي دەيسىلەر؟

ــ بۇ چوڭ ئىش، بىز ئىگە بولالمايمىز، ــ دېدى ئۇ يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، مازاق قىلغاندەك بىر خىل تەلەپپۇزدا، ــ روھى ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

مۇخبىر «قىبرى مايمۇن» ھايات ۋاقتىدا تۇرغان كاتەكتەك ئۆينى كۆردى. يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئۆيدە سايمان ۋە يېمەكلىكلەر بار ئىدى. بىر كارىۋات، سوپۇن سالىدىغان بىر كونا ياغاچ ساندۇق، ساندۇقتا تولۇق كۆيۈپ بولالمىغان تاۋار تاشلىق ئالبومنىڭ كۈلى تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆلۈۋالدى.

قەدىرلىك دوستلار، بىز مۇشۇ گۈزەل كىچىك شەھەردە ياشاپ، داۋاملىق يېرىم كېچىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلايمىز. لېكىن، ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگەك قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. يۈرگىنىمىزنى قولتۇقلاپ ياكى خوتۇنىمىزنى يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ، خوتۇن - باللىرىمىز بىلەن بىرلىكتە يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىنى ئايلىنىمىز، يولۋاسنىڭ غەيۇر قامىتىنى تاماشا قىلىمىز. شىر بىلەن يولۋاستىن بولغان ئارسلانلارنىڭ غەلىتە تۇرقىغا سەپسالىمىز. چىلبۆرىلەرنىڭ رەزىل ئەپتىنى مازاق قىلىمىز (ئۇلار قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئاسان كۆرۈنمەيدۇ). چارچاپ كەتكەن يىلپىزغا قاراپ ھەيران بولىمىز...... ئەمما، ئىسىم - فامىلىسى ئۇنتۇلغان ياشانغان بىر ئادەمنى بىلمەيمىز.

مەزكۇر ماقالە تۈگىدى، بىراق ئىش تۈگىمىدى.

يولۋاس تېرىسى بىلەن يولۋاس تېرىسىنى شىلىۋالغان جىنايەتچى قېنى؟

يولۋاس سۆڭىكى (ئارىسىغا ئۈچ تال مايمۇن سۆڭىكىمۇ ئارىلىشىپ قالغان بولسا كېرەك) سەندىمۇ؟

«قىبرى مايمۇن» ئىسمىڭ نېمە؟

# 5

فىزىكا مۇئەللىمى سەنتۈرۈلۈپ قايتىپ كەلدى. ھۆسن تۈزىگۈچى قولىدىكى قاچىنى قويۇپ، كۆڭلىكىدە يالىڭاچ بەلكىسىنى ئورىۋالدى. ئۇ مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ تىنىقى بارا ـ بارا قۇلىقىغا يېقىنلاشتى.

ھۆسن تۈزىگۈچى كەينىگە قارىماي، سوغۇق ئاۋازدا:

— قانداق؟ نېمشقا ئۇنىڭ كارىۋىتىدا قونۇپ قالمىدىڭىز؟— دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى كەينىدە تۇرۇپ سەممىيلىك بىلەن:

— ئۇ...... ئۇ مېنى تىللىدى...... دېدى.

— نېمدەپ تىللىدى؟

— مېنى......

— نېمدەپ تىللىدى، — دېدى ھۆسن تۈزىگۈچى زاڭلىق قىلغاندەك، — لۈكچەك دېدىمۇ؟ مۇتتەھەم دېدىمۇيا؟ تۇل خوتۇنغا چېقىلدىڭ دېدىمۇ؟ يا بولمىسا كەچۈرۈك دوستۇم دېدىمۇ؟

— ئۇ مېنى، دانىنى مېنىڭكىدە يەپ، خەقنىڭ كاتىكىدە كاكىلايدىكەنسەن، دەپ تىللىدى......

ھۆسن تۈزىگۈچى «شاپپىدە» كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىككى پۇتىنى كېرىپ، ئېڭىكىنى ئورۇندۇقنىڭ قىرىغا قويدى. چىشلىرى پارقىرايتتى، بۇرۇتى ياپېيشىل، مازاق قىلغان تەلەپپۇزدا:

— قاچاڭدىكى تاماقمۇ ئېغىز تەگكۈزمىدىڭ، پەقەت قاچىنىڭ چۆرىسىنى يالاپلا قويدۇڭ، — دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئوچۇق تۇرغان ئىشىككە قارىدى. ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ مەنسىتمىگەندەك قىلىپ:

— فىزىكا مۇئەللىملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ زەكىرى يىگىلەپ

قالغانمۇ - قانداق؟— دېدى.
فىزىكا مۇئەللىمى ئىشكنى تاقاپ، ئويلىنىپ قالدى، ئىشكنى يەنە ئېچىپ دەلدەڭشىگەن پېتى ھويلىغا چىقتى. قورۇنىڭ ئىشكنى شەپە چىقارماي يېپىپ، يەنە دەلدەڭشىپ كەينىگە ياندى - دە، ئۆيىنىڭ ئىشكىنمۇ غىچىلداتماي يېپىپ قويدى.
ناھايىتى تەجرىبىلىك ئوخشايسەن!
— ياق، ياق، مەن دېگەن يېڭىياچى......
ئۇ يېقىنلاپ كەلدى، ئالدىمغا ئېتىلدى، مېنى ئورۇندۇق بىلەن بىللىلا قۇچاقلىدى، بۇ ئەر پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالدى. ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكى گۆشۈمنى ئاغرىتىۋەتتى. يۈرىكىمدە ئاغرىق سېزىمى يوق، ئاغرىق سېزىمى گۆشۈمدىلا ئىدى. ئۇ كېلىپ ئىشكنى ئاچسا قانداق قىلىمىز؟ جاۋاب يوق. ئىختىيارى.
ئۇ مېنى ئورۇندۇقتىن ئېلىپ قۇچاقلىدى، ئورۇق بەستى بوشلۇقتا ئېسىلىپ قېلىپ، ئۆزى خۇددى بىلمەي قالدى. ئۇ مېنى قۇچاقلاپ ئاشخانا ئۆيگە ئەكىردى، ئىختىيارى. غىچىرلاپ تۇرىدىغان كارىۋاتقا قويدى. ئىختىيارى. كارتون قەغەز تۇرغان تەرەپتىن شەپىسى كەلدى. ئۇ چىقىپ تاشقىرىقى ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئىختىيارى.
كارىۋاتتىن ئاجايىپ قاتتىق ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئىختىيارى. ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلىدى. ئىختىيارى. ناۋادا ئۇ كەلسە ئىشكنى چېكىش كېرەكمۇ - يوق؟ قىساس ئالسىچۇ...... ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىش كېرەك...... ھۆسن تۇزىگۈچى بېشنى چايقىدى. بۇ خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلاش لازىم. ھەممە ئىش ئىختىيارىغا باغلىق.
بايان قىلغۇچى دېدىكى: بۇ ئازاب ۋە شادلىق گىرەلىشىپ كەتكەن بىر قېتىملىق يوشۇرۇن ئاشنا ئويناش. فاڭ فۇگۇي ھەم

ھۆسن تۈزىگۈچى ئۈچۈنمۇ شۇنداق. ياڭراق ۋە ئېچىنىشلىق بۇرغا ئاۋازىدىن يىلىك لەرزىگە كېلىپ، ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا خۇدىنى يوقىتىپ كارىۋاتقا يىقىلدى. بىلەكلىرى چىرمىشىپ، بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلىدى، ئىككى يۈرەك بىر - بىرىگە چاپلاشتى. يۈرەكلەر خۇددى يېڭىدىن مۆڭگۈز چىقىپ بېشى قىچىشىپ بىر - بىرى بىلەن ئۈسۈشۈۋاتقان موزايلاردەك تېپچەكلەپ كېتىۋاتاتتى.

ئىككىسى مۇشۇنداق قۇچاقلىشىپ چۈش كۆردى. ئۇلارنىڭ چۈشى ئادەتتىكى چۈشكە سېلىشتۇرغاندا پەرق ناھايىتى زور ئىدى: ئادەتتىكى چۈش ئادەتتىكى تېخنىكا بىلەن تارتىلغان رەڭسىز سۈرەت بولسا، ئۇلارنىڭ كۆرگەن چۈشى ئالاھىدە تېخنىكا بىلەن تارتىلغان رەڭلىك سۈرەت ئىدى.

بايان قىلغۇچىنىڭ قەپەسىنىڭ پىنھان يېرىگە يوشۇرۇنۇپ، فىزىكا مۇئەللىمى بىلەن ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ رەڭلىك سۈرەتتەك چۈشلىرىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى، ئۆزى كۆرۈۋاتقان پەلىپەتىش ئىشلارنى بىزگە دەپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، گەپ - سۆزلىرى تۇتۇق — ئاغزى بىلەن قۇلىقىمىز ئارىلىقىغا ھەمىشە ياشانغان بىر ئايالنىڭ سىيماسى قىستۇرۇلۇۋالاتتى. ئاپئاق چاچلىرى مەينەت، ئەزايى - بەدىنى پوق - سۈيدۈك، پىتلار يامراپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆپ قاتلاملىق بايانىنىڭ تۈگۈنى ئىدى. شۇڭا، ئاۋاز، پۇراق، رەڭ، ھەرىكەت ھەممىسى قۇتىدا ساقلىنىۋاتقان شەخسىي مۈلۈك ئىدى. چوڭ تىپتىكى كىنونىڭ باش رېژىسسورى، غايەت چوڭ مۇزىكا ئۆمىكىنىڭ دىرىژورى، ئۈچ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان باش قوماندان.

## ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ چۈشى

ھۆسن تۈزىگۈچى خەلق بانكىسىنىڭ ئېگىز پەشتاختىسىنىڭ

سىرتىدا (پەشتاختا بىلەن ئۆينىڭ تورۇسى ئارىلىقىغا قەلەمنىڭ
سېپى توملۇقىدا پولات چىۋىق بىلەن توقۇلغان سىم تور تارتىلغان)
تۇراتتى. ئۇ پولات قەپەسكە سولاپ قويۇلغان ئىككى بانكا
خىزمەتچىسىگە قورقۇمسىراپ قارايتتى. ئېغىرلىقى پۈتۈنلەي
يوق بولۇپ كەتكەن كاللىسى ئىچىگە لىققىدە ھىدروگېن
قاچىلانغان شارغا، بوينى شارنى تارتىپ تۇرغان ئىنچىكە تانىغا
ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. شار يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى.
بەدىنى پەسكە تارتىشىپ تۇراتتى. ئەر خىزمەتچى خادىم
ئاپئاق كۆڭلەك كىيگەن، قىزىل گالستۇك تاقىغان، گالستۇكىغا
سېرىق ئىلغۇچ قىستۇرۇۋالغان، ئايال خىزمەتچى قارا كۆڭلەك
كىيگەن، ئاق گالستۇك تاقىغان. گالستۇكىغا سېرىق ئىلغۇچ
قىستۇرۇۋالغانىدى. ئۇ تارتىشىپ ئىنچىكىلەپ كېتىۋاتقان بويىنىنىڭ
ئاغرىقىغا چىداپ، سىم تورنىڭ ئاياغ تەرىپىدە، تۆت بۇرجەك
كۆزنەكتە تۇراتتى. سىم تورنىڭ ئىچىدە ياش ئەر - ئايال بىر -
بىرىگە قارىشىپ، چۈشىنىش ھاسىل قىلغاندەك كۈلۈپ قويۇشتى.
ئۇ پۈتۈن ئەزايىنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەر -
ئايال خىزمەتچىنىڭ كۈلكىسى بىلەن، ئىككىسىنىڭ بەدىنىدىن
ئەتراپقا يىرتقۇچ ھايۋانلار سارىيىدىكى يىرتقۇچلارنىڭ ھىدى
تارقالدى. بۇ چاغدا ئۇ ھىدروگېن تولدۇرۇلغان شارنىڭ توختىماي
تورۇسقا تېگىپ، شاردىن «دوڭ - دوڭ» قىلغان ئاۋاز
چىقىۋاتقانلىقىنى سەزدى. قول سومكىسىنىڭ بېغىنى چىڭ
تۇتقانىدى. بەدىنىدىكى سېرىق تۈكلەرنى بويلاپ ئاققان
تەرنىڭ ئايىغىنىڭ ئىچىگە يىغىلىۋاتقانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ
تۇراتتى. قەپەستىكى ئىككى خىزمەتچىنىڭ ئۆزئارا پارىڭى قۇلىقىغا
كىرىپ قالدى. نېمىنىڭ ھىدى — ئايال كىشىنىڭ ھىدى —
سېسىغان جەسەتنىڭ ھىدى — گۈلنىڭ خۇشبۇي ھىدى! —
ئۇ ئىككى خىزمەتچىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ قاتتىق ئەيمىنىپ

تۈگۈلۈپ كەتتى. بىرسى يېشىل تۈك باسقان، تىرناقلىرى پۈچۈلۈپ ئەگـرى ـ بـۈگرى بولـۇپ كەتـكەن يوغـان قـولنى كـۆزنەكتىن چىقىرىپ:

— ئەكېلىڭ! — دېدى.

ئـۇ ئىتائەتمەنلىـك بىـلەن قـول سومكىـسىنىڭ سىيرىتمىـسىنى سـىيرىپ، ئىچىـدىن فـارفۇر قـۇتىنى ئېلىـپ ھېلىقى يوغـان قولغا بەردى. يوغـان قـول فـارفۇر قـۇتىنى مىجىـپ، قۇتىـدىن ئـۈچ تـال ئالتۇن چىشنى ئالدى. ئۇ قاراپ تۇراتتى. ئـالتۇن چىشلار گويا بىـر تـوپ سـېرىق كېپىـنەكلەر ئـۆي ئىچىـدە پەرۋاز قىلىـپ يۈرگەنـدەك ئەتراپ ۋاللىدە يورۇپ كەتتـى. بـۇ چاغدا ئـۇ دۈمبىسىگە قـاتتىق ۋە مۇزدەك بىرنەرسىنىڭ تىرەلگەنلىكىنى سەزدى. كەيـنىگە ئۆرۈلـدى، ئايال خىزمەتچى ئالاھىدە يوغان كۆزئەينەكنى تاقاپ، قاپقارا يوغـان تاپانچىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرغانىدى. ئۇ:

— ياۋاشـلىق بىـلەن تاپـشۇر، ئـالتۇن چىـشلارنى نەدىـن ئالدىڭ؟— دېدى.

تاپانچىنىـڭ ئىـستوۋۇلى ماتكىـسىغا كىرىـپ كېتىۋاتقانـدەك، قانـداقتۇر بىرنەرسـىنى مالتىلاۋاتقانـدەك قىلاتتـى. ئـۇ دەكـكە ـ دۈككىـگە چۈشـۈپ سـۆڭگىچنى تولغـاپ، ماتكىسىنى ئازابلاۋاتقـان تاپانچىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە چىداپ تۇرۇپ:

— تاغـام قالـدۇرۇپ كەتـكەن...... — دېـدى. ئايـال خىزمەتچى تاپانچىنى بەكرەك تىرەپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— يالغان! ئۆلۈكنىڭ ئاغزىدىن قومۇرۇۋالدىڭ! — دېدى.

ئۇ خىزمەتچى ئايالنىڭ خورلىشىغا قوپاللىق بىـلەن قىلىنغان باسـقۇنچىلىققا چىدىغانـدەك چىـداپ، ئەلەم بىـلەن قـار ـ يـامغۇر يىغـلاپ كەتتـى. ئـۇ (ۋاڭ مۇئـاۋىن شـەھەر باشـلىقى) يوغـان قورسقىنى تومپايتىپ تورۇستىن پەسكە چۈشتى. ھۆسن تۈزىگۈچى نىجاتكارغـا يولۇققانـدەك ئۇنىڭغـا قـولىنى سـۇندى. ئـۇ ئايـال

خىزمەتچىنىڭ يەلكىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ قويدى. ئايال خىزمەتچى ئېگىلىپ بىر چەتكە ئۆتتى. قولىدىكى تاپانچىنى يىغىشتۇرۇپ يەرگە تاشلىدى. تاپانچا مەككارلىق ئالامىتى ئەكس ئەتكەن سوغۇق كۆزىنى يوغان ئاچقان يىلاندەك يەردە ياتاتتى. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، چىشى يوق ئورۇنى كۆرسىتىپ:

— بۇ مېنىڭ چىشىم، ئۇنىڭغا مەن بەرگەن، ئۇ مېنىڭ بىر نەۋرە قىزىم، — دېدى.

ئايال خىزمەتچى قول باغلاپ كەينىگە شوخشۇدى. ئۇ چاپىنىنى سېلىۋەتتى. قورسىقىدا كۆكرىكىدىن تارتىپ تاكى دوۋسۇنىغىچە سىيرىتما بار ئىدى. ئۇ:

— خالتا ئەكېلىپ قاچىلاڭلار! — دېدى. سىيرىتمىنى سىيرىدى.

يېشىل ۋە ئاقۇچ ماي بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئاشقازان، ئۈچەي يىلانبىلىقتەك لۆمشۈپ، چىرىلداپ ۋە بۇلدۇقلاپ سىرتقا تېپىپ چىقتى. ھۆسن تۈزىگۈچى چىداپ تۇرغۇسىز، تەپتى قىزىق پۇراق دەستىدىن ياندۇرۇۋەتكۈسى كەلدى. قورساقتىن سىرتقا تېپىپ چىققان ماي ۋە ئاشقازان، ئۈچەي ئۇنىڭ بەدىنىنى بېسىپ ئالدى. ھۆسن تۈزىگۈچى شۇ ئالامەتلەرنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىدە قالدى. ھەممە يەردە شىلىمشىق، ئۈچلۇق نەرسىلەر لۆمشۈپ يۈرەتتى، ئۇ بەدىنىدىكى ھەربىر تۆشۈكنىڭ خورلىنىش تەھدىتىدە ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ياكى خورلىنىشقا چىداۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۆمىلەيتتى، يىغلايتتى، يىرگىنەتتى، تۈتماي ئامال يوق ئىدى، سەسكىنەتتى، ئۆزىنى قاچۇرالمايتتى. تۆشۈكنى كۆرسىلا، كىرىشكە تەييار تۇرغان بۇ ئالامەتلەر بەك قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ بۇ ھالەتكە چىداپ تۇرالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. بىر قولىدا ئۇياتلىق يېرىنى، يەنە بىر قولىدا مەقئىتىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋالدى.

# فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ چۈشى

فىزىكا مۇئەللىمى ئىللىق دۈمبىسىگە يەڭگىل تېگىپ، ئاندىن پەسكە سىيرىلغان بىر قولنى سەزدى. پەسكە قاراپ ھۆسىن تۈزىگۈچىنىڭ قىپقىزىل مەگزىنى، يوغان ئېچىلغان ئاغزىنى، كۆبجۈپ كەتكەن لېۋىنى كۆردى. بەدىنى قىتىششقا باشلىدى. ھۆسىن تۈزىگۈچىنىڭ كۆزلىرىدىن نارازىلىق ۋە مەسخىرە ئەكس ئەتكەندى. بۇ چاغدا ھاۋادىن كۈلكە ئاۋازى كەلدى. ھېلىقى قول دۈمبىسىدىكى تېرىنى قىسىپ، ئۇنى ئاستا كۆتۈردى. ئۇ تېنىنىڭ قۇشلارنىڭ پېيىدەك يېنىك ئىكەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم ھېس قىلدى، بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچۇشنىڭ پەيزىنى سۈردى. قۇلىقى تۈۋىدە يىڭنە يوپۇرماقلىق قارىغايلارنى لىڭشىتىپ چىقىرىۋاتقان شامال شىۋىرلايتتى، يەنە تېخى، يىراقتىن قوڭغۇراق ئاۋازى كېلەتتى. ئۇ موگۇسىمان سان - ساناقسىز غايەت زور بۇلۇتلارنى كۆردى. شەپەق نۇرىدا يالتىرىغان بۇلۇتلار يارقىن كۈز كۈنىدىكى رۇس ئورمانلىقىغا ئايلاندى. ئىككى پارچە قارا بۇلۇتنىڭ ئارىلىقىدىكى قۇياش سېرىق كۆزگە ئوخشاش چۈشۈمدە تالاي قېتىم سېغىنغان گۈزەل ۋە مۇنبەت چۆلدەرەپ قالغان رۇس تۇپرىقىغا نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. كۆزلىرىم ھاياجانلىق ياشقا تولدى. ئۇ (تۇ شاۋيىڭ) ئەمچەكلىرى باكقا ئوخشاش ئالا - چىپار سىيىر پادىسى ئارىسىدا تۇرۇپ ساڭا قول پۇلاڭلىتىۋاتاتتى. كۆزلىرى يارىلىشىدىنلا شۇنداق مۇلايىم ھەم شۇنداق كۆپكۆك، زىغىر رەڭ چاچلىرى شۇنداق پارقىراق، كۆكسى شۇنداق تولغانىدى. رۇس ئاياللىرىغا خاس كۆكسى...... قىزىل كومبايىن چەكسىز كەتكەن دالىدا قارا بۇغداي ئورۇۋاتاتتى. يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدا قۇلاقنى يېرىۋەتكۈدەك ئاۋازدا «موسكۋا كېچىسى» دېگەن ناخشا بىلەن

«شەرق قىزاردى» دېگەن ناخشا كىرىشتۇرۇلۇپ ئاڭلىتىلىۋاتاتتى. سەن ئۇنى كۆردۇڭ. ئۆلمەي تىرىك ئايرىلغان يارىڭ بىلەن قايتا ئۇچراشتىڭ. قاشلىرى شەپەقتەك قىزىل ئىدى، قىزىل قاشلىرى شەپەققە ئوخشايتتى. ئۇ غۇلىچىنى قاناتلىرىنى كېرگەن ئاق كەپتەردەك كېرىپ ساڭا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. ئاق كۆڭۈللۈكى شامالدا كۆپكەن، زۇلپى چاچلىرى لەپىلدىگەن. ئۇ ئۆزىنى باغرىمغا ئاتتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

— سېنى 20 يىل كۈتتۇم،— دېدى.

— سەن يەنىلا تەنهامۇ؟— دېدىڭ.

— شۇنداق، سەنچۇ؟ ياتلىق بولدۇڭمۇ؟

— يا...... ياق...... — دېدى فىزىكا مۇئەللىمى دۇدۇقلاپ،— ياق......

فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ يۈرىكى يىڭنە سانجىلغاندەك ئاغرىپ كەتتى، قايغۇ - ھەسرەت ئۆركەشلەۋاتقان دولقۇنلاردەك تاشقىنلايتتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

— 20 يىلدىن بۇيان، ساڭا 5000 پارچىدىن ئارتۇق خەت يازدىم، سەندىن بىر پارچىمۇ خەت كەلمىدى. ھەر كۈنى تاغقا چىقىپ يولۇڭغا قارايمەن. كۆز ئالدىمنى تۇمان - تۇتەك، ئوت يالقۇنى توسۇۋالىدۇ. سېنى ئۆلۈپ كەتكەن ھالدا چۈشەيمەن. يىغلاپ ئويغىنىپ كېتىمەن، كۆز ياشلىرىمدا ياستۇقۇم ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. يۈرىكىم قاتتىق ئاغرىيدۇ......

فىزىكا مۇئەللىمى رۇس سۆيگىنىنى باغرىغا مەھكەم باستى...... ئىككىڭلار تويلۇق كىيىمى كىيىپ چىركاۋغا ماڭدىڭلار، چىركاۋ ئىشىكى ئالدىدا قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە تۇتقان، بېلىگە قىزىل تاسما تاقىغان، چاچلىرى كالتە ئىككى ئايال تۇراتتى: سول تەرەپتىكىسى تۇ شاۋيىڭ، ئوڭ تەرەپتىكىسى ھۆسن تۈزىگۈچى ئىدى.

# ھۆسن تۈزگۈچىنىڭ چۈشى

كوچىدا كېتىۋاتىمەن. باشتا كۆڭلەك كىيگەندەك قىلغانىدىم.
كېيىن يەنە خىزمەت كىيىمى كىيگەندەك تۇرىمەن، قارا سولياۋ
خالتا كۆتۈرۈپ كوچىدا كېتىۋاتىمەن. سولياۋ خالتىنىڭ
ئېغىزلىقىدىن قولۇم تىلىپ ھەم ئۇيۇشۇپ كەتتى. ئۆزۈم خالتىدىكى
«چىقىرىندى» نى بىرسى شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە ئاپىرىپ بېرىشنى
ھاۋالە قىلغاندەك تۇيغۇدا، ماش رەڭ كىچىك بىنانى كۆردۈم.
بىنانىڭ ئۈستىدە نەچچە ئون سىمتاناب تۈۋرۈكى بار ئىدى،
سىمتانابقا ئۆمۈچۈك تورىدەك پارقىراق ئانتېننا تارتىلغانىدى.
ئانتېننانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بايراق خادىسى، خادىغا ئېگىز قىلىپ
يوغان قىزىل بايراق چىقىرىلغانىدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر
ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ماش رەڭ فورما كىيگەن ئىككى ئەر
تۇراتتى. چاچلىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەن، كۆزئەينەك تاقىغان، بېلىدە
قىزىل تاسما، قولىدا قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە، يېڭىدا قىزىل بەلگە
بار ئىدى. ئىككىسى بىر - بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.
تۇرۇپلا ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئويلاپ قالدىم. دىققەت
قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەرگە قارىغان بولۇپ
دەرۋازىدىن «غىپلا» قىلىپ كىرىپ كەتمەكچى بولدۇم. لېكىن،
قىزىل پۆپۈكلۈك ئىككى نەيزە بىرلا ۋاقىتتا كۆكسۈمگە تىرەلدى.
سول تەرەپتىكى قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە ئوڭ كۆكسۈمدە، ئوڭ
تەرەپتىكى قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە سول كۆكسۈمدە بىر - بىرى
بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. قورقۇپ كېتىپ كەينىمگە
داجىدىم. ئىككى كۆكسۈمنىڭ تېشىلىپ ئاغىچە پېلىكىگە ئوخشاپ
قالغانلىقىنى كۆردۈم. بىرەر تېمىممۇ قان چىقمىدى، سۈت
چىقىۋاتاتتى. ئېغىر سومكىنى كۆتۈرۈپ شەھەرلىك ھۆكۈمەت

جايلاشقان كوچىدا ئايلىنىپ يۈرمەن. قىزىل سوكتا خىزمەت كىيىمى، بەدەنگە يېپىشىپ تۇرىدىغان قارا ئىشتان كىيگەن توپ - توپ چىرايلىق قىزلارنىڭ ئاق داستىخان سېلىنغان ئۈستەللەر بىلەن يۆلەنچۈكىگە ئېلېكتىر بىلەن ھەل بېرىلگەن ئورۇندۇقلارنى ئاچىقىپ يولغا ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدىكى مەيدانغا قويۇۋاتاتتى. ئاق كىيىم كىيگەن ئەرلەر توخۇ، ئۆردەك، بېلىق ۋە گۆش سېلىنغان تاۋاقلارنى كۆتۈرۈشۈپ موكىدەك يۈرەتتى. خۇشبۇي پۇرىقى دىماقنى ياراتتى. تىزىۋېتىلگەن تاماق ئۈستەللىرىگە كۆز يەتمەيتتى. بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان رومكىلارنىڭ ئاۋازى قۇلاق - مېڭىنى يەيتتى. ئادەملەر ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي يەيتتى، ئىچەتتى، توپ - توپ ئادەملەر ئېگىشىپ تۇرۇپ ياندۇراتتى. بىر ياقتىن ياندۇرۇپ، يەنە بىر ياقتىن ئاغزىغا بىرنەرسىلەرنى سالاتتى. كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل بىر توپ ئادەمنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالدىم. ئېسىل نازۇنېمەتلەرگە ئۇلارنىڭ قاتارىدا مەنمۇ ئاچ كۆزلەرچە قاراپ تۇراتتىم. ئەجدىھا سۈرەتلىك پانۇس، كېمە ئوينايدىغانلار، نيۇياڭگار ئوينايدىغانلار، مايمۇن ئوينىتىپ، سېھىر قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى يېنىپ كېلىشتى. بىر قىزچاقنى چېچىدىن بىر توپ قارىغاي دەرىجىگە ئېسىپ قويۇپ، بىرسى پۈتىدىن ئىتتىردى. قىزچاق لەرزان چايقالدى. ئىتتىرگەنسېرى چايقىلىپ ئېگىزگە ئۆرلەيتتى...... بىرەيلەن:

— جۇۋاۋا كەلدى! جۇۋاۋا كەلدى! يولۋاس گۆشى قىيمىسىدا تۈگۈلگەن جۇۋاۋا، يولۋاس گۆشى قىيمىسىدا تۈگۈلگەن جۇۋاۋا! — دەپ توۋلىدى.

يولۋاس شەكلىدە تۈگۈلگەن جۇۋاۋا داستىخانغا كەلتۈرۈلدى، جۇۋاۋىدىن قىزغۇچ ھور ئۆرلەپ تۇراتتى. ئادەملەر قىستىلىشىپ غۇژمەك بولۇشتى، بىرەيلەن:

— شىر بىلەن يولۋاستىن بولغان يىرتقۇچلار كەلدى! يۈەن

يوەن بىلەن فاڭ فاڭ كەلدى! ــ دەپ توۋلىدى.

باغچا تەرەپتىن توكلىرى ئالا ـ چىپار، كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان ئىككى يىرتقۇچنىڭ ئۇچقاندەك يوگۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم ــ بىرسىنىڭ بېشى شىرنىڭ بېشىغا، تېنى يولۋاسنىڭ تېنىگە؛ يەنە بىرسىنىڭ بېشى يولۋاسنىڭ بېشىغا، تېنى شىرنىڭ تېنىگە ئوخشايتتى ــ ئۇلار هۆركىرەيتتى، يوگۇرگەندە بەدىنى سىلكىنىپ تۇراتتى، سۇرئىتى ئاتنىڭ سۇرئىتىدىن ئاستا ئىدى. چوڭ يەپ ـ چوڭ ئىچىۋاتقان ئادەملەر ئۈچ سېكۇنت تېڭىرقاپ قېلىشتى ـ دە، بىردىنلا پاتىپاراق بولۇشۇپ، بەزىلىرى داستىخاندىكى يېمەكلىكلەرگە ۋە يەردىكى مەينەتچىلىكلەرگە قارىماي، ئۇستەللەرنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىشتى، بەزىلىرى ئالدىغا يوگۇرسە، بەزىلىرى ئارقىغا شوخشۇيتتى. بەزىلىرى ئۆز جايىدا تۇرۇپ تىترىشەتتى. شىر بىلەن يولۋاستىن بولغان ئىككى يىرتقۇچ قەپەستىن چىققانىدى! كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى چىرقىرىشاتتى. پوتون شەهەردىكىلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشتى. بەزىلەر ئۆزىنى دەرياغا تاشلىدى، بەزىلەر دەرەخلەرگە چىقىۋالدى. پىكاپلار مۇشۇكنى كۆرگەن چاشقاندەك تۆشۈكلەرگە كىرىپ كەتتى. ئىككى كىچىك ماشىنا سوقۇشۇپ كېتىپ، هەر ئىككىسى ئوڭدا بولۇپ قالدى. سەككىز چاق هاۋادا پىرقىرايتتى، ماشىنىنىڭ قورسىقىدىن قارا ئىس كۆتۈرۈلۈپ، هايال ئۆتمەي قىزغۇچ ئوت ئۇچقۇنى كۆتۈرۈلدى. بىر چوڭ ماشىنا ئىككى قەۋەتلىك بىر بىناغا ئۇستى. مەن قېچىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدا ئىدىم. ئانچە قورقۇپمۇ كەتمىدىم. شىر بىلەن يولۋاستىن بولغان يىرتقۇچلارنىڭ ماڭا يامانلىق قىلمايدىغانلىقىنى غۇۋا هېس قىلاتتىم. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە چوڭ كوچا قۇرۇقدىلىپ، يەردە ئېقىۋاتقان هاراق ۋە ئۈستىدە بىر قەۋەت ماي لەيلەپ تۇرغان قورۇملارنىڭ ئارىسىدا يالغۇز قالدىم. ئىككى

يىرتقۇچ كەلدى. قۇيرۇقلىرى مەينەت يەردە سۆرىلىپ قالغانىدى. ھەممە يەر ھۆل، يېپىشقاق ئىدى، كىشىنىڭ ئىچى ئېلىشاتتى. ئىككى يىرتقۇچ ئەتراپىمدا چۆرگىلەيتتى. مەنمۇ چۆرگىلىدىم. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كۆرۈشتىن قورقتۇم. چۆرگىلىگىنىمنىڭ چۆرگىلىمىگەن بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى سەزدىم — بىرسى كەينىمدىن ماڭا خىرىس قىلىۋاتاتتى. مەن بىر بۇلۇڭغا چېكىندىم. چىڭ چاپلىشىپ قالدىم. تام گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلدى. ئىككى يىرتقۇچ ئەتراپىمدا چۆرگىلەيتتى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. سوغۇق ھاۋا، يىرتقۇچلار سارىيىدىكى ماڭا تونۇش ھىد سوغۇق ھاۋادا كەينىمدىن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. تۇگەشتىم، يىرتقۇچلارنىڭ بىرسى ماڭا ئېتىلدى. ئىككىسى بىر بولۇپ مېنى ئىككى پارچە قىلىپ يەيدىغان، ھەتتا ئۇستىخانلىرىمنىمۇ چايناپ يۇتۇۋېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم...... ھاۋادىن بىر تونۇش ئاۋاز كەلدى:

— قولىڭىزدىكى خالتىنى تاشلاڭ!

## فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ چۈشى

مەن دەسلەپ دەريا بويىدىكى ئاق تېرەكلەرنىڭ ئارىسىدا ماڭدىم، بىر تۈپ دەرەختىن ئايلىنىپ ئۆتتۇم، يەنە بىر دەرەختىن، ئاندىن يەنە بىر دەرەختىن ئايلىنىپ ئۆتتۇم...... بەزى دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقى ئاق، بەزى دەرەخلەرنىڭ پۆپۈكى سېرىق ئىدى. بىر جۈپ ئەمچىكى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى...... مەن دەرەخلەرگە قاراپ ئەمەس، دەرەخلەر ماڭا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى...... چىرايلىق، كۆپكۆك دەريانى كۆردۈم، دەريا بويىدا يۈز - كۆزىنى ھىم ئېتىۋالغان ھېلىقى نازىنىقچى ئايال ئۆرە تۇراتتى. قولىدا بىر شازا كىيدۈرمە. ئۇ ماڭا قاراپ:

— ھازىرقى ياشلار ھەقىقەتەنمۇ قاملاشماي قالدى! — دېدى

خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك، مەنمۇ ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقاندەك:

— راست، قاملاشماي قالدى! — دېدىم جاۋابەن.

كەينىمدىكى ئىككى تۈپ دەرەخ سوغۇق كۆلدى. قاتتىق ئىزا تارتىپ كەتتىم. دەريادا كېمىلەر كۆپ ئىدى. كېمىدە يالاڭئاياغ ئۆرە تۇرغان بېلىقچىلار قارا ئارغامچىدا توقۇلغان يوغان تورنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلار دەرياغا تور تاشلاپ، دەريادىن سۆرەپ كېمىگە ئاچىقاتتى. توردا چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. بەزىلىرى كۆزئەينەك تاقىغان، بەزىلىرى كۆزئەينەك تاقىمىغان، چاچلىرى بېشىغا چاپلىشىپ قالغانىدى. بېلىقچىلارغا قاراپ:

— ئوقۇغۇچىلىرىمنى قويۇۋېتىڭلار! بۇنداق قىلىشىڭلارغا رۇخسەت يوق! — دەپ ۋارقىرىدىم.

بېلىقچىلارنىڭ ھەممىسى پاڭدەك ۋارقىراپ تۇرۇپ دېگەن گېپىمگە ئازراقمۇ ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئوقۇغۇچىلىرىم توردا غۇژمەكلىشىپ قالغانىدى. بەزىلىرىنىڭ بېشى ئاستىغا، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە، بەزىلىرىنىڭ جەنۇبقا، بەزىلىرىنىڭ شىمالغا قارايتتى...... ئۇلارنىڭ باشلىرى ئىسپېرېئوگېيومېتىرىيەدە كۆرستىلگەن ھەممە تەرەپلەر ھەم بولۇش ئېھتىمالى بولغان ھەممە تەرەپلەرگە يۆزلەنگەنىدى. كۆزلىرى بېلىقنىڭ كۆزىدەك ئاقۇچ ئىدى. ماڭا قاراۋاتامدۇ - يوق، بۇنىسى نامەلۇم...... كېيىن دەريا قۇرۇپ كەتتى. دەريانىڭ تېگىدىكى لاي - لاتقىلارنى ئاپتاپ قۇرۇتۇۋەتتى، چاك كەتكەن نەقىشلەرگە ئوخشاش چاك كەتكەنىدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى دەريادىن نېمىدۇر بىرنەرسە ئىزدەۋاتقاندەك ئېڭىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار نېمە ئىزدەۋاتىدۇ؟ ئەسلىدە بېلىق ئىزدەۋاتقان ئىكەن - دە. قايچىغا ئوخشاش بېلىق قۇيرۇقى ھاۋاغا ھەم يۈزۈمگە ئېتىلىپ پىلتىڭلايتتى. بېلىقنىڭ تېنى

لايغا پېتىپ قالغان. مەن تىزلىنىپ ئەتراپىمدىكى توپىنى كولىدىم. توپىدا قاتتىق تىرناقلىرىم سۇنۇپ كەتتى. بىر تال شاخنى تېپىپ، چىشلەپ ئۈچ چىقىرىپ، ئاندىن يەرنى ئېھتىيات بىلەن كولىدىم. بېلىقنىڭ تېنى ئاستا - ئاستا كۆرۈندى. كولاۋېرىپ بارا - بارا يەرنىڭ نەم قاتلىمىغا يەتتىم، توپا ئاستا - ئاستا قاپقارا لايغا ئايلاندى، يېپىشقاق كۆپۈكچىلەردىن سېسىق پۇراق چىقاتتى. سېرىق قۇمچاقلار مۇغەمبەرلىك قىلىپ قېچىپ كېتىشتى...... مەن شاخنى تاشلىۋېتىپ قولۇم بىلەن كولىدىم، بۇ بېلىقنى ھامان چىقىرىۋەتتىم. ئۇ قىزىل كارپ بېلىقى ئىدى.

## ھۆسن تۈزگۈچىنىڭ چۈشى

تۈ شاۋيىڭ شېرىن - شېكەر گەپ بىلەن مېنى ئالداپ 8- ئوتتۇرا مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتىغا ئاپاردى. يوغان سېخ قۇپقۇرۇق ئىدى. ئىككىڭلارلا بار ئىدىڭلار. ئاۋازىڭلاردىن گۈلدۈرلىگەن ئەكس سادا پەيدا بولاتتى. يەردە ياتقان ئون نەچچە تۇرۇبىدىن رىتىملىق ھالدا قىزىق ھور چىقاتتى. تۈ شاۋيىڭ ئۇياتسىز تەلەپپۇزدا:

— نېمىشقا كىيىملىرىمىزنى سېلىۋەتمەيمىز؟ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇپ قالسام كىيىملىرىمنى سېلىۋېتەتتىم،— دېدى.

سىز ياڭراق ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتىڭىز، ئىچىڭىزدە: «كىيىم سېلىشقا كەلگەندە، ئۇ مېنىڭ قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. كىچىكىمدىن تارتىپ قىپيالىڭاچ بولۇپ ئاپتاپتا يۈرىدىغانلىقىمنى ئۇ بىلمەيدۇ» دەپ ئويلىدىڭىز. گەپ قىلماي، ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئىشتىنىڭىزنى سىيرىپ چۈشۈرۈۋەتتىڭىز. كىيىم سېلىشتا ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلەشتىڭىز. يېڭىش - يېڭىلىش، بۇنى ئايرىماق تەس ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىز قىپيالىڭاچ بولۇپ

سىختا تۇرغان چىغىڭىزدا ئۇ قىپيالىڭاچ بولۇپ ئالدىڭىزدا تۇراتتى. ئۇنىڭ تولغان ھەم گۈزەل بەدىنىگە قاراپ ھەيران بولدىڭىز، بەدەن قارشىلىق قىلغۇسىز دەرىجىدە جەلپكار ئىدى — ئەرلەرلا ئەمەس، بەلكى ئاياللارمۇ مەپتۇن بولۇپ قالاتتى — چىرايلىق گۈل - چىچەكنى كۆرگەندە ئادەم ئىختىيارسىز بۇرنىنى يېقىن ئاپىرىپ بۇراپ باققۇسى كەلگەندەك، بەدىنىنى سىلاپ باققۇڭىز كەلدى. لېكىن، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ۋە تۆكۈرۈكىڭىزنى يۇتۇپ ئىستىكىڭىزنى بېسىۋالدىڭىز. سىز بىر بارمىقىڭىزنى تاپانچىغا ئوخشاش چىقىرىپ كۆكسىنى قارىغا ئالدىڭىز، سوغۇق گەپلىرىڭىز بىلەن بەدىنىگە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى ئېلان قىلدىڭىز.

— تېرىڭىزنىڭ رەڭگى بەك سەتكەن، ئاقلىقى چوشقىنىڭ ئۆچيىسىگە ئوخشايدىكەن. ئەمچىكىڭىز نېمانداق يوغان، ئىككى سۇ باكىنىڭ ئۆزى! — دېدىڭىز.

تۇ شاۋيىڭ «شاپپىدە» قىزىرىپ كەتتى. ئۇ قىزىرىپ تۇرۇپ:

— بۇ ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىپ ئۆزگىرەلەيدىغان ئىش ئەمەس. مەن سىزنى مايمۇنغا ئوخشاش تۈكلۈك، ئەرلەرگە ئوخشاش بۇرۇتى بار ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم! — دېدى.

ئۇنىڭ مەسخىرىلىك گېپى كەيپىڭىزنى ئۇچۇرۇۋەتتى، تېخىمۇ زەھەرخەندە گەپلەرنى تاللاپ ئۇنىڭ بەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرغىنىڭىزدا، ئۇ جېدەلنى بېسىقتۇرۇش خىيالى بىلەن بىلىكىڭىزنى تۇتتى - دە:

— تالاشمايلى، ئايال كىشى ئايال كىشىگە ئادىل باھا بېرەلمەيدۇ. بىر ئايالنىڭ بەدىنىنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىنى ئەرلەرلا بىلىدۇ، — دېدى.

سىز قىساس ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى لەززەتنى ھېس قىلدىڭىز. چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ:

— راست دەيسىز، پەقەت ئەرلەرلا بىلىدۇ! — دېدىڭىز.
ئۇ سىزنى قولىڭىزدىن تارتىپ سېختىكى ئۇسكۇنىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. بىرىنچى ئىش تەرتىپىدىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى ئىش تەرتىپىگىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. كېيىن بىرىنچى ئىش تەرتىپى ئورۇنلىنىدىغان ماشىنا يېنىغا كەلدىڭلار. ئۇ مەشغۇلات سۇپىسىغا چىقتى. كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ تۆت بۇرجەك كۆزنەكنىڭ ئاياغ تەرىپى بىلەن چىشلىشىپ، خۇددى سۇغا سەكرەش تاختىسىدەك بوشلۇقتا تۇرغان تاختاينى كۆرسەتتى. تاختايغا توشقاننىڭ تۈكلىرى جايلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قولىدا يۇمىلاق رېزىنكە بولقا بار ئىدى. شۇ قەدەر سەممىي، شۇ قەدەر تارتىنىلىق كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ:
— يۈزىڭىزنى تاختايغا يېقىشنى خالامسىز؟ ياقمىسىڭىز بولمايدۇ! ياقمايدىغان ھېچقانداق ئاساسىڭىز يوق! — دېدى.
يۈزىڭىزنى تاختايغا ياقتىڭىز، كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ، كۆلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قارىدىڭىز، ئۇ سىزدىن:
— بىرەر ئاۋازنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
سىز مۇھەببەت مۇزىكىسى ئاڭلاۋاتاتتىڭىز. ئۇ:
— مۇھەببەت مۇزىكىسى ئاڭلىغان بولسىڭىز، كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، — دېدى.
سىز كۆزىڭىزنى يۇمدىڭىز، ئۇ:
— مەن ساناق سانايمەن، ساناپ 13 كە بارغاندا، سىز تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىسىز، — دېدى. گۈلدۈرلىگەن مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، ئۇ ساناۋاتقان سانلارنى ئاڭلىدىڭىز.
— بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش، ئالتە، يەتتە، سەككىز، توققۇز، ئون، ئون بىر، ئون ئىككى.
ئۇ شۇ ئەسنادا بىردەم توختىدى، ئون ئىككى دېگەن ساننىڭ سېرىق قۇملۇقتا قالغان ئىنىق ئاياغ ئىزىغا

ئوختايدىغانلىقىنى كۆردىڭىز، «ئون ئۈچ!» بۇ سان ۋارقىراپ تۇرۇپ دېيىلدى. قۇلاق تۈۋىڭىزدە شامال چىقىپ كەتكەندەك بولدى. شۇ ئان چېكىڭىزگە ئەجەللىك زەربە بېرىلدى. ئايلىنىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلدىڭىز، ئەمما ئېسىڭىز جايىدا ئىدى. سىزنى ھەرىكەت ۋە تىلغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىقتىدار ئايلاندۇرۇۋەتكەندى. تېنىڭىز يەرگە تاشلاندى. بېشىڭىز تاختايدىن ئايرىلدى، چېكىڭىزگە رېزىنكە بولقا تەگكەندە، ئاغزىڭىزدىن جۇپلەشكەن چاغدا توشقانلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان نەمخۇش، ئازابلىق ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئاۋاز سېختا ئەگرى - بۈگرى يىلاندەك تولغىنىپ يۈرەتتى. ئۇ بولقىنى كۆتۈرۈپ، ئېگىشىپ، يۈزىنى كۆكرىكىڭىزنىڭ سول تەرىپىگە ياقتى. يۈرىكىڭىزنىڭ سوقۇشىنى ئاڭلىدى. يۈرىكىڭىز ھېلىھەم سوقۇۋاتقان بولسا، ئۇ رېزىنكە بولقا بىلەن چېكىڭىزگە ئۇرۇۋەرگەن بولاتتى. سىز ئۈنسىز سوغۇق كۈلدىڭىز، كۆكرىكىڭىزنىڭ سول تەرىپىگە قۇلىقىنى ياققانلىقىنى، تولغان ئەمچىكىنىڭ قورسىقىڭىزغا تېگىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىڭىز. يۈرىكىڭىز مەغرۇرلۇق بىلەن كۆكرىكىڭىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سوقۇۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بولقىنى پىرقىرتىپ تاشلىۋېتىپ، مەيۈس ئاھاڭدا:

— توشقانچىلىكمۇ بولالمىدىڭىز! — دېدى - دە، ئىككى پۇتىڭىزدىن سۆرەپ سېخنىڭ ئىچىگە ئەكىردى...... بەدىنىڭىزدىكى تۈكلەرنى قايناق سۇ بىلەن يۇمشىتىپ بولدى...... يۈرىكىڭىزنى سۇغۇرۇپ ئالدى...... بېشىڭىزنى يۇلۇپ ئېلىپ بىر سېۋەتكە تاشلىدى. سېۋەتتە نەچچە ئون توشقان بېشى تۇراتتى...... سىزنى پىشۇردى، پارچىلىدى، توشقان گۆشىگە ئارىلاشتۇرۇپ كونسېرۋا قۇتىغا قاچىلىدى...... سىز سېۋەتتە ئۈنى كۆردىڭىز...... يۈزلىگەن سۈزۈك قۇتىلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئۈنىڭغا باقتىڭىز......

# فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ چۈشى

فىزىكا مۇئەللىمى غولىنى سېرىق تۈككە ئوخشاش موخ قاپلىغان ئاق تېرەك دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ساڭا بىر چۈشنى بايان قىلىۋاتاتتى — ئۇ ساڭا ئوخشاش ماش رەڭ فورما كىيگەن. گەپ قىلغان چاغدىكى تەلەپپۇزى سېنىڭ تەلەپپۇزۇڭغا ئوپمۇئوخشاش — ئۇ مەنمۇ ياكى مەن ئۇمۇ، دەپ گۇمان بىلەن ئويلىدىڭ. ئۇ:

— بۇرادەر، سەن چىرايىمنى ۋەيران قىلىپ ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ قويدۇڭ! مەن ئۆيدە يوق ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ، مېنى شوۋنگەدەن قىلىۋەتتىڭ — ھەي!......

«دوستۇڭنىڭ خوتۇنىغا چېقىلما»! ئەر - ئايال ئارىسىدىكى ئىش ئەسلىدە بولمىغۇر ئىش ئىكەن. شۇنداقتىمۇ چۈشۈمنى سۆزلەپ بېرەي، ئاڭلا، كونىلاردا «چۈشتە ئالتۇن ياتىدۇ» دەيدىغان گەپ بار — بايام چىملىقتا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. چاچلىرى زىغىر رەڭ، چىرايلىق كۆكسى چوقچايغان، ۋۇجۇدىدىن ساپ سۈتنىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇرغان بىر ئايال ماڭا:

قەدىمي گۈزەل بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، ئادەم بىر پۇتى بىلەن ماڭغان قۇشقاچنى كۆرسە — قۇشقاچ ھەمىشە دىكىلداپ ماڭىدۇ، دىك، دىك، دىك، چۈجە ئاۋۋال سول پۇتىنى چىقىرىپ، ئاندىن ئوڭ پۇتىنى يەرگە قويىدۇ، سول پۇتىنى چىقىرىپ، ئوڭ پۇتىنى يەرگە قويىدۇ. ئادەمگە ئوخشاش ماڭىدۇ. قۇشقاچ سەكرەيدۇ — چۈجىدەك ماڭغان قۇشقاچنى كۆرگەن ئادەمنىڭ بېشىغا ئامەت قونىدۇ. قۇشقاچ بىرىنچى قەدەمنى باسسا باي، ئىككىنچى قەدەمنى باسسا ئەمەلدار، ئۈچىنچى قەدەمنى باسسا زىيادە دۆلەتمەن، تۆتىنچى قادەمنى باسسا تېنى ساغلام، بەشىنچى

قەدەمنى باسسا روھى خۇشال، ئالتىنچى قەدەمنى باسسا خىزمىتى ئوڭۇشلۇق، يەتتىنچى قەدەمنى باسسا زېھنى ئۆتكۈر، سەككىزىنچى قەدەمنى باسسا خوتۇنى سادىق بولىدۇ. توققۇزىنچى قەدەمنى باسسا نام قازىنىدۇ، ئونىنچى قەدەمنى باسسا رەڭ تۈزىدۇ. ئون بىرىنچى قەدەمنى باسسا خوتۇنى چىرايلىقلىشىپ كېتىدۇ. ئون ئىككىنچى قەدەمنى باسسا خوتۇنى شۇ ئادەمنىڭ ئاشنىسى بىلەن ئاچا - سىڭىلدەك ئۆتىدۇ. ئون ئۈچىنچى قەدەمنى كۆرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ناۋادا كۆرۈپ قالسا، كەلگەن ئامەتنىڭ ھەممىسى بىراقلا شۇملۇققا ئايلىنىپ كېتىپ، باشقا ئاپەت ياغىدۇ، دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ توپىنى كولاپ ھېلىقى كارپ بېلىقنى ئالدى. چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان كارپ بېلىقى قۇيرۇقىنى لەپەڭشىتىپ، قوۋۇزىنى جان ئاچچىقىدا مىدىرلىتاتتى.

— سەن بىر پۇتى بىلەن ماڭغان قۇشقاچنى كۆرگەنمۇ؟ — دەپ سورىدىڭ.

ئۇ چاناقلىرى لىققىدە ياش، ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

— كۆرگەن...... ئۇ يېڭىلا ماڭدى. پەقەت بىر قۇشقاچلا ئۇچۇپ ئالدىمغا چۈشتى.

— ئۇ نەچچە قەدەم ماڭدى؟

— 13 قەدەم......

— 13 قەدەم ماڭدىمۇ؟

— ھەئە، ئاندىن قانات قېقىپ ئۇچۇپ دەرەخكە قوندى!

— قانداق قىلاي دەيسەن؟

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاق تېرەك دەرىخىنىڭ بىلەك توملۇقتىكى شېخىغا قارىدى ۋە:

— ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغىنىم ياخشىمىكەن...... ئالدىنقى يېرىم ئۆمرۈمدە ئامەت كەلمىدى، بەختسىزلىكنىڭ ئازابىنى ئەمدى تارتقۇم يوق. بەختسىزلىك ئازابىدا قىينىلىپ ئۆلگەندىن ئېسىلىپ

ئۆلۈۋالغان تۇرۇق. ئاڭلىسام، خەلق باغچىسىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى قۇشقاچنىڭ 13 قەدەم ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ ئىسىلىپ ئۆلۈۋالغانمىش، — دېدى.

سەن ئۇنىڭ چىرايىغا ئۆزۈڭنىڭ چىرايىغا قارىغاندەك قارىدىڭ.

— بۇرادەر، بىز تونۇشۇپ قالدۇق، بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، مەن ئۆلۈۋېلىشتىن بۇرۇن......

ئىككى پارچە بۇلۇتنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ قېلىپ، يوغان دەرەخلەرگە، جىمجىت ئېقىۋاتقان دەرياغا نۇرلىرىنى چېچىپ تۇرغان قۇياشنى كۆردۈڭ. ئۇ:

— كىيىملىرىمنى ئېلىپ كەت، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا فورما بىلەن كىرگىلى قويمايدىكەن، — دېدى.

ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى، يەردە ياتقان بىر ئەسكى ئارغامچىنى ھالقا چىقىرىپ دەرەخ شېخىغا ئاستى، ئاندىن يەردىن كۆتۈرۈلۈپ بوينىنى ھالقىغا كىرگۈزدى، تېنى بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى. ئارغامچا گېلىنى سىقتى. بويۇن سۆڭىكى يىمىرىلىپ، تىلى ساڭگىلاپ، كۆزلىرى پۇلتىيىپ، ئىنتايىن تەمەنلىك بىلەن يوتىسىغا چاپلىشىپ سېلىنىپ تۇرغان بىلەكلىرى ئۆزىنى قويۇۋەتكەنىدى.

## ھۆسن تۈزگۈچى بىلەن فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ چۈشى

بۇ چۈشتىن سەپرايىم قىرىق گەز ئۆرلىدى! ئۇ توغرىسىغا قويۇلغان ياغاچتىن سەكرەپ چۈشۈپ، پەستە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى، يەردە چېچىلىپ ياتقان رەڭلىك بورلارنى يىغىپ، ئۈچلۈق بىر گۈمبەز ياسىدى، بور يۇقۇندىلىرى يۇقۇپ قالغان بارماقلىرىنى خۇددى ھەسەل يۇقۇندىسى يۇقۇپ قالغاندەك ئاغزىغا سېلىپ شورىدى. ئۇ:

— چۈشۈمدە يىراق بىر جايدا ئاجايىپ بېيىپ كەتكەن جاڭ چىچيۇنى چۈشىدىم. ئۇ نۇرغۇن پۇل تېپىپ، بىر تالاي ئېسىل يېمەكلىكلەرنى ئاپتۇ. مەسىلەن، خام گۆش، قاقلاپ پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى، دېڭىز مېھرىگىياھىغا ئوخشاش......— فىزىكا مۇئەللىمى بىلەن ھۆسەن تۈزىگۈچى تامىقىنى چىكىلداتتى، قوۋۇزلىرىغا تۈكۈرۈك يىغىلدى. دۆلەتمەن ھەم يۈرىكى تومۇر جاڭ چىچيۇ بېلىدىن قامچىنى ئېلىپ گويا ئوقۇغۇچىلارغا پوپوزا قىلغاندەك بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ كۆتۈرۈپ:

— بۇ سىلەر قىلغان ياخشى ئىش!— دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى بىلەن ھۆسەن تۈزىگۈچى ئىككىسى قامچىنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ كەتتى. ھۆسەن تۈزىگۈچى چۈشىدە ئۆزىگە، فىزىكا مۇئەللىمى چۈشىدە ھۆسەن تۈزىگۈچىگە:

— سىز تۇ شاۋيىڭنىڭ ئېرىغۇ! — دېدى.

ھۆسەن تۈزىگۈچى ئۆزىنىڭ ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىلدى، ئۇنىڭ ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى فىزىكا مۇئەللىمىگە ئايان ئىدى. ئىككىسى بىردىنلا بېيىپ كېتىپ كۆڭلى قارىيىپ كەتكەن جاڭ چىچيۇنىڭ سوغۇق كۈلگەن پېتى قامچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قوشنىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭغانلىقىنى كۆردى. ئېتىكلىك تۇرغان ئىشكنى پۇلنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئېچىپ، ئاندىن قىساسكار ماشىنىنى ھەيدەپ ئۆيگە بېسىپ كىرىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ياغاچ ئۆكەكنىڭ ئىككى تال تاختىيىدىن ياسالغان ۋەيرانە ئىشىكتە ئۇششاق بالىلار بور بىلەن يازغان سىرلىق بەلگىلەر بار ئىدى. ئىككىسى تەڭلا تېپچەكلەپ كەتتى، ھەربىر ئادەمدە كۈنداشلىق بولىدىغانلىقى ھەر ئىككىسىگە ئايدىڭ ئىدى. شۇڭا، ئىچلىرى ئۇزاق ئېچىتىلغان ئاچچىقسۇدەك ئاچچىق ھالەتكە كىردى. جاڭ چىچيۇ، ھۆسەن تۈزىگۈچى ۋە فىزىكا مۇئەللىمى ئۈچىسى قارا دوسكىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە رەڭلىك

بىر يەۋاتاتتى...... زادى كىم بىر يەۋاتىدۇ؟

......

بايان قىلغۇچى ئىككى كاپام بىرنى ئاغزىغا سالدى، ئەتراپقا بېر توزۇندىلىرى چاچرىدى، ئۇ فىزىكا مۇئەللىمى بىلەن ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ قۇچاقلىشىپ يېتىپ، ھەرقايسىسى ئۆزى كۆرگەن چۈشكە غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىنى، خۇشاللىقلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدەك، چۈشلىرىنىڭمۇ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ، بەدەنلىرى تۈگۈل روھلىرى ئوتتۇرىسىدا قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقىنى دېدى. ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا كارتون قەغەز بىلەن ئايرىۋېتىلگەن ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئىچ تەرىپىدىن «شىر - شىر» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان جايلىشىپ يېتىپ كەتكەن كارىۋاتتىن تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى — بۇنى ئۆلۈپ تىرىلىش جەريانىدىكى ئۇلۇغ مۆجىزە دېيىشكە توغرا كېلەتتى — ئىككىسى بۇ مۆجىزىدىن پارلىغان نۇرنى كۆرۈشكە، كارىۋاتتىن دەرھال سەكرەپ تۇرۇپ مۆجىزىنىڭ سەۋەبىنى ئانالىز قىلىشقا، يۈز بەرگەن مۆجىزىنى قۇتلۇقلاشقا ئالدىرىدى. لېكىن، تەن بىلەن روھ يەنە بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە يول تۇتتى — كارىۋاتتىن تۇرۇشنى ئويلىغانسېرى، بىر - بىرىنىڭ تېنىگە كىرىپ كېتىدىغاندەك بىر - بىرىگە تېخىمۇ چاپلىشىپ كېتەتتى.

بايان قىلغۇچىنىڭ تىلى مۇجمەل ئىدى. مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالنىڭ ئورنىدىن سەنتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. باشتا تامنى تۇتۇپ ماڭدى، ھايال ئۆتمەي تامنى تۇتماي ماڭىدىغان بولدى. ماڭغان چاغدىكى ھالىتى يېڭىلا ئايىغى چىققان ئوماق ھەم سەبىي بالىنىڭ تەمتىلەپ ماڭغان چاغدىكى ھالىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى. مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالغا كۆز ئالدىمىزدا تەمتىلەپ ماڭىدىغان تىكەندەك يالغۇز ئوغلىمىزغا ياكى تىكەندەك يالغۇز

قىزىمىزغا قاراپ تۇرغانىدەك قاراپ تۇراتتۇق. كۆڭۈل - كۆكسىمىز تەڭ ھەم شاد، روھىمىزدىن مېھىر - شەپقەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قەلبىمىز مۇھەببەتكە، ئىللىق قۇياش نۇرىغا تولغانىدى.

## 6

شەھەردە چىقىدىغان گېزىتنىڭ كۆكۈچ چاپان كىيگەن، يوغان تۆت چاسا كۆزئەينەك تاقىغان ياش مۇخبىرىنىڭ ئىسمى خۇا زىخۇ، «گۈزەل دۇنيا» دەرۋازىۋىنىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۆسىن تۇزىگۇچىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر گۈگۈم ۋاقتى ئىدى. شەھەردىكى بارچە دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى كۈز شامىلىدا تىترەپ تۇراتتى.

باشتا دېگەنگە ئوخشاش بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق ئەخلاقنىڭ مودىلىششىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتاتتى. بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىدىغان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش زامانىۋى تېخنىكىسىدىن ھېچقانداق چاتاق چىقمايتتى. ئىككىسى تەپتارتماستىن ئىشقىۋازلىق قىلىۋاتاتتى. مۇخبىر كاندىدات يازغۇچى ئىدى. باشتا دەپ ئۆتۈپ كەتكەنىدۇق. دەرۋازىۋەن ئەسلىي 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئىشتىن سىرتقى قىزلار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ «ئېرلاگشىن» لەقەملىك ئاساسىي ھۇجۇمچىسى ئىدى. ئۇ:

— ئۇستام ئۆيدىمۇ؟ — دېدى.

ھۆسىن تۇزىگۈچى كونا پاختا ئەدىيالنى يېپىنىپ غىچىرلاپ تۇرىدىغان ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇ ئىشىكتىن ئۇسۇپ كىرگەن ئىككى ياشقا ھاڭۋېقىپ قارىدى. مومىدىن پۈتكەن ساھىبجامال ئېغىشكەن ھالدا بىرنېمىلەرنى دەپ غۇدۇراپ ئۆيدە ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى.

ياش قىز ياش بالىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— لى ئۇستام، بۇياق شەھەردە چىقىدىغان گېزىتنىڭ مۇخبىرى — مەخسۇس ھالاكەت ۋە مۇھەببەتنى يازىدۇ — ئۇ بىزنىڭ «گۈزەل دۇنيا» غا بارغان، مەن دەرۋازا باقىدىغان شاۋۇۋ، لى ئۇستام، ئىككىمىز بىر ئىدارىدە ئىشلەيمىز — مەن 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن. جاڭ چىچيۇ مۇئەللىم ماڭا فىزىكا دەرسى بەرگەن. كاللام ئاددىي، قول - پۇتلىرىم تەرەققىي قىلىپ كېتىپ ياخشى ئوقۇيالمىغانىدىم. مۇئەللىمنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە يۈز كېلەلمەيمەن — بىز كۈندە يۈز كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. لى ئۇستام — جاڭ مۇئەللىم ئىسسىپ ئۆلۈۋاپتۇ، ھەقىقەتەن ئازابلاندىم. ئۇ ئاقساقالنىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى كاللامدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. بەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلىمەن. مەنمۇ ھەم شۇنداق — ئۇنىڭ ئىسمى شاۋخۇا. ئىسمى قىزلارنىڭ ئىسمىغا بەك ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ؟ مەن ئوغۇل مىجەز، شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمى شاۋخۇا، بۇرۇن مومامنىڭ ئۆيىدىكى بىر قانجۇق ئىتنىڭ ئىسمى شاۋخۇا بولىدىغان، ئۇ ئىت ئاجايىپ ئوماق ئىدى. ئوغۇل باللارنى كۆرسىلا قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىپ كېتەتتى. ئۇ تىلسىز ئىت ئىدى، ھاۋشىمايتتى. بىر ئەسكى ئادىتى بار ئىدى: ئوغۇل باللارنىڭ ئاياغ - پايپاقلىرىنى چىشلەپ كاتىكىگە ئاپىرىپ ساقلايتتى. ئوغۇل باللارنىڭ ئاياغ - پايپاقلىرىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ كۆزلىرى ياش قاراپ ياتاتتى، نېمىلەرنى ئويلايدىكىنتاڭ......

شاۋخۇا ئىسىملىك ھېلىقى مۇخبىر «ئېرلاڭشىن» نى بىر چەتكە تارتىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى - دە، ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ كەتتى:

— لى ئۇستام، مەن شەھەردە چىقىدىغان گېزىتنىڭ مۇخبىرى، — ئۇ يانچۇقىدىن كۆك سولياۋ دەپتەرنى چىقىرىپ پۇلاڭلاتتى. — يېقىندا، گېزىتىمىز 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا

مۇئەللىمى فاڭ فۇگۇيىنىڭ چارچاپ كېتىپ دەرس مۇنبىرىدە قازا قىلغانلىق توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن، شەھىرىمىزدە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوتتۇرا ياشلىق ئوقۇتقۇچىلارنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ ئوقۇتقۇچىلار ياتاق بىناسى سېلىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈش، ھايات - ماماتلىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا جان تالىشىۋاتقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ — چاتاقنىڭ ئۈستىگە چاتاق چىقتى — جاڭ چېچيۇ مۇئەللىمنىڭ سىنىپتا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، جەمئىيەت لەرزىگە كەلدى. بىزنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر ھەر خىل قاراشتا قاتتىق قايغۇردى. گېزىتخانا رەھبەرلىرى جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ ئىككىنچى قېتىملىق قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى قوزغاشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئالايىتەن زىيارەت قىلغىلى كەلدىم — شۇ تاپتا كەيپىياتىڭىزنىڭ ئىنتايىن پەرىشان ئىكەنلىكىنى بىلىمەن — ئۆلۈم ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، ئەمما ئۆلمىگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن، قايغۇغا سەۋر - تاقەت قىلىپ، زىيارىتىمنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى سورايمەن.

ئۇ ئۈنئالغۇنى ئېچىپ، قىزىل كۇنۇپكىنى باستى. ئۈنئالغۇنىڭ خىزمەت ھالىتىدىكى كۆرسەتكۈچ چىرىغى قىزىل ياندى. ئۈنئالغۇ لېنتىسى شىرىلداپ مېڭىۋاتاتتى. ھۆسن تۈزىگۈچى ئورنىدىن مىدىرلىمىدى، چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن. ئۇ ئۈنئالغۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، زىيارەت دەپتىرىگە ئالدىراش قەلەم يۈگۈرتتى:

مۇخبىرىمىز ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان جاڭ چېچيۇ مۇئەللىمنىڭ كونا پاختا ئەدىيال يېپىنىپ ۋەيرانە ئورۇندۇقتا تىترەپ ئولتۇرغان خوتۇنىنى كۆردى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلاتتى...... ئۆلگۈچىنىڭ قېرى قېينئانىسى ھەددىدىن ئارتۇق ھەسرەت

چىكىپ ئىلىشىپ قاپتۇ...... ئۇ ئالدىغا ئىگىشىپ خۇددى تاياق يەپ قورقۇپ كەتكەن كۈچۈكتەك تام ياقىلاپ ماڭاتتى. چىچىيۇ، چىچىيۇ...... سەن چارچاپ كىتىپ ئۆلۈۋالدىڭ...... ياداپ كىتىپ ئۆلۈۋالدىڭ...... ئىتتىن تۆرەلگەن مەكتەپ رەھبەرلىرى...... سىنى يىل بويى ئارام ئالدۇرمىدى...... دەيتتى.

مۇخبىر ئۈچ ئەۋلاد بەش جان ئادەمنىڭ بىر يېرىم ئىغىز ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاشخانا ئۆينىڭ يېرىمىدا موماي، ئىككى نەۋرىسى ئۆككۈردە تۇرىدىكەن...... ئۇ ئۇنىئالغۇنى ئۆچۈرۈۋىتىپ...... «ئىبرلاگشىن» بىلەن كۆز بىقىشىۋالدى.

«ئىبرلاگشىن» كاسىسغا ئۇرۇپ:

شەھەردىكى سامان قورساقلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ قىلىدىغان، گەپلىرىنى ناخشىدىن تەسرلىك — ئىشقىلىپ، ئۇلار بىنادا تۇرىدۇ، نازۇنىمەتلەرنى يەيدۇ، تەرەت قىلسا كۆتىنى خەق ئىرتىپ قويىدۇ، — دىدى.

ھۆسن تۈزگۈچى خۇددى كەم سۆز لاي بۇدساتۋادەك كونا پاختا ئەدىيالغا ئورىنىپ ئورۇندۇقتا تۈز ئولتۇراتتى.

— لى ئۇستام، — دەپ سورىدى مۇخبىر، — سىز بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى نۇقتىسىدىن يۇقىرى ئۆرلەش نىسبىتىنى بىر تەرەپلىمە قوغلىشىشقا قارىتا قارىشىڭىزنى سۆزلەپ باقامسىز؟

ھۆسن تۈزگۈچى تاش بۇدساتۋاغا ئوخشايتتى. مۇخبىرنىڭ قەلىمى زىيارەت دەپتىرىنىڭ قۇر ئارىلىقىدا يورغىلايتتى:

يۇقىرى ئۆرلەش نىسبىتىنى بىر تەرەپلىمە قوغلىشىش مەسىلىسى ئۇستىدە توختىلىپ، دەپنە ئىشلىرى ئىدارىسىدە نەچچە ئون يىل خىزمەت قىلغان شەھەر دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى غەزەپلىنىپ تۇرۇپ: ئىبرىم مۇشۇ تۇپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ نەچچە يىلدىن بىرى مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان سىنىپلارنى قولدىن

چىقاردى. مەكتەپ يۈتكۈزىدىغان سىنىپلارغا بىر ھەپتە «چوڭ دەم ئېلىش» پۈرسىتى بېرىلەتتى. مەكتەپ رەھبەرلىرى ھەر كۈنى كەچتە مۇئەللىملەرنى خىزمەت ئورنىغا چىقىشقا مەجبۇرلايتتى، ھەتتا دۆلەت بەلگىلىگەن قىشلىق ۋە يازلىق تەتىل ۋاقتىمۇ تارتىپ ئېلىناتتى. يېقىندا ئوقۇغۇچىلار ئۆلدى، مۇئەللىملەرمۇ ئۆلدى. نەچچە يۈز ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى كوللېكتىپ ئۆلۈۋالسا، ئاشۇ غوجاملار مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، مائارىپنىڭ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ! دېدى.

مۇخبىر ئۆلگۈچىنىڭ خوتۇنىنىڭ غەزىپىگە پايلىماي دېگەن گەپلەرگە پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىنكاس قىلغان مەسىلە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئوقۇشىمىزچە، شەھىرىمىزدە تولۇق بىرىنچى يىللىقتىن باشلاپ پەنلەر «ئىجتىمائىي پەن»، «تەبىئىي پەن» دەپ ئايرىلغان، «ئىجتىمائىي پەن» سىنىپلىرىدىكىلەرگە فىزىكا، خىمىيە پەنلىرى، «تەبىئىي پەن» سىنىپىدىكىلەرگە جۇغراپىيە، تارىخ ئۆتۈلمەيدىكەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا مۇناسىۋەتسىز پەنلەرنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىنغان. مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق مۇخبىر مۇناسىۋەتلىك مەكتەپ رەھبەرلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى: مەركەز نېمىشقا پەنلەرنى ئالدىراپ ئايرىماسلىق، يۇقىرى ئۆرلەش نىسبىتىنى بىر تەرەپلىمە قوغلاشماسلىقنى قايتا - قايتا تەكىتلەيدۇ. جامائەت پىكرىمۇ توختىماي تەنقىد قىلىدۇ، ئەمما نېمىشقا رولى بولمايدۇ؟ مەكتەپ رەھبەرلىرى ئامالسىزلىقتىن:

— يۇقىرى ئۆرلەش نىسبىتىنى بىر تەرەپلىمە قوغلىشىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، لېكىن بىزگە نېمە ئامال؟ شەھەر مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقىرى ئۆرلەش نىسبىتىنى ئۆلچەم قىلىدۇ، بىزگە نېمە ئامال؟ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى

ئويلايمىز، جۈرئەت قىلالمايمىز...... دېيىشتى.
— لى ئۇستام، — دەپ سوئال سورىدى مۇخبىر، — جاڭ مۇئەللىم ئېيىسلىپ ئۆلۈۋالغان مۇشۇ ئىشقا قارىتا كۆزقارىشىڭىزنى سۆزلەپ باقسىڭىز — گەرچە بۇنداق سوئال سوراش قاناۋاتقان يارىڭىزغا يود سۈركىگەن بىلەن باراۋەر بولسىمۇ.
ھۆسىن تۇزىگۇچى كونا ئەدىيالغا ئورىنىپ خۇددى ياغاچ بۇدساتۋادەك قىمىر قىلماي، ھەتتا كۆز قارىچۇقىنىمۇ مىدىرلاتماي ئولتۇراتتى.
مۇخبىرنىڭ قەلىمى زىيارەت دەپتىرىنىڭ قۇر ئارىلىقىدا يۈگۈردى:
...... ئۆلگۈچىنىڭ يەسرەسى غەزەپلىنىپ تۇرۇپ، مەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدىكى مەيدانغا بېرىپ ئۆزۈمگە ئوت قويۇۋالىمەن. ئىسپىرتنا ئەقلى بۇلغىنىپ كەتكەن غوجاملار سەگەكلەشسۇن، بىر مىنۇت سەگەكلەشسىمۇ ئارمىنىم يوق! — دېدى......
مۇخبىر ئورنىدىن تۇرۇپ زىيارەت دەپتىرىنى ياپتى، ئۈنئالغۇسىنى قاچىلىدى ۋە:
— لى ئۇستام، ھەمكارلاشقىنىڭىزغا رەھمەت، زىيارەت خاتىرىسىنىڭ ئارگىنالىنى ئالدى بىلەن سىزگە كۆرسىتىپ، سىز قوشۇلغاندىن كېيىن ئېلان قىلىمىز، — دېدى.
ھۆسىن تۇزىگۇچى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكۈسى بار ئىدى، ھۆسىن تۇزىگۇچى بولسا ئەدىيالغا مەھكەم ئورىنىپ ئولتۇراتتى، قولىنى نەدىن تاپقىلى بولسۇن؟
شەھەر ئەتراپىدىكى خوراز ئۈچ قېتىم چىللىدى، ئاقىرىپ كېلىۋاتقان كۆل رەڭ تاڭ شولىسى دېرىزىدە ئەكس ئېتەتتى. فاڭ فۇگۇيىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە يېرىم ئاي بولدى، لەنتى پۇراق ئۆيىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىدىن، ھەربىر ئۆي بىساتىدىن كېلىپ

تۇراتتى. كۈنـدۈزى پۇراق سـەل ئـاجىز ئـىدى. قـاراڭغۇ چۈشۈشـى بىلەن، پۇراق كېچىلىك تۇماندەك بارا ـ بارا يوپۇرۇلـۇپ كېلەتتـى؛ خوراز ئۈچىنچى قېتىم چىللىغانـدا، قويۇقلىـشىپ پەللىـگە چىققان كېچىلىك تۇمان بىلەن تەڭ پۇراقمۇ قويۇقلىشىپ پەللىگە چىقاتتى.

لەنىتى پۇراق دەل پەللىگە چىققان چاغ ئىدى. تۇ شاۋيىڭنىڭ قۇرۇپ كەتـكەن كـۆزلىرى چىدىغۇسـىز ئاغرىـپ كەتتـى؛ ئېرىـدىن ئايرىلىپ قېلىش ئايال كىشىنىڭ ھاياتىدا چوڭ بۇرۇلۇش ئـىدى — سىز تۈنۈگـۈن خوتـۇن ئـىدىڭىز، مانـا بۈگـۈن تـۇل خوتـۇن بولـۇپ قالدىڭىز......



# توققۇزىنچى باب

## 1

فىزىكا مۇئەللىمىنى ئىككى ساقچى ساقچىخانىنىڭ سولاقخانىسىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى. بېشى تامغا تېگىپ ئاغرىپ كەتتى. بېشىنى تۇتۇۋالمىسا مېڭىسىنىڭ قېتىقى چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بېشىنى تۇتۇپ ۋايۋايلاپ قاقشىدى. ساقچىلارنىڭ ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇپ:

— كەپسىزلىك قىلما، نەرسە - كېرەكلەرنى بۇزۇۋەتمە، بولمىسا مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى كولاپ ئالىمىز، — دېگەن گېپىنى ئاڭلىدى.

ساقچىلارنىڭ يىراقلاپ كەتكەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قولىنى بېشىدىن ئالدى.

سولاقخانىنىڭ ئىچى غۇۋا ئىدى. ئالدى ۋە كەينى تامدا دېرىزە بولسىمۇ، لېكىن كىچىك، يەنە كېلىپ ئېگىز ئىدى. قوينىڭ پاچىقى توملۇقىدا تۆمۈر رېشاتكا ئورنىتىلغان كۆزى قاراڭغۇلۇققا كۆنگەندىن كېيىن، سۇنئىي خۇرۇم بىلەن قاپلانغان كونا سافانى كۆردى. قانچىلىغان ئادەملەر ئولتۇرۇپ كەتكەن مېغىز رەڭ سافا ئۆزگىرىپ قاپقارا داغلار چۈشۈپ، يىرتىلىپ كەتكەنىدى، سۇنئىي خۇرۇمنىڭ ئاراچىلىرىدىن نىختاپ تىقىلغان كونا پاختا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئورنىدىن ئۆمىلەپ تۇرۇپ ئىككى قولىنى سافانىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېلىپ سافادا ئولتۇردى. چارچاپ كەتكەن تېنى ئوبدانلا ئارام تېپىپ قالدى. سافادا ئولتۇرۇشنىڭ ھوزۇرىنى تولۇق سەزدى.

ئاشقازىنى كوركىراپ كەتتى، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. ساقچىنىڭ يوغان قولى ئۈزۈۋەتكەن خىيالىنى داۋام قىلدى: ھۆسن تۈزىگۈچى سۆڭگۈچى چالا - پۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كالتا ئىشتاننى كىيىپ تار ئۆيدە مېڭىپ يۈرەتتى. چىرايى ماڭا ئوخشاش، ماڭا ئوخشاش ماش رەڭ فورما كىيگەن، مېنىڭ كۆزئەينىكىمنى تاقىغان. مېنىڭ ئورنۇمدا ماڭا ئوخشاش ئولتۇرغان. ئەمەلىيەتتە مەن ئەمەس، ھېلىقى ئەبلەخ تىترەپ تۇرغان ئەمچەكلىرىگە ۋە ساپسېرىق تۈك بېسىپ كەتكەن بەدىنىگە ئاچ كۆزلەرچە قاراپ، ئۇنى يېۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئولتۇرىدىغاندۇ......

خۇددى ئۆتكۈر تىرناق تۈيۇقسىز يۈرىكىمنى تىلغاندەك — مەن چەكسىز ئازابنى ھېس قىلدىم. بوغۇق ئاۋازىم بىلەن يىپىشقاق كۆز يېشىم تەڭلا ئاغزىمدىن ۋە كۆزۈمدىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۆيگە قايتىمەن، ئۆيگە قايتىمەن — ئۆيدىكى مۇزىكا فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ يۈرىكىدە گۈرۈلدىمەكتە — بۇ يەردە ماڭا نېمە بار — فىزىكا مۇئەللىمى سافادىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، ئىشىكنى مۇشتىلىدى — مېنى چىقىرىۋېتىڭلار، ئۆيگە قايتىمەن — مەن ھاماقەت! — تۆمۈر ئىشىك تاراقلايتتى. ئىشىك سىرتىدىكى بازارنىڭ شاۋقۇن - سۈرىنى لەرزان ئۇچۇپ سولاقخانىغا كىرەتتى. دەرمانى قۇرۇغان ئىچ مايماق پۇتىنى سافا تەرەپكە سۆرەپ بىراقلا كۆزىنى يۇمدى.

فىزىكا مۇئەللىمى قوش ئازابتا قىينىلاتتى: ھۆسن تۈزىگۈچى بىلەن فاك فۇگۈينى ئويلىغان ھامان، ھەي! ئۇلار بىرگە

بولدى...... لۆكچەك! جالاپ — بېشىنى تاتىلايتتى — بۇ روھىي ئازاب ئىدى؛ ئاشقازىنى كوركىراپ سايراپ كېتىۋاتاتتى، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشاتتى، ئاغزى پۇرايتتى، قول - پۇتلىرى يۇمشاپ، بارماقلىرى تىترەيتتى — بۇ جىسمانىي ئازاب ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سولاقخانىدا بىر كېچە - كۈندۈز ياتىدىغانلىقىنى ئالدىن ئويلىمىغانىدى. جىسمانىي ئازاب روھىي ئازابنى بېسىپ چۈشۈپ ماركسىزمنىڭ چىنلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك ئىسپاتلىدى. فىزىكا مۇئەللىمى «ماددا بىرلەمچى، روھ ئىككىلەمچى» دېگەن يوغان سېرىق خەتلەر كەشتىلەنگەن قىزىل بايراقنىڭ بېشى ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەتىسى گۈگۈم ۋاقتىغا يېقىن، كاللىسىدىكى ئېكراندا نازۇنېمەتلەر ئېلانى يامراپ كەتتى. بەدىنىنى سېرىق تۈك بېسىپ كەتكەن يالڭاچ ئايال بىلەن يالغان جاڭ چىچيۇنىڭ ئاشىندارچىلىقى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئېسىل يېمەكلىك ئېلانلىرىنىڭ بېرىلىدىغان قېتىم سانى ئەڭ يۇقىرى ئىدى، كۆڭلى ئىسسىق ھور ئۆرلەپ تۇرغان بىر قاچا كالا گۆشى ئۇگرىسى تارتىپ تۇراتتى.

چوغدەك قىپقىزىل شەپەقنىڭ تال - تال نۇرلىرى دېرىزىدىن كىردى. ھېلىقى بىپەرۋا ئىككى ساقچىنىڭ سېنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭ. ئۈچەي ۋە ئاشقازىنىڭ كوركىرىماس بولدى. چۈنكى، كوركىرىغان بىلەنمۇ پايدىسى يوق ئىدى. ئۈچېيىڭ بىلەن ئاشقازىنىڭنىڭ قورساق بوشلۇقۇڭدا غەپلەت ئۇيقۇدا ياتقانلىقىنى سەزدىڭ. تۇرۇپ - تۇرۇپ نائىلاج نالە قىلغانىدەك غىڭشىپ قوياتتى. ھېلىقى سېرىق مەزمۇندىكى كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قايتا بېرىلمەيلا قالماي، نازۇنېمەتلەر ئېلانلىرىمۇ تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا سەكرەپ - سەكرەپ ئەمەس، بەلكى ئېرىنچەكلىك بىلەن چىقىۋاتاتتى. ئىككى ئېلانىڭ ئارىلىقى

ئۇزاققىچە بوش قالدۇرۇلدى، بوش ئورۇن تىنىمسىز سەكرەپ تۇرغان يېڭىندەك ئۇچلۇق سان - ساناقسىز نۇر داغلىرى بىلەن تولدۇرۇلدى. سولاقخانىغا خۇشياقمىغاندەك كۆز يۈگۈرتتىڭ — مەقسەتسىزدەك كۆرۈنگىنى بىلەن مەقسىتىڭنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئىدى — يېگىلى بولىدىغان نەرسە ئىزدەۋاتاتتىڭ. كۆزلىرىڭ تامغا يۆتكەلدى. ھاك ئارىلاشتۇرۇلغان قۇمنى، چىگە تالاسى ئارىلاشتۇرۇلغان سۇۋاقنى يېگىلى بولامدۇ؟ ناۋادا شەپقەتچى مەبۇدەنىڭ تۇپىسى بولسا يېگىلى بولاتتى. كۆزلىرىڭ تورۇسقا قادالدى. كۆپۈكسىمان سولياۋ چاپلانغان تورۇسنى يېگىلى بولامدۇ؟ تۆمۈر رېشاتكىنى يېگىلى بولامدۇ؟ سۈنئىي خۇرۇمنى يېگىلى بولسا مەن بىر سافانى يېۋەتكەن بولاتتىم. قاراڭغۇ بۇلۇڭدا قۇرغان ساياھەت سومكاڭنى كۆرۈپ قالدىڭ. ساياھەت سومكىسىدا تاماكا بار ئىدى، تاماكىنى يېگىلى بولاتتى. راست، تاماكىنى يېگىلى بولىدۇ! كونىلاردا: «بىر تال تاماكا بىر گۆش مانتىسىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ» دېگەن گەپ بار! مەندە تۆت پاچكا تاماكا بار! 800 تال! 800 گۆش مانتا بار! چەكسىز خۇشاللىق، سەن شاختا قېپقالغان يوپۇرماقتەك شىمال شامىلىدا تىترەيتتىڭ، بۇ چەكسىز خۇشاللىقنىڭ چالا پىشقان مەھسۇلاتى ئىدى.

ئۇ ئەسلىدە سەكرەپ بارماقچى بولدى، ئەمەلىيەتتە ئۆملەپ باردى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىڭ بىلەن ساياھەت سومكىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى يىرتىۋېتىپ، تۆت پاچكا تاماكىنى بىر - بىرلەپ چىقاردىڭ. ئالدىراش تارتقۇشلىدىڭ. ئاچالمىدىڭ، چىشلەپ ئاچتىڭ. ئۈستىدىكى بىر قەۋەت پارىلداق سولياۋنى چىشلەپ يىرتىپ، كۇرۇپكىدىن بىر قاپ تاماكىنى سۇغۇرۇپ ئالدىڭ. پېچەتلەنگەن ئاغزىدىكى كۈمۈش يىپقا قولۇڭ تەگدى. تارتتىڭ، ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىدىن تۆت تال تاماكا ئالدىڭ. سارغۇچ تاماكا تالاسىدىن كۆزلىرىڭ نۇرلىنىپ كەتتى. ئېسىل خۇشبۇي پۇراق

دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ بۇرنۇغىدىن پۇتلاڭ ئاقتى.

بۇ چاغدا ئوت يوقلۇقىنى ئويلاپ ئۈمىدسىزلەندىڭ.

فىزىكا مۇئەللىمى كونا سافادا ئۈمىدسىز ئولتۇراتتى، دېرىزىدىن كىرگەن شەپەق نۇرى توق قىزىل رەڭگە ئۆزگەرگەنىدى. دېرىزىدىن، ئون نەچچە تۇخۇمسىمان سۇزۇك يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىدىن، ئەڭ دەسلەپ چىققان يۇلتۇز كۆرۈندى. ئۇچقۇندەك چاقنايتتى. ئۇ گويا كاللىدىكى ئېكراندا پارلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۆيدىكى مۇزىكا پارچە - پۇرات شاۋقۇنغا ئايلاندى. ئوت مۇزىكىسى بارغانسېرى قىزغىن تۈس ئالدى. مۇزىكا گويا گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان يالقۇنغا ئوخشايتتى. قەدىمي زامانلاردا ئەجدادلار ئوت دۆۋىسىنى چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتاتتى...... ياغاچتىن ئوت چىقىراتتى! مەن ھاماقەت! مەن ھاماقەت! مەنمۇ فىزىكا مۇئەللىمى بوپقاپتىمەن!

ئۇ روھلانغان ھالدا خىزمەتنى باشلىۋەتتى: كونا سافانىڭ ياختىسىنى ئالدى. ئېشىپ نەچچە تال پىلىك قىلدى؛ بىر پاي كەشنى سېلىپ، قولىغا كىيدى؛ پىلىكنى سېمونت يەرگە يايدى. ئۈستىگە كەشنى باستۇرۇپ قويدى. تەييارلىق تۈگىدى. ئۇ يۈكۈندى، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قەدىمي زاماندىكى گۈلخانغا خىيالەن قاراپ، ئىچىدە تىلاۋەت قىلدى، ئاندىن ئېڭىشىپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. پۈتۈن كۈچىنى رېزىنكە چەملىك لاتا خەي كىيىكلىك قولىغا يىغىپ ھازىرلاندى. ئۇ خەينى كۈچەپ تۇرۇپ تېز سۈرئەتتە خەينىڭ چەمى بىلەن سېمونت يەر ئارىلىقىدىكى پىلىككە سۈركىدى. ئىسسىقلىق چەمدىن ئۆتۈپ قولنى كۆيدۈردى! كۆيگەن رېزىنكىنىڭ پۇرىقى بۇرنۇغىغا ئۇرۇلدى. چەمدىن كۆتۈرۈلگەن قارا ئىسنىڭ كۆزۈگە ئۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلدىڭ. چەمنى يىراق تۇتۇپ، بىر تال پىلىكنى ئاستا پۈۋلىدىڭ. دېرىزە سىرتىدىكى يۇلتۇزلار شادلىنىپ پارقىرايتتى. پۈۋلەش نەتىجىسىدە

كىچىككىنە ئوت پىلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سېرىق نۇر چاچتى ھەم بارا - بارا كېڭەيدى. سەن دەرھال قىممەتلىك ئوتنى بىر ئورام پاختىنىڭ ئارىسىغا ئالدىڭ. توختىماي كۈچەپ پۈۋلەۋەردىڭ...... كۆكۈچ ئوت شوخلۇق بىلەن پاختىنىڭ چۆرىسىدە كۆتۈرۈلۈپ، فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ يۈزىدىكى تەرىنى، كۆزىدىكى ياش تامچىسىنى ۋە ئاقىرىپ، تىترەپ كېتىۋاتقان ئاغزىنى يورۇتتى.

ئۇ سافادا يېتىپ، تاماكىنىڭ خۇش پۇراق ئىسىنى يالماپ - يالماپ يۇتتى، ئۈچەي - ئاشقازىنى شاد ناخشا ئېيتتى، يۈرىكى بىلەن ئۆپكىسى ئەسەبىيلەرچە ئۇسسۇلغا چۈشتى. جىگىرى بىلەن تىلى زەپەر مارشىنى ياڭراتتى. تاماكا ئىسى پۈتۈن بەدىنىدە ئۆرۈشۈپ تۇراتتى. فىزىكا مۇئەللىمى مەستانە بولدى، كاللىسىدىكى ئېكراندا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەشتىكى تالانت تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ، بىلىم كۈچ دېمەكتۇر، دېگەن ئىبرەتلىك سۆز تەكرار - تەكرار كۆرۈندى. ئۇ ئون نەچچە خىل ئوت پەيدا قىلىش ئۇسۇلىنى پىلانلىغاندى، بىرىمى ئىسسىقلىقنى سۈركەش بىلىمىدىن پايدىلىنىشقا، بىرىمى ئوپتىكىدىكى فوكۇسلاش قائىدىسىگە ياتاتتى. ئەسقېتىپ قالىدىغانلىقنى ھەقىقەتەن ئويلىمىغانىدى. ئوت ھاسىل قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن جاپالىق ئەمگىكىنىڭ يوقىقا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تاماكىنى كەينى - كەينىدىن چەكتى، نىكوتىننىڭ ھىدىدىن ئارتۇق تەسرىدە ئاغزى ئاچچىق بولۇپ ياندۇرغۇسى كەلدى، بېشى چىڭقالدى.

ئەتىسى چۈشتە، ئۇ ئون نەچچە قېتىم ياندۇردى. باشتا بىرمۇنچە سارغۇچ شۆلگەي، كېيىن ياندۇرغاندا يېشىل ئۆت سۈيۈقلۇقى كەلدى. ئاچچىق تاماكا ئىسىغا تولغان سولاقخانىدا تۇرالماي قېلىۋاتقانلىقنى ھېس قىلدى. تىرمىشىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى - دە، ئاغزىنى ئىشىك بىلەن كېشەك ئارىلىقىغا ياقتى.

سىرتتىكى ساپ ھاۋانى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۈمۈردى. ئۆلۈۋېلىش خىيالى سېرىق كېپىنەكتەك كۆز ئالدىدا پەرۋاز قىلىۋاتاتتى. سېرىق كېپىنەك سولاقخانىدا پەرۋاز قىلىپ ئۇچتى. كۆزى قىپقىزىل، گويا قاراڭغۇ كېچىدە كۆرۈنگەن ئىككى تال تاماكىنىڭ چوغىغا ئوخشايتتى. كېپىنەك يەلكەڭگە بىر قېتىم، يەنە بىر قېتىم قوندى، بۇدۇر ھەم ھېسسىياتچان پۆپۈكلىرى قۇلاقلىرىڭنى سوزاتتى.

بۇ ھۆسن تۇزىگۇچى تالاي قېتىم سوزغان قۇلاقلار ئىدى...... مومدىن پۈتكەن ساھىبجامال بىر قېتىم سوزغانىدى...... ئۇ قۇلىقىمدىن سوزغان پېتى ھويلىدىكى ئارغامچىغا ئېسقلىق تۇرغان كىرلىكنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئاپىرىپ دەبدەبە بىلەن:

— ھارامدىن بولغان! كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قارا، بۇ نېمە؟...... كىرلىككە بىر قاتار مودەنگۇل چۈشۈرۈلگەن، ئېچىلىپ كەتكەن مودەنگۇل چېچەكلىرىنىڭ يېنىدا بىر ئۇيۇم قان دېغى بار ئىدى...... مومدىن پۈتكەن ساھىبجامال قولى بىلەن كۆرسىتىپ،— ئوبدان قارا، بۇ نېمە؟— دېدى،— قىزىل سىياھ،— دېدىم،— ئاناڭنى، قىزىل سىياھ بىلەن كۆك سىياھنى ئۇنتۇمايسەن! كىتاب خالتىسى، ساڭا مەن دەپ بېرەي، بۇ قىزىمنىڭ قېنى! قىزىمنى ئويناپ بولۇپ تاشلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلىدىكەنسەن، مۇشۇ كىرلىكنى كۆتۈرۈپ رەھبىرىڭنىڭ ئالدىغا بارىمەن!...... ھۆسن تۇزىگۇچىنىڭ كارىۋاتتىكى ئېپادىسى مېنى قورقۇتۇۋەتكەنىدى...... ئۇ يوتقىنىنى قايرىپ ياۋۇزلۇق بىلەن،— كېلە! — دېگەنىدى، ئاغزىدىن چىققان بىئەدەپ تىلنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كەتكەنىدىم...... شۇ چاغدىن تارتىپ تېنىدىن، چاچلىرىدىن، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن دەپنە ئىدارىسىدىكى پۇراق بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان بولدى...... سىرتتا مېتالنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازى كەلدى. كۈچ بىلەن ئىتتىرىلىپ ئېچىلغان تۆمۈر ئىشىككە بېشى قىسىلىپ قالدى، بۇنى خىيالى تۇيغۇ، دەپ

ئويلىدى. تالادىن ساپ ھاۋا ۋە نۇرلار كىردى. ئۇ بۇنىمۇ خىيالىي تۇيغۇ، دەپ ئويلىدى.

ئالدىنقى كۈنى تونۇشۇپ قالغان سۇرلۇك ساقچى چوقچايغان كاساڭغا بىرنى تېپىپ:

— ئەكسىلئىنقىلابچى، ئوت قويماقچى بولدۇڭمۇ؟— دەپ تىل سالدى.

سولاقخانىدىكى تاماكا ئىسىدىن ساقچى قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى - دە، ئىشىك تۇۋىگە داجىدى. بىر قولى ئىسكىلىتتەك ئورۇق، ئاق پىشماق ياش بالىنىڭ كېكىردىكىدە ئىدى، بىر قولى بىلەن بۇرنى ئالدىدىكى ئىسنى يەلپۈپ تۇراتتى. ئۇ:

— لاۋشى! ئالدىنقى كۈنى تۇتۇپ كېلىنگەن نېرۋا كېسىلى بار ئادەم ھېلىمۇ سولاقلىق پېتى تۇرۇپتىغۇ؟— دەپ ۋارقىرىدى.

ئالدىنقى كۈنىدىكى ئانچە سۇرى يوق ساقچى سۇ تېمىپ تۇرغان قول ياغلىقنى كۆتۈرۈپ ئىشكتە پەيدا بولدى— ئىككىلا قولى سوپۇن سۈيى ئىدى — چىرايىدا بالىلارچە كۈلكە — كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سېنى بىر تەرەپ قىلىشۋەتتىمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن!

— بىر قولۇمنى ئىككى قىلالمايۋاتسام، بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋاقىت نەدە؟— دېدى سۇرلۇك ساقچى سوغۇق تەلەپپۇزدا،— سېنى بۇرۇنلا بىر تەرەپ قىلىشۋەتتى دەپ يۈرۈپتىمەن!

— بولدى - بولدى، ئادەمنى ئىككىمىز تۇتقان، ئىككىمىز بىر تەرەپ قىلىشۋېتەيلى،— دېدى سۇرى يوق ساقچى،— ئۈچ مىنۇت ساقلاڭ، قول ياغلىقىمنى يۇيۇۋېتىپ چىقاي.

سۇرلۇك ساقچى ئىسكىلىتتەك ھېلىقى ياشنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويدى، ئاگاھلاندۇرۇپ: ئوغرى، ياۋاش بول! كەپسىزلىك قىلساڭ پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن! — دېدى.

ساقچى سىنى سوراقخانىغا ئەكىردى. سەن ئۈچ پاچكا، بەش قاپ تاماكا سېلىنغان ساياھەت سومكىسىنى كۆتۈرۈپ سوراقخانىغا كىردىڭ.

— سەن نىرۋا كېسەلمۇ؟

— مەن نىرۋا كېسەل ئەمەس.

— نىرۋا كېسەل بولمىساڭ، قاتناش تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلدىڭ. بۇ گۇناھىڭغا نېمە دەيسەن؟

— قەستەن قىلمىدىم...... ئۆيگە كېتەي دېگەن......

— ھۆكۈم مۇنداق: 100 يۈەن جەرىمانە قويۇلۇپ، ئۈچ كۈن تۇتۇپ تۇرۇلىسەن، ئىدارەڭگە دېسەڭ، جەرىمانىنى ئەكېلىپ بېرەمدۇ ياكى ئۆزۈڭ تۆلەۋېتەمسەن؟

فىزىكا مۇئەللىمى قىلچە ئىككىلەنمەستىن يانچۇقىدىكى 100يۈەن قىممىتىدىكى يېپيېڭى پۇللار قاچىلانغان قىلىن سېرىق لىپاپىنى چىقىرىپ، ساقچىغا ئۇزاتتى. سۈرلۈك ئەمەس ساقچى جەرىمانىگە تالون يېزىپ بېرىپ، ھەييارلىق بىلەن:

— ئاله، ئاتچوت قىلدۇرۇۋال، — دېدى.

سۈرلۈك ساقچى بىزار بولغانىدەك قولىنى سىلكىپ:

— ئىشىڭ تۈگىدى، ماڭ، يادىڭدا بولسۇن! يولدىن ئۆتكەندە چىراغقا قاراپ ئۆت، پىيادىلەر يولىدا ماڭ، — دېدى.

ئۇ ئېسىل تاماكا سېلىنغان ساياھەت سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، ساقچىخانا دەرۋازىسىدىن خۇشال چىقىپ كەتتى. بۇلۇت ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان ئۇچار قۇشتەك بېشىنىڭ ئېغىرلاپ، پۇتلىرىنىڭ يېنىكلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. پۇل تاپىدىغان ئىشىڭنى خوتۇنىڭ سىياقدىشىڭ بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىپ پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. سەن قەلبىڭنىڭ «ياشىسۇن ئەركىنلىك!» دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭ.

## 2

نىكوتىننىڭ ناركوزى يېرىم سائەتتىن كېيىن تۈگىدى. ئۇچار قۇش ئاپئاق بۇلۇت ئۈستىدىن ئۇچۇپ يەرگە قوندى. ئىچكى ئەزايىڭ تاماكا ئىسىغا تولغانىدى. پاكىز دەريا سۈيىنىڭ ھىدىنى پۇرىدىڭ. شەھەر كوچىلىرىدىكى چىراغلار ۋاللىداپ يېنىپ تۇراتتى. ئاق تېرەكلەرنىڭ قوۋزىقى كۈمۈشتەك پارقىرايتتى. ئايىغىڭنىڭ ئاستى سېمونت يول، تۇخۇمسىمان تاش يېيىتىلغان سېمونت يول شەھەردىكى شېرىن مۇھەببەت كوچىسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم، دەپ ئىچىڭ پۇشۇپ كېتىۋاتامدۇ؟ ئاق تېرەك دەرىخىنىڭ پۇرىقى ئۇزاق يىللاردىن بېرى توپا - چاڭ ئاستىدا قالغان سەزگۈلىرىڭنى ئويغىتىۋەتتى. ئاغزىڭ قۇرغاق، تىلىڭ ئاچچىق ئىدى. ئۈچىيىڭدىن كۆتۈرۈلگەن ھىد ئۆلۈكنىڭ ھىدىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پاكىز دەريا سۈيىنىڭ ھىدى تېخىمۇ كۈچىيىپ، مېنى ئوتقا ئۆزىنى ئۇرغان پەرۋانىدەك قىلىۋەتتى. ئۇ ئاق تېرەكلىكتىن ئۆتۈپ دەرياغا قاراپ ئوقتەك يۈرۈپ كەتتى. كۆزىنىڭ خاتا سېزىمى بىلەن دەرەخكە ئۈسسۈۋالدى. دەرەخلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىكى يالتىراق قوڭغۇزلار نەپىس نوتىدەك ئاق تېرەككە مەنسۇپ مۇزىكا ئىشلەپ يۈرۈشەتتى. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ تېنى دەرەخلەرنىڭ غولىغا چاپلىشىپ، چىملىق بىلەن ئۇلار ئېيتىۋاتقان ناخشا، ئىڭراش، قوزۇق قېقىش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى ئېقىن سۇنىڭ ئاۋازى بىلەن بىرىكىپ كەتكەنىدى.

فىزىكا مۇئەللىمى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن كەلگەن تۆگىدەك ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. ساياھەت سومكىسىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، دەريا بويىدا تىزلاندى. ئاغزىنى دەرياغا ياقتى، سۇنى

سۇمۇرۇپ ئىچتى، ئۇششاق بېلىق ۋە ئۇششاق راكلار قورسىقىڭغا كىرىپ كەتتى. ئۇسسۇزلۇقۇڭ قاندى، لېكىن ھەددىدىن ئارتۇق چارچاش يوقالمىدى. تىزىڭ ۋە ئالقانلىرىڭ دەريا بويىدىكى پاتقاققا پېتىپ كەتكەنىدى. ساڭا ئوخشاپ كېتىدىغان سېمىز بىر پاقا ئوڭ يېنىدىكى سۇغا چۈشۈپ تۇرغان چۆپلۈكتە قىزىقسىنغان ھالدا سېنى كۆزىتىپ تۇراتتى. بېلىقلار ئۈچىيىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەندەك، راك بېشىڭغا ئۇسسۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. سېسىق پۇراق گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرغان دەريا يۈزىدە يۇلتۇزلارنىڭ سايىسى ئالتۇن مىختەك چايقىلىپ تۇراتتى. بېشىڭ قېيىپ كەتتى، چىداشلىق بېرەلمەي قالغانلىقىڭنى سېزىپ تۇرسەن. دۇغ سۇ گېلىڭگە ئۇرۇلۇپ، بۇرنۇڭ بىلەن ئاغزىڭدىن غارقىراپ يېنىپ كەتتى. ئۇششاق بېلىقلار ۋە ئۇششاق راكلار ئەسلىي ماكانىغا قايتتى. بۇرنۇڭدىن يانغان سۇدىن قان ھىدى كېلەتتى. فىزىكا مۇئەللىمى ئازابلىنىپ تۇرۇپ كۆزىگە ياش ئالغان ئەمەس. سەن ئىچكەن سۇنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇۋەتتىڭ. ئۈچىيىڭ، گېلىڭ ۋە بۇرنۇڭ ئارام تاپتى. شۇ دەقىقىدە ئاجايىپ يەڭگىللەپ قالدىڭ. دولقۇنلار شالاقلايتتى، ئوت - چۆپلەر كۆكلەيتتى. موزايبېشى نەم توپىدا چىرىلدايتتى، پاقا ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى — يۇلتۇزلار چايقىلاتتى.

ئۇ سەل كۆچەپ قولىنى ۋە تىزىنى لايدىن تارتىپ چىقاردى. ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغان ساياھەت سومكىسى پاقىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. سومكىنى ئالدىڭ، پاقا دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. كەينىڭدىن چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىڭ.

سەن بۇ بىر پارچە ئاق تېرەكلىكنى ياخشى كۆرمەيسەن. قورقىسەن، يامان كۆرىسەن ھەم تارلىق قىلىسەن. يۇيۇلۇپ پاكىزلانغان تېنىڭنى سۆرەپ ئاق تېرەكلىكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كەچتە ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدا

كۆككە قاراپ سايرىغان ئاۋازنى ۋە ئۇ يەر - بۇ يەردىن كېلىۋاتقان سۆيگۈ - مۇھەببەت ساداسىنى ئاڭلىدىڭ.

فىزىكا مۇئەللىمى ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ئېزىپ قالدى. بارار يېرى يوق. ئۆيى بولسىمۇ قايتىپ كېتەلمىدى. ئۇ ناھايىتى غەزەپلىنىپ تۇرۇپ: بۇ كۆڭۈل قويۇپ قۇرۇلغان بىر تۇزاق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى...... چىراغلار چاقناپ تۇرغان كىنوخانا ئالدىدا ۋېلىسىپىتلەر قاتار - قاتار قويۇلغان، يورۇقتا ۋېلىسىپىتلەرنى ساناپ بولغىلى بولمايتتى. كىنوخانىنىڭ ئىچىدىكى ئاۋاز بىرقەدەر جىمىپ قالغان مەيدانغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئاۋاز ياڭراق ئىدى:

— توختا، قولۇڭنى كۆتۈر، ۋۇ مۇناپىق، تاراق - تۇرۇق — ئۈستەل ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى — بىر ئايال چىرقىراپ كەتتى — پاڭ - پۇڭ!— ئوق ئاۋازى ئىككى قېتىم ئاڭلاندى — بۇ قانداق كىنودۇ؟ فىزىكا مۇئەللىمى كىنوخانا ئالدىدىكى مەيداندا پىرقىراپ يۈرەتتى. ئۇچىسىغا كاجى رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن خىزمەت كىيىمى كىيىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق ئىككى ئايال كىنوخانا ئالدىدا شىمشىكا چېقىپ ئولتۇراتتى. كىنوخانا ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى يوغان كىنو ئېلانى ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئېلاندا: نىقاب تاقىغان بىر ئايال سېرىق تاپانچىنى قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان سېمىز بىر ئەرگە تەڭلەپ تۇراتتى. ئايالنىڭ كۆكسى ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەنىدى: كۆڭلىكىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئەمچىكى ئىككى دانە نەيزىگە ئوخشاپ قالغان. مەيداننىڭ چەت چۆرىسىدە بىرمۇنچە يايما بار ئىدى. بەزىلەر مېۋە - چېۋە، بەزىلەر شىمشىكا، بەزىلەر تاماكا، يەنە بىرەيلەن چۆچۈرە سېتىۋاتاتتى. ئاددىي ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان ئوتۇننىڭ يورۇق ھەم ئىسسىق ئۇچقۇنى ئاقۇچ ئۇچىيمنى يورۇتۇۋەتتى. ئەمبەلگە ئاق قاچىلار ئىككى قاتار قىلىپ تىزىپ قويۇلغان، ھەربىر قاچىدا بىردىن يېشىل چاقچۇق

قوشۇق، بىر چىمدىم تۇز، نەچچە تال ئاشكۆكى، ئىككى ـ ئۈچ تال قۇرۇتۇلغان ئۇششاق راك، نەچچە تال دېڭىز يۇسۇنى بار ئىدى. سەندە چۆچۈرە سېتىۋاتقان يايمىغا نىسبەتەن كۈچلۈك قىزىقىش قوزغالدى. قارامىلىق قىلىپ ئالدىغا قىستىلىپ بېرىپ تىل ئىشتىنىڭ ــ سېنى بىلىكىگە قارا ئەجدىھا چېكىۋالغان تەمبەل كەلگەن بىر ياش ئۇرۇپ خېمىر قىلىۋەتكىلى تاس قالدى.

ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى: فىزىكا مۇئەللىمى چۆچۈرە سېتىلىۋاتقان يايمىنىڭ ئالدىغا قىستىلىپ بارغاندا، قولى (كېيىن بايقىدى) ئاپئاق تور كۆڭلەك كىيگەن، زىلۋا بىر قىزنىڭ كاسىسىغا تېگىپ كەتتى. قىز قارا چاپان كىيگەن يىگىتنى بىلەن بىللە چۆچۈرە ئىچىپ ئولتۇراتتى. قىزنىڭ كاسىسىغا سىگنال ئۇسكۇنىسى ئورنىتىلغاندى ــ قولۇڭ تېگىشى بىلەن سىگنال سايراپ كەتتى. قىز چىرقىراپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئاپئاق كۆڭلىكىدە قاپقارا قول ئىزى تۇراتتى. فىزىكا مۇئەللىمى كۆزىنى يايمىچىغا تىكىپ، باھاسىنى سوراي دەپ ئاغزىنى ئېچىشىغا، پۇتىغا سەل ئاغرىق كىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. قىز ياغاچتەك قاتتىق باسنوشكىسى بىلەن ئۇنىڭ پۇتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى ۋە:

ــ لۈكچەك، نېمە قالايمىقان سىلايسەن؟ــ دەپ تىللىدى.

يىگىت يۈرگىنىنىڭ كۆڭلىكىنى كۆرۈپ، چۆچۈرىنى ئەمبەلگە قويۇپ:

ــ بەللى! ــ دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، كەڭ يېڭىنى شىمايلىدى، بىلىكىگە چېكىۋالغان يىرتقۇچ ئەجدىھا كۆرۈنۈپ قالدى. ئات تۇيىقىدىكى يوغان مۇشتۇمى فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ يەلكىسىگە سەل تېگىشى بىلەن، ئۇ يىتىپ قالدى.

ــ سېنى ئۇرۇپ خېمىر قىلىۋېتىمەن!ــ دەيتتى يىگىت ھۆركىرەپ.

قىز يىگىتنى تارتىپ تۇرۇپ:

— بولدى، لوڭ ئاكا، ئەزىمەت ئۆلۈمتۈك بىلەن تەڭ بولمايدۇ، — دېدى.

— ياق، بۇنداق خورلۇققا چىداپ تۇرالمايمەن!

يىگىتنىڭ بويى 1 مېتىر 85 سانتىمېتىر كېلەتتى. سېرىق بۇرۇتى بار ئىدى. قىز يىگىتنى بىرنى قويدى ۋە:

— ئەبلەخ، لوڭ ئاكا، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەيۋاتامسەن! — دەپ ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ كەتتى. قىز ماڭغاچ فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ بېشىغا تۈكۈرۈپ قويدى. يىگىت:

— غوجىكاڭ، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتى! — دېدى.

يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇڭ، يېتىپ تۇرۇپ قانداق تۇرۇپ كېتىش توغرۇلۇق ئويلىدىڭ. ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، يۈزۈڭنى قىلىن قىلىپ يەنىلا ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ. چۆچۈرە سېتىۋاتقان يايمىچى ساڭا ئىچ ئاغرىتقان هالدا قاراپ تۇراتتى. سەن هاسىراپ تۇرۇپ:

— ماڭا رەهىم قىلىپ، ئىككى قاچا چۆچۈرە بەرسىلە...... — دېدىڭ.

ياشانغان يايمىچى ساڭا چۆچۈرىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئۇستام، ئۇششاق تىجارەت قىلىمەن، نېسى قىلالمايمەن. يەنىلا ئاۋۋال پۇلنى بېرىڭ. بىر قاچىسى ئۈچ مو، ئىككى قاچىسى ئالتە مو، — دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئۈستىبېشىنى ئاختۇرۇپ بىر سىنتمۇ تاپالمىدى.

— ئۇستام، — دېدى يايمىچى، — مەن پىششىق ئادەم ئەمەس — ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بولغان بولسا، ئىككى قاچا چۆچۈرە دېگەن نېمىدى — ئۇششاق تىجارەت، كەچۈر مېنى.

ساياهەت سومكىسىدىكى تاماكىنى يادىڭغا ئالدىڭ — ئامال

تېپىلغانىدەك بولدى ــ سومكىنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر قاپ تاماكا ئالدىڭ ـ دە، تىترەپ تۇرۇپ تەڭلىدىڭ ــ قولۇڭغا بايام دەريا بويىدا يېشىل لاي چاپلىشىپ قالغانىدى، سېسىق پۇراق كېلىپ تۇراتتى ــ ئېسىل ھەم قىممەت پۇللۇق تاماكا مەيىنەت قولۇڭغا پەقەتلا ماس كەلمىگەنىدى.

ــ تاغا، مۇشۇ بىر قاپ تاماكىغا چۆچۈرىگىزنى تېگىشەي، ــ دېدىڭ.

ياشانغان يايمىچى گۇمانلىق كۆزلىرىنى فىزىكا مۇئەللىمىگە تىكىپ، بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە، ئايىغىدىن تارتىپ بېشىغىچە تازا بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن كەسكىن تەلەپپۇزدا:

ــ تېگىشمەيمەن، ــ دېدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆز قىممىتىڭنى بىلىپ قەلبىڭ قاتتىق ھەسرەتلەندى. ئامال يوق، سومكىنى كۆتۈرۈپ، چامداپ يۈرۈپ كەتتىڭ. چۆچۈرىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى زەھەرخەندىلىك بىلەن كۆلەتتى، دۇمبەڭگە يايمىچىلار ئاتقان ئۇچلۇق نەيزە سانجىلدى.

خوتۇنۇڭ ھەمىشە ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ماقال يادىڭغا يەتتى: «سېۋەت كۆتۈرگەن ئادەمنى ئىت چىشلەيدۇ، پۇلى بار ئادەم ھۆرمەت تاپىدۇ» مەندە ئۈچ پاچكا، بەش قاپ ئېسىل تاماكا بار، ساتسام پۇل بولىدۇ. پۇلغا ئەمبەلدىكى چۆچۈرىلەرنىڭ ھەممىنى سېتىۋالىمەن!

ئۇ كىنوخانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان تۆت كوچا ئاغزىنى تاللىدى ــ بۇ يەردە بىكارچى ئادەملەر لاغايلاپ يۈرۈشەتتى. بىر توپ ئادەم يوغان يەلپۈگۈچنى كۆتۈرۈپ دامكا ئويناۋاتاتتى ياكى دامكا ئويناۋاتقانلارغا قاراپ تۇراتتى. تاماكا سېتىۋاتقان بىر ئايال ئېگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، يېنىدا بوۋاقلارنىڭ ھارۋىسىنى ئۆزگەرتىپ ياسىۋالغان ھارۋىدا تاماكا تۇراتتى. يەلپۈگۈچ كۆتۈرۈۋالغان، مۇسكۇللىرى بوشاپ كەتكەن بىرنەچچە موماي

ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

فىزىكا مۇئەللىمى دامكا ئويناۋاتقان ئەرلەر بىلەن تاماكىچى ئايالنىڭ ئارىلىقىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سومكىنى ئىچىپ، ئۈچ پاچكا، بەش قاپ تاماكىنى ئېلىپ ئالدىغا قويۇپ، خېرىدار كۈتتى.

ئاق پەرۋانىلەر يول بويىدىكى كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇر چەمبىرىكىگە ئۆزىنى ئۇراتتى. يەردە بىر پەرۋانىنىڭ ئۆلۈكى ياتاتتى. كۆزلۈك ۋېلىسىپىت مىنگەن قىزنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ساغلام پۇتىغا چۈشۈپ قالدى، ھۆسن تۇزىگۈچى بىلەن دۇكاندىكى ئايال غوجايىنىنىڭ پۇتى كاللاڭدىن لىپلا قىلىپ كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتتى؛ قول تۇتۇشۇپ سەيلە قىلىۋاتقان ئەر - خوتۇن ساڭا ئائىلەڭدىكى مەنزىرىنى ئەسلەتتى. ھەممە لىپلا قىلىپ كۆرۈنۈپ غايىب بولدى. پۈتۈن زېھنىي كۈچۈڭنى تاماكا سېتىشقا قاراتتىڭ. ئادەملەر ئالدىڭدىن بىرلەپ - ئىككىلەپ ئۆتۈپ تۇراتتى. بەزىلىرى كۈلۈمسىرىگەن، بەزىلىرى غەمكىن، بەزىلىرى پەرۋاسىز — بەرۋاسىزلار ئەڭ كۆپ ئىدى.

ھېلىقى تاماكىچى ئايالنىڭ تاماكا تىزىپ قويۇلغان ھارۋىسىغا سۈركىلىپ ئۆتكەن ئادەمدىن جەزمەن:

«تاماكا ئالامسىز؟» دەپ سورىغان چاغدىكى ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭ.

دەرۋەقە، بىرنەچچەيلەن ئۇنىڭ تاماكىسىنى ئالدى. سەن: گاچىدەك ئولتۇرۇپ تاماكا ساتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىڭ.

يۇقىرى ئاۋازدا تووۋلايمەن، ئۇزاق چېنىققان ئاۋازىم بىلەن تووۋلايمەن: تاماكا ساتىمەن — تاماكا ساتىمەن— ئېسىل تاماكا، ئەرزان ساتىمەن — يۇقىرى ئاۋازدا تووۋلايمەن. بومبا ساقال قويۇۋالغان ئادەم ئالدىمغا كەلگەن چاغدا تووۋلايمەن. ئۇ

كېلىۋاتىدۇ...... چامداپ مېڭىپ كەلدى...... ماڭا دىققەت قىلىۋاتىدۇ...... تووۋلايدىغان پەيت كەلدى...... كەلدى...... بومبا ساقاللىق ياشانغان ئادەم قېقىلىپ، يولنىڭ قىرىغا تۈكۈردى، ئاندىن يۆتەلگەن پېتى ئۆتۈپ كەتتى.

فىزىكا مۇئەللىمى نومۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىدىن نەپرەتلىنىپ، يوتىسىنى چىمدىپ باقتى. يوتىسى خۇددى ئۇنىڭ ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ يوتىسىدەك ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى، بۇ بىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئىدى. نېمىدىن قورقىسەن؟ دەرس مۇنبىرىدە كۆرسەتكۈچ تاياقنى تۇتۇپ، پەتلەنگەن مىلتىقتەك قادالغان نەچچە ئون جۈپ كۆزلەرگە قاراپ يۇقىرى ئاۋازدا دەرس ئۆتەتتىڭ. ئاۋازىڭ سىنىپتا ياڭرايتتى. نومۇس قىلىپ باققانمىدىڭ؟ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلىدىڭ، ئىنقىلابىي خىزمەتنى ئىبىسىل - پەس دەپ ئايرىمىدىڭ. ھەرقانداق خىزمەتنى خەلق ئۈچۈن، بىز خەلقنىڭ چاكىرى دەپ بىلىپ كەلگەنىدىڭ. تاماكا سېتىشمۇ خەلق ئۈچۈن، تاماكا ساتقۇچىلارمۇ خەلقنىڭ چاكىرى، خەلقنى ئالىي سۈپەتلىك نىكوتىن بىلەن تەمىنلەپ، تاماكىغا خۇمار بولۇپ قالغان سىنىپىي قېرىنداشلارنى بەختلىك ۋە خۇشال قىلىش، بۇ شەرەپلىك ئىش، نېمىدىن خىجىل بولىسەن؟

جەزمەن تووۋلايسەن! ئۆزۈڭگە بۇيرۇق قىل، تووۋلا!

فىزىكا مۇئەللىمى بوينىنى سوزۇپ چىللاۋاتقان خورازدەك تووۋلىدى:

— تاماكا ساتىمەن.....

دامكا ئويناۋاتقانلار بېشىنى كۆتۈرۈپ سەن تەرەپكە قارىدى، ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئايال تاماكىچى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئاياللار، ھەممىسى سەن تەرەپكە قارىدى، ئايال تاماكىچى ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئولتۇرۇۋالدى.

بىر قېتىم تووۋلاپ ھەسسىلەپ غەيرەتلىنىپ كەتتىڭ. نېمىگە

قاراپ ئولتۇرىمەن؟ بولار ئىش بولدى، نېمىگە قاراپ ئولتۇرىمەن؟ توۋلاي! سەن توختىماي توۋلىدىڭ:

ــ تاماكا ساتىمەن ــ ئېسىل تاماكا ــ ئەرزان ساتىمەن ــ ئېسىل تاماكا، پۇلى ئەرزان ــ داڭلىق ماركىلىق ھەقىقىي ئېسىل تاماكا.

نەچچە كۈندىن بۇيان تارتقان ئەلەمنىڭ ئورنىنى ۋارقىراپ تولدۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتىڭ. سەن دېمىسىمۇ چارچىغان، قورسىقىڭمۇ ھەقىقەتەن ئاچقانىدى.

ئالدى بىلەن دامكا ئويناۋاتقانلارغا قاراپ تۇرغان بىرەيلەن كەلدى ــ دامكا ئويناۋاتقانلارنىڭ ئاۋازىڭدىن بىزار بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئالدىڭدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، قولىغا بىر قاپ تاماكىنى ئېلىپ:

ــ ساختا ئەمەستۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

فىزىكا مۇئەللىمى نەچچە مىنۇتتا ئاغزى ياغلىق ئوقەتچىگە ئايلانغانىدى (ناۋادا ئاچلىق قىينىمىغان بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ بولۇپ بېرەتتى). ئۇ ئىككى بارمىقى بىلەن بىر قاپ تاماكىنى قىسىپ ئالدى ـ دە، تاماكىنىڭ قېپىدىكى يالتىراقنى ئېلېكتىر چىراغقا تۇتۇپ:

ــ بۇرادەر، قاراپراق گەپ قىلىڭ جۇمۇ! ئەقىللىك ئادەم باش كېتىشتىن ئەمەس، ھاقارەتلىنىشتىن قورقىدۇ! ساختا تاماكا ساتىدۇ، دەپ كىم شۇنداق دەيدۇ؟ ئەپسۇس، كۆزىڭىز مال تونۇمايدىكەن! ساختا تاماكا بولسا، كۆزۈمنى ئويۇپ ئېلىپ ماغزاپ دەسسىگەندەك دەسسەڭ، بېشىمنى كېسىۋېلىپ توپ قىلىپ تېپىڭ! ــ دېدى.

ھېلىقى ئادەم:

ــ بولدى بەس، بۇرادەر! ئون ئوقەتچىنىڭ توققۇزى ھىيلىگەر، ئاغزى تاتلىق، كۆڭلى قارا! تاماكا ياخشى تاماكىكەن،

بىر قېپى نەچچە پۇل؟ــ دېدى.

ــ بىر قېپى تۆت يۈەن، باھا تالاشمايمەن، ئالسىڭىز ئېلىڭ، بولمىسا مەيلى! ــ دېدى فىزىكا مۇئەللىمى چورتلا كېسىپ.

ــ پاھ! قالتىسقۇ سىز! ــ ھېلىقى ئادەم قولىدىكى تاماكىنى ئۆرۈپ چۆرۈپ دامكا ئوينىۋاتقانلارغا قاراپ، ــ ھوي، كېلىپ تاماكا ئېلىڭلار، ياخشى تاماكىكەن! ــ دەپ توۋلىدى.

بىر توپ ئادەم يوپۇرۇلۇپ كەلدى، يول بويىدا تۇرغانلارمۇ كېلىپ ئارىغا قىستىلىشتى. ئايال تاماكىچىمۇ توپ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ، قولىغا بىر قاپ تاماكىنى ئالدى، كۆزلىرىدە شۇ ئان يېشىل نۇر چاقناپ كەتتى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئالدى - كەينى ۋە ئوڭ - سول يېقىدا تۇرغانلارنىڭ قولىدىكى تاماكىنى يۇلۇپ ئېلىپ، ساياھەت سومكىسىغا سالدى - دە، سومكىنى بىلىكى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ:

ــ بىر قېپى نەچچە؟

ــ تۆت يۈەن.

ــ بولىدۇ، ھەممىنى مەن ئالدىم! ــ تاماكىچى ئايال شۇنداق دەپ سومكىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

ئەتراپتىكىلەر:

ــ نېمە قىلىسىز؟ نېمە قىلىق بۇ؟ نېمىدەپ بۇنداق قىلىسىز؟ ھاجەتخانىغىمۇ ئۆچرەتتە تۇرىدىغان گەپقۇ؟ يالغۇز ئىگىلەپ ئالماقچىمۇسىز؟ ھەممىنى بىراقلا ئېلىپ يۇقىرى باھادا ساتاي دەمسىز؟ ئۇنىڭغا سېتىشقا بولمايدۇ! تاماكىچى، ئۇنىڭغا ساتماڭ، ھەممىنى بىز ئالىمىز! ــ دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

ئايال تاماكىچى سومكىنى قويۇپ بەرمەي:

ــ بىر قېپىغا بەش يۈەن بېرىمەن، ھەممىنى ئالىمەن! ــ دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى:

ــ ئالىيجانــاب گېپــىدىن يانمــاس، دەپــتىكەن. ســىزگە ساتمايمەن. بىر قېپىنى تۆت يۈەندىن ئۇلارغا ساتىمەن.

ئايــال تامــاكىچى بىزەڭلىــك قىلىــپ تۇرۇۋالــدى، قولىــدىكى سومكىنى بىرنەچچە ئادەم تارتىۋالدى، بىرەيلەن پۇتىغا دەسسىدى، ئايال تاماكىچى غەزەپ بىلەن:

ــ تىجارەت گۇۋاھنامىڭىزنى چىقىرىڭ! ــ دېدى.

ــ چــىشى يولــۋاس، ســەن نېمىتىــڭ؟ ســودا - ســانائەتنى مەمــۇرىي باشــقۇرۇش ئورنىــدىكى كۆيــۈ ئوغلۇڭغــا تايىنىــپ بــازاردا مۇتتەھەملىك قىلىشقا پېتىنىۋاتامسەن؟ كارىڭلار بولمىسۇن!

دامكا ئويىنىغــانلار ۋە دامكــا ئويىنىغانلارغــا قــاراپ تۇرغــانلار ئــۈچ پاچكــا، بەش قــاپ تامــاكىنى ئېلىــپ تــوگەتتى. پــۇلى بــارلار نەق مەيدانــدا پــۇلىنى تۆلــدى؛ پــۇلى يــوقلار پــۇل ئــالغىلى ئــۆيلىرىگە كەتتى. فىزىكــا مــۇئەللىمى ســودا ئــارقىلىق ئــۆزى بىــلەن مۇشــۇ بىــر توپ پۇقرالار ئارىسىدا يېقىن دوستلۇق ئورنىتىلغــانلىقىنى كــۆرۈپ، ئىچى ئىسسىق بولۇپ كەتتى. شۇ چاغدا بىرەيلەن:

ــ تامــاكىچى، چاققــان قېچىــڭ! چــىشى يولــۋاس ســودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىدىكىلەرنى باشلاپ كەلــدى! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

فىزىكا مۇئەللىمى بىــر تــوپ ئادەمنىــڭ ئىتتىرىــشى بىــلەن بىــر كوچىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ئايال تاماكىچىنىڭ ۋارقىرىغــان ئــاۋازىنى ئاڭلىدى. بىلىكىنى تۇتۇپ تەڭ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئادەم:

ــ چاققان يۈگۈرۈڭ، ئۇلار تۇتۇۋالسا توگەشكىنىڭىز شۇ! ــ دېدى.

ســەن ئۇلارنىــڭ ئارىــسىدا ئىتتىرىلىــپ، مــۇدۇرۇپ خــۇددى بۇلۇتلارنىــڭ ئۈســتىدە كېتىۋاتقانــدەك كېتىۋاتىــسەن. پۇتــۇڭ يەرگە تەگمەيتتــى. تــار كوچىــدىن يەنە بىــر تــار كوچىغــا قايرىلىــپ، بىــر

كوچىدىن چىقىپ يەنە بىر كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن. كەينىمدە چىقىۋاتقان ۋارقىراشلار يىراقلىماي، يېقىنلاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئېغىر قەدەم تىۋىشلىرىدىن باشقا، موتوسىكلىت موتورىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى كېلەتتى.

— چوڭ يولدا قاچمايلى! — دەپ تۇۋلىدى بىرەيلەن.

بىرەيلەن سېنى ئېتىزلىقتىكى چىغىر يولغا سۆرەپ ماڭدى. پۇتلىرىڭنىڭ نەدىلىكىنى ھېس قىلالمايتتىڭ. سۆرەپ ئەكېتىلىۋاتقان ئۆلۈك ئىتقا ئوخشاپ قالدىم، دەپ ئويلايتتىڭ. ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇراي. قوناقلىققا باشچىلاپ كېتىۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلدىڭ. قوناقلىقنىڭ پىچاقتەك ئۆتكۈر ياپراقلىرى يۈزۈڭنى تىلىۋەتتى. كۆزئەينىكىڭ غىچىر - غىچىر قىلىپ كەتتى.

— بۇرادەر، ئۇلار سىزنى تۇتالمايدۇ. ئاستىراق يۈگۈرۈڭ! — دېدى بىلىكىڭنى تۇتۇۋالغان ئادەم. ئۇ شۇنداق دەپ، ئېڭىشكىنىچە يۈگۈرۈپ كەتتى. سەن ئۆزۈڭنى قوناقلىققا تاشلىۋەتتىڭ. بەدىنىڭنىڭ خۇددى ھاۋادا لەيلەپ - لەيلەپ، لەيلەپ بېرىپ يەرگە چۈشكەن بىر تال مامكاپتەك يېنىكلەپ كەتكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىڭ.

## 3

ئېسىڭگە كېلىپ ئۆزۈڭنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلمەي، خىيالغا چۆكۈپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىڭ. بىركەمدە موتوسىكلىت ئاۋازى بىلەن ئاياغ تىۋىشى خىيالىڭغا كەلدى. يانچۇقۇڭنى سىلىدىڭ. نەچچە ۋاراق يۇمشاق پۇل قولۇڭغا ئۇرۇلدى. بۇ سېنىڭ خىيالىي چۈش ئىچىدە ئەمەس، بەلكى رېئال تۇرمۇش قوينىدا ياشاۋاتقانلىقىڭنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

كۆكتە يۇرچاق چوڭلۇقىدىكى يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ تۇراتتى. يۇلتۇزلار سان - ساناقسىز، ئاسمان ئاجايىپ جانلىنىپ كەتكەنىدى. سامانيولى ئاقۇچ چوڭ يولدەك قىيپاش سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئىككى تەرىپى كۆكۈچ، يۇلتۇزلار كۆكۈچ تىۋىت رەختكە ئېسىپ قويۇلغان مەرۋايىتقا ئوخشايتتى. ئۈنچىدەك شەبنەم تامچىلىرى قوناق يوپۇرماقلىرىنىڭ چۆرىسىدە ۋە ئۇچلىرىدا يالتىرايتتى. سەرەتان يېڭى چىققان قوناق پۆپۈكلىرىدە شىكالىسى ئېنىق ئورگانىك ئەينەك سىزغۇچتەك ياڭراق ئاۋازدا رىتىملىق چىرىلدايتتى. يىراقتىن چوڭراق ئىتىنىڭ «كاڭ - كاڭ» قىلغان ئاۋازى بىلەن كۈچۈكنىڭ «هاۋ - هاۋ» قىلغان ئاۋازى كەلدى. قوناقلارنىڭ يوپۇرماقلىرى، پۆپۈكلىرى مىدىرلىماي تۇراتتى. ئازراقمۇ شامال يوق. ئۇ كېچىنىڭ قايسى چاغ بولغانلىقىنى بىلمىدى، ئەتراپتىكى شەپە، بولۇپمۇ سەرەتاننىڭ ئىستېرېئولۇق چىرىلدىغان ئاۋازىدىن تۈن نىسپى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. سەرەتاننىڭ چىرىلدىغان ئاۋازىنىڭ مېڭەڭگە سىڭىپ كەتكەنلىكىنى سەزدىڭ.

ئورنۇڭدىن ئۆملەپ تۇردۇڭ. بېلىڭ ئاغرىيتتى، پۇتلىرىڭ يۇمشاق بولۇپ قالغانىدى. سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، قوناق شېخىغا سوقۇلدۇڭ، قوناق شاخلىرى شاراقلاپ كەتتى. سەنتۈرۈلگەن پېتى بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ كەتكەندەك يىقىلىپ چۈشتۈڭ. يۈزۈڭ نەم يەرگە تەگدى. بۇرنۇڭغا يەردىن كۆتۈرۈلگەن بەتبۇي پۇراق پۇرىدى. يۈزۈڭنىڭ يەردىنمۇ مۇزدەك ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىڭ. كېيىن بىر قوناق شېخىنى تۇتۇپ ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ. مۇزلاپ كەتكەن تېنىڭنى ئىسسىتىش ئۈچۈن، ئىرادەڭگە خىلاپ هالدا يۇمران كۆكباشنى ئۈزدۈڭ، بارماق توملۇقىدىكى چۈرۈك، تاتلىق هەم شىرنىلىك كۆكباشنى ئاقلاپ يېدىڭ. بىر تال كۆكباشنى يەپ بولۇپ كاساڭنى ئالدىغا سۈرۈپ، ئاشقازىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىپ

كەتكۈچە يەۋەردىڭ. ئاشقازىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىۋاتقان بولىسمۇ، بەدىنىگە سوۋۇغۇك، چىڭ ئەت، مېڭىگە سىلىقلاش مېيى پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدىڭ. قوناق شېخىنى تۇتماستىن ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ. سەنتۇرۇلمەي ماڭدىڭ! بېشىڭمۇ قايمىدى! كۆزلىرىڭ تورلاشمىدى! قولىقىڭ ۋىڭىلدىمىدى! سەرەتان چىرىلداشتىن توختىدى! قوناق يوپۇرماقلىرى شارىلداپ كەتتى. سەن قورقتۇڭ، كېيىن: «نېمىدىن قورقىمەن؟ ئۆلۈمدىن قورقمىغان ئادەم يەنە نېمىدىن قورقىدۇ؟» دەپ ئۆزۈڭگە مەدەت بەردىڭ. قوناقلىقنىڭ قىرىنى بويلاپ ئىككىلەنمەي ئالدىڭغا قاراپ ماڭدىڭ. ئىككى تەرىپىڭدىكى قوناقلار سېنى يۆلەيتتى. شامالدا ئۇسسۇلغا چۈشكەن يوپۇرماقلىرى يۈزۈڭنى، يەلكەڭنى ۋە قولاقلىرىڭنى سىلايتتى. شامال شۇۋىرلايتتى. ئۇسسۇلغا چۈشكەن قاپقارا يوپۇرماقلار شامالنىڭ ئالامىتى ئىدى. شاماللار يىېزىدىن ۋە يامغۇردىن ئۇچۇر ئەكەلدى.

ئۇ بىزگە مۇنداق دېدى: مەن دەيمەن، فىزىكا مۇئەللىمى بىلەن كىتابىڭىز ئادەم قەستەن قېرىشىۋاتقىنى يوق، تەبىئەت ئۇنىڭ بىلەن قېرىشتى. يۇلتۇزلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى نۇرلىنىپ كېتىشىنىڭ ئۆزى يامغۇردىن بېرىلگەن بېشارەت ئىدى. يامغۇرنىڭ بۇنداق يېغىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. يۇلتۇزلار ساراسىمىگە چۈشۈپ تىترەيتتى. سامانيولى توسمىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتكەن ناھايىتى ئۇلۇغ قاپقارا سۇدەك قاپقارا تۇمان ئىچىدە ياتاتتى. قاراگۇلۇق قانچە ئۇزاق داۋام قىلىدۇ؟ بۇنى قانچىلىك ئادەم بىلىدۇ؟ فىزىكا مۇئەللىمى قوناقلىقتىن چىقا - چىقمايلا، قارا بۇلۇتلار ئاسمان يۈزىنى قاپلاپ كەتتى. قوناق يوپۇرماقلىرىنىڭ ھەممىسى قاپقارا قامچىغا ئوخشاش بولۇپ قالدى. بوشلۇقلار ئاقۇچ ئىدى. قاپقارا قامچىلار ئاقۇچ بوشلۇقتا بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ شاراقلايتتى. قامچىلارنىڭ ساپى ئىچى ئاغرىمىدى.

كۆزئەينەكنىڭ بولغانلىقىدىن خۇش بولدۇم — كۆزئەينەكنىڭ دەستىسى ھازىر يۈزۈمنى قىسىپ تۇرمايتتى، بۇ نەچچە كۈندىن بېرى يۈزۈمنىڭ ياداپ قوشۇقتەك بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى — شامال بەك كۈچلۈك ئىدى. ئەمما، يوچۇق بار ئىدى. يوپۇرۇلۇپ كەلگەن كەلكۈنگە بەك ئوخشايتتى، شامالنىڭ ئاراچلىرىدىن تۇرۇپ يىراقتىن، تۇرۇپ يېقىندىن سۈركىلىش ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، سوغۇق سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كېتەتتى. يەنە تېخى، ئاسمان گويا تۈگمەن چۆرگۈلەۋاتقاندەك گۈلدۈرلەيتتى. ئاسماننىڭ چېتىدە چاقماق ۋاللىدە قىلىپ سېرىق ئۇچقۇنلىدى. بارلىق مەۋجۇدات ئاشكارا كۆرۈندى. چاقماق تىترەيتتى. بۇ ھال ئۇزاق داۋام قىلدى. قوناق شاخلىرىنىڭ تۇرقى بەتبەشىرە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۇرقىغا ئەمەس، ھايۋانلارنىڭ تۇرقىغا ئوخشايتتى. چاقماق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، قۇلاقنى يېرىۋەتكۈدەك ئاۋاز يوقالدى، قۇرۇق ماي باكىنى ئۇرغان چاغدىكىدەك (نەچچە ھەسسە كۈچلۈك) ۋىڭىلدىغان ئاۋاز تىترەپ تۇراتتى. كېيىن چاقماق ئاۋازى بىلەن گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاسمان ۋە زېمىن ئارىلىقىدا بىرلىشىپ كەتتى. بىرپەس شامال چىقتى. قوناقلارنىڭ ئېگىلىپ يېتىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىڭ. شامال ئۆتۈپ كەتتى، ئەتراپنى جىمدەك سۈكۈت باستى. قاياقتىندۇر ئوق تەگكەندەك نالە قىلغان بىر جانىۋارنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نالىسى ئاڭلاندى — بۇ نالە كاللاڭغىلا ئەمەس، بەلكى يىلىك - يىلىكىڭگە سىڭىپ كەتتى. ئۆلۈم سېزىمى سېنى ئۆز قوينىغا ئالدى. بۇ چاغدا پۇت - قوللىرىڭ ئۈيۈشۈپ، مېخانىك ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك سەنتۈرۈلۈپ ماڭدىڭ. كۆز ئالدىڭدا يول يوق، مەقسەت - نىشانسىز. سەن ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە سالغان تاشقىندا جان تالىشىۋاتقان تىرىك ئەرۋاھ.

يامغۇر باشتا شالاڭ ياغدى. رەڭگى سۈر، سۈرئىتى ئاستا

ئىدى. قاپقارا بوشلۇقتا يول - يول ئىز قالدۇرۇپ چۈشۈۋاتاتتى، قوناق يوپۇرماقلىرى شاراقلاپ كەتتى. ئاۋاز شالاڭ، كۈچسىز ئىدى. ئەمدى يامغۇر كۈچىيىپ، سۈرئىتىمۇ تېزلەشتى. ئارىسىدا تېخى نەچچە تال مۆلدۈر بار ئىدى. قوناق يوپۇرماقلىرىدىن چىققان شاراق - شاراق ئاۋاز شار - شۇر قىلغان ئاۋازغا سىڭىپ كەتتى. نەچچە تال مۆلدۈر فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ چاچ ياپالمىغان كاللىسىغا چۈشتى. ئۇ ھاۋانى سۈمۈرۈپ تۇرۇپ، مېڭىسىنىڭ بەك ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆز ئالدىدا مۇزلۇق سۇ دۇنياسى. دۇنيا شاۋقۇنغا تولغانىدى، كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ، پۇتى لايغا پېتىپ قالدى، ئۇ يەنىلا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى.

يامغۇر بايامقىدىنمۇ كۈچىيىپ كەتتى. تال - تال چۈشۈۋاتامدۇ ياكى يېپتەك ئۈزۈلمەي چۈشۈۋاتامدۇ، پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇ سۇنىڭ تۈۋرۈكى، سۇنىڭ ئېقىمى، سۇنىڭ ئۆز ئانىسى ئىدى. يېغىۋەر، مەن ئىلگىرىلەپ كېتىۋېرىمەن.

# ئونىنچى باب

## 1

تۇ شاۋيلڭ بىلىكىدە قارىلىق، زىغىر رەڭ چېچىنى نىلۇپەر شەكلىدە بىر تال قىلىپ ئۆرۈپ، كېيىنەك شەكىللىك قارا چازا قىستۇردى. تار قارا ئىشتان، پۇتىغا چۆرىسى ئاق، پوقاق چەم خەي، ئۇچىسىغا كەڭ كۆڭلەك كىيىپ ئەينەك ئالدىغا كەلدى. چىرايىنىڭ جىگدىچىنىڭ ئاق ساپال قاچىسىغا ئوخشاش ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. قارىلىق تۇتقان مەزگىلدە، چىرايى سۇزۇلۇپ، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قىزىرىپ ئىككى قارا داغ پەيدا بولغانىدى. فاڭ خۇ:

— ئانا، سەن ياش ھەم چىرايلىق، ساڭا مېنىڭمۇ تارلىقىم كېلىۋاتىدۇ! — دېدى.

تۇ شاۋيلڭ چېچىنى سىقىملاپ تۇتۇپ:

— خۇئېر، چېچىمنى كېسىۋېتەيمۇيا؟ — دېدى.

— ھاجىتى يوق، — دېدى فاڭ خۇ، — پەقەتلا ھاجىتى يوق، ئانا!

— خەقلەر ئېگىز - پەس گەپ قىلىپ يۈرەمدىكىن دەيمنا؟

تۇ شاۋيلڭ چېچىنى بەك قەدىرلەيتتى.

— بولىدىلا، ئانا، — دېدى بور قۇتىسىدىكى ئىككى ئاق چاشقاننى ئويناۋاتقان فاڭ خۇ پەرۋاسىز ھالدا، — ئاتام تۈگەپ

كەتتى، سەن تېخى ياش، ئاكامنىڭ دېگىنىدەك قىل، مۇھەببەت باغلا، بېشىڭنى ئوڭلا.

— بالىلىرىم، ئاتاڭلارنىڭ تېنى تېخى سوۋۇمىدى، بۇنداق گەپ قىلماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

— بۇ سېنىڭ ئەركىنلىكىڭ، — دېدى فاڭ خۇ قەلەمنى ئاق چاشقاننىڭ قىزغۇچ بۇرنىغا تەگكۈزۈپ.

تۇ شاۋيىڭ يۈزىنى سىلىدى. گەرچە قارىلىق كىيىم كىيگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ چىرايلىقراق تۇرۇشىنى ئىستەيتتى.

بۇ فاڭ فۇگۇي ئۆلۈپ يېرىم ئايدىن كېيىن، ئۆيدە يۈز بەرگەن ئىش ئىدى. تۇ شاۋيىڭ قارىلىق كىيىم كىيىپ، مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى كونسېرۋا زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشقا چۈشۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. قىزى بولسا يان قوشنىسىنىڭ بالىلىرى مەخپىي يول ئارقىلىق بەرگەن ئاق چاشقاننىڭ ئويناۋاتاتتى.

## 2

سىز تار كوچىدا ھۆسن تۈزىگۈچىگە يولۇقۇپ قالدىڭىز. ئۇ ئۈستىبېشىڭىزغا تازا زەن سېلىپ قاراپ:

— پاھ، يەڭگە، نېمانداق چىرايلىق ياسىنىۋالدىڭىز! قارا مودەنگۈل ئېچىلغاندەك! قارىلىق كىيىم سىزگە مۇراسىم كىيىمىدىنمۇ بەكرەك يارىشىپ كېتىپتۇ. ئەتىدىن باشلاپ كوچا - كويلاردا قارىلىق كىيىم كىيىش مودا بولۇپ كېتەمدىكىن!

بىرسى ئىچكى سىرىڭىزنى پاش قىلىپ قويغاندەك چىرايىڭىزغا قان يۈگۈرۈپ، قۇلاقلىرىڭىزنىڭ تۈۋى قىزىپ كەتتى. ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ سىزنى كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىنى، مازاق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىڭىز. بىر ياقتىن خىجىل بولدىڭىز، بىر ياقتىن غەزەپلەندىڭىز.

— سىز جەزمەن ياش ھەم كېلىشكەن يىگىت تاپالايسىز! — دېدى ھۆسەن تۇزىگۇچى يۈزىنى يېقىن ئەكېلىپ ئۇياتسىزلىق بىلەن، — ھازىرقى يىگىتلەرنىڭ قىزلار بىلەن خۇشى يوق، ئەجنەبىيلەرنىڭ پۇرىقى كېلىدىغان ئاياللارغا ئامراق — سىز مودا، سىز بازىرى ئىتتىك مال!

ئۇنىڭ ياپتا گەپلەر بىلەن سىزنى ھاقارەتلەۋاتقانلىقىنى سەزدىڭىز. بىزنىڭ ئۆيدىكى لاۋجاڭ ئاخشام تېخى ماڭا، سىزنى بەك چىرايلىق، ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، بەدىنىڭىزدىن ساپ سۈتنىڭ ھىدى كېلىدۇ، دېدى، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى سىرلىق چىمچىقلىتىپ، — بەدىنىڭىزدە راستتىنلا ساپ سۈتنىڭ ھىدى بارمۇ؟ پۇراپ باقايچۇ. ھۆسەن تۇزىگۇچى يوچۇنلا بىر قىلىقلارنى قىلىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ سىزگە يېقىنلاشتى ۋە بۇرنىنى بىرقىسما قىلىپ، — سىزدىن ئەجەب توشقان گۆشى كونسېرۋا ھىدى كەلدى؟ — ئۇ بىر پۇتىنى كۆتۈردى، ئايىغىدىن پۇتىغا سانجىلغان نەرسىنى ئېلىۋەتمەكچى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى پۇتىنى كۆتۈرۈپ سىيىۋاتقان لوكچەك ئەركەك ئىتنىڭ تۇرقىغا ئوخشاتتىڭ. ئۇ گېپىنى داۋام قىلدى، — ئەرلەر ھەمىشە «قاچىسىدىكى تاماقنى يەۋېتىپ، قاچىسىنىڭ سىرتىغا قارايدۇ». ئۇلار دائىم تېنىمىزدىن چىقىۋاتقان غەلىتە پۇراقلارنى پۇرايدۇ. ئېرىمنى يولدىن چىقىرىپ يۈرمەڭ، ياخشى يەڭگە! — ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ، كەسكىن تەلەپپۇزدا، — سىزنى چېچىنى بويامدىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن. چېچىڭىزنى نېمىشقا بويايسىز؟ ئېرىم مۇشۇ كۇنلەردە ئۇستۇمدە يېتىپ تۇرۇپ، جۆيلۈپ كەتكەندەك ئىسمىڭىزنى تىلغا ئالىدۇ، — ئۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن كۆزىڭىزگە قارىدى، — خالىسىڭىز، ئېرىمنى سىزگە ئۆتۈنۈپ بېرىمەن! ئاڭلىسام، سىزدەك ئاياللار...... ئەرسىز يۈرەلمەيدىكەن، ئوتتا كۆيگەن مۇشۇكتەك بولۇپ كېتىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

تۇ شاۋيىڭنىڭ چىرايى ئاقىرىپ قىزاردى، قىزىرىپ بوزاردى، بوزىرىپ كۆكەردى، كۆكىرىپ ئاقاردى. يىغلىغۇڭىز، كۈلكىڭىز، ئۆرۈشقىڭىز، پەرياد كۆتۈرگىڭىز، تىپچەكلىگۈڭىز، تامغا ئۈسۈگۈڭىز ۋە ئىسلىپ ئۆلۈۋالغۇڭىز كەلدى. بىر قولىڭىز ئۈنىڭ مەيدىسىدە ياقىسىنى تۇتۇپ تۇراتتىڭىز، ئەر كىشى بىلەن بىرگە بولغان چاغدىكىدەك ئىگرايتتىڭىز، بىر قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ ياۋۇزلارچە ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ يۈزىگە چاڭ سالدىڭىز. سىزدىكى ياۋۇزلۇقنىڭ ئورنىنى بىر مىنۇتقا بارا - بارمايلا مۇلايىملىق ئىگىلەپ ئالدى. دەرمانسىز قولىڭىز ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ يۈزىدىن سىيرىلىپ كۆكسىدە بىردەم توختاپ، ئاندىن بىراقلا پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ھۆسن تۈزىگۈچى خۇشال كۈلۈۋاتاتتى. سىز سەنتۈرۈلگىنىڭىزچە ئالدىغا ئىتىلدىڭىز. ھۆسن تۈزىگۈچى سىزنى تۇتۇۋالدى. كۆزىڭىز يۇمۇلغانىدى. ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ:

— فاڭ يەڭگە، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. راستىمكىن دەپ قالماڭ! — دېگەن گېپىنى ئاڭلىدىڭىز. بېشىڭىز پىرقىراپ كېتىۋاتاتتى. بىلىكىڭىزنى تۇتۇپ تۇرغان ئاشۇ بىلەكتىن سەسكىنىپ كېتىۋاتقان بولسىڭىزمۇ، لېكىن ئايرىلالمايتتىڭىز. كۆزىڭىزنى ئاچقان چېغىڭىزدا، تامغا چاپلىشىپ ئۆسكەن بارماقتەك تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ غولىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىڭىزنى بايقىدىڭىز. ھۆسن تۈزىگۈچى چۈشكە ئوخشاش پەيدا بولۇپ، يەنە چۈشكە ئوخشاش يوقالغانىدى. سەزگۈ ئەزالىرىڭىزدىن گۇمانلىنىدىڭىز.

بايان قىلغۇچىنىڭ بىزنى ئەخمەق قىلىۋاتقانلىقىدىن شۈبھىلەندۇق. بور يەيدىغان ئادەم ئىشەنچلىكمۇ؟ سىلەرگە دېسەم، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راستتىنلا يۈز بەرگەن ئىشلار ئەمەس. يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان، جەزمەن يۈز بېرىدىغان ئىشلار، فاڭ فۇگۇي ئۆلۈپ يېرىم ئايدىن كېيىن، بىر ئەتىگەنلىكى يۈز بېرىشى ناتايىن، باشقا بىر كۈنى يۈز بېرىشى مۇمكىن. تۇ شاۋيىڭ

بارماقتەك تۇخۇمەك دەرىخنى قويۇۋېتىپ ئۆيگە قايتىپ كەتتى، ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى. مۇرەككەپ ھېسسىياتى ئاچچىق كۆز يېشىغا ئايلىنىپ ياستۇققا تۆكۈلدى. بۇنىمۇ دېۋېتەي: ياستۇقتا فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ لەنتى بېشىنىڭ ھىدى ساقلىنىپ قالغانىدى. سىلەرگە تۇرلۇك پۇراقلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدىم. ئوخشاش بولمىغان فىزىكىلىق ۋە خىمىيەلىك قۇرۇلمىلاردىن ھاسىل بولغان يوپۇرماقلارنىڭ ھىدى ئوخشاش بولمىغان تىرىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز رولىنى قىلدۇرىدۇ، ئوخشاش بولمىغان ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ.

ھۆسن تۇزىگۇچىنىڭ ھاقارەتلىشىگە ئۇچراپ، ياستۇقتا يېتىپ، فاڭ فۇگۇينىڭ لەنتى بېشىدىن قالغان پۇراقنى پۇرىغان تۇ شاۋيىڭنىڭ مەرھۇم ئېرىگە مۇناسىۋەتلىك تۇگىمەس ئەسلىملەرگە غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. ئۇنىڭ دىلى ئازار يېگەن، ھال - مۇڭىنى تۆكۈشكە موھتاج ئىدى. تىرىك ئادەم تىرىك ئادەمگە ھال - مۇڭىنى تۆكسە بولمايتتى. پەقەت ئۆلۈككىلا ھال - مۇڭ تۆكۈشكە توغرا كېلەتتى، كىنولاردىكى كۆرۈنۈشكە ئوخشاش؛ چىرايلىق ھەم ھېسسىياتچان بىر تۇل خوتۇن تامدىكى تويلۇق سۈرەتنى ئېلىپ، ئەينەكتىكى چاڭ - توزانلارنى كۆككۆل قويۇپ ئېرتتى، ئاندىن ئەينەككە يۈزىنى ياقتى. ئۇ كارىۋاتتا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، مۇزدەك ئەينەكنى ئوت بولۇپ يانغان يۈزىگە ياقتى. قۇلىقى تۇۋىدە فاڭ فۇگۇينىڭ پىچىرلاپ گەپ قىلغان چاغدىكى ئاۋازى ۋە شوخ كۈلكىسى ياڭرىدى:

— يوغان سىيىر...... يوغان رۇس سىيىرى...... مېنى سېغىندىڭمۇ؟

— ئاھ - ئاھ!...... ئېرىنىڭ ياپتا گەپلىرىگە مەپتۇن بولۇپ كەتكەن تۇ شاۋيىڭنىڭ نەپرەت ۋە مۇھەببەت ئارىلىشىپ كەتكەن يىغىسىنى ئەينەن ئاڭلىدۇق. نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان

ئادەمدەك غۇدۇراپ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلغانلىقىنى دېدىڭ:
— ۋۇھ ئىبلىس! نېمىدەپ ئۆلىسەن...... ئىوۋ...... باغرى تاشلىق قىلىپ مېنى تۇل، باللارنى يېتىم قىلىۋېتىپ ئۆزۈڭ «گۈزەل دۇنيا» دا تاماشا قىلىپ يۈرىسەن...... ئوۋ...... ھېلىقى سېرىق تۈكلۈك ئايال ئالۋاستىنى چاپاپ مېنى مەسخىرە قىلىشقا كۈشكۈرتتۈڭ...... ئىوۋ...... ھايات ۋاقتىڭدا سېنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلماپتىمەن...... ئىوۋ...... مۇھىم ئىكەنلىكىڭنى سەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھېس قىلدىم...... ئوۋ...... خۇددى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك...... ئوۋ...... ئوۋ...... ئۇ ھەر كۈنى سېنىڭ ئاۋازىڭنى دوراپ، ھىدىڭغا ئوخشاش ھىدىڭنى پۈركىتىپ يولسىزلىق بىلەن كۆزۈمگە كىرىۋالىدۇ...... ئوۋ...... ئىوۋ...... ئۇ! ئۇ! ئۇ! ئىۇ...... ماڭا...... ئىوۋ...... ئىۇ ھەممە سىرىمىزنى بىلىدىكەن...... ئىوۋ...... ئىوۋ...... بۇنداق ئىشلارنى نېمىشقا باشقىلارغا دەيسەن؟ رەھىمسىز جىن......
تۇ شاۋىيىڭ يىغىدىن توختاپ قالدى. چۈنكى، ئۇ تامامەن فاڭ فۇگۈينىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدى. يىغا ئاۋازى گەدىنىنىڭ كەينىدىن چىقىۋاتاتتى. ئايالالار ئېرىنى ئەسلەپ يىغلىغاندا يۈزدەيۈز كۆزىنى يۇمۇپ يىغلايدۇ، جۈملىدىن تۇ شاۋىيىڭمۇ شۇنداق ئىدى. فاڭ فۇگۈينىڭ يەلكىسىنى سىلاۋاتقانلىقىنى، پېشانىسىنى ئارقا مېڭىسىنىڭ دوقىسىغا قويغانلىقىنى، مۇزدەك ياشلىرىنىڭ قويۇق چاچلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەنلىكىنى باش تېرىسى ھېس قىلدى. بۇنىڭدىن تۆكۈلگەن ياشنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. فاڭ فۇگۈي:
— شاۋىيىڭ...... ئانىسى...... مەن ئۆلمىدىم...... — دېدى.
سەن بىرگە شۇنداق دېدىڭ: تۇ شاۋىيىڭ بىردىنلا چۆچۈپ

ئويغىنىپ كەتتى، لېكىن كۆزىنى ئاچمىدى. يان ئۆيدىكى ئەر كېلىپ يەنە مېنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ، دەپ چۈشەندى، قەلبىدە غەزەپ ئوتى يالقۇنلىدى. ئەمما، بۇ غەزەپ ئۇنىڭغا ئەمەس، ھۆسن تۇزىگۇچىگە قارىتىلغانىدى. قاڭ فۇگوينىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بۇرنىغا ئۇنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. قاڭ فۇگوي ئۇنى مۇلايىملىق بىلەن سىلاۋاتاتتى. سەممىيلىكىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى. كۆز ياشلىرى تاراملاپ يۈزىگە دومىلاپ چۈشەتتى. ئۇنى ئەقلىدىن ئازغان ھالدا كارىۋاتقا تۈپتۈز ياتقۇزدى.

سىز تويلۇق رەسمىنى باغرىڭىزغا تېڭىپ كارىۋاتتا ياتاتتىڭىز. ئۇ قۇرغاق لېۋىنى لېۋىڭىزگە باستى، كۆڭەن قولىنى كۆكسىڭىزگە قويدى. ھېس قىلىپ ياتتىڭىز. شېرىن چۈش قايتىلاندى. «سېير» توغرىسىدىكى ياپتا گەپ قۇلىقىڭىزنىڭ تۈۋىدە ياڭرايتتى. دوۋسۇنىڭىز ئوت بولۇپ كۆيۈشۈپ كەتتى. تويلۇق سۈرەتنى يۈزىڭىزگە يېقىپ تۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلىدىڭىز...... ئۇنىڭ ئالدىراش ئىشتان سالغانلىقىنى كۆرۈپ قەلبىڭىز قىساس ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى خۇشاللىققا تولدى. ئۇنىڭ ئالدىراش ئىشتان سالغانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭىزدا، ئۆزىڭىزنىڭ قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى، قەغەزدەك نېپىز يۈزىدىن تولىمۇ سەسكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى سەزدىڭىز. ئاشۇ يۈزنىڭ كەينىدە يەنە بىر يۈز بارلىقىنى كۆڭلىڭىز تۇيۇپ، قولىڭىزنى ۋەھشىيلەرچە كۆتۈرۈپ، ئاشۇ يالغان يۈزگە چاڭ سالدىڭىز، ئىش ئاجايىپ جايىدا بولدى. «شىرت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوغرىنىڭ يۈزىدەك يۈزىدە چوڭقۇر توت ئاق ئىرىقچە پەيدا بولغانلىقىنى، كەينىدىن، ئىرىقچىلاردىن قىپقىزىل قان تەپچىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردىڭىز. ئۇ مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. يۈزىدە قان ئېقىپ تۇراتتى.

— يىرتىۋەت، يىرتىپ ئېلىۋەت، ئۆزۈممۇ بەك يىرگىنىپ كەتكەنىدىم...... — دېدى ئۇ.

سەن بىرگە: بۇ ئالامەتلەردىن مۇنداق ھۆكۈم چىقىرسەن، دېدىڭ. سېنىڭچە: بۇ غەلىتە ئىشقىۋازلىق تۇ شاۋىيىڭغا كۈچلۈك تەسىر قىلدى، ئۇ فاڭ فۇگۈينىڭ يەلكىسىنى چىشلىدى، قېنىنىڭ تەمىنى تېتىدى. بۇنىڭدىن تالاي يىللار ئىلگىرى قويۇلغان بىر كىنونى ئېسىگە ئالدى. ئېكراندا، ناھايىتى زور بىر رۇس ئېتى قارا ماشىنىدىن دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەن ئالمىنى كاراسلىتىپ يەۋاتقانىدى.

## 3

تۇ شاۋيىڭ بارچە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان قارىلىق كىيىمنى كىيدى، زىغىر رەڭ چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈدى. رۇس ئاياللىرىغا خاس كۆكسىنى ۋە ئاپئاق بوينىنى تىك تۇتۇپ مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتىنىڭ بىرىنچى سېخىدا پەيدا بولدى. قاپقارا بىر توشقان سودىگەرگە ئوخشاش ئادىل ئايال ئىشچى تەرىپىدىن رېزىنكە بولقا يەپ، بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالغان تاختايدىن تۆمۈر ھارۋىچاققا يىقىلدى. ئايال ئىشچى تۆمۈر ھارۋىچاقنى تەپتى، تۆمۈر ھارۋىچاق شەپىسىز سىيرىلىپ بېرىپ، سىزنىڭ خىزمەت ئورنىڭىزدا توختىدى. خىزمەت ئورنىڭىزدا توشقان تېرىسىنى شىلىش ۋەزىپىسىنى ناتونۇش، ئورۇق بىر قىزنىڭ ئارتقۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىڭىز، خىزمەت كىيىمى بەدىنىگە تاغاردەك چوڭ كېلىپ قالغانىدى.

سىز قىزچاقنىڭ يېنىغا باردىڭىز. سىزدىن ئۆلگۈدەك تاياق يېگەن لىيۇ جىنخۇانىڭ دىمىقىدا سوغۇق كۈلۈۋاتقانلىقىنى بايقىدىڭىز. قىزچاقنىڭ بوينى خىزمەت كىيىمىدىن نەچچە غېرىچ چىقىپ قالغانىدى. سەرەڭگىنىڭ قاپقارا بېشىغا ئوخشاش بېشى سەرەڭگىنىڭ غولىدەك ئىنچىكە بوينىغا پاياتلاپ قويۇلغاندەك

كۆرۈنەتتى. ئۇ زېھنىنى يىغىپ خىزمەت قىلىۋاتاتتى. سىزنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىڭىزنى تۇيمىدى. ئورۇق قولى بىلەن ھېلىقى سېمىز قاپقارا توشقاننى تۆمۈر ھارۋىچاقتىن ئېلىپ، ئىلمەككە ئاسقانلىقىغا قاراپ تۇردىڭىز. قاپقارا توشقاننىڭ قورسىقى كۆپۈپ، كۆزىنى قىيا ئاچتى، قىزچاق پىچاق بىلەن توشقاننىڭ پۇتىدىكى تېرىنى يارغاندا، يۈرىكىڭىزنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىڭىز. قاپقارا توشقاننىڭ بەدىنىدە مىدىرلاپ تۇرغان قىزچاقنىڭ قوللىرىدا دەرمان يوق ئىدى. بۇ چاغدا يۈزى ئۇدۇر - بۇدۇر، قىپقىزىل بۇرنى پاناق، يۈزى گۆرجەكنىڭ يۈزىدەك كەڭ، يوغان سولياۋ چىش سالدۇرغان لىۋ جىنخۋا كەلدى. ئۇ بىر تال زىخنى قارا توشقاننىڭ كۆپىيىش ئەزاسىغا سانجىپ، ئۆزىچە كۆرەڭلەپ:

— شاۋمەن، بۇ چىشى توشقان، تېرىسى قارا چىشى توشقان، ئۇ بەك شاللاق، تۇل خوتۇننىڭ نەق ئۆزى! — دېدى.

قىزچاق كۆل رەڭ، غەمكىن يوغان كۆزلىرىنى ئېچىپ بېلى، ساغرىسى يوغان، پۇتى، بوينى قىسقا لىۋ جىنخۋاغا قارىدى. قىزچاقنىڭ تېنى خىزمەت كىيىمى ئىچىدە لاغىلداپ تىترەيتتى. ئاغزى ھىلال ئايغا ئوخشايتتى.

لىۋ جىنخۋانىڭ زىخنى قاپقارا توشقاننىڭ كۆپىيىش ئەزاسىغا ۋەھشىيلەرچە تىقىۋاتقانلىقىغا نائىلاج قاراپ تۇردىڭىز. بىلىكىڭىزنىڭ تۆۋىنى تۇرۇپ - تۇرۇپلا تارتىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ قارا توشقاننىڭ كۆپىيىش ئەزاسىغا زىخنى بىر سانجىپ، سىزگە بىر قاراپ قوياتتى. سىز يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالغۇچە بولدى قىلمىدى.

قىزچاق قان بولۇپ كەتكەن توشقان تېرىسىنى سىلاپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

بۇ چاغدا كېلىشكەن سېخ مۇدىرى كېلىپ قالدى. سىزگە

لەپپىدە قاراپ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇ مەيىنەت بولۇپ كەتكەن توشقاننى تەكشۈردى، سىز قاراپ تۇردىڭىز. ئۇ قىزچاقنىڭ بېشىغا يەڭگىل ئۇرۇپ:

— يىغلىماڭ، بۇ توشقان سىزگە ھېساب ئەمەس،— دېدى-دە، ئىلمەكتىن توشقاننى ئېلىپ، لىيۇ جىنخۇانىڭ ئاستىغا تاشلىدى ۋە:

— ئەۋلىيا، يامان ئىش قىلغانلىقىڭ ئۇچۇن ھامان بىر كۈنى مەندىن جاۋابقا ئېرىشىسەن دېگەن،— دېدى.

لىيۇ جىنخۇا سېخ مۇدىرىنىڭ چىرايلىق يۈزىگە يېپىشتىدىغاندەك قاراپ، غۇدۇرىغان پېتى قارا توشقاننى ئىلمەككە ئاستى.

سېخ مۇدىرى تۇ شاۋيىڭغا:

— تۇ شاۋيىڭ، ياچېيكا شۇجىسى سىزنى ئىشخانىسىغا چاقىرىۋاتىدۇ،— دېدى.

ئۇ قولىڭىزدىن تۇتۇپ ئورنىڭىزدىن تۇرغۇزۇپ قويىدى.

سىز لىيۇ جىنخۇانىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان چاغدىكى ئاۋازى بىلەن زىخنى توشقاننىڭ قۇيرۇقىغا سانجىغان چاغدا چىققان ئاۋازنى ئاڭلىدىڭىز.

4

تۇ شاۋيىڭ تىترەپ تۇرۇپ «ئايال جىڭۋېي» نىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئۆي ئىچىدە شەپە يوق، لېكىن ئىشىك ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ كەتتى. «ئايال جىڭۋېي» ئىشىكنىڭ رامكىسىنى تۇتۇپ، سىيرىلىپ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان كۆزئەينىكى بىلەن سىزگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتى.

تۇ شاۋيىڭ قېرى مومايىنىڭ كۆزلىرى ئارقىلىق تېرىنى شىلىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بېلىنىڭ تۆۋىنىگە بىردىنلا ئۆتكۈر

ئاغرىق كىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

«ئايال جىڭۋېي» بېشىنى لىڭشىتتى. سىز ئىشخانىغا كىردىڭىز. ئۇ ئىشكىنى ياپتى ۋە دەلدەڭشىگەن پېتى بىرىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. سىز ئۇستەلنىڭ ئالدىدا تۇرىسىز. ئۇ يانچۇقىدىن قىزىل شايى قول ياغلىقنى ئېلىپ، چۆرىسىنى چەمبەر شەكىللىك ئاپئاق قورۇق قاپلاپ كەتكەن ئاغزىنى ئېرتتى. قورۇنۇپ قاراپ تۇردىڭىز. كۆمۈشتەك چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. چىرايى خاتىرجەم ھەم سۇرلۇك ئىدى.

ئۇ قارا توشقاننىڭ كۆپىيىش ئەزاسىغا، قورسىقىغا زىخنى سانجىدى. قولتۇقىڭىزدىن باشلاپ ھەممە ئەزايىڭىز تەرلەشكە تۇردى.

«ئايال جىڭۋېي» كۆزئەينىكىنى ئۇستىگە ئىتتىرىپ قويۇپ، بوش ئاۋازدا:

— فاڭ مۇئەللىم ۋاپات بوپتۇ. مەن قاتتىق قايغۇردۇم....... — ئۇ زىخنى چىشى توشقاننىڭ كۆپىيىش ئەزاسىغا تىقتى. ئىسسىقلىق ساقلاش ئىستاكانىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ، يېنىدىن ئاق شايى قول ياغلىقنى ئېلىپ نەم، قىزىلگۈلنىڭ ئىككى تال بەرگىنى چاپلىۋالغاندەك قىپقىزىل ئاغزىنى ئېرتىپ، — ئۇنىڭ ھاياتى ئاددىي ھەم ئۇلۇغ ھايات، ئۆلۈم شەرەپلىك. ئۇنىڭ ئۆلۈمى مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى كونسېرۋا زاۋۇتىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. شۇڭا، 8- ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بارلىق كادىر، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىدۇ، — ئۇ سىزگە زاۋۇتتىن يېڭى چىققان بىر توشقان گۆشى كونسېرۋاسىنى بەردى. ئەسلىدىكى سارغۇچ ماركىنىڭ ئورنىدا تۇرغان قىزغۇچ ماركىنى، ماركىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئاق بىر چەمبەر، چەمبەرنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان فاڭ فۇگۇينىڭ بېشىنى بايقىدىڭىز. فاڭ فۇگۇي ئاق چەمبەرنىڭ ئىچىدە

سىزگە جىممىدە قاراپ تۇراتتى. ئۇ توشقاننىڭ پۈتىدىن تۆشۈك ئېچىپ، يەل بېرىش ئۈچۈن ئۈچلۇق ئاغزىنى ئاشۇ تۆشۈككە توغرىلىدى. توشقان تېز كۆيۈپ تېرىسى گۆشىدىن ئاجرىدى. ئۇ:

— مەيلى قانداقلا بولسۇن، خەلقنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىش كېرەك. خەلق مائارىپقا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ماركىنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان يوغان سېرىق خەتنى كۆردۈڭ: مۇنبەردە يىقىلىپ قازا قىلغان مۇنەۋۋەر خەلق ئوقۇتقۇچىسى سىلەردىن ئۆتۈنىدۇ: ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، سۈپىتى ئالاھىدە توشقان گۆشى كونسېرۋاسىدىن بىر قۇتا سېتىۋېلىڭلار، ئوتتۇرا مەكتىپىمىزدە تەربىيەلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بولسىمۇ. ئۇ قارا توشقاننىڭ قارنىنى ياردى، قارا تېرە گۆشتىن ئاجرىدى. سىز ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇۋالدىڭىز، قولىڭىزدىكى توشقان گۆشى كونسېرۋاسى يەرگە چۈشۈپ يېرىلىپ كەتتى. قىزغۇچ توشقان گۆشى قىزغۇچ ماركىنى بېسىۋالدى. فاڭ فۇگۈيىنىڭ چىرايى توشقان گۆشى يەۋاتاتتى. قىزغۇچ توشقان گۆشى شورپىسى تاختايدا ئېقىۋاتاتتى. فاڭ فۇگۈيىنىڭ بېشى شورپا ئىچىۋاتاتتى.

«ئايال جىڭۋېي» نىڭ چىرايىدىن نارازىلىق ئەكس ئەتتى. ئۇ قوڭغۇراقنى باستى. يۈزنى چېچەك ئىزى بېسىپ كەتكەن، قاراشلىرىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان بىر ئەر كىرىپ كەلدى. ئۇ «ئايال جىڭۋېي» غا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. «ئايال جىڭۋېي» بارمىقى بىلەن يېرىلغان كونسېرۋانى كۆرسەتتى.

ئەر سۈپۈرگىنى ئەكىرىپ تاختاينى پاكىز تازىلىۋەتتى.

ئۇ توشقاننىڭ تېرىسىنى بامبۇك سېۋەتكە تاشلىۋەتتى. ئاجايىپ ئۇزۇن بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ چەكتى. تاماكىدىن سۇس ئاقۇچ ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ:

— بۇنداق ئەدەپسىزلىكىڭىزنى كەچۈرەلمەيمەن، شۇنداقتىمۇ روھىي ھالىتىڭىزنى چۈشىنىمەن. ئالدىنقى كۈنى، مەكتەپ پارتىيە

ياچېيكىسى ئالاھىدە يىغىن چاقىرىپ، مەخسۇس سىزنىڭ مەسىلىڭىزنى مۇزاكىرە قىلدى. فاڭ فۇگۇي مۇئەللىمنىڭ ھايات ۋاقتىدا ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەكتەپ ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى، سىزنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتىدىكى ئىزچىل ئىپادىڭىز كۆزدە تۇتۇلۇپ، پارتىيە ياچېيكىسى سىزنى 8- ئوتتۇرا مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى توشقان گۆشى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى بىرىنچى سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، قوشۇمچە مەھسۇلات سېتىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. يىغىندا بەزىلەر سىزنى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە يېڭىباشتىن قويۇش توغرۇلۇق تەكلىپ بەردى. مېنىڭچە، دەرس مۇنبىرىدە نەتىجە ياراتقىلى بولمايدۇ. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىز ناھايىتى نامرات، مائارىپنى ئامال بار باشقۇرماي بولمايدۇ. ھەربىر مەكتەپ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى قامداش ئامالىنى قىلىش كېرەك. شۇڭا، سىزنىڭ ھازىرقى ئورنىڭىز ئون ئوقۇتقۇچىنىڭ ئورنىدىن مۇھىم، — ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپ، ئىنكاسىڭىزنى كۈزەتتى. ئۇ بىر ئىشچىنىڭ ئورنىدا توشقاننىڭ بېشىنى، پۇتىنى كەستى، قارنىنى ياردى، ئىچ ئەزالىرىنى سۇغۇرۇپ ئالدى. توشقاننىڭ سىرتتا تىترەپ تۇرغان يۈرىكىنى كۆردىڭىز.

يۈرىكىڭىز تىترەيتتى. بەدىنىڭىزدىكى سۆيۈقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بارلىق ئەزالار پائال خىزمەت قىلىۋاتاتتى. سىز ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا «گۆلدۈرماما» كۈرەش ئەترەت ئەزالىرىنىڭ نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلغاندىكى مەنزىرىنى غۇۋا ئەسلىدىڭىز.

— بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ، — ھاياجانلىنىشتىن ساقلانماق تەس، بىراق تەمكىن بولۇش تېخىمۇ قىممەتلىك خاراكتېر. بۇ پارتىيەنىڭ سىزگە بولغان غەمخورلۇقى ھەم ئىشەنچىسى. بۈگۈندىن باشلاپ، مائاشىڭىز ئىككى يەردىن

بىرىلىدۇ: مائاشىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى بىرىنچى سىبخ تارقىتىدۇ، يەنە بىر قىسمىنى مەھسۇلات سېتىش بۆلۈمى تارقىتىدۇ، قوشقاندا مائاشىڭىز بۇرۇنقى مائاشىڭىزدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر سىزگە ھەسەت قىلىشى مۇمكىن. لېكىن، يادىڭىزدا چىڭ تۇتۇڭ، باشقىلارنىڭ ھەسەت قىلىشمۇ بىر تۈرلۈك بەخت.

ھاڭۋۇقىپ تۇرۇپ كەتتىڭىز. سان - ساناقسىز فاڭ فۇگۇينىڭ كونىسېرۋا قۇتىسىدا سىزگە ئاچچىق كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى كۆردىڭىز.

— باشقا تەلىپىڭىز بولمىسا، بۇ جەدۋەلنى ئېلىپ، بىرىنچى سىبخ ئىشخانىسىغا بېرىپ تولدۇرۇڭ. چارشەنبە كۈنى ماڭا بېرىسىز، — «ئايال جىڭۋېي» شۇنداق دەپ سىزگە پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسنامىسىنى بەردى.

## 5

سىزنىڭ ئىشخانىڭىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. ئۇ سىزنى كۆردى، مىيىقىدا غەلىتە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. سىز تەشۋىشلىنىپ:

— مۇدىر...... مەن يەنىلا توشقان تېرىسى شىلاي......— دېدىڭىز.

ئۇ مۇرىڭىزگە يېنىك ئۇرۇپ:

— بۇ مەن قارار قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ئولتۇرۇڭ، تۇ مۇئاۋىن مۇدىر، كۆنۈپ قالىسىز، — دېدى.

— مەن نېمىش قىلىمەن؟

— پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسنامىڭىزنى تولدۇرۇڭ.

— مەن ئەزەلدىن پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسنامىسى يازغان

ئەمەس.

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، — دېدى ئۇ، — تولدۇرۇڭ.

سىز ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇردىڭىز. ئۇ ئالدىڭىزغا بىر ئىستاكان ئۆزۈم ھارىقى قويۇپ قويدى.

ئۇ قولىڭىزدىن پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسنامىسىنى ئېلىپ، مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، تارتمىسىغا سېلىۋەتتى.

سىزگە بىر قىلىن سېرىق قەغەز لېپاپنى بېرىپ:

— بۇ ئالدىنقى ئايدىكى مۇكاپات پۇلىڭىز، — دېدى ۋە يەنە، — بىلىمەن، لىيۇ جىنخۇا سىزنى كۆپ قېتىم ھاقارەتلىدى. ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى بىر تونۇتۇپ قويىدىغان پەيت كەلدى. ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىشىڭىزگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سىزگە ئىككى قول ماھىرىتىنى ئۆگىتىپ قوياي، — دېدى.

سېخ مۇدىرى ئىشخانىسىدا، ياش ھەم قاملاشقان مۇدىر قاتۇرۇلغان كاستۇم - بۇرۇلكىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ساغلام بەدىنىنى نامايان قىلدى ۋە:

— بىرىنچى قېتىملىق زەربە ئۇ ئويلىمىغان پەيتتە بولىدۇ. نەرگە ئۇرۇشنى بىلەمسىز؟ ئىككى كۆكسىنىڭ قىيپاش ئاستى تەرىپىگە ئۇرىسىز، كۈچلۈك، تېز ۋە دەل جايىغا ئۇرىسىز. ئۇنى رېزىنكە بولقا بىلەن توشقاننى ئۇرۇپ يىقىتىۋەتكەنگە ئوخشاش بىر مۇشت بىلەن يىقىتىۋېتىسىز!

ئۇ كۆكسىڭىزنىڭ قىيپاش ئاستى تەرىپىگە تۇيۇقسىز بىرنى سالدى. سىز ۋارقىرىۋەتتىڭىز. ئاستا - ئاستا ئېگىلدىڭىز، ئاغزىڭىزدىن سېرىق تۈكۈرۈك كەلدى.

— مانا مۇنداق، ئەتىدىن باشلاپ تامدىكى قۇم خالتىغا مۇشت ئاتىسىز، توختىماي مۇشت ئاتىسىز. 200 قېتىم مۇشت ئاتسىڭىز بويىنىڭىز قاتىدۇ، يۈرەك سوقۇش رىتىمى ئۆزگەرمەيدۇ.

ئۇ پەردىنى قايرىدى، تامغا ئېسىپ قويۇلغان قۇم خالتىنى

كۆردىڭىز.

— ئىككىنچى قېتىملىق زەربە، ئالدىڭىزغا ئېتىلىپ كەلگەندە تاقابىل تۇرىسىز، سىز سوۋېت ئەتتىپاقىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن رومانىنى ئوقۇغان، پېشقەدەم بولشېۋىك جوھرايىنىڭ پاۋېل كورچاگىننى قۇتۇلدۇرغاندىكى گۈمپىسى يادىڭىزدىدۇ؟ كېيىن كۆل بويىدا بىلىق تۇتۇپ ئولتۇرغان پاۋېل كورچاگىن ئورمان ئەمەلدارىنىڭ قىزى تونىيەنىڭ ئالدىدا كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ: ئۇ تىزىنى ئېگىدۇ، مۇشتىنى چىڭ تۈگىدۇ. ھېلىقى ياپىلاق بۇرۇن بەگزادىنى ئۇرۇپ كۆلگە موللاق ئاتقۇزۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ تىلىنى چىشلىۋالغان چاغدىكى ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. بۇ ھەرىكەتتە ئاساسىي نۇقتا: تەمكىن بولۇش، دەل تەگكۈزۈش، ۋەھشىي بولۇش. دوۋسۇنغا تىزلايسىز، ئېڭىكىگە ئۇرىسىز، يادىڭىزدا بولسۇن: قارشى تەرەپنىڭ كۈچىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىش كېرەك. سىز فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ خوتۇنى، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ھالەتتىكى جىسىم سوقۇلۇپ بىر يەرگە كەلگەندە، سۈرئىتى تېز جىسىم سۈرئىتى ئاستا جىسىمدىن بەكرەك تالاپەتكە ئۇچرايدۇ. بۇنى بىلىسىز. رېئاكتىپ ئايروپىلان ئاۋازدىن تېز ئۇچقاندا، ئالدى تەرەپتىن ئۇرۇلغان قۇشقاچ ئايروپىلاننى تېشىۋېتىدۇ.

ئۇ تام ئىشكاپىدىن بىر رېزىنكە ئادەمنى ئالدى - دە:

— تامدىكى كونۇپكىنى باسسىڭىزلا بۇ رېزىنكە ئادەم ئالدىڭىزغا ئېتىلىپ كېلىدۇ. رېزىنكە ئادەمنى مەن ئۆگەتكەن ماھارەت بويىچە ئۇرىسىز، مەشىق قىلىپ زېرىككەن بولسىڭىز، — دېدى ئۇ يەنە كىچىك بىر پەردىنى قايرىپ، ئالاھىدە تېخنىكا ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەنگەن چاققانغىنە بىر ئەينەك دېرىزىنى كۆرسەتتى، — مۇشۇ يەردىن سىپخىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى كۆرەلەيسىز.

كۆزىڭىزنى ئەينەك دېرىزىگە ياقتىڭىز. بىر قەۋەت قىزغۇچ رەڭگە كىرگەن پۇتكۈل سېخ كۆرۈندى: قىزغۇچ نېپىز تورغا ئورالغان توشقان بىر - بىرلەپ تۆشۈكتىن چىقىۋاتاتتى. بىر - بىرلەپ يىقىلغىنىچە قىزغۇچ نېپىز تۇمان ئىچىدە تۇرغان تۆمۈر هارۋىچاققا چۈشەتتى...... ليۇ جىنخۇا بىر چىشى توشقاننىڭ كۆپىيىش ئەزاسىغا زىخ سانجىدى...... دوۋسۇنىڭىز چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى. قەلبىڭىزدە غەزەپ - نەپرەت كۆتۈرۈلدى......

رىزىنكە ئادەمنى توختىماي مۇشتلاپ كەتتىڭىز.

قوم خالتىنى توختىماي ئۇرۇپ تامغا چاپلاپ قويدىڭىز. سېخ مۇدىرى زوقلانغان هالدا يەلكىڭىزگە يەڭگىل ئۇرۇپ:

— ئارغۇن بولۇشقا مۇناسىپكەنسىز. قالتىس! هازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنى ئەدەپلەپ قويۇڭ! — دېدى.

قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن توق قىزىل خورۇم كاژانكا كىيدىڭىز. توق قىزىل كۆڭلىكىڭىزنىڭ ياقىسىنى كاژانكىڭىزنىڭ ياقىسىدىن سىرتقا چىقاردىڭىز، پاچاقلىرىڭىزدا چىڭ يېپىشىپ تۇرغان «ئالما» ماركىلىق پادىچى ئىشتىنى، پۇتىڭىزدا بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن بولۇتتەك يېنىك قوڭۇر كەش، سېختا پەيدا بولۇۋىدىڭىز، هەممە ئادەم سىزگە هاڭۋېقىپ قاراپ قىلىشتى. توشقانلارغا «ئاگاهلاندۇرۇش سىگنالى» بېرىدىغان بىغەم ئايال ئاغزىنى كالچايتىپ كۈلدى. توشقانلارنىڭ «تونىنى سالدۇرۇپ، مالىخىينى ئالىدىغان» هېلىقى ئاۋاق قىزنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ تىكتاك توپتەك بولۇپ كەتتى. ليۇ جىنخۇا قىزىل بىر توشقاننىڭ كۆپىيىش ئەزاسىغا زىخ سانجىپ تۇرۇپ:

— چاققان كېلىڭلار، رۇس چىشى توشقىنىغا قاراڭلار، ئەركەك توشقان تولا ئويناپ بىرنېمىسىنى جۇۋاۋىدىنمۇ بەكرەك چوڭايتىۋېتىپتۇ! — دېدى.

ليۇ جىنخۇانىڭ سېمىز يەلكىسىگە «پاققىدە» بىرنى سالدىڭىز

ۋە:

— ھازىر خىزمەت ۋاقتى، چۈقان كۆتۈرۈپ خىزمەت ئىنتىزامىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدىڭ. مۇشۇ ئايلىق مۇكاپات پۇلۇڭ تارتىلىدۇ، — دېدىڭ. ليۇ جىنخۇا:

— پاھ! قايسى پاھىشىخانىدىن سۈغۇرۇلۇپ چىققان چەت ئەللىك تۇمۇچۇق بۇ؟ تېنىنى سېتىپ يىگىنە چاغلىق ئەمەلگە ئېرىشىپ كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى! — دەپ قىزىل توشقاننىڭ كۆپىيىش ئەزاسىنى قانىتىۋەتتى.

دوۋسۇنىڭىزنى قاقشاتقان ئاغرىق ئازابىدىن يىقىلىپ قالغىلى قىل قالدىڭىز. قەلبىڭىزدە غەزەپ ئوتى گۈرۈلدەپ ياندى. ئىچىڭىزدە: تەمكىن بول، دەل جايىغا سال، رەھىمسىز بول، دەيتتىڭىز. چىرايىڭىزغا كۈلكە يامرىدى. ليۇ جىنخۇا مەيدىسىنى كېرىپ، قورسىقىنى تومپايتىپ ئەزۋەيلەيتتى. ئۇن خالتىسىدەك ئەمچىكىنىڭ پۇلاڭلاپ تۇرغانلىقىنى خىزمەت كىيىمىنىڭ سىرتىدىن كۆردىڭىز، «ئىككى ئەمچىكىنىڭ قىيپاش ئاستى تەرىپى» نى كۆزلەپ، كۈچەپ تۇرۇپ بىرنى سالدىڭىز!

ليۇ جىنخۇا ۋارقىراپ كەتتى. ئەمچىكىنى بېسىپ تۇرۇپ، ئالدىغا ئېگىلىپ قالدى. سەنتۈرۈلۈپ بارغان پېتى توشقان تېرىسى بىلەن توشقان مايىقىنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى.

كاژانكىڭىزنىڭ يانچۇقىغا قولىڭىزنى سېلىپ، بېشىڭىزنى قىيسايتىپ، يەردە دومىلاپ ياتقان ليۇ جىنخۇاغا قاراپ تۇردىڭىز.

سارغايغان چىرايىنى، كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن يېشىل ياشنى كۆردىڭىز، ئۇ ئۆملەپ ئورنىدىن تۇردى — كىتابتا تەسۋىرلەنگەنگە ئوخشاش — ۋارقىرىغان پېتى ئالدىڭىزغا ئېتىلىپ كەلدى. ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى ئىچىڭىزدە تەكرارلىدىڭىز، كۆڭلىڭىزدە سان بار، پەيت كۈتتىڭىز. ئۇ تىزىڭىزنى ئېگىپ مۈشتىڭىزنى تۈگۈپ ماي تولۇپ كەتكەن

دوۋسۇننى، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئېڭىكىنى پايلاپ تۇردىڭىز. تىزىڭىز بىلەن مۇشتىڭىزنىڭ بىرلا ۋاقىتتا گۆشكە تەگكەنلىكىنى سەزدىڭىز — سىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول سالمىدىڭىز — ئۇ ئالدىڭىزغا ئېتىلىپ كەلدى — ئۇ قول - پۇتلىرىنى كۆلكىلىك ھالدا پۇلاڭلىتىپ، توشقان ماياقلىرىنىڭ ئارىسىغا ئوڭدىسىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋاز قۇلىقىڭىزغا كىرىپ تۇراتتى.

ئۇ يەردە يېتىپ تىترەيتتى. سىز ئالدىغا بېرىپ، بوزارغان چېچىدىن تۇتۇپ كۆتۈردىڭىز، يۈزىڭىزنىڭ بىر تەرىپى كۈلۈپ تۇراتتى.

— مېنىڭ كىملىكىمنى ئوبدان بىلىۋال، يەنە خاتالىشىپ يۈرمە جۇمۇ! — دېدىڭىز.

ئۇ كۆزىنى ئۆلۈك بېلىقنىڭ كۆزىدەك ئالايتتى، ئاغزىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. قولىڭىزنى قويۇۋەتتىڭىز، ئۇ بىر پارچە توشقان تېرىسىدەك «پالاققىدە» يىقىلدى.

يانچۇقىڭىزدىن قىزىل يىپەك قول ياغلىقنى چىقىرىپ، ھاۋاغا قارىتىپ ئاتتىڭىز. قىزىل يىپەك قول ياغلىق ھاۋادا لەرزان ئۇچۇپ، تولغىنىپ يەرگە چۈشتى.

## 6

يەلكىڭىز بىلەن كۆكسىڭىزنىڭ ئۈستى تەرىپى كۆرۈنۈپ تۇرغان قىزىل كۆڭلەك كىيىپ، ئۈستى ئوچۇق ماشىنىدا تۇراتتىڭىز. ماشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ناھايىتى يوغان توشقان گۆشى كونسېرۋاسىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. فاڭ فۇگۈينىڭ داستىن يوغان بېشىنىڭ رەسىمى كونسېرۋاغا چاپلاپ قويۇلغانىدى. فاڭ فۇگۈي يول بويىدا كېتىۋاتقان ئادەملەرگە، ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارغا، ئېگىز بىنالارغا دىققەت بىلەن قارايتتى.

مائارپقا كۆكۈل بولىدىغان يۇقرالارنىڭ 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان توشقان گۆشى كونسېرۋاسىنى سېتىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى ۋە توختىماي:

— يۇقرالار، ھېسداشلىق قىلامسىز؟ ئەمسە «يوخۇك» ماركىلىق توشقان گۆشى كونسېرۋاسىنى سېتىۋېلىڭ! يۇقرالار، ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىغا كۆكۈل بولەمسىز؟ كۆكۈل بولسىڭىز «يوخۇك» ماركىلىق توشقان گۆشى كونسېرۋاسىنى سېتىۋېلىڭ، — دەپ توۋلايتتى.

تۇ شاۋىيىڭ قەغەزدىن ياسالغان ناھايىتى چوڭ «يوخۇك» ماركىلىق توشقان گۆشى كونسېرۋاسىنىڭ مودېلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە، ماشىنىلارغا، دەل - دەرەخلەرگە، بىنالارغا، ھاۋاغا، قۇياش نۇرىغا قارىتىپ قىزغىنلىق بىلەن قول پۇلاڭلىتاتتى. چىرايىڭىزدا چىرايلىق كۈلكە جىلۋە قىلاتتى.

ماشىنىدا تۇرىسىز، كۆكسىڭىزنىڭ ئېرىقچىسىدىن كىرگەن سالقىن شامالنىڭ يۇتۇن بەدىنىڭىزگە تاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىسىز، چۇۋۇلغان چاچلىرىڭىز شامالدا يەلپۈنەتتى. ئۆزىڭىزنى پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك سېزىۋاتىسىز. بارچە ماشىنىلار 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئېلان ماشىنىسىغا يول بېرەتتى. 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئېلان ماشىنىسى ياۋا توشقاندەك قالايمىقان ئۇسۇپ، چوڭ - كىچىك كوچىلاردا كېتىۋاتاتتى. توشقان گۆشى كونسېرۋاسى ھەممە ئائىلىلەرگە تونۇش، ھەممە ئادەم بىلەتتى. سېتىلىش مىقدارى تېز ئېشىۋاتاتتى. 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئاق تېرەكلەر خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىشاتتى.

ماشىنىدا تۇرۇپ «ئايال جىگىۋېي»نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭىز: 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلدى: يولداش تۇ شاۋىيىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى توشقان

گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە مەھسۇلات سېتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

شەھەرلىك مېھمانخانىنىڭ ئېسىل مېھمانلار جايلاشقان بىناسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئىككى سودىگەر بىلەن سۆھبەتلەشتىڭىز. رۇس تىلىدا سۆزلىگەن راۋان سۆزلىرىڭىز ۋە كېلىشكەن قامىتىڭىز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق سودىگەرلەرنى مەپتۇن قىلىۋالدىڭىز. ئۇلار مىليون يۈەن قىممىتىدە توشقان گۆشى كونسېرۋاسى ئالىدىغان بولۇپ توختام تۈزدى. پۈرۈر كىيىنگەن بىر سودىگەر:

— رۇسلارنىڭ قوينى سىز ئۈچۈن ئوچۇق! — دېدى.

سىز كەسكىن هالدا:

— جۇڭگو مېنىڭ ئانام! — دېدىڭىز.

7

بايان قىلغۇچى: مەن باشتا سىلەرگە، ناۋادا تۇ شاۋىيىڭ چۈش كۆرگەندەك تۇيغۇدا بولمىغان بولسا، ئۇ هالدا مەن چۈش كۆرگەندەك تۇيغۇدا بولغان ئوخشايمەن. بىزنىڭ يۇرتىمىز تۇتاش. تەسىراتىمىزمۇ ئورتاق. كونىلاردا: «قۇيرۇقنى كۆتۈرگەن قۇش ئۇچۇپ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، دېگەنىدىم.

تۇ شاۋىيىڭنىڭ سېخ مۇدىرى بىلەن مۇھەببەت باغلىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مىش - مىش پاراڭلارنى نۇرغۇن ئادەملەر ئاڭلىدى. كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ ياش پەرقىنى بىلگەچكە، ئىككى تايىن بولۇپ قالدى. بىرسى 30 دىن ئەمدىلا ئاشقان كېلىشكەن ياش ئىدى. ئۇ كۆكسى ماي باكىغا ئوخشاش يوغان ھەم 40 تىن ئاشقان تۇل خوتۇن بىلەن توي قىلارمۇ؟

فىزىكا مۇئەللىمى جاڭ چىچيۇنىڭ مەكتەپ رەھبەرلىكىگە نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىلتىماسى سۇنغانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلارمۇ تارقىلىپ كەتتى. جامائەت پىكرى ئىبغىشماستىن ئاياللار بىلەن باللار تەرەپتە تۇردى.

تۇ شاۋيىڭ جاڭ ئائىلىسى باللىرى بىلەن قىزى ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي مۇناسىۋەتتىن خەۋەر تاپتى. ئۇلار تامنى تېشىپ، كىرىش - چىقىش قىلىپ يۈرەتتى. قىزى بېقىۋاتقان بور قۇتىسىدىكى قىزىل كۆزلۈك ئىككى ئاق چاشقاننى جاڭ ئائىلىسىدىكى ئېرچيۇ بەرگەنىدى.

تۇ شاۋيىڭنىڭ نەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرى شەھەردە چىقىدىغان گېزىتتە ئۈچ كۈن ئۇلاپ بېرىلدى. ئۇنى شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قوبۇل قىلدى. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى.

تۇ شاۋيىڭ بىلەن سېخ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىدا ئىشقىۋازلىق قىلغانلىقىنى «ئايال جىڭۋېي» بايقاپ قېلىپ، ھوشىدىن كەتتى. چۈش كۆرگەندەك مۇشۇنداق غەلىتە تۇيغۇ ئىچىدە تەسەۋۋۇرىمىزنى قاناتلاندۇرايلى: «ئايال جىڭۋېي» نىڭ شەھۋانىي نەپسى كۈچلۈك ئەمەسمۇ؟ ياش ھەم كېلىشكەن سېخ مۇدىرى ئۇنىڭ ئويىنىشمىدۇ؟ تارىخىي تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەزىز خانىملار بىلەن ئويناش — ئاشنا بولۇشتىن يۈز ھەسسە قورقۇنچلۇق. ئاشنىلارنىڭ 80 پىرسەنتى مەشۇقىنى سۆيىدۇ. شۇڭا، بۇنداق جىنسىي مۇناسىۋەت مۇھەببەت ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. شۇڭا، ئاساسىي جەھەتتىن گۈزەل، ئەزىز خانىملار بىلەن ئوينايدىغان چىرايلىق يىگىتلەرنىڭ تولىسى ئاشنىسىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشكۈنلەشكەن، ھاياتى شەھۋانىي ئەسۋابقا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئاشنىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن چىرايلىق يىگىتلەر ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. چۈنكى، ئاددىي مەنىدىن ئېيتقاندا،

بۇنداق ئاياللار شۇركۇنۇپ كەتكۇدەك دەرىجىدە ۋەھشىيلىشىپ كېتىدۇ.
تۇ شاۋيىلڭ ساختا پۇل ياساش دېلوسىغا چېتىلىپ قېلىپ، ئۇنى ج خ ئىدارىسىدىكىلەر قولغا ئالىدى. ج خ ئىدارىسى رازۋېدكىچىلىرى تۇ شاۋيىڭنىڭ ئۆيىدىن كۆپ مىقداردا ساختا پۇل تاپتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ساختا پۇلنىڭ بېسىلىشى ناھايىتى نەپىس، راست پۇل بىلەن پەرقسىز ئىكەنمىش. تېخنىك مۇتەخەسسىسلەر ھەيران قالغانمىش. چاتاق ساختا پۇلنىڭ نومۇرىدىن چىققانىكەن: نەچچە ئون مىڭ ۋاراق ئون يۈەنلىك ساختا پۇلنىڭ نومۇرى: 12127741 ئىكەن. شەھەرلىك خەلق بانكىسىدىكى يۈرگىنىدىن ئايرىلىپ كەتكەن، خەلق پۇلىدىكى نومۇرغا قاراپ كېلەچەكتە پال سالىدىغان خىزمەتچى قىز ساختا پۇلنى بايقاپ قالغانىكەن.
تۇ شاۋيىلڭ شەھەرلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسىغا ياتلىق بولدى. ئۇياق 56 ياشقا كىرگەن، خوتۇنى يېڭى ئۆلۈپ كەتكەن، بالىلىرى سىرتتا ئىشلەيدىغان ئادەم ئىدى. تويىدىن كېيىن تۇ شاۋيىلڭ فاڭ خۇنى ئېلىپ شەھەرلىك پارتكوم بىرىنچى نومۇرلۇق ياتاق بىناسىغا كۆچۈپ كىردى (فاڭ لوڭ مۇستەقىل ياشاشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئۆگەي ئاتىسىغا قىممەتلىك بىر تەشتەك شاھزادىگۇل، بىر كۇپ چىرايلىق ئالتۇن بېلىق سوۋغا قىلدى). ياتاق بىناسىنىڭ مۇھىتى گۈزەل ئىدى. كېچىنىڭ سالقىن شاملى ئۆرە پولات دېرىزىنىڭ ھەقىقىي يىپەك پەردىلىرىنى، شۇنداقلا تۇ شاۋيىڭنىڭ گۈل ئىشلىگەن شايى روباشكىسىنى يەلپۈپ تۇراتتى. تۇ شاۋيىلڭ بىر كۆڭلى ھەم قايغۇرغان، ھەم خۇشال بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى. بالىنى ئالدۇرۇۋېتىش كېرەكمۇ ياكى تۇغۇش كېرەكمۇ؟ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شۇجىسى:

يارتىيەۋىلىشكەندىن ئايرىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ بالىنى جەزمەن ئالىدىغانلىقى توغرۇلۇق قارار چىقاردى. چۈنكى، قىزنىڭ بىر قىسمى رۇس قىزىغا تەۋە بولغان ئىككىنچى ئەۋلاد ئارغۇن جەزمەن ئالقاندىكى مونچاققا ئايلىناتتى.

تۇ شاۋىيىڭ ئۆزىنى گۈزەل دەرياغا تاشلىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، جەستى شەھەردىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ساھىلغا چىقىپ قالدى. كەنتتىكى كەپسىز باللار دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى بېرىپ تۇ شاۋىيىڭنىڭ دەريا ساھىلىدا قىيپاش ياتقان جەسىتىنى كۆرۈپ قالدى. قۇلاق ۋە كۆزلىرىگە لاي تىنىپ كەتكەنىدى. باللار جەسەتنى يىراقتىن كۆرۈپ ئاپئاق يوغان بېلىق ئوخشايدۇ! دەپ قالدى. بېلىق ئەمەس، بەلكى ئاپتاپقا سىنىپ ياتقانمىكىن، دېگەن خىيال بىلەن ئىزا تارتىپ كېتىشتى. بىر بالا تاش ئاتتى. قىلچە ئىنكاس بولمىدى. يەنە بىر بالا:

— هوي، سەن كىم؟ بۇ يەردە يېتىپ نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ توۋلىدى. يەنىلا شەپە يوق. دەريا ساھىلىغا چۈشكەن قۇياش نۇرىدىن كۆچلۈك ئاقۇچ نۇر قايتقانىدى. يالىڭاچ ئوغۇل بالىنىڭ بەدىنىدىن شور ئۆرلىگەن، يۈز - كۆزلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. بىر بالا:

— ئۇ ئۇخلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى. يەنە بىر بالا:

— ياق، ئۇخلاپ قالغان بولسا نېمىشقا خورەك تارتمايدۇ؟ — دېدى. يەنە بىر بالا:

— ئايالار ئۇخلىغاندا خورەك تارتمايدۇ. ئانام ئەزەلدىن خورەك تارتماي ئۇخلايدۇ، — دېدى. يەنە بىر بالا:

— ئايالار ئۇخلىغاندا بەك خورەك تارتىپ ئۇخلايدۇ. ئانامنىڭ خورىكى بەك كۈچلۈك، — دېدى.

ئۇلار ئايىغى چىقماس تالاش - تارتىشقا چۈشۈپ كەتتى.

ئەقىللىك بىر بالا تۇ شاۋيىڭنىڭ ئالدى تەرىپىگە بېرىپ قاراپ كەسكىن ھالدا:

— ئۇ ئۆلۈپتۇ! — دېدى.

ھەممە باللار كەينىگە ئۆرۈلۈپ باردى. تۇ شاۋيىڭنىڭ كىرپىكلىرىگە لەش قونغان، قۇلاق ۋە بۇرنىغا لاي تىنىپ كەتكەنىدى. ھېلىقى ئەقىللىك بالا:

— كەنتكە بېرىپ چوڭلارنى چاقىرىپ كېلەيلى، — دېدى.

كەنتتىكى چوڭلار دەريا بويىغا كەلدى. چەت ئەللىك ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلدى. ياخشى نىيەتلىك بىرەيلەن تۇ شاۋيىڭنىڭ جەسىتىنىڭ ئۈستىگە چاپىنىنى تاشلاپ قويدى. چېچەن بىر ئەر كەنتكە بېرىپ ج خ ئىدارىسىگە تېلېفون بەردى. ج خ ئىدارىسىدىكىلەر دەريا ساھىلىدا بىر چەت ئەللىك ئايالنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ج خ ئىدارىسى باشلىقى ئەترەتنى شەخسەن ئۆزى باشلاپ نەق مەيدانغا كەلدى. كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ 8- ئوتتۇرا مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى توشقان گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتىنىڭ ئايال ئىشچىسى ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ناھايىتى بەك ئۈمىدسىزلەندى.

تۇ شاۋيىڭ ئېلىشىپ قالدى. چاچلىرى پاخپىيىپ، يۈز - كۆزى مەينەت ھالدا ئېرىنى ئىزدەپ شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە باردى. شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى خىزمەتچى خادىملار ئۇنى قوغلىۋەتتى. ئاندىن «گۈزەل دۇنيا» غا باردى، تۇ شاۋيىڭ ئۇ يەردىنمۇ قوغلاندى. يەنە شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە باردى...... كېيىن كىشىلەر ئۇنى «سېرىق بىنا»غا ئاپىرىپ قويدى. «سېرىق بىنا» شەھەرلىك نېرۋا كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش دوختۇرخانىسىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ئىدى.

تۇ شاۋيىڭ ئوت يالقۇنى ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ، دۆلەتنىڭ مال - مۈلۈكىنى قۇتقۇزۇش يولىدا بەختكە قارشى قۇربان بولدى.

جەسىتى «گۈزەل دۇنيا» غا ئاپىرىلدى. ھۆسن تۈزەش ئىشى ئالاھىدە ھۆسن تۈزىگۈچى لى يۈچەنگە تاپشۇرۇلدى. سىز ئالاھىدە ماھارىتىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، تۇ شاۋيىڭنى ئەسلىي قىياپىتىگە ئەكەلدىڭىز. مەيدىسىگە ئاق ئېچىلىدىغان كەترەن گۈلى، سېرىق جۇخارگۈل، يېشىل موندەنگۈل، پۇرىقى خۇشبۇي يوغان بىر دەستە كاڭنەي گۈلى قويۇپ قويدىڭىز......



# ئون بىرىنچى باب

## 1

فىزىكا مۇئەللىمى تاشتەك قاتتىق مۆلدۈر ئارىلاش شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. بېشىنىڭ تېرىسى ئۈيۈشۈپ، بەدىنى مۇزلاپ كەتكەنىدى. شىددەت بىلەن چۈشۈۋاتقان يامغۇر ۋە مۆلدۈرنىڭ زەربىسىدە سۇنۇپ كەتكەن قوناق يوپۇرماقلىرى قۇشلارنىڭ سۇنغان قانىتىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئاپئاق سۇ تىزغا چىقاتتى. شىددەت بىلەن چۈشۈۋاتقان يامغۇر ۋە مۆلدۈر يىغىلىپ قالغان سۇلارنى ھەر يان چاچرىتاتتى. چاچراندىلىرى سېزىمىنى يوقاتقان بەدىنىگە ۋە ساڭگا ئوخشاش بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان قوناقلارغا تېگەتتى. ئۈنىڭ بىرگە تونۇش ماش رەڭ فورمىسى بەدىنىگە چاپلىشىپ بەزى يېرى پۈرلەشكەن، بەزى يېرى پارقىراپ ئېشەك تېرىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى. خۇددى بىرەر تۈمەن پىلىموت بىرلا ۋاقىتتا ئوت ئېچىۋاتقاندەك يامغۇر ۋە مۆلدۈر ئاۋازىغا ئارىلىشىپ كەتكەن خېلى بىر ۋاقىتقىچە توختىماي چېقىۋاتقان چاقماق ئاۋازىنى غۇۋا ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز (يامغۇر بىلەن مۆلدۈر تولىراق قوناقلارنىڭ غولى بىلەن يوپۇرماقلىرىغا ئۇرۇلغاندا ئاۋاز چىقىپ كېتەتتى). مۆلدۈر باش سۆڭىكىگە تەگكەن چاغدا چىققان چۈرۈك ئاۋازىنىلا ئاڭلايتتىڭ. ئەتراپ ئاپئاق، ئىسكىلىتقا ئوخشاپ قالغان قوناقلارنىڭ پولاڭلاپ

تۇرغان يېشىل غولنى خىرە - شىرە كۆرەتتىڭ. ئىچكى ئەزالىرىڭنى قورشاپ تۇرغان تېرىقتەك ساپسېرىق قالدۇق ئۇچقۇنغا كۆزۈڭ چۈشتى. بىز ئاشۇ تېرىقتەك ئۈمىد نۇرىغا، ھاياتلىق ئوتىغا ئەنسىرىگەن ھالدا دىققەت بىلەن قارىدۇق. ئۇ بىزگە: «سەن سەكراتقا چۈشۈپ قالدىڭ» دېدى. سۈرۈلۈپ قىمىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇق. ئۇ:

— ھەممىمىز فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ «تىنىقىملا بولىدىكەن، توختىماي ئىلگىرىلەيمەن» دەيدىغان مۇشۇنداق روھىدىن ئۆگىنەيلى، دېدۇق.

قاتتىق قوناق يوپۇرمىقىغا تېگىپ قاڭقىپ چىققان كانىماش چوڭلۇقىدىكى مۆلدۈردە كۆزئەينىكىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئەينىكىگە دەز كەتتى. ئوڭ تەرىپىدىكى ئەينىكنى قوناق شېخى جىجىۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆز ئالدى تۇتۇلۇپ كەتتى. ئوبيېكتىپ دۇنيانى كۆرەلەيدۇ دېگەنىدىن كۆرە، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى كۆرەلەيدۇ، دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇ ئاشۇ سېرىق دائىرە ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەن تېرىقتەك سېرىق ۋە شانلىق مۇزىكىغا ئىخلاسمەنلىك ھەم قاتتىق ھاياجان بىلەن دىققەت قىلدى. ئۇ تۇرۇپلا سەزگۈسىنى يوقىتىپ قوياتتى، تۇرۇپلا يەنە ئەسلىگە كېلىپ قالاتتى. سەزگۈسى كاردىن چىققان چاغدا ھەممە پۇراق غايىب بولاتتى — كۆزدىن ئايرىلغاندا جاھان قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك — قۇلاق ئاڭلىماس بولۇپ قالغاندا، جىمى جاھان جىمجىت بولۇپ كەتكەندەك — سەزگۈسى تۇيۇقسىز نورمال ھالەتكە كەلگەندە ھەممە پۇراق تەڭلا پەيدا بولاتتى — بۇرۇنغىلا ئەمەس، بەلكى قۇلاق، قىزىلئۆڭگەچ ۋە كۆزگە دەخلى - تەرۇز قىلاتتى — يامغۇر سۈيىنىڭ سوغۇق، ئاچ يېشىل ھىدى يىلانبېلىقنىڭ قاڭشىرىغا، قوناقلارنىڭ غولى بىلەن يوپۇرمىقىنىڭ يېپىشقاق قېنىق يېشىل پۇرىقى پاقىنىڭ تۇخۇمىغا، مۆلدۈرنىڭ

مۇزدەك ئاقۇچ ھىدى دەرەخنىڭ قۇرۇپ كەتكەن شېخىدا ئېسىقلىق تۇرغان بېلىق ئۆچىيىگە ئوخشايتتى. بۇنىڭدىن باشقا پۇراقلارنىڭ ئارىسىدا، ئاسماندىن چۈشكەن يېلانبېلىقنىڭ پۇرىقى بىلەن پاقىنىڭ پۇرىقى بار ئىدى. دەۋرەپ كەلگەن پۇراقلار دولقۇنلاردەك ئۆركەش ياسايتتى. ئۇ داۋاملىق ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. سۇدا، يامغۇردا، مۆلدۈر، ئاۋاز ۋە پۇراقلار ئارىسىدا ماڭاتتى. پۇراقتا ئاۋاز، ئاۋازدا پۇراق بار ئىدى. ئاۋاز بىلەن پۇراق بىر - بىرىنىڭ سايىسىدا، بىر - بىرىنىڭ رەڭگىدە، رەڭگىنىڭ ۋەزنىدە ۋە ئېنىرگىيەسىدە ئىدى. كۆرگەن چۈشىدە ئىدى. سۆيگۈ - مۇھەببەتتە ئىدى. قارا جۇخارگۈلنىڭ قاشتاشتەك ئىللىق غۇنچىسى ئىدى (بەرگلىرى ئەجدىھانىڭ چىشلىرىدەك ئەگرى - بۈگرى).

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئۇ يىراقتا پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرىنى كۆردى. يامغۇر شالاڭلاپ قالدى. كەينى تەرەپتە سۇلار گۈرۈلدەيتتى. پاقىلار شادلىنىپ تىنىماي كۇركىرىشاتتى. يامغۇر ئارىلىقلىرىدىن تۆت - بەش يۇلتۇز كۆرۈندى. ئالدى تەرەپتىكى كەنتتە بىر ئىت ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ھاۋشىيتتى. يول پاتقاق، پاتقاق ئوشۇققا چىقاتتى. ئۇ قاتتىق يەرنى دەسسەپ ماڭدى. يول بويىدىكى يوغان دەرەخلەر زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئالامەت زور قاپقارا غەلىتە مەخلۇقلارغا ئوخشايتتى. دەرەخلەر كۆتۈرەلمەي قالغان يامغۇر سۇلىرى دەرەخلەرنىڭ سوغۇق كۆلكىسىدەك، ھۆركىرىشىدەك، چۈشىدە شارقىرىتىپ سىيگەن سۈيدۈكتەك ئارىلاپ - ئارىلاپ شارقىراپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

يىراقتا كۆرۈنگەن ساپسېرىق تېرىقتەك يورۇقلۇق ئۇ ئىچكى ئەزاسىدا ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان تېرىقتەك ھېلىقى يورۇقلۇق بىلەن يىراقتىن ئۆزئارا بىرلىشىپ، ئىچكى ئەزاسىنىڭ سېزىمىنى ئويغاتتى. كۈچلۈك يورۇقلۇق يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭغان توك ئېقىمىدەك، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئاققان سۇدەك

ئاجىز يورۇقلۇققا، تۆۋەندە تۇرغان يورۇقلۇققا قاراپ ماڭىدۇ. قەلبىڭىدىكى يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقنى قوغلاپ، ئۆز زېمىنىنى بارا - بارا كېڭەيتتى. يۈرىكىڭىنىڭ سوقۇۋاتقانلىقىنى سەزدىڭ. ئۆپكەڭنىڭ قانتى كېرىلدى. يەتكۈچە ئازابلانغان ئاشقازان خالتىسىنىڭ ئىزناسى نامايان بولدى. مۇجۇپ ئاغرىتىش ئۈچەينىڭ مەۋجۇتلۇقىنى جاكارلىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭدىكى سېزىمدىن تېرەڭ بىلەن مۇسكۇلۇڭنى، مۈشكۈل ھەرىكەتتىن پۇتۇڭنى، ئاۋازىڭدىن چىشىڭنىڭ نەدىلىكىنى، قىسقىسى، ئادەم تېنىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى قايتىدىن مۇكەممەل ھېس قىلدىڭ. ئائىلەڭدىكى مۇزىكا گۈرۈلدىدى، ھېسسىيات پەيدا بولدى، توساتتىن بۇرنۇڭغا بورنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئۇ شۇنچىلىك يېقىملىق، شۇنچىلىك ئېسىل خۇشبۇي پۇراق ئىدى. كۆزلىرىڭ نەملەندى. بوردىن رەڭگارەڭ بولۇپ كەتكەن ئاغزىڭنى سۈرتتۈڭ، ياشلىق كۆزلىرىڭ بىلەن بىزگە قارىدىڭ.

ئائىلەڭدىكى مۇزىكا بىلەن يىراقتىكى ساپسېرىق يورۇقلۇق ئوخشاش ئىدى. ئۇ قاراڭغۇدا ماياكقا ئايلاندى. سەن دەھشەتلىك بوران - چاپقۇندا يەلكىنى يىرتىلغان، ماچتىسى سۇنغان كېمىدەك ماياكقا قاراپ ئاستا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتىسەن.

ئەتراپقا قىڭغىر - قىيسىق ئۆيلەرنىڭ ئېگىز - پەس سايىسى چۈشۈپ تۇرغانىدى. سەن گويا چۆچەكلەر دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك بولدۇڭ. ھېلىقى تېرىقتەك ساپسېرىق يورۇقلۇق توختىماي پىلدىرلاپ تۇراتتى، گاھ يېقىنلىشاتتى، گاھ يىراقلىشاتتى. سەن ئاخىر ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىڭ.

## 2

فىزىكا مۇئەللىمى گاراڭ ھالەتتە ناھايىتى يوغان سەگۈنچۈكتە

ياتقاندەك ياتاتتى. كۆزىنى ئېچىشقا ئۇرۇندى، لېكىن قاپاقلىرى چاپلىشىپ قالغاندەك كۆزىنى ئاچالمىدى. ھەقىقىي ئائىلە مۇزىكىسى ياڭرىدى. ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كەتكەن ئۇ شۇ تاپتا بەختكە چۆمۈپ گەرچە كۆزى يۇمۇق بولسىمۇ، ئەتراپنى قورشاپ تۇرغان ساپسېرىق ئىللىق يورۇقلۇقنى خىيالەن كۆرۈپ ياتاتتى.

بىرسى گويا ئەمچىكىنىڭ تۇپچىسىنى ئاغزىمغا تىققاندەك روھىم قوش مۇھەببەتنىڭ تەسەللىسىگە ئېرىشكەندەك بولۇۋاتىمەن. تاتلىق ھەم ئىسسىق سۈت ئېغىز بوشلۇقۇمدىن كانىيىمغا كىرىۋاتاتتى. سەن خۇددى بىر كۈچۈكتەك ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېمىۋاتىسەن، كانىيىڭدىن غۇرتۇلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ سۈت ئېمىۋاتقان بوۋاققا ئوخشاش قول - پۇتلىرىنى پىلتىڭلىتاتتى.

سەن سۈتنىڭ ئاشقازىنىڭدا تەڭشىلىپ ھەر خىل رەڭلىك سۇيۇقلۇقلار بىلەن قانداق بىرىكىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈڭ. بۇ سۇيۇقلۇقلار ئاشقازىنىڭدا بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتتى؛ ئۈچەي يولى قوبۇل قىلدى. ئۆگە - ئۆگىلىرىڭگە، مۇسكۇللارغا، تېرىگە ۋە تۆكلەرگە سىڭىپ كەتتى.....

ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىڭنى سەزدىڭ.

— ھوي! پوچتىكەش، ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟— فىزىكا مۇئەللىمى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ياڭرىغان يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلىدى.

كىم پوچتىكەش؟ ئۇ ئويلاپ گاڭگىراپ قالدى.

بىر بارماق، بىرسى بارمىقى بىلەن بۇرنۇمنى بېسىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى فىزىكا مۇئەللىمى خۇددى تېلېگرامما بېرىۋاتقان ئايال رادىستتەك بىرسى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى باساتتى. «تىت - تىت» قىلغان سىگنال مېڭىسىگە يەتكۈزۈپ

تۇرۇلۇۋاتاتتى. سەن بايامقى ئاۋازنى يەنە ئاڭلىدىڭ.
— پوچتىكەش، كۆزۈڭنى ئاچە، ساڭا يەيدىغان نەرسە بېرىمىز! — دېدى.
ئۇ كۆزىنى ئېچىشقا تىرىشتى. كۆز ئالدى رەڭمۇرەڭ ئىس - تۈتەك ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە بېشىنى قويۇپ ياتقان يەرنى سىلىدى.
— ئاتا، ئۇ كۆزىنى ئاچتى، كۆزىنى ئاچتى! — تولۇق ئېچىلىپ ئايلىنىۋاتقان ئاپتاپپەرەستەك بىر يۈز كۆرۈندى،— پوچتىكەش، نېمە ئىزدەۋاتىسىز؟
— كۆزئەينەك، كۆزئەينىكىمنى...... — دېدى فىزىكا مۇئەللىمى.
— ئوھ، كۆزئەينەك بولمىسا كۆزۈڭ كۆرمەمدۇ؟
كۆزئەينىكىڭ يۈزۈڭنى قىسىپ تۇراتتى. سول كۆزۈڭنىڭ ئالدىدا مامۇقتەك ئاپتاپپەرەسكە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر يۈز، ئوڭ كۆزۈڭنىڭ ئالدىدا يۇملاق يۈزى قىپقىزىل، كىرپىكلىرى تال - تال، ئالتۇندەك نۇرلىنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز تۇراتتى.
فىزىكا مۇئەللىمى ئېسىگە كېلىپ ئۆرۈلمەكچى بولۇۋىدى، ھېلىقى قىز سېنى قولى بىلەن بېسىپ قويدى. ئۇنىڭ ئاغزى چىرايلىق، قاتار كەتكەن ئۈنچىدەك چىشلىرى پاكىز ئىدى. تال - تال كىرپىكلىرى تۈكۈلۈپ تۇراتتى، ئوغۇللارنىڭكىگە ئوخشاش قاپقارا كالتە قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى ئۇيقۇسىغا قانمىغان كۆزلىرى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى. بوران - چاپقۇندا قېلىپ تېخىمۇ سەزگۈرلىشىپ كەتكەن سەزگۈ ئەزايىڭغا ئۇنىڭ تىنىقلىرىدىن ھەسەلنىڭ قويۇق پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئۇ:
— مىدىرلىماي ياتە، ئاتامنى چاقىراي، ئاتا، ماۋۇ پوچتىكەش ئېسىگە كەلدى، بۇياققا كېلە! — دېدى.
ئۆينىڭ ئۇ بېشىدىن قاراشلىرى ئادەتتىن تاشقىرى ئۆتكۈر،

يېشىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىغان بىرەيلەننىڭ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ئاستا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈك.

ئۇ ئادەم ساڭا قاراپ كېلىۋاتقان، لېكىن يېنىڭغا كېلىپ بولالمىغان ئارىلىقتا، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۇزۇن ھەم كەڭ تۆشەكتە ياتقانلىقىڭنى بايقىدىڭ. تۆشەككە يۇمشاق ھەم ساپسېرىق بۇغداي پاخلى سېلىنغان، پاخالدىن قۇياشنىڭ كۈچلۈك ھىدى، قورۇلغان بۇغداينىڭ ئاچچىق ھىدى كېلەتتى. بۇ ناھايىتى يوغان، ئىللىق ئۆي ئىدى. ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، كەڭلىكى 7—8 مېتىر چىقاتتى، ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ئوتتۇرىدا تۇسۇق يوق ئىدى. ئامبار قىلىنغان ئۆيدەك قىلاتتى. تورۇستىكى شەمشاد دەرىخىدىن تەييار قىلىنغان لىمغا چىراغ ئېسىلغان، چىراغدىن تارقالغان ساپسېرىق نۇر ناھايىتى يېقىملىق ئىدى. لىمدىكى ئاقۇچ ئۆمۈچۈك تورىدا ئىككى ئۆمۈچۈك چىراغ يورۇقىدا بىرسى پەسلىسە، بىرسى يۇقىرىلاپ ياكى بىرسى يۇقىرىلىسا، بىرسى پەسلەپ ئويناۋاتاتتى. تۆشەكتىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا، تامنىڭ يېنىدا ئوچاق بار ئىدى. قازاندا پورۇقلاپ بىرنەرسە قايناۋاتاتتى. قازان بىلەن تۈۋاقنىڭ ئارىلىقىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، پۇرىقى ئاجايىپ مەززىلىك ئىدى. ئوچاقتا ئوتتۇن كۆيۈۋاتاتتى. ئوت يالقۇنى گۈرۈلدەيتتى. ئۆينىڭ ئۇ بېشىدىمۇ بىر چىراغ ئېسىقلىق تۇراتتى. شەمشاد دەرىخىدىن تەييار قىلىنغان توم بىر لىمغا بەش دانە توم تۆمۈر ئىلمەك ئېسىپ قويۇلغان. تام قان يۇقى ئىدى. يەردە تۆت پۇتى باغلانغان قىرى بىر سېرىق كالا ياتاتتى. كالىنىڭ مۈڭگۈزى ئەگرى، كۆزلىرى كۆكۈچ، پۇشۇلداپ ھاسىرايتتى. ئوچاق يېنىدىكى بىر دۆۋە ئىنچىكە چۆپنىڭ ئۈستىدە تۈكلىرى قارا، يوغان بىر ئىت ياتاتتى. كۆزلىرىدە بىر - بىرىگە ماس كەلگەن سېرىق داغ بار ئىدى. ئوچاقنىڭ ئوتىدا ئىتنىڭ تۈكلىرى ئېسىل شايىدەك يالتىرايتتى. ئىت يوغان بېشىنى ئالدى پۇتىغا قويغان، قىيا ئوچۇق

ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىدىن مەپتۇن قىلارلىق، شۇنداقلا قورقۇنچلۇق كۈچلۈك نۇر چاقنايتتى. سېرىق كالا بىلەن ئىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆگەت چىۋىقىدىن توقۇلغان ئۇزۇن بىر سېۋەت تۇراتتى، سېۋەتنىڭ قىرى بەك پاكار ئىدى. قان يۇقى قارىيىپ كەتكەن سېۋەتكە كالىنىڭ قۇلىقىغا ئوخشاش ئۇچلۇق پىچاق، قىرى قارا، بىسى ئاق، ئېغىر، ئورغاقسىمان قىڭراق، ئاپتاپپەرەس يوپۇرمىقىنىڭ شەكلىگە ئوخشاش بىر پىچاق، سۆگەت يوپۇرمىقى شەكىللىك ئۇزۇن پىچاق قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغانىدى. بىر تۆمۈر كالتەك، ناھايىتى چوڭ بازغان، قاندا نەملىشىپ كەتكەن نەچچە تال قارا ئارغامچا بار ئىدى. ئوچاقنىڭ يېنىدىكى ئوتتۇن دۆۋىسىدە ماش رەڭ فورما يېيىقلىق تۇراتتى. قىممىتى ئوخشاش بولمىغان نەچچە ۋاراق خەلق پۇلى نەچچە تال كەك ئوتتۇنغا چاپلاپ قويۇلغانىدى.

ھېلىقى ئەر ئالدىڭغا كېلىپ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ، سىنچى كۆزلىرىنى ساڭا تىكتى. مېنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىمنى سورىماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىڭ. لېكىن، ئۇ سەندىن:

— ھاراق ئىچەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

سەن ئالدىراش ئورنۇڭدىن ئۆملەپ تۇرۇپ، ئۇچاڭدىكى يىرىك رەختتىن تىكىلگەن تاغاردەك كىيىمنى كۆردۈڭ، كىيىمنىڭ يىرىك تالالىرىنىڭ تېرەڭگە سۈركىلىشىدىن ئۆزۈڭنى راھەت ۋە خۇشال سېزەتتىڭ. ھېلىقى قىز 18 — 19 ياشلارغا كىرگەندەك قىلاتتى — قولىدا ئېمىزگۈ بوتۇلكىسى، شوخلۇق قىلىپ:

— ھېلىغىچە سۈت ئىچەمسەن؟ — دەپ سورىدى. ئۇ قىزىل چاقماق چاپان كىيگەن، چاچلىرى قاغىسىمان كاككۈكنىڭ چاڭگىسىدەك پاخپىيىپ كەتكەنىدى.

— بىر چىنە ھاراق قۇيۇپ بەر، — دېدى ھېلىقى ئەر. قىزى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆمرىنىڭ تەگدىن تولىسى تۈگىگەن

ياشانغان ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

ياشانغان ئادەم تۆشەكتە ئولتۇرۇپ، تولا سۈركىلىپ پارقىراپ كەتكەن قېلىن سېرىق قەغەزدىن قىلىنغان تاماكا خالتىسىنى، ھەممە يېرى سېرىق مىس غاڭزىسىنى چىقىرىپ، غاڭزىسىغا خالتىدىن ساپسېرىق تاماكا ئالدى. غاڭزىسىنى قاپقارا چىشلىرى بىلەن چىشلەپ تۇرۇپ، ئېتى قاچقان يوغان قولىغا ئۇزۇن لاخشىگىرنى ئېلىپ، ئوچاقتىن پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتۇننىڭ چوغىنى قىسىپ ئېلىپ، غاڭزىسىنىڭ سەيخانىسىدىكى تاماكىنى تۇتاشتۇردى. ئۇ بۇ بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى يېنىدا ھېچكىم يوقتەك بىر - بىرىگە ئۇلاپ، تەبىئىي ئورۇنلىدى ھەم بىر ئائىلىنىڭ مۇتلەق غوجايىنلىق سالاپىتىنى نامايان قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېلىقى قىز تۆشەك ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشتى. فىزىكا مۇئەللىمى چىك ھەم يېتىلگەن ساغرىسىنى تولغاۋاتقان بۇ قىزغا غەرەزسىز قارىدى. يېنىگىدىن كەتتى، يەنە يېنىغا كەلدى، سەن دىققەت بىلەن قاراپ تۇردۇڭ. ئۇ سىرلانغان قەدىمىي ئىككى كومزەكنى قۇچاقلاپ كۆتۈرگەنىدى، چىرايىدىن شوخلۇق ۋە خۇشاللىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ياشانغان ئادەم باشمالتىقى بىلەن غاڭزىنىڭ سەيخانىسىدىكى يېنىپ تۇرغان تاماكىنى بېسىپ ئۆچۈردى. كومزەكنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ كەلگەن قىزغا قاپىقىنى سۈزۈپ قارىغان كۆزىدىن پارلىغان نۇر قارا ئىتنىڭ قاپىقىنى سوزۇپ قارىغان چاغدا كۆزىدىن پارلىغان نۇرغا ئوخشاش مەپتۇن قىلارلىق ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى.

قىز فىزىكا مۇئەللىمى بىلەن ياشانغان ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كومزەكنى «توككىدە» يەرگە قويدى. كومزەكنىڭ ئاغزىغا دۈم قىلىپ قويۇلغان ئىككى قارا ھېجىرنى ئېلىپ تۆشەككە قويدى. تۆشەك ئېگىز - پەس بولغاچقا، ئىككى ھېجىر قىڭغىيىپ تۇراتتى. قىز كومزەكنىڭ ئاغزىدىكى ياغاچ

پۇرۇپكىنى تارتتى، «پولتوڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھاراقنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى ئەتراپقا تارقالدى. ئۆمرىدە ھاراق ئىچىپ باقمىغان فىزىكا مۇئەللىمى ھاراقنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىدا مەست بولدى. كومزەكتىن لەرزان ئۇچۇپ چىقىۋاتقان ھاراق پۇرىقىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان فىزىكا مۇئەللىمى تۇرمۇشىنىڭ چەكسىز گۈزەل ئىكەنلىكىنى تۇيۇقسىزلا ھېس قىلىپ قالدى. قىز كومزەكنى كۆتۈرۈپ ئىككى ھېجىرغا ھاراق قۇيدى.

قىز يەنە بىر كومزەكنىڭ ياغاچ پۇرۇپكىسىنى ئېچىۋېتىپ:

— ئاتا، ھارىقىڭغا ھەسەل قوشايمۇ؟— دېدى.

ياشانغان ئادەم پەس ئاۋازدا:

— ئازراق قوش! — دېدى. ئاۋازى سۇرلۇك ھەم خىرقىراق ئىدى.

قىز ئىنچىكە تاياقنى كومزەكتىكى ھەسەلگە مىلەپ، ئاندىن كومزەكتىن چىقاردى. ھەسەل ئۆزىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش سېرىق ئىدى. پارقىراپ تۇراتتى. بەك يېپىشقاق بولغانلىقتىن، تاياق بىلەن كومزەكنىڭ ئارىلىقىدا ھەسەل سېرىق ھەم سۈزۈك ئۇزۇن يىپتەك سوزۇلدى.

قىز ھەسەلنى ھېجىرغا سىلىپ ئاستا ئارىلاشتۇردى. ھەسەل ئېرىپ، ئۇنىڭدىن ياۋا جۇخارگۈلنىڭ پۇرىقى تارقالدى. ھاراقنىڭ رەڭگىمۇ ئۆزگەردى. قىز ھەر ئىككىلا ھېجىرغا ھەسەل قۇيۇپ بولۇپ، تاياقتىكى ھەسەلنى تىلىنىڭ ئۇچى بىلەن يالىدى. بوينىنى ئالدىغا سەل سوزۇپ، چىرايلىق ئاغزىنى يوغان ئاچقانىدى. ئۇنىڭ رەڭگىمۇ ھەسەلنىڭ رەڭگىگە، تېنىدىن كېلىۋاتقان پۇراقمۇ ھەسەلنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايتتى. ئۆزىمۇ ھەسەلگە ئوخشاش بەلەن قىز ئىدى. تۇرمۇشىنىڭ چەكسىز گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلىغۇسى كەلدى.

— قانداقكەن؟— دېدى ياشانغان ئادەم قىزنىغا لاپپىدە قاراپ.

قىز تاياقنى ئوچاقنىڭ يېنىدا ياتقان ئىتقا تاشلاپ بېرىپ:

— لاۋخېي، ماۋۇنى پاكىز يالىۋەت،— دېدى سەممىيلىك بىلەن.

قارا ئىت كۆزىنى ئاچتى، خۇشياقمىغاندەك ئالدى پۇتىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئالدىغا چىقىرىپ، ھەسەل يۇقى تاياقنى ئاغزىغا ئەكېلىپ، مۇنداقلا يالاپ قويۇپ، بولدى قىلدى. ھەسەل يۇقى تاياققا خۇشى يوقتەك، قىزنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن ھەسەل يۇقى تاياقنى يالىغاندەك قىلاتتى.

قىز ھېجىرنى قوش قوللاپ فىزىكا مۇئەللىمگە سۇندى ۋە:

— پوچتىكەش، ئىچە! — دېدى. فىزىكا مۇئەللىمى چۆچۈپ كەتكەندەك ھېجىرنى قولىغا ئېلىپ، يەنە قىزنىڭ:

— تېلېگراممىا يەتكۈزۈۋېتىپ يولدىن ئېزىپ قالدىڭمۇ؟— دېگەن گېپىنى ئاڭلىدى.

قىز يەنە بىر ھېجىرنى ياشانغان ئادەمگە تۇتتى، ياشانغان ئادەم تاماكا خالتىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ھېجىرنى قولىغا ئالدى. ئۇ:

— ئىچە، سوغۇقنى ھەيدەيدۇ،— دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى ھاراقتىن بىر يۇتۇم ئوتلىدى. سېرىق ھاراق خۇشبۇي، تاتلىق، ساپ، يېپىشقاق ئىدى. كۆزى نەملەندى.

— بىزگە ئىككى پارچە گۆش بەرگىن،— دېدى ياشانغان ئادەم.

قىز تۆشەكتىن يالاڭئاياغ چۈشۈپ، ئوچاق يېنىغا بېرىپ، تۇۋاقنى ئاچتى. موگۇسىمان ھور شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ، تۈتەك بولۇپ چىراغنىڭ نۇرىنى باستى. چىراغنىڭ نۇرى قىسقىرىپ كەتتى. قازان ۋاراقلاپ ئەمەس، مىدىر - مىدىر قايناۋاتاتتى.

قازاندا ساپسېرىق بىرنەچچە پارچە كالا گۆشى بار ئىدى. قارا ئىت تىلىنى چىقىرىپ قىزنىڭ تاپىنىنى يالىدى. قىز پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئىتنىڭ بېشىغا نوقۇپ:

— سەنمۇ يەمسەن؟ توختاپتۇر، ئالدىرىما،— دېدى.

قىز ئوچاقنىڭ كەينىدىن بىر ياغاچ تاختاينى ئېلىپ، قازان بېشىغا قويدى. ئىككى چىشلىق تۆمۈر ئىلمەك بىلەن قازاندىن ياستۇق چوڭلۇقىدا بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ، تاختايغا قويدى. ئاندىن ئىتقا:

— پىچاق ئەكەل،— دېدى.

قارا ئىت ئورنىدىن تۇرۇپ، كېرىلىپ، سېۋەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاپتاپپەرەس شەكىللىك پىچاقنى چىشلەپ، يېنىپ كەلدى - دە، قىزنىڭ ئاغزىدىكى پىچاقنى ئېلىشنى كۈتۈپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇردى.

قىز ئاپتاپپەرەس شەكىللىك پىچاق بىلەن مۇشتتەك يوغان بىر پارچە كالا گۆشنى كېسىپ، تۆشەككە تاشلىدى - دە:

— ئالدىرىما، چىشىڭنى كۆيدۈرۈۋالما، — دېدى ئىتقا.

قارا ئىت چۆپلۈككە بېرىپ ياتتى. ئالدى پۇتى بىلەن ھېلىقى بىر توغرام گۆشنى تۇتۇپ، گۆشنىڭ سوۋۇغان - سوۋۇمىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك توختىماي تىلىنى چىقىراتتى.

قىز مۇشتتەك چوڭلۇقتىكى ئىككى پارچە گۆشنى كېسىپ، ئۇنىڭغا ئىككى تال چوكا سانجىدى. ئۇنىڭ بىرىنى قىزىكا مۇئەللىمگە، بىرىنى ياشانغان ئادەمگە بەردى. بىر تەخسە يۇمشاق تۇز ئەكېلىپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. ئۇ:

— پوچتىكەش يىگىت، بۈنى يەپ بولساڭ، يەنە بىر پارچە كېسىپ بېرىمەن،— دېدى.

ياشانغان ئادەممۇ گەپ قىلماستىن ھېجىرىنى ھېجىرىڭگە سوقۇشتۇرۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم

ئوتلىدى. گېلىدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان هاراققا قاراپ تۇردۇڭ. ياشانغان ئادەم:
— ئىچكىن! — دېدى.
ئۇ گۆشتىن بىر توغرام يېدى، سەن هاراقتىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، ساپسېرىق كالا گۆشىدىن بىر توغرام يېدىڭ. كالا گۆشىنىڭ تالالىرى ئېنىق، خۇشبۇي پۇرىقى ئالاهىدە، دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. سەن چوڭ هېجىردا هاراق ئىچىپ، بولۇشىغا گۆش يەپ، تۇرمۇشىنىڭ چەكسىز گۈزەل ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم هېس قىلدىڭ.
قىزىل مۇئەللىمى ئۈچ هېجىر هاراق ئىچتى. مۇشتۇمدەك ئۈچ پارچە گۆش يېدى. هاراققا قاندى هەم قورسىقى تويدى. نەچچە كۈندىن بۇيانقى هاردۇق نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ، روهلىنىپ كەتتى. ياشانغان ئادەم بىر هېجىر هاراق ئىچىپ، بىر پارچە گۆش، بىر غاڭزا تاماكا چەكتى. ئۇ:
— ئىختىيارىڭىز، ئۇخلىغۇڭىز كەلسە ئۇخلاڭ، كەتكۈڭىز كەلسە كېتىڭ. نىيۇئېر، ئايىغىڭنى كىي، مەن بىلەن بىللە ئىشلەيسەن، — دېدى.
ياشانغان ئادەم تاماكا خالتىسىنى يىغىشتۇرۇپ، تۆشەكتە تۇرۇپ، تامنىڭ يېنىغا باردى، تامدا ئېسقلىق تۇرغان كىلىيونكا پەرتۇقنى ئېلىپ، ئۈستى تەرىپىدىكى هالقىنى بوينىغا ئېسىپ، ئاستى تەرىپىدىكى هالقىنى بېلىگە باغلىدى. قىز قىزىل قونچلۇق رېزىنكە كەش كىيىپ، سېرىق پەرتۇقنى باغلىدى. ئۇ:
— پوچتىكەش، يەنىلا ئەتە تاڭ ئاتقاندا ماڭ، — ئوتۇنلارنىڭ ئۈستىدە يېپىقلىق تۇرغان ماش رەڭ فورمىسىنى ۋە چاپلاقلىق تۇرغان هۆلنى كۆرسىتىپ، — نەرسە - كېرەكلىرىڭ تېخى قۇرۇمىدى، — دېدى.
ئاتا - بالا ئىككىسى ئۆينىڭ قىبلە تەرىپىگە ماڭدى. ئورنىدا

ياتقان سېرىق كالا بوش مۆرەپ قويدى.

قىزنىڭ قايسىبىر بۆلۈگىدىن بىر قىزىل چاسا ئۆستەلنى سۆرەپ كەلگەنلىكىنى، ئۆستەلگە بىر جۈپ يوغان قىزىل شامنى تىكلەپ قويغانلىقىنى، شامدا «ئالتۇن» دېگەن خەتنىڭ يېزىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردۈك. شامنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېرىق توپىدىن كۆيدۈرۈلۈپ ياسالغان ئىسرىقدان قويۇلدى. ئىسرىقداندا بۇغداي بار ئىدى. بۇ چاغدا شامنىڭ يورۇقى بارا - بارا كۈچەيدى. ئوتنىڭ يالقۇنى سىرلىق پىلدىرلاپ، ئۆي ئىچىدىكى سىرلىق پىلدىرلاپ تۇرغان جىمى نەرسىنى يورۇتۇۋەتتى. كالىنىڭ كۆزى سەكرەيتتى. ئىتنىڭ كۆزىمۇ سەكرەيتتى. تورۇستىكى ئۆمۈچۈكلەرمۇ سەكرەيتتى.

ياشانغان ئادەم ئىسرىق شىرەسى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۈچ قېتىم باش ئۇردى. قىز ئىسرىق شىرەسىگە قومۇشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر دەستە ئۆسۈملۈك قويدى. ئىسرىقداندا ئوت يالقۇنجايتتى، خۇش پۇراق ئىس لەرزان كۆتۈرۈلەتتى، تام ساپسېرىق رەڭگە كىرگەنىدى. ياشانغان ئادەم سۆگەت چىۋىقىدىن توقۇلغان سېۋەت يېنىغا سۈرۈلۈپ بېرىپ، سېۋەتتىن تۆمۈر بازغاننى ئالدى. كەينىگە بىر قەدەم شوخشۇپ، كالىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ قارىدى.

كالىنىڭ كۆزلىرىنىڭ بىر پارچە كۆك بىرىلىيانتتەك چاقناپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈك. كالىنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان كۆك نۇر ئىسرىقداندىكى ئوتنىڭ، چىراغنىڭ نۇرىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك چاقنايتتى. ياشانغان ئادەم بىر خورسىنىۋېتىپ، ئاندىن كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان سۈرئەتتە كالىنىڭ كاللىسىغا بازغان بىلەن تۇيۇقسىز بىرنى سالدى. ناھايىتى بوغۇق ۋە ناھايىتى تىترەڭگۈ ئاۋازنى ئاڭلىدۇق. ياشانغان ئادەم بازغاننى تاشلىۋېتىپ، بىر چەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇردى. كالىنىڭ كۆزىدىكى نۇر توكقا ئوخشاش غايىب بولدى. پەقەت شامدانىنىڭ يورۇقىدا

كالىنىڭ كۆزىدىن ئاجىز كۆك نۇر يېنىپ تۇراتتى.

قىز كالىنىڭ قۇلىقى شەكىللىك ئۇچلۇق پىچاقنى ئېلىپ، كالىنىڭ پۇتىنى باغلىغان ئارقاننى كېسىۋەتتى. كالىنىڭ تۆت پۇتى بېسىمدىن قۇتۇلغان پىرىپسلىۋېتىلگەن پۇرژىنىدەك «تاراققىدە» كۆتۈرۈلدى. قىز توم، يۇمىلاق كۆتۈكنى كالىنىڭ يېنىغا قويدى. كالىنىڭ قورسىقى ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. كىرىشىپ كەتكەن تۈپتۈز پۇتلىرى تۆت زەمبىرەكنىڭ تۆت ئىستووۇلىغا ئوخشاش قىيپاش ھالەتتە ئىدى. كالىنىڭ پۇتلىرى ھېلىھەم تىترەيتتى. قىز كالىنىڭ قۇلىقى شەكىللىك ئۇچلۇق پىچاق بىلەن كالىنىڭ پۇتلىرىنىڭ سىڭىرىنى كېسىۋەتتى، ئاندىن قولىدىكى پىچاقنى تاشلاپ، سۆگەت يوپۇرمىقى شەكىللىك پىچاقنى قولىغا ئېلىپ، كالىنىڭ مەيدىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى تېرىنى تىلدى، ئاندىن يەنە قىڭراق بىلەن كالىنىڭ تۆش سۆڭىكىنى ئاجراتتى. كالىنىڭ ئېللىپىس شەكىللىك سوزۇنچاق خەمەككە ئوخشاپ كېتىدىغان قىپقىزىل يۈرىكى كۆرۈندى. كۆكرەك بوشلۇقىدىن قىزىق ھور ئۆرلەپ، يۈرەك تېخىچە مىدىرلاپ تۇراتتى. ئۇ كالىنىڭ قۇلىقى شەكىللىك پىچاقنى ئېلىپ، كالىنىڭ مىدىرلاپ تۇرغان يۈرىكىگە پىچاق سالدى. ئەتراپقا ۋىژىلداپ قان چاچرىدى. قان بۇلدۇقلاپ ئاقاتتى، ئۇلارنىڭ كارى بولمىدى. قىز قايسى بۇلۇڭدىن سۈرۈپ ئەكەلدى. بىر بۇلۇڭدىن مېۋىلىك دەل - دەرەخلەرگە دورا پۈركىدىغان يۇقىرى بېسىملىق دورا پۈركۈش ئەسۋابىنى سۈرۈپ ئەكېلىپ لىمنىڭ ئاستىغا توغرىلىدى. يۇقىرى بېسىملىق دورا پۈركۈش ئەسۋابىدا ئىككى قىزىل رېزىنكە نەيچە بار ئىدى. بىر نەيچە ئالتە چېلەك سۇ سىغىدىغان يوغان ئىدىشقا سانجىپ قويۇلدى؛ يەنە بىر نەيچىنى ياشانغان ئادەم سىقىملاپ تۇراتتى. قىز يۇقىرى بېسىملىق دورا پۈركۈش ئەسۋابىنىڭ كەينىدە تەپكىنى دەسسەپ، يەل ماڭدۇرىدىغان، توغرىسىغا قويۇلغان سىيرىلما

تۇتقۇچنى تۇتۇپ تەييار بولغان ھالەتتە تۇراتتى.

كالىنىڭ يۈرىكىدىن ئېقىۋاتقان قانىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈك. ياشانغان ئادەم قىزىل نەيچىنىڭ ئۈچىدىكى كاۋاك ھەم ئۈچلۈق تۆمۈر نەيچىنى كالىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى يوغان تۆمۈرگە تىقتى.

قىزنىڭ بەدىنى سىيرىلما تۇتقۇچ بىلەن تەڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە ئېگىلەتتى. ئۇ تۇتقۇچنى كەينىگە تارتقاندا، ئىدىشتىكى سۇ قىزىل نەيچە ئارقىلىق يۇقىرى بېسىملىق دورا پۈركۈش ئەسۋابىغا كىرەتتى. قىزنىڭ بەدىنى ئالدىغا ئېگىلگەندە، يۇقىرى بېسىملىق دورا پۈركۈش ئەسۋابىدىكى سۇ كالىنىڭ يۈرىكىگە كىرەتتى. قىزنىڭ قىزىل چاقماق كۆڭلىكىنىڭ مۈرە تەرىپىدە ئالقاندەك ئىككى يەر تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. قاراپ تۇردۇق.

يۇقىرى بېسىملىق دورا پۈركۈش ئەسۋابىنىڭ ئاۋازىدىن فىزىكا مۇئەللىمنى ھېق تۇتۇپ كەتتى. يېگەن كالا گۆشى بىلەن ئىچكەن ھاراقىنىڭ بىرىكمىسى توختىماستىن بوغۇزىغا ئۆرلەيتتى. ئىدىشتىكى سۇ بېسىم بىلەن كالىنىڭ يۈرىكىگە ئەمەس، بەلكى سېنىڭ يۈرىكىڭگە كىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىدىشتىكى سۇنى بېسىم بىلەن كالىنىڭ يۈرىكىگە يەتكۈزۈۋاتقان قىزغا ھاڭۋىقىپ قاراپ تۇردۇق. سۇ يۈرەكتىن چوڭ قان تومۇرغا، ئاندىن كىچىك قان تومۇرغا، ئاندىن قىلدام قان تومۇر ئارقىلىق مۇسكۇل، مۇسكۇل ئارقىلىق سۆڭەك، سۆڭەك ئارقىلىق ھەربىر ھۈجەيرىلەرگە كىرىۋاتاتتى.

ياشانغان ئادەم كالىنىڭ يۈرىكىدىن تۆمۈر نەيچىنى تارتىپ چىقىرىۋالدى ـ دە، يارا ئورنىغا بىر پارچە ئەسكى لاتىنى تىقىپ قويدى.

قىز ئىدىشنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىدىشتىن قىزىل رېزىنكە

نەيچىنى ئېلىپ يۈگىدى. قولىدىكى قىزىل رېزىنكە نەيچىنى ياشانغان ئادەممۇ يۈگىدى. قىز يۇقىرى بېسىملىق دورا پۈركۈش ئەسۋابىنى قايىسىدۇر بىر بۇلۇڭغا سۈرۈپ ئاپىرىۋەتتى. شامدان يورۇق، يالقۇنىدا ئىككى تال قارا داغ بار ئىدى. ئۇ شامنىڭ پىلىكىدە هاسىل بولغان شام چېچىكى ئىدى. شام چېچىكىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن يىللىق هوسۇلنىڭ ياخشى - يامان بولىدىغان-لىقىنى، قىزلارنىڭ نىكاھ ئىشىنىڭ بەختلىك بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولارمىش.

ئىككىسى بايامقى ئىشلارنى يېنىدا هېچكىم يوقتەك پۈتۈن زېهنىنى يىغىپ بىر تەرەپ قىلىپ بولدى.

— بولدى، ئارام ئالايلى، — دېدى ياشانغان ئادەم، — تاڭ ئېتىشقا يېرىم سائەت قالغاندا تېرىسىنى ئاجرىتىمىز. بالدۇر ئاجرىتىۋەتسەك گۆشىنىڭ ۋەزنى كېمىيىپ كېتىدۇ.

ئاتا - بالا ئىككىسى تۆشەك قىرىدا ئولتۇرۇپ، ئاياغلىرىنى سالدى، پەرتۇقلىرىنى يەشتى. قىز هەيران بولغان هالدا:

— پوچتىكەش، ئۇخلىماپسەنغۇ؟ — دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلىقچە كۆرۈپ، قولغا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ...... مېنىڭ ئۇيقۇم كەلمىدى...... — دېدى.

— ئۇيقۇڭ كەلمىدىمۇ؟ — دېدى ئۇ ياندۇرۇپ مۇغەمبەرلىك بىلەن، تۆشەكنى يالاڭئاياغ دەسسەپ تۇراتتى. ئالدىمدىكى ئېشىپ قالغان يېرىم هېجىر هاراقنى گۇپپىلا قىلىپ ئىچىۋەتتى، لەۋلىرى شۇنداق نەمخۇش بولۇپ كەتتى، لەۋلىرىدە جەزمەن هەسەلنىڭ پۇرىقى هەم هاراقنىڭ پۇرىقى بار ئىدى. ئۇ تىلىنىڭ ئۇچىدا نەمخۇش لەۋلىرىنى تامشىدى. قىزىللىقتىن نەمخۇشلۇق نامايان بولدى. گويا كاللىنىڭ قېنىنى بىر قەۋەت سۈركىۋالغاندەك لەۋلىرى

شۇنداق پارقىراق ھەم شۇنداق نەمخۇش بولۇپ كەتتى.

ياشانغان ئادەم ماڭا ھوشيارلىق بىلەن «لەپپىدە» قاراپ قويۇپ، غاڭزىسىنىڭ سەيخانىسىنى ئېرتىۋېتىپ، تاماكا تولدۇردى، ئاندىن جوغىسىنى ئېرتىپ، غاڭزىنى ماڭا تۇتتى. مەن غاڭزىنى تىترەپ تۇرۇپ قولۇمغا ئالدىم. ئۇ لاخشىگىر بىلەن ئوچاقتىن بىر تال چوغنى قىسىپ ئېلىپ تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ بەردى. ئۆپكەمنى قېقىۋەتكەن ئاچچىق ئىس تۆت پاچكا ئېسىل تاماكىنى يادىمغا سالدى. سولاقخانىدا نىكوتىندىن زەھەرلەنگەن تۇيغۇدىن بېشىم قېيىپ كۆڭلۈم ئاينىپ كەتتى. بۇ چاغدا شالاڭ يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئۆگزىدىكى كاھىشقا ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ۋە كاھىشنىڭ گىرۋەكلىرىدىن چېلەككە چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئىشىكنىڭ تار يوچۇقىدىن سوغۇق شامال ۋە پاتقاقنىڭ ھىدى كىرەتتى.

ياشانغان ئادەم ئايغىنى سېلىۋېتىپ، يىغىپ قويۇلغان كىلىونكا يوتقانغا قىڭغايدى، گەپ - سۆز قىلماستىن كۆزىنى يۇمدى. قىز ماڭا:

— پوچتىكەش، سەن شەھەردىن كەلدىڭمۇ؟— دېدى.

— ھەئە، شەھەردىن كەلدىم.

— شەھەر ياخشىمۇ، سەھرامۇ؟ دېگىنە.

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدىم.

— تاڭ ئاتقاندا، مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم بولىدۇ،— دېدى قىز ئەلەم بىلەن،— نەچچە ياشقا كىردىم. پەرەز قىلىپ باقە؟ 19 ياشقا كىردىم.

ياشانغان ئادەم ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. بۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى. قىز سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئاچقىلى ماڭدى.

سوغۇق شامال كىردى. بېلى ئىنچىكە، كالپۇكلىرى نېپىز،

بۇرنى قىڭراقتەك، كۆزلىرى قاپقارا بىر ياش بالا يورۇقتا پەيدا بولدى. مۈرىسىدە تومپىيىپ كەتكەن يوغان بىر خالتا بار ئىدى.

— سەنكەنسەنغۇ، تۈندىكى ئەرۋاھ! — دەپ قىز ئىشىكنى تاقىدى ۋە ئىشىككە دۈمبىسىنى يېقىپ تۇرۇپ.

— تۆتىنچى غوجام! — دېدى ياش بالا ياشانغان ئادەمگە قاراپ ئېگىلىپ، ئۇ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى.

— ئوھوي، تېبى نيۇكەنغۇ! — دېدى ياشانغان ئادەم، — ئولتۇر، نيۇئېر، تېبى نيۇغا هاراق تۇت.

— قولى يوقمىكەن؟ ئۇنىڭغا نېمىدەپ هاراق تۇتقۇدەكمەن؟ — دېدى قىز خاپا بولۇپ.

— بۇ بالىنىزە، چوڭ بولغانسېرى قاملاشماي قېلىۋاتىدۇ! — دېدى ياشانغان ئادەم. تېبى نيۇ سوغۇق كۈلۈپ قويدى، خالتىنى يەرگە قويۇپ، ئۆزىگە بىر ھېجىر هاراق قۇيۇپ گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

— يېقىندىن بۇيان ئوقتىلىك قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ياشانغان ئادەم.

تېبى شېك كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا فىزىكا مۇئەللىمىگە قارىدى.

— ئۇ پالاكەتكە ئۇچرىغان پوچتىكەش، — دېدى ياشانغان ئادەم.

— ياق، مەن 8- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى، — دېدىك.

— ھە، ئەپەندىكەن - دە، — دېدى ياشانغان ئادەم، — ئەپەندى دېگەن ياخشى خەق.

— تۆتىنچى غوجام، بۇ يىل ئىشلىرىم ئوڭغا تارتمىدى، بىر نەچچە قەدىناس بۇرادىرىمنى ئىزدەپ جياڭنەنگە باردىم، ئۇلار بىلەن بىللە گۇاڭدوڭ - گۇاڭشىلاردا بىر ئىش قىلىش خىيالىم بار ئىدى. كىم بىلسۇن، ئۇلارنىمۇ نەس باسقانىكەن. بەزىلەرگە

تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلىپتۇ. بەزىلىرى توي قىلىپ بالىچاقىلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلاردا بۇرۇنقى جاسارەتتىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ، — ئۇ يەنە بىر ھېجىر ھاراق قۇيۇپ، ئاھ ئۇرغان ھالدا، — ئەينى يىللاردا ھەممىمىزنىڭ يولى ئوچۇق ئىدى، جاھان سورايدىغان چاغلىرىمىز كەلمەسكە كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى.

چىرايىنى قايغۇ باسقان ياشانغان ئادەم سالماق ئاۋازدا:

— جاھاندا تارقىمايدىغان زىياپەت يوق. داۋلى مانا مۇشۇ، جاھان سورىغان تالاي باتۇرلارنىڭ جەسىتى ئاخىر ياقا يۇرتلاردا قالغان. مېنىڭ كۆڭلۈم بۇرۇنلا سوۋۇپ كەتتى. سەنمۇ تەرسالىق قىلما. ئەتە نيۇئېر بىلەن تويۇڭنى قىلىپ، بىز بىلەن بىللە قاسساپلىق قىل، — دېدى.

— ئۇنىڭغا تەگمەيمەن! — دېدى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن قىز غودۇراپ، — ۋەدە قىلغان نەرسىنى ماڭا تېخىچە بەرمىدى!

ياش بالا قوينىدىن بىر بولاقنى چىقىرىپ، قاتمۇقات بولاقنى ئېچىپ، ئىچىدىن پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن بىلەزۈكنى ئېلىپ، قوش قوللاپ قىزغا تۇتتى ۋە:

— ئەتە سىڭلىم ئۈچۈن قۇتلۇق كۈن. بۇ بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە بەرگەن سوۋغىتىم بولسۇن، — دېدى.

قىز ئالتۇن بىلەزۈكنى قولىغا ئېلىپ، بىلىكىگە تاقاپ ياشانغان ئادەمگە كۆرسىتىپ:

— ئاتا، چىرايلىقمىكەن؟ — دېدى.

ياش بالا خالتىنى يېرىمىغىچە ئاچقاندا، فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ بۇرنىغا تېنى شۈركۈنۈپ كەتكۈدەك بىر پۇراق ئۇرۇلدى. قارا ئىتنىڭ تۈكلىرى ھۈرپىيىپ كەتتى، ئىت ئورنىدىن تۇرۇپ تۆۋەن ئاۋازدا ھاۋشىپ قويدى...... خالتىدىن يوغان بىر پارچە يولۋاس تېرىسى

چىقتى. پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتكەن قارا ئىت چىشى ئاغرىۋاتقاندەك كاڭشىپ، تۆگۈلگىنىچە ئۆتۈن دۆۋىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، شارقىرىتىپ سىيىۋەتتى.

ياش بالا يولۋاس تېرىسىنى تۆشەككە يېيىپ:

— تۆتىنچى غوجام، تالاي قېتىم ئاتىدارچىلىق قىلغانلىقلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ يولۋاس تېرىسىنى سىلىگە ئەكەلدىم. ئاستىلىرىغا سېلىپ ياتسىلا، ۋاپادارلىقىمنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالسۇن، — دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى ناھايىتى كۆركەم يولۋاس تېرىسىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ، بۇ چۈشۈممۇ دەپ قالدى.

ياشانغان ئادەم يېرىك يولۋاس تېرىسىنى سىلاپ:

— نەدىن ئەكەلدىڭ؟ — دەپ سوردى.

يولۋاس ئۆلتۈرگەن نوچى گەپ قىلمىدى. ياشانغان ئادەم:

— كېيىن بۇ ئىشنىڭ سورىقى بولۇپ قالارمىكىن! — دېدى.

ياش بالا:

— غەم قىلىپ كەتمىسىلە، ئۇلارنىڭ قولىدىن پوق كەلمەيدۇ، — دېدى.

يولۋاس ئۆلتۈرگەن نوچىنىڭ گېپى تۈگە - تۈگمەيلا، ئىشىكتىن غايەت زور ئاۋاز كەلدى. تاقاق سۇنۇپ، ئىشىك ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. سوغۇق شامال گۇرۇلدەپ ئۆيگە كىردى. «69» تىپلىق تاپانچا كۆتۈرگەن تۆت ج خ ساقچىسى ئۇقتەك كىرىپ كەلدى.

ئۇلار سۈرلۈك تەلەپپۇزدا:

— قىمىرلاشما! قولۇڭنى كۆتۈرۈش! — دېدى.

يەنە تۆت ساقچى ئېتىلىپ كىردى. ھەربىرىنىڭ قولىدا ئىمپورت قىلىنغان دات باسماس كويزا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىغا كويزا سېلىندى.

فىزىكا مۇئەللىممۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدى. ئۇ گەپ قىلماقچى بولۇپ، ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە، قوۋۇزىغا بىر مۇشت تەگدى. ئۇ ئاغزى - بۇرنى قان ھالدا يولۋاس تېرىسى ئۈستىگە يىقىلدى ۋە يولۋاس تېرىسىنىڭ يۇمشاق ئەمەسلىكىنى سەزدى. بىر ساقچى:

— تۇرە، يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى شىلىپ ئەكېتىپ، كېچە - كۈندۈز ئازابقا قويغان ئەكسىلئىنقىلابچى! — دېدى.

## 3

قايتا - قايتا سوراقتىن كېيىن، فىزىكا مۇئەللىمى گۇناھسىز، دەپ قارىلىپ قويۇپ بېرىلدى.

ئۇ كۆز مەنزىرىسىگە كىرگەن چوڭ كوچىدا كېتىۋاتاتتى. يارقىن كۆز ئاپتىپىدا كوچىلارغا، دەرياغا پىرقىراپ چۈشۈۋاتقان ساپسېرىق ياپراقلارنى كۆردى.

بەدىنى بەك قىچىشىپ كەتتى. ئۇ بىر بولسا پىت، بىر بولسا قىچىشقاق بولۇپ قالدى. سېسىق ئۈستەڭ بويىدىكى كىچىك ماگىزىننىڭ ئالدىغا باردى. تۆمۈر ئىشىككە سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى يوغان تامغىلىق پېچەت چاپلىۋەتكەنىدى. كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭاي دېيىشىگە، تاللىقتىن پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى ئادەم چىقىپ كەلدى.

— نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟ — دەپ سورىدى پۇقراچە كىيىنگەن بىرەيلەن جىددىي ھالدا.

فىزىكا مۇئەللىمى بېلىدىكى تومپىيىپ تۇرغان نەرسىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

— مەن 8 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى، — دېدى ئۇ جاۋابەن، — تاماكا ئالغىلى كەلگەنىدىم......

— مۇئەللىم؟ — دېدى گۇمان بىلەن پۇقراچە كىيىنگەن ھېلىقى ئادەم باشتىن - ئايىغىغا سەپسېلىپ قاراپ.

پۇقراچە كىيىنگەن يەنە بىرسى ئىككى قولىنى تۇتۇپ، بېغىشىدىكى كويىزىنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— 8- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى مەن دېگىن! دېگىنە، قاچان، نەدىن قېچىپ چىقتىڭ! — دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى گەپ ئۇقتۇرالماي، پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى ئادەمنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. ساقچىخانىغا كىرىشىگە، ئۇ ئۆتكەندە تونۇشۇپ قالغان ھېلىقى سۇرلۇك ساقچىغا يولۇقۇپ قالدى. ئۇ سېنى تونۇدى ۋە پۇقراچە كىيىنگەن ئىككىيلەنگە:

— ئۇ نېرۋا كېسەل، قويۇۋېتىڭلار! — دېدى.

فىزىكا مۇئەللىمى ئۆزىگە كەلگەن ئامەتتىن ئىچىدە خۇشال بولدى. ساقچىخانىدىن چىقىپ، ئۆيىگە قايتىشنى ئويلىدى. ئۆيگە بېرىپ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى: فاك فۇگۇيدىن چىرايىمنى قايتۇرۇۋالىمەن، ئۆلەمدۇ ياكى تىرىلەمدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشى. 8- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىقتىكى خىشتىن قوپۇرۇلغان دەرس مۇنبىرى مېنىڭ ئورنۇم. ئۇ كوچىنىڭ گىرۋىكىنى بويلاپ كېتىۋېتىپ، پەلتو ساتىدىغان ماگىزىنىنىڭ ئالدىدىكى تىكلىمە ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ ئەپتىنى بايقاپ قالدى. بۇ بىر بەختسىزلىك ئىدى. ئۇ قاسساپلارنىڭ چوڭ ھەم كەڭ، قان يۇقى كىيىمنى كىيگەن. ئايىغى چاچلىرى پاخپايغان، چىرايى ئالا - چىپار ئىدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىمۇ تونۇيالماي قالدى.

ئازراق ھەرز ئېلىپ ئۇستىبېشىنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىسى ماخوڭشىڭنىڭ يېنىغا باردى. ما خوڭشىڭ كەينى - كەينىدىن گەپ سوراپ، كۆڭۈل توختىتالمىدى. ئۇ:

— نېمە دېسەم بولار؟ ئاۋازىڭىز، ئەھۋالىڭىزنى تونۇشتۇرغانغا قارىغاندا سىز جاڭ مۇئەللىمدەك قىلىسىز، ئۇستىبېشىڭىزغا قارىسام،

جاڭ مۇئەللىمگە ئوخشمايسىز، — دېدى.
— ياخشى ئوقۇغۇچۇم! — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن ئېغىر پالەكەتكە يولۇقتۇم، بولمىسا ئالدىڭغا يالۋۇرۇپ كەلمىگەن بولاتتىم. ماڭا دىۋانىگە سەدىقە بەرگەندەك سەدىقە بەر! قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىمغا ياردەم قىل!
فىزىكا مۇئەللىمى گەپ قىلىۋېتىپ ئىختىيارسىز تىزلاندى. ما خوڭشىڭ ئىتتىك بېرىپ ئۇنى يۆلىدى.
— مۇئەللىم، ئوقۇغۇچىڭىزنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سوراشقا ھەققى يوق. قارىغاندا، ھەقىقەتەن ئېغىر كۆنگە قاپسىز. سىزگە 200 يۈەن بېرەي، ئالدى بىلەن كىيىم - كېچەك ئېلىڭ. چاچلىرىڭىزنى ياستىتىپ مۇنچىغا چۈشۈڭ. كۆزئەينىكىڭىزنىڭ ئەينىكىنى ئالماشتۇرۇڭ. قالغان ئىشلارغا كەلسەك، ئاستا - ئاستا بىر ئامال قىلارمىز، — دېدى ما خوڭشىڭ.
فىزىكا مۇئەللىمى 200 يۈەننى قولىغا ئېلىپ خۇددى بەختكە باشلاپ بارىدىغان دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغاندەك بولدى. ئۇ ماگىزىنلارنى ئارىلىدى. ئۇنى ماگىزىندىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشكە ھېچكىم پېتىنالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشكلىرى ھەيۋەتلىك، كۆركەم ھەربىر ماگىزىن ئۇنىڭغا گۆردەك تۇيۇلۇپ كەتكەچكە، گۆرگە كىرىشنى خالىماي، چوڭ كوچىدا ئايلىنىپ يۈردى. كوچىدا ئادەملەر شالاڭلاپ قالغان چاغدا، ئۇ بوشلۇقتا ھاۋاغا سۈركىلىپ، يەرگە چۈشكەندە، يەرگە سوقۇلۇپ، قالدۇق نەملىكنى تارقاتقان سارغايغان ئاق تېرەك يوپۇرماقلىرىنىڭ تاۋۇشىنى ئاڭلىدى. بۇ تولغىنىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان يەنە بىر سېرىق مۇزىكا ئىدى. ئۇنىڭ توقۇلما «ئەركىن خىيال»لار بىلەن خۇشى يوق ئىدى. ئاق تېرەكلەر چېچەكلىگەن مەۋسۇمنى خىيال قىلىشتىن ئۆزىنى ھەرقانچە تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئامال بولمىدى. ئۇنىڭ ئاچچىق

قىسمەتكە تولغان ھاياتىنى ئاشۇ مەۋسۇم بەلگىلىگەنىدى.

سېمونت يولدا جىمجىت ياتقان غازاڭنى دەسسەپ مېڭىشقا ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئەمما، غازاڭلارنى دەسسەپ ماڭمىسا بولمايتتى. چۈنكى، پۈتىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش، قىسقىسى يول تاللاش ئىمكانىيىتىمۇ قالمىغانىدى.

دەريا بويىدىكى ئاق تېرەكلىكتە سېرىق مۇزىكىلار مىسىردىكى ئەلئىھرامغا ئوخشاش سەلتەنەتلىك ئىدى. قۇياش نۇرلىرى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئاراشلىرىدىن تىك چۈشۈپ، سارغىيىپ تۇرغان زېمىننى يورۇتۇپ تۇراتتى.

بويىنغا گالىستۇك تاقىغان بىر توپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۇنى تۇتۇۋالدى.

ئۇلار قەغەزدىن ياسالغان يوغان بايراق كۆتۈرۈۋالغان. بايراققا رەڭلىك قەلەم بىلەن يوغان كۆزئەينەك تاقىغان، قاڭشىرىدا تارتۇق بار بىر ئەر كىشىنىڭ باش سۈرىتى سىزىلغان (باش قارا چەمبەرگە ئېلىنغان). ئۈستىگە:

ھالاكەت گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن ئىئانە قىلىڭ، دېگەن خەتلەر يېزىلغان.

يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بىر بالا شاپىگرافتا بېسىلغان قىزىل تەشۋىق ۋارىقىنى قولۇڭغا بەردى. شاپىگرافتا سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەكىلگە تەقلىد قىلىنغان شەكىلدەك يوغان قارا خەتلەر بېسىلغانىدى:

پۇقرالار:

ھېسداشلىق قىلامسىز؟

ئىچىڭىز ئاغرامدۇ؟

شەھىرىمىزدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىلەمسىز؟

ئۇلار چارچاپ دەرس مۇنبىرىدە ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۇلار سىنىپلاردا ئېسىلىپ ئۆلۈۋاتىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغان باللىرىڭىز بارمۇ؟

ئوتتۇرا مەكتەپتىكى كەچۈرمىشلەرنى بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ باققانمۇ؟

ھەميانىڭىزنى ئېچىڭ —

ئون مىڭ يۈەن ئارتۇقلۇق،

بىر تىيىن كەملىك قىلمايدۇ.

ئالتۇندەك قۇياش نۇرلىرىدا سۆيۈملۈك باللارنىڭ ئاپئاپپەرەستەك ئېچىلغان چىرايىغا بېشىڭنى كۆتۈرۈپ قارىدىڭ. كۆزلىرىڭ بىردىنلا ياشقا تولدى. ئۇلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— بوۋا، ھەميانىڭىزنى ئېچىڭ! — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭ.

سەن ئالقىنىڭنى ئېچىپ، ئالقىنىڭدا ھۆل بولۇپ كەتكەن خەلق پۇلىنى قىزىل قەغەزدە ياسالغان ئىئانە ساندۇقىنىڭ قاپقارا ئاغزىغا تاشلىدىڭ.

پىئونېرلار بىرلىكتە شادلىنىپ كېتىشتى.

بىر قىزچاق بىر تال قىزىل قەغەز گۈلنى مەيدەڭگە تاقاپ قويدى. قەغەز گۈلگە چىقىرىلغان لىنتا لەپىلدەيتتى. لىنتىغا ئاق بوردا:

ئىئانە قىلىش شەرەپلىك دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

# ئون ئىككىنچى باب

## 1

بېلگە قارىلىق تاقىغان شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ جەسىتىنى ئايلىنىپ ماڭدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئوغلى بىلەن قىزى قولتۇقىدىن يېتىلىۋالغان ھېلىقى ئاۋاق ئايال ئېرىنىڭ جەسىتى قويۇلغان تاۋۇت ئەتراپىنى ئايلىنىپ مېڭىپ كېتىۋاتقان بىر توپ ئادەمگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ تۇراتتى. شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى نۇرى كۈچلۈك چىراغ ۋە تېلېكامېرالارنى كۆتۈرۈپ پىرقىراپ يۈرۈشەتتى. ھۆسىن تۈزىگۈچى جەمبەرنىڭ سىرتىدا تۇراتتى.

ھۆسىن تۈزىگۈچى نۇرى كۈچلۈك چىراغنىڭ يورۇقى ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ چىرايىغا چۈشكەن چاغدا، ئىسكىلىتقا ئوخشاپ قالغان ھېلىقى ئايالنىڭ كۆزىنى يۇمۇۋالغانلىقىنى كۆردى. بويى ئېگىز، يۈزىنى دانىخورەك باسقان ئوغلىنىڭ چاچلىرىنىڭ 50- يىللاردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە بېسىلغان مەشھۇر فىزىك — نيۇتون ياكى لومونوسوۋنىڭ چاچلىرىغا ئوخشاش يەلكىسىگە چۈشكەنىدى. ئۇ

يورۇقلۇق بىلەن قارشىلاشقاندەك ئۇستۇنكى كالپۇكىنى چىشلەپ چەكچىيىپ تۇراتتى. ئاستىنقى كالپۇكىنى چىشلىگەن شۇ دەقىقىدە ھۆسن تۆزىگۇچى خەلق باغچىسىنىڭ مايمۇنلار تېغىدا رېشاتكىنى تۇتۇپ ئىنسانغا تىكىلىپ قارايدىغان ئەقىللىك مەخلۇقلارنى يادىغا ئالدى. ھېلىقى ئايالنىڭ قىزى قورساق كۆتۈرگەن، يۈزىنى پۈرچاق چوڭلۇقىدا داغ بېسىپ كەتكەنىدى.

ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى گۈللەر ئارىسىدا ياتاتتى. تەكشى قورسىقى سوكنا جوگسەنفۇنىڭ ئىچىدە قالغانىدى. ياداڭغۇ يۈزىدە ھايات ۋاقتىدا ھەددىدىن ئارتۇق جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

جەسەت بىلەن ۋىدالىشىش تۈگىدى، دەپنە ئىدارىسىنىڭ زالى چۆلدەرەپ قالدى. ھۆسن تۆزىگۈچى ۋە نەچچە قارا ئىشچى جەسەتنى كۆيدۈرۈش ئوچۇقىغا ئىتتىرىپ ماڭدى — بۇ ئۇنىڭ خىزمەت دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى ئىش ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىدە مەرھۇمغا ھەمراھ بولۇپ ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلنى بېسىش مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى مۇقەددەس تۇيغۇ ئىچىدە ھېس قىلدى. بۇ مۇقەددەس مەسئۇلىيەت ئىدى. ئەسلىدە، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى جەسەتنى كۆيدۈرۈش ئوچىقىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قوياتتى. بۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت ئىدى. لېكىن، مەرھۇمنىڭ ئوغلى ۋە قىزى مۇراسىم تۈگىشى بىلەن گويا دەپنە ئىدارىسى ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ئانىسىنى قولتۇقلاپ، تاقەت قىلالماي دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردى.

باشتا دېيىلگەنگە ئوخشاش، ھۆسن تۆزىگۈچى جەسەتنى كۆيدۈرۈش ئوچىقىنىڭ ئالدىدىكى تەپمە ئەسۋاب ئورنىتىلغان تۆپتۆز سىيرىلما پولات تاختايغا ئوڭشۇشلۇق ياتقۇزۇپ قوياتتى.

مەرھۇم پولات تاختايدا ئىنتايىن پەرىشان ھالەتتە ياتاتتى. گۈل ۋە ياپيېشىل ئوتلار كۆيدۈرۈش ئوچىقىنىڭ يېنىدىكى ئەخلەت

چېلىكگە تاشلىۋېتىلدى. قۇلىقىدىن باشقا ئەزايىنى ھەم ئورنىۋالغان كۆيدۈرۈش ئىشچىسى مەرھۇمنى پۇتىدىن تۆمۈر ئىلمەككە ئىلدى، ئاندىن كۇنۇپكىنى باستى. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى شۇرۇلداپ كۆككۆچ ئوچاققا كىرىپ كەتتى. ئوچاقنىڭ ئىشىكى ئۆزلۈكىدىن يېپىلدى. ئىشىك ئاستا - ئاستا يېپىلغان ئارىلىقتا، ھۆسن تۈزگۈچى مەرھۇمنىڭ تېنىگە كۆككۆچ ئوت تىللىرىنىڭ يامراۋاتقانلىقىنى كۆردى. مەرھۇمنىڭ تەمكىن چىرايى تۇيۇقسىز تارتىشىپ، تېنى كامالەككە ئوخشاش ئېگىلىپ قالدى.

ئەڭ ئاخىرقى بۇ مەنزىرە ھۆسن تۈزگۈچىدە ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. بۇ تەسىرات ھەر قېتىم يېڭىلانغاندا، خۇددى شەكىلسىز ئىككى يوغان قول چىڭ بېسىپ تۇتۇۋاتقاندەك بىر جۇپ كۆكسى چىڭقىلىپ كېتەتتى.

## 2

قارا يامغۇر پەسىيىپ سىمىلداپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۆيدە تەلەڭگە، كورا، قازان، چىنە ۋە چۆمۈچ، ئىشقىلىپ، سۇ قاچىلىغىلى بولىدىغان نەرسىلەر تورۇستىن تامچىلاۋاتقان يامغۇر تامچىسىغا تۇغرىلاپ تىزىۋېتىلگەنىدى. ھۆسن تۈزگۈچى تېخى قايتىپ كەلمىگەن. مومدىن پۈتكەن ساھىبجامالمۇ قائىدىنى بۇزۇپ ئۆي ئىچىدە ماڭماي جايىدا ياتاتتى. فىزىكا مۇئەللىمى تەلەڭگە، كورا قاتارلىق نەرسىلەرنى تىزىپ قويۇپ، يامغۇر تامچىسى بىلەن تەلەڭگە ۋە كورىلاردىن چىقىۋاتقان مۇزىكىغا قۇلاق سالغان ھالدا زېرىكىپ ئولتۇراتتى. تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەنىدى. ئۆي ئىچى بەك قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. پاشىلار يامغۇر تامچىلىرىنىڭ ئارىسىدا غوڭۇلدايتتى. چاشقانلار لىمدا ئۇرۇشۇۋاتاتتى. ياندىكى ئۆيدىن چىقىۋاتقان يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

ئۇ داچيۇ بىلەن شاۋچيۇنىڭ ئۆڭكۆرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى ـ دە، مىلەگزىنى قايرىپ ئۆڭكۆرگە كىردى، داچيۇ بىلەن شاۋچيۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئىككى ئاق چاشقان بىر قۇتىسىنىڭ ئىچىدىكى قالايمىقان قويۇلغان بۇلۇت ئۈستىدە ئىدى. قەغەز كۇرۇپكىنىڭ يېنىدا بىر مۇشۇك قان يۇقى تىلىنى يالاپ زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئۆڭكۆردىن ئۆتۈپ ياندىكى ئۆيگە چۈشكەن يورۇقتا ئۆزىگە تونۇش بولغان بىر جۈپ پۇتنى كۆردى.

كىرەيمۇ ـ كىرمەيمۇ دەپ، ئىككى تايىن بولۇپ قالدى.

ياندىكى ئۆيگە باشچىلاپ ئەمدىلا كىرىشىگە، مېڭىسىنىڭ كەينىگە زەرب بىلەن توقماق تەگدى. ئېسىگە كەلگەن چاغدا، ئۆزىنىڭ تۇ شاۋيىڭنىڭ ئۆيىدە باشچىلاپ ياتقانلىقىنى بايقىدى. يۈزىنىڭ ئەتراپىدا چېچىلىپ ياتقان بىرمۇنچە بىر ۋە يىرتىلىپ كەتكەن قەغەز كۇرۇپكا تۇراتتى. ئاياغ تەرىپى ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ ئۆڭكۆرىدە ئىدى. سۆكۈپ تاشلانغان تام خۇددى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان جادۇنىڭ پىچىقىدەك ھەر ۋاقىت چۈشۈپ كېتىپ بېلىنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىدىغان ئەلپازدا بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇراتتى.

ئۇ تۇ شاۋيىڭنىڭ بوش ئاۋازدا تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى:

— ھايۋان! ۋەھشي ئىت! ئېرىمنىڭ سىياقىغا كىرىپ مېنى ئەخمەق قىلغىنىڭ يەتمىگەندەك...... قىزىمنى يولدىن ئازدۇرۇپ ئۆزى بىلەن بىللە قېچىپ كېتىشكە...... ئوغلۇڭنى كۆشكۆرتتىڭ...... فۇگۇي! كۆزۈڭنى ئېچىپ قارا، دوستۇڭنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىنى كۆرۈپ قوي......

ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي بۇياققا ئۆمىلەپ ئۆتتى. تۇ شاۋيىڭ نوغۇچنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ پوزىتسىيەسىنى قوغدىدى. بېشىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇ نائىلاج قولىنى كۆتۈرۈپ ھاۋادا پۇلاڭلاتتى. پۇلاڭلاتقان قوللىرىغا پۇلاڭلاۋاتقان نوغۇچنىڭ تېگىشىدىن سۇژۇك ئاۋاز چىقاتتى.

تۇ شاۋيىنىڭ بىر ياقتىن ئۇرۇپ، يەنە بىر ياقتىن:
— قىزىمنى قايتۇرۇپ بەر! قىزىمنى قايتۇرۇپ بەر! — دەپ تووۋلايتتى.
فىزىكا مۇئەللىمى تەڭ كېلەلمەي ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ نوغۇچنى قايرىپ، تۇ شاۋيىڭنى بىلىدىن قۇچاقلاپ، كارىۋاتقا باستى. تۇ شاۋيىنىڭ قولىنى كارىۋاتنىڭ قىرىغا ئۇزاتتى. ئۇ يەردە ۋاڭ چوقۇرنىڭ قولىدىن چىققان ئۆتكۈر قايچا بار ئىدى.
جاننىڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئۇ، تۇ شاۋيىڭنىڭ قولىدىكى قايچىنى كۆرۈپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. تۇ شاۋيىڭنىڭ زىغىر رەڭ چاچلىرى زىغىر رەڭ يالقۇنغا ئايلاندى — ناۋادا چاچلىرى قارا بولسا قارا يالقۇنغا ئايلانغان بولاتتى — كالا سۈتى پۇراپ تۇرغان ئاغزىدىن تىل - ھاقارەت ياغاتتى — فىزىكا مۇئەللىمى بېشىنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى تويلۇق سۈرەتنى كۆردى. سۈرەتتە ياش فىزىكا مۇئەللىمى كۈلۈپ تۇراتتى. تۇ شاۋيىڭ قولىدا قايچا، بىر قولىدا مەيدىسىنى تۇتقىنىچە غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى سۈرەتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە يۈز بېرىۋاتاتتى.
فىزىكا مۇئەللىمى قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:
— شاۋيىڭ، خوتۇنۇم...... مەن جاڭ چىچيۇ ئەمەس...... مەن سېنىڭ ئېرىڭ، — دېدى.
ئۇ تۇ شاۋيىڭنىڭ ئايىغىدا تىزلاندى. ئەقلىدىن ئازغاندەك بىر تۇتام بورنى ئاغزىغا تىقىپ ئاۋاز چىقىرىپ چايىنىدى.
بىر قولىدا بېشىنى قاشلىدى.
تۇ شاۋيىڭنىڭ:
— جاڭ ئاكا...... سادىغاڭ كېتەي، كۆزۈمگە كىرىۋالماڭ...... بۇنداق ناشايان ئىشلارغا كۆڭلۈم تارتمايدۇ...... «تۇل خوتۇننىڭ ئېتىكى ئوتلۇق» بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟

خۇش بوپكېتەي، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئىككى ئوغلىڭىزغا گەپ قىلىڭ، قىزىمنى يولدىن چىقارمىسۇن...... دېگەن گېپىنى ئاڭلىدىڭ.

— قىزىڭىز؟— دېدى بورنى پۇركۈۋېتىپ ناھايىتى تەستە.

— ئىككى ئوغلىڭىز بىلەن بىللە قېچىپ كەتتى...... فۇگۇي، سەن ئۆلۈپ كېتىۋىدىڭ، ئۆيىمىز ۋەيران بولدى!

ئۇ ئالدىراش تالاغا ماڭدى.

تۇ شاۋېيلىڭ ئۇنى كەينىدىن كېلىپ تۇتۇۋالدى ۋە:

— خۇش بوپكېتەي، ئىشىكتىن چىقماڭ، ھەممە يەردە قاراپ تۇرغان كۆز بار، سىز يەنىلا ئۆڭكۈردىن ئۆمىلەپ چىقىپ كېتىڭ،— دېدى.

## 3

ھۆسەن تۆزىگۈچى شەھەرلىك خەلق بانكىسىنىڭ ئېگىز پەشتاختىسى ئالدىدا ئەنسىز تۇراتتى. ئۇ كونا ئاشىنىسىنىڭ ئاغزىدىن قومۇرۇۋالغان، تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن يانجىپ ياپىلاق قىلىنغان ئۈچ تال ئالتۇن چىشنى پەشتاختىنىڭ ئىچىگە سۇندى.

توم تۆمۈر تورنىڭ ئىچىدە كاستۇم كىيىپ، گالستۇك تاقىغان بىر ياش خادىم قاتۇرۇپ قويغاندەك ئولتۇراتتى. ئۇ ئالتۇن چىشلارنى قولىغا ئېلىپ، تۆمۈر تورنىڭ سىرتىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ھۆسەن تۆزىگۈچى پەشتاختىنىڭ قىرىنى تۇتۇپ تۇراتتى. پۈتۈن ئەزايى كاۋاك بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تىترەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى زورىغا بېسىپ تۇراتتى.

ياش خادىم ئالتۇن چىشنى ئالتۇننىڭ ساختا ياكى ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ئايرىيدىغان ئەسۋابقا سالدى. ئۇ ئاغزىنى قىيسايتىپ، بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ كۈلدى.

— لاۋۋاڭ! — ياش خادىمنىڭ توۋلىغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىز.

— نېمىش؟— دېدى ياندا ئولتۇرغان لاۋۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ.

هۆسىن تۇزىگۇچى ئۆزىنىڭ ھەر ۋاقىت ھوشىدىن كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

لاۋۋاڭ ئالتۇن چىشلارنى قولىغا ئېلىپ، دەڭسەپ كۆردى.

— سىزنىڭچە بۇ سېرىق ئالتۇنمۇ؟— دېدى لاۋۋاڭ،— سېرىق ئالتۇن ئەمەس، بەلكى سېرىق مىس.

ياش خادىم ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ چىشلىرىنى پەشتاختىغا تاشلاپ:

— يادىڭىزدا بولسۇن، بۇنداق مېتال بۇيۇملارنى ساتقىلى بانكىغا كەلمەڭ، ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىۋېلىش شىركىتىگە بېرىڭ! — دېدى.

## 4

فاڭ فۇگۇي ئۆگكۈردىن ئۈملەپ چىقىپ، ھۆسىن تۇزىگۇچىنىڭ مەيۇس كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئىشىكنى ئېچىپ، سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتقان تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۇ شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىدا تۇرۇپ يۈگۈردى، تۇرۇپ ماڭدى. ماشىنىلار چوڭ كوچىغا يىغىلىپ قالغان سۇلارنى ماش رەڭ فورمىسىغا چاچرىتىپ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى؛ ئۇ تار كوچىلاردا توختام سۇ يىغىلىپ قالغان ئېگىز - پەس يوللارنى دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. شىددەتلىك يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا ساپ ئىدى. شەھەرمۇ ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. پۇتلىرى ئالدىغا كېتىۋاتاتتى. قەلبى: قايتىپ كېلىڭلار، باللىرىم! قايتىپ كېلىڭلار! ئاناڭلارغا ھەمراھ بولۇڭلار! قايتىپ كېلىڭلار، بولمىسا ئۆلۈپ قالىمەن! — دەپ نىدا قىلاتتى.

شەھەرنىڭ چىراغلىرى يامغۇردا يالتىراپ تۇراتتى. شامالنىڭ كۆچىنى ۋە يۆنىلىشىنى ئىپادىلەپ يېغىۋاتقان يامغۇر تۇرۇپ پەسلەپ، تۇرۇپ ئەدەپ كېتەتتى. يامغۇر تامچىلىرى ھەسەن - ھۈسەننىڭ شولىسىدا شەبنەم تامچىسىدەك پارقىرايتتى. خۇددى پۈتۈن شەھەردە رەڭلىك موگۈلار ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك ياكى رەڭلىك موگۈلار سەل بولۇپ ئېقىۋاتقاندەك كوچىلار مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان رەڭگارەڭ كۆنلۈككە تولغانىدى.

سەن كۆنلۈك ئاستىدا قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ كەتكەن جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەردىن گۇمانلاندىڭ. سۆيۈشكەن ئاۋازلار سەندە مۇرەككەپ ھېسسىياتلارنى قوزغايتتى.

قىز - يىگىتلەر سۆيۈشسىلا قۇلىقىڭ غوڭۇلدايتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ — كۆنلۈك ئاستىدىن قېنىق گىرىم قىلغان بىر ئايال بېشىنى چىقاردى. يۈزۈڭگە تاماكىنىڭ پۇرىقى ئارىلاشقان تۈكۈرۈك يېپىشىپ قالدى. بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭنى بىلدىڭ. يۈزۈڭدىكى تۈكۈرۈكنى ئېرتىۋەتتىڭ. ئالدىڭدا يامغۇرغا چىلاشقان ئاق تېرەكلىك پەيدا بولدى. پورەكسىمان ئاق چىراغلار ئۆردەك تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى تاشلاردىن نەقىش چىقىرىلىپ ياسالغان دەرەخلىكنىڭ ياقىسىدىكى شېرىن مۇھەببەت يولىدا قاتار كەتكەن ئاق سىمتاناب تۈۋرۈكلىرىدە ئاسمانغا قارىتىپ قويۇلغان ھالدا تۇراتتى. دەريا ئاقۇچ بۇژغۇنلىنىپ ئاقاتتى. ئاق تېرەكلەرنىڭ قوۋزىقى ئاق ھەم يالتىراق ئىدى. يامغۇردا ئاق تېرەكلەردىن ئاچچىق، دەرەخلىكتىكى چىملىقتىن قىرتاق پۇراق كېلەتتى. يىلانبېلىق دۈمبىسىنى يېرىم ياي چىقىرىپ سەكرەپ ئويناقلايتتى. ھور ئۆرلەپ تۇرغان بوشلۇقنى يېرىپ، سۇ يۈزىدە پىلتىڭلايتتى.

گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلىنىشقا سەندە زوق يوق ئىدى. قەلبىڭ دەۋەت قىلاتتى. ماي قەغەز كۆنلۈك، نىلون كۆنلۈك

كۆتۈرۈپ دەريا بويىدىكى كۆركەم مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ يۈرگەنلەرنى كۆزىتىۋاتاتتىك. بۇ قايغۇ - ھەسرەتكە تولغان ئەندىشلىك مۇھەببەت كوچىسى ئىدى. ئاشىق - مەشۇقلار يامغۇر سۈيى چايقاپ چىقىرىۋەتكەن بىرىلىيانت ياكى قەدىمىي تىللارنى ئىزدەۋاتقاندەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. قۇلۇللەر مۈگگۈزىنى چىقىرىپ دەل - دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىدا لۆمشۈيتتى. يۇمشاق ئاغزى بىلەن مۈزدەك قوۋزاقنى سۆيەتتى. سۆيۈشكەن ئاۋازلارنى تاماكىنى، ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمىغاندەك يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايتتى. سېنىڭ قولۇڭ مېنىڭ بوينۇمدا، مېنىڭ قولۇم سېنىڭ بېلىڭدە، سەن مېنىڭ قۇلىقىمنى تارتىسەن، مەن سېنىڭ ئەمچىكىڭنى چىمدىيمەن. شىددەتلىك بوران - چاپقۇندىن قورقمىغان يەردە سىم - سىم يامغۇردىن قورققۇلۇقمۇ؟ چىرايلىق ئۈزۈن چاچلار ھۆل، بەدەنگە چىڭ چاپلىشىپ كەتكەن كىيىملەرمۇ ھۆل ئىدى.

فىزىكا مۇئەللىمى توساتتىن قولىنى بىر قىزنىڭ قوينىغا تىققان بىلىكىگە قارا ئەجدىھا چېكىتىۋالغان بىر ياشنى بايقىدى. ناۋادا ئۇ ياش بىلىكىگە قارا ئەجدىھا چېكىتىۋالمىغان بولسا، ئوغلى فاڭ لوڭ شۇ ئىدى. ھېلىقى قىز كاسىسىغا چىڭ چاپلىشىپ تۇرغان يادىچى ئىشتىنىنى سىيرىپ ئاق تېرەككە قاراپ سىيگەن ھېلىقى تۈن پەرىشتىسى شۇ ئىدى.

ئۇ ئىختىيارسىز ئۇلار ئولتۇرغان تاش ئورۇندۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى. قەلبىدە غەزەپ ئارىلاش ئۈمىلش بار ئىدى. ھەقىقەتنىڭ رەھىمسىزلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. بىزنى ئاتا - ئانىمىز ئەر - خوتۇنچىلىق قىلىپ تاپقان. ئەمما، بۇ كۆرۈنۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا پېتىنالمايمىز. ناۋادا كۆرۈپ قالساق ئېسىلىپ ئۆلىۋالىمىز. ئوغۇل - قىزلىرىمىزنىڭ چوڭ بولسا ئەر - خوتۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز، بۇ كۆرۈنۈشتىن تەسەۋۋۇر قىلىشقا

ئوخشاشلا جۇرئەت قىلالمايمىز. بۇ كۆرۈنۈش سىنىڭ ئالدىڭدا پەيدا بولدى: يىگىت قىزنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىدى. يامغۇر تامچىلىرى قىزنىڭ يوتىسىغا چۈشۈپ ئېقىۋاتاتتى. ئىككىسىنىڭ يېنىدا ھېچكىم يوق.

سەن ئېتىلىپ بارغان پېتى:

— ھايۋانلار! نومۇسسىزلار! — دەپ ۋارقىرىدىڭ.

يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ، ساڭا سوغۇق قارىدى. بۇدۇر چاچلىرى ئۇنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى.

— جاڭ تاغا! — دەپ ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھايۋان! بۇنداق قىلىشىڭغا يول قويمايمەن! كوچىلاردا ئەيدىز كېسىلى يامراپ كەتتى! ئۆيگە قايت!

— سەن كىم! — دېدى ئۇ، — يوقال.

— مەن سېنىڭ ئاتاڭ.

ئۇ قىزنى قۇچىقىدىن بوشىتىپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ قورسىقىغا مۇشت بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى.

— سەن ئاتامنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغان بىرنېمە!

ئۇ ئالدىغا ئېگىلىپ كۆلچەككە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئورنىدىن تۇرۇپ مەيدىسىنى تۇتقىنىچە زۇۋان سۈرمەستىن كېتىپ قالدى.

تىنىۋاتقان قەلبى توختاپ قالدى.

يولنىڭ ئەگىلىدىغان يېرىگە باردى. داچيۇ فاڭ خۇنى قۇچاقلاپ يامغۇر ئۇسسۇلى ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئوينىغىنى يالىڭاچ ئۇسسۇل ئىدى. شاۋچيۇ ئىككىسىنىڭ كىيىملىرىنى تۇتۇپ بىر چەتتە ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.

ئۇ خىجىل بولۇپ كېتىپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. يانچۇقىدىن بىرنەرسىلەرنى ئىزدەيتتى. بىر تال يېشىل بور قولىغا چىقتى.

بورنى ئالدىراش ئاغزىغا سالدى، چاينىدى، كۆزلىرىدىن ئاچچىق سېرىق ياش قۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلىدى. ئۆلگەن ئادەم تىرىكلەرنى پاراكەندە قىلماي ئۆز ئورنىغا قايتىشى كېرەك.

## 5

— سىز مېنى تونۇمسىز؟— دېدى ئۇ نىيۇتونىڭ بېشىغا ئوخشاش بېشىنى چايقاپ.

هۆسىن تۇزىگۇچى ئۆيگە ئۇسۇپ كىرگەن كونا ئاشنىسىنىڭ ئوغلىغا ئەجەبسىنىپ قارىدى. ئۆز ئۆيىدە كالتە ئىشتان بىلەن يۇرۇشىنىڭ سەت قىلىق ئىكەنلىكىنى ئۇ بىرىنچى قېتىم هېس قىلدى. ئۇچىسىغا كىيىم ئارتىۋېلىش ئۇچۇن كارىۋاتىنىڭ يېنىغا مېڭىشىغا، يۇزىنى دانىخورەك قاپلاپ كەتكەن يىگىت يولنى توسۇپ تۇرۇۋالدى.

ئۇ ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىدەك ئېگىز ئىدى.

— ئۇچ تال ئالتۇن چىشنى تاپشۇرۇڭ! — دېدى ئۇ.

هۆسىن تۇزىگۇچى بىلەكلىرى بىلەن ئەمچىكىنى توسۇۋالدى، ئۇ ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن قورقۇپ قالدى — ئەمچەكلىرىنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا هېس قىلغانىدى.

— ئالتۇن چىش ئەمەس...... مىس چىش ئىكەن......

— ماڭا بېرىڭ!

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاچتى. ياش خىزمەتچىنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ، يۇقىرى ئاۋازدا:

— هوي، ئالتۇن مەستانىسى، ئالتۇنىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ! — دېگەن گېپىنى ئاڭلىدى.

— تاشلىۋەتتىم، تاشلىۋەتتىم!

— ئەمسە قانداق قىلىمىز؟ بىكاردىن - بىكارغا تاشلىۋەتتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ، — ئۆلگەن ئادەمنىڭ چىشىنى قومۇرۇپ ئېلىۋېلىپلا قالماي، مايلىرىنىمۇ ساتقانلىقىڭىزنى بىلمەن.

ھۆسن تۈزگۈچى كەينىگە داجىدى.

— نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا، ئۆزىڭىزنى دەرياغا تاشلىغان چېغىڭىزدا مەن سىزگە يوشۇرۇن كۆيۈپ قالغان......

— ئاھ...... سىز بىلمەيسىز...... سىز تېخى بىر بالىغۇ......

ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ كارىۋاتتا ياتتى ۋە بوش ئاۋازدا:

— چىشىڭىزنى چوتكىلاڭ، تېزرەك بولۇڭ، سىزنى كۈتىمەن، سىزنى ئەسلەيمەن...... — دېدى.

## 6

فىزىكا مۇئەللىمىنىڭ ئىشخانىسى مەھكەم ئېتىكلىك.

قوشكېزەكلەرنىڭ بىرسى بىردىن بىلىكىگىنى قايرىپ بېشىگىنى يەرگە ئۇستۇرۇۋاتاتتى.

— ھايۋان! قۇشناچىمىزنى يەنە بوزەك قىلىشقا پېتىنساڭ، — دەيتتى قوشكېزەكلەر، — سېنى ئاختا قىلىۋېتىمىز!

مىلى ئاقساقال قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— بۇنداق ئىشنى ھايۋانمۇ قىلمايدۇ! ھايۋانمۇ قىلمايدۇ! — دەيتتى.

— بۇ ئەبلەخ تېگىدىن بۇزۇقكەن! تۇل خوتۇننىڭ ئىشكىنى قومۇرۇپ، جەمەت قەبرىسىنى ئېچىپ، ئايال كىشىگە باسقۇنچىلىق قىلغان. ئېسىلىپ ئۆلۈۋالسىچۇ! — دېدى شاۋگو.

— ئون تال رەڭلىك بور يېيىش جەرىمانىسى قويۇش كېرەك!

## 7

ئۇ غەزەپلەنگەن هالدا:

— ئوپېراتسىيە قىلىپ چىرايىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭ! — دېدى هۆسن تۈزىگۈچىگە.

هۆسن تۈزىگۈچى گەپ قىلماستىن هاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى.

فىزىكا مۇئەللىمى يېلىنىپ تۇرۇپ:

— ئوپېراتسىيە قىلىپ چىرايىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭ! — دېدى.

هۆسن تۈزىگۈچى گەپ قىلماستىن هاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى.

فىزىكا مۇئەللىمى قار - يامغۇر يىغلاپ:

— خۇش بوپكېتەي...... ئوپېراتسىيە قىلىپ...... چىرايىمنى ئەسلىگە...... كەلتۈرۈڭ، — دېدى.

هۆسن تۈزىگۈچى گەپ قىلماستىن هاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

## 1

سەن بىزگە: بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار ئىشلار دېدىڭ — ئۇ ئۈستەلدە بېشىنى كۆتۈرمەي ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. مىشىلداپ يىغلاۋاتقان «سۇخانا گۈلى» نىڭ يىغا ئاۋازى قەلەمنىڭ ئۈجىدىن «شىرت - شىرت» قىلىپ چىقىۋاتقان ئاۋازغا تەڭكەش بولۇۋاتاتتى. بۇرۇن، ئۇ سىنىپقا كىرسە ياكى ئىشخانىدا تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرسە، قالايمىقان خىياللارنى ئاساسەن كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەتتى. بىراق، بۈگۈن قالايمىقان خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئامالسىز قالدى. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىلار تۇ شاۋىيلىك بىلەن كونسىېرۋا زاۋۇتى سېخ مۇدىرى ئىككىسى ئىشخانىدا ئىشقىۋازلىق قىلىۋېتىپ تۇتۇلۇپ قالغانلىق توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتاتتى.

— ئاياللارغا ھەقىقەتەن ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، خۇددى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە يېزىلغاندەك، ئەۋلىيالارنىڭ ياخشىلىقىنى جاھان ئەھلى بىلىدۇ. ئامراق خوتۇنىنى ھېچكىم ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئەر ھايات ۋاقتىدا كۈندە ۋاپا توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ. ئەر ئۆلۈپ كەتسە، خوتۇنى ئەرگە تېگىۋالىدۇ، — دېدى مېڭ ئاقساقال.

— مېنىڭ ئاقساقال،— دەپ رەددىيە بەردى شاۋگو،— كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ جاھانغا قاراڭ! تۇ شاۋيىڭنى ئەيىبلىگۈدەك نېمە ئاساس بار؟ فاڭ مۇئەللىم ئۆلدى. تۇ شاۋيىڭ ئۆز بەختىنى تېپىشقا ھەقلىق! تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئۈچۈن ئازاب چېكىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم تىرىكلەرگە ئېسىلىۋالماسلىقى كېرەك!

بىر تېمىم قىزىل سىياھ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىگە تېمىپ كېتىپ، بىرمۇنچە يەرگە يېيىلىپ كەتتى.

— جاڭ مۇئەللىم، ئاڭلىساق، سىز تۇ شاۋيىڭنىڭ ئۆيىگە ھەر كۈنى كىرىپ تۇرىدىكەنسىز، بەزىبىر ئالامەتلەرنى سېزىپ باقتىڭىزمۇ؟— دەپ سورىدى تاقىر باش لى مۇئەللىم ئېڭىشىپ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاغزىنى ئاچتى - يۇ، يەنە يۇمۇۋالدى.

— تۇ شاۋيىڭ ھېلىقى يىگىت بىلەن خېلى بۇرۇنلا ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگەنمىش. بۇ ئىشنى كىتاب خالتىسى فاڭ مۇئەللىمدىن يوشۇرغان.

— بولدى - بولدى، سىزنىڭ خوتۇنىڭىز مۇشۇ تاپتا ئاشنىسى بىلەن سۆيۈشۈۋاتقاندۇ! — دېدى شاۋگو،— جوڭگولۇقلارنىڭ زېھنىي كۈچىنىڭ كۆپ قىسمى باشقىلارنىڭ خۇپىيانە ئىشلىرىنى ئىگىلەشكە سەرپ قىلىنىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھېچكىمنىڭ قەلبى پاكىز ئەمەس. چىرايلىق قىزلارنى كۆرسەڭلار قايسىڭلارنىڭ يۈرىكى ئوينىماپ كەتمەيدۇ؟ «قوينۇڭلارغا بىر ئايالنى سېلىپ بەرسە، شۇ ئايالغا چېقىلماي يېتىش» قايسىڭلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟ بولۇپمۇ بىر قىسىم كادىرلار، يارىلىشىدىنلا ئەخلاق تەپتىشى بولۇپ يارالغاندەك قىلىپ كېتىدۇ. «ئايال جىڭۋېي» نى ئالايلۇق، ئۇ بۇزرۇكۋارىمىز قانچىلىغان ئەرلەر بىلەن ئىشقۋازلىق قىلمىغان؟

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشكنى ئېچىپ كارىدورغا

چىقتى. بۇرنىغا ھاجەتخانىدىن چىقىۋاتقان پۇراق ئۇرۇلدى -دە، ئۇچقاندەك ئۆيگە قايتتى.

ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق دەيمەن. مەن ئۆلمىدىم، مەن ھايات، چىرايىمنى قايتۇرۇۋالىمەن، ياتلىق بولۇشۇڭغا يول قويمايمەن، باشقىلار بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىشىڭغا چىدىمايمەن. بۇ ئىشقا كەلگەندە مەنمۇ گۇناھكار.

ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ كۈشكۈرتۈشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشىدا مەشىقە دەسسەۋاتاتتى. لاي ئېتىش ماشىنىسى گۈلدۈرلەپ ئايلىناتتى. ئوقۇتقۇچىلار ياتاق بىناسى قورۇلۇشى ئالدىدىن كېتىۋاتاتتى.

سەن يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كەلدىڭ. ئۆيدە تۇ شاۋيىڭ يوق ئىدى. تويلۇق سۈرەت تامغا تىرەپ قويۇلغان كارىۋاتتا داچيۇنى قۇچاقلاپ ياتقان فاڭ خۇعا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ قان تۈكۈردى. فاڭ خۇنى بىر شاپىلاق سالدى. داچيۇ ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇۋالدى. فاڭ خۇ:

— قېرى ئەبلەخ! مېنى ئۇرىدىغان نېمە سالاھىيىتىڭ بار؟ ئاتام ھايات ۋاقتىدىمۇ ماڭا قول تەگكۈزۈپ باقمىغان....... — دەپ تىل سالدى.

داچيۇ سېنى ئىشىككە ئىتتىرىپ تۇرۇپ:

— ئاتا، سەن نېمانداق تېتىقسىز ئاتا! — دېدى.

سەن بىرگە: ناۋادا تۇ شاۋيىڭ شەھەرلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسىغا ياتلىق بولسا — فىزىكا مۇئەللىمى مېڭ ئاقساقالنىڭ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ماۋۇ ئايالنى، ئېرىنىڭ تېنى سوۋۇماي تۇرۇپلا ئېگىز شاخقا ئېسىلىپتۇ! — دېگەن گېپىنى ئاڭلىغان بولاتتى، دېگەنىدىڭ.

ئۇنىڭغا زېھنىنى تولۇق يىغىپ تاپشۇرۇق كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى. ئېچىۋېتىلگەن دېرىزە گىمناستىكا مەيدانىغا قارايتتى.

گىمناستىكا مەيدانىغا قىزىل شەلپەرگە پۈركەنگەن ئون نەچچە ئېسىل كىچىك ماشىنا توختىتىپ قويۇلغانىدى. دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىلغان پوجاڭزىلار پاراسلاپ ئېتىلدى. قىزىل شايى كىيىم كىيگەن ئىككى قىز قولدىشى رۇس ئەنئەنىسى بويىچە ياسانغان كېلىن تۇ شاۋيىڭنى قولتۇقلاپ چىقىپ كەلدى. قاتۇرۇلغان سارجا جۇڭسەنفۇ كىيگەن كۈيۈ ئوغۇل كېلىننى قولتۇقلىۋالدى. قولنى يارا بېسىپ كەتكەنىدى...... تۇ شاۋيىڭ ئاق يىپەك كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلىكى يېنىك يەلپۈنەتتى، مەيدىسىگە يوغان قىزىلگۈل تاقىغانىدى......

ئۇ قان تۆكۈردى. ئۈستەلگە يېپىشىپ يېتىپ قالدى. قان بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرى بۇلغىنىپ كەتتى......

سەن بىزگە شاۋگۇنىڭ:

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ فاڭ مۇئەللىمنىڭ خوتۇنى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ! — دېگەن گېپىنى يەتكۈزدۈڭ.

— نېمىدېگەن ئېپپەتلىك ئايال! — دېدى مىڭ ئاقساقال ئاھ ئۇرۇپ.

— ئۇ داڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن! — دېدى لى مۇئەللىم.

— ئۆلگىنىمۇ ياخشى بوپتۇ، تۇمشۇق تىرەپ ياشاپ نېمە جاپا، — دېدى سوڭ مۇئەللىم.

— گەپقۇ شۇنداق دېيىلىدۇ، لېكىن ئۆلۈم راستتىنلا باشقا كەلگەندە، ئادەمنىڭ يەنىلا كۆڭلىنىڭ سېرىقنى كۆرگۈسى كېلىدۇ، — دېدى شاۋگۇ، — كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۆزۈل - كېسىل ئەمەس، مەنمۇ شۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشنىڭ دۇنيادا ئەڭ پالاكەت ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمىز. مىڭ دەيمىز،

غۇدۇراپ تۇرۇپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمىز — ھازىر نېمە ئىش قىلسا — ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىسمۇ ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن ئارتۇقراق مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئوچۇق بىلىپ تۇرىمىز-يۇ، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىدىن ئايرىلىشقا، ھەرئايدا بېرىدىغان تايىنى يوق 90 يۈەن بەش مودىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزىمىز قىيمايدۇ!

— لىيۇ شۇجى كەلدى! — دېدى سۇڭ مۇئەللىم بوش ئاۋازدا.

— مېڭ مۇئەللىم، ئوقۇغۇچىلارغا ئېينىشتېيننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيەسىنى ئاددىيلا چۈشەندۈرۈپ قويساق بولارمۇ؟— دېدى شاۋگۇ يۇقىرى ئاۋازدا.

سەن شەھەردىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ساھىلدا تۇرىسەن، ئالدىڭدا جەستىنىڭ يېرىمى قۇمساڭغۇ توپىغا كۆمۈلگەن تۇ شاۋيىڭ ياتاتتى. سەن تېنىنىڭ يېرىمى دەريانىڭ تېگىدىكى لاتقىغا كۆمۈلۈپ قالغان ھېلىقى بېلىقنى ئەسكە ئالدىڭ. ج خ ئىدارىسىدىكىلەر تۇ شاۋيىڭنىڭ چەت ئەللىك ئايال ئەمەس، بەلكى ئۆلۈپ كەتكەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى. تۇ شاۋيىڭ تەنھا ياتاتتى. سان - ساناقسىز چۈمۈلىلەر ئاپئاق تېنىنى بېسىپ كەتتى، يۈزلىگەن قاغىلار جەسەت ئۈستىدە ئەگىپ يۈرەتتى. ئون لالما ئىت جەسەت ئەتراپىدىن ئەگىپ كېتەلمەيۋاتاتتى. سەن لالما ئىتلارنى قوغلىدىڭ. لالما ئىتلار قانغا تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سەندىن خېلىلا نېرىغا كېتىپ ھاۋشىپ تۇرۇشاتتى؛ قاغىلار قاقىلدايتتى. بېشىڭغا ئاقۇچ بىر پارچە ماياق چۈشتى. قاغىنىڭ مايىقىنىڭ پۇرىقى بىلەن قارلىغاچنىڭ مايىقىنىڭ پۇرىقى پەرقسىز ئىدى. ئۆلۈكنىڭ تېنىدىن ئورۇن ئالالمىغان چۈمۈلىلەر تىرىك

ئادەمگە ھۇجۇم قىلاتتى. چۈمۈلىلەر پۇتۇڭغا ياماشتى. بەدىنىڭ قىچىشىشقا باشلىدى. سەن قىچىپ كەتمىدىڭ. ساھىلدا ئاستا تىزلىنىپ تۇ شاۋىيىڭنىڭ جەسىتى ئالدىدا يۈكۈندۈڭ. لالما ئىتلارنىڭ كانىيىڭنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىشىنى، قاغىلارنىڭ ئىچ - باغرىڭنى سۇغۇرۇۋېلىشىنى، چۈمۈلىلەرنىڭ تېنىڭنى غاجاپ ئاپئاق ئۇستىخان قىلىۋېتىشىنى كۈتتۈڭ.

سەن بىرگە سۆزلەۋاتىسەن — ئۇ ئەمدىلا ئايىغى چىققان بىر بالىنىڭ ئاق تېرەكلەر ئارىسىدىن پىلتىڭلاپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. چىرايلىق بۇ بالا پادىچى ئاسما ئىشتان ۋە تىۋىتلىق كۆڭلەك كىيگەن، يالاڭئاياغ ئىدى. يۇمشاق چاچلىرى زىغىر رەڭ، كۆزلىرى كۆك ئىدى. ئېگىز بويلۇق، تولغان، كىيىملىرى پۈرۈر، چاچلىرىنى تۇرمەكلىۋالغان ئېسىلزادە بىر ئايال بالىنى قوغلىشىپ ئاق تېرەكلىكتىن چىقىپ كەلدى. ئايال يۇگۈرەيتتى. رۇس ئاياللىرىغا خاس كۆكسى پۇلاڭلايتتى...... ئۇ ئاشۇ ئەمچەككە ئۇسۇۋالغان ئاجايىپ كەچۈرمىشنى ئەسلەۋاتامدۇ - يوق؟ بويى ئېگىز، قارىگىر ئات پوستى ئاق كۆك ئالمىنى غاجاۋاتقان كۆرۈنۈشنىچۇ؟ سەن ئۇتقاشتەك بىر دەستە قوناقگۈلنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدىڭ. ھېلىقى ئوماق ئارغۇن بالا سىلەرگە پۇتلىكاشاڭ بولدى......

سەن بىرگە: بىرسى قەپەسكە سولىنىپ قېلىپ، بور يېدى دېدىڭ...... ئۇ بىر تال بورنى ئاغزىغا ئاپاردى. بورنىڭ خۇشبۇي ھىدى بۇرنىمىزغا ئۇرۇلدى. رەڭگىنى كۆردۇق. بۇ بورنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ياسالغان كالباساغا ئوخشاش قىيمىلىق ۋە تەملىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى دېدىڭ...... قەپەستە بىرسى بور يەۋاتىدۇ، دېگىنىڭنى ئاڭلىدۇق......

سېنىڭ ۋە بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا زىراپىدىن باشقا، ئۇچار قۇش ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى داد - پەرياد كۆتۈرۈشتى.

## 2

ناۋادا ــ مۇمكىن بولمايدىغان نەرى بار ــ ئۇ قاسساپلارنىڭ ماي يۇقى كىيىمنى كىيىپ، جاڭ چىچيۇنىڭ دېپىلگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە فاڭ فۇگۇيىنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا پەيدا بولدى.

ماتەم مۇراسىمى مەكتەپنىڭ گىمناستىكا مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى قارا قاغەزدەك تىزىلىپ تۇرۇپ كەتكەنىدى. كىچىك ماشىنىلار يوق ــ سەۋەبى نېمە؟ مەكتەپ مۇدىرى ۋاقىتلىق ياسالغان مۇنبەردە تۇراتتى. قۇياش نۇرىدا كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەنىدى. مۇنبەرنىڭ بىر تەرىپىدە لى يۈچەن قاپقارا ياغاچتەك تۇراتتى. يېنىدا داچيۇ بىلەن شاۋچيۇ بار ئىدى. ئۇلار ئالدى - كەينىگە ۋە ئىككى تەرىپىگە قارايتتى.

مەكتەپ مۇدىرى قايغۇلۇق ھالەتتە:

ــ ساۋاقداشلار، بۈگۈن بۇ يەردە يىغىن ئېچىپ، سۆيۈملۈك جاڭ چىچيۇ مۇئەللىمگە تەزىيە بىلدۈرۈۋاتىمىز......

جاڭ چىچيۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىن يول ئېچىپ، ئالدىغا قىستالماقتا ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاق تېرەككە ئوخشاش قەۋەت - قەۋەت يالتىراق تەنلىرىدىن چۈچۈمەل پۇراق بىلەن ئانارگۈلنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

ــ جاڭ چىچيۇ مۇئەللىم جۇڭگولۇق، پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. فاكۇلتېتنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى. مەكتەپ پۈتكۈزۈپ بىزنىڭ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغىنىغا 20 يىلدىن ئاشتى.

كۆك ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئاستا سۈرۈلگەن غايەت زور سايە 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ گىمناستىكا مەيدانى، ماتەم مۇراسىمى سورۇنىنى ۋە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈستىدە

لەيلەپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىنىدىن قوۋزىقى پارقىراق ئاق تىرەك دەرىخىگە ئوخشاش چۆچۈمەل پۇراق ئوتقاشتەك ئانارگۈلگە ئوخشاش باشلىرىدىن ئانارگۈلنىڭ پۇرىقى تارقىلاتتى. مەكتەپ مۇدىرى:

— يىگىرمە نەچچە يىلدىن بىرى جاڭ چىچيۇ مۇئەللىم تىرىشىپ خىزمەت قىلدى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلدى. يولداشلار بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتتى، مۇلايىم ئىدى، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيتتى. ۋايىسمايىتتى، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دۇنيا قارىشىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆزگەرتتى. ئىدىيەدە قىزىللاشتى، كەسپتە سەرخىللاشتى. ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە كۈرەش قىلدى...... — دېدى.

جاڭ چىچيۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەۋەت - قەۋەت تەنلىرى ئارىسىدىن يول ئېچىپ، مۇنبەر ئالدىغا قىستىلاتتى. ئوقۇغۇچىلار يولۋاس تېرىسىدىن ئالا - چىپار پىلاش كىيگەن، سۈرلۈك ئىدى. سەن يىرتقۇچ يولۋاستەك دەرەخلىك ئىچىدە كېتىۋاتىسەن......

مەكتەپ مۇدىرى:

— يولداش جاڭ چىچيۇ بەختكە قارشى ۋاپات بولدى، خۇددى يېقىندا ۋاپات بولغان يولداش فاڭ فۇگۈيگە ئوخشاش. بۇ 8 - ئوتتۇرا مەكتىپىمىز ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ يوقىتىش. يولداش ماۋزېدۇڭ: «قەدىمكى زاماندا جۇڭگودا ئۆتكەن سىماچيەن: ئادەم ھامان ئۆلىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىن قەدىرلىك، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ھاڭگىرت پېيىدىن قەدىرسىز بولىدۇ» دېگەن، «خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلۈش تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك، ئەكسىيەتچىلەر ۋە فاشىستلار ئۈچۈن ئۆلۈش ھاڭگىرت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز» دېگەنىدى. جاڭ چىچيۇ خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلدى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك! — دېدى.

جاڭ چىچيۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىلىق تەنلىرى ئارىسىدىن يول

ئىچىپ مۇنبەرگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. قاتمۇقات تۇرۇپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار يوپۇرۇلۇپ كەلگەن قوي پادىسىدەك ئۇزۇلمەي كېلىۋاتاتتى. ئالەم ئايروپىلانى دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا سۈركىلىپ ئۆتۈپ، شەھەر سىرتىدا جەڭ قىلدى. غەرق مەست بىر كوماندىر ئاتوم بومبىسىنى قويۇپ بېرىش كۇنۇپكىسىنى باستى......

مەكتەپ مۇدىرى:

— جاڭ چىچيۇ مۇئەللىم ئۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەڭگۇ هايات! — دېدى.

جاڭ چىچيۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنلىرى ئارىسىدىن يول ئىچىپ ماتەم يىغىنى مۇنبىرىگە قاراپ كېتىۋاتماقتا. توغرا، مەن ئۆلمىدىم، مەن هايات! ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنلىرى قاتمۇقات، ئەگرى - بۈگرى، خۇددى ئۆركەشلەۋاتقان دەريانىڭ مۇزىكىسىغا ئوخشاش، سەلتەنەتلىك مۇزىكا، يۇمشاق مۇزىكا، ئىنقىلابىي مۇزىكا، شاۋقۇنلۇق مۇزىكا قۇلىقىڭدىن كەتمەيتتى......

مەكتەپ مۇدىرى:

— ساۋاقداشلار، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، هەربىر سېكۇنتنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ كىتاب يادلاپ، مەسىلىلەرنى ئىشلەپ، ئىمتىهان ماهارىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىدا ئەلا نەتىجە قازىنىپ، جاڭ چىچيۇ مۇئەللىمنىڭ روهىغا تەسەللى بېرەيلى...... — دېدى.

جاڭ چىچيۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۇرنىدىن چىقىۋاتقان پوتلىنى، باش - كۆزىدىن ئېقىۋاتقان تەرنى كۆردى، بوغۇق ئاۋازدا توۋلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. مەكتەپ مۇدىرى باش بولۇپ قەتئىيلىك مۇشتىنى كۆتۈرۈپ:

— جان تىكىپ ئىلىشىش ئۈچۈن قەسەمياد قىلىمىز، — دەپ توۋلىدى.

ئەتراپىڭدىكى ئوقۇغۇچىلار تەڭلا:

— جان تىكىپ ئىشلىشىش ئۈچۈن قەسەمياد قىلىمىز،— دەپ ۋارقىراشتى.
مەكتەپ مۇدىرى باش بولۇپ:
— ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن،— دەپ توۋلىدى.
— ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن......
مەكتەپ مۇدىرى يەنە باش بولۇپ:
— ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا مەغلۇپ بولۇش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر،— دەپ توۋلىدى.
— ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا مەغلۇپ بولۇش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر......
قەسەمياد قىلىش ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن قوللار ئورمانغا، شوئارلار ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىز ساداسىغا ئوخشايتتى.
جاڭ چىچيۇ مۇنبەرنىڭ يېنىغا بارغاندا، غايەت زور ئاۋاز دولقۇنىدا بېشى ئايلىنىپ كەتكەچكە، ھوشىنى يوقىتىپ قويغانىدى. ئۇ:
— مۇدىر...... مەن دەرس ئۆتىمەن،— دېدى.
ئۇ شۇ بىر ئېغىز گەپنى قىلىپلا ئايلىنىپ قالدى.
ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى:
— ساۋاقداشلار، جاڭ مۇئەللىمنىڭ ئاتىسى كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇ ئوغلىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىز بىلەن بىللە جان تىكىپ كۈرەش قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ......— دېدى.

## 3

ئەڭ ئاخىرقى بىر تال بورنى يېقىپ بىزگە شۇنداق دېدى.
ئەڭ ئاخىرقى فىزىكا دەرسىدە، فىزىكا مۇئەللىمى ئاتومنىڭ قائىدىسى ۋە قانداق ياسىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق يەنە بىر قېتىم

سۆزلىدى. ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازدا مەردانە سۆزلەيدىغان ھالىتى يوق ئىدى. نىمجان ئادەمدەك ئاغزىدىن گېپى چۈشۈپ قالاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى بېشىنى ساڭگىلىتىپ مۈگدەپ، بەزىلىرى تۆت ئەتراپىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ ئولتۇراتتى. سىنىپ ئىچىدە كۆڭۈلسىز كۆز مەنزىرىسى ئەكس ئېتەتتى.

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. بىراق، ئۇ دەرستىن چۈشۈش بۇيرۇقى بەرمىدى. باشتا ئوقۇغۇچىلار بىتاقەت بولۇشتى. چۈنكى، دەرستىن چۈشۈپ ئۇلار ئۆچرەتتە تۇرۇپ تالىشىپ تاماق يەيتتى. ئاشخانا تەرەپتىن قازان - قومۇچىنىڭ سىمفونىيەسى كەلدى. كېيىن ئوقۇغۇچىلار سەل گۇمان قىلىپ قالدى. دەرس مۇنبىرىدىكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ھالىتىنىڭ سەل - پەل غەلىتە ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ قىيالمىغاندەك ئوقۇغۇچىلارغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىرايلىرى كۆز ئالدىدىن، قەلب ئېكرانىدىن سىيرىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. يۈرەكلىك بىر ئوقۇغۇچى ئېھتىيات بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىشكەن پېتى ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئۇ قىلچە ئىنكاس بىلدۈرمىدى. بىرنەچچە ئوقۇغۇچى ھېلىقى يۈرەكلىك ئوقۇغۇچىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ قىلچە ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئوقۇغۇچىلار ئېھتىيات بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، بىر - بىرلەپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوقۇغۇچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سىنىپنى جىمجىتلىق قاپلىدى. ئۇ بېرىپ ئىشىكنى ياپتى.

دەرس مۇنبىرىگە يېقىن يەردىكى دېرىزىنى ئاچتى، دېرىزىنىڭ قاپقارا تامغا چاپلىشىپ تۇرغان بىر قانىتى ئەينەك ئورنىدا خىزمەت قىلدى. ئۇ شۇ ئەينەكتىن چىرايىنى كۆردى، پېشانىسىگە يوغان كۆك چۈشكەن، بۇرنىدا تاتۇق ئىزى بار ئىدى.

سەن سۆزلەۋاتىسەن: ئۇ بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ قەلەمدىنىدىن

قەلەم ئۇچلىغۇچىنى تاپتى، ئۇچلىغۇچ بىلەن ئەينەككە قاراپ يۈزىنىڭ تېرىسىنى قىردى. سېسىپ كەتكەن بەرەڭگىنىڭ پوستىنى ئەپلەشتۈرۈپ قىرالمايۋاتقان رۇس ئايال ئاشپەزدەك يۈزىنىڭ تېرىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قىرالمىدى. بەزىدە ئەينەك كۆرسەتكەن تەرەپتىن قېيىپ كېتىپ قولىدىكى ئۇچلىغۇچ يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى.

قان بىلەن گۆش ئارىلىشىپ كېتىپ، چىرايى تېخىمۇ كۆرۈمسىز بولۇپ كەتتى.

يۈزىنىڭ تېرىسى قىرىپ بولۇپ، پېتىۋاتقان كۈنگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى دېدىڭ. دېرىزە سىرتىدىن ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئاق تېرەكلەر كۆكلەپ - ياشناۋاتقان جاي ئىدى. دېرىزە بىلەن دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرى پاراللېل تۇراتتى. دەرەختە بىر توپ قۇشقاچ چۇرۇقلىشىۋاتاتتى.

ئۇ تاسمىسىنى چىقىرىپ دوسكىنىڭ ئۈستىدىكى مەزمۇت مىختا ئىلدى. مەينەت ماش رەڭ فورمىسىنى سېلىپ دەرس مۇنبىرىگە قويدى. ئاسما مايكا، كالتە ئىشتان بىلەن قالدى. بېشىنى ئېگىپ دەرس مۇنبىرىگە، دوسكىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى ئېرىقچىغا قارىدى. ھەممە يەردە كالباساغا ئوخشاش بور، بورغا ئوخشاش كالباسا ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى، تېپچەكلەيتتى، ناخشا ئېيتاتتى ھەم ئۇسسۇل ئويناۋاتتى. ئۇلار بىر توپ سۆيۈملۈك زېرەكچاقلار ئىدى:

پوستىمىز بار،
ئېتىمىز بار.
بىز چىرايلىق،
بىز پۇراقلىق.
بىزنى يەيسەن،

سىنى بىز يەيمىز.
ناخشا ئېيتسپ، ئۇسسۇل ئوينايمىز،
ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىمىز.
خۇش پۇراق بىز،
بىز خۇش پۇراق.
چىرايلىق بىز،
بىز چىرايلىق.
پارلاق ئەتىمىز،
ئەتىمىز پارلاق.
......

دەپ ناخشا ئېيتىلدى.

چاناقلىرىغا تۇيۇقسىز مىننەتدارلىق ياشلىرى تولدى. كېيىن ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى ھەربىر تال ياپراقتا ئالتۇن ھەل بېرىلگەنلىكىنى كۆردى. كۆزىگە قۇشقاچلارمۇ سېرىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

سەن سۆزلەۋاتىسەن: ئۇ تاسمىسىدىن ھالقا چىقىرىپ بويىنىغا سالماقچى بولۇپ تۇرغاندا، تېرەك ياپراقلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىققان چۇرۇلداش ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا يەنە باردى. شاختىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قۇشقاچنى كۆردى. ئۇ قان يۇقى بېشىنى دېرىزىدىن چىقاردى. مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار پاك - پاكىز يەرنى دەسسەپ تۇرۇۋاتاتتى. دەرەخلەرنىڭ سۆسۈن كۆلەڭگىسىدە ئەدەپ يەپ يەردە ياتقان قۇشقاچنىڭ قانىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋشقا تىرىشاتتى. ئاخىر ئورنىدىن تۇردى. بىر جۈپ كىچىك كۆزى پارقىراپ تۇرغان ئىككى كىچىك يۇلتۇزغا ئوخشايتتى.

سەن بىزگە دېگەن، چۈشۈمدە بىرسى ماڭا مۇنداق دېدى.

چىملىقتا ئۇخلاپ ياتاتتىم، زىغىر رەڭ چاچلىق، كۆكسى رۇس ئاياللىرىنىڭكىدەك يوغان، بەدىنىدىن ساپ سۈتنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرغان بىر ئايال كېلىپ:

— قەدىمىي گۈزەل بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، بىر پۇتى بىلەن ماڭغان قۇشقاچنى كۆرگەن ئادەمنىڭ بېشىغا ئەمەت قونىدىكەن. قۇشقاچ بىرىنچى قەدەمنى باسسا باي، ئىككىنچى قەدەمنى باسسا ئەمەلدار، ئۈچىنچى قەدەمنى باسسا زىيادە دۆلەتمەن، تۆتىنچى قەدەمنى باسسا تېنى ساغلام، بەشىنچى قەدەمنى باسسا روھى خۇشال، ئالتىنچى قەدەمنى باسسا خىزمىتى ئوڭۇشلۇق، يەتتىنچى قەدەمنى باسسا زېھنى ئۆتكۈر، سەككىزىنچى قەدەمنى باسسا خوتۇنى سادىق بولىدۇ. توققۇزىنچى قەدەمنى باسسا نام قازىنىدۇ، ئونىنچى قەدەمنى باسسا چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. ئون بىرىنچى قەدەمنى باسسا خوتۇنى گۈزەللىشىدۇ. ئون ئىككىنچى قەدەمنى باسسا خوتۇنى ئېرىنىڭ ئاشنىسى بىلەن ئاچا - سىڭىلدەك ئىناق ئۆتىدۇ. ئون ئۈچىنچى قەدەمنى كۆرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ناۋادا كۆرۈپ قالسا، كەلگەن ئامەتنىڭ ھەممىسى بىراقلا شۇملۇققا ئايلىنىپ كېتىپ باشقا ئاپەت ياغىدۇ، — دېدى.

قۇشقاچ قاناپ كېتىۋاتقان قانىتىنى سۆرەپ ئورنىدىن تۇردى. قان كۆزۈڭنىڭ بىر قەۋەت رەڭ پەردىسىنى توسۇۋالدى. كۈن قاندەك قىزىل ئىدى. قۇشقاچلار سېرىق ئالتۇنغا ئوخشايتتى. تېنىدىن قان ئېقىۋاتقان، ساپسېرىق، كەپتەر چوڭلۇقىدىكى بىر قۇشقاچ خۇددى ئەمدىلا ئايىغى چىققان ئوغۇل بالىدەك دەلدەڭ-شىپ بىر پۇتى بىلەن مېڭىپ دىكىلداپ سەن تەرەپكە كەلمەكتە.

سەن تەرەپكە كەلمەكتە.

بىزمۇ سىلەر تەرەپكە كېتىۋاتىمىز.

بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالمايۋاتىمىز.

ئېتىراپ قىلمايمۇ تۇرالمايمىز. زىراپە باشقا، ئەتراپىمىزدا

ئۇچۇپ ياكى پىرقىراپ يۈرگەن ئۇچار قۇش ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار جىنىنىڭ پارچە ھۆركىرىشەتتى. بىزدە بور يەيدىغان كۈچلۈك خاھىش پەيدا بولدى. سىنى چۈشىنىمىز، ساڭا ھەۋەس قىلىمىز، تارلىق قىلىمىز. بالدۇر ھوشۇڭنى تاپتىڭ. تالاي بورنى يەپ بولدۇڭ. سەن ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ قويدۇڭ. قەپەستە تۇرۇپ بىزگە ئىلتىجا قىلدىڭ...... ئاخىر، سەن بىلەن بىر قەپەسكە جايلىشىپ قالدۇق. بۇ چاغدا كۈن پېتىش تەرەپتىكى شەپەق شولىسى بىلەن پارقىراپ كەتتۇق. كۆپلىگەن رەڭلىك بورلارنى يېدۇق. ئالدىمىزغا كېلىۋاتقان قۇشقاچنى كۆردۇق.

جىم تۇرۇپ باسقان قەدىمنى ساندۇق:

1—2—3

4—5—6

7—8—9

10

11

12

1987- يىلى 12- ئايدىن 1988- يىلى 3- ئاي ئارىلىقىدا دەسلەپكى ئارگىنال گاۋمېيدا يېزىلدى. 2000- يىلى 10- ئايدا بېيجىڭدا تۈزىتىلدى.

# قەپەستىكى باياننىڭ خۇشاللىقى

## خاتىمە ئورنىدا

«13 قەدەم» ناملىق رومانىنىڭ ئەسلىي ماۋزۇسى «قەپەستىكى بايان» ئىدى. بۇ ئەسەرنى يازغان چاغدا، مەن مۇشۇ پوزىتسىيەدە بولغانىدىم. 1987 - يىلى قەھرىتان قىش كۈنلىرى، گاۋمىيىنىڭ شەرقىي - شىمال كەنتى تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ بىر ئېغىزلىق ئىسكىلاتىدا بارماقلىرىم سوغۇقتا توڭلاپ قېتىپ قالاتتى، سىياھ قۇتىدا مۇز تۇتۇپ كېتەتتى. لېكىن، تەپەككۇرۇم مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا جانلىنىپ كەتكەن، خاتىرەممۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ساز ئىدى. بۇ ئەسەرنى بۆگۈنكى كۈندە قايتا ئوقۇپ باقسام ئەسەردە تەپسىلاتلاردىن تولۇق پايدىلانغان ئىكەنمەن، ۋەقەلىكلەرنىڭ ئالدى - كەينى بىر - بىرىگە ماسلىشىپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭدىن ئىلگىرى «قىزىل چېكەتكە» ناملىق ئەسىرىم كۆپرەك تەنقىدلەنگەنىدى. ئوتتۇرىغا چۈشكەن تەنقىدىي پىكىرلەر ئاساسەن ئەسەر چېچىلاڭغۇ، ھېس - تۇيغۇ قالايمىقان دېگەن پىكىرگە مەركەزلەشكەنىدى. بەزى دوستلىرىم ئۆزئارا ئولتۇرغاندا ماڭا ھېس - تۇيغۇنى كونترول قىلىش، تالانتنى ئىسراپ قىلماسلىق توغرۇلۇق نەسىھەت قىلغانمۇ بولدى، تەنقىد ۋە نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزدۈم، ئۆز ئىجادىيىتىم ئۈستىدە ئويلاندىم. ئوبزورچىلارنىڭ تەنقىدى ۋە

دوستلىرىمنىڭ نەسىھەتلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدىم، پەدىنى يۆتكەپ، ئۆزۈم بۇرۇن يازغان ھەم باشقىلار يازغان ئەسەرلەرگە ئوخشىمايدىغان ئۇسلۇبتا ئەسەر يېزىشقا بەل باغلىدىم. شۇنىڭ بىلەن «قەپەستىكى بايان» ناملىق ئەسىرىم دۇنياغا كەلدى.

بۇ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئۆز ۋاقتىدا جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەر ئېچىپ تاشلانغان جەڭگىۋار خاراكتېرگە باي تۇرمۇش ئىدى. ھازىر ئوقۇسىڭىز ھېرىپ ھالىڭىزدىن كېتىپ قالىسىز. ۋەقەلىك ئاسانلا كونىراپ كېتىدۇ، ئەمما ماھارەت مەڭگۈ تۇرىدۇ. مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان پارتلاتقۇچ دورا بولمايدۇ، بىراق پارتلاتقۇچ دورا ياساش ئۇسۇلى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋام قىلىدۇ. مەن تەلۋىلەرچە شۇنى جاكارلايمەنكى، بۇ ئەسەرنىڭ ئالدىدا ئۇستازى، كەينىدە شاگىرتى يوق. بۇ ئەسەر ھاجەتخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان ھەم سېسىق، ھەم قاتتىق بىر پارچە تاشقا ئوخشايدۇ. يېزىقچىلىق ماھارىتى ئۇستىدە ئىزدىنىپ كېتىۋېتىپ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمنى ئۆزۈمگە ئىسپاتلاپ بەردىم.

قەپەستىكى ئادەمنى ھېكايىنى بايان قىلغۇچى دېگەندىن كۆرە، ھېكايىنىڭ ئۆزى دېگەن تۈزۈك، ھېكايىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە ۋە يانداش بۆلەكلىرىدە قەپەس سىرتىدىكى تاماشىبىنلار كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ھېكايىنىڭ روھى بايان قىلغۇچىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش قەپەستىن چىقىپ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ، چەكسىز ھاۋاغا تارقىلىدۇ. دەل ـ دەرەخلەرمۇ، ئۇچار قۇشلارمۇ ئاڭلىيالايدۇ. لېكىن، خۇددى بايان قىلغۇچى قەپەستىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمىگەندەك، ھېكايىمۇ قەپەستىن بۆسۈپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ. توقۇپ چىقىلغان قەپەستە ھېكايە ۋە بايان قىلغۇچى ئەركىن، سىلەر قەپەستە ئۈزۈش ـ جېدەل قىلىشالارمۇ، خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتسەڭلارمۇ، تاپتىن چىقىپ

هەرقىسما قىلىقلارنى قىلساڭلارمۇ بولىدۇ. قەپەستىن چىقىپ كەتسەڭلار بولمايدۇ. ئاۋازىڭلار، پۇرىقىڭلار، ئوي - پىكرىڭلار قەپەستىن چىقىپ كېتەلەيدۇ. ئەمما، جىسمىڭلار ياۋاشلىق بىلەن قەپەستە تۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭدىلا، سىلەر يېتەرلىك سىجىللىق ۋە يېتەرلىك زېچلىقنى ۋە تاماشا قىلىش ئىمكانىيىتىنى ساقلاپ قالالايسىلەر، چېچىلاڭغۇلۇق يۈز بەرمەيدۇ.

بىر ئۇلۇغ زات: «ھېكايە قەپەستىكى يولۋاس» دېگەنىكەن. بۇ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان سۆز. بۇ مەن ئوقۇغان ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئەڭ ئېسىل ئېنىقلىما، 13 يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇرۇنقى ئەسەرلىرىمنى ئوقۇغان چېغىمدا، «قىزىل چېكەتكە» ناملىق ئەسىرىمنى چۆرىدىگەن ئاساستا، ماڭا بېرىلگەن تەنقىدنىڭ ئىجادىيىتىمگە كۆرسەتكەن ئاكتىپ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يېتىمەن. دەرد تۆكۈش قايىقىنى مەقسەتلىك تارايتىش، ناخشا ئېيتىش قايىقىنى مەقسەتلىك چۈشۈرۈش قارىماققا ئاددىي ئىشتەك بىلىنگىنى بىلەن، مەن ئۈچۈن ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. يىرتقۇچ يولۋاسنى قەپەسكە سولاپ قويۇشقا ئوخشاش مۈشكۈل ئىش. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئازابلانسامۇ مەيلى، ئىشقىلىپ، ئۇنى قەپەسكە سولىۋەتتىم.

2000 - يىلى 10 - ئاي



本书根据上海文艺出版社 2012 年 10 月第 1 版、2012 年 10 月第5次印刷版本翻译出版。

图书在版编目（CIP）数据

十三步 ：维吾尔文 / 莫言著；亚森·色依提译.
-- 喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2013.6
ISBN 978—7—5373—2996—5

Ⅰ. ①十… Ⅱ. ①莫… ②亚… Ⅲ. ①长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第129760号

责任编辑：穆罕默德·阿布里孜伯日亚尔
责任校对：姑丽巴哈尔·麦麦提依明

**十三步**（维吾尔文）

| | | |
|---|---|---|
| 作 | 者 | 莫言 |
| 翻 | 译 | 牙森·色依提 |
| 出 | 版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电 | 话 | 0998 — 2653927 |
| 地 | 址 | 喀什市塔吾古孜路 14 号 |
| 邮 | 编 | 844000 |
| 发 | 行 | 新疆新华书店 |
| 印 | 刷 | 喀什维吾尔文出版社彩印厂 |
| 开 | 本 | 880 毫米 × 1230 毫米 1/32 |
| 印 | 张 | 17.25 |
| 版 | 次 | 2013 年 6 月第 1 版 |
| 印 | 次 | 2013 年 6 月第 1 次印刷 |
| 定 | 价 | 35.00 元 |



## تەرجىمان ھەققىدە

ياسىن سىيىت ئارچىن 1951 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، تۆۋەنگە چۈشۈپ قايتا تەربىيە ئالغان. 1976 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سېمونت زاۋۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەرجىمە مەركىزىدە كەسپىي تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن، 1994 - يىلدىن 2011 - يىلغىچە ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئۈرۈمچى خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 2011 - يىلى پېنسىيەگە چىققان.

ياسىن سىيىت ئارچىن 1982 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ تۇنجى تەرجىمە ئەسىرى «قول ياغلىق» 1982 - يىلى «ئەدەبىي تەرجىملەر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىرغا قەدەر 30 پارچە كىتاب، 17 پارچە پوۋېست ۋە 100 پارچىگە يېقىن ھېكايىنى تەرجىمە قىلغان، يەنە 1000 قىسىمدىن كۆپرەك چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

ياسىن سىيىت ئارچىن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، كاندىدات ئالىي تەرجىمان.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

«ئون ئۈچ قەدەم» مو يەن 1988 - يىلى يازغان، بەدىئىي تەجرىبىچىلىككە تولغان رومان. 2010 - يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن. رومان رېئالىزملىق بەدىئىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان. توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرغان شەخسلەر ۋە توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرغان كۆزىتىش نۇقتىسى ئارقىلىق، جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ مۇشكۇل ئەھۋالىنى ۋە جەمئىيەتتىكى بىمەنە ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىنغان. ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا مۇئەللىمى فاڭ فۇگۈي چارچاپ كېتىپ ئۆلگەندىن كېيىن. ۋاڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ھۆسنىنى تۈزەش زۆرۈر بولۇپ قېلىپ، ئۇ مۇزلاتقۇغا سېلىپ قويۇلىدۇ. مۇزلاتقۇدا تۇساتتىن تىرىلىپ قالىدۇ. بۇ بىمەنە ھەم ئاجايىپ - غارايىپ بىر ئەھۋال. خوتۇنى تۇ شاۋيىڭ ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزمەيدۇ. دەپنە ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە ھۆسن تۈزىگۈچىسى لى يۈچەن ئۆلۈپ تىرىلگەن فاڭ فۇگۈينىڭ چىرايىنى ئېرى — جاڭ چىچيۈننىڭ چىرايىغا ئوخشاش ئۆزگەرتىپ، فاڭ فۇگۈينى جاڭ چىچيۈننىڭ ئورنىدا دەرس مۇنبىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈشكە، ھەقىقىي جاڭ چىچيۈنى ئوقەت قىلىپ پۇل تېپىشقا سالىدۇ. ھەقىقىي جاڭ چىچيۈ رېئال تۇرمۇشتا ئۆي - ماكانى يوق غېرىب ئەرۋاھقا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رېئال تۇرمۇشتا ئەسلىدە بار بولغان تەرتىپ مەۋجۇت بولۇشتىن قالىدۇ. ھەربىر ئادەم بىمەنە تەقدىر تۈپەيلىدىن ئۆز تەبىئىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ISBN 978-7-5373-2996-5

9 787537 329965 >

（民文）定价：35.00元